

كۈندە بىردەم پەلسەپە ئوقۇيلى

# تۇرمۇشتىكى پەلسەپە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تۇرمۇشتىكى پەلسەپە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خېتىنى يازغۇچى: ساتتارجان ئەركىن روھلانى



ISBN 978-7-228-14232-3
定价: 37.00元

www.uyghurkitap.com

پەلسەپىنىڭ بارلىق ۋەزىپىسى ئادەمنى مۇلاھىزىگە ئۈندەش

— ھېيدېگېر



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۈندە بىردەم پەلسەپە ئوقۇيلى

# تۇرمۇشتىكى پەلسەپە

ئاپتورى: جۇ خېجۈن

تەرجىمە قىلغۇچى: يالقۇن روزى

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

每天读点哲学：维吾尔文／祝贺军著；亚力坤译.
— 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2011.4
ISBN 978-7-228-14232-3

Ⅰ.①每… Ⅱ.①祝…②亚… Ⅲ.①哲学-通俗读物
-维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.①B-49

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2011）第 056169 号

| | |
|---|---|
| 译　　者 | 亚力坤·肉孜 |
| 责任编辑 | 阿不都黑力力·阿不都吉力力 |
| 责任校对 | 热娜古丽·阿布力米提 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐市昊坤彩印有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 14.875 |
| 版　　次 | 2011 年 7 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2011 年 7 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1-3000 |
| 定　　价 | 37.00 元 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەلسەپە قەدىمىي يۇنان تىلىدا «ئەقىل - پاراسەتنى سۆيۈش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەقىل - پاراسەت بىلىم ئەمەس، بىلىم تەبىئەت بىلەن، ئەقىل - پاراسەت ھايات بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ھالبۇكى، كىشىلىك ھايات توغرىسىدىكى «بىلىم» نىڭ ئاساسلانغۇدەك قانۇنىيىتى يوق. چۈنكى، ھېچكىم ھاياتنىڭ قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىققىنى يوق، ھېچكىم دادىللىق بىلەن «مەن ھايات ھەقىقىتىنى بىلدىم» دېيەلمەيدۇ. پەلسەپە ھاياتتىكى ئەقىل - پاراسەت ئۈستىدە ئىزدەنگەچكە، ئۇنىڭ مۇقىم جاۋابى بولمىغان «ھايات تەڭلىمىسى»گە جاۋاب بېرىدىغانلىقى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن.

بۇ كىتابتا تۇرمۇشتىن يەكۈنلەنگەن تەجرىبىلەر، تۇرمۇش پەلسەپىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيەلەر ھەمدە تۇرمۇشتىكى ھەرخىل تەسىراتلار بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇلارغا ئىنسانلارنىڭ ئەبەدىيە تارىخى، يەنى ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئاستا - ئاستا تونۇش تارىخى ئىخچاملانغان.

مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھايات پەلسەپىسى نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئوقۇلۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىر ئوقۇغىنىمىزدا ئوخشاش بولمىغان تەسىراتقا ئىگە بولۇۋاتىمىز. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىچىدىكىسى «ئادەمگە ھۈنەر ئۆگىتىدىغان» بىلىم ئەمەس، بەلكى «يانغىسىن يانىدۇرىدىغان» ئەقىل - پاراسەت.

شۇڭا، كىتابىمىز ئوقۇرمەنلەرنىڭ زېھنىنى بىلىم جەھەتكە سەرپ قىلدۇرۇشنى ئەمەس، بەلكى ئەقىل - پاراسەت جەھەتتە مەلۇم ئىلھامغا ئېرىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

# كىرىش سۆز

## پەلسەپە يېنىڭىزدىلا

بارلىق ئىنقىلاب مېڭىدىن باشلىنىدۇ، بارلىق غەلىبە پەلسەپىگە مەنسۇپ.

دۇنيادىكى ماددىلار مۇزدەك سوغۇق بولىدۇ، مېڭىلا قىزىق بولىدۇ، مېڭە بۇ ماددىلارنى تەشكىللەپ، دۇنيانى ئوخشاش بولمىغان قىياپەتلەردە نامايان قىلىدۇ.

بىلىم چەكسىز بولىدۇ، كونا شەيئىلەر شاللىنىپ يېڭى شەيئىلەر ئۈزۈكسىز بارلىققا كېلىدۇ، ھالبۇكى ئەقىل ـ پاراسەت مەڭگۈلۈك بولىدۇ. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ھېچكىم «مەن يېڭىچە ئەقىل ـ پاراسەتنى كەشىپ قىلدىم» دېيەلىگىنى يوق.

سوئال پەلسەپىنىڭ مەنبەسى. ھالبۇكى، پەلسەپە مۇشۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بەلكىم بۇ سوئاللارغا مەڭگۈ جاۋاب تېپىلماسلىقى مۇمكىن، پەلسەپىنى مۇشكۈلاتتا قالدۇرۇۋاتقان ئىش شۇكى، پەلسەپە ھامان ئەسلا جاۋابى يوق سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە ئۇرۇنىدۇ.

پەلسەپە ئۆزى ۋۇجۇدقا كەلگەن ئاشۇ دەقىقىدىلا ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئادەم ئۆزلۈك ئېڭىغا ئىگە بولغان ئاشۇ دەقىقىدىن ئېتىبارەن، ئالدىن بىلگۈچى دانىشمەنلەر ھاياتتىكى تۈرلۈك مۇشكۈلاتلار ۋە سوئاللارنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان، ئەمدى ئۇلارغا جاۋاب بەرسەكلا كۇپايە.

بىز شۇنىڭ ئۈچۈن بىچارىمىزكى، ھەتتا ئاشۇ سوئاللارنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتۇق، جاۋابتىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئە-

مەس. ئادەم ماھىيەتتە «سوئاللىق ھايۋان» بولغاچقا، سوئالنى ئۇنتۇش يۇرت - ماكانىدىن مەھرۇم بولۇشنى بەلگىلەيدۇ.

يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن بۇيان چوڭ - چوڭ ئاپەتلەر ئىنسانلارنىڭ بىلىمى ۋە سەۋر - تاقىتىنى سىناپ كەلدى. نەچچە يىل ئىلگىرى ئەدەپ كەتكەن «سارس» ئىنسانلارنىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكلىكلىكى ۋە ئاجىزلىقىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى، شۇ قېتىمقى ئاپەتتە ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇل «ئايرىۋېتىش» بولدى! «ئايرىۋېتىش» نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىلا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە تاقابىل تۇرۇشتا قوللىنىلغانىدى. دېمەك، ئىنسانلار ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇشتا ھېچقانچە ئىلگىرىلىگىنى يوق. ئەيدىز كېسەللىكىگىمۇ ھازىرغا قەدەر ئۇنۇملۇك داۋا تېپىلغىنى يوق، ھالبۇكى، ئىنسانلار ئەيدىز ئۈستىدىن ھەقىقىي غەلىبە قىلغىنىدا تېخىمۇ ئەشەددىي كېسەللىكلەر بارلىققا كېلىشى مۇمكىن.

تەلىيىمىزگە، ئىنسانلار ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە، مۇشكۈل ئەھۋالغا يولۇققاندا مۇزدەك سوغۇق ماددىلار ئىچىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ «مېڭىسى» بىلەن «پەلسەپە»گە يۈزلىنىدۇ. بىز ئاخىر، ئەقىل - پاراسەتنىڭ مەڭگۈ ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق.

پەلسەپە ھاياتقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، يەنى بىزنى ئەسلىدىنلا ئۆزىمىزگە تەئەللۇق «سوئال» لار ئىچىگە قايتۇرىدۇ، دىققىتىمىزنى ئاشۇ كۆرگىلى، تۇتقىلى بولمايدىغان مەسىلىلەرگە تارتىدۇ، گەرچە سوئاللارنىڭ ۋەزنى ئېغىر بولسىمۇ، لېكىن مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ.

جاۋابقا ئېرىشىشكە ئۇرۇنمايلى، چۈنكى بۇ دۇنيادا ئىنسانلارغا ھەقىقىي تەئەللۇق سوئاللارنىڭ جاۋابى يوق، بىزنى ھەقىقىي زىلزىلىگە سالىدىغان نەرسىلەرنىڭ شەكلى يوق، ئاخىرقى غەلىبە يولى داغدام بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب  ھەر كۈنى بىردەم ھايات پەلسەپىسى ئوقۇيلى ......... 1
«تاسادىپىيلىق»نى ئۇستىگە ئېلىش ـــ ئادەم تېخى تۇراقـ ـ
ـلاشمىغان ھايۋان ............................................... 2
غۇۋالىق ـــ ھاياتتا «نېمە ئۈچۈن» دەپ سوراشقا بولمايدۇ
8 ...........................................................................
ھازىرنى قەدىرلەش ـــ ھازىردا ياشاش .................. 13
«؟» دىن «!» گىچە ـــ چەكلىمىلىكتىن ھالقىشقىچە ........ 17
مۇۋازىنەتلىك ھايات ـــ ئۆزىگە تەۋە تەڭپۇڭلۇقنى ئىزدەش
23 .........................................................................
كۆڭۈلگە تەسەللى بېرىش ـــ قەلب دەۋزىگە قۇلاق سېلىش
27 .........................................................................
ئىبلىس كۆڭۈلدىن چىقىدۇ ـــ ئاچقىلى بولمايدىغان پاندورا
قۇتىسى ........................................................... 32
ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ـــ مەيلىگە قويۇۋېتىشنى ئەركىنلىك
دەپ بىلمەسلىك لازىم ............................................ 36
قىلدىن قىيىق كەتكەن خاتالىق ـــ ياخشىلىق ۋە يامانلىق
قەلبتە تەڭ مەۋجۇت بولىدۇ ...................................... 43
بىمەنىلىكتىن خالاس بولۇش ـــ ھايات تىنىمسىز دولقۇنلاپ
تۇرىدۇ ............................................................. 47
ھايات ـ ماماتلىقنى كۆزىتىش ـــ كىشىلىك ھايات لىمىنتىغا
سوئال قويۇش ...................................................... 52

جەريانغا ئەھمىيەت بېرىش ــ ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى جەرياندا
57 ..........................................................

ئىككىنچى باب   ھەر كۈنى بىردەم تۈرمۈش پەلسەپىسى ئوقۇيلى ... 63
توختىماي ئىلگىرىلەش ــ ئىنتىلىش ئىگىلىۋېلىشتىنمۇ
مۇھىم ........................................ 64
ئاچا يولدا ئارىسالدى بولۇش ــ تاللاش ھوقۇقى ئۆزىڭىزنىڭ
قولىدا ........................................ 69
قىسمەتنى قەدىرلەش ــ مۇشكۈلاتتا بىللە ھالاك بولغاندىن
باشقا چىقىش يولى ئىزدىگەن ئەلا .............. 73
تۇرمۇشتىن مىننەتدار بولۇش ــ ھەر بىر كۈننى قەدىرلەش
78 ..........................................................
ئېرىشىش ۋە يوقىتىش ــ شان - شەرەپ ۋە ئوڭۇشسىز-
لىقتا ئۆزىنى يوقىتىپ قويماسلىق، كەڭ قورساق بولۇش
82 ..........................................................
مەلۇم دەرىجىدە تەپ تارتىش ــ ھەر ۋاقىت ھېيىقىش .... 86
خاتىرجەم تۇرمۇش ــ «تەنھا ئېھتىياتچانلىق» ماھارىتى
ۋە مەنزىلى ........................................ 91
ئۆتكەن كۈنلەر قايتىلانمايدۇ ــ تۇرمۇشتىكى بەزى ئىشلاردا
كۈتۈپ تۇرۇشقا بولمايدۇ ........................ 95
كېلەچەكتىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدۇ ــ قولدىن كەتكەن
پۇرسەتكە يىغلاشنىڭ ئورنى يوق ................. 101
سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن ــ تاقەت قىلغىلى بولىدىغانلىكى
ئىشلارغا تاقەت قىلايلى ........................ 107
يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىش ــ ئەقىلنى ھېسسىياتنىڭ
قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق .................. 112

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچى باب   ھەر كۈنى بىردەم بەخت پەلسەپىسى ئوقۇيلى ...... 118
شادلىق نەدە — پەرىشتە بىلەن ئىبلىسنىڭ تىركىشىشى
........................................................ 118
پۇلدىن ھالقىش — پۇل خۇشاللىقنىڭ بىر تۈرلۈك مەنبە-
سى، ئەمما ئۆزى ئەمەس .............................. 124
ئىللەتلەرگە ئورۇن بەرمەڭ — قەلبىڭىزنى ئالىيجاناب
نەرسىلەر ئىگىلىسۇن .............................. 129
قەلبىنىڭ خاراكتېرى — بەختتىن تەسىرات ئالىدىغان
ئىنسانىي پەزىلەت ۋە ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈش ......... 135
ئۆزىنى خۇشال تۇتۇش — ئەتىنىڭ قايغۇسىنى قىلـ-
ـماسلىق .............................................. 140
قانائەتچان بولۇش — ئاچ كۆزلۈك ئەڭ زور پاجىئە ..... 145
لەززەت ئېلىشنى بىلىش — ئاپتىپىمنى توسۇۋالما .. 149
سۆيگۈ ئىچىدە ياشاش — مۇھەببەت شادلىقنىڭ پىلىكى ... 155
بەخت ھەقىقىتى — بەخت ئېغىر مەسئۇلىيەت دېمەكتۇر
........................................................ 159
كۆڭۈلگە تايىن بولماق — بەختكە دائىر بىرقانچە ئاچـ-
ـقۇچلۇق سۆز .......................................... 164

تۆتىنچى باب   ھەر كۈنى بىردەم جاھاندارچىلىق پەلسەپىسى
ئوقۇيلى ................................................ 171
قوشۇش ۋە ئېلىش ئەمىلى — جاھاندارچىلىق، مۇداپىئە —
ھۇجۇم ۋە ئىلگىرىلەش - چېكىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس
........................................................ 172
تەقدىرگە تەن بېرىش — ئۆزىنى تونۇش لازىم ........... 178

تېپىلماس كالۋالىق ــــ ئىشلارنى تولىمۇ زىغىرلاپ كەت-
-مەسلىك ........................................ 182
زىيان تارتىش بەخت ــــ زىيان تارتىشنى خالاش بىر خىل
مەنزىل ........................................ 186
ئۆزىنى ئاياش ــــ جاھاندارچىلىقتا كەمتەررەك بولغان ئەلا
........................................ 192
لايىقىدا بولۇش گۈزەللىكتۇر ــــ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش
ۋە تەلەپكە يېتەلمەسلىك ئوخشاشلا گۈزەللىك ئەمەس ... 197
روھىي ھالەتنى توغرىلاش ــــ دۇنياغا باشقا نۇقتىدىن
قاراپ، ئۆزگە دۇنيانىڭ سىرتىدىن نەزەر سېلىش ....... 203
چېكىنىش يولى قالدۇرۇش ــــ ھەممە ئىمكانىيەتنى تۈگى-
-تىۋەتمەسلىك ........................................ 209
ۋىسالمۇ، جۇدالىقمۇ تەقدىر ــــ يولنى يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ
مېڭىشىغا توغرا كېلىدۇ ........................................ 214

بەشىنچى باب ھەر كۈنى بىردەم كىشىلىك ئالاقە پەلسەپىسى
ئوقۇيلى ........................................ 220
ئاغزىڭىزنى ئوبدان باشقۇرۇڭ ــــ ھەممىلا ئادەم سۆزمەن
ئەمەس ........................................ 221
ئاڭلاشقا ماھىر بولۇش ــــ «زەن قويۇپ ئاڭلاش»نى بىر
خىل ماھارەت ئورنىدا ئۆگىنىش ........................................ 227
رەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش ــــ «رەت قىلىش»نى سەنئەتكە
ئايلاندۇرۇش ........................................ 232
«ماختاش» سەنئىتى ــــ باشقىلارنى ماختاش بىر خىل
گۈزەل ئەخلاق ........................................ 237
گەپ - سۆزى ۋە چىرايىغا قاراپ ئىش تۇتۇش ــــ چوقۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆگىنىشكە تېگىشلىك دەرس ........................ 242
كىرپە قانۇنى ــ كىشىلىك ئالاقىدە ئارىلىقنى ئوبدان
ئىگىلەش كېرەك ................................... 247
قۇرۇق خىيالدىن خالاس بولۇش ــ ھادىسىدىن ئۆتۈپ
ماھىيەتكە قاراش ................................. 251
شىپالىق دورا ئاچچىق بولىدۇ ــ ئۆزىدىكى ئاجىزلىقلارغا
جەڭ ئېلان قىلىش ................................ 256
سىرداش تاپماق تەس ــ دانالارنىڭ كىشىلىك ئالاقىسى
قويۇق بولمايدۇ .................................. 261
ئەگىپ مېڭىش ــ ئىككى نۇقتا ئارىلىقىدىكى تۈز
سىزىقنىڭ ئەڭ قىسقا بولۇشى ناتايىن .................. 266
ئۆلچەم بولۇش ــ تەڭپۇڭسىزلىق ئىچىدە تەڭپۇڭلۇقنى
ئىزدەش ........................................ 270
باشقىلارنىڭ كۆڭلىنىمۇ ئۆزىنىڭكىدەك چاغلاش ــ
ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق شۇ ئىشنى
قىلىش ......................................... 275

ئالتىنچى باب ھەر كۈنى بىردەم پەزىلەت پەلسەپىسى ئوقۇيلى ..... 281
ساماغا بېقىش ــ روھنىڭ ئىزدىنىشىنى تەھلىل قىلىش
282 ............................................
ھەقىقەتكە ئىنتىلىش ــ مەن ئۇستازىمنى سۆيىمەن،
بىراق ھەقىقەتنى تېخىمۇ سۆيىمەن ..................... 287
ئۆزى ئۇستىدە ئويلىنىش ــ تەكشۈرۈپ تۇرمىغان ھايات
كۆڭۈلدىكىدەك ھايات ئەمەس ......................... 294
دانالارنى غەپلەت باسمايدۇ ــ ئادەمنى چۈشەنگۈچىلەر
دانادۇر، ئۆزىنى بىلگۈچىلەر ئاقىلدۇر .................. 298
رەھمەدىللەر تەڭداشسىزدۇر ــ قول قولنى يۇسا، قول

قوپۇپ يۈزنى يۈيىدۇ ........................... 302
باتۇرلار قورقمايدۇ — باتۇرلۇق سەۋرچانلىقتۇر .......... 308
سەممىيەتچىللەر تەكەببۇر بولماس — سەممىيەتچىللىك
بىر خىل پەزىلەت، تېخىمۇ مۇھىمى بىر خىل ئىقتىدار
313 ..............................................................
ئۆزىنى قەدىرلەش، باشقىلارنى سۆيۈش — ئەتىرگۈل
سۇنغان قولدىن ئەتىرگۈلنىڭ ھىدى كېلىدۇ ............ 318
ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ كەڭ قورساق بولۇش — ئۆزۈڭگە
راۋا كۆرمىگەننى ئۆزگىلەرگە راۋا كۆرمە ............... 322
دېڭىز قوينى شۇنچە كەڭ قۇيۇلار دەريا ـ ئېقىن — دۇنيادا
ئادەمنىڭ كۆكسى ـ قارنى ئەڭ كەڭ بولىدۇ .............. 326
مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەتلىك بولۇش —
ھاياتتىكى چوقۇم ئوقۇيدىغان دەرسلەرنىڭ بىرى ........ 332
ئەخلاقلىق كىشىلەردىن ئۆگىنىش — ھەركىمنىڭ ئۆزىگە
تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى بولىدۇ ............ 337

يەتتىنچى باب ھەر كۈنى بىردەم ئىلھام پەلسەپىسى ئوقۇيلى ....... 343
ئىدىيەنىڭ قومۇشى — بارلىق ئىززەت ـ ھۆرمىتىمىز
ئىدىيەدە ................................................ 344
پىششىق بىلگەنلىكىنىڭ چىن بىلىم بولۇشى ناتايىن —
ساۋات قەپىسىدىن قۇتۇلۇش لازىم ......................... 349
توختىماي ئىلگىرىلەش — دۇنيادا ھەقسىز غىزا يوق ... 355
تەنھالىقنى چۆرۈپ تاشلاش — جەمئىيەتتە قىممىتىنى
رېئاللاشتۇرۇش كېرەك ..................................... 360
چېنىقىشنى قوبۇل قىلىش — غەم ـ ئەندىشە تۇپەيلىدىن
ھايات قېلىش، خاتىرجەملىك تۇپەيلىدىن يوقىلىش .... 366

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

راھەتنىمۇ تاللاش ــ پلاتوننىڭ «غار»ىدىن چىقىش ...... 370
ئۆزگە تايىنىش ــ باشقىلارغا تايانغاندىن ئۆزگە تايانغان
ئەۋزەل ............................................ 375
ئادەت يېتىلدۈرۈش ــ مۇنەۋۋەرلىك بىر خىل ئادەت ... 381
ئۆگىنىشنىڭ چېكى يوق ــ ھايات چەكلىك، بىلىم
چەكسىز ............................................ 386
ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىش ــ يامغۇردىن كېيىن ھامان
قۇياش پارلايدۇ .................................. 391
ئەقىللىكلىكنىڭ «يامان تەرىپى» ــ ئەقىلنى «خۇرجۇن»
نىڭ ئاستىغا قويۇش ................................. 397
ساددىلىقنىڭ «ياخشى تەرىپى» ــ چىن دۇنيا ئىچىدە
ياشاش ............................................ 402

سەككىزىنچى باب ھەر كۈنى بىردەم مۇۋەپپەقىيەت پەلسەپىسى
ئوقۇيلى ...................................... 407
ۋەزىيەتنى پەم بىلەن تۇراقلاشتۇرۇش ــ مۇۋەپپەقىيەت
رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقىش دېمەكتۇر ................ 408
قاتمال بولماسلىق ــ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مۇقىم ئەندىزىسى
يوق ............................................ 414
ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇش ــ ھەقىقىي ماھىر پىلاننى
ئۆزگەرتىشكە ماھىر بولىدۇ ...................... 420
يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ ــ باتۇرلۇق
بىلمەسلىكتىن كېلىدۇ ............................ 425
كونا قائىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلاش ــ تەجرىبىلەر سىزنى
تۇنجۇقتۇرۇۋەتمىسۇن ............................ 430
تاللاشقا ماھىر بولۇش ــ كاتتا ئىشلارنى قىلغۇچىلار

ئۇششاق تەپسىلاتلارغا ئېسىلىۋالماسلىقى كېرەك ........ 436
بىلىملىك كىشى كەمتەر بولىدۇ ـــ مۇھىمى مادىراچىلىق
........................................................... 442
ئاجىزلىقلارنى يوشۇرۇش ـــ «ئاچ بىقىن»ىڭىز ئەجەللىك
يېرىڭىز بولۇپ قالمىسۇن ................................ 446
ئوبيېكتىپ شارائىتتىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش ـــ
يولۋاسنىڭ ھەيۋىسىدە تۈلكە كۆرەڭلەپتۇدىن تەسىراتلار
........................................................... 452
كىشىلىك مۇناسىۋەت رىقابىتى ـــ باشقىلار مۇۋەپپەقى -
يىتىڭىزگە ھەمدەمدە بولسۇن ........................... 458

www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى باب

# ھەر كۈنى بىردەم ھايات پەلسەپىسى ئوقۇيلى

*پەلسەپە كىشىلىك ھايات توغرىسىدىكى مۇلاھىزىدىن بارلىققا كەلگەن، ئادەمنىڭ چەكسىزلىككە ۋە ئەبەدىيلىككە ئىنتىلىش ئىستىكى بىلەن ھاياتنىڭ چەكلىكلىكى يېشىلمەس تۈگۈن شەكىللەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ھايات پەلسەپىدىكى مەركىزىي نۇقتىغا ئايلانغان. ئادەم مەڭگۈ قېرىمىسا ئىدى، پەلسەپە توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان ئادەم چىقمايتتى، چۈنكى ئۆتكەن 500 يىلدىكى ئۆكۈنۈشلەرنى كېيىنكى 500 يىلدا تۈگىتىشۋالغىلى بولاتتى. ئەگەر ئادەم ئۆز قۇدرىتىنىڭ چەكلىكلىكىنى ھېس قىلالمىسا ئىدى، تولىمۇ «ياخشى» بولغان بولاتتى.*

*ئەپسۇسكى، ئادەم قېرىيدۇ. ئادەم مەڭگۈ ھاڭغا تارتىلغان تۆمۈر زەنجىر ئۈستىدە تەۋرىنىپ تۇرغان ھايۋان، زەنجىرنىڭ بىر ئۇچى ھاياتلىققا، يەنە بىر ئۇچى ئۆلۈمگە تۇتىشىدۇ.*

*ئىلىم ـ پەن ھاياتلىقنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرەلمەيدۇ، بىز پۈتكۈل دۇنيانى بويسۇندۇرغان تەقدىردىمۇ ئۆزىمىزنى بويسۇندۇرالمايمىز. جۇددى سوقرات ئېيتقاندەك: «بىلىم تەبىئەت بىلەن، ئەقىل ـ پاراسەت ھايات بىلەن مۇناسىۋەتلىك.» بىز بىلىمدىن پايدىلىنىپ تەبىئەتكە «تاقابىل تۇرىمىز»، ئەمما بۇنىڭ ھاياتقا ئانچە كۆپ ياردىمى يوق. پەن ـ تېخنىكىنىڭ شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تەبىئەت ئۈستىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قىلدۇق، بىراق ھاياتلىقتىكى تۈرلۈك گاڭگىراشلار بۇنىڭلىق بىلەن ئازايغىنى يوق. يۇناننىڭ دېلپى ئىبادەتخانىسىدىكى «ئۆزىنى بىلىش»*

*دېگەن 1000 يىللىق ھېكمەت بىزدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولماي ئەگىشىپ كەلدى.*

## «تاسادىپىيلىق» نى ئۆستىگە ئېلىش — ئادەم تېخى تۇراقلاشمىغان ھايۋان

ئىنسانلار مۇلاھىزە يۈرگۈزسىلا پەرۋەردىگار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ.

— مىلان كۈندېرا

شۇبېرت مۇزىكا ئىشلەۋاتقانىكەن، دوستى ئۇنىڭدىن:

— سەن نېمە ئۈچۈن دائىم مۇشۇنداق ھەسرەتلىك مۇزىكىلارنى ئىشلەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

شۇبېرت بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇنداقتا سەن شوخ مۇزىكىنىڭ قانداقلىقىنى بىلەمسەن؟

دۇرۇس، بۇ چەكسىز ئالەمدە ھاياتنىڭ شادلىقى قەيەردە؟ خان ـ پادىشاھلار بىر ئۆمۈر سەلتەنەت سۈرسىمۇ، ئاخىرىدا ئۆزلىرىنىڭ «پادىشاھ ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ قالغانلىقىدىن ئۆكۈنىدۇ.» ئاجىز، تايانچىسىز كىشىلەرنىڭ ئۆمرى تېخىمۇ ئادەتتىكىچە ئۆتىدۇ. ھاياتنىڭ نوتىسى كۆپ بولسىمۇ، ئۇزاققا سوزۇلغان ھەسرەتلىك ناخشىلارنى يازىدۇ، تەقدىرنىڭ نەزىر سۈپىسىدا دۈۋىلەپ قويۇلغىنى ئەينى چاغدا بىز مەستانە بولۇپ كەتكەن، ئاخىرىدا تاشلىۋېتىلگەن ھاياتلىق يىللىرى ئەمەسمۇ؟ ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ بىپايان كائىناتتىكى بىردىنبىر ئويلانغۇچى ئىكەنلىكىدىن خۇرسەن بولۇشقان. دەرۋەقە، ھېچقانداق بىر جانلىق تەقدىرنىڭ بىنورماللىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ئاجىزلىقىنى ئادەمدەك ئېنىق ھېس قىلغان ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھالبۇكى، بۇ بىز ئۇچۇن زادى بەختمۇ ياكى بەختسىزلىكمۇ؟

يۇنوسوكا ئاكۇتاگاۋانىڭ «كاپپا» دەيدىغان مەشھۇر ھېكايىسى بار. بۇ ھېكايىدە «كاپپا» دېگەن قەبىلىدە بوۋاق تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇنىڭدىن بۇ دۇنياغا كېلىشنى خالاي-دىغان ـ خالىمايدىغانلىقىنى سورايدىغانلىقى، ئەگەر خالىمىسا بوۋاقنىڭ ھاياتى ئۈزلۈكىدىن ئاخىرلىشىدىغانلىقى بايان قىلىن-غان. ئەپسۇسكى، ئىنسانلار بۇنداق تەلەيلىك ئەمەس، نىچشې بۇ-رۇنلا كېسىپ مۇنداق دېگەن: «ئەڭ ياخشى نەرسىلەر سەن مەڭگۇ ئېرىشەلمەيدىغان نەرسىلەردۇر، يەنى تۇغۇلماسلىق، مەۋجۇت بول-ماسلىق، مەۋھۇملۇققا ئايلىنىشتۇر».

بىراق، رېئاللىقتىكى كىشىلەر ئۇنداق تەلەيلىك ئەمەس. ھېيدېگېرنىڭ «ئادەم مۇشۇ دۇنياغا چۆرۈۋېتىلگەن» دەيدىغان بىر جۈملە سۆزى بار. بۇ سۆز بىزگە مۇنداق بېشارەت بېرىدۇ: ئادەم-نىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشى ئىنتايىن تاسادىپىيلىق، ئۇ ھەرقانداق شەيئى ئالدىدا جاۋابكار بولمايدۇ، ئۇستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك ھېچقانداق قەرزىمۇ يوق، ئادەم يەنىلا ئادەم، ئۇ بىمالال يۈرىدۇ، تۇغۇلۇشىدىنلا ئەركىن بولىدۇ؛ بۇ يەنە ئادەمنىڭ دۇنياغا كېلى-شىنىڭ تامامەن پاسسىپ بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ تاللىشىغا باق-مايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ماقۇللۇق ئېلىنمايدىغانلىقىنى چۈ-شەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ دۇنياغا كېلىشى پۈتۈنلەي قىسمەت! ئەركىنلىكنىڭ ئارقىسىدا ئەسلىدە تېخىمۇ زور ئەركىنسىزلىك بار! خۇددى سارترې ئېيتقاندەك: «ھايات بەئەينى ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان پويىزغا تاشلانغان نەرسىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى، قاياققا كېتىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئادەمنىڭ بىردىنبىر قىلالايدىغىنى شۇكى، ياشاش داۋامىدا ھەممىنى ئەركىن تاللايدۇ، ئۆزى ھەمدە پۈتكۈل دۇنيا ئالدىدا جاۋابكارلىقنى مۇستەقىل ئۇستىگە ئالىدۇ».

دەرۋەقە، ھېچكىم سىزدىن خالاش ـ خالىماسلىقىڭىزنى

سورىمايلا ھاياتلىقتا ئىگە بولدىڭىز، نېمە ئۈچۈنلىكىنى سورۇشتۇرۇشكە ئۈلگۈرمەيلا تەقدىر قامچىسى سىزنى يولغا چىقىشقا ئۈندىدى. پۈتكۈل ئۆمرىڭىز شۇنچە رىيازەت ئىچىدە ئۆتتى، قانچە قېتىملاپ يۈرەكلىرىڭىزنىڭ پارە ـ پارە بولغانلىقى ئېسىڭىزدە قالمىدى. مۇھەببەت ئۈچۈن، ئايرىلىپ قالغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئۈچۈن، يىللار مابەينىدە سۇسلاشقان ئۇلۇغۋار ئىرادە ئۈچۈن... ئىشقىلىپ ئۈچۈنلەر تولىمۇ كۆپ، سىز ھەر ۋاقىت ئۆزىڭىزنىڭ يەنىلا ھاياتنى داۋاملاشتۇرالاۋاتقانلىقىڭىزدىن ئەجەبلىنىسىز. ھامان بىر كۈنى تەقدىرگە پۈتۈلگەن كۈلپەتلەر تۈگىگەندىن كېيىن خاتىرجەم ئۇيقۇغا بارىسىز. بىراق، ئۆتمۈشنى ئەسلىگەن ئاشۇ دەقىقىدە سىز تۇساتتىن گاڭگىراپ قالىسىز، ھېرىش ـ چارچاش بىلەن ئۆتكەن بۇ ھايات ھەقىقەتەن سىزگە مەنسۇپمۇ؟ ياكى تەلىيىڭىز تەتۈر كېلىپ، بارلىق ۋەقەلىكى يېزىپ تەييارلانغان، ئەمما خاتىمىسى تېخى بېكىتىلمىگەن تىراگېدىيە، كومېدىيەنى ئورۇنلاشقا تاللاندىڭىزمۇ؟ ھالبۇكى، سىزدە «ياق» دەيدىغانمۇ جۈرئەت يوق. پەردە يېپىلدى، تاماشىبىنلار قانائەت ئىچىدە ھاياتىڭىز ئۈستىدە ئويلانغاچ تىياتىرخانىدىن قايتىشتى، سىز قۇرۇق سەھنىدە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بىپەرۋا سىيماسىغا قاراپ تۇرىسىز، يىغلاي دېسىڭىز كۆزىڭىزدە ياش يوق...

ئىنسانلار چەكسىز ماكان ـ زامان ئىچىدە زادى قانداق رول ئېلىۋاتىدۇ؟ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان، شۇنداقلا ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان تەقدىرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ دۇنيادىكى كۆرەڭلىكلىرىمىزدىن يەنە نېمىلەر قالدى؟ كىم بۇنىڭغا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ جاۋاب بېرەلەيدۇ؟

ئەلۋەتتە بىز «قەھرىمان»لارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار غايە ۋە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تەقدىرنىڭ ئەخمەق قىلىشلىرىغا قارشى تۇرغانلىقىنى ئۇنتۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالماسلىقىمىز كېرەك. دۇرۇس، ئۇلار ئاجايىپ تۆھپىلەرنى ياراتقان بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، نېمە ئۇچۇن ياردەمچىسىز قالغاندىكى مەنىسىزلىكىنى يوشۇرالمايدۇ؟ ئۇلار كاتتا شۆھرەتلەرنى قازانغان بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، يەنە نېمە ئۇچۇن كاتتا شۆھرەتلىرى يىللار داۋامىدا ئۆچۈپ يوقىلىدۇ؟ قەھرىمانلارنىڭ ئاۋازى گەرچە جاراڭلىق بولسىمۇ، بىراق ھەممىدىن قابىلى يەنىلا بىز ئەمەس.

بۇ نېمىدېگەن ئۈمىدسىزلىك! بىراق، قەيەردە خەتەر بولسا شۇ يەردە قۇتقۇزۇش بولىدۇ، ئادەم تېڭىرقاش ئىچىدە دۇنياغا كېلىپ، گاڭگىراش ئىچىدە دۇنيادىن ئايرىلىدۇ. نەچچە ئون يىللىق ۋاقىت تولىمۇ قىسقا، ئۇ بىزنىڭ ھايات تىلسىملىرىنى كۆزىتىشىمىزگە يەتمەيدۇ، ھايات چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈنلا تاقەتسىزلىك ئىچىدە مۇلاھىزە قىلىمىز، ھەتتا «ياشىسام ئىككەن 500 يىل يەنە» دەپ خورسىنىمىز.

بۇ نېمىدېگەن بىمەنىلىك! ھايات بەئەينى يەشكىلى بولمايدىغان تەڭلىمىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ جاۋابىنى ئادەم مەڭگۈ بىلەلمەيدۇ. بىراق، مۇشۇ خىل بىلەلمەسلىك ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى يەنە بىر تەرەپتىن يورۇتۇپ بېرىدۇ. «ئىنسانلار مۇلاھىزە قىلغان ھامان پەرۋەردىگار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ.» بىراق، بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكىنى، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلغىنى يوق!

ئادەم تاسادىپىي دۇنياغا كەلگەن، ئەمما مۇشۇ خىل «تاسادىپىي» لىق تەقدىرنى چوقۇم ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. بۇنىڭدا ئادەمنى «تەلەيلىك» ياكى «تەلىيى كاج» دەپ تەسۋىرلەشكە تامامەن بولمايدۇ. شۇڭا، بىز بۇ خىل مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى «ھاياجانلىق» دېگەن سۆز ئارقىلىقلا ئىپادىلەشنى تېخىمۇ خالايمىز.

بەزىلەر ئىچىشىدىن: ئادەم دېگەن نېمە؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ: ئادەم تۇراقلاشمىغان ھايۋان، دەپ كەسكىنلا جاۋاب بەرگەن.

سارتىري: «ئادەمنىڭ بارلىقتا كېلىشى ئاڭدىن بۇرۇن» دېگەن. بەلكى مۇشۇ خىل تاسادىپىيلىق ئادەمنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىدىكى كۆرەشلىرى ۋە ئىزدىنىشلىرىنى بەلگىلىگەن بولسا كېرەك. ئادەم تۇراقلاشمىغانلىقى ئۈچۈنلا باشقا ھايۋانلاردىن پەرقلىنىدۇ، ئۇ ھەم باشقا ھايۋانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ. چۈنكى، باشقا ھايۋانلار تۇراقلىشىپ بولغان بولۇپ، تەرەققىيات ئەركىنلىكى يوق. ئادەم ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭ بەلگىلەنگەن ئۆزگەرمەس ماھىيىتى يوق، ئۇ ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، ئۆز ـ ئۆزىنى يارىتالايدۇ، ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلەيدۇ.

ئادەمنىڭ تۇراقلاشماسلىقى ۋە ئىزدىنىشتىكى قەيسەرلىكى ئادەمنىڭ ئۇلۇغ تەرىپى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئادەم «ئازابنىڭ ئىجادىيىتى»، چۈنكى كۆپ تەرەپلەردىكى مۇمكىنچىلىك ئۈستىدە ئىزدەنگەندە مۇقەررەر ھالدا «زىددىيەتلىك باھالار كۆپىيىدۇ، شۇنداقلا زىددىيەتلىك مۇددىئالارمۇ كۆپىيىدۇ.» بىراق، ھايات ئازابلىق بولسىمۇ، بۇ ئازابنى تارتىشقا ئەرزىيدۇ، ئادەم مۇشۇ تۈپەيلىدىن ئۇلۇغ بىلىنىدۇ.

«ئازابنىڭ ئىجادىيىتى» بولغانلىقى ئۈچۈن نىچشې ئادەمنى «ئۆزىنىڭ تەجرىبە بۇيۇمى»غا ئوخشىتىدۇ. ھەر بىر قېتىملىق تەجرىبە مەغلۇپ بولسۇن ياكى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسۇن ئۆزىنىڭ جىسمىغا، ئۆز تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ. باھالاش ۋە ئىزدىنىش ھەرىكىتىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، مەلۇم خىل مۇمكىنچىلىكنى تاللاش باشقا مۇمكىنچىلىكلەرنى چەتكە قېقىشتىن دېرەك بېرىدۇ. خۇددى ئامېرىكىلىق شائىر روبېرت فروستنىڭ «مېڭىلمىغان يول» دېگەن شېئىرىدا ئېيتىلغاندەك:

ئىككى يول بار ئالتۇن رەڭلىك ئورماندا،
ئەپسۇس، پەقەت ماڭالايمەن بىرىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆز تاشلىدىم بىر يولغا مەن دوقمۇشتا،
باقتىم ئۇزاق، كۆزۈم يەتكەن يېرىگە،
كىرىپ كەتكەنىدى ئورمان ئىچىگە.

تاللىۋالدىم يولنىڭ يەنە بىرىنى،
چۆپلەر باسقان، خىلۋەت ئىدى زىيادە،
گۈزەللىكى تارتار كۆڭۈل مەيلىنى.
شۇنداق يول بۇ يولۇچىسى بەكمۇ ئاز،
ئاز كۆرىسەن سەيياھلارنىڭ ئىزىنى.

ئاياغ ئىزى كۆرۈنمەيدۇ شۇ سەھەر،
ياتار يوللار غازاڭلارنىڭ ئاستىدا.
نېمە ئامال، كېيىن ماڭاي بىر يولدا،
بىلىمەنكى، بۇ يول چەكسىز، بىپايان،
قالماي دېدىم يانالمىغان ئەھۋالغا.

ئۇزاق يىللار ئۆتۈپ بەلكىم، بىر جايدا،
ياد ئېتەرمەن يېنىككىنە ئاھ ئۇرۇپ،
ئاچا يول بار بۆك ئورماننىڭ قوينىدا،
بېكىتتىممەن بىر ئۆمۈرلۈك يولۇمنى —
قەدەم ئىزى شالاڭ ئاشۇ بىر يولنى،
تاللىۋالدىم ئۇزاق تۇرۇپ، ياقتۇرۇپ.

ئەمەلىيەتتە، ھاياتلىق يولى ئىككى يول بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئادەم مەڭگۈ تاللاش ئىچىدە تۇرىدۇ. ئادەم مەڭگۈ تۇراقلاشمايدۇ، ئادەم ئۆزىنى يارىتىش بىلەن بىرۋاقىتتا، قايتا ئىجادىيەتنىڭ ئەركىنلىكىنى يارىتىدۇ.

## غۇۋالىق ــ ھاياتتا «نېمە ئۈچۈن» دەپ سوراشقا بولمايدۇ

تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئوبيېكتنى تەھلىل قىلىش بەئەينى پىيازنى قات ـ قات سويغانغا ئوخشايدۇ، بىراق ئەسلىدىكى پىياز يوقىلىدۇ.

ــ گېگىل

گېگىلنىڭ يۇقىرىدىكى «پىياز سويۇش» ئوخشىتىشىنى تولىمۇ ياقتۇرىمەن. بەزى نەرسىلەرنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ ئاندىن ھەرىكەتلىنىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. كىشىلىك ھاياتمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، بىز ھەرگىزمۇ ھەممە ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ ئاندىن ياشىغان ئەمەس. بەلكى بۇنىڭ ئەكسىچە، تۇمان ئىچىدە گۈل سەيلىسى قىلىپ، «ھاماقەت»لەردەك ياشايمىز ـ يۇ، ھېچقانداق بىئاراملىق ھېس قىلمايمىز. شۇڭا، مەن «ئىلىم ـ پەن»دېگەن سۆزنى كىشىلىك ھايات بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراشنى ياخشى كۆرمەيمەن. مەسىلەن، ھاياتنى خۇددى سۆزۈك سۇدەك سۈزۈلدۈرۈپ داۋاملاشتۇرغىلى بولىدىغاندەك، جەمئىيەتتە دائىم «ھاياتنى ئىلمىي پىلانلاش»، «ئىلمىي ھايات» دېگەندەك سۆزلەر ئۇچرايدۇ.

باستېر جاۋاڭ زۇكۇن مۇنداق بىر ھېكايە ئېيتىپ بەرگەنىدى: ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە گۇيجۇدىكى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغانىكەن، دېھقاننىڭ تۆت ـ بەش ياشلاردىكى قىزى ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا باشلاپتۇ:

ــ تاغا، نېمە قىلىۋاتىسىز؟

ــ كىتاب ئوقۇۋاتىمەن.

ــ نېمىشقا كىتاب ئوقۇيسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— كىتاب ئوقۇسا بىلىملىك بولىدۇ ئەمەسمۇ!
— بىلىملىك بولسا نېمە قىلغىلى بولىدۇ؟
— پۇل تاپقىلى بولىدۇ ـ دە!
— پۇل تېپىپ نېمە قىلىسىز؟
— تاماق يەيمىز ـ دە!
— تاماق يەپ نېمە قىلىسىز؟
— تاماق يېسە ئۆلمەيدۇ ـ دە!
— ئۆلمەي نېمە قىلىسىز؟
— ماڭ، ماڭ، ماڭ ! ۋاتىلدىماي ئاپاڭنىڭ قېشىغا بارە !

ھازىر بۇ ئادەم 80 نەچچە ياشقا كىردى، ھەر كۈنى «دۇرۇس، ئۆلمەي نېمە قىلىمەن؟» دېگەننى ئويلايدۇ.

ئۆلۈم ھاياتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسى، بىراق ھەرقانداق ئادەم مۇشۇنى مەقسەت قىلىپ ياشىمايدۇ، كىممۇ ئۆلۈم ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈرسۇن؟ يۇقىرىدىكى ھېكايە قارىماققا ناھايىتى قىزىقارلىق بولسىمۇ، لېكىن ئويدان ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق، بىزنى چوڭقۇر مۇلاھىزىگە ئۈندەيدۇ. ھەرقانداق ئىشتا جەزمەن زىر ـ زەۋەرگىچە سۈرۈشتۈرۈپ تېگىگە يېتىمىز دېسەك، نەتىجىسىز قېلىشىمىز مۇمكىن. خۇددى گېپىگىل ئېيتقاندەك، پىيازنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەكچى بولۇپ، ئۇنى قاتمۇقات سويىۋەتسەڭ، ئەسلىدىكى پىياز يوقاپ كېتىدۇ ـ دە، ماھىيەتتىن ئېغىزمۇ ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە تۇرمۇشىمىزدا «بىلىش» بىلەن «ئېتىقاد» ئايرىم ـ ئايرىم نەرسە. بەزى نەرسىلەرنى قانچىكى ئېنىق بىلسەك ئىخلا ـ سىمىز، مۇلاھىزە قىلىشىمىز، ھەرىكەت قىلىشىمىزغا شۇنچىكى پايدىسىز.

ئادەمنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق پىلانلاش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ھاياتنىڭ سېھرىي كۈچى ئۇنىڭ سىرلىقلىقىدا. شۇڭا، ھايات بىمەنە بولىدۇ، دېگەن ياخشىراق.

ئادەمنىڭ ئويى، ھەربىرىنىڭ ھەر زامان نۇرغۇنلىغان ئىدىيە ۋە ھېسسىيات ئارىلاشقان بولىدۇ. يەنىلا سوقراتنىڭ: «بىلىم تەبىئەت بىلەن، ئەقىل ـ پاراسەت ھايات بىلەن مۇناسىۋەتلىك» دېگەن ئاشۇ ھېكمەتلىك سۆزىنى نەقىل ئالايلى. ئىلىم ـ پەن بىز تۇرۇۋاتقان مۇشۇ ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ چىنلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ، ئۇ ئوبيېكتىپ، چىن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، زىددىيەتنىڭ كۆرۈلۈشىگە يول قويمايدۇ، تاقىتا ـ تۇققا ئىشلارنى ياقتۇرمايدۇ. ھاياتچۇ؟ ئۇ ھەر زامان زىددىيەت ۋە چىگىشلىككە تولغان بولىدۇ، چىنلىق بىلەن ساختىلىق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، مۇھەببەت بىلەن نەپرەت چىرمىشىپ كەتكەن بولىدۇ. چىنلىق ئىچىدە ساختىلىق، ياخشىلىق ئىچىدە يامانلىق، مۇھەببەت ئىچىدە نەپرەت، يىغا ئىچىگە كۈلكە ئارىلاشقان بولىدۇ، ھالبۇكى ھاياتنىڭ تۈنۈگۈنى ـ بۈگۈنى ـ ئەتىسىنىڭ ئاساسلانغۇدەك قائىدىسى يوق. خۇددى ھېراكلىت ئېيتقاندەك: «ئادەم ئوخشاش بىر ئېقىنغا ئىككى قېتىم كىرەلمەيدۇ»، «ئادەمنىڭ ئۆمرى بەئەينى ئەبەدىي يانىدىغان ئوتقا ئوخشايدۇ، ئۇ مەلۇم ئۆلچەمدە ئۆچىدۇ، مەلۇم ئۆلچەمدە يەنە يانىدۇ».

سىز سالماق پوزىتسىيە، ئوبيېكتىپ روھ ئارقىلىق تەبىئەتنىڭ سىرلىرى ئۈستىدە ئىزدەنسىڭىز بولىدۇ، بىراق ئۇنى ھەرگىزمۇ كىشىلىك تۇرمۇشىڭىزغا ئېلىپ كىرمەڭ، ئۇ ئارقىلىق تۇرمۇشىڭىزغا يېتەكچىلىك قىلماڭ. چۈنكى، ئۇنداق قىلغاندا، ھاياتنىڭ قويۇقلۇقىنى سۇيۇقلاندۇرۇۋېتىپ، تۇرمۇشتىكى قايناق ھېسسىياتىڭىزنى سۇسلاشتۇرۇپ، ھەربىر كەتلىنىش كۈچىڭىزنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىسىز. سۇ سۈزۈك بولسا بېلىق بولمايدۇ، جۇملىدىن سۇ بەك سۈزۈك بولۇپ كەتسە، بېلىققا پاناھلانغۇدەك جاي قالمايدۇ. ھاياتمۇ شۇنداق، بەك سالماق، بەك ئىدراكلىق، بەك ئوبيېكتىپ بولۇپ كەتكەندە، ئادەمنىڭ ئېتىقادى ئۆز زېمىنىدىن مەھرۇم بولۇپ، يوقىلىشقا

www.uyghurkitap.com

مەھكۇم بولىدۇ.

كوداك شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى جورج ئىستمان ئەپەندى ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنى بىلىدىغان ئادەم. ئۇنىڭ ئۆيلىرى ئۇستىلىق بىلەن لايىھەلەنگەن نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، ئۆزىمۇ ئاجايىپ ئەقىللىق كىشى بولۇپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى كەشىپ قىلغان. ئۇ مۇزىكىنى تولىمۇ ياخشى كۆرگەچكە، كېيىن پۇل ئىئانە قىلىپ ئىستمان مۇزىكا ئىنستىتۇتىنى قۇرغان. ئۇ مېھمانخانىسىدىكى ئاۋاز ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن، پۈتۈپ بولغان ئۆينى بۆلۈپ، ئۆينىڭ يېرىمىنى توغرىسىغا 0.6 مېتىر سۈرگەن، بۇنىڭ ئۈچۈن 750 مىڭ دوللار خەجلىگەن، ھالبۇكى، ئەينى چاغدا بۇ ئىمارەتنى سېلىش ئۈچۈن كۆپ بولسا 300 مىڭ دوللار چىقىم قىلىنغانىدى. ئۇ توي قىلمىغاچقا، بالىسىمۇ يوق ئىدى. ئۇ 77 ياشقا كىرگەندە ئۆزىنى ئېتىۋالغان، ئۇ ئۆلۈۋېلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ۋەسىيەتنامىسىنى ئۆزگەرتىپ، بارلىق مۈلكىنى رۇچېستىر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ھەدىيە قىلغان. ئۇنىڭ خاتىرە سارىيىدا ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىن ئىلگىرى قالدۇرغان باغاقچە قويۇلغان بولۇپ، باغاقچىغا مۇنداق يېزىلغان: «ئېرىشمەكچى بولغانلىرىمنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشتىم، يەنە نېمىنى كۈتىمەن؟»

ئىستماننىڭ ھاياتى «تەرغىباتنامە»نى ئادەمنىڭ ئېسىگە سالىدۇ. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ئىنتايىن ئەقىللىق بولۇپ، نامغىمۇ، مەنپەئەتكىمۇ ئېرىشكەن، ئۇ يەنە بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى. ئۇ راھەت سۈرۈشنى بىلىدۇ ھەم باغ بىنا قىلىشقا ماھىر. ھالبۇكى، پۈتكۈل كىتاب «پۇچەكلىك» توغرىسىدىكى ئۆكۈنۈشلەر بىلەن تولغان بولۇپ، ئاپتور «كۈن نۇرى ئاستىدىكى» بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى مەنىسىز، تۇتامسىز نەرسىلەر، دەپ قارايدۇ. ئىستمان بىلەن «تەرغىباتنامە»نىڭ ئاپتورى نېمىدېگەن ئوخشاشقان ـ ھە!

ھاياتتا سىرلىقلىق تۇيغۇسى كۆپرەك بولغىنى ياخشى، چۈنكى بۇ خىل تۇيغۇ تۇرمۇشىڭىزنى باشتىن - ئاخىر يول ئېچىش روھى ۋە ئىلگىرىلەش جۇشقۇنلۇقىغا تولدۇرىدۇ. ھەممىنى چۈشىنىپ بولسىڭىز، ھەممىگە ئېرىشىپ بولسىڭىز، ئۇنىڭ ياخشى ئىش بولۇشى ناتايىن. ئەنگلىيەلىك يازغۇچى ئوسكار ۋىلدنىڭ مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆزى بار: «ھاياتتا ئىككى خىل تىراگېدىيە بولىدۇ، بىرى ئېرىشمەكچى بولغان نەرسەڭگە ئېرىشەلمەيسەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈمىدسىزلىنىسەن؛ ئەمما، تېخىمۇ زور تىراگېدىيە شۇكى، ئارزۇ قىلغان نەرسەڭگە ئېرىشسەڭ ئۈمىدسىزلىنىسەن.» ئۈمىدسىزلىك ھەممىدە بار بولغان تەجرىبە، چۈنكى ھاياتتا كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدىغان ئىشلار ئۇچراپ تۇرىدۇ، بىراق تەشنالىق بىلەن كۈتكەن نەرسىڭىزگە ئېرىشىپ تۇرۇپ يەنە نېمە ئۈچۈن ئۈمىدسىزلىنىسىز؟ بۇنى تۇرمۇش كەچۈرمىشى مول كىشىلەرلا چۈشىنەلىشى مۇمكىن. چۈنكى، بىز تەشنا بولغان نەرسىلىرىمىز توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ خىيال ۋە ئۈمىدلەردە بولىمىز، شۇڭا ناھايىتى زور بەدەل تۆلەپ ئۇنىڭغا ئېرىشكىنىمىزدە مەنىسىز ھېس قىلىمىز. « قۇياش نۇرى ئاستىدىكى » بارلىق شەيئىلەر، جۈملىدىن ماددىي مەئىشەت، مۇھەببەت، ھوقۇق، ئابروي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇزاققا بارمايدۇ ياكى سۈپىتى ئۆزگەرمەي قالمايدۇ، ئۇلار ھەم ئەبەدىيلىك قىممەت ۋە مەنە ھازىرلاپ بېرەلمەيدۇ.

سۇ سۈزۈك بولسا بېلىق بولمايدۇ. سۇ نېمە ئۈچۈن «ساپ» مەنزىلگە ئىنتىلىدۇ؟ مۇشۇ مەنزىلگە يەتكەندە سۇدا بېلىق بولمايدۇ. ئادەم نېمە ئۈچۈن ھەممە ئىش، ھەممە ئادەمنى ئېنىق بىلىشكە ئىنتىلىدۇ؟ ۋاھالەنكى، قىلنى قىرىق يېرىش دانالىق ئەمەس، بەلكى قەستەن خۇپىسەنلىكمۇ كاتتا دانالىق ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ھازىرنى قەدىرلەش ــ ھازىردا ياشاش

قورساق ئاچقاندا تاماق يېيىش، چارچىغاندا ئۇخلاش كېرەك.

ــ راھىب داجۇ

«ھازىردا ياشاش»نىڭ ھەقىقىي مەنىسى بۇددا دىنىنى مەنبە قىلىدۇ. راھىبلار نېمىنىڭ ھازىردا ياشاش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. «راھىب داجۇ ئۇزۇندىلىرى»دە راھىب يۈيەن بىلەن راھىب داجۇنىڭ مۇنداق بىر دىيالوگى بېرىلگەن:

ــ شەيخ ھەزرەتلىرى، ئىسستىقامەتتە ئىجتىھات قىلىۋاتامدىلا؟ ــ دەپ سوراپتۇ راھىب يۈيەن.

ــ ئەلۋەتتە، ــ دەپتۇ راھىب داجۇ.

ــ قانداق ئىجتىھات قىلىۋاتىدىلا؟

ــ قورساق ئاچسا تاماق يەيمەن، چارچىسام ئۇخلايمەن.

ــ ھەممە ئادەم شۇنداق قىلىدۇ، ئۇنداقتا ئۇلارمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىجتىھات قىلغان بولامدۇ؟

ــ ئۇنداق ئەمەس.

ــ نېمە ئۈچۈن؟

ــ ئۇلار تاماق ۋاقتىدا تاماق يېيىشنى خالىماي تۈرلۈك خىياللاردا بولىدۇ؛ ئۇخلايدىغان چاغدا ئۇخلىماي تۈرلۈك ـ تۈمەن ئويلاردا بولىدۇ، شۇڭا ئوخشىمايدۇ...

«قورساق ئاچقاندا تاماق يېيىش، چارچىغاندا ئۇخلاش» ــ بۇنىڭدىنمۇ تەبىئىي ئىش بولماس، بىراق راھىبلار مانا بۇنى ھازىردا ياشىغانلىق دەيدۇ! ئىنتايىن تەبىئىي بۇ ئىش ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاللىبۇرۇن قول يەتمەيدىغان خىيالغا ئايلىنىپ قالدى.

ھازىرقى زامان تۇرمۇشىدا ھەربىر ئادەم مۇنداق ئەھۋالغا ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن: بەزىدە ئۇيقۇسى كەلمىسىمۇ، ئۇخ-

لىمىسام بولمايدۇ، دەپ قاراپ ئۆزىنى ئۇخلاشقا مەجبۇرلايدۇ. شۇنداق قىلىپ مېڭىسىدە تۈرلۈك ـ تۈمەن خىياللار ئايلىنىپ، سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ چىكىلدىغان ئاۋازىدىن بىئارام بولىدۇ، نەتىجىدە ئۇخلىيالمايدۇ، تاكى سەھەر سائەت ئىككى ـ ئۈچ بولـ غۇچىلىك شۇنداق داۋاملىشىدۇ... ئەڭ ئاخىرىدا ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە قايغۇرىدۇ.

ئەگەر سىز شىركەتنىڭ خىزمەتچىسى بولسىڭىز، چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى ـ ئۈچلەردە تازا ئۇيقۇڭىز كەلگەندە ئىشخانىدا بەخۇدۇك خورەك تارتىپ ئۇخلىسىڭىز خىزمىتىڭىزدىن قۇرۇق قېلىشىڭىز مۇقەررەر. مەكتەپتە ئوقۇغان چاغدىكى ئوقۇتقۇچى توختىماي تېرىكىپ سۆزلەۋاتسا ئورنىدا ئولتۇرۇپ بىرنەرسە يەۋاتقان ئاشۇ خەتەرلىك ھەم قىزىقارلىق تەسىرات شىركەت خىزمەتچىسىدە كۆرۈلۈشى مۇمكىن ئەمەس.

«قورساق ئاچقاندا تاماق يېيىش، چارچىغاندا ئۇخلاش» بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، قول يەتكۈسىز ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. ئالايلۇق، ئەسلىدە تاماق ۋاقتىدا تاماق يېيىش كېرەك، بىراق ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئۇزۇقلۇقنى تەڭشەش ئۈچۈن نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قورسىقىنى ئاچ قويىدۇ. يېقىندا جەمئىيەتتە «تاماقنى قىسىپ ئورۇقلاش» دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، كىشىلەر ئاتالمىش «گۈزەللىك» ئۈچۈن تاماق يەيدىغان ۋاقىتتا تاماق يېمەيدىغان، سۇ ئىچىدىغان چاغدا سۇ ئىچمەيدىغان بولدى. مۇشۇ ئىشلار تارىختا ئايلانغاندىن كېيىن، ئەۋلادلىرىمىز بىزنى مۇقەررەركى مازاق قىلىدۇ.

بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ مۇھىم ئىش نېمە؟ ئەڭ مۇھىم ۋاقىت قايسى؟ ئەڭ مۇھىم ئادەم كىم؟ بەزىلەر ئەڭ مۇھىم ئىش ــ مەنسەپ تۇتۇش، بايلىق توپلاش، ئۆي، ماشىنا سېتىۋېلىش؛ ئەڭ مۇھىم ئادەم ــ ئاتا ـ ئانا، جورا، بالا؛ ئەڭ مۇھىم ۋاقىت ــ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى، توي، دىسسېرتاتسىيە ياقلاش ۋاقتى دېيىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، ئەڭ مۇھىم ئىش ھازىر سىز قىلىۋاتقان ئىش، ئەڭ مۇھىم ئادەم سىز بىلەن بىللە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىش قىلىۋاتقان ئادەم، ئەڭ مۇھىم ۋاقىت ھازىر. مانا بۇ خىل قاراش «ھازىردا ياشاش» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭدا بىۋاستە مەشغۇلات قىلغىلى بولىدۇ.

مىسال بىر ئادەمنى يولۇاس قوغلىدى، ئۇ جېنىنىڭ بارىچە قېچىپ دىققەتسىزلىكتىن تىنىك ياردىن چۈشۈپ كەتتى، كۆزى ئىتتىك، قولى چاققان بولغاچقا، بىر تال گىياھنى تۇتۇۋېلىپ، يارغا ئېسىلىپ قالدى. بۇ ئادەم يۇقىرىغا قارىسا يولۇاس، پەسكە قارىسا چوڭقۇر جىلغا بار ئىدى، يانغا قارىغانىدى، مەي بولۇپ پىشقان بىر دانە بۆلجۈرگەننى كۆردى. ھازىر بۇ ئادەم ئۈچۈن ئۈستىگە چىقىش، پەسكە چۈشۈپ كېتىش، ئېسىلىپ تۇرۇش ۋە بۆلجۈرگەننى يېيىشتىن ئىبارەت تۆت خىل تاللاش بار، ئۇ قايسىسىنى تاللايدۇ؟ توغرا جاۋاب سىزنىڭ ئويلىمىغان يېرىڭىزدىن چىقىشى مۇمكىن. ئۇ بۆلجۈرگەننى يېيىشنى تاللىدى. بۇ ھالەت ھازىردا ياشاش دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىر سىز بۆلجۈرگەنگە ئېرىشكەن ئىكەنسىز، ئۇنى يەۋېتىشىڭىز لازىم. بەزىلەر ئۆلۈش ئالدىدا بۆلجۈرگەن يەپ نېمە قىلىدۇ؟ دېيىشى مۇمكىن، بىراق ئۇ تېخى ئۆلمىدىغۇ؟ پۇرسەت ھەرىكەت داۋامىدا بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. يولۇاس بىرئازدىن كېيىن كەتسە، بۇ ئادەم ئۈستىگە ئېسىلىپ چىقسا بولىدۇ. ئەگەر بۇ سوئالنى يەسلىدىكى بالىلاردىن سورايدىغان بولساق، ئۇلار قىلچىمۇ ئىككىلەنمەستىن بۆلجۈرگەننى يېيىش كېرەك، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بالىلار ھازىردا ياشاۋاتقانلىقى ئۈچۈن چوڭلارغا قارىغاندا خۇشال ياشايدۇ. ھازىردا ياشاش دېگىنىمىز — مەۋھۇم كەلگۈسى ئۈچۈن ھازىرنى قۇربان قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇش بىرنەچچە «ھازىر»دىن شەكىللەنگەن ھاياتلىق چېقىنى بولۇپ، ئەگەر بۇ چېقىن ھەر بىر نۇقتىدا يورۇقلۇق چىقىرالمىسا غۇۋالىشىپ كېتىدۇ. ئۇنداقتا ئېيتىپ بېقىڭا، سىز ناھايىتى ئالدىراش ـ تېنەش ياشامسىز؟ ئۇخلىغاندا، تاماق يېگەندە، يول يۈرگەندە، كۆڭۈل ئاچقاندا ھەمىشە تاقەتسىزلىك ئىچىدە كېيىنكى نىشانغا ئالدىرامسىز؟ سىز تېخىمۇ زور

ۋەزىپىلەر مېنىڭ ئورۇنلىشىمنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئوشۇقچە ۋاقتىمنى «ھازىر»قى ئۈششاق - چۈششەك ئىشلارغا سەرپ قىلماسلىقىم لازىم، دەپ ئويلامسىز؟

سىزلا ئەمەس، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر «ھازىر»غا زېھنىنى بېرەلمەيدۇ، ئۇلار ھەمىشە قانداقتۇر بىر ئويغا چۆمۈپ، دىققىتىنى چېچىپ، ئەتىكى، كېلەر يىلقى، ھەتتا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشلارنى ئويلايدۇ. بەزىلەر: «مەن كېلەر يىلى تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىشىم كېرەك» دەيدۇ، بەزىلەر: «كېيىن تېخىمۇ چوڭ ئۆي ئېلىشىم لازىم» دەيدۇ ۋە بەزىلەر: «تېخىمۇ ياخشى خىزمەت تېپىشىم كېرەك» دەيدۇ. تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپقان، تېخىمۇ چوڭ ئۆيدە ئولتۇرغان، مەنسىپى نەچچە دەرىجە ئۆسكەندە ئۇلار تېخىمۇ قانائەت قىلماي: «ھەي! مەن تېخىمۇ كۆپرەك پۇل تېپىشىم كېرەك! يەنىمۇ يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىشىشىم كېرەك، تېخىمۇ راھەتتە ئۆتۈشۈم كېرەك!» دەپ ئويلايدۇ.

«ھازىردا ياشاش» قارىشى بولمىسا، كىشى ئېرىشكىنى قانچە كۆپ بولسىمۇ خۇشاللىق ھېس قىلمايدۇ، ھازىرلا ئەمەس، كېيىنمۇ مەڭگۈ قانائەت قىلمايدۇ، چۈنكى ھەقىقىي قانائەتنىڭ «كېيىن»دە ئەمەس، بەلكى «دەل مۇشۇ چاغ، مۇشۇ ۋاقىت»تا ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

ئەگەر سىز نامەلۇم كەلگۈسى ئۈچۈن كۈچىڭىزنى بەك سەرپ قىلىپ، كۆز ئالدىڭىزدىكى نەرسىلەرنى كۆرمەسكە سالسىڭىز، مەڭگۈ خۇشاللىققا ئېرىشەلمەيسىز. بىر يازغۇچى مۇنداق دېگەن: «مەقسەتلىك خۇشاللىق ئىزدىگىنىڭىزدە ئۇنى تاپالمايسىز، ‹ھازىر›دا ياشاپ ئەتراپىڭىزدىكى شەيئىلەرگە پۈتۈن زېھنىڭىز بىلەن دىققەت قىلسىڭىز خۇشاللىق ئۆزلۈكىدىن كېلىدۇ».

ئالدىمدا ھۇپپىدە گۈللەر ئېچىلغان گۈزەل مەنزىرە بار دەپ جان تىكىپ يۈگۈرۈپ، ئاشۇ گۈزەل مەنزىرىدىن بىرىنچى بولۇپ زوق ئېلىشنى ئويلاپ، مەنزىلگە يېتىپ بارغىنىڭىزدا، ئۇ مەنزىرىنىڭمۇ تايىنلىق ئىكەنلىكىنى بايقىسىڭىز، ئۆزىڭىزدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قانائەتچانلىقنىڭ يوقلۇقىدىن، ئىخلاسمەنلىكنىڭ زىيادە كۆچلۈكلۈكىدىن پۇشايمان قىلىسىز، ئەمەلىيەتتە ماڭغاچ زوق ئالسىڭىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولماسمىدى؟ ئەپسۇسكى، بىز ۋاقتىمىزنى يولغىلا سەرپ قىلىۋېتىۋاتىمىز. ھاياتلىق سەپىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ، بەلكىم ھاياتلىقتىكى شادلىق پۈتكۈل سەپەردىكى پارچە ـ پۇرات ئىشلاردىن زوق ئېلىش بولسا كېرەك. تۈنۈگۈن تارىخقا ئايلاندى، ئەتە تېخى نامەلۇم، پەقەت «ھازىر»لا تەگرى بىزگە ئىنئام قىلغان ئەڭ ياخشى سوۋغات. نۇرغۇن كىشىلەر ئەتىنىڭ غېمىنى قىلىپ، بۇ غەمنى بالدۇرراق ھەل قىلىشنى ئويلايدۇ، ھالبۇكى، ناۋادا ئەتە غەم بولسا، سىز ئۇنى بۈگۈن ھەل قىلالمايسىز، ھەر بىر كۈنىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق تاپشۇرۇقلىرى بولىدۇ، يەنىلا بۈگۈنكى تاپشۇرۇقلارنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىگىنىمىز تۈزۈك!

## «؟» دىن «!» گىچە ــ چەكلىكلىكتىن ھالقىشقىچە

ئادەمگە ھەقىقىي سىرلىق تۇيۇلىدىغىنى
دۇنيانىڭ قانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغىنى
ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى.
ــ ۋىتگېنشتېين

بۇ دۇنيادا نېمىگە جاۋاب بېرىش ئەڭ قىيىن، نېمە ئىشنى سوراش ئەڭ قىيىن؟

مېنىڭچە ھاياتقا دائىر مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش ئەڭ قىيىن، ئاقىۋەت مەسىلىلىرىنى سوراش ئەڭ قىيىن.

ھاياتقا دائىر مەسىلىلەر دېگىنىمىز، تۆۋەندىكىدەك مۇتلەقلىق مەسىلىلىرىنى كۆرسىتىدۇ: مۇتلەق قىممەت، مۇتلەق ياخشىلىق، مۇتلەق گۈزەللىك نەدە؟ قانداق قىلغاندا مۇتلەق ھۆرلۈككە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا مۇتلەق بەختەرلىكتىن بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا

مۇتلەق بەختكە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا ئەبەدىي ياشىغىلى بولىدۇ؟ قىسقىسى، ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟ رېئال دۇنيادا ياشاۋاتقان ھەرقانداق ئادەم بۇ سوئاللاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالالمايدۇ. بىراق، بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنىڭ رېئال دۇنيادا مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بەلكى مۇشۇنىڭ «سىرتى»دىكى مەلۇم سىرلىق ساھەدە مەۋجۇت بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ساھەلەر بىزنىڭ تەجرىبىمىزدىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ، بىزنىڭ بىلىش، بىلىم، ئىلىم - پەن ئارقىلىق ئۇنىڭغا كىرىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. پەيلاسوپ ۋىتگېنشتېين: «بۇ خىل تەجرىبە ھالقىغان سىرلىق ساھەگە كىرىشنىڭ بىرلا يولى بار، ئۇ بولسىمۇ ئىلگىرى، ھازىر ۋە كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان بارلىق ئىشلارنى شەرتسىز قوبۇل قىلىش، يەنى ‹شۈكۈر› قىلىشتىن ئىبارەت» دېگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھاياتتىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرگە ئەگەر ئىلمىي ئۇسۇل بويىچە قارىغاندا، بۇ مەسىلىلەر ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، قاملاشمىغان مەسىلىلەرگە ئايلىنىپ قالىدىكەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ جاۋابىنى بايان قىلىپ بەرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ھاياتتىكى سوئاللارنىڭ جاۋابى مەلۇم دۇنيانىڭ سىرتىدا مەۋجۇت، ئۇلارنى نامەلۇم دۇنيادىكى ساھەدىنلا تاپقىلى بولىدۇ.

مانا مۇشۇنداق قاراش سەۋەبىدىن ۋىتگېنشتېيننىڭ مۇنۇ ئىككى جۈملە سۆزى ھازىرغا قەدەر چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە ھېكمەتلىك سۆز بولۇپ كېلىۋاتىدۇ: بىرىنچى، دۇنيانىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ سىرتىدا؛ ئىككىنچى، نامەلۇم نەرسىلەرگە سۈكۈت قىلىش لازىم.

«دۇنيانىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ سىرتىدا.» ۋىتگېنشتېين بۇ سۆزنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «ئادەمگە ھەقىقىي سىرلىق تۇيۇلىدىغىنى دۇنيانىڭ قانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى.» بۇ يەردىكى «قانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېگىنى، دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ قانداق باغلىنىشلىقى، بىر ـ بىرىگە قانداق ئايلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، مانا بۇ ئىلىم ـ پەننىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇپ، ئۆزئارا باغلىنىش، بىر ـ بىرىگە ئايلىنىشتىن قانۇنىيەت يەكۈنلىنىپ ئىدراكىي بايان شەكىللىنىدۇ، تەجرىبە، كۆزىتىش ئارقىلىق قانۇنىيەتكە ئېرىشىلىدۇ، ئاندىن بىرىنچى قېتىملىق ھادىسە يۈز بەرگەندىكىگە ئوخشاش شەرت ئارقىلىق ئوخشاش نەتىجىگە ئېرىشىلىدۇ. بۇ ئىلمىي تەپەككۇر ۋە پوزىتسىيە بولۇپ، تۇرمۇشىمىزغا ئىنتايىن پايدىلىق. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىلىم ـ پەن ئىدراكىي قورالدىن پايدىلىنىپ دۇنيادىكى كۆپ خىل شەيئىلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىنى ئېچىپ بېرىدۇ، دۇنيانىڭ قانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى تونۇتىدۇ، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ئىلىم ـ پەننىڭ دۇنيانىڭ قانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەسىلە توغرۇلۇق ئېرىشكەن ھاسىلاتلىرى ئىنتايىن كۆپ، بىراق تېگىگە يېتىپ بولالمىغان مەسىلىلەر تېخىمۇ كۆپ، ھەتتا مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ. سىزنىڭ بىلىدىغانلىرىڭىز كۆپەيگەنسېرى بىلمەيدىغانلىرىڭىز ھەسسىلەپ كۆپىيىدۇ. چۈنكى، دۇنيادىكى باغلىنىش چەكسىز بولىدۇ، ئادەمنىڭ بىلىشى مەڭگۈ چەكلىك بولىدۇ، بىلىدىغانلىرىڭىز بىلەن بىلمەيدىغانلىرىڭىز ئوتتۇرىسىدىكى پەرق چەكسىز بولىدۇ.

ئەسلىي گېپىمىزگە كېلەيلى، بىلىدىغىنىڭىز قانچە كۆپ بولسىمۇ، دۇنيانىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇ ھالەتتە ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ بىلەلمەيسىز! ۋىتگېنشتېيىننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئادەمگە ھەقىقىي سىرلىق تۇيۇلىدىغىنى دۇنيانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ! دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقى ئايرىم ـ ئايرىم ھادىسە، ئايرىم ـ ئايرىم پاكىتلارنى ئەمەس، بەلكى بارلىق ھادىسە، پاكىتلارنىڭ بىرىكمىسىنى، يەنى دۇنيا ياكى ئالەمنىڭ بىر پۈتۈن

گەۋدىسىنى كۆرسىتىدۇ. دۇنيانى ئومۇمىي گەۋدە دەپ قاراپ، دۇنيانىڭ نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت ئەمەسلىكىگە ئەمەس، بەلكى نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى دىن تەتقىق قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىش ئىلىم ـ پەننىڭ ئىدراكىي چېكىدىن، ماكان ۋە زاماندىن ھالقىپ، يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەن مېتافىزىكىغا چېتىلىدۇ، شۇڭا دۇنيانىڭ سىرتىدىكى ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئىلىم ـ پەن شەيئىلەرنىڭ قانداق باغلىنىشىنى تەتقىق قىلىدۇ، ئەمما ئادەم دۇنيانىڭ مەنبەسى، يەنى بىر پۈتۈنلۈكى ھەققىدىكى سوئاللار توغرىسىدا ئىلگىرىمۇ، ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا بىزدە مۇستەھكەم ئېتىقاد ياكى تەۋرەنمەس غايە بولۇشى كېرەك، بۇ دۇنيانىڭ قايسى خىل ھالەتتە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىمىز لازىم. چۈنكى، بۇ دۇنيا ھەققىدىكى بايان ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ دۇنياغا تۇتقان پوزىتسىيەسى. نۇرغۇن ئىشلار مۇتلەق نۇقتىغا بارغاندا بىزدە بىرلا خىل پوزىتسىيە بولىدۇ، چۈنكى بىزنىڭ بىلىشىمىز شۇنچىكى چەكلىك بولىدۇ.

شۇڭا، ئىلىم ـ پەن دۇنيانىڭ قانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، قانۇنىيەتنى تېپىپ چىقىپ، ئادەم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۇ دۇنيانىڭ ئىچىدە بولىدۇ؛ ھالبۇكى، ئېتىقاد ئەقلىي كاساتلىقنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ بىزگە دۇنيانىڭ «مەۋجۇت ئىكەنلىكى»دىن ئىبارەت تۇرمۇش پوزىتسىيەسىنى قوبۇل قىلدۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ دۇنيانىڭ سىرتىدا بولىدۇ. ئەقىل ۋە ئېتىقاد بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ، ئۇلاردىن بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. خۇددى ئېينشتېين ئېيتقاندەك: «ئىلىم ـ پەندىن ئايرىلغان دىن توكۇرغا ئوخشايدۇ، دىندىن ئايرىلغان ئىلىم ـ پەن ئەماغا ئوخشايدۇ».

ئىنسانلار تەبىئەت ئانىنىڭ بالياتقۇسىدىن تۇغۇلۇپ، ئۆزىنى تەبىئەت بىلەن باغلاپ تۇرغان كىندىكنى كېسىۋېتىپ، مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن، باشقا ھايۋانلارغا

ئوخشاش تۈغما ئىقتىدارىغا تايىنىپ ھەرىكەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالغاچقا، ئەقىل كۆزى بىلەن سانسىزلىغان مۆمكىنچىلىكلەر ئىچىدىن ئۆزى ئۈچۈن يول تاللىدى. بىر تەرەپتىن، ئادەم تەبىئەتنىڭ ئەزاسى، باشقا چەكلىك تەبىئىي مەۋجۇداتلارغا ئوخشاش تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان تەبىئەت قانۇنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، تۇغۇلۇشى، ئۆلۈشىنى ئۆزى بېكىتەلمەيدۇ؛ بىراق، يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەم بىر خىل ئەقلىي مەۋجۇدىيەت، ئۇ ئەقلىگە تايىنىپ تەبىئەت قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىدە چەكلىمىلىكتىن ھالقىپ كېتىشكە ئۇرۇنىدىغان تەنتەكلىك ۋە غايىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بىر تەرەپتىن، ئادەم تەبىئىي مەۋجۇدىيەت بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئېغىر گەۋدىسىدىن مەڭگۈ خالاس بولالمايدۇ، تەبىئىي قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىپ، بۇ غايىسىگە يېتەلمەيدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەم باشتىن ـ ئاخىر ئۆزىنىڭ چەكلىمىلىكىدىن ھالقىيدىغان تىرىشچانلىق ۋە ئىخلاسمەنلىكتىن ۋاز كەچمەيدۇ. ھامان ئۆلىدىغان ئادەم ئۆلمەسلىككە ئىنتىلىدۇ، ئۆلمەسلىككە ئىنتىلىۋاتقان ئادەملەر ئۆلۈمدىن خالىي بولالمايدۇ، مانا بۇ ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ نېگىزلىك ئىچكى زىددىيەت. مانا مۇشۇ ئەڭ نېگىزلىك ئىچكى زىددىيەت ئىچىدە پەلسەپىۋى سوئاللار بارلىققا كەلگەن. بۇ پەلسەپىۋى سوئاللار ئادەمنىڭ شۇنداق بىر مەنزىلگە تاشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردىكى، ئادەم باشتىن ـ ئاخىر چەكلىكلىك بىلەن چەكسىزلىك، نىسپىيلىك بىلەن مۇتلەقلىق، ئۆتكۈنچىلىك بىلەن ئەبەدىيلىك، رېئاللىق بىلەن غايە، بۇ قىرغاق بىلەن ئۇ قىرغاق ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن توقۇنۇشقا دۇچ كەلدى، بۇ توقۇنۇشلار ئوتتۇرىسىدا ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ بار ئىدى. مانا بۇ ئادەمنىڭ ئەبەدىي توختىماي ئىنتىلىشى ۋە ئىزدىنىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى.

بىرەيلەن بىر پەيلاسوپتىن دۇنيانى بىر جۈملە سۆز ئارقىلىق

تەسۋىرلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ.

پەيلاسوپ گەپ قىلماي، بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن قەغەز ئۈستىگە «؟» بىلەن «!» نى يېزىپتۇ.

دەرۋەقە، بۇ دۇنيا شۇنچە كۆپ «؟» غا تولغان بولۇپ، ئىنسانلار مۇشۇ «؟»غا تولغان دۇنيا ئىچىدە قەلبىدىكى «!» ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ.

«؟»غا بولغان قىزىقىش ۋە «!»كە بولغان تەشنالىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا دۇنيادا ئىنتىلىش توغرىسىدىكى بىر بۆلەك شانلىق سەھىپە بارلىققا كەلدى.

يۇمران بىخ قارا تۇپراق ئىچىدىن قەيسەرلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، زېمىندىن مۇنداق سورىدى:

— سىرتتىكى دۇنيا قانداق؟

— كۆزۈڭ بىلەن كۆزىتىپ، كۆڭلۈڭ ئارقىلىق بىلىپ كۆرگىن، — دېدى زېمىن بوغۇق ئاۋازدا.

شۇنىڭ بىلەن بىخ بېشىنى يەنىمۇ كۆتۈرۈپ تۇپراقنىڭ بېسىمىغا چىداپ «؟»نىڭ ئارقىسىدىكى «!»نى ئىزدەشكە باشلىدى، ئەڭ ئاخىرىدا، دۇنيا يورۇقلۇققا تولدى !

ھەر بىر ئادەم «؟» بىلەن مۇشۇ دۇنياغا كېلىدۇ، ھاياتنىڭ پۈتكۈل جەريانى نۇرغۇنلىغان «؟»غا جاۋاب بېرىپ، ئەڭ ئاخىرىدا «!»نى يازىدىغان جەريان.

بىر ئادەم مۇساپىنى «؟»دىن باشلىسا بولىدۇ، بىراق جەزمەن «!» بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشى كېرەك.

شۇڭا، قەلبىمىزدىكى «؟» ئۈچۈن ئىزدەنگەن، كۈرەش قىلغان بولساقلا، ھاياتنىڭ نەتىجىسىگە پەرۋا قىلمايلى. ئەڭ ئاخىرىدا مەغلۇپ بولغان تەقدىردىمۇ يوغان بىر «!»كە ئېرىشىمىز.

دۇنيا «؟»غا تولغان بولۇپ، مەۋجۇداتلار «؟»نىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىنتىلىش توغرىسىدىكى زەپەر مارشلىرىنى ئېيتىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا قانائەتلىنەرلىك «!»نى، دۇنيا توغرىسىدىكى غايىنى ئېلىپ تەبەسسۇم بىلەن كېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

«؟» نىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپلىقى، «!»نىڭ سىر ـ ھەيۋىسى نۇرغۇن يېقىملىق ناخشىلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇلۇغ دۇنيانىڭ سىمفونىيەسىنى ھاسىل قىلدى !

## مۇۋازىنەتلىك ھايات ـــ ئۆزگە تەۋە تەڭپۇڭلۇقنى ئىزدەش

ئادەم پايدا ـ زىياننى ئۇنتۇش دەرىجىسىگە
يەتكەندە ھاسىلاتقا ئېرىشكەن بولىدۇ.
ـــ تاگور

«ئىنجىل» دىكى «دۇنيانىڭ يارىلىشى» رىۋايىتىدىكى ھەممىگە مەلۇملۇق باغى ئېرەم رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: پەرۋەردىگار دۇنيانى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ، لايدىن ئۆزىنىڭ سىياقىدا ئادەم ئاتىنى يارىتىپتۇ، كېيىن يەنە ئادەم ئاتىنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسى ئارقىلىق ھاۋائانىنى يارىتىپتۇ. شەرقتە باغى ئېرەم ناملىق باغ بەرپا قىلىپ ئۇنى ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋائانىنىڭ تۇرۇشىغا بېرىپتۇ. ئۇ جەننەت كەبى جاي ئىكەن. باغى ئېرەمدە نۇرغۇن دەرەخلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىككى دەرەخ بەكمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، بىرى ھاياتلىق دەرىخى، بىرى ئەقىل ـ پاراسەت دەرىخى ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھاياتلىق دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى يېسە ئۆلمەيدىكەن، ئەقىل ـ پاراسەت دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى يېسە، ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولىدىكەن. پەرۋەردىگار ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋائانىنى باغى ئېرەمدىكى مۇشۇ ئەقىل ـ پاراسەت دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى يېسە بولمايدىغانلىقى، يېسە ئۆلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇپتۇ. بىراق، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋائانا يىلاننىڭ ئازدۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئەقىل ـ پاراسەت دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى ئوغرىلىقچە يەپتۇ، بۇنىڭ بىلەن تىراگېدىيە يۈز بېرىپتۇ، پەرۋەردىگار ئۇلارنى باغى ئېرەمدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ مۇشۇ

«تۇنجى گۇناھ» ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بوپتۇ.

ئەگەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى راست دېسەك، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋائانا بىر مېۋىنى يېگەنلىكى ئۈچۈنلا جەننەتتىن قوغلانمىسا بولاتتى. چۈنكى، پەرۋەردىگار ئەقىل ـ پاراسەت دەرىخىنىڭ مېۋىسىنىلا يېيىشكە بولمايدۇ، دېگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى يېيىشىنى چەكلىمىگەن، ئەگەر ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋائانا ئالدى بىلەن ھاياتلىق دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى يەپ، ئاندىن ئەقىل ـ پاراسەت دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى يېگەن بولسا، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگاردىن پەرقى قالمايتتى ـ دە، پەرۋەردىگار ئۇلارنى ھېچنېمە قىلالمايتتى.

بىراق، ئىنسانلار ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا ئەقىل ـ پاراسەت مېۋىسىنى تاللىدى. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋائانا ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ جەلپكارلىقى ھاياتلىقنىڭكىدىن خېلىلا يۇقىرى بولسا كېرەك. «ئىنسانلار مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىسىلا پەرۋەردىگار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ.» بۇ ھېكمەتلىك سۆز ئەڭ دەسلىپىدە ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋائانا ئۈچۈن ئېيتىلغان بولسا كېرەك. چۈنكى، ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگارنىڭ ھەممە نەرسىنى ئىنسانلارغا بېرىشى ناتايىن. ئەسلىي گېپىمىزگە كەلسەك، پەرۋەردىگار ئىنسانلارنى يوقسۇزلۇقتا قالدۇرمايدۇ، پەرۋەردىگار ئىنسانلارنى ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە قىلىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى چەكلىك قىلدى. ھالبۇكى، ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىمۇ ئۇنىڭغا بۇ خىل چەكلىكلىكنى ھېس قىلدۇردى.

ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ئادەمنى تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، ھايات چەكلىك بولغاچقا چوقۇم تاللاشقا توغرا كېلىدۇ، بىراق ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنياغا قانداق كەلگەنلىكىنى، پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى، مەڭگۈ ئادىل ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرى ئۈچۈن بۇ ئىشىكنى تاقىۋەتسە، يەنە بىر ئىشىكنى ئېچىپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قالماسلىقى كېرەك. شۇڭا، قايسى ئىشكىنى ئېچىش، قايسى ئىشكىنى يېپىش ئادەم ئۈچۈن بىر تۈرلۈك ئىلىم بولۇپ قالدى.

ئالدىدا بىز ھاياتقا دائىر سوئاللارغا جاۋاب بېرىشنىڭ، ئاقىۋەت مەسىلىلىرىنى سوراشنىڭ ئەڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. ئۇنداقتا، قانداق نەرسىنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ؟ مېنىڭچە ئادەم تەقدىرىنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ. خۇددى تاگور ئېيتقاندەك:«ئادەم پايدا ـ زىياننى ئۇنتۇش دەرىجىسىگە يەتكەندىلا ھاسىلاتقا ئېرىشكەن بولىدۇ».

بۇددىستلار ئادەم ھاياتىدا ئۈچ ئازاب بار دەپ قارايدۇ: بىرىنچى، ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىگىزگە ئېرىشەلمەيسىز، شۇڭا ئازابلىنىسىز؛ ئىككىنچى، نۇرغۇن بەدەل تۆلىسىڭىزمۇ ئېرىشكىنىڭىز تايىنلىق بولىدۇ، شۇڭا ئازابلىنىسىز؛ ئۈچىنچىسى شۇكى، ئاسانلا ۋاز كېچىسىز، كېيىن ئۇنىڭ ھاياتىڭىزدا شۇنچىلىك مۇھىملىقىنى ھېس قىلىسىز، شۇڭا ئازابلىنىسىز.

بىراق، تەڭرىنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نەرسىلىرى مەڭگۈ تەڭپۇڭ بولىدۇ. ئەگەر تارازىنىڭ بىر بېشىدا خۇشاللىق بولسا، ئۇنداقتا يەنە بىر بېشىدا قايغۇ ۋە نائىلاجلىق بولىدۇ؛ بىر بېشىدا مۇۋەپپەقىيەتنىڭ پەلەمپەيلىرى بولسا، يەنە بىر بېشىدا مەغلۇبىيەتنىڭ ئۇل تاشلىرى بولىدۇ. مۇشۇنداق ئويلىساق، تەڭرىنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىدە بىز بايقاشقا تېگىشلىك ئۆزگىچە تۇرمۇش تەسىراتلىرى بار؛ تەڭرى بىزگە مەجبۇرىي بەرگەن تاللاش يولىدا جەزمەن كۈتۈلمىگەن ھاسىلاتلار بىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ.

ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا تەڭ مىقداردىكى تارازا تېشىغا ئىگە بولىدۇ، ئۇلارنى ھاياتلىق تارازىسىغا قانداق قويۇش ئۆز ئىختىيارىڭىزغا باغلىق. ئەگەر سىز بىر تەرەپنى كۆتۈرۈشنى تاللىغان بولسىڭىز، مۇقەررەر ھالدا يەنە بىر تەرەپ چۆكىدۇ، ھاسىلاتقا ئېرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەلۇم نەرسىلەردىن مەھرۇم بولىسىز. بايلار ئىسىل ماشىنىنى ھەيدەپ، ئىسىل

تۇرالغۇلاردا تۇرۇپ، پۇلنى ساماندەك چېچىپ خەجلىسىمۇ، ئاددىي كىشىلەردەك ئەركىنلىك ھەم راھەتتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. ئاددىي پۇقرالار نامرات، ئەركىن بولىدۇ، ئەمما بايلاردەك راھەت ـ پاراغەتتە ئۆتۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. كۆرەشچىلەر نىشاننى توغرا تاللاپ، بوشاشماي كۆرەش قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەت يولىغا قايتا باققىنىدا، بۇ يولنىڭ جاپا ھەم رىيازەتكە تولغانلىقىنى بايقايدۇ؛ بەھرىمەن بولغۇچىلار ئۆتمۈشنى ئەسلىگىنىدە ھەربىر كۈنىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قالتىسلىقىنى ھېس قىلىدۇ، كەلگۈسىگە باققىنىدا ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدۇ... ھايات تارازىسى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەگەر بىر تەرەپنى كۆتۈرمەكچى بولسىڭىز، يەنە بىر تەرەپ چۆكىدۇ.

ھاياتقا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، ھەر بىر ئادەم ھامان تەڭ مىقداردىكى تارازا تېشىغا ئىگە بولىدۇ، ئوخشىمايدىغىنى پەقەت قەلب تەڭپۇڭلۇقىنى تېپىش ئۈچۈن ئۇنى قايسى تەرەپكە قويۇش.

قەدىمدىن بۇيان، پاك زاتلار قەلبىدىكى پاكلىقىنى ساقلاش، پەزىلىتى، ۋىجدانىنى بۇلغىماسلىق ئۈچۈن زوراۋانلارغا قوشۇلۇپ قالماسلىقنى تاللىغان. چۇ يۈەن ھەق يولدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان؛ تاۋ يۈەنمىڭ ئىنسان پەزىلىتىدىكى مۇستەقىللىقتىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن مەنسىپىدىن ئىستېپا بېرىپ تەركىدۇنيا بولۇپ، نام ـ ئاتاقنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان... مەنسەپ ئىستىقبالى بىلەن مەنىۋى ئىخلاستا ساقلانغۇسىز زور توقۇنۇش بولغاندا، ئۇلار نام ـ مەنپەئەتنى چۆكۈرۈپ، مەنىۋىيىتىنى ئۆرلىتىشنى تاللىغان. شۇڭا، كىشىلىك دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئىشى ھەر جايدا ئوڭغا تارتمىغان... بەلكىم ئاشۇ «ئەقىللىق كىشىلەر» ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئۆزىدىن قېيداش، ئۆزىنى بىئارام قىلىش بولسا كېرەك، بىراق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تاللىشىدىن مەڭگۈ ئۆكۈنمىگەن، چۈنكى ئۇلار تەشنا بولغىنىغا ئېرىشكەن، تۆلەشكە تېگىشلىك بەدەلنى تۆلىگەن، بۇ ئارقىلىق ھايات تارازىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى تاپقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يەنە بەزى كىشىلەر ھايات تارازىسىدىكى نۇرغۇن تارازا تېشىنى «نام ـ مەنپەئەت، ھوقۇق ـ مەرتىۋە» تەرەپكە قويىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئېقىمغا ئەگىشىپ، ئۆزلىرىنى خۇنۇكلەشتۈردى، مېھمانغا قاراپ غىزا تارتتى، چىرايغا قاراپ ئىش كۆردى، ئېھتىيات بىلەن يۇقىرىغا يامىشىپ يەنىمۇ يۇقىرى مەنسەپ تۇتۇشقا ئىنتىلدى. كىشىلەر ئۇلارنى پەزىلىتىنى يوقاتتى دېيىشمۇ، بىراق ئۇلار ئۆكۈنمىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىنتىلىشۋاتقىنى مەنسەپ تۇتۇپ، كېرىلىپ يۈرۈش ئىدى. ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىمۇ ھايات تارازىسى ئوخشاشلا تايىنىش نۇقتىسىنى تاپالىدى.

مۇۋەپپەقىيەتلىك ھايات مەرتىۋىلىك بولۇشتا ئەمەس، مەغلۇبىيەتلىك ھايات ئىجتىمائىي ئورۇننىڭ تۆۋەن بولۇشىدا ئەمەس. مەرتىۋىلىك بولۇش بىلەن ئىجتىمائىي ئورۇننىڭ تۆۋەن بولۇشى جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېيتىلغان. شەخس ئۆچۈن ئېيتقاندا، ھاياتىڭىز ئاخىرلىشىدىغان پەيتتە، ئۆتمۈشىڭىزدىن ئۆكۈنمىسىڭىز، ئۇنداقتا ھاياتىڭىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بولىدۇ، چۈنكى سىزنىڭ ھايات تارازىڭىز مۇۋازىنەتكە ئېرىشكەن.

## كۆڭۈلگە تەسەللى بېرىش ــ قەلب دەۋتىگە قۇلاق سېلىش

ئادەم كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان
شەكىلسىز قىممەتكە ئەڭ كۆڭۈل بولىدۇ، چۈنكى
ئۇ ئادەمنىڭ مەنىۋى ماكانى.

ــ «پالنامە»

تېلېس يۇناننىڭ ئەڭ دەسلەپكى پەلسەپە ئېقىمى (يائونا ئېقىمى) نىڭ ئاساسچىسى، شۇنداقلا قەدىمكى يۇناندىكى يازما خاتىرىلەر بارلىققا كەلگەندىن بۇيانقى تۇنجى پەيلاسوپ. تېلېس دەسلەپتە سودىگەرچىلىك قىلىپ بايىغان، مىسىر قاتارلىق جايلارغا بارغان، ئۇ جايلاردا ناھايىتى تېزلا ماتېماتىكا ۋە

ئاسترونومىيە بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن، كېيىن سىياسىي ۋە قورۇلۇش پائالىيەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان ھەمدە ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيەنى تەتقىق قىلغان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا پەلسەپىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىغان. ئۇ ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىدىيە ۋە پائالىيەت ساھەلىرىگە كىرگەن بولۇپ، ناھايىتى يۇقىرى ئىناۋەتكە ئېرىشكەن ھەمدە «يۇناندىكى يەتتە دانىشمەننىڭ بېشى» دەپ تەرىپلەنگەن. ئەمەلىيەتتە يەتتە دانىشمەن ئىچىدە يالغۇز تېلېسلا بىلىمى مول ئالىم بولۇپ، باشقىلىرى سىياسىيون ئىدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىر كۈنى مۇلاھىزە قىلىغاچ كېتىۋېتىپ، سۇ يىغىلىپ قالغان ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بىر دېدەك ئۇنى مەسخىرە قىلىپ: «قىزىق، ئەتراپىڭىزدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلمەيسىزۇ، ئەمما ھەمىشە ئاشۇ ئەسقاتمايدىغان ئىشلارنى ئويلايسىز» دەپتۇ. تېلېس بۇ سۆزگە دەرھال جاۋاب قايتۇرۇشقا ئىلاجسىز قاپتۇ. كېيىن ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاشۇ چاكىنا دېدەككە رەددىيە بېرىپتۇ. ئۇ كېچىسى ئاسمان ھادىسىلىرىنى كۆزىتىپ، كېلەركى يىلى زەيتۇندىن مول ھوسۇل ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن شۇ جايدىكى جۇۋازخانىلارنىڭ ھەممىسىنى ئىجارىگە ئېلىۋاپتۇ. دەرۋەقە ئۇنىڭ بىلىمى ئۇنى ئالدىماپتۇ، زەيتۇندىن مول ھوسۇل ئېلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تېلېس جۇۋازخانىلارنى يۇقىرى باھادا ئىجارىگە بېرىپ نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشىپتۇ. تېلېسنىڭ ھەرىكىتى شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، پەيلاسوپلارنىڭ بېيىشى ناھايىتى ئاسان، ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ نىيىتى بېيىشتا ئەمەس. خۇددى تېلېس ئېيتقاندەك: «باشقىلار تاماق يېيىش ئۈچۈن ياشايدۇ، مەن ياشاش ئۈچۈن تاماق يەيمەن.»

ئادەم تاماق يېمىسە ئۆلىدۇ، بۇ ھەقىقەت. بىراق، ئادەمنىڭ ياشىشى تاماق يېيىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بۇمۇ ھەقىقەت. نېچچىسى: ئادەم ماددىيەت بىلەن روھىيەت ئارىلىقىدا تىركىشىۋاتقان جىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئادەم ماددىدىن ئايرىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ گەۋدىسى بار، ئۇ ماددا ئارقىلىق ئورگانىزمنىڭ تۈرلۈك ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تاماق يەيدۇ، سۇ ئىچىدۇ، كىيىم كىيىدۇ، شۇنداقلا تەڭرى ئاتا قىلغان باشقا ئىقتىدارلىرىنى قانائەتلەندۈرىدۇ. بىراق، ئادەمدە بىر خىل روھ بولۇشى كېرەك، مانا مۇشۇ خىل روھ بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئادەممۇ ئادەم بولالايدۇ، دەيدۇ. كانت مۇنداق دەيدۇ: ئادەم تەپەككۇر قىلىدىغان ھايۋان. ئادەم ئەگەر چوشقىغا ئوخشاش ھەر كۈنى يېيىش، ئىچىش، ئۇخلاش بىلەنلا مەشغۇل بولسا قايغۇ - ھەسرەتتىن خالىي بولۇشى مۇمكىن، بىراق ئۇ چوشقىغا ئايلىنالمايدۇ، ھەتتا چوشقىغا ئايلىنىشنى ئويلىغانسېرى شۇنچىكى ئازابلىنىشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇنىڭدا بىر خىل روھ بار، بۇ روھ سىزگە ئۆزىڭىزنىڭ چۈشكۈنلىشىۋاتقانلىقىڭىزنى ھېس قىلدۇرىدۇ، چوشقا بۇنى ھېس قىلالمايدۇ، دېمەك ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، چۈشكۈنلىشىشمۇ ئىنتايىن جاپالىق ئىش.

ئىلگىرى مۇنداق بىر قىزىقارلىق ھېكايىنى ئوقۇغانىدىم: قىش كېلىشتىن ئىلگىرى ئۈچ تۇلۇمچاشقان كەچ كۈزدىكى ئېتىزلىقتا قىش ئۆتكۈزۈشنىڭ تەييارلىقىنى كۆرۈشكە باشلاپتۇ. بىرىنچى تۇلۇمچاشقان ھە دەپ ئاشلىق ئىزدەپ، تۈرلۈك دانلىقلارنى ئۇۋىسىغا يۆتكەپتۇ؛ ئىككىنچى تۇلۇمچاشقان سوغۇقتىن ساقلىنىدىغان نەرسىلەرنى ئىزدەپ، سامان، پاختا قاتارلىقلارنى ئۇۋىسىغا توشۇپتۇ؛ ئۈچىنچى تۇلۇمچاشقان بولسا ئېتىزدا لاغايلاپ يۈرۈپ بىردەم ئاسمانغا قارىسا، بىردەم يەرگە قاراپ، بىردەم ئېغىناپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ، ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھى ئالدىراش ئىشلىگەچ ئۇنى ئەيىبلەپ ھۇرۇن ئىكەنسەن، سوغۇقتىن ساقلىنىش، قىشتىن ئۆتۈش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرمىدىڭ، قىش كەلگەندە قانداق قىلىسەن؟ دەپ سوراپتۇ. بۇ تۇلۇمچاشقان ئۇلار بىلەن مۇنازىرە قىلماپتۇ. كېيىن دەرۋەقە قىش كەپتۇ. ئۈچ تۇلۇمچاشقان تارغىنا كامىرىدا قىشتىن

ئۆتۈۋاتقاندا ئۇزۇقتىن غەم قىلمايدىغانلىقىنى، سوغۇقتىن ساقلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭمۇ تەل ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ، ئۇلار كۈنبويى قىلىدىغان ئىش تاپالماي تازا زېرىكىشكە باشلاپتۇ. مانا مۇشۇ چاغدا ئۇچىنچى تولۇم چاشقان ھېلىقى ئىككى تۇلۇمچاشقانغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىشكە باشلاپتۇ. ئۇ كۈزنىڭ بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن قىر ئۈستىدە بىر بالىنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇ بالىنىڭ نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى؛ يەنە بىر كۈنى سەھەردە كۆل بويىدا بىر بوۋاينى كۆرگەنلىكىنى، بوۋاينىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى؛ ئۆزىنىڭ كىشىلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانلىقىنى، قۇشلارنىڭ قانداق قوشاقلارنى ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانلىقىنى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەينى چاغدا خاتىرىلىۋالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئىككى ھەمراھى شۇندىلا بۇ تۇلۇمچاشقاننىڭ ئۆزلىرى ئۇچۇن قىشتىن ئۆتىدىغان ئاپتاپنى تەييارلىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. دېمەك، قارىماققا ھېچقانچە ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى بولمىغان نەرسىلەر زۆرۈر چاغدا ئادەم كۆڭلىگە ئازغىنا تەسەللى بولىدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، مەنىۋى ئېھتىياج ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، شۇنچىكى مۇھىم! قارىماققا قانچىكى شەكىلسىز نەرسىلەر مەۋجۇتلۇقىمىزنى شۇنچىكى بەلگىلەيدۇ، بولۇپمۇ ماددىي ئېھتىياج قاندۇرۇلغاندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئادەم كۆرگىلى بولمايدىغان شەكىلسىز قىممەتلەرگە شۇنچىكى كۆڭۈل بۆلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ مەنىۋى ماكانى.

ھازىرقى زامان كىشىلىرى بۇ نۇقتىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك جېنىنىڭ بارىچە ماددىي مەنپەئەتكە ئىنتىلىدۇ، بىراق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەلبىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقى، قايغۇسىنى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىنىش، تۇرالغۇغا ئوخشاش ماددىي راھەت ـ پاراغەتكە باغلىغىنىدا ئۆزلىرىدىكى مۇلاھىزە ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىدۇ، ھەقىقىي خۇشاللىقنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چىقىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، نېمىگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ؛ ئۇلار ئېلىشىنىلا بىلىدۇ، ئەمما كىمدىن ئېلىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ كۆرمەيدۇ؛ ئۇلار ئاتالمىش «ئەخلاقنىڭ» كىشەنلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىدىكى ئىلاھىي خىسلەتنى تەدرىجىي يوقىتىدۇ؛ ئۇلار باشقىلاردىكى كۆلكىلىك ئىشلارنىلا كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ روھىيىتىدىكى ئىپلاسلىقلارنى ھېس قىلمايدۇ؛ ئۇلار كۆز ئالدىدىكى كىچىككىنە مەنپەئەتكە قادىلىۋېلىپ، بالىلاردەك جۇشقۇن مەنىۋىيىتىنى بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ؛ ئۇلار ئالدىدىكى كىچىككىنە پايدا ـ زىيانغىلا ئېتىبار بېرىپ، يىراقتىكى ساداغا قۇلاق سېلىشنى خالىمايدۇ... ئۇلار ھەمىشە ئۆزۈمنىڭ توغرا دەپ قارايدۇ، بىراق بۇ ماددىي مەنپەئەتلەر قانائەتلەنگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قەلبىدە پەيدا بولغان پۇچەكلىك دەرھال ئاشكارىلىنىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقان ئىككى تۇلۇمچاشقانغا ئوخشاش گەرچە قىشتىن ئۆتىدىغان بارلىق ماددىي نەرسىلەرنى تەييارلاپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن «مەنىۋى ئوزۇق» يوقلۇقنىڭ ئازابىنى تارتىدۇ. قېنى ئېيتىپ باقايلى، بۈگۈنكىدەك ماددىي جەھەتتىن يۈكسەك تەرەققىي قىلغان دەۋردە يەنە كىم قورسىقىنىڭ تويمىغانلىقى، ئۈچىسى ئىللىغىدەك كىيىنمىگەنلىكى ئۈچۈن قايغۇرۇپ يۈرىدۇ؟ ئەكسىچە، تەنھالىق، غېرىبلىق، مەيۈسلۈككە ئوخشاش روھىي ھالەتلەر بىزگە ھەر ۋاقىت ھۇجۇم قىلىدۇ، ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ماددا بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

مۇتەخەسسىسلەر ئاللىبۇرۇنلا مۇنداق كۆرسەتكەن: «بۈگۈن ئىنسانلار يۇقۇملۇق كېسەللىك دەۋرى، جىسمانىي كېسەللىك دەۋرىدىن مەنىۋى كېسەللىك دەۋرىگە كىردى». بىر ساغلام ئادەم، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزلۈكنى ھېس قىلالايدىغان بولۇشى، ئەمما ئۆزىنى مەركەز قىلمايدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك. كىشىلەر ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا تولغان شەھەر، ئالدىراشلىقتا ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇش، بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ

ئۆتۈۋاتقان جىددىيلىك ئىچىدە ئۆزلۈكىنى تەدرىجىي ئۇنتۇدى، تىمتاسلىققا تولغان تۇندىلا مەنىۋىيىتى سالقىن كېچە شامىلى بىلەن بىللە ئۆزىگە تەۋە بوشلۇققا كىرەلىدى. بۇنى ھېس قىلالىغان ئىكەنمىز، نېمە ئۈچۈن ھەرىكەتكە كەلمەيمىز؟ ئۆزىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى دائىم تازىلاپ تۇرايلى. كىشىلەر قەلبلەر مۇلاھىزىسى ئارقىلىقلا كەم دىدار بولۇپ كەتكەن ئۆزلۈكى بىلەن ئۇچرىشىشى مۇمكىن.

## ئىبلىس كۆڭۈلدىن چىقىدۇ ــ ئاچقىلى بولمايدىغان پاندورا قۇتىسى

«ئۇسكۇنە» بولغاندا «پۇرسەتپەرەسلىك» بارلىققا كېلىدۇ، «پۇرسەتپەرەسلىك» بولسا «ئادەمنىڭ زېھنى مەركەزلەشمەيدۇ».

ــ جۇاڭزى

ئادەمدىكى ئەڭ زور ھەسرەت نېمە؟

مېنىڭچە ئادەمدىكى ئەڭ زور ھەسرەت ئۆلمەس روھنىڭ ئېغىر تەننى سۆرەپ يۈرگەنلىكى. بۇددىستلار مۇنداق دەيدۇ: سەندە بىر تەن بار!

ئادەمدە مۇشۇ تەن بولمىسا بارلىق ھەۋەسلىرىنى توختىتىپ تاكامۇللىشىشقا يېقىنلىشىدۇ. بىراق، ئادەم ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە، پەرۋەردىگار ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋائانىنىڭ چەكلەنگەن مېۋىنى يېگەنلىكىنى جازالاپ ئۇلارنى ئەبەدىيلىككە ئېرىشتۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۇلارغا تەن ئاتا قىلدى. تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى شۇكى، پەرۋەردىگار تۈرلۈك ھەۋەسلەر ئارقىلىق ئادەمنىڭ جىسمىنى، يەنى تېنىنى ئازدۇرۇپ ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسىنى سىندى.

ئەگەر ئادەمدە ھەۋەس بولمىسا، ئۇنى ھېچقانداق نەرسە يېڭەلمەيدۇ. ئەپسۇسكى، ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا ھەۋەس بىلەن

تۇغۇلىدۇ، ئۇنىڭغا جان پەيدا بولۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىنتىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن چەكسىز قايغۇ ـ ئەلەمگە پاتىدۇ. ھەۋەس بەئەينى مەي باغلىغان مېۋىگە ئوخشاش نۇرغۇن كىشىلەرنى نەپسانىيەتچىلىككە ئۈندەيدۇ، ئاندىن ئۇلارنى چۆلگە تاشلاپ، مىسكىنلىككە مەھكۇم قىلىدۇ.

ھەۋەسنى سۈرگۈن قىلىش ئۈچۈن مۇقەررەر بەدەل تۆلەيمىز. ھالبۇكى، ئەقىللىق كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بارلىق كۆلپەتلەرنى تارتىشنىڭ ھاجىتى يوق، شۇنداقلا بارلىق ھەۋەسلەرنى مەيلىمىزچە كونترول قىلالىشىمىز ناتايىن. مەسىلەن، زەھەر چېكىشنى ئالساق، ئالدى بىلەن تېتىپ كۆرۈپ، ئاندىن ئىرادىمىز ئارقىلىق ئۇنى تاشلايمىز دېسەك بولمايدۇ. شۇڭا، پاندورا قۇتىسىنى ئاچمىساقمۇ بولىدىغان ئىش بولسا، ئەڭ ياخشىسى ئاچمايلى!

ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئاسمان ئىلاھى پىرومېتېي ئىنسانلارغا ئاسماندىن ئوتنى ئوغرىلاپ بېرىپتۇ، ئىنسانلار ئوتنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋاپتۇ، باش ئىلاھ زېۋس ئۇنىڭدىن ئىنتايىن غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ دۇنيانى ئاپەتكە پاتۇرماقچى بوپتۇ. ئۇ ئوغلى ــ ئوت ئىلاھى خېفېستقا لايدىن بىر چىرايلىق ئايال ياساشنى بۇيرۇپتۇ، ئۇنىڭغا «پاندورا» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ، بۇ ئىسىمنىڭ مەنىسى «بارلىق خۇسۇسىيەتلەر ئاتا قىلىنغان ئادەم» دېگەن مەنىدە ئىكەن. ھەر بىر ئىلاھ ئۇنىڭغا مەلۇم دەرىجىدە ئارتۇقچىلىق ئاتا قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپتۇ. ئافرودىت ئۇنىڭغا گۈزەللىكنى، خېرمېس سۆزمەنلىكنى، ئاپوللو مۇزىكا تالانتىنى سوۋغا قىپتۇ. زېۋس پاندوراغا پېچەتلەنگەن قۇتىنى بېرىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە بالايىئاپەت ۋە ۋابانى قاچىلاپ، بۇ قۇتىنى ئۆزى ياتلىق بولغان ئەرگە بېرىشنى تاپشۇرۇپتۇ، زېۋس بۇ ساھىبجامالنى ئىنسانلار دۇنياسىغا ئەكىلىپتۇ، ئىلاھلار ۋە ئادەملەر زېمىندا ئەركىن ـ ئازادە يۈرگەنىكەن، بۇ تەڭداشسىز ساھىبجامالنى كۆرۈپ

ئىنتايىن ھەيران بوپتۇ، چۈنكى ئىنسانلار ئارىسىدا بۇنداق ئايال يوق ئىكەن.

پاندورا دەرھال ئېپىمېتېينى تېپىپتۇ، ئۇ پېرومېتېينىڭ ئۇكىسى بولۇپ، سەمىمىي ئادەم ئىكەن. پېرومېتې زېۋسنىڭ ئىنسانلارغا يامان نىيەتتە ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىدىكەن، ئۇ ئۇكىسى ئېپىمېتېينى زېۋسنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇپتۇ، بىراق ئۇكىسى نەسىھەتنى ئاڭلىماي ساھىبجامال پاندورانى نىكاھىغا ئاپتۇ، پاندورا ئېپىمېتېينىڭ يېنىغا كېلىپلا تۇيۇقسىز قۇتا ئاغزىنى ئېچىپتۇ، ئېپىمېتې قۇتا ئىچىگە نېمە قاچىلانغانلىقىنى كۆرمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭدىن ئىنسانغا بالايىئاپەت يەتكۈزىدىغان قارا تۈتۈن ئوقچۇپ چىقىپ ئاسماننى قاپلاپتۇ. بۇ كېسەللىك، ساراڭلىق، ئاپەت، جىنايەت، ھەسەتخورلۇق، زىناخورلۇق، ئوغرىلىق، ئاچ كۆزلۈككە ئوخشاش تۈرلۈك بالالار ئىكەن، بۇ بالالار تېزدىن ئادەملەر ئارىسىغا تارىلىپتۇ. ھالبۇكى، ئەقىل ـ پاراسەت ئىلاھى ئافىنا ئىنسانلارنى بۇنداق تەقدىردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قۇتا ئاستىغا ئاستاغىنا سېلىپ قويغان «ئۈمىد» تېخى قۇتا ئىچىدىن ئۇچۇپ چىقىشقا ئۈلگۈرمەيلا مەككار پاندورا قۇتا ئاغزىنى ئېتىۋاپتۇ.

قۇتا ئىچىدىن ئۇچۇپ چىققان بارلىق بالالار ئىنسانلار ئارىسىغا تارىلىپتۇ، تەلىيىمىزگە ئۈمىد قولىمىزدا قاپتۇ، شۇڭا بىز مۇشۇنداق بەختسىز ھاياتقا چىدىيالايدىغان بوپتىمىز. ئۇنداقتا، ئىنسانلارنىڭ ئۈمىدى نەدە؟ بۇ ئۈمىد ئادەمنىڭ ئىرادىسى دېمەكتۇر. ئادەمنىڭ بارلىق ھەۋەسلەرگە تاقابىل تۇرىدىغان بىردىنبىر ئەڭگۈشتەرى ئىرادە بولسا كېرەك. كۈچلۈك ئىرادىگە ئەقلىي ھۆكۈم قىلىش كۈچى قوشۇلغاندىلا ھەۋەس دەرۋازىسىنى چىڭ تاقىغىلى بولىدۇ.

جۇاڭزى پەيلاسوپلارچە كۆزىتىش ئارقىلىق نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىلا ھەۋەس دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھېس قىلىپ يەتكەن.

زىگۇلۇڭ خەنىيگدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا بىر بوۋاينىڭ كوزا بىلەن قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ، زىرائەتلەرنى سۇغىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، زىگۇلۇڭ بۇنداق بولسا ئۈنۈمىنىڭ بەك تۆۋەن بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بوۋايغا «چىغرىق» دەيدىغان بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى، سۇغىرىش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى، بىر كۈندە نۇرغۇن يەرنى سۇغارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، بوۋاي بۇنىڭدىن ھەيران قالماپتۇ، ئۇ مۇنداق دەپتۇ: «مەن بۇنداق ئۈسكۈنىنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن، ئەمما ئۇنى ئىشلىتىشتىن نومۇس قىلىمەن. چۈنكى، بۇنداق ‹ئۈسكۈنە› بولغاندا ‹پۇرسەتپەرەسلىك› بارلىققا كېلىدۇ، ‹پۇرسەتپەرەسلىك› بولسا ئادەم زېھنى مەركەزلەشمەيدۇ.»

ھەۋەسنىڭ قوزغىلىشى بەئەينى پاندورا قۇتىسىنىڭ ئېچىلىشىغا ئوخشايدۇ، ئۇنى تۇتۇپ قالغىلى بولمايدۇ، يۇقىرىدىكى ھېكايىدە بوۋاينىڭ «ئۈسكۈنە»نى ئىشلەتمەسلىكى، مۇشۇنى ئىشلىتىش تۈپەيلىدىن پۇرسەتپەرەسلىكنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر، ھالبۇكى، پۇرسەتپەرەسلىكتىن پەيدا بولغان ھەۋەسنى يىغىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

كىشىلەر ئادەمنىڭ ئۆزى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئەڭ قىيىن دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئادەمنىڭ ھەۋەس ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئەڭ قىيىن. ھەممىلا ئادەم ھەۋەسنىڭ ئازدۇرۇشىدىن قەتئىي ئىرادە ۋە ئىخلاسقا تايىنىپ غەلىبە قىلغان ئەمەس، شۇڭا ھەۋەس بىلەن ئېيتىشماي، ئۇنىڭدىن قانچە يىراق تۇرساق شۇنچە ياخشى، ھەۋەسنى قويۇپ بېرىشكە بولمايدۇ، ئۇنى قويۇپ بەرسەك يىغىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

مۇنداق بىر ھېكايە بار: مەلۇم بىر چوڭ شىركەت يۇقىرى مائاش بېرىپ بىر شوپۇر ياللىماقچى بوپتۇ، قاتلامىمۇقاتلام تاللاش ۋە ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق تېخنىكىسى ئەڭ ياخشى ئۈچلا رىقابەتچى قاپتۇ. ئىمتىھان ئالغۇچى ئۇلاردىن:

— قىيادا بىر پارچە ئالتۇن بار، سىلەر ماشىنىنى ھەيدەپ ئۇنى ئالغىلى بارىسىلەر، قىيادىن قانچىلىك يىراقلىقتا تۇرساڭلار ئۇنىڭغا چۈشۈپ كەتمەيسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىككى مېتىر، — دەپتۇ بىرىنچىسى.

— يېرىم مېتىر، — دەپتۇ ئىككىنچىسى ئۆزىگە ئىشەنچ قىلغان ھالدا.

— مەن قىيادىن ئىمكانقەدەر يىراق تۇرىمەن، قانچە يىراق بولسام شۇنچە ياخشى، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى. نەتىجىدە شىركەت ئۈچىنچى ئادەمنى قوبۇل قىپتۇ.

دۇرۇس، ھەممىنى قوبۇل قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، ئۆزىڭىزنىڭ قۇربى يەتمىگەن ئىشلاردا مۇستەھكەم ئىرادە ۋە نىيىتىڭىزنى ئىپادىلىشىڭىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئالدىمىزدا ئوت بولسا، ئەجەبا ئۇنىڭغا كىرىپ پۈتۈن بەدىنىمىزنى كۆيدۈرۈپ چىقساق ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلىيالامدۇق؟

## ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش — مەيلىگە قويۇۋېتىشنى ئەركىنلىك دەپ بىلمەسلىك لازىم

قانچىكى ئەركىن جايدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش
شۇنچىكى قىممەتلىك؛ بولمىسا ئەركىنلىك
ئادەمنىڭ قاتىلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.
— ئېسىيا بېرلىن

«ئۆزىگە چەك قويالمايدىغان ئادەمنى ئەركىن ئادەم دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ.» بۇ يۇنانلىق مەشھۇر پەيلاسوپ پىفاگورنىڭ ھېكمەتلىك سۆزى. پىفاگور ئۇلۇغ پەيلاسوپ بولۇپلا قالماستىن، يەنە مەشھۇر ماتېماتىك ئىدى، ئۇ ئاساس سالغان «پىفاگور ئىلمىي ئېقىمى» مەخسۇس ماتېماتىكا تەتقىق قىلىدىغان ئىلمىي ئېقىم ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: سان دۇنيانىڭ ماھىيىتى. ئادەمدىكى

www.uyghurkitap.com

بارلىق مۇناسىۋەتلەرنى سانلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ، ھالبۇكى بۇ سانلار گارمونىيەلىك بولىدۇ، دۇنيادىكى مەۋجۇداتلارنىڭ گارمونىيەلىكى ياراتقۇچىنىڭ كارامەتلىكلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا، ماتېماتىكىنى تەتقىق قىلىپ، شەيئىلەر ئارىسىدىكى ماتېماتىكىلىق مۇناسىۋەت ئۈستىدە ئىزدەنگەندىلا، ئىلاھقا تەدرىجىي يېقىنلاشقىلى بولىدۇ. ئۆزىنىڭ چەكلىك ھاياتىنى ياراتقۇچى ئىلاھنىڭ چەكسىزلىكى بىلەن باغلىغىلى بولىدۇ. شۇڭا، پىفاگور ئىلمىي ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ماتېماتىكىنى تەتقىق قىلىشى ئۇنى ئەمەلىي قوللىنىشنى مەقسەت قىلمايدۇ، بەلكى گارمونىيەلىكنى بايقاپ، ئىلاھقا يېقىنلىشىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، گوگۇ تېئورېمىسى غەربتە «پىفاگور» تېئورېمىسى دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى بۇ تېئورېمىنى پىفاگور بايقىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەينى چاغدا پىفاگور بۇ تېئورېمىنى بايقىغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن «100 كالىلىق نەزىر» ئۆتكۈزۈپ، ئەينى چاغدا قىلچە ئەھمىيىتى بولمىغان مۇشۇ تېئورېمىنى 100 كالىنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق تەبرىكلىگەن. بۇنىڭ سەۋەبى بىرلا، ئۇلار بۇ تېئورېمىنى بايقاش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھقا تېخىمۇ يېقىنلاشقانلىقىغا ئىشەنگەن.

بۇلارنى بىلىۋالساق، پىفاگور ئىلمىي ئېقىمىدىكىلەرنىڭ يەنە دىنىي تەشكىلات ئىكەنلىكىدىن ھەيران قالمايمىز. پىفاگور ئىلمىي ئېقىمىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قائىدىلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يېڭى ئوقۇشقا كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مەخپىيەتلىكنى قەتئىي ساقلايدىغانلىقى ھەمدە ئۆمۈرۋايەت مۇشۇ بىرلا ئىلمىي ئېقىمغا قاتنىشىدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم بېرىدىكەن، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ بىلىمنى ئىلمىي ئېقىم سىرتىغا تارقىتىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىكەن، بولمىسا قاتتىق جازاغا ئۇچرايدىكەن. پىفاگور

ئىلمىي ئىقىمىدا يەنە نۇرغۇن پەرھىزلەر بار ئىكەن. مەسىلەن، پۇرچاقنى يېيىشكە ھەرگىز بولمايدىكەن، يەرگە چۈشكەن نەرسىلەرنى ئېلىشقا بولمايدىكەن، ئاق خورازنى سىلاشقا بولمايدىكەن، بولكىنى ئۇۋاشقا بولمايدىكەن... كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پىفاگور ئىلمىي ئىقىمىدىكىلەر ماتېماتىكا سىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، قەلبىنىڭ ھۆرلۈكىگە ئىنتىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، تۇرمۇشتا ئۆزلىرىگە ھەرقايسى تەرەپلەردىن چەك قويغان. خۇددى باشتا ئېيتىلغان ھېكمەتلىك سۆزدىكىدەك: «ئۆزىگە چەك قويالمايدىغان ئادەمنى ئەركىن ئادەم دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ». تەندىكى ھەۋەس چەكلىمىگە ئۇچرىغاندىلا، قەلب تېخىمۇ زور ئەركىنلىككە ئىنتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كىشىلەر پىفاگورنى تۇتۇش ئۈچۈن قوغلىغاندا، ئۇ ئۆلۈشكە رازى بولغانكى، پۇرچاقنى دەسسىمىگەن. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئىخلاسىنىڭ قانچىلىك مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ!

دۇرۇس، مەلۇم چەك بولغاندىلا ھەقىقىي ھۆرلۈك بولىدۇ. پىفاگورنىڭ ماتېماتىكا ماھىيىتى ئۈستىدىكى ئاڭلىق ئىنتىلىشى بىلەن ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى چەكلىمىسى روشەن سېلىشتۇرما بولغان، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئەركىنلىك توغرىسىدا چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىراق، ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئەركىنلىكنى كۆپ ھاللاردا تاشقى ئاسارەتنىڭ تۈگىتىلىشى دەپ قارايدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە بىر خىل خاتا چۈشەنچە. چۈنكى، ئەركىنلىك يۈگەنسىزلىكتىن ئەمەس، بەلكى قەلبتىن چىقىدۇ. ئەگەر ئەركىنلىكنى ئۆز مەيلىچە ئىش كۆرۈش دەپ قارىساق، ئەركىنلىكنىڭ ئەسلىي مەنىسىگە خىلاپ بولىدۇ. ئەجەبا كۆرمىدىڭىزمۇ؟ بىز ھەر كۈنى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىك توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايمىز. ئەمەلىيەتتە كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ خىل ئەركىنلىك ھەۋەسنى مەيلىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قويۇۋېتىش بولۇپ، تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ بىر خىل خۇسۇسىيىتىدىنلا ئىبارەت، ئۇنىڭدا ھېچقانداق قىممەتلىك نەرسە يوق. بىر ئادەم ھەرقانچە ئۇلۇغ، ھەرقانچە قۇدرەتلىك بولسىمۇ، بىلمەستىن ئەركىن بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئادەم بەزى ئىشلارنى قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا بەزى ئىشلارنى قىلالمايدۇ، بىلىق ئىختىيارىي يۇرۇپ خالىغىنىنى قىلىدۇ. ئازراق مۇلاھىزە يۈرگۈزسىڭىزلا شۇنى بايقايسىزكى، ئادەم ئەركىنلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغانلىقى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتساق، تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋان بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكى ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ئۆزى چەك قويالايدىغانلىقى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالايدۇ. كېپىنەك ھەسەل ھەرىسىدىن خېلىلا ئەركىن، بىراق ھەسەل ھەرىسى كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە تېخىمۇ سازاۋەر، چۈنكى ھەسەل ھەرىسى بۇ توپىنىڭ تەرتىپىگە ئۇيغۇن بەلگىلىك قانۇنىيەتنىڭ چەكلىمىسىدە بولىدۇ.

دۇنياغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئەركىنلىك ۋە چەكلەش ئىچىدە چەكلەش كۆپ ھاللاردا ئادەم تەبىئىتىدىكى پارلاق نۇرلارنى تېخىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئەلۋەتتە، باشقا شەيئىلەرگە مۇئامىلە قىلغانغا ئوخشاش ئابستراكت ئۇقۇم ئىچىدىن ئەڭ ئاخىرقى يەكۈننى چىقىرالىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بۇ ئىككىسىگە نىسبەتەن ئالىيجاناب تاللاشتا بولساق، ئۆزىمىزنى خۇش تۇتىمىز، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزەلەيمىز؛ ئەكسىچە بولسا جەمئىيەتنى بۇزىمىز. ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغىنى شۇكى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشلا ئالىي دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇنداقلا تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلارنى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. رىۋايەتلەردە تەڭرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلمىغان پەرىشتىلەردىن تارتىپ جاپالىق ئەمگەك قىلىدىغان

ھاشاراتلارغىچە؛ ئۆزئارا تەگپۈگلۈقنى ساقلايدىغان يۇلتۇزلاردىن تارتىپ يەرنىڭ تارتىش كۈچى تارتىپ تۇرىدىغان بىر دانە توزانغىچە ھەممىسى ھاياتلىققا ئىگە ئىكەن. بارلىق ماددىلارنىڭ كۈچى ۋە شان - شەرىپى ئەركىنلىكتە ئەمەس، بەلكى بويسۇنۇشتا ئەكس ئېتىدۇ. شامالدا تۆكۈلگەن يوپۇرماقتا سېلىشتۇرساق، قۇياشتا ئەركىنلىك نېمىش قىلسۇن؟ ماددىدىن تۈزۈلگەن ئادەممۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ئادەمنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشكەن كۈنى ئۇنىڭ يوقىلىش پەيتى بولۇشى مۇمكىن.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئامېرىكا قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان ئەركىن جەمئىيەت، ئۇ شەخسلەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەركىنلىك شەخسنىڭ ھوقۇقىنى يۇرگۈزىدىغان ئەركىنلىك. قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش — باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزمەيدىغان قانۇنچىلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئويۇننىڭ نەتىجىسى چەك قويۇش، شۇنداقلا ئادەم تەبىئىتىنىڭ قانۇنىيەتلىك قويۇۋېتىلىشىدۇر. قىمارنى ئالساق، ئادەم تەبىئىتىدە قىمار ئويناش ھەۋىسى بولىدۇ، ئەمما ھەربىر ئادەمنىڭ قىمارغا بېرىلىش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. قىمار سورۇنىدا قىمار ھەۋىسىگىز جانلىنىپ كەتسە ئۆزىڭىزنىڭ ئادەم تەبىئىتىدىكى تەگقىسلىق — ئاچ كۆزلۈك بىلەن ۋەھىمە ئىچىگە، يەنى يېڭىمەن دەيدىغان ئاچ كۆزلۈك، ئۇتتۇرغاندىكى ۋەھىمىگە پېتىپ قالغانلىقىڭىزنى بايقايسىز. ئەمەلىيەتتە، تەلەي ۋە ھىيلە - مىكىر ئارقىلىق قىمار مەيداندا جەزمەن يېڭىشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدىغانلىقى ئېنىق تۇرۇقلۇق كىشىلەر يەنە نېمە ئۈچۈن قىمار ئوينايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېمە ئۈچۈن كۈچلۈكلەر ئۇتۇۋېرىدۇ؟ ئالدىدىكىسى تەلەي سىناش پىسخىكىسىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ، بۇ ئادەمنىڭ تەبىئىتى؛ كېيىنكىسى ئەقىل - پاراسەت ۋە چەكلەشنىڭ غەلىبىسى بولۇپ، ئۇ قىمار سورۇنىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن

ئاجىز ئادەملەرنى يېڭىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئۇلار ئۆزىدىكى ئاچ كۆزلۈك ۋە ۋەھىمە ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. قىمار تاۋاكاسىدا كۈچلۈكلەر ئاز، ئاجىزلار كۆپ بولغاچقا، بۇ سورۇن قىزىيدۇ. ئەمەلىيەتتە، قىمارۋازلارنىڭ نەزىرىدە ھەممىلا جاي، ھەممىلا ئىشتا قىمار ئوينىغىلى بولىدۇ، ھاياتنىڭ ھەممىلا يېرىدە قىمار سورۇنى بار، تەڭرى ئاشۇ قىمار سورۇنىنى ئاچقۇچى، تەڭرى جەزمەن يېڭىدۇ.

دانىشمەنلەرمۇ خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ، ھەتتا خاتالىقنى بىلىپ تۇرۇپ سادىر قىلىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، دانىشمەنلەر يىراقلاپ كەتمەيدۇ، ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىش ۋە چەكلەش ئارقىلىق يېڭىدىكىلەر ھېس قىلمىغان ئەھۋالدا توغرا يولغا قايتىپ كېلىدۇ.

ئىلگىرى بىر دوستۇم ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئىنتايىن پۇشايمان قىلغان. ئۇ قىمارغا ئامراق ئىدى، تىجارەت ئارقىلىق تاپقان پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇتتۇرۇۋەتتى، شۇڭا ئەمدى تۈگەشتىم، دەپ كۈنبويى سولغۇنلۇق ئىچىدە ياشىدى. ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى شۇنچە كۆپ پۇل تاپقانىدىم! ھەر ئىشلارنى قىلالايتتىم، قىمارخۇمارلىقىمنىڭ كاساپىتىدىن ھەممىنى ئۇتتۇرۇپ بولدۇم، ئەمدى ئۆلۈپلا تۈگەشسەم دەيمەن.»

مەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلماق بولۇپ، ئالدى بىلەن مۇنداق دېدىم:

— بۈگۈنمۇ يەنە شۇنچىلىك كۆپ پۇلۇڭ بار بولسا، يەنە قىمار ئوينامسەن، يوق؟

— ئوينايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— پۇشايمان قىلىشىڭنىڭ لازىمى يوق، چۈنكى سەن ئەسلا باي بولغان ئەمەس، بەئەينى ھازىرقىدەك يوقسۇزسەن، شۇنداق بولغانىكەن نېمە ئۈچۈن ئازابلىنىسەن، ئۆكۈنىسەن؟ — دېدىم ئۇنىڭغا. ئۇ گېپىمنى چۈشىنەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى.

— سەن پۇلۇڭ بولسىلا قىمار ئويناپ باشقا ئىش قىلمىساڭ، ئۇنداقتا ھەرقانچە پۇلۇڭ بولغىنى بىلەن ھەممىسىلا قىمار تاۋكاسىغا تەۋە، شۇڭا نېمىگە ئاساسەن پۇلۇم بار دېيەلەيسەن؟ — دېدىم. ئۇ ئۇندىمىدى. كېيىن ئۇنىڭغا رىتىملىق تۇرمۇش كەچۈرۈش، ھەۋەسنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالماسلىق كېرەكلىكى، شۇنداق بولغاندىلا ھەقىقىي ئەركىنلىك ۋە خۇشاللىققا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا نەسىھەت قىلدىم. ئاخىرىدا: «قىمارنى ئالساق، ئۆزۈڭگە بۇنىڭدىن كېيىن قىمار ئوينىماسلىق توغرىسىدا دو تىكىپ باققىن، ئەنە شۇندىلا قانچىلىك پۇل تاپساڭ، شۇنچىلىك پۇل ئۆزۈڭنىڭ بولىدۇ. ئېسىڭدە بولسۇن، قىمارغا باغلىنىپ قالماي رىتىملىق تۇرمۇش كەچۈرگەندىلا ھەقىقىي شادلىق ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشكىلى بولىدۇ» دېدىم.

بۇ ۋەقە رىتىملىق تۇرمۇشتىن شادلىق ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. جەمئىيەت نۇرغۇن ئازدۇرۇشلارغا، يەنى پۇل، سەتەڭلەر، ھوقۇق... نىڭ ئازدۇرۇشىغا تولغان بولىدۇ. بىز مۇشۇ ئازدۇرۇشلارغا بەرداشلىق بېرىپ، رىتىملىق تۇرمۇش كەچۈرسەكلا شادلىق ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشەلەيمىز. ھەرقانداق ئازدۇرۇشقا پېتىپ قالساق، بۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىر بەدەل تۆلەيمىز.

مەسىلەن، بەزى كىشىلەر پۇلنىڭ كەينىگە كىرىپ پۇل ھەممىگە قادىر دەپ قارايدۇ. لېكىن، پۇلنى تېپىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، تىرىكچىلىكتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئىشىڭىزنى بىر چەتكە قويۇپ تۇرۇپ، ئائىلىڭىزدىكىلەرگە تېلېفون قىلىڭ، دوستلىرىڭىز بىلەن ئۇچرىشىڭ ياكى ساياھەت قىلىڭ، پۇل تېپىشقىمۇ چەك قويۇڭ، مۇشۇنداق بولغاندا تۇرمۇش مەنىلىك بولىدۇ ۋە ئازادىلىشىدۇ.

يەنىلا لىبېرالىزم توغرىسىدا چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

بارغان پەيلاسوپ ئېسىيا بېرلىن ياخشى ئېيتقان: «قانچىكى ئەركىن جايدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش شۇنچىكى قىممەتلىك؛ بولمىسا ئەركىنلىك ئادەمنىڭ قاتىلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.»

## قىلدىن قىيىق كەتكەن خاتالىق ــ ياخشىلىق ۋە يامانلىق قەلبتە تەڭ مەۋجۇت بولىدۇ

ئوي ھاسىل بولغانىكەن ئەمەلدە كۆرۈلىدۇ،
قەلبتە ياخشىلىق بولمىسىلا يامانلىق ئەمەلدە
كۆرۈلىدۇ.

ــ ۋاڭ ياڭمىڭ

قەدىمدىن بۇيان قارا بىلەن ئاق بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمىدى، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق بىر ـ بىرىگە ھەمراھ بولدى. ئوخشاشلا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقمۇ قوشكېزەككە ئوخشاش بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا ھەرۋاقىت بىر ـ بىرىگە ئايلىنىدۇ.

ياخشىلىق بىلەن يامانلىق تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالامدۇ؟ ئويلاپ كۆرەيلى، ئەگەر يامانلىق مەۋجۇت بولمىسا نېمىنىڭ ياخشىلىق ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىمىز؟ يامانلىقنىڭ گەۋدىلەندۈرۈشى بولمىسا ياخشىلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنداق روشەن بولمايدۇ. «ئادەم تەبىئىتى ياخشى بولىدۇ» دەيدىغان گەپ بار، بىراق مەن «ئادەم تەبىئىتىدە يامانلىقنىڭ مەۋجۇت بولىدۇ»غانلىقىغىمۇ ئىشىنىمەن. ئەمەلىيەتتە يامانلىق بىلەن ياخشىلىق بۇ دۇنياغا بىللە كەلگەن بولۇپ، قەلبىمىزدە ياخشىلىقنىڭ ئۇرۇقى بولۇش بىلەن بىرۋاقىتتا يامانلىقمۇ بولغان بولىدۇ. كېيىن قايسىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغانلىقىغا كەلسەك، قايسىسىنىڭ ئاشۇ بىغۇبار قەلب بىلەن بالدۇر ئۇچرىشىدىغانلىقىغا، قايسىسىنىڭ بۇ «ئاق قەغەز» (ئەنگلىيەلىك پەيلاسوپ لوكنىڭ تەلىماتى، ئادەم قەلبى بىر پارچە ئاق قەغەزگە

ئوخشايدۇ) گە كۆپرەك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا باغلىق. ھەرقانداق ئادەم ئۆمۈربويى يامان ئىش قىلغان بولسىمۇ، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئۆزىمۇ ھېس قىلمىغان جايىنىڭ بارلىقىغا، ئاشۇ جايدا ياخشىلىقنىڭ مايسىلىرى ساقلانغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئوخشاشلا ياخشى ئادەملەرنىڭ مەڭگۈ ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى بىر جايىدىمۇ جەزمەن يامانلىقنىڭ گېنلىرى يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن، مەلۇم تاشقى ئامىلغا دۇچ كەلگەندە، بۇ خىل گېن ئەسەبىيلەرچە يامرىشى ۋە ئەۋج ئېلىشى مۇمكىن.

دۇنيادا مۇتلەق ئاق ـ قارىلىق پەرقى بولمايدۇ، بىزنىڭ دائىم كۆرۈۋاتقىنىمىز ئاق بىلەن قارا قوشۇلۇپ كەتكەن كۈل رەڭ بەلباغدۇر. ھالبۇكى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىمۇ ئوخشاشلا مۇتلەق پاسىل بولمايدۇ. كۆپ ھاللاردا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئىككى تەرىپى بولىدۇ، ئىشلارغا شەخسنىڭ ياقتۇرۇشى بويىچە خالىغانچە ھۆكۈم چىقىرىشقا بولمايدۇ. ئوخشاش بولمىغان نۇقتا، ئوخشاش بولمىغان قاراش بويىچە قارىغاندا گاھىدا ھۆكۈم دەل دەسلەپكىنىڭ ئەكسىچە بولۇشى مۇمكىن.

ئەمىنىيە دەۋرىدە ۋۇ بەگلىكى بىلەن يۆ بەگلىكى ئارىسىدا ئۇرۇش تىنچىماپتۇ. بىر كۈنى بۇ ئىككى بەگلىكنىڭ پاسىلى قوشۇلغان جايدىكى كېمىگە ئىككى بەگلىكتىن ئون نەچچە ئادەم چۈشۈپتۇ، ئىككى بەگلىكتىكىلەر بىر ـ بىرىگە پەرۋا قىلىشماپتۇ، كەيپىيات ئىنتايىن بۇرۇقتۇرما ئىكەن.

كېمە شىمالىي قىرغاقتىن ئايرىلغاندىن كېيىن جەنۇبىي قىرغاقتا قاراپ ئۈزۈپتۇ، دەريانىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ بوران چىقىشقا باشلاپتۇ. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ چېلەكلەپ يامغۇر قۇيۇلۇپتۇ، دەھشەتلىك دولقۇن ئارقا ـ ئارقىدىن كېمىگە

ئۆرۈلۈپتۇ. ئىككى بەگلىكتىكىلەرنىڭ بالىلىرى چىرقىراپ يىغلاشقا باشلاپتۇ، يۈ بەگلىكىدىن كەلگەن بىر موماي سەنتۈرۈلۈپ كېمە بۆلمىچىسىگە يىقىلىپتۇ. كېمىچى كۆچەپ پالاقنى باشقۇرغاچ كۆپچىلىكنى دەرھال بۆلمىگە كىرىۋېلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئىككى ياش كېمىچى دەرھال ماچتىغا ئېسىلىپ ئارغامچىنى يېشىپ يەلكەننى چۈشۈرمەكچى بوپتۇ، بىراق كېمە بوران ھەم دولقۇن ئىچىدە كۆچلۈك سىلكىنىۋاتقان بولغاچقا، ئۇلار ئارغامچىنى يېشەلمەپتۇ. ئەگەر دەرھال ئارغامچىنى يېشىپ يەلكەننى چۈشۈرۈۋەتمىسە كېمىنىڭ ئۆرۈلۈش خەۋپى بار ئىكەن. مانا مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، مەيلى ۋۇ بەگلىكىدىكى ياشلار بولسۇن ياكى يۈ بەگلىكىدىكى ياشلار بولسۇن، بەس ـ بەستە ماچتىغا ئۆزىنى ئېتىپ ئارغامچىنى يېشىشكە باشلاپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئوڭ قول بىلەن سول قولغا ئوخشاش ناھايىتى ئوبدان ماسلىشىپتۇ. يەلكەن بىردەمدىلا چۈشۈرۈلۈپتۇ، سىلكىنىۋاتقان كېمە ئاخىرى مۇقىملىشىپتۇ. كېمىچى بوران ھەم يامغۇردا خەتەرنى تەڭ باشتىن كەچۈرگەن كىشىلەرگە قاراپ ئۆكۈنگەن ھالدا: «ۋۇ بەگلىكى بىلەن يۈ بەگلىكى ئەبەدىي ئىناق ئۆتكەن بولسا قانچە ياخشى بولاتتى ـ ھە !» دەپتۇ.

بىراق، ھېكايىدىكى كېمىچىنىڭ سۆزى نىھايەت بىر گۈزەل ئارزۇ، چۈنكى بۇ كېمىدىكىلەر قىرغاققا چىققاندىن كېيىن، ۋۇ بەگلىكىدىكىلەر بىلەن يۈ بەگلىكىدىكىلەر يەنىلا ئۆز بەگلىكىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قوللىرىغا قىلىچ ـ نەيزە ئېلىپ جەڭ مەيدانىغا كىرىدۇ. بۇ ھېكايىدىكى ئىككى تەرەپ كىشىلىرىنىڭ نەزىرىدە كىم ياخشى، كىم يامان؟ بۇ ئېنىق ئەمەس.

شۇڭا، تۇغما ياخشى ئادەم يوق، شۇنداقلا تۇغما ئەسكى ئادەممۇ يوق، دېيىشكە بولىدۇ. ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەمنىڭ پەرقى ھەقىقەتەنمۇ بەك مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىلدى، ياخشىلىق بىلەن

يامانلىق كىچىككىنە ئوي ئارىلىقىدا تۇرىدۇ. ياخشى نىيەت ياكى يامان ئوينىڭ بولۇشى پۈتۈنلەي شۇ چاغدىكى مۇھىتقا باغلىق.

بىر ياساۋۇل قېرى راھىبتىن جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ پەرقىنى سوراپتۇ.

— ئۆزۈڭ بىر تومپاي ئادەمسەن، سەن بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ۋاقتىم يوق، — دەپتۇ راھىب مەنسىتمەستىن.

— يولسىز ئوغرى، سېنى بىر قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام ! — دەپتۇ ياساۋۇل دەرغەزەپ بولۇپ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ.

— مانا بۇ دوزاخ، — دەپتۇ راھىب ئالدىرىماي.

ياساۋۇل دەرھال ھوشىنى تېپىپ، قىلىچىنى سىپايىلىك بىلەن قىنىغا سېلىپ، راھىبنىڭ تەلىمىگە تەزىم بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ.

— مانا بۇ جەننەت، — دەپتۇ راھىب.

شۇڭا، دۇنيادا ياخشى ھەرىكەت بار، ياخشى ئادەم يوق؛ ئوخشاشلا دۇنيادا يامانلىق قىلمىشلىرى بار، يامان ئادەم يوق. بۇ نۇقتىنى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى پەيلاسوپ ۋاڭ ياڭمىڭ ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئادەمنىڭ تەبىئىتىدە ياخشىلىق ۋە يامانلىق بولمايدۇ، ياخشى - يامان ئىشنىڭ سادىر بولۇشى پۈتۈنلەي ئوينىڭ نەتىجىسىگە باغلىق. مانا مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ۋاڭ ياڭمىڭ ئۆزىنىڭ مەشھۇر «بىلىش بىلەن قىلىشنىڭ بىرلىكى» ھۆكمىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. «ئوي ھاسىل بولغانىكەن ئەمەلدە كۆرۈلىدۇ، ئويدا ياخشىلىق بولمىسىلا يامانلىق ئەمەلدە كۆرۈلىدۇ.» مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ۋاڭ ياڭمىڭنىڭ ھۆكمىنى دانا ھۆكۈم دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزگىچە شەكىل ئارقىلىق پەلسەپە تارىخىدىكى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا دائىر مۇنازىرىنى پەسەيتتى. ئۇ «ياخشىلىق»نى «ئادەمنىڭ تەبىئىتى ياخشى بولىدۇ»، «يامانلىق»نى «ئادەمنىڭ تەبىئىتى يامان بولىدۇ»

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

دېگەن ھۆكۈم بىلەن ئايرىدى، ئۇنىڭ قارىشىچە ئادەم ھەرىكىتىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى تامامەن شۇ ئادەمنىڭ ئەينى چاغدا تۇرۇۋاتقان مۇھىتىدىكى «ئۈيى»غا باغلىق، ئادەمنىڭ تەبىئىتىدىن ئېيتقاندا، ياخشى ـ يامانلىق بولمايدۇ. ياخشى ئادەم دېگىنىمىز، مۇئەييەن مۇھىتتا مەلۇم ئۈي تۈپەيلىدىن يامان ئىش سادىر قىلىشى مۇمكىن، ئوخشاشلا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزگەن يامان ئادەممۇ ياخشى ئىش قىلىشى مۇمكىن. ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بىلىش قىيىن، قانداقمۇ بىرەر ھەرىكەت ياكى بىرەر ئىش ئارقىلىق ھەممىگە ھۆكۈم چىقارغىلى بولىدۇ؟

خۇددى جىن يۇڭنىڭ چامباشچىلىق رومانلىرىدا ئېيتىلغاندەك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتا ئۈي پەرقى بولىدۇ، دۇرۇس ئېقىملار يامان يول تۇتسا بىدئەتلىك بولىدۇ، بىدئەتلەر تەڭرى يولىنى تۇتۇپ، ئادالەتنى ياقلىسا دۇرۇس ئېقىم بولىدۇ. جىڭ يۇڭنىڭ ۋاڭ ياڭمىڭنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ـ ئۇچرىمىغانلىقىنى بىلمەيمەن، بىراق بۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن كۆزقاراشنىڭ ۋاڭ ياڭمىڭنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. خۇددى ئارىستوتېل ئېيتقاندەك: «سەن ياخشى ئادەم بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلمايسەن، بەلكى ئىزچىل ياخشى ئىش قىلىۋاتقانلىقىڭ ئۈچۈن ياخشى ئادەمسەن.»

## بىمەنىلىكتىن خالاس بولۇش — ھايات تىنىمسىز دولقۇنلاپ تۇرىدۇ

ھاياتنىڭ ماھىيىتى ھەرىكەتتە، جىمجىتلىق ھالاكەتتۇر.

— پاسكال

قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ لاغايلاپ يۈرۈش، قىزغىن، ھاياجان بولماسلىق سەۋەبىدىن ئادەم ئۆزىنىڭ پۇچەكلىكىنى، چۈش-

كۆنەلەشكەنلىكىنى، قۇربىنىڭ ھېچنېمىگە يەتمەيدىغانلىقىنى، تەييارتاپلىقىنى، ئىقتىدارسىزلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئادەم ھەقىقىي تۇرمۇش نىشانىنى، ئورنىنى تاپالمىغاندا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەيدۇ. قەلب مۇشۇنداق پۇچەك بولغاندا مەنىسىزلىكنى ھېس قىلىدۇ.

پاسكال مۇنداق دەيدۇ: «ئادەمنىڭ ماھىيىتى ھەرىكەتتە، جىمجىتلىق ھالاكەتتۇر.» ئۇ بىرگە دۇنيادا ئادەمنى ئەڭ بىزار قىلىدىغان ئىشنىڭ مەنىسىزلىك ۋە قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ لاغايلاپ يۈرۈش ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرماقچى. بۇ ئەھۋال ھەتتا ئادەمنى مۇشكۈل خىزمەتتىنمۇ بەكرەك قىينايدۇ، شۇڭا كىشىلەر خىزمەت ئالدىراشلىقى ۋە ئويناپ كۆڭۈل ئېچىش ئارقىلىق ئۆزىدىكى مەنىسىزلىكنى تۈگىتىدۇ، تۈرلۈك ئىشلار ئارقىلىق ئۆزىدىكى پۇچەكلىكلەرنى تولۇقلايدۇ، كۈلكە ـ تاماشا ئارقىلىق قەلبىدىكى بوشلۇقنى يوشۇرىدۇ. بەزىدە كىچىككىنە ئىشلارمۇ كۆڭلىمىزگە كېلىدۇ. بىراق، تەلىيىمىزگە كىچىككىنە ئىشلارمۇ بىزگە تەسەللى بولىدۇ، بۇ كىچىككىنە ئىشلار ئىدىيەمىزنى جەلپ قىلىپ، كۆڭلىمىزنى ئاچىدۇ.

پاسكال مانا مۇشۇ خىل ئالدىراشلىق ۋە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشنى ئەڭ زور بەختسىزلىك ۋە كۈلپەت دەيدۇ. «بىزگە بىردىنبىر تەسەللى بولىدىغان نەرسە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش، بىراق ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش بىزدىكى ئەڭ زور بىچارىلىك. چۈنكى، مۇشۇ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۆزىمىزنى ئويلىشىمىزغا زور دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىمىزمۇ تۇيمىغان ھالدا بىزنى نابۇت قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ بولمىسا بىز زېرىكىش پاتقىقىغا پېتىپ قالىمىز، ھالبۇكى بۇ خىل زېرىكىش بىزنىڭ تېخىمۇ ئىشەنچلىك خالاس بولۇش ئۇسۇلىنى ئىزدىشىمىزگە تۈرتكە بولىدۇ. ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئارقىلىق كۆڭلىمىزنى ئاچىمىز ـ يۇ، بىراق ئۇ بىزنى بىلە ـ بىلمەي ھالاكەتكە ئىتتىرىدۇ.» بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تور ئويۇنغا بېرىلىپ كەتكىنىگە ئوخشاش، ئىچ پۇشۇقىنىڭ ئارقىسىغا ئەمەلىيەتتە تېخىمۇ زور زېرىكىش ۋە پۇچەكلىك يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇڭا، كۆڭۈل ئېچىش يامانلىق، خۇشال ـ خۇراملىق جىنايەت. پاسكالنىڭ بۇ ھېكمەتلىك سۆزى ئىنسان تىراگېدىيەسىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئادەم ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلار ۋە زېرىكىشكە ئەڭ چىدىيالمايدۇ، ئادەم قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ لاغايلاپ يۈرگىنىدە ئۆزىدىكى پۇچەكلىكنى ھېس قىلىدۇ، روھىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا سىقىلىش، ئازاب، قايغۇ، ئۈمىدسىزلىك، كەيپىياتى كۆرۈلىدۇ. بىر ھېكايىدە مۇنداق دېيىلگەن: بىر ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن يولدا كېتىۋېتىپ بىر قەلئەنى كۆرۈپتۇ، قوۋۇقتىكى ئادەم ئۇنى كىرىشكە چاقىرىپتۇ، قەلئەنىڭ ئىچىدە ھەر خىل جاۋاھىرات، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر بار ئىكەن. ئۇنىڭ يەپ، ئىچىش، كۆڭۈل ئېچىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىشى يوق ئىكەن. بۇ ئادەم بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلاپ، بىرەر ئىش قىلماقچى بوپتۇ، بىراق قوۋۇقتىكى ئادەم ئۇنى رەت قىپتۇ. بۇ ئادەم غەزەپلىنىپ:

— بۇنداق ياشىغاندىن دوزاخقا كىرگەن ياخشى، — دەپتۇ.

— ئۆزىڭىزنى نەدە دەپ ئويلاۋاتىسىز؟ مانا بۇ يەر دوزاخ، — دەپتۇ قوۋۇقتا قارىغۇچى كۈلۈپ تۇرۇپ.

كىشىلەر تۇرمۇش نىشانىنى، ئۆزىنىڭ ئورنىنى تاپالمىغاندا، نېمە ئىش قىلىشنى بىلمىگەن ئەھۋالدا دوزاخقا كىرىپ قالغان بولىدۇ. سارتىر مۇنداق دەيدۇ: «باشقىلار دوزاختۇر.» ئەگەر پاسكال بولغان بولسا: «پۇچەكلىك دوزاختۇر» دېگەن بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۆزىدىكى زېرىكىشنى ھېس قىلىش ھەقىقىي زېرىكىش ئەمەس. ھەقىقىي زېرىكىش دېگىنىمىز — ئەڭ چىدىغۇسىز ئىشلاردىمۇ پۈتۈنلەي بىخۇد ھالەتتە تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. زېرىكىشنى ھېس قىلىش ئويلىنىشنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. ئادەمنىڭ ئۈستۈنلۈكى ئۇنىڭدا بۈيۈك تۇغما

تەبىئىتى ئاساسىدىكى بىۋاستە سەزگۈنىڭ بار بولغانلىقىدا، بەختنىڭ كۆڭۈل ئېچىشتا ئەمەس، بەلكى ھاياتنىڭ تىنىمسىز دولقۇنلاپ تۇرۇشىدا ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇن ھېس قىلالىغانلىقىدا. ھاياتنىڭ توختام سۈدەك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، مەيلى ئازاب ياكى خۇشاللىق بولسۇن ئۇ چىن ھەم كۈچلۈك بولسىلا تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ. كۆز يېشى بولغانلىقى ئۈچۈن بەختنى قەدىرلەيمىز؛ كۈرەش بولغانلىقى ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت شادلىقىدىن لەززەت ئالىمىز؛ ھايات تىنىمسىز دولقۇنلاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ دولقۇنلار داۋامىدا ھاياتنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ۋە قۇدرىتىنى ھېس قىلىمىز.

ھەقىقىي ھايات تىنىمسىز دولقۇنلاپ تۇرغان ئەگرى سىزىق بولۇشى، ئۇنىڭدا يۇقىرى پەللىمۇ، پەسكويغا چۈشكەن چاغلارمۇ بولۇشى كېرەك. مانا مۇشۇنداق ھاياتلا قىزغىنلىق، قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغان بولىدۇ. سىز بۇ چاغدا قايتارغا ئۆيگىز بارلىقىنى، يۆلەنچۈكىگىز، ئۇلىگىز بارلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلىسىز. ھايات تېپتىنچ بولۇپ، كىچىككىنە بۇزغۇنمۇ ھاسىل قىلالمىسا، ئۇنىڭدا ئادەمنى ھوزۇرلاندۇرىدىغان بىۋاستە تەسىراتلار ئازايغان بولىدۇ.

جىمجىتلىق ئەمەس، بەلكى يۇگۈرۈش ھاياتلىق ھالىتى ھېسابلىنىدۇ. كۆپچىلىك «بەخت ئىشىكنى چەككەندە» دېگەن كىنونى كۆردىمىكىن؟ بۇ كىنو ئاممىباب تىل ۋە كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق «ھاياتلىقنىڭ ھەرىكەتتە» ئىكەنلىكىدەك پەلسەپىنى ئەينەن شەرھلەپ بېرىدۇ. ھېكايىدە يۈگۈرۈش باش پېرسوناژ گارنېرنىڭ تۇرمۇش ھالىتىگە ئايلىنىدۇ. ھەر بىر ئادەم ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىنى قوغلىشىدۇ، ھايات ھەرىكەتچان بولىدۇ، ھالبۇكى جىمجىت ھايات توختام سۇغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا ۋاقىتنىڭ تەبىئىي يوقىلىشىلا بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيىتى قالمايدۇ. توختىماي ئىنتىلگەندىلا غايىگە يەتكىلى

بولىدۇ. خۇددى مۇشۇ كىنودا تەسۋىرلەنگىنىدەك، باش پېرسوناژ گارنېر كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئۆزىنى يوقىتىپ قويماي، ئۆزىگە غايە ۋە كەلگۈسى يارىتىدۇ. ۋاسكېتبول مەيدانىدىكى سىم تورغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، كىچىككىنە ئوغلىغا غايە يېتىپ كەلگەندە جەزمەن ئۇنى تۇتقىن، ھەرگىز ئۇنى قولدىن بېرىپ قويمىغىن دەيدۇ. ۋىل سمىس (گارنېرنىڭ رولىنى ئالغۇچى) زىيارەتنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دەيدۇ: «سىز مەلۇم خىل نەرسىنى ئىجاد قىلىپ، ئۇنى ئىنكار قىلمىسىڭىز تېخىمۇ زور كۈچ - قۇۋۋەتكە ئېرىشىسىز، ئەمەلىي ئەھۋال قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭدىن ھالقىپ كېتىشىڭىز كېرەك، سىز مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مۇقەررەرلىكىگە ئىشىنىشىڭىز لازىم.» گارنېردىكى ھاياتلىق پوزىتسىيەسى مانا مۇشۇنداق.

كىنودىكىلەر باشتىن - ئاخىرغىچە يۈگۈرىدۇ، غايە نامى ئاستىدا ئۆزىنىڭ بەختى ياكى ئۈمىدىگە ئىنتىلىدۇ. گارنېرنىڭ غايىسى ئاكسىيە مەسلىھەتچىسى بولۇش ئىدى. بىراق، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىلا پۈتكۈزگەن نامراتتا ھېچقانچە بىلىم بولمىغان ئەھۋالدا، مۇنداق ئوينىڭ كۆرۈلۈشىنىڭ ئۆزىلا ئاجايىپ خىرىس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە رىقابەت خېلىلا كۈچلۈك بولۇپ، تاللانغان 20 ئادەم سىناق تەرىقىسىدە ئالتە ئاي ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۇلاردىن بىرىلا ئوتۇپ چىقاتتى، چۈنكى سان پەقەت بىرلا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىش مەزگىلىدە ھېچقانداق ھەق بېرىلمەيتتى، مۇمكىنچىلىكنىڭ كىچىكلىكىدىن ئادەم ھېچقانچە ئۈمىد كۈتمەيتتى. بىراق، ئۇ يېڭىدۇ ! خۇددى گارنېر ئېيتقاندەك: «ئۇلار بىرلا ئادەمنى ئالىدىكەن، ئاشۇ ئادەم مەن بولۇشۇم مۇمكىن».

كىشىلىك ھايات مانا مۇشۇنداق بوشاشماي ئىنتىلىش ۋە دولقۇنلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى يېزىشى مۇمكىن.

## ھايات ـ ماماتلىقنى كۆزىتىش ـــ كىشىلىك ھايات لىمىنتىغا سوئال قويۇش

> ھۆر ئادەملەرنىڭ ئېسىگە ئۆلۈم ئەڭ ئاز كېلىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ئۆلۈم توغرىسىدىكى شۇئۇرلاشتا ئەمەس، بەلكى ھاياتلىق توغرىسىدىكى چوڭقۇر مۇلاھىزىدە بولىدۇ.
>
> ـــ سپىنوزا

ئۆلۈم ئادەم ھاياتىدىكى ئەڭ زور تېما، چۈنكى ئۇ ئادەمگىلا خاس. بەزىلەر ئادەملا ئەمەس، باشقا ھاياتلىقلارمۇ ئۆلىدىغۇ دەيدۇ. دۇرۇس، تەبىئىي ھاياتلىقنىڭ زەئىپلىشىش جەريانى بولىدۇ، بىراق ئادەملا ئۆلۈمنى ھېس قىلالايدۇ، ئۆمۈرنىڭ چەكلىكلىكىنى بىلەلەيدۇ. شۇڭا، ئۆلۈم ئادەمگىلا خاس دەيمەن.

ئادەم ئاڭغا ئىگە بولغاندىن بۇيان، تۇغۇلغانىكەن ئۆلىدىغانلىقىنى بىلگەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆلۈم ئىنسانلاردىكى ئەڭ ئىپتىدائىي ۋەھىمە، شۇنداقلا بارلىق ۋەھىمىلەرنىڭ ئاخىرى ھېسابلىنىدۇ. ھايات بىرلا قېتىم كېلىدۇ، شۇڭا ئۆلۈمدىن قورقۇش ئادەمنىڭ ماھىيىتىگە ئايلانغان. ھالبۇكى، ئادەم ھاياتىنىڭ چەكلىكلىكى ۋە ئىنتىلىشىنىڭ چەكسىزلىكىدىن ئىبارەت ماھىيەت ئادەم ھاياتىدىكى ئىككى قۇتۇپنى شەكىللەندۈرۈپ، ئەڭ زور سەپسەتىنى ھاسىل قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۆلۈم ئۈستىدە ئويلىنىش، ئۆلۈمدىن ھالقىش پەلسەپىدىكى ئەبەدىيلىك تېمىغا ئايلانغان. پەلسەپە ئۆلۈمدىن ئايرىلالمايدۇ، ئۆلۈم ئالدىدا ھەممە مەنە يوقىلىدۇ. ھېيدېگېر مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر مەسئۇلىيەتتىن قېچىش ئۈچۈن بەس ـ بەستە ئادەملەر توپى ئىچىگە قېچىپ كىرىدۇ، لېكىن قانداقلا قاچسۇن، ئادەم ھاياتىدىكى ئاخىرقى چەك ـــ ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايدۇ.» كىشىلەر ئۆلۈمدىن قېچىپ ھېچ يەرگە

www.uyghurkitap.com

بارالمايدۇ، چۈنكى ئۆلۈمگە ھېچكىم ئارا تۇرالمايدۇ، ئۇنىڭدىن
ئۆزىنى قاچۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا
كېلىدۇ. كىشىلەر ئۆلۈمگە يۈزلەنگەندىلا دۇنيانىڭ ئەسلىدە مۇ-
شۇنداق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسا كېرەك. بۇ دۇنيانىڭ «ئەھمى-
يىتى» ئۆلۈمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن بەئەينى بۇلاق سۈيىگە
ئوخشاش بىرگە ئېقىپ كېلىدۇ. شۇڭا، نۇرغۇن ئۇلۇغ پەيلاسوپلار
ئۆلۈمگە ئاشىق بولغان، كېركېگار مۇنداق دەيدۇ: «پەلسەپە ئۆگى-
نىش ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشنى مەشىق قىلغانلىق !»

دەرۋەقە، ئۆلۈم كىشىلەرنى ھاياتنىڭ ئاخىرقى چېكىگە ئىتى-
تىرىدۇ. كىشىلەر ئۆلۈمگە يۈزلەنگەندىلا بارلىق بىر تەرەپلىمە
قاراشلارنى تۈگىتىپ، چىنلىق بىلەن ساختىلىق، ياخشىلىق بى-
لەن يامانلىق قاتارلىقلارنىڭ چەك - چېگراسىنى غۇۋا كۆرۈشى
مۇمكىن. «كاساندىرا كۆۋرۈكى» دېگەن كىنونى كۆرگەن كىشى-
لەرگە مەلۇمكى، پويىز شۇ كۆۋرۈككە كېتىۋاتقاندا، ئەمەلىيەتتە
ئۆلۈم يولىغا كېتىۋاتاتتى. مانا مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، پەلسە-
پە مەنىسىدىكى ئەركىنلىكمۇ نامايان بولىدۇ؛ «ئۇ پويىزدىن سەك-
رەپ قېچىپ كەتسە بولىدۇ، قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتسىمۇ
بولىدۇ، ئولتۇرۇپ ئۆلۈمنى كۈتسىمۇ بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ قاي-
سى خىل شەكىلنى تاللىسۇن ھەممىسى ئەركىن تاللاشنىڭ نە-
تىجىسى بولۇپ، ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدۇ.» ئۆلۈم-
نىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىلا ئادەمنىڭ ئەركىنلىكى ئاشكارىلى-
نىپ چىقىدۇ.

ئۆلۈمنى ئاستىغا قىستۇرما قىلغان ئەركىنلىكنى كىشىلەر
ياقتۇرمايدۇ، شۇڭا مەڭگۈلۈككە ئىنتىلىش ئادەمنىڭ
ماھىيىتىگە ئايلانغان. ئىنسانلار ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە چۆمگەن،
ئۆلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرغان ئەھۋالدا، ئۆلمەسلىككە
ئىنتىلىدۇ ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق
كۆرسىتىدۇ، بۇ قەدىمدىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلدى.

قەدىمكى زاماندىكى پادىشاھلار ئەيش ـ ئىشرەتكە كۆنۈپ كەتكەچكە، ئۇلارغا كۈنلەر ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتكەندەك بىلىندى، بۇنىڭ بىلەن ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى ئىزدەپ، ئۆلمەسلىككە تىرىشتى. ھالبۇكى، بۇ ئۇرۇنۇشلار بەرباد بولغاندىن كېيىن، ئۆچمەس نەتىجىلەرنى قالدۇرۇش غايىسى بارلىققا كەلدى. قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئۆچمەس نەتىجىلەر توغرىسىدا مۇنداق ئۈچ ئۆلچىمى بار: بىرىنچى، پەزىلەتلىك بولۇش؛ ئىككىنچى، لەۋزىدە تۇرۇش؛ ئۈچىنچى، ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسىتىش. ئۇلار يەنە مۇشۇ ئۈچتىن بىرىنى ئورۇنلىغاندىلا، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات تۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئۆلچەمنى كۆرگىلى، تۇتقىلى، ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولغاچقا، قەدىمدىن ھازىرغا قەدەر بولغان تارىختىكى غايىلىك ۋە ئىرادىلىك كىشىلەر، قەھرىمان ئەزىمەتلەر مۇشۇ نىشان ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلدى.

بىراق، ھايات ـ ماماتلىق يولى ئۆچمەس نەتىجە قالدۇرۇش ئىدىيەسىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن داغدام بولۇپ كەتكىنى يوق. چۈنكى، ئىدارە قىلغىلى بولمايدىغان، شۇنداقلا مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان تەقدىر كىشىلەرنىڭ ئۆز قارىشى بويىچە ئىشلىشىگە، ئۆزىنىڭ ئۆچمەس نەتىجە قالدۇرۇش ئىشلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك داۋاملاشتۇرۇشىغا يول قويمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاسادىپىي كەلگەن شۇم تەقدىر تۇپەيلىدىن تارىختا ھايات ـ ماماتلىقنى تاللاش كارتىنىلىرى كۆرۈلدى. بارلىق ھاياتلىقتا ئۆلۈمدىن قېچىش، ھاياتلىققا ئىنتىلىش ماھىيىتى بار بولغاچقا، ئادەمدە باشقا جانلىقلاردىن پەرقلىنىدىغان غۇرۇر ۋە ئۇلۇغلۇق شەكىللەندى. ئادەم بەزىدە ئۆزى ئۇلۇغۋار دەپ قارىغان مەلۇم نىشان ئۈچۈن، ماھىيىتىگە مۇخالىپ ھەرىكەت قىلىپ ئۆلۈمنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تاللايدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ھاياتلىق ئىمكانىيىتى بولغان ئەھۋالدا ئۆلۈمنى تاللىسا تەنتەنىلىك،

داغدۇغىلىق كۆرۈنۈشنى ئىپادىلەپ، نامى ئەبەدىلئەبەد قېلىپ، ئېستېتىكا مەنىسىدىكى ئالىيجانابلىقنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئۆچمەس نەتىجە بىلەن دۇرۇس ئادەم بولۇشتىكى ئاساسىي ئېتىقاد گارمونىيەلىك تەڭشەلمىگەن ئەھۋالدا، ھايات ۋە ماماتتىن ئىبارەت ئىككى خىل تاللاش كىشىلەر ئالدىغا چىقىدۇ. ھالبۇكى، بۇ تېمىدىمۇ ئۆچمەس نەتىجە قالدۇرۇش ئۇقۇمى مەۋجۇت بولغاچقا، ھاياتلىق ياكى ماماتلىقنى تاللىسۇن ئۇنىڭغا باتۇر ياكى قورقۇنچاق، دېگەن سۆز بىلەن ئاددىي تەبىر بېرىشكە بولمايدۇ. ھايات ـ ماماتلىق پەيتىدە ئومۇمەن ئۆلۈمنى تاللىغاندا، قەھرىمانلىق خىسلىتىنى ئەڭ ئوبدان ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ، بۇ ھەم جاسارەتنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىلىدۇ. بىراق، ئادەمنىڭ قەھرىمان ياكى ئەمەسلىكىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمايدۇ. سىماچىيەننى ئالساق، تەكرار ئويلىنىش ۋە دەڭسەپ كۆرۈش ئارقىلىق ئۆلۈمنى تاللىغاندىنمۇ كۈچلۈك جاسارەت بىلەن ھاياتلىقنى تاللىغان ھەمدە ئاخىرىدا «ئادەم ھامان ئۆلىدۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈمى تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك ياكى ھاڭگىرت پېيىدىنمۇ قەدىرسىز بولىدۇ» دېگەن ھايات ـ ماماتلىق قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

دىن غەربلىكلەرنىڭ مەنىۋى نىجاتكارى، ئۇلار ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن روھ ئەرشكە چىقىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەبەدىيلىككە ئىگە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. سوقراتنىڭ قارىشىچە، روھ ئۆلگەندىن كېيىن يوقاپ كەتسە ئۆلۈش بەختلىك ئىش بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئۆلۈم ئازابنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؛ ئەگەر ئادەم ئۆلگەندىن كېيىنكى باقىي دۇنياغا قايتا تۆرەلسە ئۆلۈش يەنىلا بەختلىك ئىش بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ سۈرگۈن قىلىش ۋە جازالاش ئازابىدىن خالاس بولىدۇ. ئەكسىچە ئېپىكۇر ئېقىمىدىكىلەر روھنىڭ ئۆلمەسلىك تەلىماتىنى يوقىتىشقا تىرىشىدۇ. ئۇلار بارلىق ئۆلمەسلىك

ئىدىيەسىنى سۇپۇرۇپ تاشلىغاندا ئۆلۈم توغرىسىدىكى ۋەھىمە تۇيغۇسىنى تۈگەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىز ئۆزىمىزگە شۇنداق دېيىشىمىز كېرەككى، ئۆلۈم ئەرزىمەس نەرسە، مەيلى بىز ياشايلى ياكى ئۆلەيلى ئۇنىڭ بىزگە ھېچقانداق تەسىرى يوق. ئەگەر ھايات بولساق ئۇنىڭدىن قورقۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ھاياتلىق يەنىلا بىزگە تەۋە؛ ئەگەر ئۆلگەن بولساق بۇنىڭدىنمۇ ۋەھىمە قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ۋەھىمە تىرىك ئادەم ئېڭىنىڭ ئىپادىسى. شۇڭا، بىز مەۋجۇت بولساق ئۆلۈم مەۋجۇت بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆلۈم بىلەن مەڭگۈ ئۇچرىشالمايمىز.

ھالبۇكى، بىز جۇڭگولۇقلاردا دىننى مەنىۋى نىجاتكار دەپ قارايدىغان بۇنداق مەدەنىيەت ئەنئەنىسى يوق، شۇنداقلا ئۆلۈم ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئىدىيەۋى ئېقىممۇ يوق، بىزدە نۆۋەتتىكى «رېئال دۇنيا»لا بار بولۇپ، ئۆلۈمنى بىلىپ تۇرۇپ بۇ توغرىدا مۇلاھىزە قىلمايدىغان پوزىتسىيەدە بولىمىز. زىلۇ كۇڭزىدىن جىن - شاياتۇنلارغا دائىر ئىشلارنى سوراپتۇ، كۇڭزى ئۇنىڭغا پەرۋاسىزلىق بىلەن:

— تىرىكلەرنىڭ ئىشىنى چۈشىنەلمەي تۇرۇپ، قانداقمۇ ئۆلۈكلەرنىڭ ئىشى ئېسىڭگە كېلىپ قالدى؟ — دەپتۇ.

— ئۆلۈم زادى قانداق ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ زىلۇ تەن بەرمەي.

— ھاياتلىقتىكى قائىدىلەرنىمۇ ئېنىق بىلمىگەن تۇرۇقلۇق ئۆلۈمنى قانداق چۈشىنەلەيتتىڭ؟ — دەپتۇ كۇڭزى ئۇنىڭغا پەرۋاسىزلىق بىلەن.

ئادەم ھامان ئۆلىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ئۆلۈمى قەدىرلىك، بەزىلىرىنىڭ قەدىرسىز بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ئۆلۈمى تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك، بەزىلىرىنىڭ ھاڭگىرت پېيىدىنمۇ قەدىرسىز بولىدۇ. ئادەمنىڭ ھاياتى چەكلىك بولىدۇ، بىراق ئۇنىڭ ھاياتى

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، ئائىلىسى، مىللىتى، دۆلىتىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ئىشلىرى بىلەن بىرلەشكەندىلا ئەبەدىيلىك قىممەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

## جەريانغا ئەھمىيەت بېرىش ــ ھاياتنىڭ ئەھمىيتى جەرياندا

ئادەم بۇ دۇنياغا تۆت كۈنلۈك مېھمان.

ــ توماس ئاكۋىنا

غەربتە ئۇزاق تارىخقا ئىگە دىن ئەنئەنىسى بار. دىن دېگەن نېمە؟ ماركس مۇنداق دېگەندى: «دىن بىچارە قەلبىنىڭ خورسىنىشى، شۇنداقلا رەھىمسىز دۇنيانىڭ مۇھەببىتى.» قەلب نېمە ئۈچۈن خورسىنىدۇ؟ مېنىڭچە ھاياتلىقنىڭ چەكلىكلىكى ئادەمدىكى ئەڭ زور خورسىنىش، ھاياتنىڭ ئاخىرقى چېكى بولغان ئۆلۈم يېقىنلا جايدا سىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ، قەيسەر روھ ئېغىر تەننى ئەبەدىي سۆرەپ يۈرىدۇ. دۇنيا نېمە ئۈچۈن رەھىمسىز بولىدۇ؟ چۈنكى بۇ دۇنيا ھامان سىزدىن ۋاز كېچىدۇ، شۇنداقلا سىزگە قىلچە تارتىنمايدۇ ۋە ئىچ ئاغرىتمايدۇ.

غەربلىكلەر ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن دىننى كەشىپ قىلىپ، «روھنىڭ ئۆلمەسلىكى» بىلەن «باقىيدىكى بەخت»نى تەرغىب قىلدى. خۇددى توماس ئاكۋىنانىڭ ئېيتقىنىدەك: «ئادەم بۇ دۇنياغا تۆت كۈنلۈك مېھمان.» ئۇنىڭ قارىشىچە، تەبىئىي ئەخلاق تۇرمۇشى ئادەمنى پانىي دۇنيادىكى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ، بىراق بۇ خىل بەخت ۋاقىتلىق، مەۋھۇم بولىدۇ، ئىلاھىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەخلاق تۇرمۇشىلا ئادەمنى ئەبەدىي، ھەقىقىي بولغان بەخت، يەنى باقىي دۇنيادىكى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ. پەرۋەردىگار غەربلىكلەرنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى، پەرۋەردىگارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەمدە مۇقەددەسلىكى پانىي دۇنيادا

ياشاۋاتقان ئادەملەرگە تەسەللى بولۇپ، ئۇلارغا داۋاملىق ياشاش جاسارىتىنى ئاتا قىلىدۇ. ئۆلۈم قورقۇنچلۇق ئەمەس، چۈنكى ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدۇ؛ بۇ سىرلىق دۇنيا قورقۇنچلۇق ئەمەس، چۈنكى پەرۋەردىگار ياراتقان بۇ پانىي دۇنيا گارمونىيەلىك دۇنيا بولۇپ، ئادەم ئۆزىنىڭ ئەقلىنى جارى قىلدۇرسىلا بۇ خىل گارمونىيەلىكنى بىلىۋالالايدۇ؛ ئادەمنىڭ كۈلپەت تارتىشى قورقۇنچلۇق ئەمەس، چۈنكى پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ ھەرقانداق بىر بەندىسىنى چۆرۈۋەتمەيدۇ.

بىراق، دىنىنىڭ مەۋھۇملۇقى ھامان پاش بولىدۇ. كىشىلەر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ جەننەتتىكى بەختكە ئىنتىلىۋاتقان ۋاقىتتا، نىچشې دۇنيانى ھەيران قالدۇرۇپ «تەڭرى ئۆلدى» دەپ چۇقان سالدى. نېچشى ئەسەبىي ئادەم، ئۇنىڭ قارىشىچە، پەرۋەردىگارنىڭ مەۋجۇتلۇقى «پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى»دىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالدىشى ئۈچۈن تۇرغۇزغان مەۋھۇم مەبۇد. نىچشې پەرۋەردىگارنى ئۆلتۈرۈپ، غەربتە 2000 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغان خىرىستىيان دىنى ئەنئەنىسىنى يوقاتماقچى ئىدى. ئۇنىڭچە كىشىلەر پەرۋەردىگارنىڭ تەسىرى ئىچىدە ياشىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يېتەلمىدى. پەرۋەردىگارنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق كىشىلەر بۇ خىل تەسىر ئىچىدىن خالاس بولۇپ، ئۆزىگە قىپيالىڭاچ ھالەتتە نەزەر سالدى، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئۆزى ياراتتى. شۇڭا، نىچشې ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۈمىدسىزلىك ئۈمىدۋارلىقنى يۆنىلىش قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۈمىدۋارلىق ئۈمىدسىزلىكنى ئاستىغا قىستۇرما قىلىدۇ.

تەڭرى ئۆلدى، غەربلىكلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ ئالەمشۇمۇل زور ئىش. تەڭرى ئۆلسە ئادەم قانداق ياشايدۇ؟ ھاياتتىكى مۇشكۈلاتلار رەھىمسىزلەرچە ئېچىپ تاشلاندى. تەڭرى كىشىلەرنى پاناھىغا ئالمىسا ئادەمنىڭ ئىستىقبالى نەدە؟ ئادەم

www.uyghurkitap.com

بەئەينى شىمالدىن كەلگەن بۆرىگە ئوخشاش گىياھسىز چۆللۈكتە تەنھا يۈرىدۇ. ئايىغىدا تەييار يول بولمىغاچقا، يولنى ئۆزى ئېچىشقا، ئۆزى مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىنسانلار ئەركىنلىككە ئېرىشىشكە مەسئۇل بولۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، جازاغىمۇ ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ مېڭىشى شۇنچە مۇشكۈل بولىدۇ.

«ئادەم بۇ دۇنياغا تۆت كۈنلۈك مېھمان.» نىچشې تەڭرىنى ئۆلتۈرگەندە بۇ بىر جۈملە سۆز «ھايات بىر جەريان» دەپ ئۆزگەرتىپ يېزىلىشى كېرەك ئىدى. ئادەمنىڭ دۇنيادا ئەبەدىي ياشىشى مۇمكىن ئەمەس، مەيلى سىز دەرىجىدىن تاشقىرى زەردار بولۇڭ ياكى ئاددىي پۇقرا بولۇڭ ھاياتنىڭ ئاخىرقى چېكى بولغان ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايسىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆلگەندىن كېيىن، سىزنى پاناھىغا ئالىدىغان تەڭرىمۇ يوق. شۇڭا، ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى مۇشۇ سەپەرنىڭ جەريانىدا. توماس ئاكۋىنا بىزدىن بەختنى باقىي دۇنيا ۋە تەڭرىدىن كۈتۈشنى، پانىي دۇنيادىكى بەختكە ئىنتىلىش ھەرىكىتى ۋە قاراشلىرىنى يامانلىق دەپ قاراشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ھازىرنى ئىنكار قىلىپ، بىر خىل كۈتۈش ئىچىدە ياشىغانلىق. ھايات سەپىرىدە ھېچقاچان چەكسىز مەنزىل بولغان ئەمەس، يول بويىدىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلالماسلىقمۇ ھاياتنى ئىسراپ قىلغانلىق.

ھايات بىر جەريان. ھاياتنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، ئەمما سەن ئۇنىڭغا بىر خىل رېئاللاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغان مەنىنى يۈكلىدىڭ، شۇڭا ھاياتنىڭ جەريانىدىن بەھرىمەن بولۇش ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

گەرچە، ئىشنىڭ نەتىجىسى دىققەت قىلىشقا ئەرزىسىمۇ، بىراق ئىشنىڭ جەريانى تېخىمۇ مۇھىم، چۈنكى چەكسىز مەنزىل مەۋجۇت بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا. ئادەم ھاياتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى

مۇقەررەر ئۆلۈم بىلەن تاماملىنىدۇ، ئەگەر بىز پۈتۈن ئۆمرىمىز ئۆلۈم ئۈچۈن ئالدىراشلىقتا ئۆتتى، دېسەك ئىنتايىن بىمەنە ئىش بولمامدۇ؟ دۇنيادا ئەبەدىيلىك ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ، ئىستۇدېنتلار مۇھەببەتلەشكەندە ھەر كۈنى سىزنى ئۆمۈربويى ياخشى كۆرىمەن، دەپ ۋەدە بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ راست سۆز ئەمەس. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، مۇھەببەتلەشكەن 100 ئىستۇدېنتنىڭ 90 نى ئەڭ ئاخىرىدا ئايرىلىپ كېتىدىكەن، تويى قىلغانلىرىنىڭمۇ يەنە يېرىمى نىكاھتىن ئاجرىشىپ كېتىدىكەن. سىزنىڭچە مۇھەببەت مەڭگۈلۈكمۇ؟ شۇڭا، چىن جاۋاب شۇكى: پانىي دۇنيادا ئەبەدىيلىك يوق، ھەقىقىي ئەبەدىيلىك پەرۋەردىگار تۇرۇۋاتقان جايدا، ئۇ پانىي دۇنياغا مەنسۇپ ئەمەس. مۇھەببەتنى ئالساق «بۈگۈن مەن مۇشۇ ۋاقىت، مۇشۇ پەيتتە سېنى چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرىمەن» دېيىشلا كۇپايە، ئەتە مەشۇقىڭىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ ئازابىنى تارتىشىڭىز مۇمكىن. بۇ خىل تەسىراتلارنىڭ ئۆزىمۇ بارلىق مەنىلەر قاتارىدا ھايات مۇساپىڭىزنى بېيىتىدۇ.

بىراق، ھايات مۇساپىسىدە قايتارغا يول يوق، ھايات بارلىققا كەلگەن ئاشۇ دەقىقىدىن باشلاپ ئۆلۈم مۇقەررەر يولغا ئايلانغان. بۇ بىردىنبىر يول، ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق، ئادەمنىڭ ھەر بىر قەدىمى ئۆلۈمگە قاراپ ئۇزلۇكسىز ئىلگىرىلەيدۇ. بىز ھاياتقا تويماي ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشكە ئىنتىلىمىز، بىراق ھايات ئىنسانلارنىڭ دۇشمىنى، ئۇ ھەر ۋاقىت ئادەمنى ئات تۇيىقى ئاستىغا ئىتتىرىدۇ، ئۆلۈم ئىنسانلارنىڭ ھەقىقىي دوستى، ئۇ ھەر ۋاقىت ئادەمنى چىن قۇچاقلايدۇ.

دۇرۇس، ھايات بىر جەريان، ئۇنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشى ئوخشاشلا سىرلىق ئەمەس، سىرلىقلىقى دۇنيادىكى مۇشۇ قېتىملىق سەپەر. بۇ سەپەر بەئەينى كېسەك يۇمىلاققا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوخشاش، ئۇنىڭ بىر ئۇچى ھاياتلىق، بىر ئۇچى ئۆلۈم. كىشىلەر ياڭراق يىغا ئاۋازى ئارقىلىق ھاياتلىقتىكى ئازابتىن بېشارەت بېرىدۇ، ئازابلىق ئىڭراش ئارقىلىق ئۆلۈم ئازابىنى ئىپادىلەيدۇ. بىراق، ھاياتلىقمۇ، ئۆلۈممۇ بولمىسا ئاشۇ گۈزەل جەريان بولمايدۇ. دېمەك، ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئازابى بولمىسا كىشىلىك ھاياتتىكى شادلىقمۇ بولمايدۇ. ئازاب ئىككى نۇقتا، ھالبۇكى، خۇشاللىق بىر سىزىق، شۇڭا ئادەم بولۇپ تۇغۇلۇش يەنىلا بەختلىك ئىش.

مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆز بار: «ئادەم تۇغۇلغاندىن ئۆلگۈچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى جەريان بەخت دەپ ئاتىلىدۇ.» شۇنداق، ھايات بىر جەريان، بۇ جەرياندا گۈلدەستىلەر ۋە ئالقىشلارمۇ، تىكەن ۋە كۆز ياشلارمۇ، خۇشاللىقمۇ، ئازابمۇ بار. ھالبۇكى، ئاشۇ ئېسىل شارابتەك خۇشاللىققا يېتىشىمىز ئۈچۈن ئاچچىق ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىشىمىز كېرەك. ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيىتىمۇ چەكسىز ئىنتىلىش ئىچىدە بولۇپ، ئىنتىلىش داۋامىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئىنتىلىش داۋامىدا ھالقىش، ئەڭ ئاخىرىدا ھاياتلىققا ئەڭ گۈزەل ئىزاھات بېرىش ھېسابلىنىدۇ.

ئادەمنىڭ ھاياتى بەئەينى يېقىلغان چىراغقا ئوخشايدۇ، ئۇ ھامان ئۆچىدۇ، ئۆلۈم چىراغنىڭ ئۆچكەن پەيتى ھېسابلىنىدۇ. ئىنچىكە ئويلايدىغان بولساق، ئۆلۈم تەڭرىنىڭ بىزگە بەرگەن جازاسى ئەمەس، بەلكى بىزگە بولغان مۇھەببىتى. بىز بەئەينى ئۆيقۇغا ئېھتىياجلىق بولغىنىمىزدەك، ئوخشاشلا ئۆلۈمگىمۇ ئېھتىياجلىق. ئۆلۈمنىڭ زۇلمەتلىك ئارقا كۆرۈنۈشى ھاياتلىقنىڭ پارلاق جۇلاسىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرەلەيدۇ، ئۆلۈمنىڭ سىگنالى سەۋەبىدىن ھاياتلىق تارىنى تېخىمۇ چىڭىتىمىز. ئويلاپ كۆرەيلى، ھاياتلىق چەكسىز بولۇپ ئۆلۈم بولمىسا، ئۇنداقتا ياشىغاننىڭ قانچىلىك زور ئەھمىيىتى بار؟

شۇڭا، ئۆلۈم قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئۇ ھاياتلىقنىڭ مەڭگۇ-

لۇك ئۆيقۇسى. ھالبۇكى، مەڭگۈلۈك ئۆيقۇدىن ئىلگىرى ئىلكىدىمىزدىكى ھەر بىر كۈننى قەدىرلىشىمىز، زادى نېمىگە ئىنتىلىدىشىمىز كېرەكلىكىنى ئوبدان ئويلىشىمىز، زادى نېمىنىڭ بىزنىڭ ھەقىقىي شادلىقىمىز ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك، بىزگە لازىمى ماددىي ھەۋەس، نام - مەنپەئەتمۇ ياكى روھنىڭ تىنچلىقىمۇ؟

بىز يەنىلا تەبىئەت سادالىرى ئىچىدىكى پاك ناخشا ئاۋازىغا قۇلاق سالايلى! پاك قەلبنى ساقلاپ تۇرمۇشقا باشتىن - ئاخىر كۆلۈمسىرەپ مۇئامىلە قىلىپ، ھاياتتىن زوق ئېلىپ، ھاياتنى قەدىرلەپ، ھاياتتىن ھالقىپ، يىللارنىڭ قار - بورانلىرى ئىچىدە بۇ دۇنيا سەپىرىنى ئازادە تاماملايلى!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى باب

# ھەر كۈنى بىردەم تۇرمۇش پەلسەپىسى ئوقۇيلى

«ھايات» بىلەن «تۇرمۇش» مەڭگۈ ئايرىلالمايدۇ. «ھايات»نى پەيلاسوپلارنىڭ مۇلاھىزىسى ئىچىدە دېسەك، ئۇنداقتا تۇرمۇش ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ گەپ دەل جايىدا ئېيتىلمىغان، شۇڭا ھەربىر ئادەم تۇرمۇشنىڭ ئىچىدە بولىدۇ دېسەك دەل توغرا بولىدۇ. ھايات مۇقەررەر رەۋىشتە تۇرمۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، ئۇ ھەرقانداق ئەھۋالدا تۇرمۇشتا ئەكس ئېتىدۇ.

بىراق، پەيلاسوپلار ھەقىقىي پەلسەپىنىڭ ئۇلارنىڭ قولىدا ئەمەس، بەلكى ھەر بىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا ئىكەنلىكىنى بىزگە بىلدۈرمەكچى. پەلسەپە مۇقەررەر رەۋىشتە تۇرمۇشنى كىلىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا تۇرمۇشقا قايتىدۇ. پەلسەپە بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى بېلىق بىلەن سۇنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. تۇرمۇشتا پەلسەپىنى بىلمەسلىك ئۇنى «كۈندە ئىشلىتىپ تۇرۇپمۇ بىلمەسلىك»تىن ئىبارەتتۇر. خۇددى ئېينىشتېين ئېيتقاندەك: «بېلىق ئۆمۈرۋايەت ئۆزى ياشاۋاتقان سۇ توغرىسىدا قانچىلىك نەرسە بىلىدۇ؟» دېگەنگە ئوخشايدۇ. پەيلاسوپلار تۇرمۇش توغرىسىدا توختىلىپ پەلسەپىنى ھەيۋەتلىك نەزەرىيە قۇرۇلمىسى ۋە مۇلاھىزە ئىچىدىن سۇغۇرۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسەت ئوردىسىنى تۇرمۇش تىنىقىغا تولدۇرىدۇ. كۆرمىدىڭىزمۇ؟ سوقرات بىلەن كۇڭزى كوچا ئارىلاپ كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش جەريانىدا ئۇلارغا ھاياتنىڭ چىن مەنىسى ۋە تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى نامايان قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. قەدىمكى زاماندا، پەلسەپە قاراشلىرى

*بارلىقا كەلگەن زېمىندا پەلسەپە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، شۇنداقلا ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇق ئەھمىيىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان.*

## توختىماي ئىلگىرىلەش — ئىنتىلىش ئىگىلىۋېلىشتىنمۇ مۇھىم

ھەقىقەتكە ئۇزۇكسىز ئىنتىلىش ئۇنى ئىگىلىۋېلىشتىنمۇ قىممەتلىك.

— لېسسىنگ

يۇنان رىۋايەتلىرىدە سىفىنكس ئىسىملىك شىر تەنلىك مەخلۇق بار ئىكەن. ئۇ يولدىن ئۆتكەن ھەر بىر ئادەمدىن «ئەتىگەندە تۆت پۇتلۇق، چۈشتە ئىككى پۇتلۇق، كەچتە ئۈچ پۇتلۇق، ئۇ نېمە؟» دېگەن تېپىشماقنى سورايدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئەينى چاغدا جاۋابىنى تېپىش ئەڭ قىيىن بولغان سىفىنكس تېپىشمىقى ئىكەن. تېپىشماقنى تاپالمىغانلارنى بۇ مەخلۇق يەۋېتىدىكەن. قەھرىمان ئۆسمۈر ئېدىپۇس تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تېپىپ چىققۇچىلىك ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنى يەۋېتىپتۇ.

ئېدىپۇس تېپىشماققا «ئادەم» دەپ جاۋاب بېرىپ، مۇنداق ئىزاھلاپتۇ: «ئادەم بوۋاق مەزگىلىدە پۇت - قولى بىلەن ئۆمىلەيدۇ؛ ياشلىق، قىرانلىق مەزگىلىدە ئىككى پۇتى بىلەن ماڭىدۇ؛ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ھاسىغا تايىنىشقا مەجبۇر بولۇپ، ھاسىنى ئۈچىنچى پۇتى قىلىدۇ.» سىفىنكس بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ، بىر ھۆركىرەپلا قىيادىن ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ. سىفىنكس تېپىشمىقى ئەمەلىيەتتە ئادەم ھاياتىنىڭ تېپىشمىقى ئىكەن.

مەيلى يېڭىلا تۇغۇلغان بوۋاق ياكى كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان

ياشلار بولسۇن، ۋە ياكى ياشانغانلار بولسۇن ھەممىسى مېڭىپ تۇرۇشى كېرەك، گەرچە ھەرىكەتنىڭ شەكلى پەرقلىق بولسىمۇ، لېكىن ھەرىكەتنىڭ ئۆزى ئادەمنىڭ ياشاش ئۇسۇلىدۇر.

«ليېزى» ناملىق كىتابتا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

— مەن بەك چارچاپ كەتتىم، ئازراق دەم ئېلىۋالاي، — دەپتۇ زىگۇڭ كۇڭزىغا.

— ھاياتنىڭ ماھىيىتى ھەرىكەتتە، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىمۇ ئۈزۈكسىز ئىزدىنىش ۋە ئىنتىلىشتە، شۇنداق بولغاننىكەن قانداقمۇ ئارام ئېلىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟ — دەپتۇ كۇڭزى.

ئادەم ھاياتلىق تۆرەلمىسىدىن شەكىللەنگەن ئاشۇ دەقىقىدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ پېشانىسىگە تىنىم تاپماي ھەرىكەت قىلىش پۈتۈلگەن. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ تۆرەلمىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى بىر دەقىقىمۇ توختاپ قالمايدۇ، ئەگەر توختاپلا قالسا تۆرەلمە قورساقتا تۇنجۇقۇپ قالىدۇ. شۇڭا، يېڭى بىر ھاياتلىق دۇنياغا كۆز ئېچىشتىن ئىلگىرى بۇ ئاساسىي مەۋجۇتلۇق ماھارىتىنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

چەكسىز كەتكەن ئافرىقا يايلىقىدا بىر تايچاق بەخىرامان ئوتلاۋاتاتتى، يىراق بولمىغان جايدا بىر ئافرىقا شىرى تايچاققا تىكىلگەن ھالدا چۆپلۈك ئىچىدە ئۆمىلەپ كېلىۋاتاتتى... خەتەر ئىچىدە ياشاۋاتقان بۇ تايچاق كۆپىيىش، ھايات كۆچۈرۈشنى مەقسەت قىلاتتى؛ ھالبۇكى، قادىلىپ تۇرغان ئافرىقا شىرىمۇ ھاياتلىق ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلاش ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەندى.

يۇگۇڭ تاغنى يۆتكىگەندە «نەۋرىلىرىمنىڭ نەۋرىلىرى» دەيدىغان غەيرەتكە تايىنىپ تەيخاڭشەن ئېغى بىلەن ۋاڭۋۇشەن ئېغىنى يۆتكەپ، كېيىنكىلەرگە داغدام يول ئېچىپ بەردى؛ غەربىي خەن دەۋرىدىكى نامرات ئۆسمۈر كۇاڭخېڭ تامنى تېشىپ قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىكى شام يورۇقىدىن پايدىلىنىپ كىتاب

ئوقـۇپ، ئىلـىم تەھسىـل قىلدى؛ خـەن دەۋرىدىكى كـۆكىزىچـىلار ئىـلمىـنىڭ پىـرى سۇن جىڭـيۇەن كىچىـكىدىـنلا ئۆگـىنىشكـە ھېرىسمەن بولۇپ، چارچاپ ئۇخلاپ قالماسلىق ئۈچۈن چېچىنى ئارغامچا بىلەن لىمغا باغلاپ قويـاتتى، ھەر قېـتىم مـۈگـدەپ قالغاندا، ئارغامچا ئۇنىڭ باش تېرىسىنى ئاغرىتاتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ سەگەكلىشەتتى، شۇنداق قىلىپ كىتاب ئوقۇشنى داۋاملاشتۇراتتى.

ئېدىسونمۇ ئۆمۈرۋايەت تىنىم تاپماي ئۆزىنى ئىلىم ـ پەنگە بېغىشلاپ نام ـ مەنپەئەتكە ئېتىبار قىلمىدى، ئۇ نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۆمرىدە ئارانلا ئۈچ ئاي ئوقۇغانىدى. ئوقۇتقۇچى دائىم ئۇنىڭ غەلىتە سوئاللىرىدىن تەمتىرەپ قالاتتى، ئوقۇتقۇچى ئۇنى ئانىسى ئالدىدا دۆت، كەلگۈسىدە ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ، دېگەنىدى. بىراق، ئېدىسون پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىم ـ پەن كەشپىياتىغا بېغىشلاپ، دۇنياغا يورۇقلۇق ئاتا قىلدى. ئېدىسون دائىم «تالانتنىڭ بىر پىرسەنتى ئىلھام، 99 پىرسەنتى تىرىشچانلىق» دەيتتى. ئۇ 80 ياشقا كىرگەندىمۇ تولۇپ تاشقان غەيرەت بىلەن كەشپىيات، ئىجادىيەت پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇردى. 1931 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سەھەر سائەت 3 تىن 24 مىنۇت ئۆتكەندە ئېدىسون تەبەسسۇم قىلىپ تۇرۇپ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى، ئۇ شۇ چاغدا 84 ياشتا ئىدى. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا «مەن ئىنسانلارنىڭ بەختى ئۈچۈن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تىرىشتىم، ئەپسۇسلىنىدىغان ئىشىم يوق» دېگەنىدى.

مەشھۇر پەيلاسوپ ۋىتگېنشتېين پۈتكۈل ئۆمرىنى پەلسەپىگە بېغىشلىدى، ئۇ كۆز يۇمۇش ئالدىدا «دۇنيا ئەھلىگە ئۇقتۇرۇڭلار، مېنىڭ ئۆمرۈم ناھايىتى بەختلىك ئۆتتى» دەپ سۆز قالدۇردى.

مانا بۇلار ھاياتتىكى تىنىمسىزلىقنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلى.

ئېينشتېيىنمۇ مۇنداق دەپ ناھايىتى ياخشى ئېيتقانىدى: «ئاچچىق ھەم تاتلىق تاشقى دۇنيادىن، قەتئىيلىك قەلبدىن، بىر ئادەمنىڭ تىرىششىدىن كېلىدۇ». كانتمۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ئادەم ئۆزۈكسىز ئىجادىي خىزمەتنى داۋاملاشتۇرىدۇ، خىزمەت ئادەمگە شادلىق ئاتا قىلىدىغان ئەڭ ياخشى چارە».

1824 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا بېرىپ قالغان گېيوتى ئېكمان بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقاندا ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى ئەسلەپ مۇنداق دېگەنىدى: «كىشىلەر مېنى ئەڭ تەلەيلىك ئادەم دېيىشىدۇ، مېنىڭمۇ ھېچقانداق زارلىنىدىغىنىم يوق، پۈتكۈل ئۆمرۈمدە بىسىپ ئۆتكەن مۇساپەمدىنمۇ قۇسۇر ئىزدىمەيمەن. بۇ ئۆمرۈمدە ئاساسىي جەھەتتىن جاپالىق خىزمەت قىلدىم، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، 75 ياشقا كىرگۈچىلىك بىرەر ئايمۇ ھەقىقىي راھەت تۇرمۇش ئۆتكۈزمەپتىمەن. خۇددى تاغ ئۈستىگە تاشنى ئىتتىرگەندەك تاش سىيرىلىپ چۈشسە يەنە ئۈستىگە ئىتتىرىپ ماڭدىم. مېنىڭ ھايات مۇساپەم بۇ سۆزۈمنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ».

1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئېينشتېين پەخرىي پىروفېسسور نامى بىلەن پېنسىيەگە چىقتى. ئۇ پېنسىيەگە چىقىشتىن بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى پىروفېسسور شتېرن بىلەن بىر قېتىم سەممىمىي سۆھبەتتە بولۇپ، مەن نىسپىيلىك نەزەرىيەسىدىكى بەزى ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە ئىجتىھات بىلەن مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋاتىمەن، پېنسىيەگە چىقساممۇ بۇ خىزمەتنى ھەرگىز توختىتىپ قويمايمەن، دېگەنىدى.

شتېرن بۇ توغرىدا ئوبزور ئېلان قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «پېنسىيە ئېينشتېيىننىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق ئىلمىي ـ پەن پائالىيىتىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەيدۇ، بىر مەمۇر پېنسىيەگە چىقسا بولىدۇ، ئەمما بىر ئىستېداتلىق

ئادەم پىنسىيەگە چىقالمايدۇ».

18 ـ ئەسىردىكى گېرمانىيەلىك مەشھۇر مۇتەپەككۇر، ئەدىب لېسسىنگ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتكە ئۇزۇكسىز ئىنتىلىش ئۇنى ئىگىلىۋېلىشتىنمۇ قىممەتلىك». بۇ ھېكمەتلىك سۆزنى ئېينشتېينمۇ نەقىل كەلتۈرۈشكە ئامراق بولۇپ، ئۇنى پۈتكۈل ئۆمرىنىڭ دەستۇرى قىلىپ، ئۇنىڭدىن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە، تەسەللىگە ئېرىشكەنىدى.

دەرۋەقە، ئۇزۇكسىز ئىنتىلىش، شۇنداقلا ئىنتىلىش جەريانى ئادەمنى ھەقىقىي بەخت ۋە قانائەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئۈمىدكە تولغان سەپەر مەنزىلگە يەتكەندىن ياخشى. پىكاسسو 60 يېشىدا ئويما رەسىم تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەن، 70 يېشىدا ساپالچىلىقنى ئۆگەنگەن، ئۇنىڭ بەدىئىي گۈزەللىككە ئۇزۇكسىز ئىنتىلىش قىزغىنلىقى ئادەمنى قايىل قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «‹بۈگۈنكى خىزمىتىمنى تاماملىدىم›، ‹ئەتە يەكشەنبە› دەيدىغان شۇنداق بىر كۈن مەڭگۈ بولمايدۇ. خىزمىتىمنىڭ ئاخىرلىشىشى سېنىڭ يېڭى خىزمەتنى باشلىشىڭ كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ... سەن ئۆمۈرۋايەت ‹ئاخىرلاشتى› دېگەن سۆزنى قىلالمايسەن».

ئېينشتېين ئالەمدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى دوستىغا مۇنداق دېگەنىدى: «ئەگەر سىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇۋاپىق خىزمەتكە ئېرىشسىڭىز، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خىزمەت ۋە تۇرمۇشىڭىز ئۆزگىچە تۈسكە ئىگە بولىدۇ.» دەرۋەقە، ئېينشتېين ئۆمرىدە بىر قاتار مۇۋاپىق ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆمرى جۇشقۇن ھەم مەنىلىك ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھايات ـ ماماتلىقنىڭ پەرقى پەقەت فىزىكا مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش ـ قىلماسلىق، تەبىئەتنىڭ بىرلىكلىك قۇرۇلمىسى ئۈستىدە ئويلىنىش ـ ئويلانماسلىق، سپىنوزانىڭ تەڭرىسىگە ـ تەبىئەتكە يېقىنلىشىش ـ يېقىنلاشماسلىقتا ئىپادىلىنەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاچا يولدا ئارسالدى بولۇش ــ تاللاش هوقۇقى ئۆزىڭىزنىڭ قولىدا

ئادەمنىڭ ئىرادىسى ئەركىن بولىدۇ، ئادەم بولۇش ياكى هايۋان بولۇش شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق.
ــ لۇكرېتىسىي

غەرب پەلسەپە تارىخىدا «بىرىتاننىڭ ئېشىكى» دەيدىغان مەشهۇر چۆچەك بار. چۆچەكتە بىرىتان ئىسىملىك پەيلاسوپ بىر ئېشەك باقىدىكەن. ئۇنىڭ ئېشىكى باشقا ئېشەكلەردىن پەرقلىنىدىكەن. بۇ ئېشەك مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى ياخشى كۆرىدىكەن، نېمىلا ئىش بولسا نېمە ئۈچۈنلۈكىنى سۈرۈشتۈرۈشكە ئامراق ئىكەن. بىر قېتىم غوجايىنى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىككى دۆۋە ئوت ـ چۆپنى بېرىپتۇ. بۇ ئىككى دۆۋە ئوت ـ چۆپنىڭ هېچقانداق پەرقى بولمىغاچقا، ئۇ قايسىسىنى ئالدىدا يېيىشنى بىلەلمەپتۇ، ئېشەك ئاخىر ئىككى دۆۋە ئوت ـ چۆپ ئالدىدا تۇرۇقلۇق ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قاپتۇ.

قەدىمكى جۇڭگودا «ياڭ جۇنىڭ ئاچا يول ئېغىزىدا يىغلىشى» دېگەن هېكايە بار بولۇپ، بۇ هېكايىدىكى ياڭ جۇ دېگەن كىشى سىرتقا چىققاندا ئاچا يولغا توغرا كېلىپ قالغان. ئۇ قايسى يولغا مېڭىشنى بىلەلمەي، ئاخىر يىغلىغان.

بىرىتاننىڭ ئېشىكى ئىككى دۆۋە ئوت ـ چۆپنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى سېلىشتۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى يېمەكچى بولغاچقا، قاراپ تۇرۇپلا ئاچلىقتىن ئۆلگەن. ياڭ جۇ ئاچا يول ئېغىزىغا كېلىپ قايسى يولغا مېڭىشنى قارار قىلالمىغاچقا هۆكىرەپ يىغلىغان.

تاللاش ئەندىزىسى ئادەم ئىرادىسىنىڭ ئەركىنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ياڭ جۇنىڭ ئاچا يولدا يىغلىشى تاللاش ئالدىدىكى ئېسەنگىرەش، ئەركىنلىك توغرىسىدىكى ئەندىشە،

شۇنداقلا ئۆز قارارى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئادەتلەنمەسلىك ئەھۋالىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، ئاچا يولدا يىغلاشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل تاللاش، بىراق بۇ ئەڭ پاسسىپ تاللاش. خۇسۇسىي ھاياتتا ياكى مىللەت تارىخىدا ئاچا يولغا توغرا كېلىپ قالغاندا يىغلاپ تۇرساق، ئالغا ئىلگىرىلىمىسەك ھەرگىزمۇ دانالىق بولمايدۇ.

شۇڭا، ئادەم ھامان تاللاشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. رېئال تۇرمۇشتا ئەقىللىكلىكتىن دۆتلىشىپ كەتكەن بىرىتاننىڭ ئېشىكى يوق، بۇنداق ئادەم تېخىمۇ يوق. خۇددى يۇم ئېيتقاندەك، ئادەمنىڭ ھەرىكىتى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىرادە، ھېسسىيات قاتارلىق ئەخلاق كاتېگورىيەسى ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ تىزگىنلىشىدە بولىدۇ. ئەكسىچە ئىدراكنىڭ تىزگىنلىشىدە بولمايدۇ. شۇڭا، يۇم ئىدراكنى قىزغىنلىقنىڭ قۇلى دەيدۇ.

غەربتىكى مەشھۇر ئىقتىسادشۇناس ئادام سىمىت «ئىقتىسادىي ئادەم قىياسى» نى ئوتتۇرىغا قويغانىدى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئادەم ئىدراكقا ئىگە بولىدۇ، ئادەمنىڭ بارلىق ھەرىكىتى «ماكسىمۇم مەنپەئەت»كە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇ «مىللىي بايلىق توغرىسىدا» دا مۇنداق دەيدۇ: «بىز كۈندە ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەر قاسساپ، ھاراق ئېچىتقۇچى ۋە بولكىچىنىڭ شاپائىتىدىن كەلمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن سوققان چوتىدىن كېلىدۇ».

ئادام سىمىتنىڭ نەزەرىيەسىگە ئاساسلانغاندا، ئادەم ھەرقانداق بىر تاللاشتىن ئىلگىرى ئەقلىگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ قانچىلىك پايدىغا ئېرىشىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە نېمىلەرنى يوقىتىدىغانلىقىنى دەڭسەپ، تەھلىل قىلىپ كۆرىدۇ، ئەگەر ئېرىشىدىغىنى كۆپ، يوقىتىدىغىنى ئاز بولسا ئۇ ھەرىكەتنىڭ قوزغاتقۇچى كۈچىگە ئېرىشىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا

www.uyghurkitap.com

هەرىكەت قىلمايدۇ.

«ئىقتىسادىي ئادەم قىياسى» ئىقتىسادشۇناسلىق نەزەرىيەسىدە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بىراق رېئال تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، پۈچەك ۋە بىمەنە پاراڭغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، بىز بەزى چوڭ - چوڭ تاللاشلار ئارىسىدا پايدا - زىياننى ئەسلا دەڭسەپ بولالمايمىز، ئۇنداق قىلالىغان بولساق «تەڭقىسلىقتىكى تاللاش» كۆرۈلمىگەن بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچە ئەھۋالدا ۋاقىت بىزنىڭ جىددىي ۋەزىيەتتە تەھلىل قىلىپ، سېلىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن تاللىشىمىزغا يول قويمايدۇ.

كۆپىنچە ئاياللار ھەمىشە ئەرلەردىن مۇنداق سوئالنى سورايدۇ: «ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن ۋە ئاپىڭىز تەڭلا سۇغا چۈشۈپ كەتسەك، قايسىمىزنى ئاۋۋال قۇتقۇزىسىز؟» بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ھەقىقەتەن قىيىن، چۈنكى بۇنداق جىددىي ئەھۋالدا ھەرقانداق ئادەم «سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيمەن» دەپ ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ، ھېچبولمىغاندا سۇغا سەكرەشكە توغرا كېلىدۇ.

سىز ئىككىلا ئادەمنى قۇتقۇزۇپ چىقالىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن «ئاۋۋال» دېگەن بۇ شەرتلىك سۆز، سىزنى تەڭقىسلىقتا قالدۇرىدۇ.

بەزىلەر ئالدى بىلەن ئانىنى قۇتقۇزۇش كېرەك، چۈنكى خوتۇننى قايتا ئالسا بولىدۇ، ئانا تېپىلمايدۇ دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر ئالدى بىلەن خوتۇننى قۇتقۇزۇش كېرەك، چۈنكى ئۇنى قايتا ئالغىلى بولسىمۇ، مۇھەببەتكە قايتا ئېرىشكىلى بولمايدۇ، شۇڭا خوتۇن بىردىنبىر، ئانىغا كەلسەك، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشكە توغرا كەلگەندە ۋاز كېچىش كېرەك، دەيدۇ.

ئەلۋەتتە، كېيىنكىسىنىڭ جاۋابى ئويلىمىغان يەردىن چىققاچقا دىمىقىمىزدا كۈلۈپ قويىمىز، ئەمما كۆپچىلىكنىڭ

بىر دەك پوزىتسىيەدە بولغانلىقى تاللاشنىڭ ئاسان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەيدۇ، چۈنكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قانچە ناتىق بولغان تەقدىردىمۇ مۇنداق ئەھۋالدا ھودۇقۇپ قالىدۇ، بەزىدە چوڭ قائىدىلەر بىلەن ئادەمدىكى شەرتلىك رېفلېكس ئوخشىمىغان ئىككى ئىش بولۇپ قالىدۇ.

بىراق، ئادەمنى تەئەججۈپلەندۈرىدىغىنى قالدۇرىدىغان مۇشۇنداق قىيىن سوئالغا بىر بالا ئادەتتىكىدەك ھەم كەسكىن قىلىپ مۇنداق جاۋاب بەردى: «ئۇنى ـ بۇنى قويۇپ، قايسى ماڭا يېقىن بولسا ئالدى بىلەن شۇنى قۇتقۇزىمەن.» دۇرۇس، مانا بۇ تاللاش بولسا كېرەك، ئاشۇ دەقىقىدە ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بولغان نەرسىنى تۇتۇۋېلىش لازىم، ئادەم ئۇچۇنمۇ شۇنداق، دۇنيادىكى ئىشلاردىمۇ شۇنداق. بۇ يەردە ئىنسانلارنىڭ ئىدراكى شۇنچىلىك زەئىپ كۆرۈنىدۇ.

ئىلگىرى مۇنداق بىر يۇمۇرلۇق ھېكايە تارقالغانىكەن:

مەلۇم دۆلەتنىڭ پايتەختىدە ئاياللار سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپتۇ، يىغىنغا ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئايال ۋەكىللىرى قاتنىشىپتۇ. ياشىنىپ قالغان بىر ئايال يىغىندا سۆز قىلىپ، جورىسى ھەققىدىكى قارىشىنى سۆزلەپتۇ ھەمدە ئېرىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تاللاپ بەرگەنلىكىنى، مۇشۇ سەۋەبتىن ئۆزىنىڭ تا ھازىرغىچە ئىنتايىن خۇشال ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپتۇ.

ئاياللاردىن بىرى ئۇنىڭ قارىشىنى چۈشەنمەي ئۇنىڭدىن:

ـــ نېمە ئۇچۇن؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـــ چۈنكى، ـــ دەپتۇ ئۇ، ـــ ئەگەر ئۆزۈم تاللىغان بولسام ئۆمۈرۋايەت پۇشايماندا قالاتتىم.

ئەركىنلىك دېگەن نېمە؟ ئاممىباب قىلىپ ئېيتساق، ئالدىڭىزدا نۇرغۇن يول بولسىمۇ، سىز ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرنىلا تاللىيالايسىز، شۇ چاغدا كاللىڭىزدا سوئال، ئېھتىمال پەيدا بولىدۇ، چۈنكى سىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرىنى تاللىغان ئىكەنسىز باشقىلىرىنى تاللىيالمايسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە قايسى يولنىڭ سىزگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشتۇرالمايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەڭقىسلىقتىكى تاللاش ئادەمنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، بىراق تاللاش ئىمكانىيىتىنىڭ بەك كۆپ بولۇشىمۇ ياخشى ئىش بولۇشى ناتايىن، چۈنكى ئەركىنلىك ئالدىدا تاللىشىڭىز ئۈچۈن بەدەل تۆلىشىڭىز كېرەك. شۇڭا، ئەركىنلىك ئۇنداق يەڭگىل سۆز ئەمەس، يۇنان تىلىدا «ئەركىنلىك» دېگەن سۆزنىڭ «جازا» دېگەن مەنىسى بار ئىكەن. خۇددى ھېيدېگېر ئېيتقاندەك: «تاللاش مۇقەررەرلىككە ئايلانغاندا ئەركىنلىك ئادەم ئۈچۈن شۇبھىسىزكى جازاغا ئايلىنىدۇ».

## قىسمەتنى قەدىرلەش — مۇشكۈلاتتا بىللە ھالاك بولغاندىن باشقا چىقىش يولى ئىزدىگەن ئەلا

مۇشكۈلاتتا بىللە ھالاك بولغاندىن ئەل كېزىپ
بىر - بىرىنى ئۇنتۇشقان ئەلا.
— جۇاڭزى

20 - ئەسىردىكى مەشھۇر چېخ يازغۇچىسى مىلان كۇندېرا «ھاياتتىكى چىدىغۇسىز يەڭگىلتەكلىك» ناملىق مەشھۇر رومانىنى يازغان، بۇ روماندا ئادەمنىڭ ھاياتلىق يولى توغرىسىدا قارار چىقىرالمايدىغانلىقى، بەلكى قارارنىڭ بىر خىل تاشقى «قىسمەت»كە تايىنىدىغانلىقى، ھاياتلىقتىكى مەلۇم كىشىلەرگە «تاسادىپىي» يولۇقۇش، بەزى ئىشلارنىڭ «تاسادىپىي» يۈز بېرىشى ئارقىسىدا، بۇ ئادەم ۋە ئىشلارنىڭ «تاسادىپىي» بىرلىشىپ ھايات ۋە تۇرمۇشقا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق، بىزنى مۇشۇ «تاسادىپىي»لار تىزگىنلەپ تۇرىدۇ، ئەگەر ھاياتتا مۇشۇ «تاسادىپىي»لار بولمىسا ھايات ئۆربىتىمىزدا باشقىچە مەنزىرە نامايان بولغان بولاتتى. بىراق، ئادەم ئەسلىدىكى باش پەللىگە قايتىپ بارالمايدۇ، ھاياتنىڭ ئەسلىي ئۆزىنىڭ سالمىقى يوق، ئۇ كەچ كۆزدىكى بىر تال يوپۇرماققا ئوخشايدۇ. ئۇنداقتا ھاياتنىڭ سالمىقى نەدە؟ قانداق

قىلغاندا ئۆز تەقدىرىمىزنى ئۆزىمىز كونترول قىلالايمىز؟

بىراق، ئادەم هامان «تاسادىپىي»لىقلاردىن قۇتۇلالمايدۇ، بۇنداق «تاسادىپىي»لىقلار بىزگە قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. هاياتلىق مانا شۇ تەرزدە رېئاللىشىدۇ، بىز ئۇنىڭدىن ئەسلا قۇتۇلالمايمىز. چۈنكى، ئادەم مۇشۇ دۇنيا ۋە ئەتراپىدىكى ئادەملەردىن ئايرىلىپ مەۋجۇت بولالمايدۇ.

«جۇاڭزى»نىڭ «دازۇڭشى» بۆلىكىدە مۇنداق هېكايە بار: بىر بۇلاقنىڭ سۈيى قۇرۇپ كېتىپتۇ، ئىككى بېلىق بۇ جايدىن ئايرىلىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەي، قۇرۇقلۇقتىكى كىچىك كۆلچەكتە تۇرۇپ قاپتۇ، ئىككى بېلىق كۈنبويى بىللە تۇرۇپ، ئاغزىدىكى كۆپۈكنى قارشى تەرەپنىڭ ئاغزىغا پۈركەپ هاياتىنى ساقلاپ قاپتۇ. بۇ مەنزىرە ئادەمنى هەقىقەتەن تەسىرلەندۈرىدۇ، بىراق هېكايىنىڭ ئاخىرىدا جاهان كەزگەندە بىر ـ بىرىنى ئۇنتۇشقان ئەلا، دېگەن گەپ بار.

ئىككى بېلىق بىر ـ بىرىنىڭ هالىغا يېتىپ بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈۋاتقان شۇ پەيتتە ئۇلار ئەڭ خەتەرلىك هالەتتە تۇرغان بو-لىدۇ. هالبۇكى، ئۇلار مۇشۇ خەتەرلىك مۇهىتتىن ئايرىلسىلا قارشى تەرەپنى، هەتتا ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇيدۇ، شۇندىلا تەبىئىي هەم ئەركىن مەنزىلگە تامامەن قايتىپ كەلگەن بولىدۇ. بۇ خىل مەن-زىل ئۇلارنىڭ چىن خاراكتېرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان مەنزىل هېسابلىنىدۇ. شۇڭا، جۇاڭزى بېلىقنىڭ قۇرۇقلۇقتا بىر ـ بىرىنىڭ تەشنالىقىنى قان-دۇرغىنىدىن كۆل ـ دەريالاردا يۈرۈپ بىر ـ بىرىنى ئۇنتۇپ كەتكىنى ئەۋزەل، دەيدۇ.

جۇاڭزىنىڭ قارىشىچە، ئاڭقاۋ هالەت مەۋجۇداتلارغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان هالەت ئىكەن. هەرقانداق نەرسىنىڭ ئەهۋالى باشقىلارنىڭكىدىن قانچىلىك پەرقلەنسۇن، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى چىن خاراكتېرىگە ئۇيغۇن كەلسىلا ئۇ ناهايىتى بىمالال ياشاپ، هېچ نەرسىنى هېس قىلالمايدىغان، هەممىنى ئۇنتۇپ كېتىدىغان

www.uyghurkitap.com

دەرىجىگە يېتىدۇ. جۇاڭزى بۇ خىل ئەھۋالنى تامامەن ئۇيغۇنلىشىش، ھېچ نەرسىنى ھېس قىلماسلىق، دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ھەرقانداق نەرسە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى چىن خاراكتېرىدىن ئايرىلغان مۇھىتقا ماسلاشسا بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ، ھەتتا زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ تۇرۇۋاتقان مۇھىتى باشقىلاردىن ئەۋزەل ھېسابلانسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرسىمۇ، بۇ خىل زىيانكەشلىكتىن مۇستەسنا بولالمايدۇ. باشقا نۇقتىدىن قارىغاندا، مەلۇم بىر نەرسە ئۆزى تۇرۇۋاتقان مۇھىت توغرىسىدا مەلۇم ھېس - چۈشەنچىگە ئىگە بولغاندا، بۇ مۇھىت ئۇنىڭ ئەسلىدىكى چىن خاراكتېرى بىلەن مەلۇم ئارىلىق پەيدا قىلىدۇ، ھېس - چۈشەنچە چوڭقۇرلاشقانسېرى ئارىلىقمۇ چوڭىيىدۇ، ئۇنىڭ ھېس - چۈشەنچىسى چىدىغۇسىز دەرىجىگە يەتكەندە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشمۇ قىيىن بولىدۇ.

جۇاڭزىنىڭ مۇشۇ قائىدىسى بويىچە جەمئىيەت ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت، دوستلۇق ۋە قانداشلىقنى كۆزىتىش ياخشى ئەھۋال ئەمەس، ئۇنداق قىلىش چىن خاراكتېرنى زىيانغا ئۇچرىتىش، مۇھىتنى ناچارلاشتۇرۇشنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالىدۇ، شۇنداقلا ئاڭقاۋلىق، چېچىلاڭغۇلۇق، كۆڭۈل بۇزۇقچىلىقنىڭ نەتىجىسى بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق بولماي كۆپچىلىك تەبىئىي ياشاپ، تەبىئىي مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى چىن خاراكتېرىگە ئۇيغۇن كەلگەن مۇھىت ئىچىدە بىمالال ياشىسا، يالغاندىن يېقىنچىلىق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى بولسۇن؟ جۇاڭزى مۇشۇنىڭغا ئاساسەن تەبىئىي، ھېس - چۈشەنچىسىز تۇرمۇش ئەڭ ياخشى تۇرمۇشتۇر، دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ. مۇشۇنداق تۇرمۇش ئادىتى بۇزۇپ تاشلانسا ھەشەمەتلىك، ھەتتا سەلتەنەتلىك مەنزىلگە يەتكەن تەقدىردىمۇ، بۇ خىل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىمىزنىڭ تامامەن ئەكسىچە نەتىجە پەيدا قىلىشى

مۇمكىن، چۈنكى بۇ خىل مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى ئۆزىمىزنىڭ تەبىئىتىگە ماس كەلمەيدۇ.

ھالبۇكى، بېلىق دەريا، كۆللەردە ئەركىن ـ ئازادە ئۈزسە، ئۇنىڭ تەبىئىتى ئەسلىگە كەلدى دېيىشكە بولىدۇ، شۇ بېلىق ئۆزى بىلەن بىر چاغلاردا تەشنالىقىنى قاندۇرۇشقان يەنە بىر بېلىققا ئۇچراپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئازاب ھېس قىلمايدۇ، ئۇنى ئەسلىمەيدۇ، شۇنداقلا قىيالماسلىق تۇيغۇسىدا بولمايدۇ. بىراق، ئادەمچۇ؟ ئادەم ھېسسىياتقا تايىنىپ ياشايدۇ، سۇركىلىشىپ ئۆتۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ مېڭىسىدە چوڭقۇر تەسىر قالىدۇ، «ئۇنتۇش» دېگەنلىك ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالدىغانلىق. جۇاڭزى كۆزدە تۇتۇۋاتقان «مىجەز، تەبىئەت» بەلكىم ئادەمگە ئۇيغۇن كەلمىسە كېرەك، ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن ئەتراپتىكىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇنىڭ بارلىق كەچۈرمىشلىرى — ياخشى ياكى يامان بولسۇن تۇرمۇشىغا ئاللىبۇرۇن بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەسىر كۆرسەتكەن بولىدۇ.

كىشىلىك ھايات ئوربىتىسى «تاسادىپىي» بولغان تۇرۇقلۇق، يەنە نېمە ئۈچۈن غەمگە پېتىپ قالىمىز؟ نېمە ئۈچۈن بۇ خىل «تاسادىپىي»لىقنى قوبۇل قىلمايمىز ۋە ئۇنىڭدىن زوق ئالمايمىز؟ ئادەم دۇنيادا نەچچە ئون يىللا ياشايدۇ، بىراق مۇشۇ نەچچە ئون يىللىق كىشىلىك ھايات ئوربىتىسىدا بەزىلەر ئاجايىپ ئېسىل تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، بەزىلەرنىڭ تۇرمۇشى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. بىراق، كىشىلىك ھايات مۇساپىسى ۋە ئوربىتىسى قانداق سىزىلىشتىن قەتئىينەزەر، ھەربىر ئادەم ئۆز ھاياتىنىڭ ھەربىر دەقىقىدىكى ئېنېرگىيەسى ۋە ئىسسىقلىقىنى، ئۆزىنى سۆيۈش ۋە باشقىلارنى سۆيۈش ھېسسىياتىنى چەكسىز قويۇپ بېرىشى كېرەك. چۈنكى، سىز مۇشۇ نەچچە ئون يىللىق ھاياتىڭىزنى باشقىلارغا بېغىشلىيالايسىز، شۇنداق بولغانىكەن نېمە ئۈچۈن سېھرىي كۈچىڭىزنى نامايان قىلمايسىز؟

ھاياتتىكى «تاسادىپىي»لىق تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا قىسمەتتىن ئىبارەت.

سىز بىلەن قىيىن كۈنلەردە بىللە ئۆتكەن ئادەم سىزنىڭ سېغىنىشىڭىزغا ئەڭ ئەرزىيدىغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ھاياتىڭىزدا مۇشۇنداق بىر ئادەمنىڭ ھايات سەپىرىدە سىز بىلەن بىللە بولۇشنى خالىشى تىنىمسىز دەۋرلىنىۋاتقان ھاياتتىكى ئەڭ زور بەخت ھېسابلىنىدۇ.

دوستقا كەلسەك، دوستنىڭ بۇرادەر، چىن دوست، يېقىن دوست، قىز دوست، ئوغۇل دوست، دوست... قاتارلىق نۇرغۇن خىلى بار، دوستلۇققا تەبىر بېرىشنىڭ، شۇنداقلا يېڭى ـ كونا دوست ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى قەستەن تەكىتلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. دوستلۇقنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، دوستلار ئارا ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولغاندا قولىمىزنى سۇنالىساق، بىرەر تېلېفون، بىرەر سالام، بىرەر قىسقا ئۇچۇر، بىرەر قېتىملىق كۆڭۈللۈك سۆھبەت، بىرەر قېتىملىق پىيادە سەيلە قاتارلىقلار ئارقىلىق بىر ـ بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرالىساق كۇپايە. ئادەمنىڭ تەنها ھالدا تويتىن ئايرىلىپ ياشىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

مەيلى دوستىمىز ياكى ئائىلىدىكىلەر بولسۇن، مەيلى دوستلۇق ياكى تۇغقانچىلىق بولسۇن، ئۇلارغا مېھىر ـ مۇھەببەت كۆرسىتىش بىر خىل بەخت ـ سائادەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقتا، بىز نېمە ئۈچۈن قىيىن كۈنلەردىمۇ دوستلۇقىمىزنى ئۇنتۇپ قالىمىز؟ كىم يەنە ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى تاشلاپ قويالايدۇ؟ ھېچكىم ئۇنداق قىلالمايدۇ.

بىز ئۆزىمىزنىڭ بالىلىق مەزگىلىدىكى دوستلىرىمىزنى، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى پارتىدىشىمىزنى، بىزگە ھاياتلىق ئاتا قىلغان ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھاياتىمىزغا تېخىمۇ كۆپ خۇشاللىق ۋە لەززەت ئاتا قىلغان مەشۇقىمىزنى ئۇنتۇيالمايمىز.

# تۇرمۇشتىن مىننەتدار بولۇش — ھەربىر كۈننى قەدىرلەش

دۇنيانىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ سىرتىدا.
— ۋىتگېنشتېين

مەشھۇر پەيلاسوپ ۋىتگېنشتېين ئۆلۈش ئالدىدا شاگىرتلىرىغا مۇنداق دېگەنىكەن: «دۇنيا ئەھلىگە ئېيتقىن، مېنىڭ ئۆمرۈم ناھايىتى بەختلىك ئۆتتى.» ئۇنىڭ سۆزى چىن قەلبىدىن ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇ تۇرمۇشتىن مىننەتدار بولغانىدى.

لېيبنىز مۇنداق دەيدۇ: «بىز ياشاۋاتقان دۇنيا ياشاش مۇمكىنچىلىكى بولغان بارلىق دۇنيا ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى دۇنيادۇر.» ئۇنىڭ بۇ سۆزى تەبىئەتتىن ھېيىقىش ئاساسىدا ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.

ھەربىر ئادەم ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنياغا ئوخشاش بولمىغان باھالارنى بېرىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ ياخشى ياكى يامانلىقى، تۇرمۇشنىڭ گۈزەل ياكى ناچارلىقى، تۇرمۇشنىڭ بەختلىك ياكى ئېچىنىشلىقلىقى توغرىسىدىكى باھايىمىزغا كۆپىنچە شەخسىي ھېسسىيات ۋە كەچۈرمىش ئارىلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، كۆپ ھاللاردا خاتالىق پەرقى كۆرۈلىدۇ. بىراق، شەخسىي ئامىلنى چەتكە قايرىپ قويۇپ، تۇرمۇش ۋە دۇنيادىن مىننەتدار بولۇش ھېسسىياتىدا بولساق بۇ بىر خىل كەڭ قورساقلىق ۋە سالاپەت ھېسابلىنىدۇ.

تۇغمىچە ھەممەتكە تۆگىچە مىننەتدارلىق بىلدۈرمەك كېرەك، دەيدىغان گەپ بار. مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بىر خىل تۇرمۇش پوزىتسىيەسى، شۇنداقلا تۇرمۇشتىكى تەسىرلىك ئىشلارنى بايقىيالايدىغان ھەم ئۇلاردىن زوق ئالالايدىغان ئىدىيەۋى مەنزىل. بۇ ئاتا - ئانىغا، قېرىنداشلىرىغا، دوستلىرىغا، تۇرمۇشقا... جۈملىدىن مۇشكۈلاتقا ۋە دۈشمەنلەرگە مىننەتدارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلدۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىر قېتىم ئامېرىكا پىرېزىدېنتى روزىۋېلتنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپ نۇرغۇن نەرسىسىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. بىر دوستى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ئۇنىڭغا خەت يېزىپ تەسەللى بېرىپتۇ. روزىۋېلت دوستىغا يازغان جاۋاب خېتىدە مۇنداق دەپتۇ: «قەدىرلىك دوستۇم، خەت يېزىپ تەسەللى بەرگىنىڭگە رەھمەت، مەن ھازىر ئىنتايىن ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن. پەرۋەردىگارغا رەھمەت. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئوغرى مېنىڭ نەرسىلىرىمنى ئوغرىلىدى، ئەمما ھاياتىمغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىدى؛ ئىككىنچىدىن، ئوغرى ھەممە نەرسەمنى ئەمەس، بىر قىسىم نەرسەمنى ئوغرىلىدى؛ ئۈچىنچىدىن، خۇرسەن بولىدىغىنىم شۇكى، ئوغرىلىق قىلغىنى مەن ئەمەس، ئۇ.» ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئوغرىغا ئۇچراش بەختسىزلىك. ھالبۇكى، روزىۋېلت مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە ئۈچ تۈرلۈك سەۋەبنى تېپىپ چىققان.

مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بىر خىل جاھاندارچىلىق پەلسەپىسى، شۇنداقلا تۇرمۇشتىكى كاتتا ئەقىل ـ پاراسەت. دۇنيادا ئادەمنىڭ ھەممە ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىۋەرمەيدۇ، تۈرلۈك مەغلۇبىيەتلەرگە، ئىلاجسىزلىقلارغا باتۇرلۇق بىلەن يۈزلىنىپ، ئۇلارنى كەڭ قورساقلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ھە دەپ تۇرمۇشتىن زارلىنىپ، قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە جۈشقۇنلۇقىمىزنى يوقىتىشىمىز كېرەكمۇ ياكى تۇرمۇشتىن مىننەتدار بولۇپ، يىقىلغاندىن كېيىن قايتا ئورنىمىزدىن تۇرۇشىمىز كېرەكمۇ؟ ئوخشاش بولمىغان تاللاش ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇشنى بەلگىلەيدۇ. ئەنگلىيەلىك يازغۇچى ساكېراي مۇنداق دەيدۇ: «تۇرمۇش سىنئەينەككە ئوخشايدۇ، سەن كۈلسەڭ ئۇمۇ كۈلىدۇ؛ يىغلىساڭ ئۇمۇ يىغلايدۇ.» مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بىر خىل پىسخىكىلىق تەسەللى ئەمەس، رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشمۇ ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئاQ چە روھىي غالىبىيەتچىلىكمۇ ئەمەس. ئۇ تۇرمۇشنى مەدھىيەلەيدىغان بىر

خىل شەكىل، ئۇ تۇرمۇشقا بولغان مۇھەببەت ۋە ئۈمىدنى مەنبە قىلىدۇ.

ئەگەر بىز دۇنياغا ھەر ۋاقىت مىننەتدارلىق بىلەن قارايدىغان بولساق، بۇ دۇنيانىڭ شۇنچىلىك سۆيۈملۈك، شۇنداقلا باياشات ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز! دەرەختىكى قۇشلارنىڭ سايرىشى، قۇياشنىڭ سېخىيلىق بىلەن چاچقان نۇرى ۋە تارقاتقان ئىسسىقلىقى، يول بويىدىكى گۈللەرنىڭ خۇش ھىدى كۆڭلىمىزنى ئازادىلەشتۈرىدۇ.

«قولۇمنى ھەرىكەتلەندۈرەلەيمەن، مېڭەم تەپەككۇر قىلالايدۇ، ئۆمۈرۋايەت ئىنتىلىدىغان غايەم بار، مېنى سۆيىدىغان ۋە مەن سۆيىدىغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم ۋە دوستلىرىم بار، يەنە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغان قەلبىم بار...»

بۇ مەردانە ھەم مۇڭلۇق قۇرلارنىڭ چاقلىق ئورۇندۇقتا 30 يىلدىن ئارتۇق ئولتۇرغان، بېلىدىن يۇقىرى قىسمى پالەچ بىر مېيىپ، دۇنياۋى ئىلىم - پەن پېشۋاسى خوۋكىڭنىڭ قەلىمىدە يېزىلغانلىقىنى كىممۇ ئويلىسۇن.

ئەنگلىيەدە نۇرغۇن قەدىمكى چېركاۋلارنىڭ تېمىغا «مۇلاھىزە قىلايلى ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرەيلى» دېگەن خەت ئويۇلغان بولۇپ، بىزنى ھەر ۋاقىت مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ھەمدە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە ئەسكەرتىدۇ. تۇرمۇشقا، دۇنياغا، ئەتراپىمىزدىكى تونۇش ۋە ناتونۇش كىشىلەرگە، دوستلىرىمىزغا ۋە رەقىبلىرىمىزگە، ئۇلارنىڭ بىزگە مۇشۇنداق ئاجايىپ تۇرمۇش ئاتا قىلغانلىقىغا ھەقىقىي مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

ئىككى ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا ھەم گاس، ھەم ئەما بولۇپ قالغان قىز ھېلېن كېللېر جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق باشقا نورمال بالىلار ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن. ئۇ رادكلىف قىزلار ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن، گىرېك تىلى، لاتىن تىلى، فىرانسۇز تىلى، شۇنداقلا ماتېماتىكا، ئەدەبىيات، تارىخ قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆگەنگەن. ئادەمنى تېخىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەسىرلەندۈرىدىغىنى شۇكى، ئۇ ھەيران قالارلىق غەيرەت بىلەن نۇرغۇن كاتتا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان. ئەمالار ئىچىدە ئۇنىڭ نامى ھومېردىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ھېلېن كېللېر ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندىن باشلاپ، « تۇرمۇشقا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ھەربىر كۈننى قەدىرلىگەن »، ئۆزىنىڭ ئەيىبى سەۋەبىدىن بوشىشىپ كەتمىگەن، دىلخەستە بولمىغان. ئەكسىچە، ھەر كۈنى «راھەت» ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان. ئۇ ھەر كۈنى شەبنەمگە، قۇياش نۇرىغا تەشنا بولغان؛ ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر بوشلۇقىدا پارلاق شەپەق، يىراق تاغ، تىپتىنچ يۇلتۇزلۇق ئاسمانىنى ئويلىغان؛ ھەر كۈنى ئىشەنچكە تولۇپ تەقدىرگە جەڭ ئېلان قىلغان؛ كۈندە بىلىمگە تەشنا بولۇپ قەلبىنى ئويغىتىپ، ئۆزىگە يورۇقلۇق، ئۈمىد ۋە شادلىق ئاتا قىلىپ، ئۆزىنى قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتۈرگەن...

ھېلېن كېللېرنىڭ تۇرمۇشتىن مىننەتدار بولۇپ، ھەر بىر كۈننى قەدىرلەشتەك تۇرمۇش ئىدىيەسى ئۇنىڭ «كۆزۈم ئۈچ كۈنلا ئېچىلسا ئىدى» دېگەن ئەسىرىدە ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئەما يازغۇچى ئۈچ كۈنلۈك كۆرۈش قۇۋۋىتىگە ئىگە بولسا ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى لايىھەسىنى تەسەۋۋۇر قىلغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن مۇئەللىملىرىم ۋە دوستلىرىمنىڭ چىرايلىرىنى كۆرسەم، ئورمانلارغا بېرىپ سەيلە قىلسام، تۈننىڭ قانداق قىلىپ سۈزۈلىدىغانلىقىنى كۆرسەم، سەنئەت مۇزېيلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلسام، سەنئەتتىن زوق ئېلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ روھى ئۇستىدە ئىزدەنسەم، ئەڭ ئاخىرىدا يەنە كىشىلەرنىڭ ياشاش ئۇسۇلىنى كۆرۈپ باقسام، دېگەن ئۈمىدتە مەن. ھېلېن كېللېر كۆرۈش سەزگۈسىنى «ھاياتنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇشنىكى ۋاستە قىلغان». گەرچە ئۇ كۆزىدىن تۇغۇلۇپلا مەھرۇم بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ «تۇرمۇشتىن مىننەتدار بولۇپ، ھەربىر كۈننى قەدىرلىگەنلىكى» ئۈچۈن «قەلبىنىڭ پارلاق دۇنيا ئىكەنلىكى»نى ھېس قىلغان !

ۋىتگېنشتېين مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيانىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ سىرتىدا.» ئەمەلىيەتتە، بەخت تۇيغۇسىنى مۇھىت ۋە تاشقى شارائىت بەلگىلىمەيدۇ، مۇھىمى بىزدە مىننەتدار بولىدىغان قەلبنىڭ بار ـ يوقلۇقىدۇر. ئېرىشكەن سۆيگۈلىرىمىز كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇنى ئەسلەپ قويايلى؛ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىز، دوستلىرىمىز، ھەتتا بىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ قىلىپ بەرگەن ئىشلىرى ئانچىكى كىچىك ئىشلار بولسىمۇ، ئۇلارنى ئويلاپ كۆرەيلى؛ سەھەردە دىمىقىمىزغا ئۇرۇلغان ساپ ھاۋانى، چاچلىرىمىزنى سىلاپ ئۆتكەن شوخ شامالنى ئويلاپ باقايلى... بىزنىڭ تۇرمۇشتىن مىننەتدار بولمايدىغانغا قانداق سەۋەبىمىز بار؟ ھەممەيلەندە مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بولسۇن! بىز ئۇنىڭغا ئىگە بولساق داۋالغۇش ۋە تىنچسىزلىقتا سالماقلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، ئوڭۇشسىزلىق ۋە قىيىنچىلىقلارنى ئاكتىپ بىر تەرەپ قىلىپ، زىمىستان قىشتىمۇ ئىللىقلىق ھېس قىلالايمىز، بوران ـ چاپقۇندىمۇ بەختنى ھېس قىلالايمىز.

مىننەتدارلىقنى بىلمىگەن ئادەم ھەرقانچە باي بولسىمۇ، نامرات ھېسابلىنىدۇ؛ مىننەتدارلىقنى بىلىدىغان ھەمدە مىننەتدارلىققا جاۋاب قايتۇرۇشنى بىلىدىغان ئادەملا دۇنيادىكى ئەڭ باي ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

## ئېرىشىش ۋە يوقىتىش ــ شان ـ شەرەپ ۋە ئوڭۇشسىزلىقتا ئۆزىنى يوقىتىپ قويماسلىق، كەڭ قورساق بولۇش

قايغۇ ھامان خۇشاللىققا ھەمراھ بولۇپ
كېلىدۇ، خۇشاللىقمۇ قايغۇغا ھەمراھ بولۇپ
كېلىدۇ.

ــ لاۋزى

فىزىكا دۇنياسىدا مەڭگۈلۈك ئېنېرگىيە ماشىنىسىنى ياساپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئېنېرگىيەنىڭ ساقلىنىش قانۇنىغا خىلاپ، ئوخشاشلا

www.uyghurkitap.com

تۇرمۇشتىمۇ پايدىلا ئىلىپ زىيان تارتمايدىغان ئىشلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداق بولغاندا تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. تەڭرىنىڭ بارلىق ياخشى يېمەكلىكلەرنى سىزگىلا بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، پايدا ۋە زىيان ئەڭ ئاددىي دىيالېكتىكا مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرىدۇ.

تاڭ سۇلالىسىدە ئاشلىق توشۇشقا نازارەتچىلىك قىلىدىغان بىر مەنسەپدار بولۇپ، زور تۆھپە كۆرسەتمىگەن، شۆھرەت قازانمىغان بولسىمۇ، تارىختا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان، بۇنداق ئەھۋاللار ئاز ئۇچرايدۇ. كىشىلەرنىڭ «ئاز ئۇچراش»تىكى سەۋەبىنى بىلگەندىن كېيىن، هايات توغرىسىدا كۆپرەك مۇلاھىزە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

«تاڭنامە»دە تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بۇ مەنسەپدار بىر قېتىم كېمە بىلەن ئاشلىق توشۇپ كېتىۋاتقاندا تاسادىپىي بوران چىقىپ كېتىپ كېمە ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ، ئاشلىق زور زىيانغا ئۇچراپتۇ. باش مۇپەتتىش ئۇنى تەكشۈرۈپ: «ئاشلىقنى بىخەتەر ئەكېلەلمىگەن، جازالىنىشقا لايىق» دەپ يەكۈن چىقىرىپتۇ. ئاشلىق توشۇشقا مەسئۇل مەنسەپدار گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن گەپمۇ قىلماي كۈلۈپ چىقىپ كېتىپتۇ. باش مۇپەتتىش ئۇنىڭ سالاپىتى ۋە پەزىلىتىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئۇنى چاقىرىپ كېلىپ قايتىدىن باھالاپ «بۇنداق ئەھۋالدا ھەرقانداق ئادەم ئامالسىز قالىدۇ، جازا كەچۈرۈم قىلىنسۇن» دەپتۇ، بۇ مەنسەپدار يەنىلا گەپمۇ قىلماي كەينىگە يېنىپتۇ. باش مۇپەتتىش ئۇنىڭ كۆكسى ـ قارنىنىڭ كەڭلىكىدىن تەسىرلىنىپ ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭغا باھا بېرىپ: «شان ـ شۆھرەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقتا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ، ئىشلارنى كەڭ قورساقلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىدۇ، نەتىجىسى ياخشى» دەپتۇ.

سان ـ ساناقسىز داڭلىق شەخسلەر ئىچىدە كىچىككىنە نازارەتچى ئەمەلدارنىڭ باشقىلارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىشى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ «شان ـ شۆھرەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقتا ئۆزىنى

يوقىتىپ قويماسلىق، ئىشلارنى بىمالال بىر تەرەپ قىلىش»تەك روھىي ھالىتى ۋە پەزىلىتىنى ئۇلۇغلىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ ئەمەلدار ئەجىر ـ تۆھپە، پايدا ـ مەنپەئەت، ئەمەل ـ مەنسەپلەردىن ئايرىلىپ قالسا قايغۇرمايدىغانلىقى، ئېرىشسە خۇشاللىنىپ كەتمەيدىغانلىقى، ئىزچىل سالماق روھىي ھالەتنى ساقلاپ، بۇنداق نەرسىلەرگە پىسەنت قىلماي ئۆزىنى ئازادە تۇتقانلىقى ئۈچۈن «شان ـ شۆھرەت ۋە ئوڭۇشسىزلىق ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىغان».

ھازىر كۆپىنچە كىشىلەر بىسىم ۋە جاپا ـ مۇشەققەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا. ھەممەيلەن جەمئىيەت ئۇزۇكسىز ئالغا بېسىۋاتسا ئادەمنىڭ يۈكى نېمىشقا ئۇزۇكسىز ئېغىرلىشىدۇ، مەنىۋىيىتىمۇ ئۇزۇكسىز پۇچەكلىشىدۇ، ئىدىيەسىمۇ بارغانسېرى تۇتۇرۇقسىزلىشىدۇ؟ دەپ ھەيران قالىدۇ. دەرۋەقە، جەمئىيەت ئۇزۇكسىز ئالغا بېسىۋاتىدۇ، تېخىمۇ مەدەنىيلىشىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، مەدەنىي جەمئىيەت نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆرپ ـ ئادەت پاتقىقىدىن چىقالمايدىغان، تاشقى قائىدە ـ يوسۇن ۋە مەشەتكە ئىنتىلىپ، نېمىنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىك ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدىغان قىلىپ قويىدى. پۇلنىڭ قىزىقتۇرۇشى، ھوقۇق تالاش ـ تارتىشى، ئەمەلدارلىق سورۇنىدىكى ئۆسۈش ـ چۈشۈشلەر ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى خوراتتى. ھەق ـ ناھەق، غەلىبە ـ مەغلۇبىيەت، پايدا ـ زىيان كىشىلەرنى گاھى خۇشاللاندۇردى، گاھى ھەسرەتلەندۈردى، گاھى ھەيران قالدۇردى، گاھى مۇڭلاندۇردى، گاھى ۋەھىمىگە سالدى. كىشىلەر ئارزۇلىرى ئىشقا ئاشمىسا، ئويلىغانلىرى مەغلۇپ بولسا، كۈتكىنى كۆپۈككە ئايلانسا چۈشكۈنلەشتى، ئۆزىنى يوقاتتى.

بىراق، بۇنداق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ئادەم سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەيدىغان ئەۋلىيا ئەمەس. ھالبۇكى، بەزى كىشىلەر ھاياتىدىكى N دانە سەۋەنلىك ۋە پايدا ـ زىيانغا ھەر زامان N+1 دانە سەۋەب تەييارلايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلاردىن

بىرەرىمۇ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە جاۋابكار بولۇشى ناتايىن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى باشقىلاردىن زارلىنىدۇ، بەزىلىرى زامانىنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن قاقشايدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر يەنە بىر قۇتۇپقا بېرىپ قالغان بولۇپ، پايدا ـ زىيان بىلەن سەۋەبلىكنى ئۆزىنىڭ ھاياتىدىنمۇ مۇھىم بىلىپ، پايدا ـ زىيان ۋە سەۋەبلىك ئالدىدا ياكى ئەسەبىيلىشىدۇ ياكى ئالجىيدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلىك دۇنيادىكى ساناقسىز تىراگېدىيەلەرنى رويابقا چىقىرىدۇ. ئېلىمىزدە يېزىلغان «فەن جىنىنىڭ تەشرىپدارلىققا ئۆتۈشى» (چىڭ سۇلالىسىدىكى فەن جىن ئىسىملىك بىر شيۇسەي مەنسەپدارلىق ئىمتىھانىدا تەشرىپدارلىققا ئۆتكەندىن كېيىن خۇشاللىقىدا ئېلىشىپ قالغانلىقى بايان قىلىنغان ھېكايە) بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ، چەت ئەللەردە بۇنداق ئەھۋاللار كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. ئىتالىيەلىك مەشھۇر مۇزىكانت فرانكو كورېللى بىر قېتىملىق زور كۆلەملىك كونسېرتتا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ماھارىتى ئارقىلىق ئۇزاققا سوزۇلغان ئالقىشقا سازاۋەر بولىدۇ، ئالقىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كەسىپ ئەھلىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ بىر نوتىنى خاتا چېلىپ قويغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بۇ ئىش ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېغىر كېلىدۇ، ئۇ شان ـ شۆھرىتىنىڭ بىر نوتا تۈپەيلى چۇشۇپ كېتىشىگە چىدىماي، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ، ئىچ ئاچچىقىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

«شان ـ شەرەپ ۋە ئوڭۇشسىزلىق ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويماسلىق، ھېچ نەرسىگە تارتىشماسلىق» دېگەن سۆزنى ئېيتماق ئاسان، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماق ئىنتايىن قىيىن. پانىي دۇنيادىكى رەڭدارلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ، نام ـ مەنپەئەتكە بېرىلمەيدىغانلار ئاز. شۇڭا، ئازابلىنىدىغانلار كۆپ، ئۇنداق بولمىسا شۇنچە كۆپ ئادەم بىر ئۆمۈر پايدا ـ مەنپەئەتنى قوغلاشمىغان، تېخىمۇ مۇھىمى شۇنچە كۆپ ئادەم چۈشكۈنلىشىپ ھاياتتىن رايى قايتمىغان بولاتتى. قەدىمكى زاماندىكى مەنسەپدارلىقنى كەمسىتىش مەدەنىيىتى دەل شۇنىڭ ئېنىق

دەلىلى. بەزى ئىشلارنى قىلىش ئاسان ئەمەس، بۇ بىزنىڭ تەربىيەلىنىشىمىز ۋە ئۆگىنىشىمىز كېرەكلىكىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا تاۋ يۇەنمىڭدەك شەخسلەردىن ئۆگىنىشىمىز كېرەكلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى ھەممىدىن خالىي تۇتۇپ، نام ـ مەنپەئەتكە بېرىلمەي، دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالغانلىقى ئۇچۇن مەردانە كىشىلەردىن بولالىغان، سالماق روھىي ھالەت بىلەن ئاشۇنداق پاساھەتلىك شېئىرلارنى يېزىپ چىقالىغان، مانا بۇ ھەقىقىي شان ـ شۆھرەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقتا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىغانلىق، ھېچقانداق نەرسىگە تارتىشماسلىق دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل روھنى تاڭ سۇلالىسىدىكى ۋۇ زېتيەن ۋايىگە يەتكۈزۈپ جارى قىلدۇرغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن قەبرە تېشىغا پەقەت خەت يازغۇزماي، تۆھپە، خاتالىقلىرىنى كېيىنكىلەرنىڭ باھالىشىغا قالدۇرغان، مانا بۇمۇ كەڭ قورساقلىقنىڭ، شان ـ شۆھرەت ۋە ئوڭۇشسىزلىق ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىغانلىق ۋە ھېچنېمىگە تارتىشماسلىقنىڭ يەنە بىر خىل ئىپادىسى.

شان ـ شۆھرەت ۋە ئوڭۇشسىزلىق ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويماي، ھېچ نەرسىگە تارتىشمىغاندىلا روھىي ھالەتتە سالماق، بىمالال بولغىلى؛ كەڭ قورساقلىق بىلەن ئالغا باسقىلى، ھاياتقا مەنسىتمەسلىك بىلەن نەزەر تاشلىغىلى بولىدۇ.

## مەلۇم دەرىجىدە تەپ تارتىش — ھەر ۋاقىت ھېيىقىش

مەن تەڭرىنىڭ ئەمرىدىن، پادشاھ، دانىشمەنلەرنىڭ
سۆزلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىدىن قورقىمەن.
— كۇڭزى

پەيلاسوپ زېنون مۇنداق دېگەنىدى: ئادەمنىڭ بىلىمى بەئەينى چەمبەرگە ئوخشايدۇ، چەمبەر ئىچىدىكىسى بىزگە مەلۇم بىلىملەر، چەمبەر سىرتىدىكىسى نامەلۇم بىلىملەردۇر، بىلگەنلىرىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆپەيگەنسېرى چەمبەرمۇ چوڭىيىدۇ، بىلمەيدىغانلىرىڭمۇ شۇن-
چىكى كۆپىيىدۇ.

ئىنسانلار ياشاۋاتقان دۇنيا بەئەينى چۇمبەل تارتىۋالغان
قىزغا ئوخشايدۇ، بەزىدە بىز بۇ چۇمبەلنى ئېچىپ ئۇنىڭ ھەقى-
قىي چىرايىنى كۆرگەندەك قىلساقمۇ، ئەسلەپ كۆرگىنىمىزدە بۇ
قىزنىڭ ئەمەلىيەتتە بىزدىن ئىنتايىن يىراقتا ئىكەنلىكىنى باي-
قايمىز.

گەرچە بۈگۈنكى ئىنسانلار ئالەم كېمىسىگە ئولتۇرۇپ يەر
شارى ئوربىتىسىدىن چىققان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار يەر شارى
سىرتىدىكى شەيئىلەر بىلەن تېخى تونۇشمايدۇ، تونۇشىدىغانلى-
رىمۇ كۆپ ئەمەس. ئىنسانىنىڭ بىلگەنلىرى چەكلىك، ھالبۇكى
ئالەم چەكسىز، ئادەم تەبىئەتنى بويسۇندۇرىدۇ، دېگەننى بىر تارى-
خىي جەريان دەپلا قاراشقا بولىدۇ. بۇ سۆزنىڭ رېئاللىققا ئايلى-
نىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەڭ ئەقەللىيسى ھازىر ئۇنداق بولۇشى
مۇمكىن ئەمەس. خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «بىز تەبىئەتتىن
گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۇنىڭدىن ھەر
ۋاقىت ھېيىقىشىمىز، ئۆزىمىزنى ئىنسانلار ھەممىگە قادىر ئە-
مەس دەپ ئەسكەرتىپ تۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ
تەبىئەتتىن تەلەپ قىلىدىغانلىرى مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ.» مۇشۇنداق
بولغانلىقى ئۈچۈن قەدىمكى زاماندىكى دانىشمەنلەر بىزنى ھەر
ۋاقىت ھېيىقىشقا ئاگاھلاندۇرىدۇ. كۇڭزى مۇنداق دەيدۇ: «مەن
تەڭرىنىڭ ئەمرىدىن، پادىشاھ، دانىشمەنلەرنىڭ سۆزىدىن ئىبارەت
ئۈچ نەرسىدىن قورقىمەن.» كانتمۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى خىل
نەرسە ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى ھەر ۋاقىت يېڭىلىق بىلەن سۇغۇ-
رىدۇ، بۇلار كۆكتىكى يۇلتۇزلار توغرۇلۇق كۈنسايىن كۈچىيىدى-
غان مەدھىيە ۋە قەلبىمىزدىكى ئەخلاق مىزانى توغرىسىدىكى
ھېيىقىشتىن ئىبارەت.» بىز ھېيىقىش تۈپەيلى غۇرۇرغا ئېرىش-
تۇق، بۇنىڭ بىلەن ھايۋانات دۇنياسىدىن تېزلىكتە ئايرىلىپ
چىقىپ، ئادەمگە ئايلاندۇق. خۇددى پاسكال ئېيتقاندەك: «ئادەم

قومۇشقا ئوخشايدۇ، ئۇ تەبىئەتتىكى ئەڭ ئاجىز نەرسە، بىراق ئا-
دەم مۇلاھىزە يۈرگۈزەلەيدىغان قومۇش، پۈتكۈل ئالەمنىڭ قورال-
لىنىپ ئىنسانلارنى يوقىتىشىنىڭ ھاجىتى يوق، بىر تىنىق، بىر
تامچە سۇمۇ ئىنسانلارنىڭ جېنىنى ئالالايدۇ. ھالبۇكى، ئالەم
ئىنسانلارنى يوقاتقان تەقدىردىمۇ ئىنسانلار يەنىلا ئۆزىنى ئۆلتۈر-
گەن نەرسىدىن تېخىمۇ قىممەتلىك بولىدۇ، چۈنكى ئۇ
ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئالەمنىڭ ئۆزى ئالدىدىكى
ئۈستۈنلۈكىنى بىلىدۇ. ۋاھالەنكى، ئالەم بۇ توغرىدا ھېچ نەرسى-
نى بىلمەيدۇ.» ئىنسانلار پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئە-
گىشىپ كۈرەڭلەشكە باشلاپ، ھەرقانداق نەرسىنى تاپىنىمىز
ئاستىدا دەسسىيەلەيمىز، ھەرقانداق مۇقەددەس دەپ ئاتالغان نەر-
سىنى يوقىتالايمىز دەپ قارىدى، ئۇلار تەبىئەتتىن، بىر - بىرى-
دىن، ئەخلاقتىن ھېيىقمايدىغان بولدى، يۈرۈش - تۇرۇشتىمۇ
ھېچ نەرسىدىن ئەيمەنمەيدىغان بولدى، ھەتتا ئۆزلىرىنى تەبىئەت-
نىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزگەرتەلەيدىغاندەك ھېس قىل-
دى، بۇ جەرياندا ئۆزىگە خۇشاللىق ئىزدىمەكچى بولدى.

بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى خەۋەردىن مەلۇم باغچىدا ئالتە ياشلىق بىر قىزبالىنىڭ يولۋاس بىلەن رەسىمگە چۈشۈۋاتقاندا، يولۋاسنىڭ ئۇنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىنى ئۇقتۇم. مەن غەزەپلىنىشىمنى ياكى ئەپسۇسلىنىشىمنى بىلەلمەي قالدىم، كىشىلەر پۇل ئۈچۈن يولۋاسنىڭ ئادەم يەيدىغان تەبىئىتىنى ئۇنتۇپ، يولۋاسنى پۇل تېپىشنىڭ قورالى قىلىۋالدى؛ كىشىلەر كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن يولۋاسنىڭ ئادەم يەيدىغان تەبىئىتىنى ئۇنتۇپ، پۇل خەجلەپ ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشىپ كۆرۈشكە ئۆرۈندى. يولۋاس ئەركىنلىكىنى يوقىتىپ، ئۇزاققىچە قامالدى، ئويۇن كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن يەنە باشقىلار بىلەن بىللە رەسىمگە چۈشتى، بۇ ئىشلار ئۇنى ئاخىرى غەزەپلەندۈردى. يولۋاس ئادەم يېمەيدىغان مۈشۈك ئەمەس — دە، ئۇ شۇنداق بىر ھۆركىرىشى بىلەن تىراگېدىيە كۆرۈلدى. ئادەملەر نېمە ئۈچۈن

شۇنچە ھېيىقمايدىغان بولۇپ كەتتى؟

بۇنىڭ بىلەن مەن يەنە ئىلگىرى كۆرگەن بىر پارچە رەسىم-لىك كىتابنى ئېسىمگە ئالدىم، ئۇنىڭدا فىرانسىيەلىك بىر قىز-چاق بىلەن ئافرىقىدىكى ياۋايى ھايۋانلار توغرىسىدىكى ھېكايە سۆزلەنگەندى. قىزچاقنىڭ ئاتا - ئانىلىرى مەخسۇس ياۋايى ھايۋانلارنى سۈرەتكە ئالىدىغان فوتوگرافلار بولغاچقا يىل بويى ئافرىقىدىكى دالالاردا يۈرىدىكەن. قىزچاقمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن ئافرىقىدىكى نۇرغۇن ياۋايى ھايۋانلار بىلەن دوستلىشىپ، نۇرغۇن رەسىملەرگە چۈشۈپتۇ. رەسىملەر ئىنتايىن چىرايلىق تارتىلغان بولۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناقلىقى ئىپادىلەنگەن دېيىش-كە بولىدىكەن. بىراق، مەن سەل - پەل خاتىرجەمسىزلەندىم، قىزچاقنىڭ ھامان بىر كۈنى مۇشۇ ھايۋانلارنىڭ قولىدا ئۆلۈشىد-ىدىن ئەنسىرىدىم. ئەلۋەتتە، تاغدا يولۋاس بولماي قالمايدۇ، ياۋايى-لىقنى قىياس قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا ئەتراپىمىزدىكى نەرسى-لەردىن مەڭگۈ ھېيىقىشىمىز كېرەك.

1764 - يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا ئوت كېتىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك قەدىمىي كىتابلار كۆيۈپ كۇلگە ئايلىنىپ كىشىلەرنى ئازابلىدى. بۇ تاسادىپىي ئوت ئادەتتىكى بىر ئوقۇغۇچىنى ئالا-ھىدە ئورۇنغا چىقىرىپ قويدى. بۇ ئوقۇغۇچى بىرقانچە كۈن ئويلانغاندىن كېيىن، بىر كىتابنى قايتۇرۇپ بېرىشنى قارار قىلغان. ئەسلىدە بۇ ئوقۇغۇچى باشتىن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىغا ئىئانە قىلغان بىر كىتابنى ئوغرىلىقچە ئاچىقىپ كەتكەن ھەمدە ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قايتۇرماقچى بولغاند-كەن. شۇ قېتىملىق ئوت سەۋەبىدىن بۇ كىتاب ئەتىۋارلىق كى-تابقا ئايلىنىپ قالغان. بۇ ئوقۇغۇچى دەككە - دۈككە ئىچىدە مەكتەپ مۇدىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ، سەۋەبنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن كىتابنى تاپشۇرۇپ بەرگەن. مەكتەپ مۇدىرى بۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇپ، ئوقۇغۇچىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە سەمىمىيلىكىنى

مۇكاپاتلىغان، ئاندىن مەكتەپنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۇنى مەكتەپتىن ھەيدىگەن. مۇكاپات ۋە جازا ئېنىق بولۇپ، ئازراقمۇ ئەزمەلىك قىلىنمىغان.

بۇنى نۇرغۇن كىشىلەر چۈشىنەلمەپتۇ، بىراق مەكتەپ مۇدىرىمۇ ھېچقانداق چۈشەنچە بەرمەي، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ قائىدىسىنىڭ خارۋاردنى مۇھاپىزەت قىلىشى باشقا ھەرقانداق نەرسىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشىدىنمۇ بىخەتەر، ئۈنۈملۈك بولىدۇ، دېگەن مەكتەپ ئىدىيەسىنى كۆرسىتىپتۇ.

ئۇلار قائىدە ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر، ئادىل بولۇشتا قائىدىدىن ھېيىقىش كېرەك، دېگەن قائىدىگە ئەمەل قىپتۇ.

مېنىڭ چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن دوستلىرىمدىن بىرى ماڭا ئامېرىكىدىكى شىركەتلەر تەدبىر بەلگىلىگەندە ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، كۆپچىلىكنى جېدەلدىن ئاجراتقىلى بولماي قالىدۇ، ھەتتا ياقا سىقىشىپ كېتىدۇ، بىراق قائىدە بېكىتىلگەن ھامان قايسى گۇرۇھتىكىلەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى يۈز پىرسەنت ئىجرا قىلىدۇ؛ ئەكسىچە دۆلىتىمىزدە لايىھە مۇزاكىرە قىلىنغاندا كۆپچىلىك سىلىق - سىپايە بولۇپ ھېچقانداق تالاش - تارتىش كۆرۈلمەيدۇ، بىراق يېڭى قائىدە بېكىتىلگەندىن كېيىن، بەزىلەر قەستەن چاتاق چىقىرىپ ھەمكارلاشمايدۇ، ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە بىر خىل پوزىتسىيەدە بولۇپ تىركىشىدۇ، دېدى.

بىزدە كۆپ ھاللاردا قائىدىگە ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەت يوق، ئەڭ ئاددىي «ئۆچرەتتە تۇرۇش»تەك ئىجتىمائىي قائىدىنى ئالساق، بۇنىڭدا جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىپادىسىنى ئەڭ ناچار دېيىشكە بولىدۇ. مەيلى بانكا، دوختۇرخانا بولسۇن ياكى بېكەت، ئايرودرومدا بولسۇن ئۆچرەتكە قىستىلىپ كىرىدىغانلار ئۇچراپ تۇرىدۇ، كۆپچىلىك قىستىلىشىپ «قالايمىقان»چىلىق ئىچىدە ئۆتۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۆچرەت تۇرماسلىق ياكى ئۆچرەتكە قىستىلىپ كىرىش نومۇسلۇق ئىش

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەمەس، بەلكى «قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىق»، «چېچەنلىك»نىڭ ئىپادىسى. گېرمانىيەدە كىشىلەرنىڭ قائىدىگە رىئايە قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقىنى سىناش ئۈچۈن ئىككى تېلېفون بوتكىسىغا ئايرىم ـ ئايرىم «ئەر»، «ئايال» بەلگىلىرىنى چاپلىغان، نەتىجىدە گېرمانىيەلىكلەر تېلېفون بوتكىسىدىكى بەلگە بويىچە ئەر ـ ئاياللار ئىككى رەتكە ئايرىلغان، بىر تەرەپتىكى رەت ئۇزىراپ كېتىپ، يەنە بىر تەرەپتىكى تېلېفون بوتكىسىدا ئادەم يوق بولسىمۇ ھېچكىم بۇ قائىدىنى بۇزمىغان.

ھېيىقىش ماھىيەتتە بىر خىل ئېتىقادتۇر. ھېيىقىش تۇيغۇسىنىڭ يوقلىشى ئېتىقادنىڭ يېتەرسىزلىكى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئادەمدە ئېتىقاد بولغاندىلا مەلۇم ئىشلاردىن ئەيمىنىدۇ؛ مەلۇم ئەيمىنىش تۇيغۇسى بولغاندىلا ئادەمنىڭ ھاياتىدا قائىدە، نىشان بار بولىدۇ؛ ھالبۇكى، نىشانى بار ئادەملەردە ئۇتۇق تۇيغۇسى ۋە بەخت تۇيغۇسى بولىدۇ. ئەيمىنىش بولمىغاندا بۇزۇقچىلىق قوزغىلىپ، كۆڭۈلدىكىنى ئاغزىغا ئېلىپ، ھەۋەسىنىڭ چېكى بولمايدۇ، ئۇ زور كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ، ئۇنىڭغا پېتىپ قالساق، ئەسلىگە كەلتۈرگۈسىز يامانلىق ئىچىگە كىرىپ قالىمىز. ئىخلاس بولغاندىلا مەلۇم ئەيمىنىش بولىدۇ، ئادەم تېخىمۇ يۈكسەك مەنزىل ئىچىدە ياشىيالايدۇ.

## خاتىرجەم تۇرمۇش — «تەنھا ئېھتىياتچانلىق» ماھارىتى ۋە مەنزىلى

ئۆز مەيلىچە ئىش كۆرگەندىمۇ قائىدىدىن
چەتنەپ كەتمەسلىك كېرەك.

— كۇڭزى

«تەنھا ئېھتىياتچانلىق» جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامانىدىكى كۇڭزىچىلار ئىجاد قىلغان روشەن پەلسەپە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئۆزىنى تەربىيىلەش ئۇسۇلى. ئۇ ئەڭ دەسلەپتە «يۇسۇننامە.

مادارچىلىق»تا ئۇچرايدۇ.

ئەل ئايىغى تىنچىپ جىمى جاھان جىمىغاندا، يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۆزى توغرىسىدا ئويلانغاندىلا ئۆزىدىكى بەتنىيەتلەرنىڭ تامام تۈگەپ، پاك نىيەتنىڭ ئاشكارىلانغانلىقىنى بايقىغىلى بولىدۇ، پاك نىيەت ئاشكارىلانغان پەيتتە، كۆكتە تولۇن ئاي پارلاپ، كۆڭۈل ئازادىلىشىپ، قىلچە زىيادە ئوي بولمىغان گۈزەل مەنزىلىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر بۇ خىل پاك نىيەت دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرسا، شۇنداقلا پاك نىيەتنىڭ بەتنىيەتنى تامام تۈگىتىشى قىيىن بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالىسا كۆڭۈل خاتىرجەمسىزلىنىدۇ، مانا مۇشۇ جەرياندا پۇشايمان بولىدۇ ھەمدە خاتالىقنى تۈزىتىپ، ياخشىلىققا ئىنتىلىش نىيىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

«تەنھا ئېھتىياتچانلىق»تا يەنە ئۆزىنى ھەممىدىن خالىي تۇتىدىغان نىيەت بولۇشى كېرەك، ئەگەر تاشقى مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ ئاسارىتىدە قالغاندا، نام ـ مەنپەئەتكە پەسەنت قىلماسلىق قىيىنغا توختايدۇ. مىڭ سۇلالىسىدىكى خۇڭ يىڭمىڭنىڭ «بىر كۇندە بىر راھىب» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق بايانلار بار: قاتتىق ـ قۇرۇق تاماق بىلەن ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرى مۇزغا ئوخشاش سۇزۇك، قاشتېشىغا ئوخشاش پاك بولىدۇ؛ ھالبۇكى، كىيىنىشى ئېسىل، يېمەك ـ ئىچمىكى ھەشەمەتلىك كىشىلەر تۆرىلەرنىڭ ئالدىدا خوش ـ خوش دەپ تۇرىدىغان قۇللارنىڭ ئىپادىسىدە بولىدۇ. چۈنكى، بىر ئادەم غەم ـ غۇسسىدىن خالاس بولغان ئەھۋالدىلا ئىرادىسى ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ، ھالبۇكى ئادەمنىڭ پەزىلىتى ماددىي راھەتكە بېرىلىش داۋامىدا يوقىلىدۇ.

نام ـ مەنپەئەتكە پەسەنت قىلمايدىغان كىشىلەرنى ھېچ نەرسە چەكلىيەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيەسى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى بولىدۇ، باشقىلارغا ئەگەشمەيدۇ، ئازدۇرۇشنىڭ كەينىگە كىرمەيدۇ، ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق

ئايرىيدۇ، ئار ـ نومۇسنى بىلىدۇ، يىراقنى كۆرىدۇ. ھاكاۋۇرلۇق قىلىشتىن خالىي بولالمىسىمۇ، ئىش ـ ئەمەلى دۇرۇس بولىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆكسى ـ قارنى كەڭ بولۇپ، بايلىق ۋە مەرتىۋىگە قاراپ ئىش تۇتىدىغان پەسلەردىن پەرقلىنىدۇ. ئېسىل كىيىم كىيىپ، شاھانە غىزا يەپ يۈرىدىغان كىشىلەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، ئۇلاردا ئىدىيە، پەزىلەت بولمايدۇ، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىمايدۇ، ئار ـ نومۇسنى بىلمەيدۇ، تۆرىلەر ئالدىدا پوكولۇپ، خوشامەت قىلىدۇ، ياغلىما ئېغىز بولىدۇ، ئەلنىڭ نېنىنى يەپ، تۇزلۇقىنى چاقىدۇ.

«تەنھا ئېھتىياتچانلىق»تا يەنە خاتالىقى ئۇستىدە ئويلىنىش كېرەك، بۇ كۆڭزىچىلار دەۋاتقان «مەن ئۆزۈم توغرىسىدا كۆنىگە ئۈچ قېتىم ئويلىنىمەن» دېگەندىن ئىبارەت. ئەمىنىيە ـ يېغىلىق دەۋرىدە سۇڭ جاۋگۇڭنىڭ ئەتراپىدىكىلەر يۈز ئۆرۈگەچكە، ئۇ ھارۋا بىلەن قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. سۇڭ جاۋگۇڭ يولدا ھارۋىكەشكە: «مەن نېمە ئۈچۈن قېچىشقا مەجبۇر بولغانلىقىمنى بىلدىم» دەيدۇ. ھارۋىكەش ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن؟ دەپ سورىغاندا، سۇڭ جاۋگۇڭ: «ئىلگىرى مەن قانداقلا كىيىنسەم باشقىلار بۇ كىيىم چىرايلىق ئىكەن دەيتتى؛ نېمە دېسەم، نېمە قىلسام باشقىلار مېنى دانا ئىكەنلا دەيتتى؛ بۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزۈمنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى بايقىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم. شۇڭا، بۈگۈن شەرمەندە بولدۇم!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سۇڭ جاۋگۇڭ باشقىچە يول تۇتۇپ، دۆلەتنى رەھىمدىللىك بىلەن ئىدارە قىلغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا «جاۋ»، يەنى «روشەن، شۇنداقلا ئۆزى ئۇستىدە ئويلىنالايدۇ» دېگەن مەنىدىكى نام بېرىلگەن. شۇڭا، بىر ئادەمدە سەۋەنلىكنىڭ بولۇشى قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى بۇ توغرىدا ئويلىنىدىغان جاسارەت ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ يوق

بولۇشى. «تەنها ئېھتىياتچانلىق»تا ئادەمنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىشى، تەربىيەلىنىشنى كۈچەيتىشى، باشقىلارغا ئوبدان مۇئامىلە قىلىشى، مۇشۇ ئارقىلىق جەلپكارلىقنى ئاشۇرۇپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشى تەكىتلىنىدۇ.

«تەنها ئېھتىياتچانلىق» ماھارىتى ئايرىم ئورۇن، خاتىرجەم ماكانغا موھتاج، بۇ تەربىيەلىنىشنىڭ تاشقى شەرتى. يالغۇز ھالەتتە ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى تېخىمۇ ئوبدان ئايرىش كېرەك. «ياخشىلىق» بىلەن «يامانلىق» ئادەمدىكى «ئوي»نى مەنبە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئادەمدىكى نۇرغۇن ئويلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئەگىشىپ بارلىققا كېلىدۇ. دانىشمەنلەر بىر ئىشنى قىلىشتىن ئىلگىرى ئوبدان ئويلىنىدۇ، ھەرگىزمۇ قارىسىغا ئىش كۆرمەيدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا «يامانلىق» يولىغا مېڭىپ قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن «مۇرەسسە ـ مادارا» ئىدىيەسىگە خىلاپلىق قىلىشى مۇمكىن.

بىراق، «تەنها ئېھتىياتچانلىق»نىڭ ئەڭ يۇقىرى مەنزىلى يەنىلا كۆڭزى ئېيتقان « ئۆز مەيلىچە ئىش كۆرگەندىمۇ قائىدىدىن چەتنەپ كەتمەسلىك كېرەك»تىن ئىبارەت. مىڭكي ئىناۋىتىگە تەسىر يېتىشىدىن ئەنسىرەپ، خوتۇنىنى تالاق قىلىۋېتىدۇ، بۇنى ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈش دېيىشكە بولىدۇ، بىراق ئەتراپلىق ئويلىنىش دېگىلى بولمايدۇ. كۆڭزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كىتاب ئوقۇغاندا ئۇخلاپ قالماسلىق ئۈچۈن قولىنى ئوت بىلەن كۆيدۈرىدۇ، بۇنى ئۆز ـ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش دېيىشكە بولىدۇ، بىراق مۇلاھىزىنى ياقتۇرۇش دەرىجىسىگە يەتتى دېيىشكە بولمايدۇ. تاش غاردا بىر ئادەم بار بولۇپ، تېپىشماق تېپىشنى ھەم مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئەگەر قۇلىقى بىرەر سادانى ئاڭلىسا، كۆزى بىرەر نەرسىلەرنى كۆرسە ئۇنىڭ مۇلاھىزىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدىكەن، شۇڭا

پاشلارنىڭ غىڭىلدىغان ئاۋازى، ئۇچار قۇشلارنىڭ قانات قېقىشى ئۇنىڭ زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدىكەن. ئۇ قۇلىقى ۋە كۆزىنىڭ دەخلىگە ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تاش غاردا يالغۇز ئولتۇرۇپ جىمجىت مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىكەن، مۇشۇنداق بولغاندىلا ئۇنىڭ تەپەككۇرى ناھايىتى راۋان بولالايدىكەن. قۇلاق ۋە كۆزنى كاشىلىدىن خالىي قىلىشنى ئۆز - ئۆزىنى ھوشيار تۇتۇش دېيىشكە بولىدۇ، بىراق بىلىشنىڭ تەپسىلىي دەرىجىسىگە يەتتى، دېيىشكە بولمايدۇ. بىلىشنىڭ تەپسىلىي دەرىجىسىگە يەتكەنلەر جاھاندىكى ئەڭ كەم - كوتىسىز كىشىلەردۇر، كەم - كوتىسىز كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئىلھام بېرىشىنىڭ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىنىڭ، ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ شۇڭا، كامالەتكە يەتمىگەن كىشىلەر سامانغا ياققان يانغىندەك يورۇپلا ئۆچىدۇ؛ ھەقىقىي كامالەتكە يەتكەن كىشىلەر گۈلخانغا ئوخشايدۇ، ئۇلار ئۇزاققىچە يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق چىقىرىدۇ، شۇڭا پۈتكۈل ۋۇجۇدى سۈزۈك، نۇرانە بولىدۇ.

## ئۆتكەن كۈنلەر قايتىلانمايدۇ ـــ تۇرمۇشتىكى بەزى ئىشلاردا كۈتۈپ تۇرۇشقا بولمايدۇ

ۋاقىت كېچە - كۈندۈز دېمەي ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ـــ كۇڭزى

يۇنان پەيلاسوپى ھېراكلىتنىڭ: «ئادەم ئوخشاش بىر ئېقىنغا ئىككى قېتىم كىرەلمەيدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بار. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئوت مەۋجۇداتلارنىڭ مەنبەسى، پۈتكۈل دۇنيا، مەيلى ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسى بولسۇن ھەممىسى يېلىنجاپ كۆيۈۋاتقان يالقۇن. دەريا ئاقىدۇ، كىشىلەر ئىككىنچى قېتىم ئەسلىدىكى جايدىن بۇ ئېقىنغا كىرگەندە ئەسلىدىكى سۇ بىلەن ئۇچرىشالمايدۇ. مەسىلەن، تاغقا چىققىنىمىزدا چوققىغا چىققان

يول بىلەن تاغدىن چۈشىدىغان يول ئوخشاش بىر يول بولماي قالىدۇ، چۈنكى بارلىق مەۋجۇداتلار — چوڭى ئالەمدىن كىچىكى زەررىچىگىچە پەيتلىك ۋاقىت ئىچىدە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ يولدا دەرەخ يوپۇرماقلىرى چۈشكەن بولۇشى ياكى يول ئۈستىدىكى دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ ئورنىدا ئۆزگىرىش بولغان بولۇشى، لاي - توپىنىڭ ئىچى - تېشىدا سازاڭ، قۇرت، باكتېرىيەلەر ئۆتۈشۈپ تۇرغان بولۇشى، لاينىڭ ئۆزىنىڭ بىر قىسمىمۇ چىرىگەن بولۇشى، بىر قىسمى تاشقا ئايلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، بۇلارنى ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، خالاس.

بارلىق مەۋجۇداتلار ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن ھېلىقى ئېقىن ئەمدى شۇ ئېقىن ئەمەس. تۇرمۇشمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ھەممە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، نۇرغۇن ئىشلاردا ئەسلىگە قايتىش تۈپتىن مۇمكىن ئەمەس، ئېقىپ كەتكەن ئېقىنغا قاراپ ھەسرەت چەككىچە، نۆۋەتتىكى پۇرسەتنى چىڭ تۇتقان ئەلا.

بىر شەيخ بولۇپ، ئەتراپىدا نۇرغۇن ئىخلاسمەن شاگىرتلىرى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ شاگىرتلىرىغا جەنۇبىي تاغقا بېرىپ ئوتۇن كېسىپ كېلىشنى تاپىلاپتۇ. شاگىرتلىرى ئالدىراپ - تېنەپ تاغقا يېقىن جايدىكى دەريا بويىغا كېلىپلا نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ، كەلكۈن تاغدىن دەۋرەپ چۈشۈۋاتقان بولۇپ، ئېقىندىن ئۆتۈپ ئوتۇن ئەكېلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. شاگىرتلار قۇرۇق قول قايتقانلىقى ئۈچۈن باشلىرى چۈشۈپ كېتىپتۇ. يالغۇز بىر كىچىك شاگىرت ئۇستازىغا خاتىرجەم قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇستازى بۇنىڭدىكى سەۋەبنى سورىغانىكەن، كىچىك شاگىرت قويىنىدىن بىر دانە ئالمىنى ئېلىپ ئۇستازىغا سۇنۇپ مۇنداق دەپتۇ: «دەريادىن ئۆتەلمىگەچكە ئوتۇن كەسكىلى بارالمىدۇق، دەريا بويىدا بىر تۈپ ئالما دەرىخى بار ئىكەن، ئۇنىڭدا قېلىپ قالغان مۇشۇ بىردىنبىر ئالمىنى ئۈزگەچ كەلدىم.» كېيىن بۇ كىچىك شاگىرت ئۇستازىنىڭ ۋارىسى بوپتۇ.

دۇنيادا مېڭىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان نۇرغۇن يول، ئۆتۈپ

www.uyghurkitap.com

تۈگەتكىلى بولمايدىغان نۇرغۇن دەريا بار. دەريادىن ئۆتەلمىگەنىكەن، كەينىگە قايتىشىمۇ بىرخىل ئەقىل ـ پاراسەت، لېكىن ھەقىقىي ئەقىل ـ پاراسەت يەنىلا دەريا بويىدا بىرەر ئىشنى قىلىشتا. مەسىلەن، تەپەككۇرنى قاناتلاندۇرۇپ «ئالما»نى ئۈزۈۋېلىشتا.

ئادەمنىڭ ئۆمرى نۇرغۇن قىسمەتلەردىن تۈزۈلىدۇ، قىسمەت پۇرسەت دېمەكتۇر، ئۇ ناھايىتى تېزلا غايىپ بولىدۇ. پۇرسەت كەلگەندە ئۇنى بايقاشقا ماھىر بولۇش ھەمدە دەرھال تۇتۇۋېلىش ئېھتىياتچانلىق قىلىمەن دەپ ئارىسالدى بولغاندىن ئەلا، چۈنكى ئارىسالدىلىق جەريانىدا پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىمىز. كەسكىنلىك بىلەن ئىش كۆرۈش تەقدىرنى ئۆزگەرتىشتىكى ئەڭ ياخشى چارە، ئويلىنىپ ئولتۇرغاندىن ھەرىكەتلەنگەن ئەلا، تاللاش تىرىشچانلىقتىنمۇ مۇھىم، ھەرىكەت مۇلاھىزىدىنمۇ قىممەتلىك. چۈنكى، گاھىدا بىرەر پۇرسەت ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ. ئىشەنمىسىڭىز تۆۋەندىكى ھېكايىگە قاراپ باقايلى.

بىر قىزچاق بىلەن يىگىت ئىلگىرى بىر ئىشخانا بىناسىدا خىزمەت قىلىدىكەن، قىزچاق سەككىزىنچى قەۋەتتە، يىگىت توققۇزىنچى قەۋەتتە ئىكەن. ئۇلار ھەر كۈنى ئىشقا كەلگەندە، ئىشتىن چۈشكەندە ئوخشاش بىر لىفىتتا چىقىدىكەن، قىزچاقنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى ئۇچۇپ تۇرىدىكەن، كۆز ـ قاشلىرىمۇ جايىدا ئىكەن، يىگىتنىڭ بويى ئېگىز، ئۆزى سىپايە ئىكەن. ئۇلار دائىم ئۇچرىشىپ تۇرغاچقا ئۆزلىرىنى قارشى تەرەپنىڭ نەزىرىدىن قاچۇرىدىكەن، يۈرەكلىرى توختىماي دۈپۈلدەپ كېتىدىكەن، تۈن نىسپى بولغاندا ھەر ئىككىسى ئەتە چوقۇم تىنچلىق سورايمەن، دېگەن قارارغا كېلىدىكەن.

قىزچاق ئۇنىڭ مەلۇم تور شىركىتىدىكى مەلۇماتلىق ئىنژېنېر ئىكەنلىكىنى، ئىستىقباللىق ھەم پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. قىزچاقنىڭ ئىدارىسىدىكى باشقا

قىزلارمۇ دائىم ھەر خىل باھانىلەرنى تېپىپ يىگىتكە يېقىنچىلىق قىلىدىكەن؛ قىزچاق يىگىتنىڭ ھەر كۈنى ئۈنىڭغا قارىغاندىكى كۆز نۇرىنىڭ زوق ئېلىش، بىر خىل كۈتۈش، بىر خىل سالام ئىكەنلىكىنى، قىزچاق ئېغىز ئاچسىلا ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا ھېكايە باشلىنىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. بىراق، قىزچاق ھەر قېتىم ئاچقۇچلۇق ۋاقىتلاردا توختاپ تۇرايچۇ، ئاۋۋال ئۇ ئېغىز ئاچمىسۇنمۇ، دەپ ئويلايدىكەن.

يىگىت قىزچاقنىڭ سەككىزىنچى قەۋەتتىكى ژۇرنال تەھرىراتىنىڭ تەھرىرى ئىكەنلىكىنى، قىزچاقنىڭ ۋات - ۋات خىزمەتداشلىرى ئاغزىدىن بۇ قىزچاقنىڭ مۇلايىم، سالماق قىز ئىكەنلىكىنى، تەنھا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇشنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى، پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەرنى، ئاپپاق قارنى تاماشا قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. يىگىت بۇ قىزنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىنى بارغانسېرى ياقتۇرۇپ قاپتۇ، قىزنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىمۇ سېزىپتۇ، بىراق نېمىشقىكىن لىفىتتا ئۇچراشقاندا ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ، ئۇ ئۆزىگە توختاپ تۇرغىن يەنە ۋاقىت بارغۇ، دەپ تەسەللى بېرىپتۇ.

كۈنلەر مانا مۇشۇنداق ئۆتىۋېرىپتۇ، قىز بىلەن يىگىت خىزمەتكە كەلگەندە، خىزمەتتىن قايتقاندا بىر - بىرىگە قارىشىپ تەبەسسۇم قىلىشىپتۇ، بىراق ئېغىز ئېچىپ سۆزلەشمەپتۇ، شۇنداق قىلىپ بىر يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ، قىزنىڭ ئىدارىسىدىكىلەر توساتتىن كۆچىدىغان بولۇپ قاپتۇ، قىز شۇ كۈنكى ئالدىراشلىق ئىچىدە توققۇزىنچى قەۋەتكە چىقىپ يىگىتكە ئۇقتۇرۇپ قويماقچى بوپتۇ. ئۇ يۈزلىرى قىزارغان، يۈرەكلىرى دۈپۈلدىگەن ھالدا يىگىتنىڭ ئىسمى يېزىلغان ئىشخانا ئىشىكىنى ناھايىتى تەستە ئاچقانىكەن. قاشلىرى تۇم، يوغان كۆزلۈك بىر قىزنىڭ يىگىتنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، قىز ھاڭۋېقىپلا قاپتۇ. ئاخىرىدا «كەچۈرۈڭ، خاتا كىرىپ قاپتىمەن» دېگەن تۇنجى ئېغىز سۆزنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىپلا چىقىپ كېتىپتۇ.

كېيىن بۇ قىز باشقا قىزلارغا ئوخشاشلا لايىقىدا ئەردىن بىرنى تېپىپ توي قىپتۇ. ئۆي سېتىۋاپتۇ، قەرز قايتۇرۇپتۇ، ھامىلىدار بوپتۇ، پەرزەنتلىك بوپتۇ، تۇرمۇشتىكى بارلىق ئۇششاق ـ چۈششەك ئاۋارىچىلىك ۋە بىسەرەمجانلىقلارنى تولۇق باشتىن كەچۈرۈپتۇ. ئەلۋەتتە بۇلارنىڭ ئىچىدە خۇشاللىقمۇ، شادلىقمۇ بار ئىكەن.

بىر كۈنى بۇ قىز بالىسىنى ھارۋىغا سېلىپ تاللا بازارنى ئارىلاپ يۈرگەندە، ھېلىقى يىگىت بىر ھارۋىغا كۈندىلىك لازىمەتلىكلەرنى قاچىلاپ ئۇنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قاپتۇ، قىز «ئۆتۈۋالايچۇ» دەپتۇ، يىگىت قارىشىغا، قىز ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قاپتۇ. قارىشىپ قېلىش تارىخى تەكرارلىنىپتۇ، ئاخىرىدا يىگىت ئېغىز ئېچىپ: «ياخشىمۇ سىز؟» دەپتۇ ـ يۇ، كۆزىدىن ياش تۆكۈلۈپ ئارتۇق گەپ قىلالماپتۇ. يىگىت بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن: «سىزنى ئىزدەپ بارغانىدىم، تاپالمىدىم» دەپتۇ. قىز دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ: «ئۇ كۈنى بەكمۇ ئەدەپسىزلىك بولدى، شۇنداقمۇ؟» دەپتۇ. يىگىت بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ: «ئۇ مېنىڭ نەۋرە سىڭلىم ئىدى، ئۇنىۋېرسىتېتقا قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى ئېلىپ، ماڭا خۇش خەۋەر ئېيتقىلى كەپتىكەن» دەپتۇ. يىگىت ئۇھسىنىپ، ھارۋىدىكى بالىغا قاراپ چەكسىز ئۆكۈنۈپتۇ. قىز ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ مىغىلداپ تۇرغان كىشىلەر توپىدا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. قىز مانا بۇ ئاتالمىش تەقدىر بولسا كېرەك! دەپ ئويلاپتۇ.

بۇ «تەرمىلەر»دىكى بىر ھېكايە بولۇپ، ئوقۇغاندىن كېيىن دۇنيانىڭ ئىشلىرىنىڭ بىقارار، ھەممىسىنىڭ تەقدىر ـ قىسمەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. تۇرمۇش مانا شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، بەزى ئىشلارنى كۈتۈپ تۇرغىلى بولمايدۇ، چۈنكى سىز ئۇنى كۈتۈپ بولالمايسىز. پۇرسەت قولدىن كەتسىلا مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ. «بىز ئۆزىمىزدە نېمە بارلىقىنى ناھايىتى ئاز ئەسكە

ئالىمىز، بىراق ئۆزىمىزدە نېمە كەملىكىنى دائىم ئويلاپ تۇرىمىز.» شوپېنخاۋېرنىڭ بۇ سۆزى ئىنسان ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ. ھالبۇكى، بىر ئادەمنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇنداق ئۈچ ئىشتا تېخىمۇ ساقلاپ تۇرۇشقا بولمايدۇ.

بىرىنچى، نامراتلىق. نامراتلىقتا كۈتۈپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى نامراتلىققا كۆنۈپ قالىسىز، شۇنداق داۋاملىشىۋەرسە ئۆزلۈكىڭىزدىن ھالقىيالمايسىز، ھەتتا غايىڭىزنى يوقىتىپ، بىر ئۆمۈر ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتىسىز.

ئىككىنچى، غايە. غايىدە كۈتۈپ تۇرغىلى بولمايدۇ. ھاياتنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرىدا ئوخشاش بولمىغان كەچۈرمىش ۋە ئويلار بولىدۇ. ئويلاپ كۆرەيلى، ئەگەر سىز 20 يېشىڭىزدىكى غايىڭىزنى 60 يېشىڭىزدا ئىشقا ئاشۇرغان بولسىڭىز ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟ سىزدە 20 ياشتا فېررارى ماركىلىق مۇسابىقە ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، شەھەر ئەتراپىدا تازا بىر ھەيدەيدىغان غايە بار ئىدى دەيلى، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ 60 ياشقا كىرگەندە بۇ ماشىنىنى سېتىۋالدىڭىز، بىراق ياش ۋاقتىڭىزدىكى غايىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئارزۇغا تۇشلۇق دەرمان قالمايدۇ.

ئۈچىنچى، ئائىلىدىكىلەر. ئائىلىدىكىلەرنى كۈتۈپ تۇرغىلى بولمايدۇ. بىز بەلكىم ھازىرچە ياش، كەلگۈسىدە نۇرغۇن ۋاقتىمىز بولۇشى مۇمكىن، بىز بۇنى ئىزدىنىشكە، تىرىشىشقا سەرپ قىلساق بولىدۇ. بىراق، ئائىلىدىكىلەرنىچۇ؟ ئۇلار بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرالامدۇ؟ ئۇلار بىزنىڭ پۇل تېپىپ، ئۇلارنى ياخشى كۈنگە ئىگە قىلىشىمىزنى، ئۆزلىرىنى بىزدىن پەخىرلەندۈرۈشىمىزنى كۈتۈپ تۇرالامدۇ؟ دەرەخ جىم تۇراي دېسىمۇ، شامال ئۇنى تىنىچ تۇرغۇزمايدۇ. پەرزەنتنىڭ خىزمەت قىلىۋېلىش مۇددىئاسى بار بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانا كۈتۈپ تۇرالمايدۇ... بۇ نۇرغۇن ئادەملەردىكى ئازاب، شۇنداقلا نۇرغۇن ئادەملەردىكى ئۆمۈرۋايەتلىك ئۆكۈنۈش بولۇپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قالىدۇ.

پەيلاسوپلار: «ئادەم ئالدىنقى ئۆمرىدە ئارىسالدى بولماسلىقى، كېيىنكى ئۆمرىدە پۇشايمان قىلماسلىقى كېرەك» دەپ ياخشى ئېيتقان. ئەگەر ئېرىشمەكچى بولغان، ئېرىشىشكە تېگىشلىك بولغان پۇرسەتنى قولدىن بەرمىسەكلا پۇشايمانسىز ياشىيالايمىز!

## كېلەچەكتىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدۇ ــ قولدىن كەتكەن پۇرسەتكە يىغلاشنىڭ ئورنى يوق

ئۆتۈپ كەتكەنگە چارە يوق، كەلگۈسىدىكىنى تىرىشىپ قولدىن بەرمەسلىك لازىم.

ــ «مۇھاكىمە ۋە بايان»

ھەرقانداق ئىش بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە يۈز بېرىدۇ، بىراق ۋاقىت، يۈز بەرگەن ئىشلار ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا، قايتا تەكرارلانمايدىغان جەريان بولۇپ، باشتىن كەچۈرگەن ئىكەنمىز ئۇنىڭدىن خالاس بولالمايمىز. ئادەمنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىنى مەڭگۈ ئەسلىدىكى پەللىگە قايتۇرغىلى بولمايدۇ.

كۆڭزى سەيلە قىلىۋېتىپ كۆۋرۈك ئۈستىدە تۇرۇپ ئېقىۋاتقان ئېقىنغا قاراپ: « ۋاقىت كېچە ـ كۈندۈز دېمەي ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ » دەپتۇ. بىزنىڭ ئىدىيەمىز، سەزگۈمىز، يېشىمىز، جىسمىمىزدا بىر سائەت، ھەتتا بىر مىنۇت ئىلگىرى مۇشۇ جايدا ئولتۇرغان مەنگە سېلىشتۇرغاندا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. شۇڭا، «بۈگۈنكى مەن ھەرگىزمۇ ئۆتمۈشتىكى مەن ئەمەس»، ھازىرقى مەن بىر مىنۇت ئىلگىرىكى مەن ئەمەس، ھەممە ئېقىن سۇغا ئوخشاش ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇزۇكسىز ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

ئېقىن سۇ قايتىلانمايدۇ، تارىخ كەينىگە قايتمايدۇ، ۋاقىتمۇ مەڭگۈ تەكرارلانمايدۇ، ھايات بەئەينى دولقۇنغا ئوخشاش بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى ماڭىدۇ، ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن

ئەمەس.

«ۋاقىت كېچە - كۈندۈز دېمەي ئېقىن سۈدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ.» بۇ ناھايىتى ئۈمىدسىز ئېيتىلغان سۆزدەك ئاڭلانسىمۇ، بىراق ئۇ بىزگە ھەممە نەرسىنىڭ رەھىمسىزلەرچە ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قايتا تەكرارلانمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. لىن دەييۈنىڭ گۈل بەرگىلىرىنى «دەپنە قىلىشى» «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدىكى ناھايىتى مەشھۇر بىر ۋەقەلىك. بۇ كېسەلچان خان قىز تۆكۈلگەن گۈل بەرگىلىرىنى يىغىپ كېلىپ «دەپنە» قىلىدۇ، بۇ خىل خاراكتېر ناھايىتى ياخشى يارىتىلغان بولۇپ، بۇ جايدا «بۇ يىل گۈل بەرگىلىرىنى ‹دەپنە› قىلسام باشقىلار مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ، كېلەر يىلى مېنى كىم دەپنە قىلار» دەيدۇ.

ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا لىن دەييۈ ئۆپكە كېسىلى بولماي قالامدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ مېڭىسىگە پۈتۈنلەي ئۆلۈم خىيالى كىرىۋالىدۇ؟

كۆڭزى يۇقىرىقى سۆزنى ھەرگىزمۇ ئۈمىدسىز پوزىتسىيەدە قىلغان ئەمەس، بەلكى ھاياتنىڭ ئېقىن سۇغا ئوخشاش ئۈزۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەيدىغانلىقىدەك ئۈمىدۋار، ئاكتىپ تەرىپىنى كۆرگەن.

ھايات ئېقىن سۇغا ئوخشايدۇ. تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى، كۆڭزى يۇقىرى ئېقىندا تۇرۇپ ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇنداق دېگەن: «دىققەت قىلىڭلار! سۇغا قاراڭلار، ئۆتۈپ كەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ! ئالغا ئىلگىرىلەيلى! شۇنداقلا كېچە - كۈندۈز توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيلى!»

دۇرۇس، كەتكەنلەر مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ. تۈنۈگۈنكى قۇياش ھەرقانچە پارلاق بولسىمۇ، ئۇنى بۈگۈنكى ئالبومغا كىرگۈزگىلى بولمايدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، نېمە ئۈچۈن ھازىرنى چىڭ تۇتۇپ، ئىلكىمىزدىكى نەرسىلەرنى قەدىرلىمەيمىز؟ نېمە ئۈچۈن شۇنچە ياخشى ۋاقىتلارنى ئۆتۈپ

كەتكەنگە پۇشايمان قىلىپ زايە قىلىۋېتىمىز؟
تۆكۈلگەن سۈتنى ئۇسسۇۋالغىلى بولمايدۇ، ئۆتكەن ئىشلارنى قايتۇرغىلى بولمايدۇ، پۇشايماننىڭ پايدىسى يوق!
نيۇ يورك شەھىرىدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ــ دوكتور پاۋلو ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇنداق بىر سائەتلىك ئۇنتۇلماس دەرس ئۆتكەن. بۇ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر قېتىملىق ئىمتىھان قەغىزىنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، روھسىزلىنىپ كېتىپ كېيىنكى باسقۇچتىكى ئۆگىنىشكە تەسىر يېتىپتۇ. بىر كۈنى دوكتور پاۋلو تەجرىبىخانىدا دەرس سۆزلەپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن بىر بوتۇلكا كالا سۈتىنى ئۈستەلگە قويۇپ، ئاندىن سۈتنى سۇ ئوقۇرىغا ئۆرۈۋېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تەڭلا: «نېمە ئۈچۈن ئۆرۈۋېتىلگەن كالا سۈتى ئۈچۈن يىغلايمىز؟» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئاندىن بارلىق ئوقۇغۇچىلارنى سۇ ئوقۇرىنىڭ ئالدىغا چاقىرىپ دانە ـ دانە قىلىپ: «تەپسىلىي قاراڭلار، مۇشۇ قائىدە مەڭگۈ ئېسىڭلاردا بولسۇن، كالا سۈتى تۆكىدى، مەيلى قانداق پۇشايمان قىلىڭلار ياكى زارلىنىڭلار، ئۇنىڭ بىر تامچىسىنىمۇ قايتۇرۇپ كېلەلمەيسىلەر. سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كېلىدىغىنى شۇكى، بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ، كېيىنكى ئىشقا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈشتۇر» دەپتۇ. دوكتور پاۋلو ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىكتە ئەسلا يوق بىلىمنى ئۆگىتىپتۇ.
تۇرمۇش مانا شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بىز ئۈچ مىنۇت ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىشنىڭ نەتىجىسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئامالىنى قىلالمىز، بىراق ئىشنىڭ ئۆزىنى ئۆزگەرتەلمەيمىز. سەۋەنلىكنى قىممەتكە ئىگە قىلىدىغان بىردىنبىر چارە شۇكى، ئەينى چاغدا سادىر قىلغان خاتالىقنى سالماق پوزىتسىيە بىلەن تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭدىن چوڭقۇر ساۋاق ئېلىپ، ئاندىن خاتالىقلارنى ئۇنتۇپ كېتىش. بىز ئۇزاق يىللار داۋامىدا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان بەزى ئىشلارغا ئۇچرىدۇق. قىلغان ئىشلىرىمىز

تارىخقا ئايلىنىپ كەتتى، ئۇلارنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس، قانداقلا پۇشايمان قىلايلى، ئۇنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. باشقىچە ئەھۋالغا ئۆزگىرىپمۇ قالمايدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، ئۇنى «بۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى» ياكى «شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى» دەپ ئويلىشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ بىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىش شۇكى، مۇشۇ ئىشتىن تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، كېيىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىپ، ئاندىن بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىش.

پۇتكۈل دۇنيانىڭ ھەقىقىتى «ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات» دېگەن ئاددىي ئەقلىيە سۆزگە يوشۇرۇنغان.

مۇنداق بىر مىكرو ھېكايىنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. بىر بوۋاي ھەر خىل ئاسارىئەتىقىلەرنى يىغىشنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغانلىرىنى ئۇچرىتىپلا قالسا قانچە پۇل كەتسىمۇ ئامال قىلىپ سېتىۋالىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئاسارىئەتىقە بازىرىدىن ئۇزۇندىن بۇيان تەشنا بولۇپ كۈتكەن قەدىمكى زامان لوڭقىسىدىن بىرنى بايقاپ، ئۇنى ناھايىتى يۇقىرى باھادا سېتىۋاپتۇ. ئۇ بۇ گۆھەرنى ۋېلسىپىتىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا باغلاپ، ئۆيىگە خۇشال قايتىپتۇ. كىم بىلسۇن لوڭقا چىڭ باغلانمىغاچقا، يول ئۈستىدە «تاراڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ۋېلسىپىتنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كېتىپتۇ. بوۋاي چېقىلغان ئاۋازنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا يول بويىدىكى بىرەيلەن «ئاقساقال، لوڭقا چېقىلىپ كەتتى!» دەپ ۋارقىراپتۇ، بوۋاي ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي «چېقىلىپ كەتتىما؟ ئاۋازىدىن قارىغاندا چۇل ـ چۇل بولۇپ كەتتى، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ!» دەپلا كىشىلەر توپى ئىچىدىن غايىب بوپتۇ.

چېقىلغان ئاسارىئەتىقە، ئۆرۈۋېتىلگەن كالا سۈتىگە ئوخشاش ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان پاكىتلار تارىخقا ئايلىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەتسۇن ! بىزنىڭ ھەر ۋاقىت تارىخنى ئىچىپ كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۈستىدە تىلىمىزنى چاپىناپ يۈرۈشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئاسارئەتىقىنى قايتا سېتىۋالغىلى بولىدۇ، سۈتنى قايتا ساغقىلى بولىدۇ، خۇشال ـ خۇرام بولغان روھىي ھالەت ئەڭ مۇھىم.

ھاياتتىكى ئون ئىشنىڭ سەككىز ـ توققۇزىدا كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرايمىز، شۇڭا كۆپ ھاللاردا ئۆتمۈشنى ئەسلەپ ئۆكۈنىمىز. بىراق، ھايات ئەنە شۇنداق، قىلىپ بولغانلىرىمىزدىن توغرا قىلغانلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز؛ خاتا قىلغانلىرىمىز ئەسلىمىگە ئايلىنىپ قالسۇن. ھالبۇكى، ھاياتتىكى نۇرغۇن خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلەر نۇرغۇن ئۆكۈنۈشلەرنى پەيدا قىلىدۇ، مانا مۇشۇ نۇرغۇن ئۆكۈنۈشلەر تۇرمۇشىمىزنى ئالغا باستۇرۇپ، ئەسلىمىلىرىمىزنى گۈزەللەشتۈرىدۇ.

ئۆتمۈش ئۆكۈنۈشكە تولسىمۇ تۇرمۇشنى يەنىلا داۋاملاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بەزى ئۆكۈنۈشلەرنى ئوڭشىۋالغىلى بولىدۇ، بەزىلىرىنى ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ، بۇ چوڭقۇر جاراھەتتىن تاتۇق قالغانغا ئوخشايدۇ. ھالبۇكى، ئىش يۈز بېرىپ بولغاندىن كېيىن بۇ تاتۇقنىڭ يىقىلغاندا قالغانلىقى ياكى باشقىلارنىڭ تىغ بىلەن يارىلاندۇرغانلىقىنى ئويلىنىشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق. بۇ تاتۇق پاكىت بولۇپ ئالدىمىزدا تۇرىدۇ، ئۇنى ئۆمۈرۋايەت ئۆچۈرۈۋەتكىلى بولماسلىقى مۇمكىن. مانا بۇ چاغدا بىز پەقەت بۇ تاتۇقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك، مۇشۇنداق داۋاملاشقاندا تاتۇقنىڭ ئۆزىمىزنىڭ گەۋدىسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، ئۆتمۈشتىكى مەلۇم ئىشلارنىڭ ئۇنىڭغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى بايقايمىز. ئۆزىمىزنى بەزى ئىشلارنى ئۇنتۇشقا مەجبۇرلىساق ئازابىمىز تېخىمۇ ئېغىرلىشىشى مۇمكىن، بۇ بەئەينى ساقايمىغان جاراھەت ئۈستىدىكى قەقەشنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن قانىغانغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ ئىشلارنى جىمجىت قوبۇل قىلىپ

كۈچۈڭنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلانغان تۇيغۇ. شۇڭلاشقا ئىشىنىشىمىز كېرەككى، ۋاقىت ئېقىمى ئۈچلۈق تاشلارنى يۇمىلاق تاشلارغا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ. ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار ئۆتۈپ كېتىۋەرسۇن! مۇھىمى كەلگۈسىنى چىڭ تۇتايلى. كەلگۈسىنى قانداق تۇتۇش كېرەك؟ كەلگۈسى بىر پۇچەك ئۇقۇم، كىممۇ بىز ئۆتمۈشتىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىن ھازىر قىلىۋاتقانلىرىمىز ئارقىلىق كەلگۈسىنى تۇتالايدىغانلىقىمىزغا كاپالەت بېرەلەيدۇ؟

شۇڭا، ئادەم كەڭ قورساقلىق بولۇشى كېرەك. «ھەربىر كۈنلۈك ئىشنى قىلىپ بولغىنىمىزدا بۇ كۈننى ئويلىمايلى!» ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ ئېمېرسون مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سەن تولۇق تىرىشتىڭ. شۈبھىسىزكى، بەزى خاتا ۋە بىمەنە ئىشلارمۇ بار بولىدۇ، بىراق بۇلارنى تېزدىن ئۇنتۇپ كېتىشىڭ كېرەك. ئەتە يېڭى بىر كۈن بولۇشى، شۇنداقلا ئوبدان، خاتىرجەم ھەمدە ئۆتمۈشتىكى بىمەنە ئىشلارنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىمىغان ناھايىتى ياخشى روھىي ھالەت باشلانغان يېڭى كۈن بولۇشى كېرەك. مانا بۇ كۈن ئەڭ گۈزەل بىر كۈن. بۇ كۈن ئۈمىد ۋە يېڭى شەيئىلەرگە تولىدۇ. شۇڭا، ئىنتايىن قىممەتلىك بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر دەقىقىنىمۇ كۆڭۈل غەشلىكىگە ئىسراپ قىلىۋەتمىگىن.» قولدىن بېرىپ قويغانلىرىڭغا ئۆكۈنمىگىن، چۈنكى ئۆكۈنۈش رېئاللىقنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، پەقەت كەلگۈسىدىكى گۈزەللىككە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، كەلگۈسى تۇرمۇشۇڭغا سۆرۈنلۈك پەيدا قىلىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا، كارنېگىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئېسىمىزدا تۇتايلى: «ئەگەر ئۈمىد قىلغان نەرسىمىزگە ئېرىشەلمىسەك، ئەڭ ياخشىسى غەشلىك ۋە ئۆكۈنۈش تۇرمۇشىمىزغا ئازاب ئېلىپ كەلمىسۇن. ئۆزىمىزنى ئەپۇ قىلىشنى، كەڭ قورساق بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم».

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن ــ تاقەت قىلغىلى بولىدىغانلىقى ئىشلارغا تاقەت قىلايلى

كۈچلۈكلەرگە دۈچ كەلگەندە ئۆزىنى
دەڭسىيەلىسىلا، يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرغىلى بولىدۇ.
ــ «تويىنىزم قەسىدىلىرى»

ھېكايەت قىلىنىشىچە، ئىلگىرى بىر تۇلكە بىلەن بىر بۇغا ئوخشاش بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىدا ياشايدىكەن. شامال چىقىپ دەرەخنىڭ شېخى سۇنۇپ بۇغا بىلەن تۇلكىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ. بۇغا بۇنىڭغا ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرماي، نورمال ئىش دەپ قاراپتۇ؛ بىراق تۇلكە ئۇنىڭغا تاقەت قىلالماي كۆچۈش خىيالىغا كەپتۇ. ئۇ كېتىدىغان چاغدا بۇغا ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

ــ بۇ دەرەخ بىزنى شامال ۋە يامغۇردىن دالدىلايدۇ ھەم بىزگە شېرىن ـ شېكەر مېۋىلەرنى بېرىدۇ، نېمە ئۈچۈن كەتمەكچى بولدۇڭ؟

ــ ياق، مەن چىدىيالمىدىم، ئەگەر ساڭا ياققان بولسا قېلىۋەر! ــ دەپلا ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي كېتىپ قاپتۇ تۇلكە.

تۇلكە بىر باياۋانغا كەپتۇ، بۇ جاي كۈندۈزى ئىسسىق، كېچىسى سالقىن ئىكەن، تۇلكە بۇنداق ھاۋاغا چىدىيالماي بىرنەچچە كۈن تۇرمايلا يەنە كۆچۈپتۇ. ئۇ كېتىدىغان چاغدا يەنە بىر بۇغا ئۇنىڭغا:

ــ ئىنىم، بۇ جاينىڭ ھاۋاسى ناچار بولسىمۇ، لېكىن يولۋاس ۋە بۆرىلەر يوق، بىرقەدەر بىخەتەر، يەنىلا مۇشۇ يەردە ماكانلىشىۋەرگىن! ــ دەپتۇ.

ــ ياق، بۇنداق بىنورمال ھاۋاغا چىدىيالمىدىم، مەن چوقۇم كېتىمەن! ــ دەپتۇ تۇلكە. ئۇ ئاخىر ھاۋاسى ياخشى، مۇھىتىمۇ

گۈزەل بىر جايغا كېلىپ، كۆكتۈلدىكىدەك ماكان ئىكەن، دەپ ئويلاپ شۇ يەرگە ماكانلىشىپتۇ. بىراق، كېيىن بۇ جايدا ۋەھشىي يولۋاس، بۆرىلەرنىڭ بارلىقىنى بايقاپتۇ، بىراق ئۇ بۇ جايدىكى راھەت تۇرمۇشتىن كېچىشنى خالىمىغاچقا، يولۋاسقا يەم بوپتۇ.

ھاياتمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ھەممە ئىش كۆكتۈلدىكىدەك بولىۋەرمەيدۇ، بەزى چاغلاردا بىزگە سەۋر - تاقەتتىن باشقا يول يوق، تاقەت قىلىش زۆرۈر بولغان چاغلاردىمۇ تاقەت قىلالمىساق بىز كۆرۈشنى خالىمايدىغان نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. تارتقان دەردلىرىمىزنى ئەسلەپ ساۋاقلارنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، مۇشۇ ئىشلارنىڭ ئەينى چاغدا شۇ كىچىككىنە ئىشقا سەۋر قىلالماسلىق سەۋەبىدىن يۈز بەرگەنلىكىنى بايقايمىز. ئومۇمەن، ئومۇمنىڭ ئىشى ئۇچۇن ئۆز مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش، سەۋر - تاقەتلىك بولۇش ئىنتايىن ئازابلىق ئىش. ئۇنداق بولمىسا سەۋر - تاقەت قىلىۋاتقان ئاشۇ چاغدا نېمە ئۇچۇن ئىچىمىز ئاچچىق بولىدۇ؟ بىراق، دۇنيادا مۇكەممەل مۇھىت، نۇقسانسىز ئادەم يوق. ئەگەر سەللا كۆڭۈلگە ياقمايدىغان ئىش بولسا ۋاز كېچىش پوزىتسىيەسىدە بولساق، ئاخىرىدا كۆكتۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمىز. شۇڭا، بىز سەۋر - تاقەتلىك بولۇشىمىز لازىم. دەريادىكى يۇمىلاق تاشلارمۇ ئېقىننىڭ زەربىسىدە بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ قىرلىرىنى يوقىتىپ يۇمىلاقلانغان. ئادەممۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ئومۇم ئىچىدە بولغاندىلا ناچار ئادەتلەرنى تۈگەتكىلى، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرغىلى بولىدۇ.

فرانكلىن ياش ۋاقىتلىرىدا ناھايىتى ئىناۋەتلىك بىر ئاقساقالنى زىيارەت قىلىپ بېرىپ، بوسۇغىدىن ئاتلىغاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن بېشىنى رامغا ئۇرۇۋاپتۇ. ئاقساقال كۈلۈپ: «بەك ئاغرىدىما؟ بىراق بۇ سىزنىڭ مېنىڭ قېشىمغا كەلگەندىكى ئەڭ چوڭ ھاسىلاتىڭىز بولىغۇسى» دەپتۇ. فرانكلىن بۇ سۆزنى چۈشىنەلمەپتۇ، ئاقساقال ئۇنىڭغا قوش بىسلىق قىلىپ: «باش ئېگىدىغان چاغدا باش ئېگىش كېرەك ئەمەسمۇ!» دەپتۇ. فرانكلىن

www.uyghurkitap.com

بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: «ئاقساقال، سۆزىڭىز ماڭا ئۆمۈرۋايەت مەنپەئەت بەرگۇسى» دەپتۇ.

دۇرۇس، باش ئېگىشكە توغرا كەلگەندە ئېگىش كېرەك، كىم بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر بۇ ئىنتايىن مۇھىم. مەسىلەن، دوستلار ئارا بەزى ئۇششاق ئىشلار ئۈچۈن تاكاللىشىپ قالىمىز، قېنى قىزىق ياشلار تاكاللىشا ـ تاكاللىشا بىر ـ بىرىگە بويۇن ئەگمەي، دوستلۇقنى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ؛ ئاشىق ـ مەشۇقلارمۇ بىر ـ بىرىگە يول قويماي ئاتالمىش «پىرىنسىپ»لى-رىدا چىڭ تۇرۇپ، «تۆكۈرگەن تۈكۈرۈكنى ئېغىزغا ئالغىلى بول-مايدۇ» غان ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مۇھەببەت ناھايىتى تېزلا يوقىلىدۇ؛ قانداشلىقتىمۇ بۇنداق ئىشلار يۈز بې-رىپ تۇرىدۇ. ئىچى تارلىق، ئەپۇ قىلالماسلىق سەۋەبىدىن «پەر-زەنت بېقىۋالاي دېسىمۇ چوڭلار بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ كې-تىپ قالىدىغان» ئىشلار نۇرغۇن. ئۆز ۋاقتىدا سەۋر ـ تاقەت قىلالىساق، نەتىجە كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ، ھايات بەختكە تولىدۇ.

سەۋرچانلىق مەقسەت، شۇنداقلا ۋاستە. مەقسەت دېگىنىمىز ــ سەۋرچانلىق ئادەمنى كەمتەر ۋە كەڭ قورساق قىلىدۇ، ئادەم ئالەمدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى سىغدۇرالايدۇ؛ ۋاستە دېگىنىمىزدە ــ ئۇ قورقۇنچاقلىق ئەمەس، ئۆزىنى مەڭگۈ باستۇرۇشمۇ ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ زور بىر نىشان ئۈچۈن ۋاقتىنچە مۇرەسسە قىلغانلىق. بۇ بەئەينى پۇرژىنىغا ئوخشاش يىغىلغان ھالەتتە تۇرسىمۇ ھامان ئۇستىگە ئېتىلىش ھالىتىنى يوقاتماي، شارائىت يېتىلسىلا ئەھۋالغا قاراپ پارتلايدۇ دېگەنلىك.

جۇڭگو پەلسەپەسىدە قاتتىقلىق بىلەن يۇمشاقلىقنىڭ دىيالېكتىكا مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئەڭ كۆپ مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلغان. يۇمشاقلىق ئارقىلىق قاتتىقلىقنى يېڭىش، ئاجىز ھالەتتە كۈچلۈكلەر ئۇستىدىن غالىب كېلىش ــ شەيئىلەرنىڭ دەۋرىيلىك قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يىغىنچاقلانغان ئىنتايىن يۇكسەك ئەقىل ـ پاراسەتتۇر. لاۋزى: «نېمىنىڭ قاتتىق

ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق ئۆزىنى يۇمشاق ئورۇنغا چۈشۈرۈشكە قانائەت قىلغاندىلا يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرغىلى بولىدۇ» دېگەنىدى.

ئەمىنىيە دەۋرىدە جىن بەگلىكى ئۇچكە بۆلۈنۈپ، جۇڭگو تارىخى يېغىلىق دەۋرىگە كىردى. ئەينى چاغدا جىن بەگلىكىدە كۈچى ئەڭ زور تۆت جەمەت بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈكى جى بەيياۋ ئىدى. ئۇ جىن بەگلىكىنى يۇتۇۋېلىش كويىدا بولغاچقا، ئىنتايىن زوراۋان ئىدى. ئەينى چاغدا جاۋ ناڭزى ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا يېڭىلا ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، ئۆزىنى ئوڭشاپ بولالمىغان ئەھۋالدا، جى بەيياۋنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلغان، جى بەيياۋ جاۋ ناڭزىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىگە قارىتىپ تۇرۇپلا ئۇنى ئۇرغاندا، جاۋ ناڭزى ئۈندىمىگەنىدى. كېيىن جى بەيياۋ باشقا ئۈچ جەمەتنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا زورلىغاندا جاۋ ناڭزى ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى چىقتى. جى بەيياۋنىڭ قارا نىيىتى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن باشقا ئىككى جەمەت بىلەن بىرلىشىپ ئۇنى يوقاتتى.

بۇ ھېكايە جى بەيياۋنىڭ زوراۋانلىقىنىڭ ئۇنىڭ مەغلۇبىيە-تىنى پەيدا قىلغانلىقىنى، ھالبۇكى جاۋ ناڭزىنىڭ سەۋر ـ تاقى-تىنىڭ غەلىبىگە ئاساس سالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خەن دەۋرىدىكى جاڭ لياڭ لىيۇباڭنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەنىكەن. بىراق، جاڭ لياڭنىڭ ياش ۋاقىتلىرىدا مۇنداق بىر ئىش بولغانىكەن:

بىر كۈنى ئۇ كۆۋرۈك ئۈستىدە سەيلە قىلىپ كېتىۋېتىپ، قوڭۇر رەڭلىك كىيىم كىيگەن بىر بوۋاينى ئۇچرىتىپتۇ. بوۋاي جاڭ لياڭنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، كەشنى كۆۋرۈكتىن چۆرۈۋېتىپ، ئۇنىڭغا كەشنى ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ. جاڭ لياڭ خاپىلىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ياۋاشلىق بىلەن كەشنى ئەكەپتۇ.

بوۋاي رەھمەت ئېيتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە جاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لياڭغا كەشمىنى كىيگۈزگىن دەپتۇ، جاڭ لياڭ بوۋاينىڭ ئۆزىنى قەستەن تەڭقىسلىقتا قويۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، سەۋر قىلىپ بوۋاينىڭ كەشىنى كىيگۈزۈپتۇ.

بوۋاي جاڭ لياڭغا قاراپمۇ قويماي قاقاقلاپ كۈلگىنىچە كېتىپ قاپتۇ.

جاڭ لياڭنىڭ غەزىپى كەلگەن بولسىمۇ، بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن قاراپ بېشىنى چايقاپ بولدى قىپتۇ. كىم بىلسۇن بوۋاي يېنىپ كېلىپ: «يىگىت، يارامىلىق ئادەم بولغۇدەكسەن! بەش كۈندىن كېيىنكى سۈبھى ۋاقتىدا مۇشۇ يەردە مېنى كۈتكىن» دەپتۇ.

كېيىن، جاڭ لياڭغا بوۋاي ھەربىي دەستۇرلارنى بېرىپتۇ. جاڭ لياڭ مۇشۇ ھەربىي دەستۇرلاردىن ئىلىم تەھسىل قىلىپ ليۇ باڭنىڭ شاھلىق تەختىگە چىقىشىغا ياردەم بېرىپتۇ.

جۇڭگولۇقلاردا «ئىشنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ يول تۇتقىن» دېگەن گەپ بار. جاڭ لياڭ بوۋاينىڭ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەرخىل تەڭقىسلىقتا قالدۇرۇشلىرىغا چىدىغان. شۇڭا، ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئۆزىنىڭ سەۋرچانلىقىنى ئىپادىلەپ، بوۋاي نېمە دېسە ماقۇل بولغان. قەيسەرلىك بىر خىل ساپا، مۇھىمى ھەر ۋاقىت «سەۋرچانلىق»نى ئىپادىلىيەلىشىڭىز كېرەك. ھالبۇكى، بۇ خىل ساپانى ئۆگىنىۋالغىلى بولمايدۇ.

سەۋرچانلىق بىر خىل پەزىلەت، بىر خىل تەربىيەلىنىش، تېخىمۇ مۇھىمى مۇۋەپپەقىيەتكە يۈرۈش قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئەقىل ـ پاراسەت ۋە تاكتىكا. ئەقىل ـ پاراسەت تەربىيەلىنىشكە ياردەم بېرىدۇ، تاكتىكا ئىگىلىك تىكلەشكە ياردەم بېرىدۇ.

تەربىيەلىنىشىمىزنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن سەۋر ـ تاقەتلىك بولۇشىمىز كېرەك. ئەر ـ خوتۇن مۇناسىۋىتىدە، ناتونۇش كىشىلەر مۇناسىۋىتىدە سەۋر ـ تاقەتلىك بولۇشىمىز كېرەك.

كاتتا ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۇچۇن ئىخمۇ سەۋر ـ تاقەتلىك بولۇشىمىز كېرەك. «ۋىجدانلىق ئادەم ئۆلسىمۇ، غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلمايدۇ»دەيدىغان ئىدىيەدە تەربىيەلىنىشكە بولىدۇ، ئەمما ئەلنى ئىدارە قىلىشقا بولمايدۇ. باشقىلار قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىش، باشقىلار سەۋر قىلالمىغان ئىشلارغا سەۋر قىلىش ئەزىمەتلەرنىڭ ئىشى. ھالبۇكى، بۇ خىل ئۇسۇل غۇرۇردىن يىراقلاپ كېتىدۇ. غۇرۇرلۇق بولۇش بىر خىل پەزىلەت. قەيسەرلىك بىر خىل ساپا. پىر ئۇستاز لىيۇ خەيلى مۇنداق دېگەنىدى: «پۈتۈن ئۆمرۈمدە مېنى باشقىلار خاتا چۈشىنىپ كەلدى. ئەزىمەت دېگەن نېمە؟ قەيسەرلىك دېگەن نېمە؟ باشقىلار ياشىيالمايدىغان مۇھىتتا ياشاش، باشقىلار سەۋر قىلالمايدىغان ئىشلارغا سەۋر قىلىش ئارقىلىقلا باشقىلار قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ! قورقماسلىقنىڭ، باتۇر بولۇشنىڭ كېرەك، ئانچىكى ئىشلار ئۈچۈن چۆشكۈنلىشىپ كەتسەڭ بولمايدۇ ! بېسىم قانچە كۈچلۈك بولسا شۇنچىكى تىرىشىشىمىز، ھەرقانداق ۋاقىتتا ۋاز كەچمەسلىكىمىز كېرەك...»

## يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىش — ئەقىلنى ھېسسىياتنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق

ئەقىل ھېسسىياتنىڭ قۇلى.

— يۇم

پەيلاسوپ سوقرات بىر ئەسكەر بىلەن «نېمىنىڭ باتۇرلۇق» ئىكەنلىكى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىپتۇ.

— باتۇرلۇق دېگەن نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ سوقرات بىر ئەسكەردىن.

— باتۇرلۇق — ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدىمۇ ئىستېھكامنى قولدىن بەرمەسلىك، — دەپتۇ ئەسكەر.

— ئەگەر ئىستراتېگىيە سەندىن چېكىنىشنى تەلەپ

قىلىسىچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سوقرات.
— ئۇنداق بولسا ئىشنى ئەخمىقانىلەشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك.
— ئۇنداقتا سەن باتۇرلۇقنىڭ ھەم ئىستىھكامىنى قولدىن بەرمەسلىك، ھەم چېكىنىش ئەمەسلىكىگە قوشۇلامسەن؟ — دەپتۇ سوقرات.
— مېنىڭچە شۇنداق، بىراق بىلەلمىدىم — دەپتۇ ئەسكەر.
— مەنمۇ بىلمىدىم، بىراق بۇ سوئال سېنىڭ كاللاڭنى ئاچسا كېرەك. بۇ توغرىدا يەنە نېمە دەيسەن، — دەپتۇ سوقرات.
— شۇنداق، كاللامنى ئاچتى، — دەپتۇ ئەسكەر.
— ئۇنداقتا باتۇرلۇق جاپالىق ۋاقىتتىمۇ سالماق بولۇش، توغرا ھۆكۈم قىلىش؟ — دەپتۇ سوقرات.
— دۇرۇس، — دەپتۇ ئەسكەر.
بۇ ئەسكەر دەسلەپتە نېمىنىڭ «باتۇرلۇق» ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بىراق، سوقرات سوراۋەرگەچكە، ئۆزىنىڭ قارىشىدىن ۋاز كېچىپ، «باتۇرلۇق جاپالىق ۋاقىتتىمۇ سالماق بولۇش، توغرا ھۆكۈم قىلىش» دەپ قارىدى.
دەرۋەقە، تەنتەكلىك دۈشمەن، ئۇ ھەر ۋاقىت بىزنى ئەقلىمىزدىن ئازدۇرۇپ، بىزگە ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلدۇرىدۇ. ئادەم ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى، ھەممە ئىشتا چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئاندىن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە ئىشتاتىدا پېتىر ئىسىملىك بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ يۈك ماشىنىسىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ تۆت ياشلىق قىزى يۈك ماشىنىسىنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى قاتتىق مېتال بىلەن جىجىۋېتىپتۇ. پېتىر ئىنتايىن غەزەپلىنىپ قىزىنىڭ قولىنى سىم بىلەن باغلاپ، ئۇنىڭغا ماشىنا ئالىمىرىدا تۇرۇش جازاسى بېرىپتۇ. تۆت سائەتتىن كېيىن پېتىرنىڭ قىزى ئېسىگە كەپتۇ. قىزنىڭ قولى سىم بىلەن تېڭىلغاچقا، قان

يۇرۇشمەپتۇ، شۇڭا قولنى كېسىۋېتىش ئارقىلىقلا ئۇنىڭ هاياتىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدىكەن، قىز شۇنداق قىلىپ بىر جۈپ قولىدىن ئايرىلىپتۇ. پېتىر يېرىم يىلدىن كېيىن يۇك ماشىنىسىنى زاۋۇتقا ئېلىپ بېرىپ، قايتىدىن سىرلىتىپ يېڭىلىۋاپتۇ. قىز ماشىنىغا قاراپ: «دادا ماشىنىڭىز بەك چىرايلىق ئىكەن ـ هە، يېڭى ماشىنىدەكلا بولۇپ كېتىپتۇ» دەپتۇ، ئاندىن كېسىۋېتىلگەن بىر جۈپ قولىنى چىقىرىپ سەبىيلەرچە: «بىراق، قولۇمنى قايسى چاغدا قايتۇرۇپ بېرىسىز؟» دەپتۇ، پېتىر بۇ چاغدا ۋىجدانىنىڭ ئەيىبلىشىگە چىديالماي ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۇرۇۋاپتۇ.

كىچىككىنە ئاچچىق تۇيغۇدىن قىز بىر جۈپ قولىدىن ئايرىلدى، يەنە پۇشايمان تۇيغۇدىن ئۆزىنىڭ هاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى. بۇ هېكايە ئادەمنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالماي قالمايدۇ! ئويلاپ كۆرەيلى، ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدىغان بارلىق سەۋەنلىكلەر بىر مەھەللىك تەنتەكلىك تۇيغۇدىن مەڭگۈ تۈزەتكىلى بولمايدىغان خاتالىققا ئايلىنىپ قالىدۇ. تەنتەكلىك نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق! دۇنيادا پۇشايماننىڭ دورىسى يوق، خاتا بولغانلىرى خاتا كېتىۋېرىدۇ، ئۇنى مەڭگۈ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، ئەگەر يەنە بىر قېتىم پۇرسەت كەلگەن تەقدىردىمۇ بىز يەنىلا ئەسلىدىكى غەپلەتتىن قايمۇقۇپ، باشقىلارغىمۇ، ئۆزىمىزگىمۇ زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلارمىزمۇ؟

بىر ئايال دائىم ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى باهانە قىلىپ، ئېرى بىلەن سوقۇشۇپ ئىچىنى تولىمۇ ئاچچىق قىلىۋالىدىكەن، كېيىن ئۇ ئاپىسىغا دەردىنى تۆكۈپتۇ، ئاپىسى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن قىزىغا بىر پىيالە چاي دەملەپ بېرىپتۇ. ئۇ بىرىنچى يۇتۇم چاينى ئىچكەندە چاينىڭ قىرتاقلىقىدىن چاينى تۈكۈرۈۋېتىپتۇ. ئاپىسى ئۇنىڭغا يەنە بىر يۇتۇم ئىچكۈزۈپتۇ، ئۇ بۇ قېتىمدا ئۇنداق قىرتاق هېس

www.uyghurkitap.com

قىلماپتۇ. ئاپىسى ئۇنىڭغا: «بۇنداق چاينى ئىچىشتە ئالدىراڭغۇلۇق قىلماي، تەمىنى ئاستا تېتىش كېرەك، ئۇنىڭ ھەر بىر مىنۇتتىكى تەمى ئوخشاش بولمايدۇ» دەپتۇ. ئايال يەنە بىر يۇتۇم ئىچىپتۇ، بۇ قېتىمدا چاي ئۇنىڭغا تاتلىق تېتىپتۇ. ئايالنىڭ ئاپىسى ئىچىگە ئۆزگىچە تەملىك چاي قاچىلانغان بىر ياغاچ قۇتا بىلەن بىر دانە سۈزۈك پىيالىنى ئېلىپ چىقىپتۇ. پىيالىنىڭ ئاستىغا: «ھايات ئۇچۇن قانچىلىك جاسارەت كۆرسەتكەنلىكىڭنى سىناپ كۆرگىن، بىر مىنۇتتا تەمى ئىنتايىن ناچار؛ ئىككى مىنۇتتا تەسىراتىڭنى چۈشىنىمىز؛ بەش مىنۇتتا تەمى ياخشىلاندى؛ ئالتە مىنۇتتا قىرتاقلىق تۈگەپ تاتلىق تەم ھاسىل بولدى، قانغۇچە ئىچىۋال» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىكەن. ئاپىسى مۇنداق دەپتۇ: «ئەگەر تۇرمۇشتا يېتەرلىك سەۋر ـ تاقەت ۋە جاسارەت بولمىسا ھەتتا بىر پىيالە چايمۇ سېنى ئالداپ قويىدۇ. شۇڭا، ھەممە ئىشتا ئۆزۈڭنى ئالتە مىنۇت سالماق تۇتقىن، ئالتە مىنۇتتىن كېيىن باشقىچە بىر گۈزەل مەنزىرە بارلىققا كېلىدۇ».

دۇرۇس، ھەرقانداق ئىشتا ئالتە مىنۇت سالماق بولغاندىلا ئوخشاش بىر ئىشقا ئوخشاش بولمىغان باھا بېرەلىشىڭىز، ئوخشاش بولمىغان تەدبىر قوللىنىشىڭىز مۇمكىن. كىشىلەر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئادەمنىڭ زىتىغا تېگىدىغان بەزى ئۇششاق ئىشلار تۈپەيلىدىن قېنى قىزىپ دەرغەزەپ بولىدۇ. تەنتەكلىكى قەلب دەرۋازىسىدىن قېچىپ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىبلىسقا ئوخشايدۇ، ئۇ بىزنىڭ ئەقىلسىزلارچە ئىش قىلىشىمىزغا قوماندانلىق قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىنلا نەتىجىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى بايقاپ، ئۆزىمىزنى يەنە بىر نۆۋەتلىك گاڭگىراش ئىچىگە مەھكۇم قىلىمىز. پۇشايمان قىلىش كېرەكمۇ؟ ئەپسۇس، كېچىكتۇق.

مۇنداق بىر يۇمۇر مەسىلىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشەندۈرۈپ

بېرەلەيدۇ. ھەيۋەت بىلەن كېتىۋاتقان چوڭ يۈك ماشىنىسىنىڭ ئارقىسىغا مىخلانغان ياغاچ تاختايغا مۇنداق خەت يېزىلغانىكەن: «مەزكۇر ماشىنا باشقا ماشىنىلار بىلەن 17 قېتىم سوقۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 15 قېتىمدا يەڭدى، بىر قېتىمدا تەڭلەشتى، بىرلا قېتىم يېڭىلدى. ھەرقايسىلىرى ماڭا سوقۇلۇشتىن ئىلگىرى ئويلىنىپ ماڭالا !» تۇرمۇشتىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش «يۈك ئاپتوموبىلى» نۇرغۇن، باشقىلار بىلەن بىرنەچچە قېتىم «سوقۇلماي» تۇرۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلمەيدۇ، نەتىجىسىنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقىمۇ شۇنىڭغا ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئايان.

«يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىش» دېگەن سۆز قېنى قىزىق كىشىلەرگە نەسىھەت بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ھاياتنىكى چوڭقۇر پەلسەپە ھېسابلىنىدۇ. ھەرقانداق ئادەم ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتا چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن ھەرىكەتكە كېلىشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەتتىن ئۈمىد بار.

بىر مەسەلدە مۇنداق دېيىلگەنىكەن: بىر تۈلكە قۇدۇققا سۇ ئىچكىلى بېرىپتۇ، بىراق قۇدۇق بەك چوڭقۇر بولغاچقا، ئۇنىڭغا چۈشكەندىن كېيىن چىقالماپتۇ. بۇ چاغدا بىر ئۆچكىمۇ سۇ ئىچكىلى كەپتۇ، تۈلكە نىجاتكارغا ئېرىشكەندەك بوپتۇ ـ دە، ياغلىما سۆزلەر بىلەن ئۆچكىنى قۇدۇققا سۇ ئىچكىلى چۈشۈشكە تەكلىپ قىپتۇ. ئۆچكە سۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، تۈلكە ئۇنىڭ ئۈستىگە دەسسەپلا قۇدۇقتىن چىقىۋاپتۇ، ئۆچكە قۇدۇق ئىچىدە قاپتۇ. ئۆچكە تۈلكىنىڭ لەۋزىدە تۇرمىغانلىقىدىن ئاغرىنىپتۇ، تۈلكە ئۇنىڭغا: «ۋاي قېرى ئەخمەق، ئەگەر ئەقىللىق بولساڭ، ئالدى بىلەن چىقىدىغان يولنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى كۆرسەڭ بولاتتى، بولمىسا بۇ جاپاغا قالامتىڭ؟» دەپلا كېتىپ قاپتۇ.

ئادەم بەزىدە «يولنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى كۆرمەي» مۇشۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۆچكىگە ئوخشاش ئىش قىلغاندا تەپسىلىي ئويلانمايدۇ. قىيىنچىلىقنىڭ كۆپلۈكىنى بايقىغاندا، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق ئىشتا چوڭقۇر ئويلىنىشىمىز، ئەتراپلىق پىلان تۈزۈشىمىز، ئاندىن ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ياخشى نەتىجە چىقىدۇ.

ھەرقانداق ئىشتا ئالتە مىنۇت سالماق تۇرۇش، ئۆزىنى تۈتۈۋېلىشنى ئۆگىنىۋېلىش، چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش جاھاندارچىلىق، كىشىلىك ئالاقىدىكى ئەڭگۈشتەر. مۇشۇ ئەڭگۈشتەرگە ئېرىشكەندىلا مۇۋەپپەقىيەت سىز بىلەن سۈركىلىشىپ ئۆتۈپ كەتمەيدۇ.

## ئۈچىنچى باب

# ھەر كۈنى بىردەم بەخت پەلسەپىسى ئوقۇيلى

*ئازادلىق ئىنسانلارنىڭ نىشانى، بىراق بەخت ۋە خۇشاللىق ئۆزىمىزنىڭ نىشانى. شۇڭا، ئىنسانلارنىڭ ئازادلىقى بىلەن شەخسلەرنىڭ بەختى پەيلاسوپلار چوڭقۇر ئويلىنىدىغان مەسىلىگە ئايلاندى. پەيلاسوپلارنىڭ نەزىرىدە شەخسنىڭ بەختى تىرمىنال ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇ ھاياتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى. مەسىلەن، بىزنىڭ «بەختكە ئىنتىلىشىمىز نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورىيالمايمىز، چۈنكى بەخت ۋاستە شەكلىدە كۆرۈلمەيدۇ، ئۇ مەقسەت.*

*بەخت ئىنسانلار تەشنا بولۇپ كەلگەن تۇرمۇش غايىسى. بىراق، ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى چەكلىمىلىك بەختنىڭ نۇقسانسىز بولمايدىغانلىقىنى، مۇقەررەر رەۋىشتە يەنە بەزى كەمتۈكلۈكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. بىراق، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى مۇكەممەللىككە تەشنا، شۇڭا زىددىيەت ئىچىدە تىركىشىۋاتقان ئىنسانلارنىڭ بەختكە ئىنتىلىش يولى ئەگرى - توقاي بولىدۇ. ئىنسانلار بەخت كەملىك تۇيغۇسىنى، بەخت بىلەن قانائەتنىڭ ئەسلىدىنلا بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى ھەقىقىي تونۇغاندىلا بەخت يولىغا ھەقىقىي دەسسىشى مۇمكىن.*

## شادلىق نەدە — پەرىشتە بىلەن ئىبلىسنىڭ تىركىشىشى

تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلانغىن، بىراق چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزگىن.
— ئېپىكۇر

ئادەم تەن بىلەن روھنىڭ بىرلەشمىسى. روھ ئالىيجاناب بولىدۇ ھەم ئۆلمەيدۇ، ئۇ ئادەمنى يۈكسەلدۈرىدۇ؛ بىراق،

ئادەمنىڭ ئالىيجاناب بولماسلىقىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. چۈنكى، تەن ئادەمنىڭ يۈكسىلىشىنى چەكلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئادەم يەر يۈزىدە ئۆمىلەپ يۈرىدۇ. ئادەمنىڭ يېرىمى پەرىشتە، يېرىمى ئىبلىس بولىدۇ، روھ ئىبغىر تەننى مەڭگۈگە سۆرەپ يۈرىدۇ، مانا بۇ ئادەمنىڭ هازىرقى هالىتى. نىچشىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئادەم قىسىلچاقلار ئىچىدە ماڭىدۇ.

پلوتىنۇ مۇنداق دېگەنىدى: «بىزدىن ئىنسانلارنى كائىناتنىڭ سەرخىل ئەزالىرى، يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئىگىسى دەپ قاراش تەلەپ قىلىنىدۇ! بىراق، ئىنسانلار ئەمەلىيەتتە ئىلاھ بىلەن هايۋاننىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، هەر ۋاقىت ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە مايىللىشىپ تۇرىدۇ؛ بەزى كىشىلەر كۆنسايىن بۈيۈكلىشىدۇ، بەزىلەر هايۋانلىشىدۇ، كۆپىنچىسى ئوتتۇراهال هالەتنى ساقلايدۇ. ئادەمنىڭ يېرىمى پەرىشتە، يېرىمى ئىبلىس.» دېمەك، «پەرىشتە» ئادەمنىڭ قەلبىدە بولىدۇ، «ئىبلىس»مۇ ئادەمنىڭ قەلبىدە بولىدۇ. «پەرىشتە» غايە، سەممىيەت، مېھىر ـ مۇھەببەت، دۇرۇسلۇق، پاكلىق، شەخسىيەتسىزلىك، شادلىق... نى شەكىللەندۈرىدۇ. «ئىبلىس» يامانلىق، ۋەھشىيلىك، رەھىمسىزلىك، مەككارلىق، ئاچ كۆزلۈك، هەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك... نى شەكىللەندۈرىدۇ. «پەرىشتە» «ئىبلىس»قا ئايلىنالايدۇ، «ئىبلىس» مۇ «پەرىشتە» گە ئايلىنالايدۇ، بۇنى قانۇنىيەت دېگىلى بولمىسىمۇ، بىراق ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان مەۋجۇتلۇق. ئامېرىكىدىكى مەلۇم دوكتورنىڭ قارىشىچە، ئادەم مېڭىسى ئۈچ قەۋەتكە ئايرىلىدىكەن، ئەڭ چوڭقۇر قىسمى «ئۆمىلىگۈچىلەر مېڭىسى»، ئوتتۇرىسىدىكى «ئەمگۈچىلەر مېڭىسى»، ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكىسى «پرىماتلار مېڭىسى» ئىكەن. ئادەمنىڭ هەرىكىتى ئادەم مېڭىسىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان.

ھۇجۇم قىلىش، تالىشىش، قورقۇتۇش، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆمىلىگۈچىلەرنىڭ ھەرىكىتى؛ قىزغىن ھېسسىيات، نازۇك كەيپىيات، ئانا تېنىدىكى تۇغما ھەرىكەت قاتارلىقلار ئەمگۈچىلەرنىڭ ھەرىكىتى؛ بىلىش تۇيغۇسى ۋە ھۆكۈم، ھەرىكەتتىكى چەكلىمىلىك، ئىجرا قىلىش، تىل پائالىيىتى، چوڭقۇر ئويلىنىش، ئەقلىي ھەرىكەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پىرىماتلارنىڭ ھەرىكىتى ئىكەن. ئۇ مۇنداق قارايدۇ، تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ جىددىيلىكى تۈپەيلىدىن، كۆپ ھاللاردا ھۇجۇم قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە ئۆمىلىگۈچىلەر تۇرىدىكى مېڭە بىلەن ھەرىكەتنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە پىرىماتلار تۇرىدىكى مېڭە ئارىلىشىپ كېتىپ‌دىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدىكەن.

ئادەم تەن بىلەن روھنىڭ بىرلەشمىسى ئىكەن، ئۇنداقتا ئادەمگە بەخت بېغىشلاش ئۈچۈن تەن بىلەن روھنىڭ ھېچقايسىسىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. تەركىدۇنياچىلىقتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك، تەننى زىيادە چۆكۈرۈپ، ھەۋەسنى باسقاندا ساختا «ئىخلاسمەن ئەر ـ ئايال»لار بارلىققا كېلىدۇ؛ بىراق، ھەۋەسنىڭ ئارقىسىغا كىرىش زىيانلىق، ھەۋەس چېكىدىن ئېشىپ كەتسە ئادەم بارسا كەلمەس يولغا كىرىپ قالىدۇ، ئادەم مەڭگۈلۈك مەنىسىزلىك ۋە غېرىبلىققا دۇچار بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن «ساياق يىگىت، بۇزۇق قىز»لار بارلىققا كېلىدۇ.

شۇڭا، روھ بىلەن تەن ئۆزئارا ئىناقلىقتا، يەنى ماسلىقتا موھتاج. پەلسەپە ياكى تەبىئىي پەن تۇغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچىگە ئىگە كىشىلەر ماسلىقنىڭ قىممەتلىكلىكىنى بىلىدۇ. ماسلىق بولمىسا دەۋرىيلىك بولمايدۇ، ئەگەر شەيئىلەر بىرلا يۆنىلىشكە قاراپ ھەرىكەت قىلسا، ئۇنداقتا ئاخىرى توختام سۇغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئىناقلىق، يەنى ماسلىق كۈچ جەھەتتە

تەڭلىشىپ قىلىش، تەڭپۇڭلۇق بولۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. خۇددى گېگىلنىڭ ھەقىقەت تەلىماتىدا ئېيتىلغاندەك، ئىككى قۇتۇپنىڭ ئوتتۇرىدىكى نۇقتا ھەقىقەت بولىدۇ. بىراق، ئادەمدە بۇنداق مەنىدىكى ماسلىق مەۋجۇت بولمايدۇ، ياكى بۇنداق ماسلىقنى ئىناقلىق دېگىلى بولمايدۇ. ئادەمنىڭ ماسلىقى روھ بىلەن تەننىڭ ئانچە تەڭپۇڭ بولمىغان ھالىتىدە مەۋجۇت بولىدۇ، روھ بىلەن تەننىڭ رەقىبكە ئايلىنىشى جەڭدىن دېرەك بېرىدۇ. تەن بىلەن روھ ئەنە شۇنداق بىر - بىرىنى چەتكە قاقىدۇ، دۇنيادا يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان ئاسىيلىق ئادەمدىلا يۈز بېرىدۇ، مانا بۇ شەكىلدىكى ئاسىيلىق. روھ تەنگە ئاسىيلىق قىلىشقا ئىنتىلىدۇ، تەن روھقا ئاسىيلىق قىلىشقا ئىنتىلىدۇ. خۇددى مىلان كۇندېرا ئېيتقاندەك، تەن ئېغىر بولىدۇ، روھ يېنىك بولىدۇ. تەن مۇقىم زېمىنغا ئىنتىلىدۇ. ھالبۇكى، روھ چەكسىز بوشلۇققا ئىنتىلىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ ئادەمنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئادەم بەئەينى ئارقانغا ئوخشاش ئىلاھىيلىق بىلەن ھايۋانلىق ئوتتۇرىسىدا ئېسىلىپ تۇرىدۇ. روھ بىلەن تەن قانچىكى ساغلام بولسا ئۇرۇش شۇنچىكى تىنچىمايدۇ؛ ئەگەر بىر تەرەپ يېتەرلىك كۈچلۈك بولسا ئۇنداقتا ئاجايىپ تىنچلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ؛ ئەگەر ئىككىلا تەرەپ ئاجىز بولسا ئېتىبارسىز جېدەلگە ئايلىنىدۇ. شۇڭا، روھ بىلەن تەن دۇنيادا بىر - بىرىنى ئىزدەش ئارقىلىق ھاياتنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار بىر - بىرىنى ئىزدىمىسە ھايات يەنە يەڭگىللىشىپ كېتىدۇ.

ۋاھالەنكى، ئىناقلىق يەنىلا باشقا بىر خىل شەكىلدە مەۋجۇت بولىدۇ. مۇنداق قىزىقارلىق سەپسەتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى: ئادەم روھقىلا ئىنتىلىپ تەنگە ئېتىبارسىز قارىدى دېسەك، تەننىڭ قۇۋۋىتى ئېشىپ روھنى قوغلاپ چىقارغۇدەك

دەرىجىگە يەتكەندە، ئادەم تەنگە ئىنتىلىش ھالىتىگە ئۆتىدۇ. دېمەك، روھقىلا ئىنتىلىدىغان ئادەم ئاخىرىدا تەنگە ئىنتىلىش بىلەن خاتىمىلىنىدۇ. شۇڭا، ئىناقلىق روھ بىلەن تەننىڭ بىر ـ بىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان مۇتلەق غەلىبىسى ئىچىدە مەۋجۇت بولىدۇ. شەخس ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئېپكۇرنىڭ بەخت تەننىڭ ئازاب ھېس قىلماسلىقى، روھنىڭ بىسەرەمجان بولماسلىقى دېگىنى توغرا بولسا كېرەك.

ئېپكۇرچىلارنىڭ شەخسنىڭ بەختىگە كاپالەتلىك قىلىشتىكى جاۋابىنى «تۇرمۇشتىن لەززەت ئالغىن، ئەمما چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزگىن» دېگەن بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. ئېپكۇرچىلار ئالىيجاناب ھەم ئېھتىياتچانلىقا ئىگە شەخسىي بەختكە ئىنتىلىپ، «تىنچ خۇشاللىق»نى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ بەئەينى ئەل ئايىغى تىنچىغان كېچە ياكى قۇياش پارلىغان سەھەردە قولىڭىزغا بىر ئىستاكان قەھۋەنى ئېلىپ كىلاسسىك مۇزىكا ئاڭلىغان ياكى ئېسىل ئەسەرنى ئوقۇۋاتقان چاغدىكى تۇيغۇغا ئوخشايدۇ. ئېپكۇرچىلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، پەلسەپە، ئەدەبىيات، دوستلۇق ئىنتىلىشقا ئەڭ ئەرزىيدىغان بەختتۇر. ئەلۋەتتە، بەخت ئۈستىدە ئىنچىكە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش كېرەك. جۇڭگولۇقلاردا ئادەم قېرىلىقتىكى كېسەللەرنىڭ ھەممىسىنى ياشلىقىدا تېپىۋالىدۇ، دېگەن گەپ بار. كېيىنكى ئۇزاققا داۋاملىشىدىغان بەخت ئۈچۈن قىسقا ۋاقىتلىق شادلىقنى رەت قىلىش لازىم. مەستانىلىق ۋە مەيلىگە قويۇۋېتىش بۇنىڭدىن كېيىنكى تېخىمۇ زور ئازابنى پەيدا قىلىدۇ، بۇ بەختكە دائىر مۆلچەردىن كېيىنكى ئەڭ ئېسىل تاللاش.

بىز بەخت ئىزدەش ئۈچۈن ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ساغلام بولۇشىمىز، قەيسەر ئىرادىلىك بولۇشىمىز، ئىزدىنىش جەريانىدىكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەرقانداق ئەھۋالغا ماسلىشالىشىمىز كېرەك. ھالبۇكى، بۇ سەزگۈ ئەزالارنىڭ شادلىقتىن لەززەت ئېلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەلۋەتتە، بىز شەھۋەتپەرەسلىككە باشلايدىغان راھەتپەرەسلىكنى تەشەببۇس قىلمايمىز. تەندىكى سەزگۈ ئەزا شادلىقى جىسمىمىزنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلايدۇ، بىراق بۇ بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئەمەس، بەلكى ۋاستىمىزگە ئايلىنىشى كېرەك. ئاخىرقى مەقسەت ئومۇمەن ئەڭ ئالىيجاناب شەيئى، يەنى خاتىرجەم بولغان بەختكە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. بىز تەندىكى سەزگۈ ئەزالار شادلىقىنىڭ قۇلىغا ئەمەس، بەلكى خوجايىنىغا ئايلىنىشىمىز، ئۇنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىماسلىقىمىز، بەلكى ئۇنى ئىدارە قىلالىشىمىز لازىم. بەزىلەر مەنىۋىيەتنىڭ مۇتلەق ئالىيجانابلىقى ۋە خاتىرجەملىكىگە ئىنتىلىسىمۇ، لېكىن ياشاش ئېھتىياجىدىن خالاس بولالمايدۇ، مېنىڭچە بۇنداق ئەھۋالدا بۇ ئىككىسىنى نوقۇل ئايرىۋېتىش ياكى ئامال قىلىپ بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئەركىن روھ بىلەن تەندىكى سەزگۈ ئەزالارنىڭ شادلىقىنى ئىدارە قىلىش كاتتا ئەقىل ــ پاراسەت ھېسابلىنىدۇ.

بەختلىك تۇرمۇشنىڭ مۇقىم ئەندىزىسى بولمىسا كېرەك. بىراق، ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ تەپەككۇرى، كۆزىتىش ئىقتىدارى، يەنى ئەقىل ــ پاراسىتىنى يېتىلدۈرۈشى، ئاندىن ئەقىل ــ پاراسەتتىن پايدىلىنىپ ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىشى كېرەك. بۇ مەزگىلدە سەزگۈ ئەزالارنىڭ شادلىقىدىن ۋاز كەچمەسلىك، بەلكى ئۇنى ئىدارە قىلىپ ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. ھەقىقەتكە ئىگە بولغاندىلا ھەقىقەت ئارقىلىق قەلب ۋە روھنى تاۋلىغىلى بولىدۇ، مۇشۇنداق بولغاندىلا ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك بولغىلى، دۇرۇس تۇرمۇش كەچۈرگىلى بولىدۇ. يەنى، مەنىۋىيەتتىكى خاتىرجەملىك ۋە ھۆرلۈككە ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئەنە شۇ چاغدا بىز ھەقىقىي بەختكە ئېرىشەلەيمىز. مانا بۇ قەدىمكى دانىشمەنلەرنىڭ بىزگە بەرگەن ئىلھامى.

## پۇلدىن ھالقىش — پۇل خۇشاللىقنىڭ بىر تۈرلۈك مەنبەسى، ئەمما ئۆزى ئەمەس

خۇشاللىقنىڭ ئەسلىدىنلا ئەسكىسى يوق،
بىراق بەزى خۇشاللىقلار ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ
خاپىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ.
— ئېپىكۇر

ئېپىكۇر غەرب پەلسەپە تارىخىدا تۇنجى قېتىم خۇشاللىق بىلەن ئەخلاقنى بىرلەشتۇرگەن پەيلاسوپ. ئېپىكۇر پەلسەپىسى ھاياتتىكى خۇشاللىق ۋە بەختكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئېپىكۇر ئۇچۇن ئېيتقاندا، پەلسەپىنىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ نېگىزلىك قەلب داۋالاش سەنئىتى ئىكەنلىكىدە. ئۇ خۇشاللىق ۋە ئازاب تۇيغۇسى كىشىلەرنىڭ ياخشى ۋە يامانلىقىنى ئۆلچەشتىكى ئۆلچەم دەپ قاراشتا چىڭ تۇرىدۇ. ئومۇمەن، خۇشاللىق ئاتا قىلغان نەرسىلەر ياخشى بولىدۇ، ئازاب ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەر يامان بولىدۇ. جانلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ياخشىغا ئىنتىلىپ ياماندىن قېچىش ئادىتى بولغانىكەن، ئۇنداقتا ئىنسانلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولالمايدۇ. بەختكە تەشنا بولۇۋاتقان ئادەم جەزمەن خۇشاللىقنى توغرا تاللاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇشى كېرەك، شەخسنى تېخىمۇ خۇشال قىلالايدىغان ھەرىكەتلەرلا ئەخلاق مەنىسىگە ئىگە بولالايدۇ.

ئېپىكۇر مۇنداق قارايدۇ، ھەقىقىي خۇشاللىق تېخىمۇ كۆپ ئەھۋالدا تەندىن ئەمەس، بەلكى قەلبتىن كېلىدۇ؛ فىزىيولوگىيەگە ئەمەس، بەلكى پسىخىكىغا تايىنىدۇ. چۈنكى، تەندىكى ئازاب ئانچە ئۇزاق داۋاملاشمايدۇ، ئىنتايىن قاتتىق ئازابمۇ قىسقا ۋاقىت داۋاملىشىدۇ.

ئېپىكۇر تەندىكى خۇشاللىق ۋە ئازابنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ، تەننىڭ خۇشاللىقنى ئەيىبلەشنىڭ ھاجىتى يوق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىراق نوقۇل ھالدا تەننىڭ ھۇزۇرغا بېرىلىپ، ئۇنىڭغا ئىنتىلىش بەخت ئەكېلەلمەيدۇ. چۈنكى، «تەن چەكلىك خۇشاللىقنى چەكسىز دەپ قارايدۇ، بۇ خۇشاللىقنى ھازىرلاش ئۈچۈن چەكسىز ۋاقىت بولۇشى كېرەك. بىراق، قەلب تەننىڭ تېرمىنال چېكىنى تونۇپ يېتىپ، كەلگۈسى توغرىسىدىكى ۋەھىمىنى تۈگىتىپ ۋايىگە يەتكەن ۋە مۇكەممەل بولغان تۇرمۇشقا كاپالەتلىك قىلىددۇ... بەختسىزلىككە ئۇچراپ قازا قىلغان تەقدىردىمۇ، قەلبتە ئەڭ ياخشى تۇرمۇش توغرىسىدىكى لەززەت كەم بولمايدۇ». ئېپىكۇرنىڭ نەزىرىدە تەندە مەيلى ئازاب ياكى خۇشاللىق بولسۇن تەسىرات ئۇزاق داۋاملاشمايدۇ. شۇڭا، ھەقىقىي، ئەبەدىي خۇشاللىقنى قەلبتىن ئىزدەشكىلا توغرا كېلىدۇ. خۇددى ئېپىكۇر ئېيتقاندەك، قەلبتىكى خۇشاللىق تەننىڭ خۇشاللىقىدىن ھالقىپ كېتىدۇ. ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى تەننىڭ ھۇزۇرى ۋە غىدىقلىنىشىنى ئەبەدىي داۋاملاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى بىر خىل تۇراقلىق ھالەتكە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت.

ئېپىكۇرنىڭ «خۇشاللىق تىزىملىكى» ماكان - زاماندىن ھالقىغان بولۇپ، بىزنىڭ دىلىمىزنى يورۇتىدۇ ۋە بىزگە ئىبرەت بېرىدۇ. چۈنكى، ماددىي مەنپەئەت ھەممىنى بېسىپ چۈشكەن بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر خۇشاللىق بىلەن پۇلنى بىلەر - بىلمەي تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، پۇلنى خۇشاللىقنىڭ ئورنىغا دەسسىتىۋالدى. كىشىلەر پۇل قانچە كۆپ بولسا شۇنچە خۇشال بولغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىنتايىن خاتا چۈشەنچە. دۇرۇس، بايلىق ۋە پۇل بولغاندىلا نازۇنېمەتلەرگە ئېغىز تېگەلەيمىز، گۈزەل تاغ - دەريالارنى ساياھەت قىلالايمىز. بىراق، قەلبتىكى پۇچەكلىكنى تاشقى ئىنتىلىش ئارقىلىق تولدۇرغىلى بولمايدۇ، بۇ پۇچەكلىك بەئەينى قەرەللىك بومبىغا ئوخشاش كەچ كىرىپ ئەل ئايىغى بېسىلغاندا، بىزنى ئارامىمىزدا قويمايدۇ.

بىر جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ ئۆزلىرىنىڭ داچىسى ۋە گۈللۈكى بار ئىكەن. ئۇلار يەنە تېخىمۇ چوڭ گۈللۈكى بار داچىغا

كۆچۈپ كىرىپتۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ يېڭى تۇرالغۇدىن شادلىنىش تۇيغۇسى 20 يىل ئىلگىرى كۆرۈلگەنىكەن. ئەينى چاغدا ئۇلار نۇرغۇن يىل كوللېكتىپ ياتاقتا تۇرغاندىن كېيىن ئىدارە ئۇلارغا بىر ئېغىزلىق ئۆي تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇ. ئۇلار شۇ چاغدا ناھايىتى ھاياجانلانغانىكەن. كېيىن ھەرقانچە ھەشەمەتلىك تۇرالغۇسى بولسىمۇ شۇ چاغدىكىدەك خۇشال بولالماپتۇ. ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇن كىشىلەردە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تۇيغۇ مەۋجۇت. ئاشۇ نامراتلىقنى باشتىن كەچۈرگەن بايلارنىڭ نازۇ – نېمەتلىرى ئۇلارغا ئىلگىرى يېگەن بىر ۋاقىلىق ئاددىي قورۇمىچىلىك خۇشاللىق بېرەلەمدۇ؟ جاۋابى: بېرەلمەيدۇ!

پۇل چەكلىك خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ، شۇنداقلا چەكسىز خاپىلىقنى ئەكېلىشىمۇ مۇمكىن. پۇلنى بەك ھەددىدىن زىيادە چوڭ كۆرىدىغان ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، پۇل تېپىش ۋە پۇل خەجلەش ئوخشاشلا خاپىلىق ئىش، چۈنكى پۇل ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە خۇشاللىق ئۈچۈن ھېچقانچە جاي قالمىغان. پۇلنى ئانچە چوڭ بىلمەيدىغان كىشىلەر دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ.

پۇلنى چوڭ بىلمەسلىك پۇلنى چەتكە قېقىش، پۇلدىن نەپرەتلىنىش، دەرۋىشلەردەك تۇرمۇش كەچۈرۈش دېگەنلىك ئەمەس. پۇل شۈبھىسىزكى، تىرىكچىلىكىمىزنىڭ ئاساسى. ھېچكىم قورسىقى ئاچ تۇرۇقلۇق مەن خۇشال دېمەيدۇ، پۇل خۇشاللىقنىڭ بايلىق مەنبەسى، ئەمما خۇشاللىقنىڭ ئۆزى ئەمەس. ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى پۇلغا ئىنتىلىشنىڭ جەريانىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن كىشىلەر پۇلنى بەخت ئەكېلىدىغان تۇپراق دەپ قارايدۇ، شۇڭا ئۇلار خۇشاللىقئا ئېرىشەلەيدۇ؛ ئەكسىچە، ھە دەپ پۇلغا ئىگىدارچىلىق قىلىشنى ئويلايدىغان كىشىلەر جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ھېرىپ كېتىدۇ، خالاس.

پۇل بەختلىك بولۇشتىكى ۋاستىلەرنىڭ بىرى، جەريان، ئەمما مەقسەت ئەمەس. ئوخشاشلا پۇل بىلەن بەخت دۈشمەن ئەمەس، بىر تۈز سىزىقنىڭ ئىككى ئۇچىمۇ ئەمەس. پۇلى بار تۇرۇقلۇق خۇشال بولالمايدىغان ئادەملەر نۇرغۇن، چۈنكى ئۇلار پۇلنى قانداق خەجلەشنى بىلمەيدۇ. «بىلىش»نى بىراقلا بېيىپ كەتكەنلەر چۈشىنەلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن تەسىرات ئالالمايدۇ. بېنجامىن فرانكلىن مۇنداق دېگەنىدى: «بايلىقىم بارلىقىم ئەمەس، بەلكى هۇزۇرلىنىدىغان نەرسەم.» بىراق، نەپسانىيەتچىلىك ئەۋج ئالغان بۇ رېئال جەمئىيەتتە كۆپ ساندىكى كىشىلەر بايلىقنىڭ هەلەكچىلىكىدە ئۆتىدۇ، پۇلى يوقلار پۇلدارلاردىن تەمە كۈتىدۇ، پۇلى بارلار پۇلى يوقلاردىن ئېھتىيات قىلىدۇ. ئادەم بىلەن ئادەم ئارىسىدا ئىشەنچ قالمىسا، ئالاقە خۇشاللىقىدىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟

بىر باي بىر پەيلاسوپنى يوقلاپ كەپتۇ، پەيلاسوپ ئۇنى دېرىزە ئالدىغا باشلاپ كېلىپ:

— سىرتقا قاراپ نېمىنى كۆرگەنلىكىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

— نۇرغۇن ئادەمنى كۆردۈم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ باي.

كېيىن پەيلاسوپ ئۇنى سىنئەينەك ئالدىغا باشلاپ كېلىپ:

— ئەمدى نېمىنى كۆردىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆزۈمنى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ.

— دېرىزە بىلەن سىنئەينەك ئوخشاشلا ئەينەكتىن ياسالغان، پەرقى ئاشۇ نېپىز بىر قەۋەت سىمابتا، — دەپتۇ پەيلاسوپ، — بىراق مۇشۇ كىچىككىنە سىماب ئۆزۈڭدىن باشقىلارنى كۆرەلمەيدىغان قىلىپ قويىدى.

تاغ ئىچىگە جايلاشقان سۇلىرى ئەلۋەك، ئىنتايىن گۈزەل بىر كەنت بار ئىكەن. كەنتتىكىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئانچە باياشات بولمىسىمۇ، تۇرمۇشنى قامداپ ئۆتەلەيدىكەن. مورىلىرىدىن چىققان ئىسلاردىنمۇ بەختىيار كەيپىيات كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن.

كەنتتىكىلەر كەنتتىنىڭ يېنىدىلا ناھايىتى زور بايلىق يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى بىلمەيدىكەن. بىر نېفىت شىركىتى بۇ بايلىقنى بايقاپتۇ ھەمدە شۇ كەنتتىكىلەرنى قۇدۇق بۇرغىلاپ نېفىت ئېلىشقا ياللاپتۇ. بۇ كەنتتىن نېفىت چىققاچقا كەنتتىكىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئاستا - ئاستا باياشاتلىشىپتۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ بېشىغا توساتتىنلا بالايىئاپەت كەپتۇ، بىر قېتىملىق تۇيۇقسىز پارتلاشتا نۇرغۇن ئادەم جېنىدىن ئايرىلىپتۇ. كەنتتىكىلەر قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ قايغۇغا پېتىپتۇ. ساددا كەنت ئاھالىلىرى بىر - بىرىگە تەسەللى بېرىپ، قىيىن ئۆتكەلدىن مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ ئۆتمەكچى بوپتۇ. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن نېفىت شىركىتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا تۆلەم بېرىشنى قارار قىپتۇ. كىشىلەر چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان نۇرغۇن پۇل ئالدىدا ئۆلگۈچىلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، تىرىكلەر بىلەن تالاش - تارتىش قىلىشقا باشلاپتۇ. بەزى ئائىلىلەر ھەتتا تەقسىمات تۈپەيلىدىن تاياق - توقماق كۆتۈرۈشۈپتۇ.

پۇل غەلىتە بايلىق، ئۇنىڭ سوممىسى كۆپەيگەنچە كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى خۇشاللاندۇرۇش ئۆلچىمىنى كۆتۈرۈش دەرىجىسى شۇنچىكى چوڭ بولىدۇ. ھەۋەسىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، ھەشەمەتلىك تۇرمۇشمۇ بارغانسېرى نورمال ئىش بولۇپ قالىدۇ.

سىدنىيدا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەندە، شۇ دۆلەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان زاتلارنىڭ ھەممىسى مۇسابىقە كۆرگىلى كەپتۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرەيلەن ئورۇندۇقنىڭ ئاستىدا بىر دانە تەڭگە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئېڭىشىپ ئۇنى ئاپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي ئىنتايىن ئەجەبلىنىۋاتقاندا، ئۇ تەبەسسۇم ئىچىدە ھېلىقى تەڭگىنى قولىغا ئاپتۇ. بۇ ئادەم دەل ئاخبارات ۋاستىلىرى ماگناتى مۇردوك ئىكەن. بۇ تەپسىلاتنى ئاخبارات ۋاستىلىرى ھە دەپ غۇلغۇلا

قىپتۇ. رۇپېرت مۇردوكنىڭ نەچچە يۈز مىليارد دوللارلىق مۈلكى بار بولسىمۇ، بىر تەڭگە ئۈچۈن تەبەسسۇم قىلغان.

پۇل خۇشاللىقنىڭ بايلىق مەنبەسى، ئەمما خۇشاللىقنىڭ ئۆزى ئەمەس. بايلىقنى لايىقىدا تەڭشەش، بايلىقنى مۇۋاپىق تەقسىملەش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا خۇشال بولغىلى بولىدۇ. پۇلغا ئېنتىلگەندە ئۇنىمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئەمما خۇشاللىقتىن ئىبارەت تەنەرخنى سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## ئىللەتلەرگە ئورۇن بەرمەك — قەلبىڭىزنى ئالىيجاناب نەرسىلەر ئىگىلىسۇن

بەخت ئەخلاق – پەزىلەتكە بېرىلگەن ھەق ئەمەس، بەلكى ئەخلاق – پەزىلەتنىڭ ئۆزى. بىز شەھۋانىي نەپسىمىزنى تىزگىنلىگەنلىكىمىز ئۈچۈنلا بەختكە ئېرىشكەن ئەمەس، ئەكسىچە بەختكە ئېرىشكەنلىكىمىز ئۈچۈن شەھۋانىي نەپسىمىزنى تىزگىنلىيەلەۋاتىمىز.

— سپىنوزا

پلاتونچە مۇھەببەتلىشىش بۇ دۇنيادا تېپىلمايدۇ، ئۇ ئالىيجاناب مەنىۋى مۇھەببەتنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قالدى. ھالبۇكى، سپىنوزاچە بەخت مەنىۋى بەختنىڭ مەنداش سۆزى بولۇپ، ئۇ ماددىي مەنپەئەتنى ئىنتايىن كەمسىتىدۇ، مەنىۋى بەختكە بوشاشماي ئىنتىلىدۇ ھەمدە ھەقىقىي بەخت ئەڭ ئالىي ياخشىلىقتىن ھاسىل بولغان مەنىۋى بەختتۇر، دەپ قارايدۇ.

سپىنوزا گوللاندىيەلىك بولۇپ، ئوپتىكىلىق ئەينەكنى سىلىقلاش بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان، ئۇنىڭ ئىدىيەسى ئەركىن، ئالىيجاناب بولۇپ، غەربتىكى كاتتا پەيلاسوپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ پەلسەپىسىنى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئېتىكا پەلسەپىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئېتىكىلىقىش خاھىشى

قەدىمكى گرېك پەلسەپىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرى، يەنى ئارىستوتېل دۇنيادىن ئۆتكەندىن شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورى جۇستىنى ئافېنادىكى بارلىق مەكتەپلەرنى تاقىغان مەزگىللەردە ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ، پەلسەپىنىڭ ئاساسلىق نىشانى ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىنتىلىش ئەمەس، بەلكى بەختكە ئىنتىلىش، دەپ قارالغان.

سىپىنوزا «ئالىي بەخت» ــ «بايقىغان ۋە ئېرىشكەندىن كېيىن مەن مەڭگۈ لەززەت ئالالايدىغان ئەڭ ئېسىل خۇشاللىق» دەپ قارىدى. ھالبۇكى، پەلسەپىنىڭ مەقسىتى مانا مۇشۇ ئالىي بەختنى ئىزدەش ئىدى. سىپىنوزا غەرب پەلسەپىسىدىكى خىيالكەشلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شەكىل جەھەتتىكى ئوبيېكت ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، ئەقلىي تەپەككۇر ئارقىلىق «ئادەم قەلبى بىلەن پۈتكۈل تەبىئەتنىڭ بىردەكلىكى»گە يەتكىلى، ئۇدا خۇشاللىقا ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ ھەم ئىنسان مەركەزچىلىك نەزەرىيەسىگە قارشى تۇردى ھەم رېئالىزمغا قارشى تۇردى، ئۇ ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ قوشۇلۇپ كېتىش مەنزىلىگە ئىنتىلدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئادەمنىڭ تەبىئىتى ۋە ھېسسىياتى «تەبىئەتتىكى ئوخشاش بىر مۇقەررەرلىك ۋە كۈچتىن بارلىققا كېلىدۇ،» بىراق، ئۇ «ئومۇمىي تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ۋە مىزانلىرىدىن پايدىلىنىپ» ئۇلارنى چۈشەنمەكچى بولىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھېسسىياتنى تىزگىنلىيەلىگەن «ئەركىنلىك»لا ھەقىقىي بەخت ئىدى.

بەخت دېگەن نېمە؟ سىپىنوزا ئۆزى سىلىقلىغان ئوپتىكىلىق ئەينەك ئارقىلىق بىزگە مۇنداق دەيدۇ: بەخت دېگىنىمىز ــ ئادەمنىڭ ھەقىقەتنى بىلىش ئارقىلىق تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىگىلىشى، ئەقىلنىڭ ھېسسىياتنى كونترول قىلىشى، ئادەمنىڭ ھېسسىياتنىڭ خوجايىنى بولۇشى. ئۇ مۇنداق قارايدۇ: ئەقىللىق، پاراسەتلىك كىشىلەرلا مۇھەببەت ۋە بەختنى چىقىش قىلىپ، ھەۋەسنى لايىقىدا تىزگىنلەش ئارقىلىق،

مۇھەببەت ۋە بەختكە قايتالايدۇ. بەختتىن ئايرىلىپ ھەۋەسنى قارىغۇلارچە تىزگىنلىگەن ياكى ھەۋەسنى مەيلىگە قويۇۋەتكەن كىشىلەر دانا ئادەملەر ئەمەس، ئۇلارنىڭ بەختكە ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس.

مۇنداق بىر ھېكايە بار: دېڭىزدا كېتىۋاتقان كېمە كۈچلۈك بوران ـ چاپقۇن تۈپەيلى يۆنىلىشتىن ئېزىپ قاپتۇ. كىشىلەر ئىككىنچى كۈنى بوران توختاپ دولقۇن تىنچىغاندا كېمىنىڭ ئورنىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يىراق بولمىغان جايدا گۈزەل بىر ئارال بارلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار دېڭىز قولتۇقىغا كىرىپ ۋاقتىنچە دەم ئېلىش ئۈچۈن لەڭگەر تاشلاپتۇ.

ئارالدىكى گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلغان بولۇپ، مېۋىلەر ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىكەن. گۈزەل ئورمانلىقتىن قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن كېمىدىكى يولۇچىلار تەبىئىي ھالدا بەش گۇرۇپپىغا ئايرىلىپتۇ.

بىرىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر: ئەگەر ئارالغا چىقىپ ئويناپ ئويۇنغا بېرىلىپ كەتسەك كېمىدىن قېلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن، شۇڭا ئارال ھەرقانچە چىرايلىق بولسىمۇ بارماي كېمىدە كۈتۈپ ئولتۇرايلى، دەپ ئويلاپتۇ.

ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر ئالدىراش ـ تېنەش ئارالغا چىقىپ گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى پۇراپ، ئورمانلىقتىكى مېۋىلەرنى تېتىپ روھلىنىۋالغاندىن كېيىن دەرھال كېمىگە قايتىپ كەپتۇ.

ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرمۇ ئارالغا چىقىپتۇ، بىراق ئۇزاقراق تۇرۇپ قاپتۇ، شامال ئوڭ كەلگەنلىكى ئۈچۈن كېمە يولغا چىقماقچى بولغاچقا ئالدىراپ ـ تېنەپ قايتىپ كەپتۇ. نەتىجىدە، بەزىلەر نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يوقىتىپتۇ، بەزىلەر ئاران ئىگە بولغان كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلىرىدىن ئايرىلىپ

قاپتۇ.

تۆتىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر ماتروسلارنىڭ لەڭگەرنى تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ، يەلكەن چىقىرىلغانلىقىنى كۆرمەپتۇ، شۇنداقلا كاپىتان بىزنى تاشلاپ كەتمەيدۇ، دەپ ئويلاپ ئارالدا ئۆز ئىشىنى قىپتۇ، ئۇلار كېمە قوزغالغاندىلا ئالدىراپ - تېنەپ سۇ ئۈزۈپ كېمىگە چىقىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يارىلىنىپتۇ، يارىسى سەپەر ئاخىرلاشقاندىمۇ ساقايماپتۇ.

بەشىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر ئارالغا مەپتۇن بولۇپ كەتكەچكە، كېمە قوزغالغاندىكى ئاۋازنى ئاڭلىماپتۇ ھەم يەلكەن چىقارغان كېمىگىمۇ قارىماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئارالدا قاپتۇ. نەتىجىدە بەزىلىرىنى ئورماندىكى ياۋايى ھايۋانلار يەۋېتىپتۇ، بەزىلىرى زەھەرلىك مېۋىلەرنى يەۋاپتۇ، بەزىلىرى ئاچلىق، ۋەھىمە تۈپەيلىدىن زەئىپلىشىپتۇ، ئاخىرىدا ھەممىسى ئارالدا ئۆلۈپتۇ.

بۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ھېكايە. ھېكايىدىكى كېمە ھايات سەپىرىدىكى ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى، ئارال خۇشاللىقنىڭ سىمۋولى. ھەرقايسى گۇرۇپپىدىكى يولۇچىلار ياخشىلىق ۋە خۇشاللىققا ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيە تۇتقان كىشىلەرنىڭ سىمۋولى.

بىرىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر ھاياتتىكى خۇشاللىقلاردىن تەسىرات ئېلىشنى ئازراقمۇ بىلمەيدۇ.

ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر ھەم ئاز - تولا خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولدى، ھەم ئۆزلىرىنىڭ جەزمەن كېمىگە ئولتۇرۇپ بارىدىغان مەنزىلىنى ئۇنتۇپ قالمىدى، ئۇلار دانالاردۇر.

ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولغان ھەم كېمىگە قايتىپ بارغان بولسىمۇ جاپانى يەتكۈچە تارتتى.

تۆتىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر كېمىگە ئاران ئۈلگۈرگەن بولسىمۇ، جاراھىتى مەنزىلگە بارغاندىمۇ ساقايمىدى، ئۇلارمۇ بەلگىلىك بەدەل تۆلىدى.

ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ ئاسان پاتقاققا پېتىپ قالىدىغىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەشىنچى گۈرۈپپىدىكىلەر بولۇپ، بىردەملىك خۇشاللىق، كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان مەپتۇنلۇق، سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ غىدىقلىنىشى، ھەۋەسىنىڭ قانائەتلىنىشى ئۈچۈن ھەممىنى ئۇنتۇپ خاتا يولدىن قايتمايدۇ. ئاشۇ كىمىدىكى بەشىنچى گۈرۈپپىدىكى ئادەملەر ئوخشاش بىر مەھەللىك خۇشاللىق ئۈچۈن سەپەرنى، دېڭىزنى، مەۋجۇتلۇقنى، كەلگۈسىنى ئۇنتۇيدۇ، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

بىر بالا ئورماندا سەيلە قىپتۇ، ئاخىرىدا چوڭ بىر بوشلۇقتىكى كەپىگە كەپتۇ. ئۆينىڭ ئىككى تەرىپى گۈللۈك ئىكەن، ئىككى گۈللۈكتە بىردىن باغۋەن بار ئىكەن. بۇ ئىككى گۈللۈك بىر ـ بىرىدىن تولىمۇ پەرقلىنىدىكەن، بىرىنى ئوت ـ چۆپ بېسىپ كەتكەن بولۇپ، باغۋەننىڭ مىجەزى چۇس ئادەم ئىكەن، ئوتلارنى ئوتىغاچ توختىماي بىركىملەرنى تىللايدىكەن؛ يەنە بىر باغدا ئىناق مەنزىرە ئەكس ئەتكەن بولۇپ، گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغانىكەن، باغۋەن ئىشنى ناھايىتى ھۇزۇر بىلەن قىلىدىكەن، ئۇ دەرەخكە يۆلىنىپ تۇرۇپ ئىسقىرتىدىكەن، غىڭشىپ ناخشا توۋلاپ قويىدىكەن.

بۇ بالا ئالدى بىلەن ھۇزۇر بىلەن ئىشلەيدىغان باغۋەننى زىيارەت قىلىشنى ئويلاپ، ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ بۇ گۈللۈكنى شۇنچە ئاسانلا مۇشۇنداق گۈزەللەشتۈرۈۋالغانلىقىنى، يەنە بىر باغۋەننىڭ توختىماي ئىشلەۋاتقان بولسىمۇ، گۈللۈكىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە خاراب ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ.

باغۋەن مۇنداق دەپتۇ:

ــ بىلەمسەن؟ ئىلگىرى مەنمۇ بىر مەھەل ئۇدۇلۇمدىكى باغۋەنگە ئوخشاش ئوت ـ چۆپ يۇلۇش ھەلەكچىلىكىدە ئۆتكەنىدىم، بىراق مەن ئوت ـ چۆپلەرنى تۈگىتەلمەيدىغانلىقىمنى بايقىدىم، ئۇلارنىڭ يىلتىزى يەنىلا تۇپراقتا قالىدىكەن. ئوت ـ چۆپلەرنى يۇلغاندا ئۇرۇقى تۇپراققا چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆسۈپ چىقىدىكەن، مەن بۇياقتىن يۇلۇپ بولسام، ئۇياقتىن ئۆسۈپ

چىقىدىكەن. كېيىن ئۇسۇلۇمنى ئۆزگەرتىپ، ئۆسۈشى ئوت - چۆپلەردىنمۇ تېز بەزى گۈللەرنى تاپتىم. بۇ گۈللەر ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوت - چۆپلەرنىڭ ياشاش ماكانىنى تولۇق ئىگىلەپ بولدى، بۇ گۈللەر بار يەرلەردە ئوت - چۆپلەر يوقايتتى. مۇشۇنداق بولغاچقا، گۈللۈكۈم بارغانسېرى گۈزەللەشتى.

خەيرلىك ئىش قىلىش بىلەن راھەت كۆرۈش مەقسىتىگە تەڭ يەتكىلى بولمايدۇ. قەيسەر ئىرادە ئارقىلىق راھەت كۆرۈشنىڭ «زەھەرلىك ئۆسمىسى» ئۈستىدىن غالىب كەلگەن ۋە ئۇنى تۈگەتكەندىن كۆرە، بەزى ئالىيجاناب قىزىقىشلارنى بايقاش، قېزىش ھەمدە ئۇ ئارقىلىق قەلبنى ئىگىلەش كېرەك. خۇددى سپىنوزا ئېيتقاندەك: «بەخت ئەخلاق - پەزىلەتكە بېرىلگەن ھەق ئەمەس، بەلكى ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ ئۆزى، بىز شەھۋانىي نەپسىمىزنى تىزگىنلىگەنلىكىمىز ئۈچۈنلا بەختكە ئېرىشكەن ئەمەس، ئەكسىچە بەختكە ئېرىشكەنلىكىمىز ئۈچۈن شەھۋانىي نەپسىمىزنى تىزگىنلىيەلەۋاتىمىز». شۇڭا، مەلۇم مەنىدىن مۇنداق دېيىشكە بولىدۇ، راھەت كۆرۈشنى تىزگىنلەش تېخىمۇ زور راھەتكە يېتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئادەم بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن شەھۋانىي نەپسىنى ئاڭلىق تىزگىنلەيدۇ. ھالبۇكى، شەھۋانىي نەپسىنى تىزگىنلەشتە بەختتىن ھۇزۇر سۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. مانا بۇ ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقى، يېتىلگەن ئادەم بىلەن نادان ئادەمنىڭ پەرقى، شۇنداقلا ئالىيجاناب ئادەم بىلەن پەسكەش ئادەمنىڭ پەرقى.

ئادەمنىڭ ئۆز قەلب گۈللۈكىنى پەرۋىش قىلىشىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئادەم بەزى ئالىيجاناب ھەۋەس ۋە قىزىقىشلارنى بايقىشى ۋە قېزىشى ھەمدە شۇ ئارقىلىق قەلبىنى ئىگىلىتىشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، پەسكەشلىك ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ چىقىدۇ.

ئادەمنىڭ بەزى نەرسىلەرگە باش قاتۇرۇپ تاقابىل تۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق. بىر قانچىكى قارشى تۇرغان نەرسىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇنچىكى جاھىللىق بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى، بىز ئۇنى رەقىبىمىزنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويدۇق. ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىپ باي ئىچكى دۇنيا ئۈستىدە ئىزدەنگەندە ئۇ تەبىئىيلا يوقىلىدۇ.

## قەلبىنىڭ خاراكتېرى ــ بەختتىن تەسرات ئالىدىغان ئىنسانىي پەزىلەت ۋە ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈش

تاغلارغا ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن نەزەر سالساڭ ھەر خىل مەنزىرە نامايان بولىدۇ، بارلىق ئىشلاردىمۇ شۇنداق.

ــ سۇ دۇڭپو

بەخت دېگەن نېمە؟ بۇ سوئالغا ئوخشىمىغان ئادەملەر ھەر خىل جاۋاب بېرىدۇ. بەزىلەر بەخت بايلىقتا ئېرىشىش دەپ قارايدۇ. دۇنيادىكى بايلىق كويىدا يۈرگەن كىشىلەرگە قاراپ باقايلى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق ئوي بار؛ بەزىلەر بەخت دۇنيادا نام ــ ئاتاق قالدۇرۇپ، «ئاتا ــ بوۋىلىرىغا شەرەپ كەلتۈرۈش، ئەۋلادلارغا نام قالدۇرۇش» دەپ قارايدۇ؛ بەزىلەر بەخت قەلبىنىڭ شادلىقىنى ھېس قىلىش دەرىجىسى، قەلب قانچىكى خۇشال بولسا ھايات شۇنچىكى بەختلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

شوپېنخاۋېر بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: بەخت ئىنسانىي پەزىلەتكە باغلىق، ئۇ قانچىكى بۈيۈك بولسا بەخت تۇيغۇسى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ، ئۇ كۆڭۈل خۇشلۇقى ۋە خۇشاللىقتا ئىنتىلىش ئەمەس، نوقۇل ھالدا خۇشاللىق قوغلىششمۇ ئەمەس، بەلكى بەختسىزلىكنى ئىمكانقەدەر ئازايتىشتۇر.

شوپېنخاۋېر غەرب تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئۈمىدسىز شەخس بولسا كېرەك. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇ ئۈمىدسىزلىكى تۈپەيلىدىن شۇنچە نام قازانغان.

ئۇ ئىنسانلارنىڭ تارتقان كۈلپەتلىرىگە ئىنتايىن سەزگۈر

پەيلاسوپ. ئۇ مۇنداق قارايدۇ: پەلسەپە دۇنيا ۋە ئىنسانلارنىڭ ماھىيىتى، مەنبەسى توغرىسىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىدۇ، ھالبۇكى ھەقىقىي ماھىيەت، مەنبەنى ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ، مانا بۇ ئادەمنىڭ ئىرادىسى ياكى ئاڭلىق ھايات تەبىئىتىدىكى تەنتەكلىك ۋە ياكى ياشاش (تۇرمۇش) ئىرادىسىدۇر.

ئادەمنىڭ ياشاش ئىرادىسى ئاساسلىقى ئۇنىڭ ياشاش ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ھەر خىل ھەۋەسلىرىنى بارلىق كۈچى بىلەن قاندۇرۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. بىراق، ئادەمنىڭ ھەۋىسى چەكسىز بولىدۇ، ئەسلىدىكى ھەۋەس قاندۇرۇلغاندىن كېيىن يېڭى ھەۋەسلەر ئۈزۈكسىز بارلىققا كېلىدۇ، ئادەم بۇ ھەۋەسلەرنى قاندۇرۇش ئۇچۇن تىپىرلايدۇ. شۇڭا، شوپېنخاۋېر مۇنداق دەيدۇ: ھايات ئازابلىق بولىدۇ، بەخت دېگىنىمىز ھەۋەسنىڭ ۋاقىتىنچە قاندۇرۇلۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ھاياتنىڭ ئۆزىدە ھەۋەس پەيدا بولىدۇ، ھەۋەس ئازابنىڭ مەنبەسى، ئازاب ئىنسانلار دۇچ كېلىدىغان ئاساسلىق ئوبيېكت، شۇڭا ھايات ئازابلىق بولىدۇ. بىراق، «بەختسىزلىك» ئاكتىپ ئامىل، چۈنكى «بەخت» «ئازابنىڭ ئاخىرلىششى» ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا بەختسىزلىك بولمىسا بەختسىزلىكنىڭ ئاخىرلىششىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئازابلانغان ۋاقىتلىرىڭىزدا ئۆزىڭىزنى بەختسىز ھېس قىلىسىز؛ بىراق، بەختكە ئېرىشكىنىڭىزدە ئۆزىڭىزنىڭ قانائەتلەنمىگەنلىكىڭىزنى بايقايسىز. بەخت كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك بولغان ۋاقىتتىكى سەزگۈ خالاس. سەزگۈ ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەگەر تۇرمۇشتا ئازاب، بېسىم، كېسەللىك بولمىسا ئادەم كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىمەنىلىك ھېس قىلىدۇ، بىزار بولىدۇ. ئەگەر تۇرمۇشىڭىزدا كىچىككىنە ئازاب (جۇملىدىن يوشۇرۇنلۇق)مۇ بولمىسا، بەخت ھېس قىلالمايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇڭا، شوپېنخاۋېر مۇنداق دەيدۇ: «بەختلىك ھايات مۇساپىسى دېگىنىمىز ــ ھەۋەس بىلەن قانائەتنىڭ نۆۋەتلىشىپ زورىيىشى، ئالمىشىشى داۋامىدا پەيدا بولغان ئازاب، يەنى مۇشۇ ئىككىسىدىن پەيدا بولغان پۇچەكلىك بىلەن بىمەنىلىكنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈش مۇساپىسى.» ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھاياتلىقىمىزدا بىردىنبىر ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغان ئىشىمىز ئۆزىمىزدە بار بولۇش مۇمكىنلىكى بولغان شەخسىي پەزىلەتنى ئىمكانقەدەر جارى قىلدۇرۇش، شۇنداقلا ئىرادىمىزنىڭ رولىغا تايىنىپ، مۇشۇ ئىنتىلىشلارنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، مەلۇم مۇكەممەللىك ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بىزنى قانائەتلەندۈرىدىغان شەيئىلەرنى ئىختىيار قىلىش ۋە بىزنى قانائەتلەندۈرمەيدىغان شەيئىلەردىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت.»

ئۇنداقتا بەخت نەدىن كېلىدۇ؟ شوپېنخاۋېر مۇنداق دەيدۇ: پۈتكۈل ھاياتتىن ئالغاندا، ھاياتتىكى بەختنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئامىلى ئادەمنىڭ تۈزۈلۈشى، ئادەمنىڭ ئىچكى ساپاسى، يەنى ئىنسانىي پەزىلەتتە. بۇ يەردىكى ئىنسانىي پەزىلەت ساغلاملىق، گۈزەللىك، كۈچ، مىجەز، ئەخلاق، ئەقىل ۋە تەربىيەلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسانىي پەزىلەت بىر ئادەمنىڭ بەختنى ھېس قىلىش دائىرىسى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى بەلگىلەيدۇ، قانچىكى پەزىلەتلىك بولسا ھېس قىلىدىغان بەختمۇ شۇنچىكى چوڭقۇر بولىدۇ. ئالىي بەخت ئېسىل ئىنسانىي پەزىلەتتىن كېلىدۇ. چۈنكى، دۇنيا مەنىنىڭ تەسەۋۋۇرى بولغاچقا، سۇبيېكتنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ماھىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، بارلىق مەۋجۇتلۇق ياكى يۈز بەرگەن ئىشلار ئۇنىڭ بىلىش سېزىمى ئىچىدە مەۋجۇت بولىدۇ، بىلىش سېزىمىدا يۈز بېرىدۇ. شۇڭا، ئادەمدىكى ئەڭ ماھىيەتلىك نەرسىلەر مانا مۇشۇ خىل ئاڭنىڭ شەكىللىنىشى ئىچىدە بولىدۇ، ھالبۇكى ئاڭنىڭ شەكىللىنىشنى ئادەمنىڭ تەبىئىي ئىنسانىي پەزىلىتى بەلگىلەيدۇ. ئىنسانىي پەزىلەتكە مۇناسىپ ئاڭ شەكىللىنىدۇ،

هالبۇكى ئاڭنىڭ چوڭقۇر ـ تېيىزلىقى بەختنى قانچىلىك دەرىجىدە ھېس قىلىشنى بەلگىلەيدۇ. ئىنسانلار ياشاۋاتقان ئوبيېكتىپ دۇنيادا ئانچە چوڭ پەرق يوق، بىراق سۇبيېكتىنىڭ ياكى شەخسنىڭ زوق ئېلىش ئىقتىدارىدىكى پەرق تۇپەيلىدىن ئوخشاش بىر ئوبيېكتنىڭ ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى پەرقى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. مانا بۇ نېمە ئۇچۇن ئوخشاش تۇرمۇش مۇھىتىدا بەزى كىشىلەرنىڭ بەختنى ھېس قىلالىغانلىقى، بەزى كىشىلەرنىڭ بەختنى ھېس قىلمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى. شوپېنخاۋېر نادان، تەلۋە ھەم ئاچ كۆزلۈك بىلەن بەختكە ئىنتىلىدىغان كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «نۇرغۇن كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان بەزى ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ ئوخشاش ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ھەسەت قىلىدىغىنىنىڭ ئاشۇ خىل مەنىۋى ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكىگە سەل قارايدۇ.» ئۇلاردا بەخت ئاتا قىلىدىغان تاشقى شارائىت ئەمەس، بەلكى بەختنى ھېس قىلىدىغان سۇبيېكتىپ ئىنسانىي پەزىلەت يېتەرسىز. ئادەم ئۆزىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ، كىشىلەرنىڭ بەخت ئىزدەش ئىرىشچانلىقى مەڭگۈ ئۇلارنىڭ تەبىئىتى يول قويغان دائىرە ئىچىدە بولىدۇ. ئادەمنىڭ قانچىلىك بەختكە ئېرىشىشىنى ئۇنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتى ئالدىن بەلگىلىگەن بولىدۇ.

دەرۋەقە، ئىنسان دۇنياغا ئىجتىمائىي مەرتىۋە ۋە مال ـ مۈلۈكتىكى باراۋەرسىزلىك بىلەن تەڭ كەلگەن، بىراق بۇ شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ بەختكە ئېرىشىشىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ئىجتىمائىي مەرتىۋە ۋە بايلىقتىكى پەرق نەتىجىسىدە ھەر بىر ئادەم ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان رولنى ئالىدۇ، بىراق بۇ ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى بەخت ۋە شادلىقتا مەلۇم ئوخشىماسلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەرمەيدۇ. يېنىدا بىر تىيىنمۇ يوق قەلەندەرنىڭ باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، چۇشلۇك غىزا يەۋاتقان چاغدا ھېس قىلغان بەختى مىلىيادىرنىڭ زور مۆلۈككە ئېرىشكەندە ھېس قىلغان بەختىدىن كەم بولمايدۇ. بەخت خاراكتېرگە، دەرىجىگە ئايرىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئالىيجاناب، چاكىنىلىق پەرقىمۇ بولمايدۇ. قەلبىمىزدە بەخت ھېس قىلغانلا بولساق شۇنچە بەختلىك ھېسابلىنىمىز. ساغلام بەدەن ۋە چىچەن كاللىنى پۇلغا شۇنداق، ھەقىقىي دوستلۇقنى تېخىمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. باشقىلارنىڭ ماختىشىمۇ بىر خىل تاشقى شەكىل، بىز مۇشۇ خىل ماختاشلاردىن پايدىلىنىپ باشقىلارغا ئۆزىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆرسىتىمىز. بىراق، بۇلارنىڭ ھاياتىمىزغا قانداق پايدىسى بار؟ ئادەم ئاخىرىدا ئۆلۈمدىن خالىي بولالمايدۇ. بايلىق ۋە نام - ئابروي ئۇ دۇنياغا ئەگەشكىلى بولىدىغان نەرسىلەر ئەمەس، بەخت تۇيغۇسىلا بىز ھايات ياشاۋاتقان چاغدىكى ئۆزىمىزگە ئەڭ يېقىن نەرسە. ئەگەر بىز ئەدەپلىك ۋە مەدەنىي بولمىساق، تېنىك ھەم خۇشال مىجەز، ساغلام بەدەن، ساغلام ئەقىل، ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارى، پۇختا ھەم سالماق ئىرادە، شۇنداقلا پەزىلەتنى ھازىرلىمىساق، ئۇنداقتا ھەرقانچە كۆپ بايلىققا، ھەرقانچە نام - ئابرويغا ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، قەلبىمىزدىكى ھەقىقىي بەختنى ھېس قىلالمايمىز. بەختنى تونۇۋېلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىيالمىساق بەختكە ئېرىششىمىز مۇمكىن ئەمەس.

سوقرات مۇنداق دېگەنىدى: «مەن ئېرىشىشنى خالىمايدىغان نەرسىلەر دۇنيادا تولۇپ يېتىپتۇ.» كۈچلۈك مەنىۋىيلىككە، خاراكتېرگە ۋە ئىنسانىي پەزىلەتكە ئىگە ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، بارلىق تاشقى ماددىي لەززەت ۋە باشقىلارنىڭ ماختاشلىرى ھەمدە ھەۋەس بىلەن قاراشلىرى ئەخلەت ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى بۇلارنىڭ باشقىلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئادەم ماددىنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ھاياتنىڭ

ماھىيىتىگە بىۋاستە يېتىشى كېرەك. ھەقىقىي بەخت قەلبىنىڭ خۇشاللىقى. ھالبۇكى، قەلبىنىڭ خۇشاللىقى قەلبىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە، بىزدە نېمە بارلىقى (بايلىق ۋە ئابرۇي) بىلەن ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ قانداق (ئىنسانىي پەزىلەت) ئىكەنلىكىمىزگە باغلىق. تەقدىردە ئالدىن بەلگىلىنىپ جىسمىمىزغا تېڭىلغان نەرسىلەر ئومۇمەن بىزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىمىز ياكى بىزنىڭ ئىناۋىتىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ، بىراق بىزنىڭ قانداق ئىكەنلىكىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، تەقدىرنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، بىراق مەنىۋى جەھەتتە يېتەرلىك باي بولمىساق، ئۇنداقتا تەقدىرىمىزدە ئانچە زور ئۆزگىرىش بولمايدۇ. شەخس ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتى ئۇ تەنھا قالغان ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن ئاززاقمۇ ئايرىلمايدىغان نەرسە، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ تارتىۋېلىشى ياكى بېرىشى مۇمكىن بولمىغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانىي پەزىلەت ئادەم ئىگىدارلىق قىلىۋاتقان بارلىق بايلىقلاردىنمۇ بەكرەك ماھىيەتلىك بولىدۇ، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسىدىنمۇ بەكرەك ئەمەلىي بولىدۇ. ئىنسانىي پەزىلەت مۇستەھكەم بولغاندىلا، قەلب كاتتا خۇشاللىققا ئېرىشەلەيدۇ، ھايات كاتتا بەختكە سازاۋەر بولالايدۇ.

## ئۆزىنى خۇشال تۇتۇش ــ ئەتىنىڭ قايغۇسىنى قىلماسلىق

ھەقىقىي خۇشاللىق ئۆزگە خاس بولىدۇ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ قەلبىدىلا بايقىلىدۇ.

— بىرېمېر

ھايات بەئەينى تىياتىرغا ئوخشايدۇ، ھەر بىر ئادەم ئاشۇ تىياتىردا رول ئالىدۇ، رەڭگارەڭ روللارنى ئېلىۋاتقان ئاشۇ كىشىلەر سىزگە ھاياتنىڭ قىزىقارلىقلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ ھالبۇكى، ئازابنىڭ رولىنى ئالغۇچىلار ياشاشنىڭ نەقەدەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئازابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردۇ. بىراق، رېئاللىقتىكى ھايات بىلەن تىياتىردىكى ھاياتنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى بولىدۇ، تىياتىردىكى پېرسوناژلارنى رېژىسسور ئالدىن بەلگىلەپ بېرىدۇ؛ رېئاللىقتىكى كىشىلەر بولسا ئۆزىگە ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ خاپىلىقى ۋە خۇشاللىقى ئۆزىنىڭ قولىدا بولىدۇ.

ھاياتتىكى ئون ئىشنىڭ سەككىزى ـ توققۇزى ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. رېئاللىقتىكى ۋىسال ۋە جۇدالىقلار بەزىدە كىشىنى بىئارام قىلىدۇ. ئەگەر بىز يەنە كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان بەختسىزلىكلەر ۋە ئازابلارنىڭ غېمىنى بۈگۈنلا قىلساق، قايغۇمىز تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ، ھەر بىر قەدەمنى باسمىقىمىز قىيىنلىشىدۇ، مەيۈسلىنىمىز، چارچاپ ئۆزىمىزنى رۇسلىيالمايمىز.

ئىلگىرى مەن ياشانغانلار ساناتورىيەسىدە 84 ياشقا كىرگەن بىر ئاقساقالنى كۆرگەنىدىم. ئۇ تېنى ساغلام، روھى كۆتۈرەڭگۈ، ئۆزى خۇش پىچىم، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سۆزلەيدىغان، يۇمۇرلۇق ئادەم بولغاچقا، مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى. بىراق، يەنە بىرنەچچە بوۋاي غەم ـ قايغۇغا پېتىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: «قانداقلا ئۆلۈم تەگسە مەيلىدى، پالەچ بولۇپ قالمىسام بولاتتى، بولمىسا ئۆزۈم جاپا تارتقاننىڭ ئۈستىگە پەرزەنتلىرىمنىڭمۇ يۈكىنى ئېغىرلىتىۋېتىمەن» دېدى؛ بەزىلىرى: «ھەرگىز راك كېسىلى بولۇپ قالماي، ئاغرىققا چىدىيالمايمەن» دېدى؛ بىر يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان يەنە بىر بىمار كۈن بويى خاتىرجەمسىزلىنىپ يۈرىدىكەن... ئۇلار ئومۇمەن كېسەل بولماي تۇرۇپلا ئالدى بىلەن «ئاغرىغىلى» تۇرۇپتۇ.

تۇرمۇش ۋە ھېسسىياتنىڭ ئوبيېكتىپ جەھەتتىن مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىغا بەزى چاغلاردا ئىلاج قىلغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، يېقىنلىرىنىڭ دۇنيادىن ئۆتۈشى، سىردىشىدىن ئايرىلىپ قېلىش قاتارلىقلار. بىراق، ئىدىيە ۋە روھىي ھالەتكە ئوخشاش سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇردىمۇ مۇشكۇل

ئەھۋالغا چۈشۈپ قالساق، ئۇنداقتا قايغۇ ئۈستىگە قايغۇ قوشۇلۇپ ئۆزىمىزگە جاپا تېپىۋالىمىز.

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۈچ كۈن، يەنى تۈنۈگۈن، بۈگۈن، ئەتە دېسەك، ئۇنداقتا تۈنۈگۈن تارىخقا ئايلاندى، ئەتە تېخى يېتىپ كەلمىدى، پەقەت بۈگۈنلا ئەمەلىي نەرسە، ئەڭ مۇھىمى بۈگۈننى ياخشى ئۆتكۈزۈش كېرەك. ياشانغانلار تېخىمۇ شۇنداق. چۈنكى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ياشانغانلارنىڭ ئەتىسى يوق، شۇڭا بۈگۈنكى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇش كېرەك. خۇرۇچىغا قاراپ تاماق ئېتىش، بەدەنگە قاراپ كىيىم پىچىش كېرەك. كۈن شەرقتىن چىقىپ غەربتە ئولتۇرىدۇ، بىر كۈن ئۆتسە بىر كۈن كۆپ ياشىغان بولىمىز؛ بىر كۈن كۆپ ياشىساق بىر كۈن خۇشال ئۆتۈشىمىز كېرەك. بۇنى ھاياتنىڭ ئالىي مەنزىلى دېمەي بولامدۇ؟

ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۈندە ئەتراپىمىزدىكى ئەر ـ ئاياللار ئەزەلدىنلا كۆڭۈلسىز ئىشلارغا ئۇچراپ باقمىغاندەك، بەزى كۆڭۈلسىز ئۇششاق ئىشلار ئۈچۈن چەكسىز غەم ـ قايغۇغا پاتىدۇ.

ئىلگىرى مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغانىدىم: بۇرۇنقى زاماندا بىر كىچىك راھىب بار ئىكەن، ئۇ ھەر كۈنى ئىبادەتخانىدىكى تۆكۈلگەن يوپۇرماقلارنى سۈپۈرۈشكە مەسئۇل ئىكەن. سەھەردە داڭ چېلىنىپ، كەچتە داڭ ئۇرۇلغۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا كىچىك راھىب شامال تۆكۈۋەتكەن يوپۇرماقلارنىڭ قايغۇسىدا يۈرىدىكەن، بولۇپمۇ سوغۇق شامال چىقىدىغان قىش، كۈز پەسىللىرىدە تېخىمۇ شۇنداق ئىكەن. ئۇ قانداق قىلسام ھەر كۈنى مۇشۇ ئادەمنى بىزار قىلىدىغان يوپۇرماقلارنى سۈپۈرۈشتىن قۇتۇلارمەن، دەپ ئويلايدىكەن. ئۇ بىر كۈنى ياخشى چارە تېپىپتۇ، يەرنى سۈپۈرۈشتىن ئىلگىرى دەرەخنى بار كۈچى بىلەن سىلكىپ، ئۇنىڭدىكى ھەممە يوپۇرماقنى چۈشۈرۈۋەتسەملا ئىش

www.uyghurkitap.com

ھەل بولمامدۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ. شۇ كۈنى سەھەر تۇرۇپ ھەربىر دەرەخنى چىڭ قۇچاقلاپ سىلىكىپتۇ، ئۇ ئەتىكى ۋە بۈگۈنكى يوپۇرماقلارنى بىراقلا تازىلىۋەتسەم ئەتە يېنىك بولۇپ قالىمەن، دەپ ئويلاپتۇ. كىم بىلسۇن، ئىككىنچى كۈنى كىچىك راھىب ھەيرانلا قاپتۇ، قورۇ يەنە بۇرۇنقىدەكلا يوپۇرماققا تولغانىكەن. باش راھىب بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن، كىچىك راھىبقا چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: «ئەخمەق بالا، بۈگۈن سەن قانچە سىلىكىسەڭمۇ، ئەتە يوپۇرماقلار ئوخشاش تۆكۈلىۋېرىدۇ ئەمەسمۇ، سېنىڭ ئاشۇ ساۋاقداشلىرىڭمۇ مانا مۇشۇنداق پۇختا قەدەملەرنى بېسىپ ماڭغان» دەپتۇ. كىچىك راھىب ئاخىرى بەزى ئىشلارنى ئالدىن ھەل قىلىۋېتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، بۈگۈنكى ئىشنى پۇختىلىق بىلەن ياخشى ئىشلىگەندىلا، مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ.

ئەمەلىيەتتە بىز ئەتىنىڭ قايغۇسىنى بۈگۈن يەۋاتىمىز، ئويلاپ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئۆزىمىزنى خۇشال تۇتۇشىمىز، ئاشۇ خۇشال روھىي ھالەت بىلەن تۇرمۇش ۋە خىزمەتكە مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلالىغاندا، ھاياتىمىزدا زور ئۆزگىرىش بولىدۇ. بىز تۇرمۇشقا ئۈمىدۋارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلالىساقلا تېخىمۇ خۇشال ئۆتەلەيمىز؛ تۇرمۇشقا ئۈمىدسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلساق ھەممە يەردە خاپىلىق ھېس قىلىمىز.

دۇنيادىكى ھەرقانداق ئادەم ۋە ئىش بىزنى كېچە سائەت 12 دىمۇ ئۇخلىيالمىغاندەك خاپا قىلىۋېتەلمەيدۇ. بىر يېتىلگەن ئادەم خۇشاللىقىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆزى تۇتۇشى لازىم، ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى خۇشال قىلىشىنى كۈتمەسلىكى، ئەكسىچە خۇشاللىق ۋە بەختنى باشقىلارغا بېرەلىشى كېرەك. ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىدە «خۇشاللىقنىڭ ئاچقۇچى»دىن بىرى بولىدۇ، بىراق بىز كۆپ ھاللاردا بۇ ئاچقۇچنى بىلەر - بىلمەي باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىپ قويىمىز.

بىر خانىم زارلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن تولىمۇ خاپىلىق ئىچىدە ئۆتتۇم، چۈنكى ئېرىم دائىم كاماندىروپكىغا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ خۇشاللىقىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدى. بىر ئانا مۇنداق دەيدۇ: بالام گەپ ئاڭلىماي مېنى بەكمۇ خاپا قىلدى ! ئۇ خۇشاللىقىنىڭ ئاچقۇچىنى بالىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدى. ئەرلەر مۇنداق دېيىشى مۇمكىن: باشلىقىم مېنى ئەتىۋارلىمىدى، شۇڭا ئەھۋالىم ياخشى ئەمەس. ئۇ ئاچقۇچىنى يەنە غوجايىنىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدى. قېيىنئانا مۇنداق دېدى: كېلىنىم ۋاپادار ئەمەس، مەن نېمىدېگەن شور پېشانە! بىر ياش مەدەنىيەت بۇيۇملىرى دۇكىنىدىن چىقىپ مۇنداق دېدى: پىركازچىكنىڭ پوزىتسىيەسى نېمانداق يامان، ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولدۇم !

بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش قارار چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ روھىي ھالىتىنى باشقىلارنىڭ كونتروللۇقىغا بېرىۋەتكەن !

بىز باشقىلارنىڭ كەيپىياتىمىزنى تىزگىنلىشىگە يول قويۇغىنىمىزدا ئۆزىمىزنى زىيانلانغۇچى ھېس قىلىمىز، زارلىنىش ۋە غەزەپلىنىش بىزنىڭ بىردىنبىر تاللىشىمىزغا ئايلىنىدۇ. بىز باشقىلارنى ئەيىبلەيمىز ھەمدە مۇنداق بىر ئۇچۇرنى يوللايمىز: «مېنىڭ مۇشۇنداق ئازابلىنىشىم سېنىڭ كاساپىتىڭدىن بولدى، سەن مېنىڭ ئازابلىرىمغا جاۋابكار بولۇشۇڭ كېرەك ! مانا بۇ چاغدا بىز مۇشۇ زور مەسئۇلىيەتنى ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرگە ھاۋالە قىلىمىز، يەنى ئۇلاردىن بىزنى خۇشال قىلىشنى تەلەپ قىلىمىز. بۇ چاغدا بىز ئۆزىمىزنى تىزگىنلەشكە چارىسىز ئىكەنلىكىمىزنى، باشقىلارنىڭ ئاغزىغا بىچارىلەرچە قاراپ تۇرىدىغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلغاندەك قىلىمىز. بۇنداق ئادەمگە ھېچكىم يېقىنلىشىشنى خالىمايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ.

يېتىشىپ يېتىلگەن ئادەم خۇشاللىقىنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتالايدىغان بولۇشى، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى خۇشال قىلىشىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆتمەسلىكى، بەلكى خۇشاللىق ۋە بەختنى باشقىلارغا ئاتا قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئادەمنىڭ كەيپىياتى مۇقىم، ئۆزگە جاۋابكار بولالايدىغان بولسا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇش بىسىم ئەمەس، بەلكى بىر خىل ھۇزۇر ھېسابلىنىدۇ.

بىز ئۆزىمىزنىڭ خوجايىنى بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز، مۇھەت ۋە نەپسىمىزنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالماسلىقىمىز كېرەك. دانىشمەنلەر مۇنداق دەيدۇ: «ھەر ۋاقىت خۇشال يۈرگىن، ھەممىگە كەڭ قورساق بولغىن، ھەممىگە مىننەتدار بولۇشنى بىلگىن.» سىزنىڭ ئاچقۇچىڭىز نەدە؟ باشقىلارنىڭ قولىدىمۇ؟ دەرھال ئۇنى ئېلىۋېلىڭ!

## قانائەتچان بولۇش ــــ ئاچ كۆزلۈك ئەڭ زور پاجىئە

تەشنالىقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بىر ئوچۇم سۇ بولسىلا كۇپايە.

ــــ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»

دۇنيادا نېمە ئەڭ چوڭ، يەنە نېمىنى قانائەتلەندۇرۇش ئەڭ قىيىن؟ مېنىڭچە، ئادەمنىڭ نەپسى. ئادەمنىڭ نەپسىنى قاندۇرغىلى بولمايدۇ. ئادەمنىڭ نەپسى ھامان يوغىناپ بارىدۇ، ئۇنىڭ پاسىلى بولمايدۇ. خۇددى پۇشكىننىڭ «بېلىقچى بوۋاي بىلەن ئالتۇن بېلىق ھەققىدە ھېكايە» دېگەن شېئىرىي چۆچىكىدە سۆزلەنگەنگە ئوخشاش، ئاشۇ كۆرۈمسىز موماي ئەڭ دەسلەپىدە بىر دانە يېڭى تەڭنە ئالماقچى ئىدى، بىرىنچى ئارزۇسى قانائەتلەندۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىككىنچىسىنى ئارزۇ قىلدى. بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرىنى ئارزۇ قىلىپ، نەپسى بارغانسېرى يوغانلىدى. نەتىجىدىچۇ؟ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي يەنىلا ئاشۇ كونا ھەم پۇچۇق تەڭنە بىلەن قالدى. لۇشۈن: «بەزىلەر بېيىسىلا ئۆزگىرىدۇ» دەپ ناھايىتى ياخشى ئېيتقان. بېيىش دېگىنىمىز ــــ سالاھىيىتى، مەرتىۋىسى ئۆزگەرگەندىن

كېيىنكى ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆزگەرگەندە روھىي ھالەت ئۆزگىرىدۇ، دەسلەپتىكى شۇكۇر ـ قانائەتچانلىقنىڭ ئورنىنى نەپسانىيەتچىلىك ئالىدۇ.

ئادەمنىڭ نەپسى توغرىسىدا لاۋزى مۇنداق دېگەنىدى: دۇنيادىكى ئەڭ زور بالايىقازا شۇكۇر قىلماسلىق بولسا كېرەك، ئەڭ زور گۇناھ ئاچ كۆزلۈك بولسا كېرەك. ھازىرقىسىنى قەدىرلىمەي، نام ـ مەنپەئەتكە زىيادە ئىنتىلگەندە، بالايىئاپەت ۋە بەختسىزلىك پەيدا بولىدۇ. نام ـ ئاتاقتا بېرىلگەنلەر شۇ نام ـ ئاتاقنىڭ كويىدا يۈرىدۇ، مەنپەئەتكە بېرىلگەنلەر ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالىدۇ. ئادەمنىڭ نەپسى بەئەينى تېگى يوق ھاڭغا ئوخشايدۇ. ئاچ كۆز ئادەمگە ئالتۇن ـ كۈمۈش بەرسىڭىز ئۈنچە ـ مارجان بەرمىدى، دەپ خاپا بولىدۇ. باش ۋەزىر بولغان تەقدىردىمۇ پادىشاھ بولغۇسى كېلىدۇ. ئاچ كۆزلۈكنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئەقلىدىن ئازىدۇ، قاقتى ـ سوقتى قىلىدۇ، ساختىپەزلىك قىلىدۇ، ئۈنىڭدىنمۇ ئىلگىرىلەپ قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئاماللار بىلەن بىگۇناھلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزى كولىغان گۆرگە ئۆزى چۈشىدۇ. لاۋزى مۇشۇ خىل تونۇش ئاساسىدا قانائەتچانلىقنى ئۇلۇغلايدۇ. ئۇ، قانائەتچان بولغاندا ھاقارەتكە قالمايدۇ، ئۆزىنى بىلگەنگە خەۋپ يەتمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. قانائەتلىنىشنى بىلىدىغان ئادەمنىڭ «يېگەن تامىقى سىڭىشلىك، كىيىمى يېقىشلىق، تۇرالغۇسى خاتىرجەم بولىدۇ»، شۇڭا «قانائەتچان كىشىلەر باي بولىدۇ». شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشى مەلۇم چەككە يەتكەندە ئەكسىگە قايتىدۇ، قەدىرلەش زىيادە ئارتۇق بولسا ئىسراپچىلىقمۇ شۇنچىكى زور بولىدۇ، يىغىپ ساقلاش قانچە كۆپ بولسا زىيانمۇ شۇنچە ئېغىر بولىدۇ. ئەگەر كۆرەڭلەپ كېتىپ، ۋاقتىدا توختاپ قالمىغاندا، قاچىغا سۇ توشقاندا تېشىپ كەتكەنگە ئوخشاش ئادەممۇ جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ.

لاۋزى نەپسانىيەتچىلىك، ماددىي ئىنتىلىشتىن كېچىشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەشەببۇس قىلىدۇ، مېنىڭچە بۇ مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، ھەر بىر ئادەمدە نەپسى بولىدۇ، بۇ ئادەم تەبىئىتىنى ئىنكار قىلالمايدۇ. ئادەم ئەگەر ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنى ئىنكار قىلسا ئادەم بولماي قالىدۇ. نەپسىنىڭ كەينىگە كىرگەن ۋە ماددىي مەنپەئەتكە بېرىلگەن ۋاقىتتا مېڭىسىنى سەگەك تۇتۇشى لازىم. بۇ ھەم لاۋزى، جۇاڭزى ئىدىيەسىنىڭ بۈگۈنكى كىشىلەرگە بېرىدىغان ئىبرىتى. ئادەمنىڭ نەپسى ئاتقا ئوخشايدۇ، قەلب ئۇنىڭ يۈگىنى، بۇ شاش ئاتنى قەلبنىڭ تىزگىنلىشى ۋە كونتروللۇقىغا بويسۇندۇرغاندىلا ھەقىقىي شادلىقتا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ماددىي مەنپەئەتكە بېرىلىش، نەپسىنى قاندۇرۇش بىزنىڭ خۇشاللىقىمىزنىڭ مەنبەسى ئەمەس، ئاچقۇچلۇقى ئۇنى قانداق تەڭشەشكە قاراش كېرەك. ئادەمنىڭ نەپسى ئوبدان تەڭشەلسە ئىلگىرىلەشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلىنىدۇ؛ ئوبدان تەڭشەلمىسە جىنايەتنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ. لايىقىدا بولغان نەپسى ئادەمنى ئۈزۈكسىز كۈرەش قىلدۇرىدۇ، بۇنداق ئادەم كۈرەش جەريانى ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ نەتىجىسىدىن لەززەت ئېلىشنى بىلىدۇ؛ ھالبۇكى زىيادە ئاچ كۆزلۈك بىر خىل يۈك بولۇپ، ئادەم توختىماي ماددىي مەنپەئەتكە ئىنتىلىش جەريانىدا ھەقىقىي شادلىقتىن مەھرۇم قالىدۇ.

ھازىر كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۆستى، تۇرمۇش رىتىمى تېزلەشتى، بىسىممۇ زورايدى، شۇڭا خۇشاللىقمۇ ئازايدى. ئەڭ ئاچقۇچلۇق سەۋەب بىزنىڭ قانائەت قىلمىغانلىقىمىزدا. شۈكۈر ـ قانائەتچان بولغاندا ئاددىي بىر پىيالە چايمۇ بىزنى شادلاندۇرالايدۇ. بىلىشىمىز كېرەككى، ھايات بىر قېتىملىق سەپەر، قىسقىغىنا نەچچە ئون يىل بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسى جەرياندا، شۇڭا پايپېتەك بولۇپ ئۆتۈش سەۋەبىدىن يول بويىدىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىشتىن مەھرۇم بولۇپ قالمايلى.

ئەمەلىيەتتە، ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ئادەمدە قانچىلىك

بايلىقنىڭ بارلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە خۇشاللىقنى ھېس قىلدۇرۇشتا، ھالبۇكى خۇشاللىقنىڭ مەنبەسى «قانائەت»تە. «قانائەت»تە ئەڭ مۇھىمى ئۆزىگە توغرا قاراش كېرەك. ئادەمنىڭ ئىقتىدارى كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولىدۇ، سەۋىيەسى يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولىدۇ، ئەگەر ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇسى بىلەن نىشانىنى زىيادە يۇقىرى بېكىتىۋالساق بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان يۈكنىڭ ئاستىدا قالىمىز. شۈكۈر ـ قانائەتچان بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. ئاچ كۆز، نەپسى قانمايدىغان كىشىلەر ھامان پايپېتەكچىلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ، ئۇلاردا خۇشاللىقتىن ئەسەر بولمايدۇ.

قانائەتچان ئادەم داق يەردە ياتسىمۇ خۇشال بولالايدۇ؛ قانائەت قىلمايدىغان ئادەم جەننەتتە بولسىمۇ، راھەتتە ئۆتەلمەيدۇ. قانائەتنى بىلمەيدىغانلار باي بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە نامرات؛ قانائەتچان كىشىلەر نامرات بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە باي. قانائەت قىلمايدىغانلار نەپسىنىڭ كەينىدە يۈرىدۇ، ئۇلارغا قانائەت قىلغۇچىلار ئىچ ئاغرىتىدۇ. مال ـ دۇنيانى جېنىدىن ئەتىۋار بىلىدىغان كىشىلەر ھاياتنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلالمايدۇ. قانداشلىق، دوستلۇق، مۇھەببەتنىڭ قىممەتلىكلىكىنى بىلەلمەيدۇ. خۇددى «يېۋگېنى گراندې»دىكى قېرى گراندېغا ئوخشاش ئۆمۈر بويى ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنيا توپلىسىمۇ، بۇ نەرسىلەرنى تۇغۇلغاندا بۇ دۇنياغا ئەكەلگىنى، ئۆلگەندە ئۇ دۇنياغا ئەكەتكىلى بولمايدۇ. پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ يىغقان مال ـ دۇنيالار نەتىجىدە ئاخىر بىر سىقىم تۇپراققا ئايلىنىدۇ.

باللار بىلەن ياشانغانلار تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي شادلىقتىن بەھرىمەن بولۇشنى بىلسە كېرەك. باللار بىغۇبار قەلبىكە ئىگە بولغاچقا خۇشال ئۆتىدۇ، ئۇلارنىڭ دۇنياسىدىكى غەم ـ ئەندىشىسىز ئويناش خۇشاللىقنىڭ سەۋەبى بولىدۇ؛ ياشانغانلارنىڭ قەلبىدە زىيادە كۆپ ئارمانلار بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاددىي بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋاقلىق كەچلىك تاماقتىن لەززەت ئېلىش ئۇلارنىڭ بىر كۈندىكى كۆڭۈللۈك ئىشى بولىدۇ. ھاياتتىكى ئەڭ ئاددىي مۇشۇ ئىككى بۆلەكنى چىقىرىۋېتىپ ھېسابلاپ كۆرەيلى، بىز مال ـ دۇنيا ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت، قانچىلىك زېھىن سەرپ قىلدۇق؟ بىز يەنە مال ـ دۇنيادىن باشقا يەنە نېمىگە ئېرىشتۇق؟ ماددىي خۇشاللىق بىلەن مەنىۋى خۇشاللىقتا تەڭ ئېرىشكەنلەر كۆپ ئەمەس، بۇنىڭغا ئېرىشكەنلەر «ئىنسابلىق بولۇپ ئۆزىنى خۇشال تۇتقان، سەۋرچان بولۇپ تېنىنى ساغلام تۇتقان» كىشىلەردۇر. ئۇلار قولغا كەلتۈرۈشنىمۇ، ساقلاپ قېلىشنىمۇ بىلىدۇ، مانا بۇ ھاياتنىڭ ئالىي مەنزىلى.

ئۇنداقتا بىز سۈزۈك ئۆستەڭ سۈيى ئىچەلىسەك، ئۇنىڭ ئۈچۈن تەسىرلىنەيلى! مەۋجلىنىۋاتقان دەريا، دولقۇنلىنىۋاتقان دېڭىزلاردىن تەمە كۈتمەيلى؛ يوپۇرماقنىڭ ياشناپ تۇرغانلىقىنى كۆرسەك ئۇنىڭ ئۈچۈن قانائەت قىلايلى! شاخلارنىڭ ئەۋرىشىملىكى، گۈللەرنىڭ نازاكىتىنى كۆرۈشنى تەمە قىلمايلى. مال ـ دۇنيا دالاسى بىپاياندۇر، بىز شۇ دالادا تۇرۇۋاتقان بىر تال گىياھ. شۇنداق ئىكەن، مۇشۇ گىياھ ئۈچۈن قانائەت قىلايلى! مۇشۇنداق بولغاندىلا خۇشاللىق بىز بىلەن بىللە بولىدۇ.

## لەززەت ئېلىشنى بىلىش ــ ئاپتېپنى توسۇۋالماڭ

قانداق ياششىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسا،
ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ياشايسەن؟
ــ دىئوگېن

ماكادونىيەلىك ئىمپېراتور ئالېكساندىر ئۇ ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتقان مەشھۇر پەيلاسوپ دىئو-گېننى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. ئىمپېراتور ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ:

ــ مەن ئىمپېراتور ئالېكساندىر، ــ دەپتۇ.

— مەن كۇنگوي دىئوگېن، — دەپتۇ پەيلاسوپ ئورنىدىنمۇ قوزغالماي، ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ.

— تەخسىر، سىلى ئۇچۇن نېمە قىلىپ بەرسەم بولىدىكىن؟ — پەيلاسوپ دەپ سوراپتۇ ئىمپېراتورنىڭ ئۇنىڭغا ھۆرمىتى قوزغىلىپ.

— ئەمىسە ئاپتىپىمنى توسۇۋالما، — دەپتۇ پەيلاسوپ.

ئالېكساندىر بۇ ئىشتىن كېيىن خورسىنغان ھالدا مۇنداق دەپتۇ: «ئەگەر مەن ئالېكساندىر بولمىغان بولسام دىئوگېن بولۇشنى خالايتتىم.»

دىئوگېن غەرب پەلسەپە تارىخىدىكى «سىنتىسزم»نىڭ ۋەكىلى. ئۇنىڭ ئەقىدىسى مۇنداق: بىرىنچى، «تەبىئەتكە قايتىش»؛ ئىككىنچى، «غالجىرلىشىشقا رازىمەنكى، شاد - خۇراملىقنى خالىمايمەن.» بارلىق ئىنچىكە پەلسەپىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا ھېچقانداق قىممىتى يوق. ئۇ بىر ئادەم بىلەلەيدىغاننىڭ ھەممىسىنى ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ بىلەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ ھۆكۈمەت بولماسلىقنى، خۇسۇسىي مۈلۈك بولماسلىقنى، نىكاھ بولماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ھەشەمەتچىلىك ۋە سەزگۈ ئەزالارنى سۇنئىي شادلاندۇرىدىغان بارلىق ئىنتىلىشلەرنى كەمسىتىدۇ. ئۇ بارلىق ئۆرپ - ئادەتلەر، مەسىلەن، دىن، ئادەت، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ، يېمەك - ئىچمەك ياكى ئەدەپ - قائىدىلەرنى رەت قىلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ كېچىسى چوڭ كۈپ ئىچىدە ئۇخلايدىكەن. ھالبۇكى، ئەينى چاغدا بۇ خىل كۈپكە مېيىت دەپنە قىلىنىدىكەن. بىزنىڭ گېپىمىز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇكەك (جەسەت ساندۇقى) ئىچىدە تۇگۈلۈپ ياتىدىكەن. كۇندۇزى تىلەمچىلىك قىلغاچ دوستلۇقنى تەرغىب قىلىدىكەن، بۇ خىل دوستلۇق ئادەم بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. ئۇنىڭ ھايات چاغلىرىدا ھەممىگە مەلۇم نۇرغۇن ھېكايىلىرى بار ئىكەن.

ئۇ: مەن ئىتقا ئوخشاش ياشاش قارارىغا كەلدىم، دېگەن. بۇ ئۇنىڭ پەلسەپىسىنىڭ «سىنتىسزىم» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى ئىكەن. بۇ سۆز گىرېك تىلىدا يەنە «دۇنيا بىلەن ئوينىشىدىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بۈگۈن بىز چۈشىنىۋاتقان سەلبىي مەنە بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە مەنىدە. ئۇ مال ـ دۇنياغا نەزىرىنى سالمايدۇ، نەپسى ھەۋەستىن ئازاد بولغان ئەخلاق ئەركىنلىكىگە ئىنتىلىدۇ.

ئەمدى بىز دىئوگېن بىلەن ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ ئۇچراشقان ۋاقتىغا قايتىپ كېلەيلى. ئۇ ئىمپېراتورغا «ئاپتىپنى توسۇۋالما» دېگەن مەشھۇر سۆزنى قىلدى. ھازىر بىز بۇ سۆزگە ئازراقمۇ زورمۇزور مەنە تاڭمىغان ئاساستا مۇنداق ئىزاھات بېرەيلى. ئادەم دۇنيادا نېمىگە ھەقىقىي ئېھتىياجلىق؟ قۇياشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. قۇياش بىر سىمۋول، ئۇ تەبىئەتنىڭ ئادەمگە بەرگەن ھەدىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. تەبىئەتتىكى ئادەمنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجى تەبىئەتتىكى ئاددىي تۇرمۇشقا ماس كېلىشى كېرەك. ئاپتاپنى كىم توسۇۋالدى؟ ئالېكساندىر بىر سىمۋول، ئۇ ھوقۇق، نام ـ ئاتاق، مال ـ دۇنياغا ئوخشاش كىشىلەر ئەڭ ئەتىۋارلايدىغان، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئەڭ زۆرۈر بولمىغان نەرسىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئاپتىپىمنى توسۇۋالما، نام ـ مەنپەئەت ھاياتنى توسۇۋالماسلىقى، ئۆرپ ـ ئادەت ماھىيەتنى توسۇۋالماسلىقى، زۆرۈر بولمىغان نەرسىلەر زۆرۈرىيەتنى توسۇۋالماسلىقى كېرەك. مانا بۇ «سىنتىسزىم»نىڭ بىزگە قالدۇرغان ئاساسلىق پەلسەپىۋى ۋەسىيىتى.

بۈگۈنكى بىز شۇنىڭغا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ بىز ۋاقىت ئاجرىتىپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ ھۇزۇرلىنىپ يېتىپ باقتۇقمۇ؟ بىز ھامان ئۆزىمىزگە ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ناھايىتى يىراق جايدا دەپ قارىدۇق. ھالبۇكى، بۇ نەرسىلەرگە كۆرەش قىلىش ۋە تىرىشچانلىق ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇڭا، بىز ھەر كۈ-

نى يول ئۈستىدە تېپىرلاپ يۈردۇق، يول بويىدىكى مەنزىرىلەرگە قاراشقا چولىمىز تەگمىدى. قۇياش نۇرى ۋە ئاي نۇرىدىن لەززەت ئېلىشقا ۋاقتىمىز يەتمىدى. ھە دېسە ئاشۇ ئېھتىياجلىق نەرسىـ نى بىر ئەجىر بىلەن تۇتۇۋېلىپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جاپا تارتماسلىق ۋە تېپىرلاپ يۈرمەسلىكنى ئويلىدۇق. بىراق، تەڭرى بىزگە چاقچاق قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. قولىمىز ئېھتىياجلىق نەرسىلەرگە تەگمىدى، تەگكەن تەقدىردىمۇ ئەمدى بىز ئېھتىياجـ لىق ئەمەس نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن يېڭى يولغا ئاتلىنىپ، يەنە پايپېتەك بولۇپ يۈردۇق، ئەڭ ئاخىرىدا يەـ نىلا دەم ئېلىشنىڭ سەۋەبى يوق بولدى، ئاپتاپقا قاقلىنىشنىڭ پۇرسىتى تېخىمۇ يوق بولدى.

ئامېرىكىنىڭ رىئودىكى كوپاكانا ساھىلىدا ھەممىگە مەلۇملۇق مۇنداق بىر ھېكايە تارقالغان: بىر باي قۇملۇقتا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتقان سەرگەرداندىن مۇنداق دەپ سوراپتۇ:

— مۇشۇنداق ياخشى كۈندە نېمە ئۈچۈن دېڭىزغا بېلىق تۇتقىلى چىقمايسىز؟

— بېلىق تۇتۇپ نېمە قىلىمەن؟ — دەپتۇ سەرگەردان.

— بېلىق تۇتقاندىلا پۇل تاپقىلى بولىدۇ ـ دە، — دەپتۇ باي.

— پۇل تېپىپ نېمە قىلىمەن؟ — دەپتۇ سەرگەردان.

— پۇل تاپساڭ نۇرغۇن نەرسىلەرنى سېتىۋالالايسەن.

— نەرسە سېتىۋالغاندىن كېيىن نېمە قىلىمەن؟

— ھەممە نەرسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن مۇشۇ يەردە راھەتلىنىپ ئاپتاپقا قاقلىنىسەن ئەمەسمۇ!

سەرگەردان بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سوزۇلۇپ تۇرۇپ:

— مانا ھازىر راھەتلىنىپ ئاپتاپتا قاقلىنىۋاتىمەنغۇ؟ — دەپتۇ.

تۇرمۇشىمىزدا ئاپتاپقا قاقلىنىدىغان سەرگەردانلار ئاز ئۇچرايدۇ، ئەمما ئالدىراش كىشىلەر، يىل بويى پايپېتەك بولۇپ

www.uyghurkitap.com

يۈرگەنلەر نۇرغۇن. ئۆسمۈرلەردىن ياشلارغىچە، ياشلاردىن ئوتتۇرا ياشلارغىچە، ئوتتۇرا ياشلاردىن ياشانغانلارغىچە مەلۇم بىر كۈنى ئالدىراش ــ تىنەش يۈرۈشنىڭ ھەقىقەتەن ھاجىتى قالمىغاندا، ھەممە نەرسە ئاخىرلىشىشقا يېقىنلىشىپ قالىدۇ. ئەپسۇسكى، ھەممە نەرسە ئاخىرلىشىدىغان ئاشۇ پەيتتە يەنە بەزىلەر پۈتۈن ئۆمرىدە زادى نېمە ئۈچۈن ئالدىراشلىقتا ئۆتكەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ.

ئالدىراش، كۆرەش بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر گەرچە جاپالىق بولسىمۇ ئۆتۈق تۈيغۇسى بولىدۇ؛ ئاددىي كۈنلەر غەمسىز بولىدۇ، كۈنلەر بەخىرامان ئۆتسىمۇ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمىز. ئەتىدىن ۋايىم يېيىش، كەلگۈسىدىن قورقۇش، ھەر ۋاقىت ئۇ جاينى نامەلۇم دۇنيا دەپ قاراشتا تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان نۇرغۇن ئامىللار بار. ھاياتنى داغدۇغا ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، نام ــ شۆھرەت قالدۇرۇش ئەلۋەتتە ئېھتىرام بىلدۈرۈشكە لايىق ئىش. بىراق، ئاددىي ــ ساددا، ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرمۇ ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدۇ. ئادەمنىڭ بۇ نەچچە ئون يىللىق ھاياتىدا كىممۇ ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى تولۇق قولىغا ئالالايدۇ؟

ئۆسمۈرلۈكتىكى جۇشقۇنلۇق، ياشلىقتىكى رەڭدار ھايات، قىرانلىقتىكى كۆچتۈڭگۈرلۈكلەر ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ يوقىلىپ، ئىككى چېكە ئاقىرىپ، بۈگۈنكى كۈندە ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئاھ ئۇرىدىغانلارغا ئايلانغاندىلا، ئالەمدىكى مەۋجۇداتلارنىڭ رەڭگارەڭلىكىنى، ئۆزىنىڭ دەريادىكى سۇنىڭ بىر تامچىسى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئالەمدە ھېچقاندىق ئادەمنىڭ تېخى ھەقىقىي ئەۋلىيالىق مۇقامىغا يەتمىگەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ!

جىسمانىي، روھىي جەھەتتىكى چارچاش، ئوڭۇشسىزلىقلار، ئۆزۈكسىز كېلىۋاتقان بېسىملار، مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندىن كېيىن كۆتۈرۈپ تۇرغان تېخىمۇ يۇقىرى نىشانلار ئادەمگە تۇرمۇشنى تېخىمۇ بەختلىك قىلىشنى ئويلىتىدۇ. ئادەم

ھەرگىز تەن بەرمەيدۇ، قانائەت قىلمايدۇ، ئادەمگە ھېلىقى خۇشال بېلىقچىدەك ئۆتۈش پۇرسىتى بولمايدۇ. نەتىجىدە نېمىنىڭ «مەن» ئىكەنلىكى، نېمىنىڭ «تۇرمۇش» ئىكەنلىكى، نېمىنىڭ «ياخشى» ئىكەنلىكى، نېمىنىڭ «بەخت» ئىكەنلىكىنى تەلتۆكۈس ئۇنتۇپ كېتىدۇ. بۇنچە كۆپ سەۋەب ئىزدەپ يۈرمەيلى! بۇنچە كۆپ يۈگەنگە چۈشۈپ قالمايلى! پۇرسەت تېپىپ ئاپتاپقا قاقلىنىۋاتقان ھەقىقىي بېلىقچى بولۇپ باقايلى، باشقىلار بىزنى ئىرادىسىز، جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالدى دېسە دەۋەرسۇن. ئالغا ئىنتىلمەيدۇ، تۈزەلمەس دېسىمۇ دەۋەرسۇن. ئاددىي دېڭىز بويىدا ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ ئەتىنى ئويلىماي، بىر كۈن خۇشال ئۆتەيلى. ھەممە كۆزدىن غايىب بولغاندا يەر شارىنىڭ ئوخشاش ئايلىنىۋاتقان ـ ئايلانمايۋاتقانلىقىغا، قۇياشنىڭ ئوخشاشلا شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ غەربكە پاتقان ـ پاتمايۋاتقانلىقىغا، دېڭىز سۈيىنىڭمۇ بۇرۇنقىدەكلا مەۋجلىنىۋاتقان ياكى مەۋجلەنمەيۋاتقانلىقىغا قاراپ باقايلى. مۇشۇ تەسىرات ئۈچۈن يەنە قانداق داغدۇغىلىق سەۋەب بولۇشى كېرەك؟

بېلىقچىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق بەخت ئۆلچىمى بولىدۇ، باينىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق بەخت ھۆكۈمى بولىدۇ. بېلىقچى بولۇشمۇ، باي بولۇشمۇ ئاسان ئەمەس.

ھەممىلەن خۇشاللىق ئۈچۈن نەزىرىمىزنى پەلسەپىگە قارىتايلى! ئانتىسېنىس تەلىم ـ تەربىيە ئېلىشنى ئويلىسىمۇ، پەلسەپە ئۆگىنىشنى ئويلىمايدىغان كىشىلەرنى ئەپچىللىك بىلەن ئوخشىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار بەئەينى ئايال غوجايىنىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئادەمنىڭ ئاۋارىچىلىكتىن قېچىپ دېدەكىگە تەلەپ قويغىنىغا ئوخشايدۇ. دىئوگېن ئۇلارنى ئوچۇقلا ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: «قانداق ياشىشىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسا، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ياشايسەن؟» پەلسەپە نېمە ئۈچۈن ئادەمنىڭ روھىي ھالىتىنى ياخشىلايدۇ؟ دىئوگېننىڭ لوگىكىسى بويىچە ئېيتقاندا، پەلسەپە بىزنى زېمىندا خاتىرجەم يېتىپ ئاپتاپقا

قاقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، تەن ۋە روھنىڭ ئەركىنلىكىدىن تولۇق بەھرىمەن قىلىدۇ. ھالبۇكى، بىزنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىمىزغا دەخلى قىلىدىغان بارلىق نەرسىلەرگە «ئاپتىپىمنى توسۇۋالماڭ !» دەيدۇ.

## سۆيگۈ ئىچىدە ياشاش — مۇھەببەت شادلىقىنىڭ پېلىكى

ئادەم ئۆزلۈكىنىڭ تار دائىرىسىنى بۆسۈپ
چىققاندا، روھى شادلىققا تولىدۇ.
— تاگور

«مۇھەببەت ئۇستىدە توختاۋسىز ئىزدىنىش، ھەقىقەتكە توختاۋسىز ئىنتىلىش، ئىنسانلارنىڭ كۈلپەتلىرىگە ئۆزۈكسىز ھېسداشلىق قىلىش پۈتكۈل ئۆمرۈمدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان نوقۇل ھەم كۈچلۈك ئۈچ خىل ھېسسىيات. بۇ ھېسسىيات بەئەينى گاھ - گاھ كۆتۈرۈلگەن قارا بورانغا ئوخشاش ھاياتىمنى قىيناپ كېلىۋاتقان، بەزىدە ھەتتا چوڭقۇر ئازابلار ئوكيانىدىن ئۆتۈپ، ئۈدۈل ئۈمىدسىزلىك قىرغىقىغا بارىدى.»

يۇقىرىدىكى ئەنگلىيەلىك مەشھۇر پەيلاسوپ رۇسسېلنىڭ « مەن نېمە ئۈچۈن ياشايمەن » دېگەن ئەسىرىدىكى ھېكمەتلىك سۆز. رۇسسېل ئەنگلىيەلىك ئالىم، ئۇ پەلسەپە، ماتېماتىكا، ئەدەبىيات ساھەلىرىدە ئاجايىپ نەتىجىلەرنى قازانغان، 1950 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

«مەن نېمە ئۈچۈن ياشايمەن؟» بۇ سوئالنى ئىنسانلار قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۆزلىرىدىن نەچچە مىڭ قېتىملاپ سوراپ بولدى. بىز زادى نېمە ئۈچۈن ياشايمىز؟ بۇ ھەم ئاددىي، ھەم مۇرەككەپ سوئال. بەزىلەر ئالدىراش - تېنەشلىك ئىچىدە ئۆتۈپ، بۇ توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزمەيلا ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالدى؛ بەزىلەر شۇنچە چوڭقۇر ئويلانغان بولسىمۇ، پۈتكۈل ئۆمرىدە بۇنىڭدىكى سىرنى يېشەلمىدى. ئۇلۇغ پەيلاسوپ رۇسسېل ئۆزگىچە پاراستى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ بۇ مەڭگۈلۈك

پەلسەپىۋى سوئالىغا ياڭراق ئاۋازدا جاۋاب بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ قارىشىنى «مۇھەببەت ئۇستىدە توختاۋسىز ئىزدىنىش، ھەقىقەتكە توختاۋسىز ئىنتىلىش، ئىنسانلارنىڭ كۈلپەتلىرىگە ئۆزلۈكسىز ھېسداشلىق قىلىش» دەپ ئاممىباب ھەم جانلىق ئىپادىلەپ بەردى.

رۇسسېلنىڭ ئۆمرى خۇشاللىقتا ئۆتتى، چۈنكى مۇھەببەت ئۇنىڭغا مەڭگۈ يار بولدى. مۇھەببەت ئۇستىدە توختاۋسىز ئىزدىنىش، ھەقىقەتكە توختاۋسىز ئىنتىلىش، ئىنسانلارنىڭ كۈلپەتلىرىگە ئۆزلۈكسىز ھېسداشلىق قىلىش ئۇنىڭ ھاياتىدىكى خۇشاللىقنىڭ سىمفونىيەسىنى شەكىللەندۈردى. ئىلگىرى «نيۇ يورك ۋاقىت گېزىتى»دىكى بازارلىق كىتاب «مىلادتىكى قىزىل قۇشقاچ»نى ئوقۇغانىدىم، بۇ كىتابتا جەننەتتەك سۆيۈملۈك شەھەرلەردە تولىمۇ ئاز ئۇچرايدىغان ئىنسانىي مۇھەببەت گۈزەللىكىگە تولغان بىر جاي بىلەن ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىغان مۇھەببەت ھېكايىسى تەسۋىرلەنگەنىكەن. ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىك مۇنداق: چىكاگوغا زىمىستان قىش يېتىپ كېلىش ھارپىسىدا، ئايالىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن 52 ياشلىق بويتاق كامپىبېلغا دوختۇر «ئۆلۈم جازاسى» بېرىدۇ، ئۇنىڭ مىلاد بايرىمىدىن ئۆتەلمەسلىكى مۇمكىن بولغاچقا، يەنى ئىككى ئايمۇ ياشىيالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوختۇرنىڭ تەكلىپىنى ئېلىپ ئالاباما ئىشتاتىدىكى «ئازغان ئېقىن» دېگەن جايغا كېلىپ، بىرنەچچە ياخشى نىيەتلىك تۇل خوتۇن، قېرى قىز، ئۇنىڭدىن باشقا تاشلىۋېتىلگەن مېيىپ قىز پاتسى ۋە دۇكاننىڭ ياخشى نىيەتلىك غوجايىنى قۇتقۇزۇپ قالغان قىزىل قۇشقاچ بىلەن دوست بولۇپ قالىدۇ. ئىككىنچى يىلى مىلاد بايرىمىدا ئارقا ـ ئارقىدىن مۆجىزە يۈز بېرىدۇ... كامپىبېل بەختلىك ئەرگە ئايلىنىدۇ ھەمدە سۆيگۈگە ئېرىشىدۇ.

ھەممە ئادەم خۇشاللىققا ئىنتىلىدۇ، ئەمما خۇشاللىقنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. سۆيگۈ خۇشاللىقنىڭ پېلىكى، سىز باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزدە قەلبىڭىزنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ پىلىكى ئورىغان بولىدۇ. سۆيگۈ قەسىرىدە سىز ئۆز خۇشاللىقىڭىزنىڭ پەرىشتىسىگە ئايلانغانلىقىڭىزنى بايقايسىز.

بىر قىزچاق ئوتلاقتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر كېپىنەكنىڭ تىكەندىن يارىلانغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ تىكەننى ئېھتىياتچانلىق بىلەن يۇلۇۋېتىپ، كېپىنەكنى تەبىئەتكە قويۇپ بېرىپتۇ. كېيىن كېپىنەك قىزچاقنىڭ ئۆزىنى قوتقۇزۇپ قالغانلىق ھىممىتىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن پەرىزاتقا ئايلىنىپ، قىزچاققا: «رەھمە-دىللىكىڭ ئۈچۈن تىلەك تىلىگىن، مەن تىلىكىڭگە يەتكۈزىمەن» دەپتۇ. قىزچاق ئويلىنىپ تۇرۇپ: «مەن خۇشال بولسام دەيمەن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرىزات ئېگىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قۇلىقى تۇۋىگە شىۋىرلاپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. پەرىزات قىزچاققا مۇنداق دېگەنىكەن: «ئەتراپىڭدىكى ھەر بىر ئادەم سېنىڭ مېھىر - مۇ-ھەببىتىڭگە موھتاج.»

بىر كۈنى ئائىلىسى نامرات بىر قىزچاق بىرنەچچە دوستى بىلەن ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ئازغىنا پۇلىغا ئۆزۈندىن بۇيان تەشنا بولغان سېرىق لېنتىنى سېتىۋالماقچى بوپتۇ. ئۇ پەرداز بۇيۇملىرى مەخسۇس پوكىيى ئالدىدا بىر ئوغۇلنىڭ سېتىۋالغان كۆزئەينىكىنى سۇندۇرۇۋېتىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بارلىق پۇلىغا ئوخشاش كۆزئەينەكنى سېتىۋېلىپ ئوغۇلغا بېرىپتۇ. ئوغۇلنىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرۈپ، شادلانغاندا ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ ۋاللىدە يورۇپتۇ. مانا مۇشۇنداق ئىختىيارسىز ھېسسىيات تەپسىلاتلىرى بۇ ئالەمدىكى ئۇششاق ئىش سانالسىمۇ، ئۇ قىزچاقنىڭ قەلبىنى مەڭگۈگە ئىگىلەپتۇ.

بىلىم ئادەمنى كۆرەڭلەشتۈرىدۇ، يالغۇز مېھىر - مۇھەببەتلا ئادەمنى سۇغىرىدۇ. ئادەمنىڭ قەلبى نەپرەتكە تولغان بولسا ئۇ مەڭگۈ خۇشال بولالمايدۇ، زارلىنىشقا تولغان بولسا زارلىنىشنىڭ ئاچچىقى ئىچىدە ياشايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبى بۇلغانغان بولۇپ، زارلىنىش ۋە نەپرەت ئۇلارنىڭ دۇنيانى ئۆلچىشىدىكى ئۆلچىمى ۋە مىزانىغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار باشقىلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن نەپرەتلىنىدۇ. ئۆزىدىن نەپرەتلىنىدىغان

ئادەم خۇشال بولالامدۇ؟ مېھىر - مۇھەببەت ئىچىدە ياشىغاندىلا خۇشال ھەم بەختلىك بولغىلى بولىدۇ، باشقىلارنى قانداق سۆيۈشنى بىلگەن ئادەم نېمىگىلا ئېرىشمىسۇن قەلبىدە خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ.

تاگور مۇنداق دېگەنىدى: «ئادەم ئۆزلۈكىنىڭ تار دائىرىسىنى بۆسۈپ ئۆتكەندىلا روھى خۇشاللىققا ئېرىشەلەيدۇ. ئادەم ماھىيەتتە ھەم ئۆزى ئەمەس، ھەم دۇنيانىڭ قۇلى ئەمەس، بەلكى سۆيگۈچى. ئىنسانلارنىڭ ھۆرلۈكى ۋە ئادەم تەبىئىتىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ‹مېھىر - مۇھەببەت›كە باغلىق.» مېھىر - مۇھەببەت دېگەن نېمە؟ ئۇ تەقدىم قىلىش، ئەپۇچان بولۇش، ئەتىرگۈلنى باشقىلارغا ھەدىيە قىلىپ، قولىدا خۇش ھىدىنى قالدۇرۇش دېگەنلىكتۇر. مېھىر - مۇھەببەت ھاياتنى سىڭىپ كىرىش كۈچىگە ئىگە قىلىدۇ، ھەممەيلەن ئۆزىمىزنىڭ روھى بىلەن باشقىلارنىڭ روھىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ روھى بىلەن مەۋجۇداتلارنىڭ روھىنى بىرلەشتۈرەيلى. ئىنسانىيەت دائىرىسىدىن قارىغاندا، «ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈلۈك بەختى ھەر قانداق بىر نەرسىگە ئېرىشىشتە ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ئۆزىدىنمۇ ئۇلۇغراق نەرسىلەرنى، ئۆزىنىڭ ھاياتىدىنمۇ ئۇلۇغراق قاراشلارنى مۇجەسسەم قىلىش، يەنى ۋەتەن قارىشى، ئىنسان قارىشى، تەڭداشسىز ئىلاھ قارىشىنى مۇجەسسەملەشتە».

بىز باشقىلارنى سۆيۈشنى ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى سۆيۈشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. بۇ ئۆزىمىزنىڭ كۆزى ياكى رەڭگى، قامىتى ياكى شەخسىي پەزىلىتىگە مەپتۇن بولۇش دېگەنلىك ئەمەس. شۇنى توغرا تونۇشىمىز كېرەككى، بىز تەشنا بولۇۋاتقان ھەربىر دەقىقىدىكى مەۋجۇتلۇق مەنىلىك ھەم مەزمۇنلۇق بولىدۇ، ئۆزىنى سۆيگەنلىك ھاياتنى سۆيگەنلىك. بىلىۋېلىشىمىز كېرەككى، باشقىلارنى خۇشاللاندۇرغىنىمىزدا ئۆزىمىزنى خۇشاللاندۇرالايمىز.

بىز ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە قارىغۇلارچە خىزمەت قاي-

ننمنغا كىرىپ كەتتۇق، ھەممىمىز تار دائىرىدە ئۆزىمىزنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى، نام ــ مەنپەئەتى ئۈچۈن پايپېتەك بولۇۋاتىمىز. ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ روھىنى قاتماللاشقان ئادەت ۋە ھاياتلىق بولمىغان قاتتىق قاپ ئىچىگە ئېھتىياتچانلىق بىلەن بېكىنىدۇرۇپ قويىدى، بىپەرۋالىق ۋە ئۆزلۈكنى تونجۇقتۇرۇش ئىنسان ھاياتىدىكى ھەقىقىي روھقا ئايلاندى. تەقدىم قىلىش، بېغىشلاش، ئەپۇچانلىق... مۇھەببەتنىڭ ئەتىرگۈلىنى قولىمىزدا ئېچىلدۇرايلى، تېرىيلى، باشقىلارغا ئەتىرگۈلنى سوۋغا قىلغاندىن كېيىن ئالىقىنىمىزنى پۇراپ كۆرۈپ، ئاشۇ ئەتىرگۈلنىڭ ھىدىدىن لەززەت ئالايلى. مېھىر ــ مۇھەببەت روھقا تەسەللى بەرسۇن، مېھىر ــ مۇھەببەت بىزنى خۇشاللىقتىن ئايرىمىسۇن.

## بەخت ھەقىقىتى ـــ بەخت ئېغىر مەسئۇلىيەت دېمەكتۇر

> ھاياتلا بولسام ھەر ۋاقىت يول يۈرۈش بېسىمىغا دۇچ كېلىمەن. ھەرۋاقىت تۈرلۈك چوڭ ــ چوڭ مەسىلىلەرنى ئويلىنىمەن. قانداق ياشاش، قانداق قىلىپ مەنىلىك ياشاش، پاسكىنىچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش توغرىسىدا ئويلىنىمەن.
>
> ـــ جاڭ چېڭجى

پەيلاسوپلارنىڭ نەزىرىدە بەخت ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ، ئۇ ھاياتنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى. مەسىلەن، بىز «بىزنىڭ بەختكە ئىنتىلىشىمىز نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورىيالمايمىز. خۇددى ئارىستوتېل كۆرسەتكەندەك: «مەقسەت كۆپ خىل بولىدۇ، ۋاھالەنكى بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى پۇل ــ مالغا ئوخشاش باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن تاللايمىز. قىسقىسى، ئۇلار قورال. شۇنداق بولغانىكەن، مەقسەتلەرنىڭ ھەممىسىلا ئاخىرقىسى بولۇۋەرمەيدۇ. ئالىي ساۋابلا مەلۇم خىل ئەڭ

ئاخىرقى نەرسە... ئومۇمەن، باشقا مەقسەت ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ تاللانغانلىرىلا مۇتلەق ئەڭ ئاخىرقىسى بولىدۇ. دېمەك، بەختلا مۇتلەق ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە، بىز باشقا ھېچقانداق نەرسە ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەڭگۈ ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئۇنى تاللايمىز».

بەخت ئىنسانلارنىڭ كېچە ـ كۈندۈز تەشنا بولۇپ كەلگەن تۇرمۇش غايىسى. لېكىن، ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى چەكلىمىلىك تۈپەيلىدىن بەختنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى بەلگىلەنگەن، دېمەك بەختنىڭ ئۆزىدىمۇ كەمتۈكلۈك بار. بىراق، ئىنسان تەبىئىتى مۇكەممەللىككە تەشنا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن زىددىيەت ئىچىدە تىركىشىۋاتقان ئىنسانلارنىڭ بەختكە ئىنتىلىش يولى ئەگرى ـ توقايلىشىدۇ. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا تۇساتتىن بىر يەرگە كەلگەن پەيتتىن ئېتىبارەن ئادەم بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئوتتۇرىسىدا توختاۋسىز كۈچ سىنىشىش باشلاندى. ئىنسانلار تەسەۋۋۇرىدىكى مۇھەببەت ۋە بەختكە ئېرىشمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئەركىنرەك، بىمالالراق ياشاش ئۈچۈن تىرىشتى. بەختنىڭ سىرتىدىمۇ يەنە بەخت كاتېگورىيەسىگە تەۋە بولمىغان تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلدى. مىڭ يىللاردىن بۇيان گويا ھەرە تارتىشىشقا ئوخشاپ كەتكەن جەڭ ـ ئۇرۇشلار داۋامىدا ئىنسانلار ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە جارى قىلدۇردى، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى، ئارقا ـ ئارقىدىن تەۋەككۈل قىلدى. ھالبۇكى، ئىنسانلار ھەر قېتىم بۇ ئىككىسىنى بىرلىككە كەلتۈردۇق، دەپ خۇشاللىنىپ، سەپسېلىپ قارىغىنىدا، قولىدىكى ئىگە بولغانلىرى ۋە مۇھەببەتنىڭ ھەمدە بەختنىڭ ئارقىدىكىسىنىڭ تېخىمۇ زور مەھرۇم قېلىش ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئازابلىق تېگىرقاش ئىچىدە بەختنىڭمۇ مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى بايقىدى.

چەكلەنگەن مېۋىنى ئوغرىلىقچە يېگەن ئىنسانلار ئەمدى

تاكامۇل ئىنسان ئەمەس. بەختنىڭ ئۆزىدىمۇ كەمتۈكلۈك بار، بۇ كەمتۈكلۈكنى ئېتىراپ قىلىش ۋە قوبۇل قىلىشىمۇ بەختنىڭ بىر قىسمى. ئىنسانلار بۇ كەمتۈكلۈكنى تۈگەتمەكچى بولسا قانداقمۇ ھەقىقىي «بەخت»كە ئېرىشەلىسۇن؟

ياپونىيەلىك جەمئىيەتشۇناس چيەنيۈباۋ: ئەگەر خىزمەت قىلمىسىڭىزمۇ بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك پۇلىڭىز بولسا، ئۇنداقتا راھەت سۈرەمسىز ياكى خىزمەت قىلامسىز؟ دېگەن تېمىدا سىلىشتۇرما تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. چيەنيۈباۋ 1987 ـ يىلى مۇنداق دەيدۇ: «تەخمىنەن 20 يىل ئىلگىرىكى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئويناپ كۈن ئۆتكۈزىمەن دەيدىغانلار ئاساسەن يوق ئىدى. بۇنداقلارنىڭ نىسبىتى ئامېرىكىدا 2% تىن 3% كىچە بولۇپ، ياپونىيەدە 1% كىمۇ يەتمەيتتى. ھالبۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ‹ئويۇنچىلار› تېزدىن كۆپەيدى»، «1983 ـ يىلى 11 دۆلەتتىن سورالغان سوئالنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا ‹ئويۇنچىلار›نىڭ نىسبىتى شۋېيتسارىيەدە ئەڭ كۆپ بولۇپ، 39.8%نى؛ ياپونىيەدە 19.8%نى، ئامېرىكىدا 21.8%نى ئىگىلىگەن»، «1987 ـ يىلغا كەلگەندە ياپونىيەدىكى ئويۇنچىلار 26.9%نى ئىگىلەپ، تۆت يىل ئىچىدە 7.1% پوئىنت كۆپەيگەن.» چيەنيۈباۋ جۇڭگو توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «جۇڭگودىكى سان ئادەمنى تولىمۇ چۆچۈتىدۇ، ‹ئويۇنچىلار› 49.8%نى ئىگىلەپ، دۇنيا رېكورتىنى ياراتتى.» «ئويۇنچىلار»نىڭ دۇنيا بويىچە مەۋجۇت بولۇش پاكىتى ۋە كۈنسايىن كۆپىيىۋاتقانلىقىغا دائىر سانلىق مەلۇماتلار مۇنداق بىر جىددىي پاكىتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: ئىنسانلار گەرچە بەختكە ئىنتىلىسىمۇ، لېكىن بەختنىڭ سىرىنى بىلگۈچىلەر ناھايىتى ئاز.

بەخت ھېچقانداق ۋەزنى يوق ھوزۇر ئەمەس، بەلكى ئېغىر مەسئۇلىيەت. سوقرات «تۆت كوچىدىكى ھېراكلىس» توغرىسىدىكى مۇنداق ھېكايىنى سۆزلىگەن ئىكەن:

ھېراكلىس پىنھان جايدا سالاپەت بىلەن ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ

ئىككى ئايالنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ.
بۇ ئىككى ئايال ئۇنى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ھاياتلىق يولىغا باشلايدىكەن. گەرچە بۇ ئىككى يولنىڭ نامى ئوخشاشلا بەخت بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىرى گۈزەللىككە، بىرى رەزىللىككە بارىدىكەن.
كەلگەن ئىككى ئايالنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى كاگىيا، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئالىت ئىكەن.
كاگىيانىڭ بەدەنلىرى تولغان ۋە ئەتلىرى يۇمشاق ئىكەن، يۈزلىرىگە گىرىم قىلغانىكەن، «ياشلىق نۇرلىرىنى جۇلالاندۇرغۇدەك تون كىيگەنىكەن»، ئۇ تولىمۇ جازىبىدار ئىكەن، تۇرمۇشتىن ھۇزۇر ئېلىشنى چۈشىنىدىغاندەك كۆرۈنىدىكەن.
ئالىت ئاددىي ـ ساددا، گۈزەل، خۇش پىچىم ئىكەن. كۆزلىرىدىن كەمتەرلىك چىقىپ تۇرىدىكەن، ئۇچىسىغا ئاق تون كىيگەنىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرى تۇغۇلۇشىدىنلا خۇددى ئوچ ـ كېچە كۈندۈز يىغلىغان ئادەمدەك ھەسرەتتىن نەملىشىپ تۇرىدىكەن. ئۇ ھېراكلىسنى كۆرۈپ مۇنداق دەپتۇ:
«ئىلاھ ئادەملەرگە بارلىق گۈزەل نەرسىلەرنى ئاتا قىلدى، ئۇلاردىن بىرەرىگىمۇ جاپالىق تىرىشماي ئېرىشكىلى بولمايدۇ، ئەگەر تېنىڭ قاۋۇل بولسا ئۇنى قەلبىڭنىڭ چاكىرىغا ئايلاندۇرغىن.»
«سەن مەن بىلەن بىللە بولساڭ تۇرمۇشتىكى ئەڭ گۈزەل سادالارنى ئاڭلىيالايسەن، ھاياتتىكى ئەڭ گۈزەل مەنزىرىلەرنى ھېس قىلالايسەن.»
«كاگىيا جىسمىڭنى ئاجىزلاشتۇرۇپ كاردىن چىقىرىدۇ، قەلبىڭدىكى ئەقىل ـ پاراسەتنى ئۆچۈرىدۇ. گەرچە ئۇ ساڭا راھەت تۇرمۇش ئاتا قىلالىسىمۇ، ئۇ ھۇزۇردىنلا ئىبارەت، مېنىڭ ساڭا بېرىدىغىنىم ئېغىر بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئىنتايىن گۈزەل.»
ئالىت بىلەن كاگىيانىڭ بەختى ئوخشاشلا گۈزەللىكنى

ئاساس قىلىدۇ، بىراق ئالىت گۈزەللىكنى قەلبنىڭ ئاساسى قىلىدۇ، كاگىيا بولسا گۈزەل تەننى ئاساس قىلىدۇ.

ھۇزۇر ۋە گۈزەللىك ئوخشاشلا بەخت، بىراق ئۇلارنىڭ سۈپىتى تامامەن ئوخشاش ئەمەس. بەخت بىلەن بەختمۇ پەرقلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى رەزىل بەخت، بىرى گۈزەل بەخت. تەننىڭ بۇ ئىككى خىل بەخت توغرىسىدىكى سەزگۈسى ئوخشاش بولمايدۇ، رەزىل بەخت تۇيغۇسى ھۇزۇرلۇق بولىدۇ، گۈزەل بەخت تۇيغۇسى ئېغىر بولىدۇ. بەختنىڭ شەكلى ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن، بىراق ئۇلارنىڭ سۈپىتى ئوخشىمايدۇ.

بەختنىڭ ئۆزى كۈلپەتتىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەخت بىلەن كۈلپەت ھەرگىزمۇ زىددىيەتلىك ئەمەس، كىشىلەر مىڭ مۇشەققەتتە كۈلپەتكە ئەمەس، بەختكە ئىنتىلىدۇ! كەمتۈكلۈكنىڭ ئۆزى كۈلپەت ئەمەس. كۈلپەت دېگىنىمىز — بىزنىڭ كەمتۈكلۈكنى چۈشەنمەسلىكىمىز تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن قەلب كۈلپىتىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇكەممەللىككە ئىنتىلىدىغان ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا، كەمتۈكلۈككە ئەھمىيەت بېرىش قەلب جەزمەن باشتىن كەچۈردىغان كۈلپەت، شۇڭا ئۇ ئېغىر بولىدۇ، ھالبۇكى بۇ ئېغىرلىققا بىمالال يۈزلىنىش ئىنساننىڭ مەسئۇلىيىتى. رېئاللىقتىكى بەختكە ھەقىقىي ئېتىبار بىلەن قاراش ۋە مۇكەممەل بولماسلىقنى قوبۇل قىلىش مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى شەكىللەندۈردۇ، ھالبۇكى بۇ ئېغىرلىق بەختتىكى مۇقەررەرلىك، بەختكە بارىدىغان مۇقەررەر يول.

ئىنسانىيەت تارىخىدا نۇرغۇن بەختلىك كىشىلەر ئۆتتى، ئۇلار مەسئۇلىيەتنى قەتئىي ئۈستىگە ئالغانلىقى ئۈچۈنلا ئەڭ ئاخىرىدا بەختكە ئېرىشەلىدى. بۇ نۇقتىنا ھەرقانداق ئەھۋالدا ئوخشاش. يەلكىمىزگە مەسئۇلىيەتنى يۈدۈپ بەخت مەنزىلىگە يۈرۈش قىلغىنىمىزدا، ئېغىرلىق سۈن مايمۇننىڭ بېشىدىكى چەمبەرنى چىڭىتىدىغان ئەپسۇنغا ئايلىنىدۇ. بەختكە ئېرىشكەن ئاشۇ

دەقىقىدە، ئېغىرلىق ۋە بەخت توساتتىن زىددىيەتلىك ۋە ناتونۇش بولماي قالىدۇ. كىشەنلەر توساتتىن ئاجراپ، بەخت مەنزىلىگە قەدەم باسىمىز. ئەسلىدە ئېغىرلىق مۇقەررەرلىك ئەمەس، بەلكى بەخت ئېغىرلىقنىڭ مۇقەررەرلىكى، بىز ئىزدەۋاتقان ئاخىرقى نۇقتىنىڭ ئۇدۇل يولى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس، بىز كۆتۈرۈۋاتقان مەسئۇلىيەت بەختكە تۇتاشقان بولىدۇ!

بەخت دېگەن نېمە؟ بەخت مەۋھۇم ئارزۇ ــ ئارمان ئەمەس، ئۇ ئاددىي ھەم ساپ بولىدۇ، ئۇ مەسئۇلىيەتنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغان جىمجىت كۈتۈش، چۈشىنىش ۋە بىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

## كۆڭۈلگە تايىن بولماق ــ بەختكە دائىر بىرقانچە ئاچقۇچلۇق سۆز

بەختلىك ھالەتتىن بەختسىزلىككە ئۆتۈش ئۈچۈن دەقىقە ۋاقىت كېتىدۇ، بەختسىز ئادەمدىن بەختلىك ئادەمگە ئايلىنىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كېتىشى مۇمكىن.

ــ مورۋا

«بەخت» دېگەن سۆز تولىمۇ ئاددىي، مەنىسىمۇ ناھايىتى ئاددىي، ھەممە ئادەم بىلىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنگەنلەر دۇنيادا تولىمۇ ئاز بولسا كېرەك. پەيلاسوپلار ھەر خىل بەخت نەزەرىيەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەپسۇسكى، بىرەرىنىمۇ كۆپ ساندىكى ئادەم قوبۇل قىلمىدى.

بەخت دېگەن نېمە؟ «بەخت» دېگەن سۆز «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى لۇغىتى»دە مۇنداق ئىزاھلىنىدۇ: بەخت ئادەمنىڭ روھىي ھالىتىنى ئازادىلەشتۈرىدىغان شارائىت ۋە تۇرمۇش. فىرانسىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى، تارىخشۇناس ئاندرې مورۋا

www.uyghurkitap.com

بەخت سۆيگۈدە، ئۆزلۈكنى ئۇنتۇشتا دەپ ئىنتايىن ئاددىي يەكۈن چىقىرىدۇ. ئۇ بەختنى قوغلىشىش ھاياتتىكى بىرىنچى مۇھىم مەزمۇن دەپ قارايدۇ. پسىخولوگ ماسلوۋنىڭ ئېھتىياج قاتلىمى نەزەرىيەسىدە، ئادەمنىڭ ئالىي ئېھتىياجى ئۆزىنىڭ قىممىتى ۋە غايىسىنى رېئاللاشتۇرۇش، دەيدۇ. شۇڭا، ئۆزىنىڭ غايىسىنى رېئاللاشتۇرالىغان ئادەم بەختلىك بولىدۇ. ماسلوۋ مۇنداق دەيدۇ: مەنىۋى يېتىلىش ئومۇمەن ئازابلىق كەچۈرمىشنى مەنبە قىلىدۇ، ئۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، گۈزەل، سۆيۈملۈك كەچۈرمىشنى مەنبە قىلمايدۇ. بارلىق مۇھەببەت ھاياتتىكى ئارزۇ ـ ئارمانلار ئاساسىدا بولىدۇ. ھالبۇكى، ئارزۇ ـ ئارمانلارنىڭ ئازاب پەيدا قىلىشىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، نۇرغۇن پەيلاسوپلار نەپسىنى چەكلەش ياكى تەركىدۇنيا بولۇشنى، شۇنداقلا غەم ـ غۇسسىسىز روھىي ھالەتنى بەخت دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، ئېپىكۇر بۇنىڭ مىسالى. يەنە بىر قىسىم پەيلاسوپلار ھاياتتىكى شادلىق ۋە ئازابنى ھېس قىلىشقا ئىنتىلىش بەختتۇر، ھاياتنى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ئادەم ئۇچۇن سۆيگۈ ۋە تەنھالىق ئوخشاشلا ھۇزۇر، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، نىچشې بىلەن شوپېنخاۋېر بۇنىڭ مىسالى. بەخت دېگەن نېمە؟ بۇ توغرىدىكى تەبىرلەر ئىنتايىن كۆپ. بىراق، بىر نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ. يەنى بەخت بىر خىل ھېس قىلىش. ئۇ مەنىۋى قاتلامغا مەنسۇپ، غەيرىي ماددىنىڭ بىر خىل ھالىتى. مانا مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۇچۇن ئوخشاش بولمىغان ئادەملەرنىڭ بەخت توغرىسىدىكى ھېسسىياتى ۋە بىلىشى ئوخشاش بولمايدۇ، ئۇنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئەندىزىسى ۋە ئۆلچىمى يوق.

ئۇنداقتا، بەخت دېگەن زادى نېمە؟ تەبىرلەرنى مۇقىملاشتۇرۇش ئىنتايىن قىيىن، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزىمىز بايان قىلغىنىمىز تۈزۈك. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بەخت ھاياتتىكى ساغلاملىق ۋە شادلىقتىن تەسىرات ئېلىش. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتساق، ساغلام تۇرمۇش جەريانىدىكى خۇشاللىقتىن تەسىرات ئې-

لىش. بىز بۇ جەرياندا كەسىپلىرىمىزگە ئىنتىلىمىز، نىكاھ ۋە ئائىلە مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىمىزگە ئالىمىز.

ھاياتنىڭ قىممىتى ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ئىپتىقاندا يۈكسەك بولىدۇ، ئەگەر ھەر كۈنى پارلىغان قۇياش، ساپ ھاۋادىن ھۇزۇر ئالغىلى بولسا، تىپتىنچ تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلغىلى بولسا بۇ ئەڭ زور بەخت ھېسابلىنىدۇ. ئىشىنىمەنكى، ھاياتى ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرغان ئادەم بۇ دۇنياغا ئىنتايىن تارتىشىدۇ، نېمىنىڭ بەخت ئىكەنلىكىنى قايتا تونۇش ئۈچۈن تەڭرىدىن يەنە بىر قېتىم تۇغۇلۇش پۇرسىتى بېرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ساغلاملىقنىڭ قىممىتىگە قىل سىغمايدۇ، ساغلام بەدەن، ساغلام روھ بولمىسا بەختنى ھېس قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭدىن پەقەت ئازاب سەزگۈسىلا قېلىپ قالىدۇ.

كۆڭۈللۈك نىكاھ ۋە ئائىلە بەختلىك بولىدۇ. شېكىپسپىر مۇنداق دېگەنىدى: «بەختلىك ئائىلىلەر ئومۇمەن ئوخشىشىدۇ، بەختسىز ئائىلىلەرنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق بەختسىزلىكلىرى بولىدۇ.» مېنىڭچە، بۇ سۆزنى مۇنداق ئۆزگەرتسەك ئورۇنلۇق بولىدۇ: «بەختسىز ئائىلىلەر ئومۇمەن ئوخشىشىدۇ، بەختلىك ئائىلىلەرنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق بەختى بولىدۇ.» ئېغىر كۈنلەردە بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولغان نامرات ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ نىكاھ تۇرمۇشى بەختلىك بولىدۇ، ئۇلار بىرلىكتە ئۆي ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، چوڭلارغا ۋاپادارلىق كۆرسىتىدۇ، ئەۋلادلارنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەيدۇ، ئىناق ئائىلە كەيپىياتىدىن خۇشاللىقنى ھېس قىلىدۇ. ھەرەمخانىسىدا 3000 توقىلى بار تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تاڭ شۈەنزۇڭمۇ جەڭ، ئۇرۇش پاتىپاراقچىلىقلىرى ئىچىدە سەرسان بولۇپ قېچىپ يۈرگەن، ئۇنىڭ پادىشاھلىق ئىناۋىتى ئۆزىنىڭ ئامراق توقىلى ياڭ يۈخۇەننى مۇھاپىزەت قىلىشقا دال بولالمىغان، تاڭ شۈەنزۇڭ بەختلىكمۇ؟ نېمىدېگەن ئازاب! مەلۇم بىر سودىگەرنىڭ ئىنتايىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوبدان تىجارىتى ۋە ئائىلىسى بار ئىكەن. بىراق، ئوغلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىكى روھىي بېسىم تۈپەيلى 17 ـ قەۋەتتىن سەكرىۋاپتۇ. ھەش ـ پەش دېگۈچە باشقىلار بەختلىك دەپ قارىغان ئائىلە بەختسىز ئائىلىگە ئايلىنىپتۇ. مانا بۇ مورۇۋانىڭ ئاشۇ ھېكمەتلىك سۆزىنى دەلىللەيدۇ: بەختلىك ھالەتتىن بەختسىزلىككە ئۆتۈش ئۈچۈن دەقىقە ۋاقىت كېتىدۇ، بەختسىز ئادەمدىن بەختلىك ئادەمگە ئايلىنىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كېتىشى مۇمكىن.

كەسپكە ئىنتىلىش جەريانىدىمۇ ئوخشاشلا خۇشاللىقنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان زاتلار تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ۋە بايلىقنىڭ تېز جۇغلىنىشى ئادەمگە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە شادلىق بېغىشلايدۇ. بىراق، بۇ جەريانغا ئوخشاشلا نۇرغۇن خاپىلىق ۋە ئازاب ھەمراھ بولىدۇ. چۈنكى، ھازىرقى جەمئىيەت مەنپەئەتپەرەسلىككە تولغان جەمئىيەت، ھەممىدە پۇل ئۆلچەم قىلىنىدۇ، ماددىي مەنپەئەت ئىنتىلىدىغان بىرىنچى نىشانغا ئايلاندى. مۇنداق بىر مەسىلىنى ئويلاپ كۆرەيلى، نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن بايلار، داڭلىق شەخسلەر، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان زاتلارنىڭ شارائىتى شۇنچە ياخشى، ماددىي تۇرمۇشى شۇنچە ئېسىل تۇرۇقلۇق گېزىت، تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى داۋاملىق ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرىۋالغانلىق خەۋىرىنى ئاشكارىلايدۇ. قىزىقارلىقى شۇكى، بىز تېخى بىرەر تىلەمچىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئىنتايىن ئاددىي، ئالدىنقىلىرىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى بەختنى ھېس قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتنى باشتىن كەچۈرمىگەن. ئۇلارنىڭ ھايات يولى تولىمۇ ئوڭۇشلۇق، داغدام بولغاچقا، مەنىۋى يېتىلىشى ساغلام بولمىغان؛ كېيىنكىسىدە بۇ جەھەتتىكى توسقۇنلۇق يوق، كۆپ ھاللاردا بۈگۈن 10 يۈەن تاپسا خۇشال

بولۇپ كېتىدۇ، ئىككىنچى كۈنى 15 يۈەن تاپسا تېخىمۇ خۇشال بولىدۇ، ئەتىسى تېخىمۇ كۆپرەك پۇل تېپىشنى ئۈمىد قىلىپ تېخىمۇ خۇشال ياشايدۇ. تۆۋەن قاتلامدا ياشاۋاتقان دېھقان ئىشلەمچىلەر، مائاشچىلارمۇ ئوخشاش، ئەگەر تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلانسا، توختىماي مائاش قوشۇلۇپ تۇرسا خۇشاللىق، بەخت ھېس قىلىدۇ. ھالبۇكى، بايلار بۇلتۇر 10 مىليون تاپقان بولسا، بۇ يىل 12 مىليون تاپقان بولسا ئەكسىچە ئازراقمۇ خۇشال بولمايدۇ، قايسى سودىنى قىلغاندا بۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلىنىدۇ.

ئادەمنىڭ كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش چۈشەنچىسىدىكى پەرق ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ، بۇ مەسىلىگە قاراش نۇقتىسى ياكى كىشىلىك تۇرمۇش قىممەت قارىشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن كۆرۈلگەن پەرق بولسا كېرەك. ئامېرىكىلىق يازغۇچى ھېنرى تسورېئاۋ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئاۋات ھەم ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا تولغان شەھەرنى تاشلاپ، گۈزەل مەنزىرىلىك ۋالدېن كۆلى بويىدا ئولتۇراقلاشقان. ئۇ كۆل بويىغا ئاددىي بىر كەپە ياساپ، كۆلنىڭ تۆت پەسىلدىكى ئۆزگىرىشلىرىدىن ئەستايىدىل تەسىرات ئالغان ۋە ئۇنى كۆزەتكەن. تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن زوق ئالغان، كۆلنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە مەپتۇن بولغان، كۆل بويىدىكى گۈل، قۇش، ھاشارات، بېلىق، ھەر بىر تال گىياھ بىلەن سۆھبەتتە بولغان. ئۇ مانا مۇشۇنداق ئاددىي ـ ساددا، ساپ تۇرمۇش داۋامىدا چەكسىز بەختنى ھېس قىلغان. ئامېرىكىنىڭ تورېئاۋ مۇزېيى ئىنتېرنېتتا: سىزنىڭچە ھېنرى تسورېئاۋنىڭ ئۆمرى ناھايىتى مەنىسىز ئۆتتىمۇ؟ دېگەن تېمىدا راي سىنىغان. راي سىناشقا جەمئىي 467 نىڭ 432 ئادەم قاتناشقان، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ 92.3% ى «ياق»، 5.6% ى «شۇنداق»، 2.1% ى «ئېنىق بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. تسورېئاۋ ساۋاقداشلىرىغا ئوخشاش تىجارەت قىلىپ پۇل تاپمىدى

ياكى سىياسىي ساھەگە كىرىپ چولپان بولمىدى، بەلكى ۋالدىن كۆلىنى تاللىۋالدى. ئۇ شۇ يەردە ياغاچتىن كىچىك كەپە ياساپ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىپ، كىتاب ئوقۇپ يېزىقچىلىق قىلىپ، ئىپتىدائىي ھەم ئاددىي تۇرمۇش كەچۈردى. 44 يىللىق ئۆمرىدە ئۇنى بىرەر ئايال سۆيمىدى، ھېچقانداق نەشرىيات سودىگىرى ئۇنى ئەتىۋارلىمىدى، ھاياتىدىكى نۇرغۇن ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىرى ناھايىتى ئاز بولدى. ئۇ كونكوردتا ئۆپكە كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر يېزىقچىلىق قىلدى، تىنچ مۇلاھىزە يۈرگۈزدى. مانا مۇشۇنداق بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشىنى دۇنيادىكى شۇنچە كۆپ ئادەم «ياخشى ئۆتتى» دەپ قارىدى، ئەجەبا بۇ باھا ئۇنىڭ ھاياتىغا بېرىلگەن توغرا باھا ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، باھالىغۇچىلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى غەربىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكا دۆلەتلىرىدىن ئىكەن. بۇ جايدىكى كىشىلەرنى نامرات دېگەن تەقدىردىمۇ، ئەينى چاغدىكى تسورېئاۋدىن خېلىلا باي ئىدى. جۇڭگونىڭ جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شائىر تاۋ يۈەنمىڭ ماددىي مەنپەئەت ئۈچۈن بويىنىنى ئەگمەي، مەنسىپىنى تاشلاپ يۇرتىغا قايتىپ، نامراتلىقتا ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئېتىز تۇرمۇشى داۋامىدا بەخت ۋە شادلىقنى ھېس قىلغان. بىراق، ئۇنىڭ بىلەن دەۋرداش دېيىشكە بولىدىغان ئىككى چوڭ زەرداردىن ۋاڭ چۇڭ بىلەن ۋاڭ كەيدىن بۇ خىل سەزگۈنى تېپىش ئىنتايىن قىيىن. بايلىقنىڭ كۆپلۈكىدىن دۆلەت بىلەن ئېتىشالىغۇدەك ھالەتكە يەتكەن ۋاڭ چۇڭ ۋاڭ كەي بىلەن بولغان بايلىق تالىشىش كۈرىشىدە مەڭگۈ ئاخىرى چىقمايدىغان ماددىي ئىستەكلەرنىڭ چەكسىز زورىيىشىنىلا ھېس قىلالىغان.

باشقىلارغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ شادلىقىدىن لەززەت ئېلىش كېرەك. بۇ خىل شادلىق تۇرمۇشتىكى خۇشاللىقتىن كېلىدۇ، ئۇ مەنپەئەت بىلەن مۇناسىۋەتسىز. يەنە مۇشۇ خىل خۇشاللىق ئادەمنىڭ يۈكسەك مەنزىلىنى

گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاپتوبۇستا ھامىلىدارلارغا، ياشانغانلارغا ئورۇن بەرگىنىڭىزدە بىر ئېغىز تەشەككۈر سۆزى كۆڭلىڭىزنى يايرىتىۋېتىدۇ؛ سىز ياردەم بەرگەن نامرات ئوقۇغۇچى جەمئىيەتكە چىقىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندە، سىز ئۇنىڭدىن ئۆزىڭىزگە تەئەللۇق بىر ئۇلۇش شادلىق ۋە بەختتىن بەھرىمەن بولىسىز. بىل گەيتس دۇنيادىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەڭ كاتتا زات، شۇنداقلا ئەڭ كاتتا ساخاۋەتچى. ئۇ بارلىق مۈلكىنى خەير ـ ساخاۋەت ئاپپاراتلىرىغا، نامراتلارغا، شۇنداقلا ئىلىم ـ پەن، تېبابەت ئىشلىرىغا ئىئانە قىلدى. كەسىپتىكى مۇۋەپپەقىيەت ئۇنىڭغا باشقىلار ھېس قىلالمايدىغان زور بەختنى ھېس قىلدۇردى، ئۇنىڭغا كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئارقىلىق يەتكىلى بولمايدىغان مەنزىل ۋە ئۆزلۈكتىن ھالقىغان شادلىقنى بېغىشلىدى.

بەختنى زىيادە كۆپ مۇلاھىزە قىلىش ۋە بىلىشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. مۇنداق بىرنەچچە ئاچقۇچلۇق سۆزنى بىلىۋالايلى، ئۇ بولسىمۇ ھايات، ساغلاملىق، خۇشاللىق ۋە بېغىشلاش!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## تۆتىنچى باب

# ھەر كۈنى بىردەم جاھاندارچىلىق پەلسەپىسى ئوقۇيلى

*ئادەم ئىجتىمائىي ھايۋان، شۇنداقلا توپ ياشايدىغان ھايۋان. ئۇ تۇغۇلغان ئاشۇ دەقىقىدىن باشلاپلا مۇتلەق مۇستەقىل بولالمايدۇ، ئۇ مۇقەررەر ھالدا ئۆزى ياشاۋاتقان مۇشۇ دۇنيا بىلەن نىگىزلىك مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. ماركس: ئادەم ماھىيەتتە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى، دەپ ناھايىتى ياخشى ئېيتقان. ئادەم مۇشۇ ماددىي دۇنيا بىلەن ئالاقىلىشىپلا قالماستىن، يەنە ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى. ھېيدېگېرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئادەم «دۇنيا ئىچىدىكى» مەۋجۇدىيەت، مانا بۇ ئادەمنىڭ تەقدىرى، شۇنداقلا ئادەمنىڭ ئەۋزەللىكى.*

*ئادەم تاشقى دۇنيادىن ماددىي ۋە روھىي ئوزۇقلۇق سۈمۈرىدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى تاشقى دۇنيادا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە قىممىتىنى ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ دۇنيادىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئۇسۇللارنىڭ بارسا كەلمەس يول ئىكەنلىكى ئېنىق. ھالبۇكى، شەخسنىڭ توپ بىلەن قارشىلىشىشى مۇقەررەر تىراگېدىيەلىك سەپەر. بىردىنبىر يۈكسەلدۈرۈشكە تېگىشلىكى بىزنىڭ مەنزىلىمىز بولسا كېرەك، ھالبۇكى ھايات ۋە تۇرمۇش يەنىلا مۇشۇ دۇنياغا يىلتىز تارتىدۇ.*

# قوشۇش ۋە ئېلىش ئەملى — جاھاندارچىلىق — مۇداپىئە - ھۇجۇم ۋە ئىلگىرىلەش ۋە چېكىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس

پايدىلىنىشقا بولىدىغان بارلىق شارائىتلاردىن پايدىلىنىش، ئەمما ئۇنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىق كېرەك.

— جۇاڭزى

قوشۇش ئەملى ئاساسىي سانىنىڭ قاتلىنىشى، ئۇ تاشقى ئىنتىلىش بولۇپ ئىپادىلىنىپ، تېخىمۇ زور مەنپەئەت ۋە ھوقۇقنى ئۇزۇكسىز قوغلىشىدۇ، بۇ «خىزمەت»نىڭ ماتېماتىكىلىق قائىدىسى؛ ھالبۇكى، ئېلىش ئەملى بىر تۇپ سان ئاساسىدىكى ئۇزۇكسىز كېمىيىش بولۇپ «ئارقا - ئارقىدىن كېمىيىدۇ»، ئەڭ ئاخىرىدا «سالماق»لىق دەرىجىسىگە يېتىپ، ھايات - ماماتلىقنى كۆزىتەلەيدىغان بولىدۇ.

فېڭ يۇلەن ئەپەندى مۇنداق دېگەنىدى: «جاھاندارچىلىق — ھۇجۇم - مۇداپىئە - ئىلگىرىلەش ۋە چېكىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. تاشقى ئىنتىلىش — ھۇجۇم - مۇداپىئە، ئىچكى ئىنتىلىش — ئىلگىرىلەش - چېكىنىشتۇر.» ھۇجۇم - مۇداپىئە، ئىلگىرىلەش — چېكىنىشنى يىغىنچاقلىغاندا قوشۇش ۋە ئېلىش ئەملىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھالبۇكى، بۇ دۇنيادىكى تەلىيى كەلگەنلەر مۇشۇ ئاددىي ماتېماتىكىلىق ئەمەللەرنى ۋايىغە يەتكۈزۈپ تەتبىقلىغان كىشىلەردۇر.

ئادەم تاشقى دۇنيا ئارقىلىق ئۆزىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا، ھاياتتا ھۇجۇمغا ئۆتمەي قالمايدۇ، مۇداپىئەدە تۇرۇش ئەمەلىيەتتە تېخىمۇ ياخشى ھۇجۇم ئۇچۇندۇر. بۇ يەردىكى ھۇجۇم قىلىش بىلەن مۇداپىئە بىر خىل ئالىي تاكتىكا ۋە ئەقىل - پاراسەتكە ئايلىنىدۇ.

ئادەم تاشقى ئىنتىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۆزى ئۇستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. شۇڭا، ئادەم كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن چېكىنىشى، چېكىنگۈدەك ھېچقانداق جاي قالمىغۇدەك دەرىجىدە چېكىنىشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا سەگەك «ئۆزلۈك»نى بايقىيالايدۇ. ئەلۋەتتە، ھاياتتىمۇ ھوجۇمغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. مېڭزى «ئۇلۇغۋار روھ يېتىلدۈرۈش كېرەك» دېگەنىدى، بۇ روھ بىر خىل كامالەتكە يەتكەن ئۆزلۈكتىن ئىبارەت.

تاشقى ئىنتىلىش دېگىنىمىز، مەۋجۇداتلارنى ئۆزىگە تەئەللۇقلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا قوشۇش ئەمىلى قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىش كېرەك. دېمەك، قارا نىيەت ۋە نىچشې دەۋاتقان «كۈچلۈك ئىرادە» بولۇشى كېرەك. تاكتىكىنى تاللاشقا بولىدۇ، بىراق چوڭ يۆنىلىشتە ھەرقانداق خاتالىق پەرقى كۆرۈلسە بولمايدۇ. تاشقى ئىنتىلىشتا قارا نىيەت ۋە ئارزۇ - ئارمان بولمىسا چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلىش قىيىنغا توختايدۇ. شۇڭا، خىزمەتتە ئالدى بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئارزۇسى بولۇشى كېرەك. مۇنەۋۋەر مال ساتقۇچىنىڭ ئەڭ ئېسىل ساپاسى ئۇنىڭدىكى پۇتۇشۇش ئارزۇسىدا ئىپادىلىنىدۇ؛ تەنھەرىكەتچىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر پەزىلىتى ئۇنىڭدا مەڭگۈ بىرىنچى بولۇش ئارزۇسىدا ئىپادىلىنىدۇ. دۇنياغا مەشھۇر بىر تىرېنېر مۇنداق دېگەنىدى: «بىر مۇنەۋۋەر پۇتبول ھوجۇمچىسىدا ئەڭ قىممەتلىك ۋاراتاغا توپ تېپىشتەك كۈچلۈك ئاڭ بولۇشى كېرەك.» ئەنگلىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى جېك لوندوننىڭ «ھاياتقا مۇھەببەت» دېگەن ھېكايىسىدىكى باش پېرسوناژدا ئىنسانلار قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ھاياتلىققا بولغان كۈچلۈك ئارزۇ تەسۋىرلەنگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ھېكايە كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان.

بىراق، خىزمەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت ھاياتتىكى مۇۋەپپەقىيەتكە باراۋەر ئەمەس، ئۇ ھاياتتىكى مۇۋەپپەقىيەتكە توسقۇنلۇق

قىلىشى مۇمكىن، ئاچقۇچلۇقى تاشقى ئىنتىلىش ۋە قوشۇش ئەمىلگە رىئايە قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئىچكى ئىنتىلىش ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ ئېلىش ئەمىلىڭىزنى باشلاش - باشلىيالماسلىقىڭىزدا. بۇ بەئەينى هاراق ئېچىتىشقا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىكى پۇراقسىز سۇنى «ئېلىش» ئارقىلىق مىقدارى كېمەيگەن بولسىمۇ، تەمى خۇش پۇراقلىشىدۇ. هاياتتىكى ئېلىش ئەمىلى پەلسەپىسى دېگىنىمىز، هارغىنلىق، خاپىلىقنى كېمەيتىش، ئېغىرلىقنى يېنىكلىتىش، قەلبتىكى ئېغىر يۈكنى يەڭگىللىتىش، بەزى چېكىدىن ئاشقان ئارزۇ - ئارمانلارنى كېمەيتىش، ئۆتكۈنچى نەرسىلەرنى كېمەيتىشنى كۆرسىتىدۇ.

تاشقى ئىنتىلىشلا بولۇپ، ئىچكى تەمكىنلىك بولمىسا ماددىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالىمىز. بولۇپمۇ، بۈگۈنكىدەك ئىقتىساد مەركەز قىلىنغان دەۋردە، خىزمەتكە ئىنتىلىش مەقسىتى ماكسىمۇملاشقان راھەتكە ئايلاندى، نەپسانىيەت ئىنسانلارنىڭ قەلبىدىكى ئىبلىسقا ئايلاندى. قوشۇش ئەمىلى قائىدىسىدە سەنئەت ۋە ئەقىل - پاراسەتتىن ئىزنامۇ قالمىدى. بەلكى ئۇ، قىپيالىڭاچ تاجاۋۇزچىلىق ۋە كېڭەيمىچىلىككە ئايلاندى. بىر يۇرۇش ئۆيگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئىككىنچى يۇرۇشنى ئويلاش، بىر ماشىنا ئالغاندىن كېيىن يەنە بىرنى ئېلىشقا ئىنتىلىش، قوشۇش ئەمىلىنىڭ چېكىدىن ئېشىشى ۋە ئېلىش ئەمىلىنىڭ كەمچىللىكى ئادەمنى ياتلاشتۇردى، ئۇ سانسىزلىغان خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى يىقىتتى. بىز بۇ خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تۈپ مەقسىتىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئەيىبلەش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئاچ كۆز ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاچ كۆزلۈك ئىدىيەلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. توختاۋسىز قوشۇش، توختاۋسىز جۇغلاش نەتىجىسىدە ئادەم ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرەلمەي قالىدۇ، ئاخىرىدا كېسەللىك ياكى قانۇن ئالدىغا يىقىلىدۇ.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىچكى تەمكىنلىك بولۇپ، تاشقى ئىنتىلىش بولمىسىمۇ، ھايات مۇكەممەل بولمايدۇ. ئىشەنمىسىڭىز ئۆزىڭىزنى بىرنەچچە كىۋادرات مېتىرلا كېلىدىغان كىچىك ئۆيگە قاماپ بىر ئاي سىرتقا چىقماڭ، بۇ ۋاقىتتا قەلبىڭىز ۋە تاشقى مۇھىت سىزنى تەمكىنلەشتۈرىدۇ، سىزنىڭ تەمكىنلىكىڭىزگە كاشىلا قىلىدىغان باشقا ئادەممۇ بولمايدۇ، بىراق سىز ئۇنىڭغا سەۋر قىلالمايسىز. ستېفان زۋېگنىڭ «شاھمات مەستانىسى» دېگەن ھېكايىسىنى ئالساق، ئۇنىڭدىكى باش پېرسوناژ دوكتور B مانا مۇشۇنداق ھۇجرىدا تەمكىنلىك ئىچىدە ساراڭ بولۇپ قالىدۇ. نىچشى تاغ ئىچىدىكى ئورمانلىقتا بىرىپ، ئۆز قىممىتىنى تەنھا رېئاللاشتۇرماقچى بولغانىدى، نەتىجىدە شۇنچە چوقان سالسىمۇ كىچىككىنە سادا قايتمىغاچقا، ساراڭ بولۇپ قالدى. چۈشىنىشىمىز كېرەككى، تەنھا ئۆزلۈكنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، ئادەم سىرتقا چىقىشى، سىرتتىكى دۇنيادىن ئۆزىنى ئىزدىشى لازىم، ماركس بۇنى «تەبىئەتلەشكەن ئادەم» دەپ ئاتىغان. ئادەم تاشقى شەيئىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش شەكلى ئارقىلىق ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرسە كېرەك.

دانالار تاشقى ئىنتىلىش بىلەن ئىچكى جەھەتتە ئويلىنىشنى مۇكەممەل بىرلەشتۈرۈپ، قوشۇش ئەمەلى بىلەن ئېلىش ئەمەلىدىن بىمالال پايدىلىنىپ، ھاياتتىكى ھۇجۇم ـ مۇداپىئە ۋە ئىلگىرىلەش ـ چېكىنىشنى ناھايىتى جايىدا ئىگىلەيدۇ. ئۇلار خىزمەتكە ئىنتىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، قەلبىدە ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىش ئارقىلىق ئۆزىنى تونۇيدۇ. شۇڭا، ئىشلىرىنىڭ ئوڭدىن كېلىشى، بىمالال ئىلگىرىلىشى ۋە چېكىنىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

قوشۇش ئەمەلىنى دەرۋەقە ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ. بىراق، ئېلىش ئەمەلىنى تېخىمۇ تەشەببۇس قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بولۇپمۇ،

ئەيش ـ ئىشرەت قايىنىغان مۇشۇنداق دەۋردە تېخىمۇ شۇنداق. كىشىلەر ئېلىش ئەمىلىگە ناھايىتى ئاز دىققەت قىلىدۇ، بەلكىم ئۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا ۋاقتىمۇ يەتمىسە كېرەك. ئۆزى ئۇستىدە ئويلىنىدىغان ۋاقىتلارنىڭ كۆپىنچىسى كېچىگە توغرا كېلىدۇ. ئەپسۇسكى، كۆكتىكى ئاينى تاماشا قىلىشقا كىشىلەرنىڭ چولىسى تەگمەيدۇ. چۈنكى، بىز بەدىنىمىزگە ئېھتىياجلىق ئوزۇقلۇق ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئارانلا يۆلەك بولغۇدەك ئۇيقۇنى تولۇقلاپ بولغاندىن كېيىن، ئالدىراپ ـ تېنەپلا يولغا چىقىمىز. ھېچكىم يولنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ ھەم مەنزىلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكى ئۇستىدە ئەستايىدىل ئويلانمايدۇ. بىز مەۋھۇم ئالدى تەرەپتە تېخىمۇ زور قار پومزىكى بارلىقىنى غۇۋا ھېس قىلىمىز، ھالبۇكى بۇ پومزەككە قوشۇش ئەمىلى توختىماي تەتبىقلانغاندىلا، ئۇ بارغانسېرى چوڭىيىپ بارىدۇ.

مۇنداق بىر ھېكايە بار: ناھايىتى كۆرەڭلەپ كەتكەن بىر غوجايىن بولۇپ، ئىشلىرى راۋاج تېپىپ، داچا سېتىپ، ئاپتوموبىل سېتىۋاپتۇ. شىركىتى يىلىغا مىليوندىن ئارتۇق ساپ پايدا ئاپتۇ، بىراق ئۇ خىزمەتچىلىرىگە تولىمۇ پىخسىق ئىكەن، ئۆزىمۇ ناھايىتى تېجەشلىك ئىكەن. پۇل تېجەش ئۈچۈن ئايروپىلانغا، پويىزغا ئولتۇرمايدىكەن، تەييار چۆپ يەپ، كىچىك مېھمانخانىلاردا ياتىدىكەن. بىر قېتىم ئىش بېجىرىپ بولۇپ قايتىشىدا ماشىنا ئۆرۈلۈپ كېتىپ، ئېغىر يارىلىنىپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قاپتۇ، تەلىيىگە ئىككى پۇتى ئامان قاپتۇ. بۇ غوجايىن مۇشۇ قېتىملىق ۋەقەدىن كېيىن، بىراقلا ئۆزگىرىپ مۇلايىملىشىپ كېتىپتۇ. خىزمەتچىلىرىگە بولغان پوزىتسىيەسىمۇ ئۆزگىرىپ، ئىلگىرىكى چۈشلۇقىدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ. بەزىلەر بۇنىڭدىكى سەۋەبنى سورىغانىكەن، ئۇ يوشۇرۇپ ئولتۇرمايلا مۇنداق دەپتۇ: «ئىلگىرى مەن ھاياتنى قوشۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەمەلىي ئارقىلىق ئۆلچەيتتىم، ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، قار يومىزىكىدەك پۇل تېپىشى كېرەك، دەپ قارايتتىم. مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن ھاياتقا ئېلىش ئەمەلىنىمۇ تەتبىقلاش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەگەر شۇ ۋەقەدە ئۆلگەن بولسام ھازىرقىلارنىڭ ھەممىسى مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس؛ ئەگەر تەڭرى مېنى ئىككى پۇتۇمدىن مەھرۇم قىلغان بولسا، ھاياتىم نۇرغۇن مەنىلەردىن مەھرۇم بولغان بولاتتى. شۇڭا، مەن ھايات نىشانىمنى بەك يۇقىرى بېكىتىۋالماسلىق كېرەكلىكىنى، ساغلاملىقنىڭ باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن مۇھىملىقىنى چۈشىنىۋالدىم.»

مەشھۇر پېداگوك ھېلېن كېللېر «كۆزۈم ئۈچ كۈنلا ئېچىلسا ئىدى» دېگەن كىتابىدا بىر ئەمانىڭ ئۆمرىدىكى ئۈچ كۈنلۈكلا يورۇقلۇقتا بولغان ئاجايىپ قەدىرلىشىنى ئىپادىلىگەن. ئۈچ كۈن يورۇقلۇقتا ئۇنىڭ نەزىرىگە تاغدىكى قويۇق ئورمان، ياپيېشىل ئوتلاق ۋە سۆيۈملۈك سىيمالار چۈشكەن... بۇلار كۆرۈش قۇۋۋىتى نورمال ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، تولىمۇ ئاددىي ئىش. بىراق، كىممۇ بىكار ۋاقىتلىرىدا مۇشۇ يېشىللىققا سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارغا مۇھەببىتىنى بېغىشلىيالايدۇ ۋە ئۇلاردىن شادلىنالايدۇ ياكى تېپتىنچ ئولتۇرۇپ قۇشلارنىڭ سايرىشىغا قۇلاق سېلىپ، ئۆزىنى ئەركىن ـ ئازادىلەشتۈرەلەيدۇ؟ ئەگەر ھاياتىمىز قىسقىغىنا ئۈچ كۈن بولسا، ئۇنداقتا ھەر بىر سائەت، ھەتتا ھەر بىر مىنۇت، ھەر بىر سېكۇنتنى ئوبدان قەدىرلىشىمىز كېرەكقۇ؟

ئادەمنىڭ بەختسىزلىكى شۇ يەردىكى ئادەم ھايات ـ ماماتلىق پەيتلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىنلا، ھايات ۋە ئۆلۈمنى ھەقىقىي چۈشىنەلەيدۇ. ھالبۇكى، بىلىمىمىز ھەر كۈنى قوشۇش ئەمەلىنىڭ قائىدىسى ئارقىسىدا ئەسەبىيلەرچە كۆپىيىدۇ، بىراق ئېلىش ئەمەلى قائىدىسى ئاستىدىكى ئەقىل ـ پاراسەتكە قۇلاق سالىدىغان ئادەم يوق.

## تەقدىرگە تەن بېرىش — ئۆزىنى تونۇش لازىم

مەن بىرلا ئىشنى بىلىمەن، ئۇ بولسىمۇ
ھېچنېمىنى بىلمەيمەن.
— سوقرات

«ئۆزۈڭنى تونۇ» دېگەن بۇ سۆز يازما خاتىرىلەر بارلىققا كەلگەندىن بۇيانقى تۇنجى ھېكمەتلىك سۆز بولسا كېرەك. ئۇ ئەسلىدە دېۋىل ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالتۇن تورۇسىغا نەقىشلەنگەن بولۇپ، مەشھۇر پەيلاسوپ سوقراتنىڭ سۆزى.

سوقرات يۇنان دەۋرىدىكى ئەڭ مەشھۇر پەيلاسوپ، ئۇ پەلسەپىدە كامالەتكە يەتكەن پلاتوننىڭ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ سۆزلىرى ئاددىي، سىياقى ئانچە كۆزگە چېلىقىپ كەتمەيدىغان، پاناق بۇرۇن، دورداي كالپۇك، پۇلتىكۆز، گەۋدىسى كېلەڭسىز ھەم پاكار ئادەم ئىدى. ئۇ ئافېنا كوچىلىرىدا گەپ سېتىپ، ھەممە يەردە كىشىلەردىن سوئال سوراپ يۈرۈيتتى. مەسىلەن، ئىخلاس دېگەن نېمە؟ دېموكراتىيە دېگەن نېمە؟ گۈزەل ئەخلاق دېگەن نېمە؟ باتۇرلۇق دېگەن نېمە؟ ھەقىقەت دېگەن نېمە؟ شۇنداقلا نېمە خىزمەت قىلىسىز؟ قانداق بىلىمىڭىز ۋە ماھارىتىڭىز بار؟ سىز سىياسىيونمۇ؟ ئەگەر سىياسىيون بولسىڭىز ھۆكۈمرانلىق توغرىسىدا نېمىلەرنى ئۆگەندىڭىز؟ سىز ئوقۇتقۇچىمۇ؟ نادانلارغا تەربىيە بېرىشتىن ئىلگىرى ئۆزىڭىزدىكى نادانلىقنى قانداق بويسۇندۇردىڭىز؟ سوقرات بۇنداق سوئال سوراشتىكى مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئانام تۇغۇت ياردەمچىسى ئىدى، مەن ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ، مەنىۋى جەھەتتىكى تۇغۇت ياردەمچىسى بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيەسىنى تۇغۇشىغا ياردەم بېرىمەن».

سوقراتنىڭ ئۆزىچۇ؟ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىرلا ئىشنى بىلىمەن، ئۇ بولسىمۇ ھېچ نەرسىنى بىلمەيمەن»، «مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەقىقەتنىڭ ئىزىدىن تايغانغا ئوخشاش قوغلاپ ماڭىمەن.»
سوقرات ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتى، كەسپى ۋە ئائىلىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويغان، ئۇ پەلسەپىدىكى غايە ئۈچۈن قۇربان بولغۇچى. ئۇ: «پەلسەپە دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالغا، «ئۆزىنى بىلىش !» دەپ جاۋاب بەرگەن.

سوقراتتىن ئىلگىرىكى بارلىق پەيلاسوپلار دۇنيانىڭ مەنبەسى ئۈستىدە توختىماستىن ئىزدەنگەن، بەزى پەيلاسوپلار دۇنيانىڭ مەنبەسى سۇ، بەزىلىرى ھاۋا، بەزىلىرى ئوت دەپ قارىغان... بىراق قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ پەن ـ تېخنىكىسى ھازىرقىدىكىدەك تەرەققىي قىلمىغاچقا ئۇلار بىپايان كائىناتقا قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ تولىمۇ ئاجىز ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، دۇنيانىڭ مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدەنگەندىلا، ئۆزىنىڭ چەكلىك ھاياتىنى چەكسىز دۇنيا بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھايات يولىنى تاپقىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. بىراق، بۇ خىل ئىزدىنىش كۈچسىز ئىدى. چۈنكى، پۈتكۈل دۇنيا ئۈستىدە ئىزدىنىپ ئۇنى ئېنىقلىۋالغان تەقدىردىمۇ يەنە بىر نەرسىنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇ بولسىمۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ئىدى. تاشقى دۇنيادىكى ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش دەرۋەقە مۇشكۈل، بىراق ئادەمگە دائىر ھەقىقەتنى بىلىش ئۇنىڭدىنمۇ مۇشكۈل. شۇڭا، سوقرات: دۇنيادا ئۆزىنى بىلىش ئەڭ قىيىن، دەيدۇ. پەلسەپىنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە «ئۆزىنى بىلدۈرۈش»تىن ئىبارەت.

ئېيتماق ئاسان، قىلماق قىيىن. ئىنسانلار ئېگىز تاغ، بىپايان دېڭىز، ئۇچار قۇش، ياۋايى ھايۋانلارنى بىلەلىسىمۇ، ئۆزىنى ئاسانلىقچە بىلەلمەيدۇ. ئۆزىمىزنىڭ چىرايى ئەمەلىيەتتە دۇنيادىكى ئەڭ ناتونۇش چىراي. ئادەم تىنچلانغاندا ئۆزىنىڭ چىرايىنى سىزىش ئىنتايىن مۇشكۈل ئىش. مېڭىمىزدە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىزنىڭ، سۆيگىنىمىزنىڭ، دوستىمىزنىڭ، چولپانلارنىڭ، ئۆزىمىز ياقتۇرىدىغان ياكى ئۆچ كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ چىرايى بار. ھالبۇكى، ئۆزىمىزنىڭ چىرايى

چۈشىمىزدىمۇ ئەكس ئەتمەيدۇ. چۈشىمىزدە ئۆزىمىز تونۇيدىغان كىشىلەرنى ۋە تونۇمايدىغان كىشىلەرنى كۆرىسىز، ئەمما ئۆزىمىزنى تاپالمايسىز. بەزىدە بىز ئۆزىمىزنىڭ چىرايىنى رەسىمدىن ئېنىق كۆرەلەيمىز، بىراق رەسىمدىكى ئۆزىمىزگە قاراپ بۇ مەنمۇ؟ دەپ گاڭگىراپ قالىمىز. بىزنىڭ ھەقىقىي چىرايىمىز باشقىلارنىڭ نەزىرىدە بولىدۇ. شۇڭا، باشقىلارنىڭ ئۆزىمىزنىڭ ئۈتمۈشتىكى مەلۇم كارتىنىلىرىنى ئەسلەپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغىنىمىزدا، ئۆزىمىزنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنى زەن قويۇپ ئاڭلايمىز.

جۇاڭزى «جۇاڭزى. شادلىق» دېگەن ئەسىرىدە «قۇشنى ئادەمگە ئوخشاش بېقىش» توغرىسىدا مۇنداق ھېكايىنى بايان قىلغان: لۇ بەگلىكىگە شەھەر سىرتىدىن ئىنتايىن چوڭ بىر دېڭىز قۇشى ئۇچۇپ كەپتۇ. لۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، بۇ دېڭىز قۇشىنى ئېھتىرام بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. داغدۇغىلىق نەغمىلەرنى چېلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭغا ئېسىل شارابلارنى بېرىپتۇ، قوي، كالىلارنى سويۇپ بېرىپتۇ، ھەر كۈنى مۇشۇ يوسۇندا بۇ دېڭىز قۇشىنىڭ خىزمىتىنى قىپتۇ. دېڭىز قۇشچۇ؟ كۈنسايىن مەيۈسلىنىپ، بىرەر چىشلەم گۆش يېمەي، بىرەر يۇتۇم شاراب ئىچمەي، كۈنبويى ھەسرەت ئىچىدە ئۆتۈپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ قاپتۇ. مانا بۇ قۇشنى ئادەمنى بېقىش ئۇسۇلىدا بېقىپ، قۇشلارنى بېقىش ئۇسۇلىدا باقمىغانلىق. ئۇنىڭدا پادىشاھ قۇشقا قۇشلارنىڭ ياشاش ئادىتى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگىنى بويىچە مۇئامىلە قىلغان.

قارىماققا لۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ئۆزىنى باشقىلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىدىغان ئادەم دەپ چاغلىسا كېرەك. تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بۇنداق مەسخىرىگە قېلىشى ئۇنىڭ ئۆزىنى تونۇپ يەتمىگەنلىكىدە. ئادەم ئۆزىگە ئەڭ يېقىن تۇرىدۇ، بۇ ئارىلىقنى نۆل دېيىشكە بولىدۇ، بىراق ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىنى بىلىش ئەڭ مۇشكۇل. ئۆزىنى بىلىش بىر خىل ئىقتىدارلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى بىر خىل ئەقىل ـ پاراسەت. سوقراتنىڭ بۇ ھېكمەتلىك سۆزى گەرچە بۇنىڭدىن 2400 نەچچە يىل ئىلگىرى ئېيتىلغان بولسىمۇ، ئۇنى ئاڭلىساق دىلىمىز يورۇپ چوڭقۇر ئويغا پاتىمىز. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئادەمنىڭ ئۆزىنى ھەقىقىي بىلىشگە ئۇزاق بىر جەريان كېتىدۇ.

ئادەمنىڭ ئۆمرىدە چۈشەنگەنلىرى ئاز، گاڭگىرىغانلىرى كۆپ بولىدۇ. ھالبۇكى، ئەڭ زور گاڭگىراش ئۆزىنى ئېنىق بىلەلمەسلىكتىن ئىبارەت. «ئىنجىل»دا مۇنداق بىر ھېكايە بار: بىر ئايالنى باشقىلار زىناخورلۇق قىلىۋاتقان جايىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى قانۇن بويىچە ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى قوللىرىغا تاش ئېلىپ ئۇنى چۆرىدەپ تۇرۇپ ئەيسادىن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى سوراپتۇ. ئەيسا ئەينى چاغدا بارمىقى بىلەن يەرگە خەت يېزىۋاتقاچقا جاۋاب بەرمەپتۇ. كەنتتىكىلەر يەنىلا ئۇنى قانداق ئۆلتۈرىمىز؟ دەپ سوراپتۇ. ئەيسا ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئاراڭلاردا كىمنىڭ گۇناھى بولمىسا ئۇنىڭغا تاشنى شۇ ئاۋۋال ئاتسۇن» دەپ بولۇپلا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ خەت يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. كەنتتىكىلەر ئەيسانىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا قېرىدىن ياشقىچە بىر ـ بىرلەپ بۇ جايدىن كېتىپ قاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئەيسا ھېلىقى ئايالدىن:

— ھېلىقى ئادەملەر قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەممىسى كەتتى، — دەپتۇ ئايال.

— مەن ساڭا جازا بېكىتمەيمەن، كەتكىن، بۇنىڭدىن كېيىن يولدىن چىقمىغىن دەپتۇ ئەيسا.

بىز دائىم باشقىلارنى تەنقىد قىلىمىز، ئەمما ئۆزىمىزنى ناھايىتى ئاسانلا ئەپۇ قىلىمىز. چۈنكى، ئادەم ھامان باشقىلارنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرۈپ ئۆزىنىڭ چىرايىنى كۆرەلمەيدۇ. سوقرات 2400 نەچچە يىل ئىلگىرىلا «ئۆزىنى بىلىش»تەك مۇشكۇل

پەلسەپىنى ئۆتتۈرىغا قويغان بولسىمۇ، بىراق بۇ دۇنيادا نەچچە ئادەم ئۆزىنى بىلەلىدى؟ ئۆزىنى بىلىشنى تىرىشىپ ئۆگىنىۋېلىش، ئۆزى ئۇستىدە ئۇزۈكسىز ئويلىنىش، ئۆزىدىكى يامان ئويلاردىن قورقۇپ قالماسلىق لازىم. ئۇزۈكسىز تۈزىتىش، تەكشۈرۈش ئارقىلىقلا يامان نىيەت بارغانسېرى ئازىيىدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلىۋالسىلا، ئالەمدىكى چوڭ ھەق ـ چوڭ ناھەقنى چۈشىنىۋالالايدۇ. ھالبۇكى، ئادەم ئۆزىگە باتۇرلۇق بىلەن قارىسىلا ئۆزىگە تەئەللۇق «تەقدىر»نى تېپىپ، باشقىلار ۋە بۇ دۇنياغا ئوبدان مۇئامىلە قىلالايدۇ.

## تېپىلماس كالۋالىق ــ ئىشلارنى تولىمۇ زىغىرلاپ كەتمەسلىك

يالغان نەرسىنى راست دەپ قارىغىنىمىزدا
راست نەرسىمۇ يالغان كۆرۈنىدۇ.
ــ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»

پەلسەپە دۇنيانىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى سوئاللاردىن بارلىققا كەلگەن. قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ نەزىرىدە مۇشۇ دۇنيانىڭ مەنبەسى ياكى باشلىنىشىنى تاپقاندىلا، ئۆزىنىڭ چەكلىك ھاياتىنى چەكسىز دۇنيا بىلەن بىرلەشتۈرگىلى، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھاياتلىق يولىغا ئېرىشتۈرگىلى بولاتتى. مانا مۇشۇ خىل پەلسەپە مۇلاھىزىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە غەرب پەلسەپىسى ئىلىم ـ پەنلىشىشكە يۈزلەندى، يەنى ئۇ پاكىتنىڭ ئەينى ئەھۋالى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە، ھەممە ئىشتا توغرا ـ خاتا، ھەق ـ ناھەقنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى. مانا شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن غەرب مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان پەن ـ تېخنىكىنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، غەرب مەدەنىيىتى ھاياتنى ئىلىم ـ پەننىڭ ئوبيېكتى دەپ قاراپ، ئادەمنىڭ روھى، ھاياتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەھمىيىتىنىمۇ يەن تەتقىقات دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، «ئادەمنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى، نەگە بارىدىغانلىقى»دىن ئىبارەت قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن پەلسەپە مەسىلىسىگە بىراقلا جاۋاب بەرمەكچى بولدى.

غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بۇ خىل تىرىشچانلىقى ئىككى قارغا كەتتى. خۇددى بىز ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئادەمنى تەھلىل قىلىپ، سۈزۈك سۇغا ئوخشاش ئېنىق قىلىۋېلىشنىڭ ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا پايدىسى بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئادەمنى بىپايان مەۋھۇم چۆللۈككە بەند قىلىدۇ. يېقىنقى زامان غەرب پەلسەپە تارىخىدا بىر مەيدان داغدۇغىلىق ئىدراكىيلىققا قارشى تۇرۇش ئىدىيەۋى ئېقىمى كۆرۈلدى. بۇ ئېقىمدىكى پەيلاسوپلار ئادەمنى ماشىنا دەپ قاراشقا قارشى تۇردى، ئىدراكىيلىقنىڭ ئادەمنى ئىسكەنجىلىشىدىن بىزار بولدى، ئادەمنىڭ تەقدىرىنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئۆزىنىڭ تىرىشىشى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈشى كېرەكلىكىنى، كۈرەش قىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىللىك شەخسلەردىن بەزىلىرى بىزگە ئىنتايىن تونۇش. مەسىلەن، نىچشې، سارتىرې قاتارلىقلار.

غەربلىكلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەق ـ ناھەق قارىشى قەتئىي روھقا ئىگە ئەمەس. بىزنىڭ ھەق ـ ناھەق قارىشىمىز مۇجمەل. ئومۇمەن، ئەڭ ئاخىرقى ئۇنۇمگە ئىنتىلىمىز، ۋەقەنىڭ ئەينى ئەھۋالى، ھەق ـ ناھەق، توغرا ـ خاتالىق توغرىسىدا كاجلىق قىلمايمىز، بۇنىڭ بىلەن باشقىلارغا توغرا ـ خاتا، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىمايدىغاندەك تەسىرات بېرىمىز. مانا شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، مىللىتىمىزدە ئىلىم ـ پەن روھى بارلىققا كەلمىدى. بىراق، ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت قوش بىسلىق شەمشەر، بىزدە گەرچە ھەق ـ ناھەق ئېنىق ئايرىلغان ئىلىم ـ پەن روھى بولمىسىمۇ، «تېپىلماس كالۋالىق» تىن غەربلىكلەرنىڭ يېتىشى مەڭگۈ مۇمكىن بولمىغان كىشىلىك

ھاياتتىكى ئەقىل ـ پاراسەتكە ئېرىشتۇق.
مەشھۇر باشقۇرۇش مۇتەخەسسىسى زىنك شىچاڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا لېكسىيە سۆزلىگەندە مۇنداق دېگەنىدى: «جۇڭگولۇقلاردا ھەق ـ ناھەق توغرىسىدا ئېنىق مەيدان يوق»، خۇددى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تە ئېيتىلغاندەك «يالغان نەرسىنى راست دەپ قارىغىنىمىزدا راست نەرسىمۇ يالغان كۆرۈنىدۇ».
ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەدىمكى زاماندا بىر راھىب شاگىرتىنى ئېلىپ سەدىقە تىلەش ئۈچۈن تاغدىن چۈشۈپتۇ. ئۇستاز ـ شاگىرت ئىككىسى بۇددا تەلىماتلىرى ئۈستىدە پاراڭلاشقاچ مېڭىپتۇ. تاغ قاپتىلىغا كەلگەندە چوڭقۇرمۇ، تېيىزمۇ ئەمەس، ئەمما ئېقىنى جىددىي بىر دەريا ئۇلارنىڭ ئۆتەر يولىنى توسۇپتۇ، ئىككىيلەن دەريادىن ئۆتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا ئۇدۇلدىنلا بىر قىز چىقىپ كەپتۇ، ھېلىقى قىز مۇلايىم ھەم بىچارە قىياپەتتە چوڭ راھىبقا مۇنداق دەپتۇ:
— ئۇستاز، ياخشىمۇ سىز، ماڭا ياردەم قىلارسىزمۇ؟
— قېنى ئېيتىڭ، — دەپتۇ قېرى راھىب.
قىزچاق بىچارە قىياپەتتە:
— ئىلگىرى بۇ دەريادىن ئۆتكەندە ئېقىن بۇنچە جىددىي ئەمەس ئىدى، بۈگۈن دەريا سۈيى ئۆركەشلەپ تۇرىدۇ، قارىسام ئۆتەلمەيدىغان ئوخشايمەن، مېنى يۈدۈپ ئۆتكۈزۈپ قويارسىزمۇ؟ — دەپتۇ.
— قېنى كېلىڭ، — دەپتۇ قېرى راھىب قىلچە ئىككىلەنمەيلا ھەمدە گۈزەل قىزنى يۈدۈپ دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ.
قىز راھىبقا تەشەككۈر ئېيتىپتۇ. ئۇستاز، شاگىرت ئىككىسى يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، خېلى ماڭغاندىن كېيىن ئۆزاققىچە جىمىپ كەتكەن كىچىك راھىب تۇيۇقسىزلا:
— ئۇستاز، بىز راھىبلار ئايال زاتىغا يېقىن يولىساق

بولمايتتىغۇ؟ — دەپتۇ.

— شۇنداق، — دەپتۇ قېرى راھىب بېشىنى لىڭشىتىپ.

— ئۇنداقتا بايا نېمىشقا ھېلىقى قىزنى يۈدۈپ ماڭدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ كىچىك راھىب.

— قايسى قىز؟ دەپتۇ قېرى راھىب.

— ھېلىقى سىز يۈدۈپ دەريادىن ئۆتكۈزگەن قىزچۇ؟ — دەپتۇ كىچىك راھىب.

— ھىم، ھېلىقى ئادەمنى دەۋېتىپسەن — دە، مەن ئۇنى شۇ يەردە قالدۇردۇم، سەن تېخىچە قالدۇرمىدىڭمۇ؟ — دەپتۇ قېرى راھىب.

جۇاڭزى مۇنداق دېگەنىدى: نام ـ مەنپەئەتكە بېرىلمەسلىك ئۈچۈن چوقۇم ئېگىز تاغ، قويۇق ئورمان ئارىسىغا بېرىۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئاۋات شەھەرلەردىمۇ ئوخشاشلا ئۇنىڭدىن مۇستەسنا بولغىلى بولىدۇ. مانا مۇشۇ مەسىلە توغرىسىدىكى چوڭقۇر چۈشەنچە سەۋەبىدىن ديانە مەزھىپى ئىستىقامەت قىلغۇچىلاردىن قانداقتۇر ئەمرىمەرۇپلارغا ئىتائەت قىلىشنى تەلەپ قىلمايدۇ، بەلكى پەرھىز تۇتۇپ، نوم ئوقۇش تەرىقەتنى بىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئەمەس، پەرھىز تۇتمايمۇ ئەۋلىيالىققا يەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھېلىقى قېرى راھىبقا ئوخشاش قەلبىمىز ساپ بولسا بىزگە قانداقمۇ چاڭ قونسۇن؟

ھەق ـ ناھەقنى بەك زىغىرلىغاندا، ئۇنى مەڭگۇ ئېنىق كۆرگىلى بولمايدۇ. جۇاڭزى مۇنداق دېگەنىدى: دانىشمەن بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى «مەۋجۇتلۇق» خالاس. بىز چەكسىز ئىزدىنىش داۋامىدا ئالغا باسىمىز، كۆپ ھاللاردا «مەۋجۇتلۇق»نىمۇ ئېنىق ئايرىيالمايمىز. سەۋەب ـ نەتىجە ئايلىنىپ تۇرىدۇ، پانىي ئالەم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، قايسىسىنىڭ چىنلىق، قايسىسىنىڭ خىيال، قايسىسىنىڭ چۈش، قايسىسىنىڭ ئويغاقلىق ئىكەنلىكى بەزىدە بىزگىمۇ قاراڭغۇ. خۇددى جو جۇاڭ

چۈشىدە گاھى كېپىنەككە ئايلانسا، كېپىنەك چۈشىدە جۇ جۇاڭغا ئايلانغاندەك ئىش.

ئەجەبا ئەقىللىق بولۇش ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئەقىللىق بولۇش دەرۋەقە ناھايىتى ياخشى، بىراق ئادەمنى تولىمۇ چارچىتىۋېتىدۇ. فىرانسىس باكون مۇنداق دېگەنىدى: «تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئادەملەر قارىماققا ئىنتايىن ئەقىللىق، بىراق ئۇلاردا ئەقىللىقلىكنىڭ ماھىيىتى يوق.» جېڭ بەنچياۋ تۇرمۇشتا قەستەن بىلمەس ھەم بىپەرۋا بولۇۋېلىشنى تولىمۇ يىغىنچاق ھەم چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ «تېپىلماس كالۋالىق» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن، بۇ يەردىكى «كالۋالىق» ھاياتنى كۆزىتىدىغان كاتتا مەنزىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ «پايدىسى» بار. بۇ بىزگە كاجلىق قىلماسلىقنى، ھاياتتا زىيادە كۆپ ھەق ـ ناھەق، ئاق ـ قارا يوقلىماۋېرىشنى، پەقەت قارا بىلەن ئاق، ھەق بىلەن ناھەق ئوتتۇرىسىدىكى كۆل رەڭ بەلباغ بارلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

## زىيان تارتىش بەخت ــ زىيان تارتىشنى خالاش بىر خىل مەنزىل

تېپىلماس كالۋالىق ــ زىيان تارتىش بەخت.
ــ جېڭ بەنچياۋ

قۇم تىجارىتى قىلىدىغان بىر خوجايىن بار ئىكەن. ئۇ مەلۇماتلىق ئەمەس ئىكەن، يۆلەنچۈكىمۇ يوق ئىكەن، ئەمما تىجارىتى تولىمۇ ياخشى ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە تىجارىتى يىللىرى گۈللەنگەنىكەن. ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكى تولىمۇ ئاددىي ئىكەن، يەنى ھەربىر ھەمكارلاشقۇچى بىلەن پايدا بۆلۈشكەندە ئۆزى ئازراق ئېلىپ، باشقىلارغا كۆپرەك بېرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرلا قېتىم ھەمكارلاشقان ئادەم داۋاملىق ھەمكارلىشىشنى خالايدىكەن، ئۆزىنىڭ دوستلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تونۇشتۇرىدىكەن، دوستلىرى دوستلىرىنى تونۇشتۇرىدىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ خېرىدارىغا ئايلىنىدىكەن. ئۇ پايدىنىڭ ئاز قىسمىنى ئالغانلىقى ئۈچۈن ھەممە ئادەم ئۇنى ماختايدىكەن. بىراق، ئاز پايدا يىغىلىپ ئەڭ زور پايدىغا ئايلىنىدىكەن. مانا ئۇ ھەقىقىي غالىبىيەتچى.

زىيان تارتقانلىق پايدا ئالغانلىق، پايدا ئالغانلىق زىيان تارتقانلىق، بۇ لاۋزى ـ جۇاڭزى پەلسەپىسىدىكى بىر قەدەم چېكىنىپ، ئۈچ قەدەم ئىلگىرىلەش قائىدىسى. بالا ـ قازا بىلەن بەخت بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر ـ بىرىگە ئايلىنىدۇ. بۇ سۆز يامان ئىشتىنمۇ ياخشى نەتىجە چىقىدىغانلىقى، ياخشى ئىشتىنمۇ يامان نەتىجە چىقىدىغانلىقىغا تەمسىل قىلىنىدۇ. زىيان تارتىشنى ئالساق، قارىماققا يامان ئىشتەك قىلىسىمۇ، بىراق ئۇ كۆپ ھاللاردا ياخشى ئىشنىڭ مەنبەسى ۋە سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ. جۇاڭزىنىڭ «شاۋياۋيۇ»دا مۇنداق بىر ھېكايە بار:

جۇاڭزى شاگىرتى بىلەن تاغ ئېتىكىگە كېلىپ يوغان بىر تۈپ دەرەخنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ شاخلىرى ئىنتايىن باراقسان بولۇپ، ئۆستەڭ بويىدا ئۆسكەنىكەن، كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىكەن. بۇ دەرەخنىڭ تومۇقى 100 چى، ئېگىزلىكى نەچچە 100 جاڭ بولۇپ، كۆك قەھرىگە تاقىشىدىكەن؛ دەرەخ شاخلىرى بەئەينى زور كۇنلۇككە ئوخشاش 10 نەچچە مو يەرگە سايە تاشلاپ تۇرىدىكەن. جۇاڭزى ئۆزىنى بېسىۋالالماي دەرەخ كەسكۈچىلەردىن مۇنداق سوراپتۇ:

ـــ ئۇستام ئېيتىڭا مۇشۇنداق ياخشى دەرەخنى كېسىدىغان ئادەم چىقماي، شۇنچە ئۇزۇن يىل كۆكلەپ تۇردىمۇ؟

دەرەخ كەسكۈچىلەر دەرەخكە قاراپمۇ قويماي مۇنداق دەپتۇ:

ـــ بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك نېمىسى بار؟ بۇ دەرەخ ماتېرىيال بولالمايدۇ، كېمە ياسىسىڭىز چۆكۈپ كېتىدۇ، ئۇكەك (جەسەت ساندۇقى) ياسىسىڭىز چىرىپ كېتىدۇ، قورال ياسىسىڭىز ئاسان بۇزۇلىدۇ، ئىشىك ـ دېرىزە ياسىسىڭىز بوش بولۇپ قالىدۇ،

تۈزۈك قىلسىڭىز چىرىپ كېتىدۇ، ماتېرىيال بولالمايدىغان دەرەخنىڭ لازىمى يوق، شۇڭا مۇشۇنداق ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى.

جۇاڭزى بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شاگىرتىغا مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ دەرەخ ماتېرىيال بولالمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپتۇ، ئۇ يارامسىزلىقىدىن كېسىلىپ كېتىشتىن ئامان قاپتۇ، مېيىپلەر لەشكەرلىككە ئېلىنمايدۇ، شۇڭا ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلىدۇ. جىسمى مېيىپ بولسا جانىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدىكەن، ئۇنداقتا ئەخلاق ۋە ئىستىبداتتا مېيىپ بولسىچۇ؟

جۇاڭزىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بۇ يوغان دەرەخكە تەڭرىنىڭ نەزىرى چۈشمىگەن بولسا كېرەك، ئۇنىڭغا ماتېرىيال بولالىغۇدەك ئازراق سۈپەتمۇ بەرمىگەن بولغاچقا، نۇرغۇن رىيازەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. بىراق، دەل مۇشۇنداق يارامسىزلىقى تۈپەيلىدىن دەرەخ كەسكۈچىلەرنىڭ ئۇنى كېسىۋەتمىگەنلىكى بەختمۇ ياكى قازامۇ، بۇنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

شۇڭا، زىيان تارتىشنىڭ يامان ئىش بولۇشى، پايدا ئېلىشنىڭ ياخشى ئىش بولۇشى ناتايىن، دۇنيادىكى ئىشلار بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. جېڭ بەنچياۋ ئىلگىرى «تېپىلماس كالۋالىق — زىيان تارتىش بەخت» دېگەن سۆزنى ئۆزىگە دەستۇر قىلغان، شۇڭا ئۇنىڭدا بۇ توغرىدا چوڭقۇر تەسىرات بولسا كېرەك.

ھەرقانداق بىر نەتىجە قازانغان ئادەم ئۈزۈكسىز زىيان تارتىش داۋامىدا پىشىدۇ ۋە يېتىلىدۇ، مۇشۇ جەرياندا تېخىمۇ ئەقىللىكلىشىدۇ ۋە دانالىشىدۇ. ئەگەر زىيان تارتقان ھامان غەم - غۇسسىگە چۆمۈپ مەيۈسلىنىپ كەتسە، ھەتتا چاچلىرىنى يۇلۇپ تېرىكىپ كەتسە، بىراقلا ئۆزىنى تاشلىۋەتسە يارىلانغۇچى يەنىلا ئۆزى بولىدۇ. بۇنداق زىيانلىنىشقا ھەرقانداق مەخپىي رېتسېپمۇ كار قىلمايدۇ، بۇنى داۋالاشنىڭ ئالاھىدە ئۈنۈملۈك رېتسېپى «زىيان تارتىش بەخت !» دېگەن سۆزدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمەلىيەتتە زىيان تارتىشنى قانچە خالىمايدىغان ئادەم شۇنچىكى زىيان تارتىدۇ، زىيان تارتىپلا قالماي، تېخىمۇ چوڭ زىيان تارتىدۇ. زىيان تارتىش بىلەن ھېسابلاشمايدىغان ئادەملا ھەقىقىي تەلەيلىك بولىدۇ. بۇنىڭدىكى داۋلىنى خېلى كۆپ ئادەم تېخى ھەقىقىي چۈشەنمىگەن بولسا كېرەك ياكى يۈزەكى چۈشەنگەن بولسا كېرەك. شۇڭا، ھەرىكەتكە كەلگەندە كۆپ ھاللاردا ئۇنداق قىلالمايدۇ.

گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا، شىڭدا تورىنىڭ ھازىرقى لىدىرى تاڭ جۈن كاراOK تازا قايىنىغان مەزگىللەردە كارا OK ئۈسكۈنىسىدە ئىشلىتىلىدىغان نومۇر قويۇش ئاپپاراتىنى تەتقىق قىلىپ چىققان. ناخشا ئېيتقۇچىنىڭ ناخشىسى تۈگىشى بىلەنلا نومۇر قويۇش ئاپپاراتى ئۇنىڭغا ئاپتوماتىك نومۇر بەرگەن، بۇ ئاپپارات كاراOK ئۈسكۈنىسىنىڭ سودىسىنى جانلاندۇرۇۋەتكەن. سامسۇڭ شىركىتى تاڭ جۈننىڭ پاتېنتىنى 80 مىڭ يۈەنگە سېتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۈسكۈنىسىنىڭ پۈتكۈل بازارنى ئىگىلەش سالمىقى 10 نەچچە پىرسەنتتىن بىراقلا 30 نەچچە پىرسەنتكە يەتكەن. سامسۇڭ شىركىتىنىڭ رىقابەتچىسى، يەنى ياپونىيەنىڭ پىئونىر شىركىتى سامسۇڭدىن پاتېنتنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن خەجلىگەن، سامسۇڭ شىركىتى بۇ پاتېنت ئارقىلىق كاتتا يەڭگۈچىگە ئايلانغان. نۇرغۇن كىشىلەر تاڭ جۈنگە بەك زىيان بولدى، دەپ قارىغان. مەملىكەت ئىچى يۇمشاق دېتال ساھەسىدىكى بايراقدار شەخس چيۇ بەيجۈننىڭ تۈنجى قېتىملىق سودىسىدا زىيان تېخىمۇ چوڭ بولغان. ئۇ ئۆزى تۈزگەن شىسەن پىرىنتېر قوزغىتىش پىروگراممىسىنى ستون شىركىتىگە 2000 يۈەنگە سېتىپ بەرگەن، ستون شىركىتى بۇ پىروگراممىنىڭ ھەر بىر يۈرۈشىنى 500 يۈەندىن نەچچە يۈز يۈرۈش ساتقان.

IT ساھەسىدىكى بۇ ئىككى مەشھۇر شەخس ئەينى يىللىرى زىيان تارتقان كەچۈرمىشى ئۈستىدە توختالغاندا قىلچىمۇ

ئۆكۈنمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇلار ئەينى يىلىدىكى زىيىنىدىن مىننەتدار بولىدۇ. تاڭ جۈن مۇنداق دەيدۇ: سامسۇڭ شىركىتىگە رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك، ئەگەر ئۇلار بۇ پاتېنتنى سېتىۋالمىغان بولسا، ئەينى چاغدا ئىگىلىك تىكلەش ئۈچۈن 80 مىڭ يۈەن دەسمايەم بولمىغان بولاتتى، كېيىنكى ئىشلىرىممۇ ھازىرقىدەك ئوڭۇشلۇق بولۇشى ناتايىن. تاڭ جۈن يەنە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئىش ماڭا پاتېنتنى قانداق قىلىپ تاۋارغا ئايلاندۇرۇشنى ئۆگەتتى، مېنى ئالىم تىپىدىكى ئادەمدىن تىجارەتچى تىپىدىكى ئادەمگە ئايلاندۇردى. چيۇ بەيجۈن مۇنداق دەيدۇ: ستون شىركىتى مېنى ئەتىۋارلىدى، مېنى بىر مەزگىل مەخسۇس ۋەزىپىدىكى يۆمشاق دېتال تېخنىكىلىقىغا قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن جىنسەن شىركىتىنى قۇرۇش، WPS يۆمشاق دېتالىنى ئېچىش ئۈچۈن ئاساس سالدىم. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، مۇشۇ قېتىمقى سودا ئۇنىڭغا تىجارەتنىڭ يۆمشاق دېتال ساھەسىدىكى مۇھىملىقىنى تونۇتقان، كېيىن ئۇ جىنسەن شىركىتىنىڭ لىدىرلىقىنى تىجارەتكە ماھىر لېي جۈنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى يۆمشاق دېتال ئېچىش بىلەن مەشغۇل بولغان. جىنسەن شىركىتى تېز يۈكسەلگەن. ھالبۇكى، چيۇ بەيجۈنمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن IT ساھەسىدىكى كاتتا بايغا ئايلانغان.

ئەمەلىيەتتە، زىيان تارتىش ـ تارتماسلىق بەرىبىر، ھەممە ئادەم دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «زىيان»نى ھايات دېڭىزىغا سالساق، ئۇ نىھايەت دېڭىزنىڭ بىر تامچىسى بولۇپ، ناھايىتى تېزلا كۆزىمىزدىن غايىب بولىدۇ. زىيان تارتىشقا كەلسەك، ئازدۇر ـ كۆپتۇر يول قويىمىز، ئاز ـ تولا قۇربان بېرىمىز، يوقاتقانلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى ماددىي جەھەتتىكى نەرسىلەر بولۇپ، ۋاقىتلىق بولىدۇ. ئەگەر بىز بۇنىڭغا بىمالال پوزىتسىيەدە بولۇپ، بۇ نەرسىلەر بىلەن ھېسابلاشمىساق، زىيان تارتقاندىن كېيىن بىز يەنە نېمىگە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن؟ بىز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ چۈشىنىشى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ كەڭ قورساقلىقى ۋە سالاپىتىنى يېتىلدۈرىمىز، ئەخلاق ـ پەزىلىتىمىزنى تاۋلايمىز. بۇنىڭ «بەخت» ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرمامدۇ؟ مېنىڭچە ھەرقانداق ئىشنى ياخشى تەرەپكە ئويلاش، كەڭ تەرەپكە ئويلاش كېرەك. ھەممىمىز دېڭىزنى كۆرگەن، دېڭىز شۇنچە چوڭ، شۇنچە بىپايان، ئەمما كىممۇ دېڭىزنىڭ كەڭ ھەم ھەيۋەتلىكىدىن ھەيران بولمايدۇ؟ دېڭىز قانداق شەكىللەنگەن؟ دېڭىز ئويمان نەرسە، ئۇ ئادەتتىكى ئويمان ئەمەس، ئۇ چوڭقۇر بولغانلىقى ئۈچۈنلا مىڭلىغان ئېقىنلارنى ئۆزىگە سىغدۇرالايدۇ؛ دېڭىز چوڭقۇر بولغانلىقى ئۈچۈنلا كەڭ ھەم چەكسىز بولىدۇ؛ دېڭىز چوڭقۇر بولغانلىقى ئۈچۈنلا تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە.

دۇنيادا بىكارغا كېلىدىغان پايدا يوق، پايدىغا ھېرىسمەن كىشىلەر ھامان بەدەل تۆلەيدۇ. بەزىلەر پايدا كۆرسىلا ئۆزىنى قولدىن بەرمەيدۇ، كىچىككىنە پايدا بولسىمۇ يۈرەكلىرى ئويناپ، كۆزلىرى قىزىرىپ، قوللىرى قىچىشىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ھەر بىر قېتىم پايدىغا ئېرىشكەندە بىر ئۇلۇش ئىنسانىي پەزىلىتىنى يوقىتىدۇ؛ ھەر بىر قېتىم پايدا ئالغىنىدا بىر ئۇلۇش غۇرۇرىنى يوقىتىدۇ. ئوخشاشلا دۇنيادا بىكارغا زىيان تارتقۇزىدىغان ئىش يوق. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، زىيان تارتىشنى خۇشاللىق بىلىش بىر خىل مەنزىل، بىر خىل تەلەپچانلىق ۋە كەڭ قورساقلىق، شۇنداقلا ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ يۈكسىلىشى ھېسابلىنىدۇ. ماددىي مەنپەئەت جەھەتتە پىت ئۈچەيلىك قىلماسلىق، بەلكى كەڭ قورساق بولۇش، نام ـ مەنپەئەت، مەرتىۋە ئالدىدا باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتىۋالماسلىق، بەلكى ئاۋۋال باشقىلارنى، ئاندىن ئۆزىنى ئويلاش. كىشىلىك ئالاقىدە مەنمەنچىلىك قىلماسلىق، بەلكى باشقىلارنى ئىززەتلەش، ھۆرمەتلەش كېرەك. مانا مۇشۇنداق زىيان تارتىشنى شەرەپ، خۇشاللىق بىلگەندە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىززىتىگە

سازاۋەر بولغىلى بولىدۇ.

شۇڭا، زىيان تارتىش ۋاز كېچىش ۋە قۇربان بېرىشتىن دېرەك بەرسىمۇ، ئۇنى بىر خىل سالاپەت، بىر خىل پەزىلەت دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادەم ۋاستە تاللىماي مال ـ دۇنيا توپلىسا، نام ـ مەنپەئەت قوغلاشسا ئۇ خاتىرجەم ئادەم بولۇش لاياقىتىنى يوقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى يوقىتىدۇ. ئاچ كۆز كىشىلەر هامان باشقىلارنى قەستلەش كويىدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى، مەردلىكى ۋە غەمخورلۇقى ئارقىسىغا باشقىلارغا تەپ تارتماي هۇجۇم قىلىش ۋە زىيانكەشلىك قىلىش يوشۇرۇنغان بولىدۇ. زىيان تارتىشتىن قورقمايدىغان كىشىلەر هامان باشقىلارنى ياخشى نۇقتىدىن ئويلايدۇ، بۇنداق كىشىلەرنىڭ سادىدىلىقى، مۇتەئەسسىپلىكى، ئاجىزلىقىنىڭ ئارقىسىغا كەڭ هەم بىپايان مۇداپىئەسىز دۇنيا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. زىيان تارتىشتىن قورقمايدىغان كىشىلەرلا ئەركىن روهىي هالەت ئىچىدە هاياتنىڭ بەختىنى هېس قىلالايدۇ.

## ئۆزىنى ئاياش ــ جاهاندارچىلىقتا كەمتەررەك بولغان ئەلا

بەك قاتتىق بولۇپ كەتسە سۇنىدۇ، بەك يۇمشاق
بولسا كارغا يارىمايدۇ.
ــ «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى»

خېلى زامانلار ئىلگىرى مۇنداق بىر هېكايە تارقالغانىكەن: سەكراتقا چۈشۈپ قالغان خەلپەتنى تالىپى يوقلاپ بېرىپتۇ:

ــ تەخسىر، كېسەللىرى تولىمۇ ئېغىر ئىكەن، ماڭا دەيدىغان ۋەسىيەتلىرى بارمۇ؟ ــ دەپتۇ تالىپ خەلپەتكە.

ــ سەن سورىمىساڭمۇ ئېيتماقچىدىم، كەلگۈسىدە يارامىلىق كىشىلەردىن بولۇپ مەنسەپ تۇتۇپ، يۇرتۇڭدىن ئۆتكۈنىڭدە مەپىدىن چۈشكىن، كۆۋرۈكتىن ئۆتكىنىڭدە ئۇششاق قەدەم بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماڭغىن، بىلنۋالدىڭمۇ؟ — دەپتۇ خەلپەت.

تالىپ بۇنداق قىلىشنىڭ يۇرتى ۋە ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرىنى ھۆرمەتلەش ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. خەلپەت رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىپتۇ. ئارقىدىنلا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تالىپىغا كۆرسىتىپ:

— قاراپ باققىنا، تىلىم بارمىكەن؟ — دەپتۇ.

— بار ئىكەن، — دەپتۇ تالىپ.

— چىشىم بارمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ خەلپەت.

— يوق ئىكەن، — دەپتۇ تالىپ.

— بىلەمسەن؟ تىلىم تېخى بار، چۈنكى ئۇ يۇمشاقتۇر، چىشىم قاتتىق بولغاچقا بىرىمۇ قالمىدى. دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق، — دەپتۇ خەلپەت ئالدىرىماي.

بۇ ھېكايىدىكى خەلپەت جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامانىدىكى كاتتا پەيلاسوپ لاۋزى ئىدى.

بۇ ھېكايە بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، جاھاندارچىلىقتا كەمتەررەك بولغان ياخشى، كۆتۈلمىگەن بالادىن ساقلىنىش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن بەسلەشمەسلىك كېرەك. تارىختا بۇنداق ھېكايىلەر بەكمۇ كۆپ. نۇرغۇن ئىستېبداتلىق كىشىلەر بىر مەھەل شۆھرەت قازانغان بولسىمۇ، لېكىن كەمتەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاقىۋىتى خەيرلىك بولمىغان.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدە سۇيخاۋ ئىسىملىك كاتتا ۋەزىر بار ئىكەن، جەڭدە قالتىس تۆھپىلەرنى كۆرسىتىپ مەنسىپى ئەمىر زېمىنلىككە ئۆستۈرۈلگەنىكەن. ئۇ كاتتا جەڭ تۆھپىلىرىنى ياراتقاندىن كېيىن، يۇرۇش ـ تۇرۇش، گەپ ـ سۆزلىرىدە ھېچ نەرسىدىن تەپ تارتمايدىغان بوپتۇ. تويىن دىننىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاچقا، تەيۋۇدىنى بۇددا دىنىنى باستۇرۇشقا ئازدۇرۇپتۇ. توباجۇ ئۇنىڭ گېپى بويىچە پۈرسەت تېپىپ مەملىكەتتىكى راھىبلارنى قىرغىن قىلىپ، بۇتخانىلارنى كۆيدۈرۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇددا دىنىنى يوقاتقان «ئۈچ ‹ۋۇ›

بىر «زۇڭ، خان»لارنىڭ ئىچىدىكى مەشھۇرلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپتۇ. ھالبۇكى، ئەينى چاغدا شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدە يۇقىرىدا شاھزادە، ئوردا مۇتىۋەرلىرىدىن تۆۋەندە ئاۋام پۇقراغىچە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. سۇيخاۋنىڭ بۇ ئىشى زور بىر تۈركۈم ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چىشىغا تېگىپتۇ.

سۇيخاۋ بەگلىك قانۇنىنى تۈزگەندە، مەقسىتىنى ئۇدۇللا بايان قىپتۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىكى ئەجدادلارنىڭ جەمەتلەر ئارا قىرغىنچىلىقى، بۇزۇقچىلىق تارىخى قاتارلىقلارغا چېتىلىدىكەن. ئۇ يەنە دۆلەت تارىخىنى تاش ئابىدىگە ئويدۇرۇپ، 300 تۇمەن سەر كۈمۈشكە 130 قەدەم كېلىدىغان ئابىدە تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئەۋلادلارغا قالدۇرماقچى بوپتۇ.

سىيانپى ئاقسۆڭەكلىرى، بەگلىكلەر، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئۆچلۈك قىلىدىغان ئوردا مەنسەپدارلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مەلۇمات يوللىغاچقا، تەيۋۇدى توباجۇ غەزىپىنى باسالماي قاپتۇ. تەختكە يېڭىلا ئولتۇرغان خۇ (غۇز) لاردىن بولغان بۇ باتۇر سۇيخاۋنىڭ پۈتۈن جەمەتىنى، ھەتتا سۇيخاۋ بىلەن قۇدىلىق مۇناسىۋىتى بارلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

«مىڭنامە»دا خاتىرىلىنىشىچە، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئاشۇ قالايمىقانچىلىق دەۋرىدە ھەر تەرەپتىن قوزغىلاڭچى قوشۇنلار باش كۆتۈرۈپتۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بىرنەچچە مەيدان ئۇرۇشتا يېڭىپلا ئۆزلىرىنى خان ئاتاپ، خانىش تاللاپ، ئاستانە سېلىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى مەنسەپكە تەيىنلەشكە باشلاپتۇ. جۇ يۈەنجاڭ مۇشاۋىرلىرىنىڭ تەكلىپى بويىچە ئۆزىنى ۋاقتىنچە «خان» دەپ ئاتىماپتۇ. چۈنكى، ئۇ بەلگىلىك ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئۆزىنى خان ئاتىغاندا باشقىلارنىڭ ھەسەت قىلىدىغانلىقىنى، ئەتراپىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن ۋە يۈەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئاسانلا ھۇجۇمىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئوبدان

بىلىدىكەن. ھالبۇكى، خان ئاتاش قارىماقتا شەۋكەتلىك ئىش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۇنچە زور زۆرۈرىيىتى يوق. جۇ يۈەنجاڭ ئۆزىنى «خان» دەپ ئاتاشتا ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى تېخى ھازىرلىمىدىم، بۇ شەرتلەر ئىنتايىن مۇھىم، ئۆزۈمنى خان ئاتىمىسام، باشقا كۈچلەرنىڭ دىققىتىنى تارتمايمەن، بۇنىڭ بىلەن باشقا كۈچلەر مەۋھۇم ئاتاقنى تالىشىش ئۈچۈن كۈچلىرىنى خورىتىشىدۇ، ئۆزۈم ئۇنىڭدىن ساقلىنالايمەن، كەلگۈسىدە شارائىت پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن ئۆزۈمنى خان ئاتىسام ئەلۋەتتە ئورۇنلۇق بولىدۇ، دەپ قارىغان. جۇ يۈەنجاڭ قارىماققا «بار» دەك قىلسىمۇ ئەمەلىيەتتە «يوق» ئاتاقتىن ۋاز كېچىپ، باشقا كىشىلەر كۆرەلمەيدىغان «بار» نىڭ كويىدا يۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشكەن.

جۇ يۈەنجاڭ كەمتەرلىكى سەۋەبىدىن ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. يەنە بىر ئادەم بار بولۇپ، كەمتەرلىكى تۈپەيلىدىن بىر - بىرىنىڭ پېيىدە يۈرگەن مەنسەپدارلار سورۇنىدا ھاياتىنى ساقلاپ قالغان. بۇ ئادەم تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كاتتا سانغۇن گو زىيى. گو زىيى تاڭ سۇلالىسىدىكى كاتتا سانغۇن، باش ۋەزىر، دەسلىپىدە ۋالىي، ھەراۋۇل بولغان. «ئۆگلۈك - سۆيگۈن» توپىلىڭىنى تىنچىتىشتا زور خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن شۆھرەت قازىنىپ، «ئۇلۇغ بوۋا» دەپ نام بېرىلىپ، ئەمىر، ھۆددىچىلىككە ئۆستۈرۈلگەن. بىراق، ئۇ پۈتكۈل ھاياتىدا ھەممىلا جايدا ئۆزىنى ئاجىز كۆرسىتىپ كەمتەر ياشىغاچقا، ئۆز ئەجىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. گو زىيى توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار. گو زىيىنىڭ قەسرى پۈتكەندىن كېيىن، دەرۋازىنى ھەر كۈنى يوغان ئېچىۋېتىدىكەن، كىشىلەر كىرىپ - چىقسىمۇ گو زىيى قەسرىدىكىلەرنى ئۇلارنى توسقىلى قويمايدىكەن. بىر كۈنى گو زىيىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر سانغۇن سىرتقا مەنسەپكە ئولتۇرماقچى بولۇپ، ئالايىتەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقىلى كەپتۇ. ئۇ گو زىيىنىڭ قەسرىگە بىمالال كىرگىلى

بولىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇدۇل ئارقا قورۇغا كىرىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ گو زىيىنىڭ خانىمى بىلەن ئۇنىڭ ئامراق قىزىنىڭ تارتىپ ياسىنىۋاتقانلىقىنى، گو زىيىنىڭ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقانلىقىنى، ئانا ـ بالا ئىككىيلەن گو زىيىغا بىردەم لۆڭگە ئالغۇزسا، بىردەم سۇ ئەكەلدۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنى چاكارلاردەك ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ سانغۇن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مەسخىرە قىلىشقا پېتىنالماپتۇ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇ ئەھۋالنى ئۆيدىكىلەرگە ئېيتىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىردىن ئۇنغا، ئۇندىن يۇزگە تارقىلىپ، ئاستانىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى نەچچە كۈنگە قالمايلا بۇ ئىش توغرىسىدا سۆزلىشىدىغان بوپتۇ.

گو زىيى ئاڭلاپ قالسىغۇ بىر نۆرى، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئاڭلاپ، دادامنىڭ يۈزىگە تولىمۇ سەت بولدى، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇلار پۇتۇشۇۋېلىپ، بىرلىكتە دادىسىنى ئىزدەپ كېلىپ، دادىسىدىن باشقا قەسىردىكىلەرگە ئوخشاش دەرۋازىنى ئېتىۋېتىش، ئىشى يوق ئادەملەرنىڭ كىرىپ ـ چىقىشىنى چەكلەش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىشىنى تەلەپ قىپتۇ. گو زىيى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ئۇلارنى توسۇپ: «مېنىڭ دەرۋازىنى ئېچىۋېتىپ، باشقىلارنىڭ كىرىپ ـ چىقىشىغا يول قويۇشۇم نام ـ مەنپەئەتىمنى قوغدىغانلىقىم ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنىڭ، ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ھاياتىنى قوغدىغانلىق» دەپتۇ.

ئوغۇللىرى ئىنتايىن ھەيران بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. گو زىيى خورسىنىپ مۇنداق دەپتۇ: ھازىر مېنىڭ مەنسىپىم ئۆستى، خان ماڭا بۇرۇندىنلا ئىشەنمەيتتى. ئەگەر مۇشۇ چاغدا دەرۋازىنى چىڭ ئېتىۋالساق، سىرت بىلەن باردى ـ كەلدى قىلمىساق، ئائىلىمىز بىلەن بىرەرى ئۆچەكىشىپ قېلىپ، خانىدانلىققا ئالا نىيىتى بار، دەپ بىزگە قارا چاپلىسىلا ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك قىلىدىغان، ياخشىلارغا ھەسەت قىلىدىغان پەسلەر قۇتراتقۇلۇق قىلىپ ناھەقچىلىك پەيدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ، ئۇ چاغدا جەمەتىمىزدىكى ئۇلۇغ ـ ئۇششاقنىڭ ھەممىسى ئۆلسە دەپنە قىلغۇدەك جاي چىقماي قالىدۇ.»
مانا بۇ بالانىڭ نەدىن پەيدا بولىدىغانلىقى، يەنە ئۇنى قانداق يوقاتقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىك. گو زىيى ئىنتايىن سەزگۈر سىياسىي نەزەرگە ئىگە. ئۇ بالا ـ قازاغا سەۋر قىلىشقا ماھىر، تەلەي ۋە ئەتىۋارلاشنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قوبۇل قىلىشقا تېخىمۇ ماھىر، شۇڭا ئۇ تۆت خاندانلىققا ۋەزىر بولغان.

## لايىقىدا بولۇش گۈزەللىكتۇر ــ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە تەلەپكە يېتەلمەسلىك ئوخشاشلا گۈزەللىك ئەمەس

چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە تەلەپكە يېتەلمەسلىك يىرگىنچلىكنىڭ ئالاھىدىلىكى، لايىقىدا بولۇش ئەخلاقنىڭ ئالاھىدىلىكى.
ــ ئارىستوتېل

ئارىستوتېل: «لايىقىدىكى تۇرمۇش ــ ئەڭ ياخشى تۇرمۇش» دېگەن. دېمەك، ماداراچىلىق يولى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈش كېرەك. ماداراچىلىقتا ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى ئەقىل ئارقىلىق تىزگىنلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئارىستوتېل ھەر خىل ئەخلاقلارنى كۆزىتىپ، ئەخلاق ئىككى قۇتۇپنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ، ئىككى قۇتۇپ سەپسەتە ۋە جىنايەتتىن تۈزۈلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە نىشانغا يېتەلمەسلىك يىرگىنچلىكنىڭ ئالاھىدىلىكى، لايىقىدا بولۇش ئەخلاقنىڭ ئالاھىدىلىكى.» ئارىستوتېل ھېسسىيات توغرىسىدا توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ: مۇۋاپىق ۋاقىت، مۇۋاپىق شەيئى، مۇۋاپىق ئادەم، مۇۋاپىق مۇددىئا ئاستىدا مۇۋاپىق شەكىلدە بارلىققا كەلگەن ھېسسىياتلا لايىقىدىكى ئەڭ ياخشى ھېسسىيات بولىدۇ، مانا بۇ خىل ھېسسىيات گۈزەل ئەخلاقتۇر.» ئۇنىڭدىن باشقا، باتۇرلۇق

قورقۇنچاقلىق بىلەن قاراملىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئۇچۇق - يورۇقلۇق شاللاقلىق بىلەن ئىپلاسلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئۆزىنى چوڭ تۇتماسلىق، پەسمۇ كۆرمەسلىك شۆھرەتپەرەسلىك بىلەن رەزىللىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا، چىچەنلىك ھەزىلكەشلىك بىلەن قوپاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا، كەمتەرلىك تارتىنىش بىلەن قېلىنلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا...

ئەمەلىيەتتە، كۇڭزى ئارىستوتېلدىن بۇرۇنلا ماداراچىلىقنى جاھاندارچىلىقنىڭ تۈپ قانۇنى ۋە ئۇسۇلى قىلغانىدى. كۇڭزى مۇنداق دەيدۇ: چوڭ كائىناتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كىچىك ئادەمنىڭ جاھاندارچىلىقىغىچە ئەڭ ئىسىل مەنزىل مادارىچىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدىكى جەۋھەرنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۇرۇۋالساق، ھەممە ئىشتا تەلىيىمىز كېلىپ ھەممە نەرسە بىزگە پايدىلىق بولىدۇ.

«مادارا» دېگەن سۆز «دەل ئوتتۇرى»، يەنى «ئوقنىڭ نىشانىدىكى دەل تەگكۈزۈلىدىغان جايى» دېگەنلىك بولۇپ، توغرا نەتىجىگە يېتىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مادارىچىلىق يولى ئومۇملۇق ئەھمىيىتىگە ئىگە سەرخىللاشتۇرۇپ تەدبىر بەلگىلەش يولى بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇش، ئىقتىسادىي پائالىيەت، تېخنولوگىيەلىك لايىھەلەش، شۇنداقلا ئەلنى ئىدارە قىلىشتەك ئىنسان ھاياتىدىكى تۈمەن مىڭلىغان ئىشلارغا تەتبىقلىنىدۇ. مادارىچىلىق ئىنگلىزچىغا «ئالتۇن يول» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ.

«مۇھاكىمە ۋە بايان. شيەنجىن» دا كۇڭزى بىلەن زىگۇڭنىڭ مۇنداق سۆھبىتى خاتىرىلەنگەن. زىگۇڭ ئۇستازىدىن: زىجاڭ بىلەن زىشانىڭ قايسىسى ياخشىراق؟ دەپ سورىغان. كۇڭزى: زىجاڭ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ، زىشا نىشانغا يەتكۈزەلمەيدۇ، دېگەن. زىگۇڭ: زىجاڭ قابىلىراقمۇ دەيمەن، دېگەندە، كۇڭزى: چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن ئىش بۇزۇلار، دەپ جاۋاب بەرگەن.

كۇڭزىنىڭ جاۋابى قەدىمكى رىم پەيلاسوپى ھوراتىنىڭ

«لايىقىدا بولۇش ــ گۈزەللىك» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى دەلىللەيدۇ. جاھاندارچىلىقتىمۇ شۇنداق. ئەگەر لايىقىدا بولۇش پرىنسىپىنى ئىگىلىۋالساقلا ھاياتنىكى ۋايىگە يەتكەن مەنزىلگە يېتەلەيمىز. ئەگەر «چەك»تىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ھوشىمىزنى تاپمىساق ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

ئادەم ئۇچۇن ئەڭ ئەجەللىك نەرسە مەپتۇن بولۇپ كېتىش ۋە ئۆزىنى يوقىتىش. نۇرغۇن كىشىلەر نام - مەنپەئەتكە مەپتۇن بولۇپ كەتكەچكە شەرمەندە بولغان؛ يەنە نۇرغۇن كىشىلەر شارابقا ئۆزىنى ئۇرۇپ، ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان؛ بەزى ئادەملەر تۇيۇقسىز كەلگەن ئامەتتىن ئېسەنگىرەپ ئۆزلۈكىنى يوقاتقان؛ نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنى يوقىتىپ، بەئەينى ئاساۋ ئاتقا ئوخشاش ھەريان چاپقان؛ يەنە بەزىلەر ئۆزىنىڭ مەقسەتلىرىگە مەپتۇن بولۇپ كېتىپ، ۋاستە تاللىماي روھىنى ساتقان، ئەڭ ئاخىرىدا باشقىلارغىمۇ، ئۆزىگىمۇ زىيانكەشلىك قىلغان.

زېڭ گوفەننىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرى، ھوقۇقى چوڭ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا خۇشامەتچىلەر ئىنتايىن كۆپ ئىدى. زېڭ گوفەن ئۇلارغىمۇ ئادەتتىكىچە مۇئامىلە قىلاتتى ھەم ئۇلارنىڭ خۇشامەتلىرىدىن خۇشاللىنىپ كەتمەيتتى، ھەم خۇشامەتنىڭ چېكىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن خاپا بولمايتتى. بىراق، زېڭ گوفەننىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن بىرى ئاشۇ خۇشامەتچى كىشىلەردىن ئىنتايىن بىزار ئىدى، ھامان پۇرسەت تېپىپ ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشنى ئويلايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم ھۆججەتكە تەستىق سالغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى خۇشامەتچى مەنسەپدارلاردىن بىرىگە قاتتىق كىنايە قىلدى. زېڭ گوفەن ھۆججەتتىكى تەستىقنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ ئادەمگە ئاشۇ كىشىلەر مۇشۇ ھۈنىرىگە تايىنىپ ياشايدۇ، سېنىڭ بۇ قىلغىنىڭ ئۇلارنىڭ ھاياتلىق يولىنى تارتىۋالغانلىق ئەمەسمۇ، شۇنداق بولغانىكەن ئۇلارنىڭ سېنى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىشى چوقۇم، دېگەن.

ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بۇ ئادەم مۇشۇ سۆزدىن ئەقلىنى تېپىپ، قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەن ! شەيئىلەرنىڭ تەسىر كۈچى ئوخشاش بولىدۇ، ئەگەر سەن قارشى تەرەپكە چوڭراق تەسىر كۈچ بەرسەڭ، قارشى تەرەپنىڭ ساڭا قايتۇرغان تەسىر كۈچىمۇ ئوخشاشلا چوڭ بولىدۇ. بۇ داۋلىنى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدە تەتبىقلاشقىمۇ بولىدۇ. چاتاق تېرىمىساڭ جېدەل - ماجىرا خېلى ئازىيىدۇ. ئەگەر ھەممىلا جايدا باشقىلارنى ئەيىبلەيدىغان بولساڭ سەن جەزمەن باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغايسەن، شۇنداقلا كۆپىنىڭ ئەيىبلىشى ۋە قامچىلىشىدىكى ئوبيېكتقا ئايلىنىپ قالىسەن.

بىراق، ئادەم جەمئىيەتتە قانداقمۇ چاتاقلارغا ئارىلاشماي قالسۇن؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە نۇرغۇن نومۇسسىزلارچە قىلمىشلارنى كەمسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مەسىلىنى لايىقىدا ھەل قىلىشىمىز كېرەك. ھەق - ناھەققە دۇچ كەلگەندە ئۆزىمىزنىڭ ئاساسىي مەۋقەسىنى ساقلاپ قالساقلا بولىدۇ، قارشى تەرەپنى جەزمەن ئۆزۈمىنىڭ مەيدانىغا كەلتۈرىمەن، دەپ مەجبۇرلاشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، ئادەمنىڭ قارىشى ۋە خاراكتېرى ئانچىكى ۋاقىتتىلا شەكىللەنگەن نەرسە ئەمەس، ئۇ شەكىللەنگەن ھامان يەنە ئۆزگەرتىش ئىنتايىن قىيىنغا توختايدۇ. شۇڭا، قارشى تەرەپنى بويسۇندۇرىمەن، دېيىش، ئۇنىڭ ئېتىقاد ئۇلىنى تەلتۆكۈس تەۋرىتىمەن، دېگەنلىك بولىدۇ. بىراق، سىزنىڭ بۇنچە زور بەدەل تۆلىشىڭىزنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. ئادەم ئەسلىدىنلا مۇشۇ كۆپ مەنبەلىك جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى.

«مىجەزىنى بىلگەندە مۇئامىلىنى توغرىلىغىلى بولىدۇ» دېگەن سۆز جاھاندارچىلىقتىكى ماداراچىلىق ئۇسۇلىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىزاھاتى. ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر توغرىسىدا تەخمىن تەسىرات ۋە چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ، ئۆزىمىزنىڭ قارشى تەرەپ بىلەن بولغان كىشىلىك مۇناسىۋىتىنى ۋاقتىدا تەڭشىشىمىز،

ئۇلارنى ماختاش ۋە تەنقىد قىلىش روھىي ھالىتىمىزنى ئوبدان ئىگىلىشىمىز لازىم. زېرەك گوفەن كىشىلىك ئالاقە ماھىرى، ئەگەر ئۇ خۇشامەتنى رەت قىلغان بولسا تەنھا قالغان بولاتتى؛ ئەگەر خۇشامەتكە بېرىلىپ كەتكەن بولسا ئىستىبداتلىق كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىدىن كەتكەن بولاتتى. شۇڭا، ئادەتتىكىچە بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىر ياقتىن خۇشامەت سۆزلىرىنى ئاڭلىسا، بىر ياقتىن تۈرلۈك ئىستىبداتلىقلارنى سەگەكلىك بىلەن ئىشقا قويۇپ، ئۇلارنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان، نەتىجىدە مەشھۇر ھەربىي قوماندانغا ئايلانغان.

تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە گو زىيىنىڭ كېلىنى بىلەن ئوغلى ھۇجرىدا سوقۇشۇپ قالىدىكەن. گو زىيىنىڭ كېلىنى پادىشاھنىڭ مەلىكىسى ئىكەن، ئادەتتە كۆرەڭ ھەم ئۆكتەم ئىكەن. گو زىيىنىڭ ئوغلى ئاچچىقىدا خوتۇنىغا: نېمانچە كۆرەڭلەيتىڭ، دادام پادىشاھ بولۇشنى خالىمىغاچقا، سەن مەلىكە بولالىدىڭ! دەپتۇ. مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ دەرھال بۇنى پادىشاھنى ھاقارەت قىلغانلىق جىنايىتى بىلەن پادىشاھقا ئېيتىپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلۈپ قويۇپ: دەرۋەقە شۇنداق، گو زىيى بولمىغان بولسا بۈگۈن مەن پادىشاھ بولالمايتتىم، دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ سۆزىدىكى ۋەزىن نېمىدېگەن ئېغىر! مەن پادىشاھ، سەن ۋەزىر، مەن تەشەببۇسكار ئورۇندا، ئەلدىكى خەلقنىڭ جېنى مېنىڭ قولۇمدا، سەن پاسسىپ ئورۇندا، ماڭا ئىتائەت قىلىشىڭ كېرەك، قورساق كۆپۈكىدە ھەرقانداق گەپ قىلساڭمۇ مېنىڭ پادىشاھلىق سەلتەنىتىمنى تەۋرىتەلمەيسەن. شۇڭا، پادىشاھ بىر تەرەپتىن گو زىيىنىڭ ئەجىر - تۆھپىلىرىنى ئېتىراپ قىلغاچ، ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق ئورنىنى تەكىتلىگەن. گو زىيى پادىشاھنىڭ سۆزلىرىدىن ساراسىمىگە چۈشۈپ، توختىماي گۇناھىنى تىلىگەن. پادىشاھ كۆپنىڭ ياردىمى بولماي تۇرۇپ، سەلتەنىتىدە پۇختا ئولتۇرالمايدۇ. ئەگەر ئۇششاق -

چۈشەك شەپىلەرنى خەلقنىڭ پادىشاھقا ئاھانەت قىلغانلىقى دەپ قارىسا، ئۇنداقتا پادىشاھنىڭ سەلتەنىتى تېخىمۇ مۇستەھكەم بولماسلىقى مۇمكىن.

بۇ ھېكايە بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، كۈچلۈك توپتىكىلەرنىڭ ماداراچىلىق يولىنىڭ ئاچقۇچى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تولۇق ئىشەنگەنلىكىدە! ئەگەر كۈچلۈكلۈكىڭىزنى قوغداشقا يېتەرلىك ئىشەنچىڭىز بولسا، ئۇنداقتا ئومۇملۇققا زىيان يەتكۈزمەيدىغان ئۇششاق ـ چۈشەك گەپ ـ سۆزلەرگە كۆلۈپ قويسىڭىزلا بولىدى. توپ پىرىنسىپقا خىلاپلىق قىلمىغان ئەھۋالدا، ئاجىز ئورۇندا تۇرۇۋاتقان كىشىلەرگە ئىچىنى بوشىتىۋېلىش ئىمكانىيىتى بەرگەندە، كۈچلۈكلۈك ئورنىمىز تەۋرەنمەيلا قالماستىن، بەلكى كۆپنى ئەخلاق ئارقىلىق قايىل قىلغىلى بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەگەر كىچىككىنە ئىللەت ئۈچۈن ئاجىز توپتىكىلەرگە مەجبۇرلاش تەدبىرى قوللانساق، ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان كىشىلەر ياشاش ئۈچۈن جان تىكىپ ئېلىشىشى، مۇشۇ سەۋەبتىن تېخىمۇ زور توقۇنۇش پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

كۈچلۈك ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلار ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈك ئورنىدىن مەھرۇم قېلىشتىن ھەر ۋاقىت ئەندىشە قىلسا، ئۇنداقتا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ چاغدىكى كۈچلۈكلۈك تاشقى قىياپەتلا بولۇپ، پسىخىكا جەھەتتىكى كۈچلۈكلۈك ئاجىزلىققا ئۆزگىرىدۇ. كۈچلۈك ئورۇندا تۇرسا ھەم ئىزچىل ئۆكتەملىك قىلسا، ئۇنداقتا بۇ كۈچلۈك ئورۇن ئاجىزلاردىن قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلار سانىنىڭ ئۈزۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، سۈپەت ئۆزگىرىشى ھاسىل قىلىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ئاجىز توپقا ئايلىنىدۇ! ھالبۇكى، مادارا چىلىقتا چېكىنگەندە مۇداپىئە قىلىش، ئىلگىرىلىگەندە ھۇجۇم قىلىش، ئەھۋالغا قاراپ يېتەكلەش تەكىتلىنىدۇ، مۇشۇنداق بولغاندىلا كۈچلۈك ھالەتنى ھەقىقىي ساقلاپ قالغىلى، ئورۇننى مەزمۇتلىغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جاھاندارچىلىقتىكى ماداراچىلىق ئۇسۇلىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى زىددىيەتنى پەسەيتىشتىن ئىبارەت. ماداراچىلىق ئادەمنىڭ تۈپ پىرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلماسلىق ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، بەئەينى سىلىقلىتىش مېيىغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشتىن پەيدا بولغان زىددىيەتلەرنى ۋاقتىدا پەسەيتىدۇ، چېكىدىن ئاشقان ئۇسۇللار ۋە ئىدىيەلەرنى چۆرۈپ تاشلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن زۆرۈرىيىتى يوق نۇرغۇن خاپىلىقلاردىن خالاس بولىمىز ھەمدە مۇمكىنچىلىكى بولغان تۇقۇنۇشلاردىكى زۆرۈرىيىتى بولمىغان زىيان ـ زەخمەتتىن ساقلىنىپ ئۆزىمىزنى ياخشى قوغدىيالايمىز. مانا مۇشۇنداق كەڭ قورساقلىق ۋە ئەقىل ـ پاراسەت نەتىجىسىدە، دۇنيادىكى تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان ئۆزگىرىشلەردىن ھەيران قالمايمىز، ئىشلىرىمىزنى راۋانلاشتۇرالايمىز. مانا بۇ ماداراچىلىقنىڭ كارامىتى !

## روھىي ھالەتنى توغرىلاش ـــ دۇنياغا باشقا نۇقتىدىن قاراپ، ئۆزگە دۇنيانىڭ سىرتىدىن نەزەر سېلىش

دۇنيانىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ سىرتىدا.
ـــ ۋىتگېنشتېين

« ھۇنەرلەر دەستۇرى »دا ۋاڭ ياڭمىڭ توغرىسىدىكى مۇنداق بىر ھېكايە خاتىرىلەنگەنىكەن: ۋاڭ ياڭمىڭ دوستلىرى بىلەن نەنجېنغا سەيلە قىلغىلى بېرىپتۇ. ئۇنىڭ بىر دوستى تاغدىكى ھۇپپىدە چېچەكلىگەن دەرەخنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ۋاڭ ياڭمىڭدىن: سىز دائىم، قەلب سىرتىدا نەرسە بولمايدۇ، دەيتتىڭىز، دەرەختىكى چېچەكلەرگە قاراڭ، ئۇ چوڭقۇر تاغ ئىچىدە ئۆزى ئېچىلىپ ئۆزى تۆكۈلىدۇ، ئۇنىڭ بىزنىڭ قەلبىمىز بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ دەپتۇ. ۋاڭ ياڭمىڭ:

سەن بۇ چېچەكلەرنى كۆرمىگەن چېغىڭدا بۇ چېچەكلەر سېنىڭ قەلبىڭ بىلەن بىللە جىمجىتلىقتا چۆككەنىدى، بۇ چېچەكلەرنى كۆرگىنىڭدە بۇ چېچەكلەرنىڭ رەڭگى سېنىڭ قەلبىڭ بىلەن بىللە يورۇشقا باشلىدى. مۇشۇنداق بولغاندا چېچەك يەنىلا قەلبىڭنىڭ سىرتىدىكى نەرسە ئەمەس، دەپتۇ.

مانا بۇ ۋاڭ ياڭمىڭنىڭ «قەلب سىرتىدا نەرسە يوق» توغرىسىدىكى مەشھۇر دەلىلى. ئۇنىڭدىن باشقا، تاشقى دۇنيا گەرچە رەڭگارەڭ بولسىمۇ، بىز ئۇنى دىلىمىزدىن قوبۇل قىلساق، زوقلانساقلا بىزگە ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. زوق ئېلىش نۇقتىسى ئوخشاش بولمىسا پىسخىكىلىق ھالەتمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ئېرىشكەن مەنىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ھاياتمۇ شۇنداق، ئاچقۇچ پىسخىكىلىق ھالەتتە. ئوخشاش ھاياتتا روھىي ھالەت ھەر خىل بولىدۇ، شەيئىلەرگە مۇئامىلە قىلىش نۇقتىسى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ئۆزىمىزنىڭ دۇنياسىدىن چىقىپ، ئۆزىمىزگە ئۇمىدۋار، كەڭ قورساق، ئەپۇچانلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ئۆزىمىزنى تونۇشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويماسلىقىمىز، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆزىمىزدىن ھالقىپ كېتىشىمىز كېرەك، چۈنكى ئوبدان ياشىغاندىلا ئۈمىد تۇغۇلىدۇ.

كۆردىڭىزمىكىن؟ سىزنى خاپا قىلغان ئادەملەر ئاللىبۇرۇن ئۇزاپ كەتتى، سىز تېخى ئۇلاردىن خاپا بولۇپ يۈرۈيسىز، بۇنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ كانت مۇنداق دېگەنىدى: «خاپا بولۇش باشقىلارنىڭ خاتالىقى بىلەن ئۆزىنى جازالاش دېمەكتۇر». ئۆزىڭىزگە باشقا نۇقتىدىن سەپسېلىپ بېقىڭ، بۇ چاغدا تۇرمۇشنىڭ جاپالىقلىقى، رىيازەتلىكلىكىنى بىلەلەيسىز، بىراق ھەم شادلىقى ۋە ھاياجىنى بارلىقىنى كۆرەلەيسىز. تۇرمۇشنىڭ بىزگە كۆرسەتكەن چىرايى ئۆزىڭىزنىڭ روھىي ھالىتىگە باغلىق، ئۇ بىزنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيەمىز، شەيئىلەر توغرىسىدىكى تەسىراتىمىزغا چېتىلىدۇ. تۇرمۇش بەئەينى سىنئەينەككە ئوخشايدۇ، بىز كۈلسەك ئۇمۇ كۈلىدۇ؛ يىغلىساق ئۇمۇ يىغلايدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

دۇنياسىدىن چىقسىڭىز تۇرمۇشقا بىمالال يۈزلىنەلەيسىز، ئەمدى باشقىلارنىڭ خاتالىقى ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى جازالاشنىڭ ھاجىتى يوق. ئازاب سىزگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، سىز مۇشۇ خاتالىق كۆپ ھاياتقا باتۇرلۇق بىلەن يۈزلىنىشىڭىز، قايغۇ تۇپرىقىدا ئازابنىڭ سەۋەبى، ساۋاقلىرى، شۇنداقلا ئازابنى تۈگىتىشنىڭ ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىشىڭىز، روھىڭىزنى تىكەنگە تولغان قەلب ئۈستىدە باتۇرلۇق بىلەن تاللاشقا، ھاياتتىكى كامالەت ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئۈندىشىڭىز لازىم.

ئىلگىرى بىر موماي بار بولۇپ، كۈندە كۆز يېشى قىلىدىكەن. بىرەيلەن ئۇنىڭدىن:

— چوڭ ئانا، نېمە ئۈچۈن كۈنبويى كۆز يېشى قىلىدىلا؟ دەپ سوراپتۇ.

— ئىككى ئوغلۇم بار، ئۇلار سېتىقچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ، چوڭ ئوغلۇم لاتا كەش ساتىدۇ، كىچىك ئوغلۇم يامغۇرلۇق ساتىدۇ. يامغۇرلۇق كۈنلەردە ئاياغ ئالىدىغان ئادەم يوق، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى يامغۇرلۇق ئالىدىغان ئادەم يوق، تەڭرىنىڭ بۇ كۈنلىرى ئوچۇق بولمىسىلا يامغۇر ياغىدۇ، يامغۇر ياغمىسىلا ئوچۇق بولىدۇ، مەن قانداقمۇ غەم قىلماي، قانداقمۇ ياش تۆكمەي تۇرالايمەن؟ — دەپتۇ موماي.

— ھەي چوڭ ئانا، خاتالاشتىلا! يامغۇرلۇق كۈنلىرى ئاياغ ئالىدىغان ئادەم بولمىسا يامغۇرلۇق ئالىدىغان ئادەم چىقىدۇ، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى يامغۇرلۇق ئالىدىغان ئادەم چىقمىسا ئاياغ ئالىدىغان ئادەم چىقىدۇ. باشقا نۇقتىدىن قارىساق، بىر كۈندە بىر ئوغۇللىرىنىڭ سودىسى ئاۋات بولىدىكەن، بۇ ئالەمچە خۇشاللىق ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ ھېلىقى كىشى كۈلۈپ كېتىپ. بۇنى ئاڭلىغان مومايىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپتۇ.

مۇشۇنداق ئاددىي بىر ھېكايىگە بىر چوڭقۇر قائىدە يوشۇرۇنغان. يەنى، ئوخشاش بىر ئىشنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن كۆزەتكەن ۋە مۇلاھىزە قىلغاندا ئوخشاش بولمىغان ھاسىلاتقا

ئېرىشكىلى بولىدۇ.

بەزىلەر ئۆزىنى دائىم باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، ھامان باشقىلاردىكىسى ئەڭ ياخشىسى دەپ قارايدۇ. شۇڭا، كۆڭۈلسىزلىك تاپىدۇ، ھاياتلىق يولىدا روھىي ھالىتىنى توغرىلىيالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ. نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىر ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەش تۈپتىن مۇمكىن ئەمەس. ھېلېن كېللېر دۇنياغا مەشھۇر، ئۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە مۆجىزە ياراتتى. سىزدە ئۇنىڭدا بولۇشى مۇمكىن بولمىغان يورۇق دۇنيا بار، سىز ئۇنىڭ كۆرەلمەيدىغان گۈزەل ھەم رەڭگارەڭ دۇنيانى تەسۋىرلەپ بېرەلەيسىز ياكى ئۇنىڭدىن زوق ئالالايسىز، سىز ئۇنىڭدىن باي ئەمەسمۇ؟ ئەگەر سىزنىڭ دۇنيادىن زوق ئالىدىغان ئىككى كۆزىڭىزنى باشقىلار پۇلغا تېگىشمەكچى بولسا سىزنىڭ ئۇنداق قىلىشىڭىز ناتايىن. ئاجايىپ قېتىرقىنىش ۋە جاسارەت ھېلېن كېللېرنىڭ بايلىقى، ئەمما سىز ھېچقانچە ئەجىر قىلمايلا دۇنيادىن زوق ئالىدىغان ئىككى كۆزگە ئىگىسىز. ئەجەبا، ھېلېن كېللېر بىلەن سېلىشتۇرغاندا سىز باي ئەمەسمۇ؟

بېتخوۋېننىڭ ئىككى قۇلىقى گاس بولۇپ قالغان بولسىمۇ، تەقدىر سىمفونىيەسىنى ئىجاد قىلدى. بىر مۇزىكانت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىسىز دۇنيا ئىچىدە نوتا بەلگىلىرىنى ھېس قىلىش نېمىدېگەن قىيىن ـ ھە؟ ئىككى قۇلىقىڭىزنى پۇلغا ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلسە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قالىسىز، سىز بۇنىڭغا قوشۇلمايسىز ئەلۋەتتە. قەلب ئارقىلىق مۇزىكا ئىجاد قىلىش، ئۇنىسىز دۇنيادىن تەسىرات ئېلىش بېتخوۋېننىڭ بايلىقى، ھالبۇكى سىز كۆڭۈلكىنى يېنىك باسىسىڭىزلا لەرزان مۇزىكا قۇلاق تۈۋىڭىزدە ياڭرايدۇ، ئەجەبا بېتخوۋېن بىلەن سېلىشتۇرغاندا سىز باي ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، ئۆزىڭىزگە باشقا نۇقتىدىن قارىشىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ دۇنياسىدىن چىقىپ قارىشىڭىز كېرەك. بىر پەيلاسوپ مۇنداق دېگەنىكەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«بىزنىڭ ئازابىمىزنى مەسىلىنىڭ ئۆزى پەيدا قىلغان ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ مۇشۇ مەسىلە توغرىسىدىكى قارىشىمىز پەيدا قىلغان.» بىر دېھقانىنىڭ ئائىلىسى ئىنتايىن كەمبەغەل بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر يۇرۇش چىنە، چوكا، بىر دانە شىرە ۋە بىر دانە كارىۋاتتىن باشقا نەرسە يوق ئىكەن. تۇرمۇشى نامراتلىقتا ئۆتسىمۇ ئىنتايىن خۇشال ـ خۇرام ئىكەن. بىر غەمكىن باي ئۇنىڭ ئۆيى ئالدىدىن ئۆتۈۋېتىپ، دېھقانىنىڭ ناھايىتى خۇشال ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، ئۇ ئېگىرقاپ قېلىپ دېھقاندىن:

— ئۆيۈڭدە ھېچنېمەڭ يوق تۇرسا، نېمىگە بۇنچە خۇشالسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھېچنېمەمنىڭ يوقلۇقى ھېچ نەرسەمنى يوقىتايدىغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دېھقان كۈلۈپ تۇرۇپ.

باي ئۆزىدىكى نەرسىلەرنىڭ زىيادە كۆپلۈكىنى، كۈنبويى ئۇلاردىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدىغانلىقى سەۋەبىدىن تۇرمۇشىنىڭ خۇشال ئۆتمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. ھەرقانچە باي بولغان تەقدىردىمۇ كۆڭلى يەنىلا پۇچەك بولغاچقا، كۆڭۈل پۇچەكلىكى ئۇنى ئېچىمۇ تىرىشچانلىق بىلەن مال ـ دۇنيا توپلاشقا ئۈندەيدىكەن. بۇ باي شۇنىڭدىن كېيىن ئائىلىسىدىكى بارلىق مال ـ دۇنياسىنى سېتىپ نامراتلارغا بۆلۈپ بەرگەندىن كېيىن، يېزىغا كېلىپ يەر سېتىۋېلىپ، «ھېچنېمىسى يوق» تۇرمۇشتا ياشاپتۇ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خۇشال ـ خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

يازنىڭ بىر كېچىسى گۈزەل بىر چوكان ئۆزىنى دەرياغا تاشلىۋاپتۇ. ئۇنى كېمىدە كېتىۋاتقان ئاپپاق ساقاللىق كېمىچى قۇتقۇزۇۋاپتۇ. كېمىچى ئۇنىڭدىن:

— ياپياش تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئۆلۈۋالماقچى بولدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— توي قىلغىنىمغا ئىككى يىل بولدى، ئېرىم مېنى تاشلاپ

كەتتى، ئارقىدىنلا بالام كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ئېيتىپ بېقىڭا، ياشىغىنىمىنىڭ يەنە نېمە لەززىتى بار؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى چوكان.

كېمىچى بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— ئىككى يىل ئىلگىرى تۇرمۇشىڭىز قانداق ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ چاغدا ئەركىن ـ ئازادە، غەم ـ غۇسسىسىز ئىدىم، — دەپتۇ چوكان.

— ئۇ چاغدا ئېرىڭىز ۋە بالىڭىز بارمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ كېمىچى.

— يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چوكان.

— ئۇنداقتا تەقدىر كېمىسى سىزنى ئىككى يىل ئاۋۋالغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ، خالاس. ئەمدى سىز يەنە ئەركىن ـ ئازادە غەم ـ غۇسسىسىز بولدىڭىز. قېنى قىرغاققا چىقىڭ، — دەپتۇ كېمىچى.

چوكان كېمىچىنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەنلا چۈشىدىن ئويغانغان ئادەمدەك كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئويلانغاچ قىرغاققا قاراپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ چوكان ئۆلۈۋېلىش خىيالىدا بولماپتۇ. بۇ چوكان نىيىتىدىن ياندى، چۈنكى ئۇ ئۆزىگە باشقا نۇقتىدىن قارىدى، بۇنىڭ بىلەن ھاياتلىقتىكى بىر خىل تاڭ نۇرىنى كۆردى، ئەركىن ـ ئازادىلىكنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ھېس قىلدى. بىز نۇرغۇن ۋاقىتلاردا بارلىق ئازاب ۋە خاپىلىقلارغا ئىلگىرىكى تۇرمۇشىمىزدا ئېرىشكەن تەجرىبىلىرىمىزگە تايىنىپ خاتا ھۆكۈم چىقىرىمىز. بۇنداق چاغدا ئۆزىمىزگە باشقا نۇقتىدىن قاراپ باقايلى، شۇنداق بولغاندىلا جەڭگاھتىكى مەغلۇبىيىتىڭىز، سودىدىكى زىيىنىڭىز، مۇھەببەتتىكى كۆڭۈلسىزلىكىڭىز تۈپەيلىدىن تېڭىرقاپ قالمايسىز، نام ـ مەنپەئەت، ھەر تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن ئالقىشلاردىن ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويمايسىز. ئۆزىگە باشقا نۇقتىدىن قاراش بىر خىل بۇسۇش، بىر خىل خالاس بولۇش، بىر خىل ھالقىش، بىر خىل يۇقىرى قاتلامدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خاتىرجەملىك بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئەركىن ـ ئازادلىكنىڭ شادلىقىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، دۇنيا چەكسىز كەڭدۇر.

ھاياتتىكى غايە ۋە ئارزۇلارغا يەتكىلى بولمىغاندا، ھاياتقا باشقا نۇقتىدىن قاراپ باقايلى. باشقا نۇقتىدىن قاراش يەنە بىر خىل پەلسەپىنى، يەنە بىر خىل تىرىكچىلىك قارىشىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

## چېكىنىش يولى قالدۇرۇش — ھەممە ئىمكانىيەتنى تۈگىتىۋەتمەسلىك

ئىشلىرىڭ ئوڭغا تارتقاندا چېكىنىش يولى قالدۇرغىن، شۇندىلا بىخۇدلۇقنىڭ كاساپىتىدىن ئۆلمەيسەن؛
ئىشلىرىڭ ئوڭغا تارتمىغاندا چىقىش يولى ئىزدىگىن، شۇندىلا غەم ـ غۇسسە ئىچىدە ئۆتمەيسەن.

— گۇي يۇگۇاڭ

شەيئىلەر ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئادەم قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغاندا ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. ھەل قىلىشنىڭ كويىدا بولغانىكەن ئىش تۈزۈلىدۇ، بۇ دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشىدىكى ئۆزگەرمەس قانۇن. ئاي تولغاندىن كېيىن ھىلال بولىدۇ، سۇ تولغاندىن كېيىن تاشىدۇ. ئاممىباراق قىلىپ ئېيتساق، ئاينىڭ ئون بەشى يورۇق، ئون بەشى قاراڭغۇ بولىدۇ. شۇڭا، كىشىلىك مۇئامىلىدە ئۆزىگە چېكىنىش يولى قالدۇرۇش ھەمدە سەۋرچان، مېھرىبان ۋە پاراسەتلىك بولۇش كېرەك. خۇددى گۇي يۇگۇاڭنىڭ ئېيتقىنىدەك: ئىشلار ئوڭغا تارتقاندا چېكىنىش يولى قالدۇرۇش لازىم، شۇندىلا بىخۇدلۇقنىڭ كاساپىتىدىن ئۆلمەيمىز؛ ئىشلار ئوڭغا تارتمىغاندا چىقىش يولى ئىزدەش كېرەك، شۇندىلا غەم ـ

ئەندىشە ئىچىدە ئۆتمەيمىز.
مۇنداق بىر مەسەل بار: چاشقانلار پادىشاھلىقى يېقىندا ئارقا ـ ئارقىدىن يىغىن ئېچىپ، ئىنسانلارنىڭ چاشقاننى كەمسىتىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىپتۇ. «كوچىدىن ئۆتكەن چاشقان ئوغرى چاشقان» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئومۇملىشىشى چاشقان پادىشاھىنى ئىنتايىن خاپا قىپتۇ. ئۇ چاشقان جەمەتىنىڭ تەقدىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتمەكچى بوپتۇ. بىر كۈنى چاشقان پادىشاھى يەر ئاستىدىكى ئوردىسىدا داغدۇغا بىلەن مۇنداق نۇتۇق سۆزلەپتۇ: «بىچارە چاشقان پۇقرالىرىم! ئورنىمىز ھەممىڭلارغا ئايان، بىراق بۇ بىز ئۈچۈن ئادىللىقمۇ؟ ماڭسا تۈگىمەس يول يوق، چاشقانلارنىڭ بېشىغا كەلگەنچىلىك دەرد يوق. چاشقانلار دەرغەزەپكە كېلىپ: «ئېتىراز بىلدۈرىمىز! غۇرۇرىمىزنى يوقاتمايلى! » دەپ توۋلىشىپتۇ. بۇ چاغدا چاشقان ۋەزىر تەدبىر كۆرسىتىپ مۇنداق دەپتۇ: «ئالىيلىرى، بىز ‹چاشقانلار خىتابنامىسى› ئېلان قىلىپ، ئادەم ۋە مۈشۈكنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەيلى، ئاندىن يوشۇرۇنايلى، بىزنىڭ سەۋر ـ تاقىتىمىزنىڭ چېكى بار».
بىر ئاي ئىچىدە كىشىلەر بىرمۇ چاشقاننى كۆرمەپتۇ. كىشىلەر دەسلەپتە ئۆزلىرىنىڭ چاشقان يوقىتىشتىكى ئەجىر ـ تۆھپىلىرىنى بىر ـ بىرىگە كۆز ـ كۆز قىلىپ، «چاشقان يوقىتىشتىكى 10 ئىلغار شەھەرنىڭ بىرى»نى باھالاپتۇ، بۇ شەھەرلەرنىڭ نامى يىراق ـ يېقىنغا تارايتۇ. مۇنەۋۋەر يوقىتىش مۇتەخەسسىسلىرى تەقدىرلىنىپتۇ، ئۇلارغا «ئالتۇن مۈشۈك» مۇكاپاتى بېرىلىپتۇ. بىراق، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن بىيولوگلار ھودۇقۇشقا باشلاپتۇ، چۈنكى يەر شارىدا ھايۋانلارنىڭ بىر خىلى كېمىيىپ كېتىپتۇ. كېيىن ئېكسپېدىتسىيەچىلەر «چاشقانلار خىتابنامىسى»نى بايقاپتۇ، بۇ ھەم دۇنيا بويىچە ئەڭ كاتتا بايقاشقا ئايلىنىپتۇ. كىشىلەر زىلزىلىگە كەپتۇ، خىجىللىقىنى ئىپادىلەش ۋە ئۆزىنى ئەيىبلەش ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

مۇشۇكلەرنى قوغلاپ يۈرۈپتۇ. سەنئەتكارلار چاشقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان فىلىملارنى ئىشلەپ، «ئالتۇن چاشقان مۇكاپاتى»غا ئېرىشىپتۇ. چاشقان دورىسى ياسايدىغان زاۋۇتلار بۇيرۇق بىلەن ۋەيران قىلىنىپتۇ؛ «چاشقان يوقىتىشتىكى ئىلغار شەھەر» لەر «چاشقانغا زىيانكەشلىك قىلىشتىكى تىپىك شەھەر»گە ئۆزگەرتىلىپتۇ، ئۇلارنىڭ سىبىق نامى يىراق ـ يېقىنغا تارايتۇ. كىشىلەر چاشقاننى يىراق قەدىمكى زاماندىكى توتېمغا ئايلاندۇرۇپتۇ.

چاشقان پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاجايىپ خۇشاللىنىپ، يوشۇرۇن تۇرمۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى قارار قىپتۇ. چاشقانلار قايتىپ كونا ئۇۋىسىنى ئىزدەپتۇ، كىشىلەر قايتىدىن زىلزىلىگە كەپتۇ... ئۇلار، ئەسلىدە شۇنچە كۆپ چاشقان بار ئىكەن، بىز ئالدىنىپتۇق، دېيىشىپتۇ. هايۋانلارنى قوغداش تەشكىلاتى دەرھال مۇشۇكلەرنى قوغداش ۋېۋىسكىسىنى ئېسىپتۇ؛ چاشقان دورىسى ياساش زاۋۇتلىرىغا «چولپان كارخانا» دەپ نام بېرىلىپتۇ؛ «چاشقانلارغا زىيانكەشلىك قىلىشتىكى تىپىك شەھەر» لەر قايتا «چاشقان يوقىتىشتىكى ئىلغار شەھەر» گە ئۆزگەرتىلىپتۇ. چاشقانلارنىڭ تەقدىرى بۇرۇنقى هالىتىگە قايتىپتۇ.

ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ مەسەل قىزىقارلىق بولغاندىن باشقا، ئىنسان خاراكتېرى بىلەن هېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. مانا مۇشۇنداق تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان ئىنسان خاراكتېرى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش مىزانى بولۇپ قالدى. شۇڭا، بىز هەر كۈنى بىر مەيداندا تۇرالماي، ئىنساننىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئۆلچىمىنى يوقىتىپ قويىمىز.

بىراق، ئادەملەر بۇ نۇقتىغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيدۇ، هەتتا ئۆزىنى ناهايىتى مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم، دەپ قارايدۇ. تولىمۇ ئەپسۇسكى، بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا تۇختام سۇغا ئوخشىمايدۇ، هەر بىر ئادەم ئۆزگىرىش، تەرەققىيات ئىچىدە

تۇرىدۇ، سەن بۇگۇن كۆزگە ئىلمىغان ئادەم ئەتە سىنىڭ رەھبىرىڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا «چاشقان يوقىتىش» تىن «چاشقاننى ھۆرمەتلەش»كە توغرا كېلىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلگۇرەلمەي قالىسەن، چۈنكى ئادەم ھەرگىزمۇ چاشقانغا ئوخشاش ئۇنداق ئاسان ئالدانمايدۇ، ئۇ كىمنىڭ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغانلىقى، كىمنىڭ ئۆزىنى ئالدىغانلىقىنى ئېسىدە چىڭ تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ سىنىڭ «پەسكەش ئادەم» ئىكەنلىكىڭنى بىلگەن ھامان يوغان كالتەكنى تۇتۇپ سەندىن ھەزەر ئەيلەيدۇ، ھەتتا سېنى باستۇرىدۇ، قۇيرۇقۇڭنى قانچە شىپپاڭلاتساڭمۇ كارغا كەلمەيدۇ.

شۇڭا، قانداقلا ۋاقىتتا بولمىسۇن زىمىستان قىشتا باشقىلارغا مۇز بەرمىگىن، باشقىلارنىڭ جاراھىتىگە تۇزمۇ چاچمىغىن. ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ، ئارتۇقچىلىق جەزمەن سەندىكى ئاجىزلىقتىن كۈچلۈك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە تاغقا كۆپ چىققان ئىكەنسەن ھامان يولۋاسقا ئۇچرايسەن.

«سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى»نىڭ 7 ـ بابىدا «مۇھاسىرىدە بىر تەرەپنى ئوچۇق قالدۇرۇش» توغرۇلۇق بايان بار. ئىنچىكە ئويلىنىدىغان بولساق، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر. بۇ سۆزدە ئەسلىدە ئۇرۇشتا دۇشمەننى قورشىۋالغاندا ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ، بىر تەرەپنى ئوچۇق قالدۇرۇش، بۇ ئارقىلىق قارشى تەرەپكە ھاياتلىق يولى بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، مانا بۇ «رەھىمدىللىك» ئۆلچىمىگە تولىمۇ باب كېلىدۇ. ئۇرۇش قىلىشتىكى مەقسەت ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش، يەنە نېمە ئۈچۈن دۇشمەنگە ھاياتلىق يولى قالدۇرىمىز؟ ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ جاھىللىق بىلەن ئىستىھكامنى ساقلاپ، جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسىتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتەرمەسلىك كېرەك، بۇ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشىشكە پايدىلىق. ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دەۋرىدە، چىن بەگلىكى بىلەن جاۋ بەگلىكى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا چىن بەگلىكىنىڭ سانغۇنى ۋاڭ جيەنكېڭ جاۋ بەگلىكى قوشۇنىدىن 400 مىڭ ئادەمنى قىرىۋېتىدۇ. بۇ جۇڭگو، ھەتتا دۇنيا ھەربىي ئىشلار تارىخىدىكى مۆجىزە بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى قۇرۇتۇۋېتىش دانا تەدبىر ئەمەس.

بۇ سۆز ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ ئاكتىپ ئەھمىيىتىنى يوقاتمىدى. بۇ سۆز ھەربىي ئىشلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى كىشىلىك ئالاقە جەھەتتىمۇ ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ۋە يېتەكچى رولغا ئىگە. بۇ ئەھمىيەت ۋە رولنى ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتساق، ئىش قىلغاندا ئورۇن قالدۇرۇش، باشقىلارغا چىقىش يولى بېرىش، ئۆزىگە چېكىنىش يولى قالدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. يامان ئىشنى چېكىدىن ئاشۇرۇپ قىلىش ئەلۋەتتە ياخشى ئەمەس، ياخشى ئىشنى « ھەممىسىنى قىلىش»نىڭمۇ ئوبدان تەدبىر بولۇشى ناتايىن. مەلۇم تەشكىل ئىچىدە ياخشى ئىشنىڭ ھەممىسىنى سىز تالىشىپ قىلىۋالسىڭىز، باشقىلار نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ھوقۇقنىڭ ھەممىسىنى قولىڭىزغا ئېلىۋالسىڭىز باشقىلار قورچاق بولۇپ قالامدۇ؟ قورشاۋدا بىر تەرەپنى ئوچۇق قالدۇرۇشنى چۈشىنىش ئارقىلىق «لەشكەر ئىشلىتىش يولى»نى بىلىۋالغىلى بولۇپلا قالماستىن، يەنە بۇ ئارقىلىق « ھايات سەنئىتى »نىڭ يولىنى تاپقىلى بولىدۇ.

بىر بۆرە قوينى قوغلاپ غارغا كىلىپ قاپتۇ، قوي ئاخىرى غاردىكى بىر كاماردىن قېچىپ كېتىپتۇ. بۆرە ئاچچىقىدا قوي قېچىپ كەتكەن تۆشۈكنى ئېتىۋېتىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى بۆرە بىر تۈلكىنى قوغلاپ مۇشۇ غارغا كېلىپ قاپتۇ، تۈلكە كىچىكرەك كاماردىن قېچىپ كېتىپتۇ. بۆرە تۈلكە قېچىپ كەتكەن كامارنىمۇ ناھايىتى پۇختا ئېتىۋېتىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى بۆرە بىر توشقاننى قوغلاپ مۇشۇ غارغا كەپتۇ، توشقان تېخىمۇ كىچىك كاماردىن قېچىپ كېتىپتۇ. بۆرىنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ،

چوڭ ـ كىچىك تۆشۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېتىپ، چاشقانمۇ چىقىپ كېتەلمىگۈدەك قىلىۋېتىپتۇ. تۆتىنچى قېتىمدا بۆرە يولۋاسقا ئۇچراپ قاپتۇ. بۆرە قورققىنىدىن يول تاللىماي قاچقىنىچە ئاشۇ غارغا كىرىپتۇ، بۆرە غار ئىچىدە ھېچقانداق يول تاپالماي تولىمۇ پۇشايمان قىپتۇ. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا «ئەگەر ماڭا بىر قېتىم پۇرسەت بېرىلگەن بولسا، جەزمەن ئۆزۈمگە چېكىنىش يولى قالدۇراتتىم» دەپ ئىڭراپتۇ.

ئادەم ئۆزى ئۈچۈن چېكىنىش يولى قالدۇرۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا تېخىمۇ ئوبدان تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ، ئۇنداق بولمىسا يولۋاسقا ئۇچراپ قالغىنىدا چېكىنىدىغان يول تاپالماي، ئەپسۇسلىنىدىغان ئىككىنچى بۆرە بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بىز چېكىنىش تەييارلىقىنى بالدۇرراق قىلىشىمىز كېرەك.

ھاياتتا ئۆزگىرىش كۆپ بولىدۇ، ھەممە ئىش كۆڭلىمىزدىكىدەك بولىۋەرمەيدۇ. بۈگۈنكى چېكىنىش يولى ئەتىكى ئىلگىرىلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولى. ھايات ئېقىنىغا قارشى يۈرگەن كېمىگە ئوخشايدۇ، ئىلگىرىلىمىسەڭ چېكىنىپ كېتىسەن. شۇڭا، قانداقلا بولمىسۇن ئۆزىمىزگە چېكىنىش يولى قالدۇرۇشىمىز كېرەك.

## ۋىسالمۇ، جۇدالىقمۇ تەقدىر — يولنى يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ مېڭىشىغا توغرا كېلىدۇ

ئېرىشىشنى ئىستىگەن نەرسەڭدىن ئاسان مەھرۇم بولىسەن، يېپىشقان نەرسەڭنى ئاسان يوقىتىسەن.

— لاۋزى

ۋىسالمۇ، جۇدالىقمۇ تەقدىر، بۇنداق ئەھۋال كىشىلىك تۇرمۇشتا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. پېشانەڭگە پۈتۈلگەن بولسا سەپەرداش بولۇپ، مەنزىلگە بارغاندىن كېيىن ھەر كىم ئۆز

www.uyghurkitap.com

يولىغا راۋان بولىدۇ. بىراق، تۇرمۇشتا ھەر زامان قانداقتۇر بىر نەرسىنى تۇتۇپ قېلىشقا ئىنتىلىمىز، بۇنىڭ بىلەن زۆرۈرىيىتى بولمىغان ناھايىتى نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك ۋە ئازابلار پەيدا بولىدۇ.

بۇگۈنكى كۈندە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەممىلا يېرى ئۆتەڭ بىلەن تولغاندەك كۆرۈنىدۇ، قولىمىزنى پۇلاڭلىتىپلا خوش دەپ قېلىۋاتىمىز. دۇنيادا ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ئۇچرىشىشى، بىر-بىرىنى بىلىشى ياكى بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ مۇھەببەتلىشىشى مۇقەررەرلىك ھەم تاسادىپىيلىق. چەكسىز ئادەم قاينىمىدا بىر ئادەم سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، ھالبۇكى بۇ دۇنياغا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش، ئۇنىڭ بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئۆمۈرلۈك ۋىسال تېپىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن، مانا بۇ تەقدىر.

ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىزدا ھەممىمىزدە مۇنداق تەسىرات بولغان بولۇشى مۇمكىن: ھەر يىلى سىنىپ ئايرىغاندا ياكى مەكتەپ پۈتكۈزگەندە تولىمۇ ئازابلىنىمىز، ھەتتا يىغلاپ كېتىمىز. چۈنكى، دوستلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز. ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقاندا، بۇرۇنقى ساۋاقداشلاردىن كەلگەن خەتلەرنى كۆرگەندە ئىنتايىن خۇرسىنىمىز، مەكتەپتىكى چاغلىرىمىزنى، پارتىمىزنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى، قوشنا سىنىپتىكىلەرنى، ھازىرقى ئىككى مەكتەپ، ئىككى شەھەرنىڭ ئارىلىقىنىڭ بارغانسېرى يىراقلاۋاتقانلىقىنى، دوستلارنىڭمۇ بارغانسېرى «قېرى»ۋاتقانلىقىنى، ئىلگىرىكى بىرنەچچە ئېغىز چاقچاقنىڭ بۈگۈنكى پاراڭ تېمىسى بولۇپ قالغانلىقىنى ئەسلەيمىز. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىر يەردە تۇرغان ۋاقىت بەك ئۇزاق بولۇپ كەتسە ئاددىي بىلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئايرىلغاندىن كېيىن ئۆز ھالىمىز ئۆزىمىزگە ئايان بولىدۇ، ئۇزۇندىن بۇيان كۆرۈشمىگەنلەر ئۇچراشسا چەكسىز ئۆكۈنۈشلىرىنى سۆزلەيدىغان پۇرسەتكە ئېرىشكەندەك بولسىمۇ، لېكىن گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي، بىرنەچچە ئېغىز

سالاملىشىدۇ ھەمدە نۇرغۇن باش قاتۇرۇشلار ئارقىلىق ئەتراپىدىكى ئانچە كۇلكىلىك بولمىغان ۋەقەلەرنى تىلغا ئېلىشىدۇ. كۆپ يىل ئۇچراشمىغان دوستلار قايتا ئۇچراشقاندا قارشى تەرەپنىڭ ئازراق ئۆزگەرگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ كۆزلىرىگە مەيۈسلۈك تولىدۇ، بەزىلەرنىڭ تىلى زەھەرلىشىدۇ، بەزىلەرنىڭ يۈزىگە شادلىق يۈگۈرىدۇ، بەزىلەرنىڭ چىرايىنى ھەسرەت قاپلايدۇ، يىللار ھەربىر ئادەمنىڭ چىرايىغا بىلىنەر ـ بىلىنمەس خاتىرىلەرنى پۈتىدۇ.

ئادەم بۇ دۇنيادا تەقدىرگە شۈكۈر قىلىشى كېرەك. تەقدىرنى رەت قىلماسلىقى، تەقدىرىگە پۈتۈلمىگەنلىرىگە ئاھ ئۇرماسلىقى كېرەك. ئېرىشكەن ۋاقىتلىرىدا ۋەدە، قەسەم بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. بەلكى كىشىلىك دۇنيادىكى ئىللىقلىقنى چۈشىنىش، ھېس قىلىش، ئوبدان قەدىرلەشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. مەھرۇم بولغىنىدا تۇتۇپ قېلىشقا زورۇقماسلىق لازىم، چۈنكى تەقدىرگە پۈتۈلمىگەنىكەن ھەركىم ئۆز سەپىرىگە راۋان بولىدۇ.

شىن لىڭزى ناھايىتى ياخشى ئېيتقان: «ئىلگىرى ئۇچراشقاندۇق، ئىلگىرى قۇچاقلاشقاندۇق، ئىلگىرى بىر ـ بىرىمىزنىڭ ھاياتىنى يورۇتقاندۇق، تەقدىرىمىزگە پۈتۈلمىگەن بولسىمۇ ئۆكۈنۈشىمىز يوق. ھېكايىلەرنى خاتىرىمىزنىڭ چوڭقۇر قىسمىدا ساقلايلى، ئازابلىرىمىزنى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇيلى. قەلب كېلىشىمىنىڭ شۇنچە چوڭقۇر مەۋجۇت بولغانلىقىنى بىلىۋالايلى. ئاي پېتىپ قۇياش كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتتا، ھەقىقىي ئۆزىمىز بىلەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ، ھەر بىر سېكۇنت ھاياتنى، ھەر بىر قىسمەتنى قەدىرلەيلى.»

ئۆزىڭىز خالىغان چۈشنى كۆرۈۋېرىڭ، خالىغان ئىشنى قىلىۋېرىڭ، بارماقچى بولغان يېرىڭىزگە بېرىۋېرىڭ، قانداق ئادەم بولماقچى بولغان بولسىڭىز شۇنداق ئادەم بولىۋېرىڭ، چۈنكى سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى قاندۇرىدىغان بىرلا قېتىملىق ھاياتىڭىز بار. چەكسىز خۇشاللىقنىڭ تۇرمۇشىڭىزنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۈزەللەشتۈرۈشنى، سانسىز تەۋەككۈلچىلىكنىڭ سىزنى قەيسەرلەشتۈرۈشىنى، تۈگىمەس ئازابلارنىڭ سىزنى ھەقىقىي ئادەمگە ئايلاندۇرۇشىنى تىلەيمەن. ھەر ۋاقىت ئۆزىڭىزنى باشقىلارنىڭ ئورنىدا قويۇپ ئويلاڭ، ئۆزىڭىز يارىلانغاندا باشقىلارنىڭ يۈرىكى ئاغرىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بىرەر جۈملە ئىختىيارسىز ئېيتىلغان سۆز بىر مەيدان تالاش - تارتىشنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن، بىر جۈملە رەھىمسىز سۆز ئادەمنىڭ تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلىشى مۇمكىن، ۋاقتىدا ئېيتىلغان بىر جۈملە سۆز دولقۇنلارنى تىنچىتىشى مۇمكىن، مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان بىر جۈملە سۆز باشقىلارنىڭ جاراھىتىنى ساقايتىشى مۇمكىن.

مۇھەببەتتىنمۇ ئارتۇق نازۇك رىشتە بولمىسا كېرەك. ھالبۇكى، مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىتى شۇكى، سىز سۆيگەن ئادەم تامامەن ئۆزى بولۇشى، بەلكى سىز ئۇنى ئۆزىڭىزنىڭ غايىسىدىكى ئادەمگە ئايلاندۇرۇۋالماسلىقىڭىز كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا سىز پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنىڭ جىسمىدىكى سايىسىنىلا سۆيگەن بولىسىز. ئەڭ خۇشال ئادەم ئەڭ مۇكەممەل ئادەم ئەمەس، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قولىدىكىسىدىن تولۇق پايدىلانغان ئادەملەردۇر. يىغلىغانلار، يارىلانغانلار، ئىنتىلگەنلەر، تەۋەككۈل قىلغانلار، مىننەتدارلىق تولۇپ تاشقان كىشىلەرلا خۇشاللىقنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغان ئادەملەردۇر.

مۇھەببەت تەبەسسۇمدىن باشلىنىپ، قىزغىن سۆيۈشۈش ئىچىدە بىيىيدۇ، كۆز يېشىغا ئەگىشىپ يوقايدۇ. بىراق، مەن يەنە شۇنداق دەيمەنكى: «مۇھەببەتكە ئىشىنەيلى، مۇھەببەتكە تەشنا بولايلى، ئۆزىمىزگە تەئەللۇق ئاشۇ مۇھەببەتنى كۈتەيلى».

ئەھۋاللارنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى دەپ، گۈزەل قەسەملەرنى ئېيتىشتىن يالتايمايلى؛ كېلەچەكتىكى ئايرىلىشتىن ئەنسىرەپ، كۆڭۈل تارتقان ئۇچرىشىشتىن يالتايمايلى. ھاياتتىكى ئەڭ ئۆكۈنۈشلۈك ئىش، ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭىزنى

قوغلىشىشتىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ يىراقلاپ كېتىشىگە قاراپ تۇرۇش بولسا كېرەك.
هاياتتا ئەمەلىيەتتە توساتتىن ئۇچرىشىشلار ئىنتايىن كۆپ، تەقدىر كۆپ هاللاردا شۇلارنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ، شۇغىنىسى بەزىلەر ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، گۇمانلىنىدۇ، تەقدىرىگە پۈتۈلگەن ئىشلارنىڭ كەلگەنلىكىگە ئىشىنىشنى خالىمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەگەر كۆڭلىمىزنى ئۇنىڭغا قويساق، ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرماسلىقىمىز كېرەك. بەلكىم ئۇ شۇ دەقىقىدىكى ئەبەدىيلىككە، پۈتكۈل هاياتتىكى ئەڭ گۈزەل بىر بەتكە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.
هايات كېتىۋاتقان كېمىگە ئوخشايدۇ، سىز تۇغۇلۇپلا ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ كېمىگە چىقىتىڭىز، ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلارنى تاللاش ئىمكانىيىتىڭىز يوق؛ چوڭ بولغاندىن كېيىن جەمئىيەت يەنە بىر كېمىگە ئوخشايدۇ، تۇرمۇشىڭىزدا سىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان نۇرغۇن ئادەملەر ئۇچرايدۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا دوستىڭىز، يارىڭىز بولۇشى مۇمكىن، سىلەر بىر ـ بىرىڭلارغا ياردەم بەرگەن ئىدىڭلار، ئوخشاش بىر نىشان ئۈچۈن تىرىشقان ئىدىڭلار، مانا ئەمدى هەركىم ئۆز يولۇڭلارغا راۋان بولدۇڭلار. بۇ كېمىنىڭ هامان قىرغاققا يېقىنلىشىدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ. سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە تۇشلۇق غايىڭىز، ئۇنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئويى، مېنىڭ ئۆزۈمگە تۇشلۇق قارىشىم بار، گەرچە دوستلۇقتىن قېيىش ئىنتايىن قىيىن بولسىمۇ، هەركىم ئۆزلىرى ياقتۇرىدىغان باشقا كېمىلەرنى تاللاشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن «خەير ـ خوش» دېيىشتىن خالىي بولالمايدۇ، كېمە مانا مۇشۇنداق كېتىۋېرىدۇ.
ئەمەلىيەتتە، هايات يولىنى هەر بىر ئادەم ئۆزى مېڭىشى لازىم، هېچكىم ئۇنىڭ ئورنىدا ماڭالمايدۇ. قىيالماسلىق ۋە جۇدالىقنى باشتىن ـ ئاخىر ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، بىراق

بەزىلىرى ئۆزگىرىدۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇزاققىچە بىر يەردە بولغاندىن ئۇزاققىچە ئەسلەشنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىمىز، ئۆگىنىش كۈنلەرنى ۋە ھېسسىياتنى بىھۇدە ئىسراپ قىلغانلىق ئەمەس، مۇشۇنداق بولغاندا ئايرىلىش كەيپىياتىنى تەسىرلىك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بۇ يولدا ئىلگىرى ماڭغانلار ۋە ھازىر مېڭىۋاتقانلار بار، سىرداشنىڭ ئۇچرىماي قېلىشىدىن ۋايىم يېيىشنىڭ ھاجىتى يوق. گاھ مېڭىپ، گاھ توختاش ھاياتتا ئۆزگەرمەيدىغان مېلودىيە، ئاندا ـ ساندا تىلغا ئالغاندىمۇ قەلبتە يەنىلا ئىللىقلىق ھېس قىلسىلا ياخشى دوست بولىدۇ. «بار پۈتۈن ئالەمدە بىزنىڭ چىن قەلبداش دوستىمىز، بۇ جاھاننىڭ ئۇ چېتىمۇ ئەڭ يېقىن تام قوشنىمىز.» ھەممىمىز بىمالال خوشلىشىپ، بىر ـ بىرىمىزنىڭ گۈزەللىكىنى دىلىمىزدا ساقلايلى.

يولنى يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ مېڭىشىغا توغرا كېلىدۇ، ئايرىلىش ۋە قوشۇلۇش تەقدىرگە باغلىق!

بەشىنچى باب

# ھەر كۈنى بىردەم كىشىلىك ئالاقە پەلسەپىسى ئۇقۇيلى

ئەگەر جاھاندارچىلىقنى ئىلىم دېسەك، ئۇنداقتا كىشىلىك ئالاقە بىر خىل ماھارەت.

كىشىلىك ئالاقە پەلسەپىسىدە كىشىلىك ئالاقە داۋامىدىكى ئەقىل - پاراسەت ۋە ئىلىم سۆزلىنىدۇ. كىشىلىك ئالاقە بىر خىل پەلسەپە، ئەمما پەن ئەمەس. پەن تەبىئەتكە تاقابىل تۇرىدۇ، ھالبۇكى تەبىئەت «مىدىرلىمايدۇ». بىراق، ئادەم ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، سىزنىڭ ھەپىلىشىۋاتقىنىڭىز ئۆزىڭىزگە ئوخشاش ھېسسىياتلىق، ئارزۇ - ھەۋەسى بار، تۇرلۇك ئېھتىياجغا ئىگە ئادەم، ئادەملەر بىر - بىرىگە ھەمتۇرتكە بولىدۇ، شۇڭا ئۆزگەرمەس ئالاقە ئەندىزىسى مەۋجۇت ئەمەس. كىشىلىك ئالاقىگە ئاساسلىقى پەلسەپە ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بىراق ئۇنى پەلسەپە ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. مانا شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلىك ئالاقە جەريانىنىڭ ھەممىلا قىسمىغا ئەقىل - پاراسەت تولغان بولىدۇ. ھالبۇكى، كىشىلىك ئالاقىگە ماھىر بولۇشمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن بىر خىل ئىقتىدارغا ئايلاندى. خۇددى بىر پەيلاسوپنىڭ ئېيتقىنىدەك: «كىشىلىك ئالاقە ئىقتىدارى يوق كىشىلەر قۇرۇقلۇقتىكى كېمىگە ئوخشايدۇ، ئۇ ھايات دېڭىزىغا مەڭگۈ بارالمايدۇ».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئاغزىڭىزنى ئوبدان باشقۇرۇڭ ـــ ھەممىلا ئادەم سۆزمەن ئەمەس

ئىشلار پۇختىلىقتىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، سىر سۆزدىن چاندۇ.

ـــ خەن فېيزى

قەدىمكىلەردە «كېسەل ئېغىزدىن كىرىدۇ، جان ئېغىزدىن چىقىدۇ» دېگەن گەپ بار. ئوبدان ئويلىنىدىغان بولساق، بۇ سۆزدە قىلچىمۇ خاتالىق يوق. ئادەمنىڭ كېسەل بولۇشى كۆپىنچە يېمەك ـ ئىچمەككە دىققەت قىلمىغانلىقى، يېمەك ـ ئىچمەكنى تىزگىنلىمىگەنلىكى، تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى، مەينەت يېمەكلىكنى يېگەنلىكى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. شۇڭا، «كېسەل ئېغىزدىن كىرىدۇ» دەيمىز. ھالبۇكى، ئادەم ئۆزىنىڭ گەپ ـ سۆزىگە دىققەت قىلمىغانلىقى ياكى زىيادە كۆپ گەپ قىلىپ، باشقىلارنىڭ دىلىنى رەنجىتكەنلىكى تۈپەيلىدىن بېشىغا بالا تېرىيدۇ. باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشقا ئامراق كىشىلەردىن كىشىلەر ئاسانلا رەنجىيدۇ، ۋاقتى ئۇزارغانچە كىشىلەر ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بېشىغا بالا كېلىدۇ. شۇڭا، «جان ئېغىزدىن چىقىدۇ» دەيمىز.

«خەن فېيزى . شونەن»دە پادىشاھلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ۋە مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەبلەر ھەمدە «ئادەمگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان 15 ئىش» تەپسىلىي بايان قىلىنغان، بۇنىڭ بىرىدە ئېغىزنى ياخشى باشقۇرۇش، سۆز قىلىش سەنئىتىنى ئىگىلەشنىڭ مۇھىملىقى بايان قىلىنغان.

خەن فېيزى مۇنداق دەيدۇ: «ئىشلار پۇختىلىقتىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، سىر سۆزدىن چاندۇ».

خەن فېيزى سۆز قىلىشنى «ئادەمگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان 15

ئىش»نىڭ بىرى دەپ قارىغان. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتساق، ھەممىلا ئادەم گەپ قىلىشقا ماھىر بولىۋەرمەيدۇ. تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، نۇرغۇن كىشىلەر ئاغزىنى باشقۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن بىئەجەل ئۆلۈپ كەتتى. «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»دە پادىشاھ خەن شەندى ساۋ ساۋنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ھارۋا ـ ئاتلىقلار سانغۇنى دۇڭچېڭغا تاپشۇرىدۇ، بۇ ۋەزىپە ئەسلىدىنلا مۇۋاپىق ئادەمگە بېرىلمىگەچكە، ئىشنىڭ بۇزۇلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. پادىشاھ «كەمەرگە يوشۇرۇنغان پەرمان»نى دۇڭچېڭغا تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، دۇڭچېڭ بىخۇدلۇق قىلىپ پەرماننى ياخشى ساقلىمىغاچقا باشقىلار بايقاپ قالىدۇ، كەيىپچىلىكتە يېرىم كېچىدە جۆيلۈپ ساۋ ساۋنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىنى چاندۇرۇپ قويىدۇ. سىر ئىككى قېتىم ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، خەۋەر تارقىلىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقىپلا قالماستىن، يەنە ساۋ ساۋنى يوقىتىش پىلانىمۇ بەربات بولىدۇ.

كېسەل ئېغىزدىن كىرىدۇ، جان ئېغىزدىن چىقىدۇ، نۇرغۇن تالاش ـ تارتىش ۋە بەختسىزلىكلەرنى ئاشۇ ئېغىز پەيدا قىلىدۇ. گەپ قىلىش قىيىن ئەمەس، بەلكى مۇۋاپىق ئورۇن، مۇۋاپىق ۋاقىتتا لايىقىدا گەپ قىلىش قىيىن. ئاغزىنى باشقۇرۇش دېگىنىمىز، زۆرۈر گەپنى قىلىش، ئاۋارىچىلىك كەلتۈرىدىغان گەپلەرنى قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. سىرنى باشقىلار بىلمىسۇن دېسەڭ سۆزلەپ يۈرمە. بەزىلەر پاراڭلىشىۋېتىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ساڭىلا ئېيتاي، باشقىلارغا ئېيتىپ قويمىغىن جۇمۇ»، ھېلىقى ئادەم بۇنى يەنە باشقىلارغا: «مەن ساڭىلا ئېيتتىم، ھەرگىز باشقىلارغا ئېيتىۋەتمىگىن» دەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن سىر ئۇزاققا بارمايلا ئاشكارىلىنىدۇ. شۇڭا، بىھاجەت تالاش ـ تارتىشلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى سۆزلىمەسلىك كېرەك.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

جۇڭگولۇقلاردا: «هال ـ ئەھۋالىڭنى بىلمىسىزگە ئىيتقۇچە ئىچىڭدە سىپسىپ كەتسۇن» دېگەن گەپ بار. كۈچ سىنىشىش مەيدانىدىكى قارا باتۇرلار كۆپ ھاللاردا مۇنازىرىچىلەرگە مۇشتى بىلەن تاقابىل تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ لوگىكىسى:، قېنى سېنىڭ ئېغىزىڭ يامانمۇ ياكى مېنىڭ مۇشتۇم يامانمۇ! دېگەندىن ئىبارەت. سۆزمەنلەر كۆپ ھاللاردا جەمئىيەتتىن ئەمەلىي بايلىق ياراتقۇچىلارغا قارىغاندا كۆپرەك بايلىققا ئېرىشىدۇ. بىر ئادەم تايىنلىق تۇرۇپ، گەپ سېتىپ يۈرۈپ كۈنىنى باشقىلارنىڭكىدىن ياخشى ئۆتكۈزسە ئەلۋەتتە باشقىلار ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىدۇ ـ دە! بىراق، بۇ مېنىڭچە تونۇشتىكى خاتا چۈشەنچە. «گەپ سېتىش» بىر خىل ھالقىش خاراكتېرلىك ئېنېرگىيە، ئۇنىڭ كۈچى مۇشتىنىڭكىدىن خېلىلا زور. نۇتۇق ھوقۇق دېمەكتۇر، ئىشەنمىسىڭىز تاڭسىلىڭ بىلەن جۇ گېلىياڭغا قاراپ باقايلى، سۆزمەنلىك ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ھۈنىرى. قانداق سۆز قىلىشنى تەتقىق قىلىش كۈچ سەرپ قىلىشقا ئەرزىيدۇ، گەپ ياخشى سۆزلەنسە ھاياتنىكى قارشىلىقنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

پۇ سۇڭلىڭ «لياۋجەي رىۋايەتلىرى»دە «شاشۆ» توغرىسىدىكى مۇنداق ھېكايىنى بايان قىلغانىدى: 8 ـ ، 9 ـ ئايلاردا سۇجۇدا توساتتىن قار يېغىشقا باشلاپتۇ، پۈتۈن شەھەردىكى پۇقرالار ساراسىمىگە چۈشۈپ، ھەممىسى بۇتخانىغا بېرىپ بۇدساتۋادىن پاناھلىق تىلەپتۇ. بۇدساتۋا توساتتىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تېۋىنغۇچىلاردىن بىرىنىڭ بەدىنىگە كىرىپ ئۇنىڭ ئاغزى ئارقىلىق «بۈگۈنكى كۈندە ‹غوجام› دەپ ئاتالغانلارنىڭ ئالدىغا ‹ئۇلۇغ› دېگەن سۆز قوشۇلۇۋاتىدۇ، ئەجەبا سىلەر مېنى كىچىك كۆرۈپ، مۇشۇ ‹ئۇلۇغ› دېگەن سۆزنى سىڭدۈرەلمەسمىكىن دەمسىلەر» دەپتۇ، كىشىلەر تولىمۇ قورقۇپ كېتىپ، «ئۇلۇغ غوجام» دەپ ۋارقىراپتىكەن قار دەرھال توختاپتۇ. دېمەك، ئىلاھلارمۇ باشقىلارنىڭ خۇشامەت قىلىشىنى ياقتۇرىدۇ.

بۇگۈنكىدەك جىددىي جەمئىيەتتە كىشىلەر نۇتۇقنىڭ مۇھىملىقىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتتى. چۈنكى، كىشىلەر ماددىي بۇيۇملار ئارقىلىق جىسمانىي ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرۈپلا قالماستىن، ئىللىق سۆزلەر ئارقىلىق دىلى ۋە روھىنى تەسەللىي تاپقۇزۇشقا تېخىمۇ موھتاج. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ياپونىيەگە ئوخشاش باشقىلارنى ماختاشتا ئىنتايىن بېخىللىق قىلىدىغان دۆلەتتىمۇ «خۇشامەت قىلىش» ئارقىلىق تىرىكچىلىك قىلىدىغان كەسىپ بارلىققا كەپتۇ. ئۇياما بىلەن ئونو ئىسىملىك ئىككى ياش توكيونىڭ ئاۋات كوچىلىرىنىڭ بىرىدە يوغان تاختايغا «خۇشامەت ئۆيى، مىنۇتىغا 100 ياپونىيە يېنى» دەپ يېزىپ، قىزىل مايكىسىغا «كەسپىي خۇشامەتچى» دېگەن خەتلەرنى چۈشۈرۈپتۇ. بۇ «خۇشامەت ئۆيى»نىڭ سودىسى ئىنتايىن قىزىپتۇ، بۇ ئەھۋال بىر تەرەپتىن ئۇ جايدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ سوغۇقلۇقى، خىزمەتنىڭ جىددىيلىكى تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ پۇل چىقىرىپ خۇشامەت سۆزىنى ئاڭلاش ئارقىلىق، بۇرۇقتۇرما كەيپىياتىنى تەڭشەشكە ئۇرۇنۇپ كۆرۈشنى خالايدىغانلىقىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇياما بىلەن ئونو مۇشۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكىنى ئۈچۈن پۇرسەتتىن پايدىلانغان، 100 ياپونىيە يېنىغا بىر مىنۇت ياخشى گەپ قىلىپ بەرسە، پۇل تېپىشنى قىيىن دېگىلى بولمايدۇ.

خۇشامەت دەۋر، ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە دۆلەت ئايرىمايدۇ. فىرانسىيەلىك دىراماتورگ مولىيېر ئۆزىنىڭ «بېخىل» دېگەن كاتتا ئەسىرىدە فاللېر ئىسىملىك پېرسوناژ ئارقىلىق بۇ خىل «خۇشامەت پەلسەپىسى»نى مۇنداق ئوبرازلىق بايان قىلىپ بېرىدۇ: «باشقىلارنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشمەن دېسەڭ، مېنىڭچە ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ ئالدىدا قىزىقىشىغا بېقىپ ئىش كۆرگىن، ئۇلارنىڭ جاھاندارچىلىق توغرىسىدىكى ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى تەرىپلىگىن، كەمچىلىكلىرىنى ئۈچۈرۈپ

سۆزلىگەن، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە زىكىر ـ سانا ئوقۇغىن.
خۇشامەتنىڭ چېكىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن قورقۇشۇڭنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇلار سېنىڭ ئۆزلىرىنى ئەخمەق قىلىۋاتقىنىڭنى قاراپىلا بىلىسىمۇ، بىراق خۇشامەت سۆزلىرى چىقىسىلا ئەڭ سەرخىل كىشىلەرمۇ ئالدىنىشنى خالايدۇ».

بىر دوستۇم ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: «ئەگەر بىرەيلەن بىلەن دېگۈدەك گېپىڭ قالمىسا ياكى خاتا گەپ قىلىشتىن قورقساڭ، ئۇنىڭ بالىسىنى ماختاۋەرگىن، شۇنداق قىلساڭ چوقۇم خاتالاشمايسەن.» دەرۋەقە، خۇشامەت سۆزلىرىگە ماھىر كىشىلەرنى سۆزگە ئۇستا ئادەم دېيىشكە بولىدۇ. گەپكە ئامراق كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئانچە ـ مۇنچە خۇشامەت سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قويۇشمۇ زىيانلىق ئەمەس، بىراق ئۇنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىپ، مەخسۇس خۇشامەت سۆزلىرىنى ياخشى كۆرىدىغان، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالسا، مەلۇم خىل خەۋپ يوشۇرۇن پەيدا بولىدۇ. غەرب پەيلاسوپلىرىدىن بىرى مۇنداق دېگەنىدى: «قولىڭىزنى سۆيگەن نۇرغۇن ئادەملەر قولىڭىزنى چانىماقچى بولغان ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن.» بۇنداق ساۋاقلارنى قەدىمدىن ھازىرغىچە ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، شۇڭا ھەر بىر ئادەم خۇشامەت سۆزلىرىنى قىلىشقا ماھىر بولۇشى، ياخشى نىيەتتىكى خۇشامەت سۆزلىرىنى قىلىشى ھەم باشقىلارنىڭ خۇشامەت سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا ماھىر بولۇشى، چىن ياخشىلىق بىلەن ساختا ياخشىلىقنى پەرقلەندۈرۈشى كېرەك. خۇشامەت جاھاندارچىلىق ماھارىتى، بىراق ئۇنى ھەرگىزمۇ تىرىكچىلىكنىڭ تاماق قاچىسى قىلىۋېلىپ، قولىدىن چۈشۈرمەسلىككە بولمايدۇ.

مۇنداق بىر ھېكايە بار ئىكەن: بىر نامرات كىشى بولۇپ، ئۇ بايغا خۇشامەت قىلىشنى خالىمايدىكەن. باي مۇنداق دەپتۇ:

— مەن باي تۇرسام، سەن نېمىشقا ماڭا خۇشامەت قىلىشنى خالىمايسەن؟

— سېنىڭ مال - دۇنيالىرىڭنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى كىم بىلىپتۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە مال - دۇنيالىرىڭنى ماڭا بىكارغا بېرەمتىڭ، نېمە ئۈچۈن ساڭا خۇشامەت قىلاتتىم؟ — دەپتۇ نامرات.

— مال - دۇنيايىمنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ساڭا بەرسەم ماڭا خۇشامەت قىلامسەن؟ — دەپتۇ باي.

— بۇ ئادىل بولمىدى، مەن ئوخشاشلا ساڭا خۇشامەت قىلمايمەن — دەپتۇ نامرات.

ئۇنداقتا يېرىمىنى ساڭا بېرەي، شۇنداقتىغۇ خۇشامەت قىلارسەن؟ — دەپتۇ باي.

— ئۇنداقتا مەن سەن بىلەن باراۋەر بولۇپ قالىمەن، يەنە نېمە ئۈچۈن ساڭا خۇشامەت قىلىمەن؟ — دەپتۇ نامرات.

— باي مال - دۇنيايىمنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بەرسەمغۇ خۇشامەت قىلىدىغانسەن؟ — دەپتۇ باي ئاچچىقلاپ.

— ئۇنداقتا ساڭا خۇشامەت قىلىشىمنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئۇ چاغدا مەن باي، سەن نامرات - دە، — دەپتۇ نامرات مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ.

تۇرمۇشتا ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزغا يېتىش ئۈچۈن بويۇن ئېگىشكە توغرا كەلگەندە، خۇشامەتنى كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بىر خىل ئەقىل - پاراسەت دەپ قارىساق زىيىنى يوق؛ ھالبۇكى، تۇرمۇش ئەھۋالىمىزدىن قانائەت ھاسىل قىلغان، شۇنداقلا ھاياتتىكى ئورنىمىزنى توغرا تېپىپ بەلگىلەپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى نامراتتىن ئۆگىنىپ، بىمالال، خۇشخۇي، زوق - شوق بىلەن ياشاپ، تۇرمۇشىمىزنى تەمەخورلۇق ۋە مەنپەئەتپەرەسلىكتىن يىراق تۇتۇپ، كامالەتكە يەتكۈزسەك بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاڭلاشقا ماھىر بولۇش — «زەن قويۇپ ئاڭلاش»نى بىر خىل ماھارەت ئورنىدا ئۆگىنىش

ئىلاھ ئادەمنى كۆپ ئاڭلىسۇن، كۆپ كۆرسۇن،
ئاز سۆزلىسۇن دەپ ئۇنىڭغا ئىككى قۇلاق، ئىككى
كۆز، بىر ئېغىز بەرگەن.
— سوقرات

دىلپى ئىبادەتخانىسىدىكى ئىلاھىي يارلىقتىن ئەكس ئېتىشىچە، سوقرات قەدىمكى يۇنانىدىكى بىردىنبىر دانىشمەن، بىراق سوقرات ئۆزىنى ھېچنېمە بىلمەيمەن، دەپ ھېسابلايدۇ.

ئۇ سۆز قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ، ئەمما زەن قويۇپ ئاڭلاشقا ماھىر. ئۇ گېئومېتىرىيەلىك ئىسپاتلاشتىن پەرقلىنىدىغان قايتۇرۇپ سوئال قويۇش ئۇسۇلىنى بايقىدى. سوقراتچە ئاڭلىغاندا بۇ ئۇسۇل «تۇغۇتقا ياردەم بېرىش تېخنىكىسى» دەپ ئاتىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتنى ئۆزىنىڭ جىسمىدا «تۇغدۇرۇشى»غا ياردەم بەردى، چۈنكى ھەقىقەت كىشىلەرنىڭ دىلىدا بولىدۇ، پەلسەپىنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە قانداقتۇر بىلىم ئۆگىتىش ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى بايقىشىغا ياردەم بېرىش.

قايتۇرۇپ سوئال قويۇش ئۇسۇلىدا، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ نادانلىقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتنى بايقىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قارشى تەرەپنىڭ سۆھبىتىگە زەن قويۇپ، ئۇنىڭدىكى يوچۇقلارنى بايقاش، ئۇنىڭدىن كېيىن قارشى تەرەپنىڭ خاتا قاراشلىرىدىكى زىددىيەتلەرنى ئېچىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئىنكار قىلدۇرۇش، مۇشۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ قاراشلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەربىيە بېرىش مەقسىتىگە يېتىشكە ماھىر بولۇش كېرەك. سوقرات مۇنداق قارايدۇ: ئادەمگە

ئۆزىنى ئىنكار قىلدۇرۇش ئىنتايىن ئازابلىق ئىش، بىراق بۇ خىل ئازاب زۆرۈر، ئۇنداق بولمىسا ئادەم دىلىدا يوشۇرۇنغان ھەقىقەتنى بايقىيالمايدۇ. سوقرات بۇنى «تۇغۇتتىن ئىلگىرىكى تولغاق» دەپ ئاتايدۇ، بۇ ھەم سوقراتنىڭ قايتۇرۇپ سوئال قويۇش ئۇسۇلىنىڭ «تۇغۇتقا ياردەم بېرىش تېخنىكىسى» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب. گەرچە بىر مەھەللىك ئاغرىق تارتسىمۇ، لېكىن يېڭى كۈچ تۇغۇلىدۇ.

سوقرات مۇنداق دەيدۇ: «تەڭرى ئادەمنى كۆپ ئاڭلىسۇن، كۆپ كۆرسۇن، ئاز سۆزلىسۇن دەپ ئۇنىڭغا ئىككى قۇلاق، ئىككى كۆز، بىر ئېغىز بەرگەن.» ئۇ ھەقىقەتەن زەن قويۇپ ئاڭلاشقا ماھىر بولۇش، ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق، سۆھبەت جەريانىدا ھاكاۋۇرلۇق قىلمىغان، ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويمىغان، بەلكى قارشى تەرەپ بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرغان، مانا بۇ سۆھبەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى. مۇشۇنداق قىلغاندا سوقراتنىڭ قايتۇرۇپ سوئال قويۇش ئۇسۇلىنى تەتبىقلىغىلى بولىدۇ.

سوقراتنىڭ «تۇغۇتقا ياردەم بېرىش تېخنىكىسى»، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىشنى زەن قويۇپ ئاڭلاشتىن باشلاش ئالاھىدىلىكى بۈگۈنكى دەۋردە ياشاۋاتقانلارنىڭ كىشىلىك ئالاقىسى ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشىغا نۇرغۇن ئىلھام بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ يېتىلىشى ئاڭلاشتىن باشلىنىدۇ، ھالبۇكى ئاڭلاش ئىقتىدارىنىڭ يوقىلىشى ئۆلۈمنىڭ بەلگىسى.

مەلۇم ھامىلىدار ئايال رادىيونى ئاچقانىكەن قورسىقىدىكى تۆرەلمىنىڭ ئۆزىنى تەپكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كۈنىمۇ مۇشۇنداق بوپتۇ. كېيىن ئالىملار تۆرەلمىنىڭ باش سۆيىكىدىكى دولقۇنسىمان پۇرمە ئارقىلىق سىرتتىكى بارلىق ئاۋازلارنى ئاڭلايدىغانلىقىنى بايقىغان. شۇڭا، ئاڭلاش ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ دەسلەپ ئىگە بولغان سەزگۈ.

بىر بوۋاي سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئوغلى

دوختۇرخانىغا خېلى ۋاقىتقىچە كېلەلمەپتۇ. دوختۇرلار بوۋاينىڭ قەيسەرلەرچە ياشاش ئېڭىدىن تەسىرلىنىپتۇ. كېيىن مەلۇم بىر كۈنى سەھەردە بوۋاينىڭ ئوغلى دوختۇرخانىغا يېتىپ كېلىپ، دادىسىنىڭ كارىۋاتتا تەنھا ياتقانلىقىنى، بوينىغا سانجىلغان نەيچىدىن قان سۈيۈقلۇقىنىڭ توختىماي يۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئوغۇل بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ، «خەير ـ خوش» دەپ شىۋىرلاپتۇ، شۇئان بوۋاينىڭ بوينىغا سېلىنغان نەيچىدىكى قان يۇرۇشۇشتىن توختاپ، بوۋاي خاتىرجەم كۆز يۇمۇپتۇ. شۇڭا، ئاڭلاش ئىقتىدارى ئادەمنىڭ ئۆمرىدە ئەڭ ئاخىرىدا مەھرۇم بولىدىغان سەزگۈسى ھېسابلىنىدۇ.

بىر كۈنى ئانا مۈشۈك ئارسلاننى چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

ـــ ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە ئاپاڭنى ئېمىپ يۇرسەڭ بولمايدۇ، ئەمدى ئۆزۈڭ بېرىپ يەيدىغان نەرسە تېپىپ كېلىشىڭ كېرەك، ـــ دەپتۇ ئانا مۈشۈك.

ـــ ئاپا، ئۇنداقتا مەن نېمە يېيىشىم كېرەك؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـــ نېمە يېيىشىڭ كېرەكلىكىنى مەنمۇ دەرھال دەپ بېرەلمەيمەن، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ئۇسۇلدىن پايدىلىنايلى! مۈشۈ بىرنەچچە كېچىدە كىشىلەرنىڭ ئۆگزىسى، لىمى، كوزىسىنىڭ ئەتراپىغا يوشۇرۇنۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغىن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ساڭا ئۆگىتىپ قويىدۇ، ـــ دەپتۇ ئانا مۈشۈك.

ئارسلان بىرىنچى كۈنى كېچىدە لىمغا يوشۇرۇنغانىكەن، چوڭلارنىڭ بالىسىغا: «قوزام، بېلىق بىلەن سۈتنى توڭلاتقۇغا قويغىن، ئارسلان بېلىق بىلەن كالا سۈتىگە بەكمۇ ئامراق» دېگىنىنى ئاڭلاپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى كەچتە كوزىنىڭ ئەتراپىغا يوشۇرۇنۇپ، بىر ئايالنىڭ بىر ئەرگە: «ماڭا ياردەملىشىپ كولباسا، سۆر گۆشلەرنى لىمغا ئېسىۋەتسىڭىزچۇ، ئاندىن چۈجە كاتىكىنىمۇ

ئوبدان تاقاپ قويۇڭ، ئارسلان يەۋالمىسۇن» دېگىنىنى ئاڭلاپتۇ.
ئۈچىنچى كۈنى ئۆگزىگە يوشۇرۇنۇپ، دېرىزىدىن قاراپ بىر ئايالنىڭ بالىسىغا تەنبىھ بېرىپ: «پىشلاق، گۆش تالقىنى، بېلىق قېقى ئېشىپ قاپتۇ، يا يىغىشتۇرۇشنى بىلمەيسەن. ئارسلاننىڭ بۇرنى بەكمۇ سەزگۈر، ئەتىلا ساڭا يېگۈدەك بىرنېمە قالمايدۇ» دېگىنىنى ئاڭلاپتۇ.
مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئارسلان ھەر كۈنى تولىمۇ خۇشال ئۆتۈپتۇ، ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاپىسىغا:
— ئاپا خۇددى سەن دېگەندەك مەن ئاڭلايدىغانلا بولسام كىشىلەر ماڭا ھەر كۈنى نېمە يېيىشىم كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدىكەن، — دەپتۇ.
ئارسلان باشقىلارنىڭ سۆھبىتىگە قۇلاق سېلىپ، تۇرمۇش ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۆزى چاققان، مۇسكۇللىرى تولغان مۇشۇككە ئايلىنىپتۇ. كېيىن ئۇ باللىق بولۇپ، ئۇلارغا ئوخشاشلا «باشقىلارنىڭ سۆزىگە زەن قويغىن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ساڭا ئۆگىتىدۇ» دەپ تەلىم بېرىپتۇ.
زەن قويۇپ ئاڭلاش سەنئەت، زەن قويۇپ ئاڭلىغانكەن، چوقۇم مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ، مۇلاھىزە يۈرگۈزگەنىكەن، چوقۇم ئىپادىلەيدۇ. باشقىلارنىڭ سۆزىدە گۈل، تىكەن، داشقال، مەرۋايىتقا ئوخشاش تۈرلۈك - تۈمەن نەرسىلەر بار. زەن قويۇپ ئاڭلىغاندىلا ئۇنىڭدىن بايلىق بىلەن پۇرسەتنىڭ تېۋىشىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ. زەن قويۇپ ئاڭلاش چۈشىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى. ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇشىغا، ئىشلاردا ھەمكارلىشىشىغا توغرا كېلىدۇ، زەن قويۇپ ئاڭلاشقا ماھىر بولۇش - بولماسلىق ئادەمنىڭ ئەخلاق تەربىيەلىنىش ئۆلچىمىنى ئەكس ئەتكۈزۈپلا قالماستىن، ئۇنىڭ بىلەن نورمال ئىناق كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بىز كۆپ ھاللاردا يېمەك - ئىچمەككىلا ئەمەس، بەلكى دىلىمىزغا قونالغۇ بولغۇدەك خۇشبۇي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۈلزارلىقتا ئېھتىياجلىق بولىمىز. دوستلۇقنىڭ داۋاملىشىشى، نىكاھنىڭ مۇستەھكەملىنىشى، كوللېكتىپنىڭ ئۇيۇشۇشى خېلى زور مەنىدىن ئېيتقاندا، ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ماسلىشىشقا باغلىق، ئۇ ئىنسانىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان بىر مۇھىم بەلگە.

زۇڭلى جۇ ئېنلەي دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىدە «ھەر ۋاقىت زەن قويۇپ ئاڭلاش» ئىستىلىنى ساقلايدىكەن. بۇ ئىش ئامېرىكىلىق پېشقەدەم دىپلوماتىيە ئەمەلدارىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇپتۇ، بۇ دىپلوماتىيە ئەمەلدارى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئۇنىڭ جىسمىدىن ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان كۈچ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. تەقى ـ تۇرقىنىڭ كېلىشكەنلىكى دەرۋەقە سەۋەبلەرنىڭ بىر قىسمى، بىراق ئۇنىڭ كۆزى ئادەمگە تونجى تەسىرات قالدۇرىدۇ. سەن ئۇنىڭ سۆزۈڭگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن قۇلاق سېلىۋاتقانلىقىنى، سەن بىلەن قىلىشقان گەپلەرنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىسەن، مانا بۇ ئادەم كۆرۈپلا يېقىنلىق ھېس قىلىدىغان ئاز ئۇچرايدىغان تالانت.»

دۇنياغا مەشھۇر پېداگوگ كارنېگ ئەپەندى نيۇ يورك نەشرىيات سودىگەرلىرى ئۇيۇشتۇرغان بىر قېتىملىق كەچلىك زىياپەتتە داڭلىق بوتانىكا ئالىمى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇ بوتانىكا ئالىمىنىڭ كەندىر، ئۆيئىچىدىكى گۈللۈك، شۇنداقلا ياڭيۇ توغرىسىدىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشلار ھەققىدىكى بايانلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلاپتۇ. كارنېگ تۈن يېرىم بولۇپ خوشلاشقانغا قەدەر ئاساسەن گەپ قىلماپتۇ. ھېلىقى بوتانىكا ئالىمى خۇشاللىقىدىن ساھىبخانغا مۇنداق دەپتۇ: كارنېگ ئەپەندى ئەڭ جەلپكار ئادەم ئىكەن، شۇنداقلا ئەڭ جەلپكار ناتىق ئىكەن. چۈنكى، كارنېگ ئەپەندىگە سۆزگە ئەستايىدىللىق بىلەن قۇلاق سېلىش ئارقىلىق بىرىلگەن بېشارەت خاراكتېرلىك ماختاشقا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئىنتايىن ئازلىقى

تولىمۇ ئايان ئىدى.

زەن قويۇپ ئاڭلاشنى ئۆگىنىۋېلىش قەلب بىلەن قەلب ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. «زەن قويۇپ ئاڭلاش» گەرچە بىر خىل سۆھبەت شەكلى بولسىمۇ، بىراق ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئۇنىڭغا غايەت زور ئىشەنچ يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

سىياسىيونلاردا شۇنداق خىسلەت بار، پېداگوگلاردا مۇشۇنداق ساپا بار، سودا دېڭىزىدا جەڭ قىلىۋاتقان تىجارەتچىلەردە يەنە قانداق مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرى بار؟ ياپونىيە پاناسونىك شىركىتىنىڭ ئاساسچىسى كونوسۇكې ماتسۇسىنا ئۆزىنىڭ تىجارەتتىكى مەخپىيەتلىكى توغرىسىدا توختالغاندا، ئالدى بىلەن باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن زەن قويۇپ ئاڭلاش كېرەكلىكىنى تىلغا ئالغان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا « زەن قويۇش » ھالىتىگە دىققەت قىلىش ئاشۇ داڭلىق شەخسلەرنىڭ ئالقىشلىنىشى، ھىمايە قىلىنىشىدىكى مۇھىم سەۋەب.

## رەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش — « رەت قىلىش »نى سەنئەتكە ئايلاندۇرۇش

رەت قىلغان ئىكەنسەن ئۆزگەرتمىگىن.
— كانت

«جۇڭزى.شياۋياۋيۇ»دا مۇنداق بىر ھېكايە بايان قىلىنىدۇ: ياۋ ھۆكۈمرانلىقنى شۇ يۇغا ئۆتۈنۈپ بەرمەكچى بولۇپ مۇنداق دەپتۇ: «سەن كۆكتىكى كۈن ۋە ئايغا ئوخشايسەن، مەن خىلۋەتتىكى چىراغقا ئوخشايمەن. كۈن بىلەن ئاي چىققانىكەن، چىراغ يېقىپ يورۇتۇش تولىمۇ قىيىن ئەمەسمۇ؟ ئەلنى ئىدارە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىش ئورنۇمنى ساڭا ئۆتۈنۈپ بېرەي.» شۇ يۇ جاۋابەن: «ئەلنى ناھايىتى ئوبدان ئىدارە قىلىۋاتىسەن، نېمە ئۈچۈن مېنى ئورنۇڭغا ئالماشتۇرماقچىسەن؟ ئەجەبا مەن ئاشۇ ئورۇننى كۆزلەيتتىممۇ؟ مەن بەئەينى ئورماندا ئۇۋا ياساۋاتقان قۇشقا ئوخشايمەن، ماڭا بىر تال دەرەخ شېخى بولسىلا كۇپايە، بۇنچە چوڭ ئەلنى ماڭا بەرسەڭ، مەن ئۇنى نېمە قىلىمەن؟» دەپتۇ. شۇ يۇ ياۋنىڭ ئۆتۈنۈشىنى رەت قىلىپ، يىراق تاغ ئىچىگە كىرىپ، زاھىت بولۇۋاپتۇ. كېيىن شۇ يۇ بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ دوستىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ، دوستى ئىككى قۇلىقىنى قولى بىلەن چىڭ ئېتىپ، دەرھال سۇ بويىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ قۇلىقىنى يۇيۇپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا بىر دېھقان كالىسىنى يېتىلەپ دەريا بويىغا كېلىپ، كالىسىنى يۇقىرى تەرەپتە سۇغىرىپتۇ. شۇ يۇنىڭ بۇ دوستى ئىنتايىن خاپا بولۇپ، دېھقاندىن ئادەمگە ھۆرمەتسىزلىك بولىدىغان بۇنداق ئىشنى قىلماسلىقىڭ كېرەك ئىدى، دەپ نارازى بوپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن قۇلىقىڭنى يۇيىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دوستۇمنىڭ مەنسەپ تۇتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىشنى ئاڭلاپ قۇلىقىم مەينەت بولۇپ كەتمىسۇن دەپ يۇيىۋەتتىم، — دەپتۇ شۇ يۇنىڭ دوستى.

— ئەگەر كالام تۆۋەن تەرەپتىن سۇ ئىچكەن بولسا، سەن قۇلىقىڭنى يۇغان سۇ كالامنىڭ ئاغزىنى بۇلغىۋەتمەمدۇ؟ — دەپتۇ دېھقان. شۇ يۇنىڭ دوستى خىجالەتتىن گەپ قىلالماي قاپتۇ.

بۇ ھېكايىنى قەدىمكى زاماندىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ چىرىك، فېئودال مەنسەپدارلار سورۇنىدىن نەپرەتلىنىپ ئىجاد قىلغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇرۇپتۇ. بىراق، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ رەت قىلىشى ھەقىقەتەن ھۆرمەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر باشقىلارنى رەت قىلىشتىن ئەڭ قورقىمەن دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە رەت قىلماسلىقنىڭ ياخشى ئىش بولۇشى

ناتايىن، رەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشنىڭمۇ يامان ئىش بولۇشى ناتايىن.

رەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش رەت قىلىشقا ئۇچراشتىن باشلىنىدۇ. بىز نۇرغۇن چاغلاردا باشقىلار تەرىپىدىن رەت قىلىنىشنىڭ تەمىنى تېتىپ، ئىچىمىز ئاچچىق بولىدۇ. لېكىن، چوڭلار ئارىسىدىكى رەت قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى ئىنتايىن كۆپ، بۇ بالىلارنىڭ ئارىسىدىكىدەك ئۇنداق ئاددىي بولمايدۇ. بىز باشقىلار تەرىپىدىن رەت قىلىنىپ خاپا بولۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، بەزى چاغلاردا ئۆزىمىزنىڭمۇ «ياق» دېمەي ئىلاجىمىز يوقلۇقىنى ئاستا ـ ئاستا ھېس قىلىمىز.

تۇرمۇش بىزگە «ياق» دېيىشنى ئاستا ـ ئاستا ئۆگەتتى، بىز ئىلگىرى ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن باشقىلارنى رەت قىلدۇق. ھەرقانداق ئادەم ھەممىلا ئادەمنىڭ ئېھتىياجىدىن تولۇق چىقىپ بولالمايدۇ، بۇ دۇنيادا يەنە كىم كىمگە نىجاتكار بولالايدۇ؟ شۇڭا، ئۆزىنى تەڭقىسلىققا قويىدىغان تەلەپلەرگە دۇچ كەلگەندە رەت قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى رەت قىلىشىمىز كېرەك. بىراق، شۇنىمۇ بىلىشىمىز كېرەككى، رەت قىلىشتا باشقىلارغا ئاددىي ھالدا «ياق» دەپلا قوپاللىق قىلساق بولمايدۇ، بۇ قارشى تەرەپنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا، باشقىلارنى رەت قىلىش ئاسان، ئەمما قانداق رەت قىلىشنى بىلىش قىيىن.

باشقىلارنى رەت قىلىشنى بىر سەنئەت دەپ قاراش كېرەك، بۇنىڭدا ھەم ئۆزىگە ئۇۋال قىلماسلىق، ھەم قارشى تەرەپنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماسلىق لازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ سىپايە سۆزلەر ۋە پاراسەت لازىم بولىدۇ. بەزى نەرسىلەر مەلۇم يۈكسەكلىككە يەتكەندە ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئادەمنىڭ قولىنىڭ يېتىشى قىيىنغا توختايدۇ. شۇڭا، رەت قىلىش سەنئىتىنى ھەممىلا ئادەمنىڭ ئۆگىنىۋالالىشى ناتايىن. شۇڭا، رەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش بىردەملىك ئىش ئەمەس، بەلكى ھايات داۋامىدا كىشىلىك تۇرمۇشتىن ئاستا ـ ئاستا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

لەززەت ئالغانغا ئوخشاش تۇرمۇش داۋامىدا ئاستا ـ ئاستا جۇغلاشقا ۋە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. باشقىلارنى رەت قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۆزىمىزنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ، سەممىمىي مۇئامىلىدە بولۇپ، ۋىجدانىمىز كۆتۈرمەيدىغان ئىشنى قىلمىساقلا كۇپايە.

رەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشقا كەلسەك، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى رەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى تېخىمۇ قىيىن بولىدۇ. ئەلۋەتتە، رەت قىلىش كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەممىسى ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشتا سىنىڭ قولۇڭدىن كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى رەت قىلىدىغان بىر خىل تۇرمۇش شەكلى ۋە ئارزۇ. كالېيدوسكوپقا (بىر خىل ئوپتىكىلىق ئويۇنچۇق ) ئوخشايدىغان بۇ جەمئىيەت مۇرەككەپ ھەم قالايمىقان، ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ قاتلاملىرى ۋە يۈزى بار دېيىشكە بولىدۇ. ۋاھالەنكى، بىز ئۇلاردىن جەزمەن بىرىنى تاللىشىمىز كېرەك، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىز تاللىغان ماكانغا ئايلىنىدۇ. بىز جەزمەن ئۆزىمىزگە تەئەللۇق بولمىغان باشقا تۈردىكى تۇرمۇشنى رەت قىلىشىمىز كېرەك. بۇ بىر خىل ئىلاجسىزلىق ھەم زۆرۈرىيەت. مەسىلەن، بىزگە ئوخشاش ئاددىي پۇقرالار ئەيش ـ ئىشرەت ئىچىدە بەزمە ـ تاماشا قىلىدىغان تۇرمۇشنى رەت قىلىشىمىز لازىم. بىز ئۇنداق تۇرمۇشنى نېمە ئۈچۈن رەت قىلىدىغانلىقىمىزغا نۇرغۇن سەۋەبلەرنى تېپىپ چىقىشىمىز، ھەتتا ئۇ خىل تۇرمۇشنى كەمسىتىشىمىز كېرەك. بىراق، سەۋەب باشقا گەپ، مەسىلە ئۆزىمىزنىڭ ئاشۇنداق ئىجتىمائىي قاتلامدا ياشىمىغانلىقىمىزدا. شۇڭا، ئاشۇ خىل ھەشەمەتلىك تۇرمۇشقا ئاددىي كىشىلەرنىڭ ھەۋەس قىلماي قېلىشى ناتايىن.

ھەرقانداق تىرىشچانلىق ئارقىلىقمۇ يەتكىلى بولمايدىغان نەرسىلەردىن كەچكىنىمىز ئەۋزەل، مانا بۇمۇ بىر خىل رەت قىلىش بولسا كېرەك ! شۇڭا، ئاددىي ئائىلىلەردىن كېلىپ چىققان قىزلار ئۇنچە ـ مەرۋايىت، زىبۇ ـ زىننەت، ئالىي كىيىم ـ كې-

چەكلەرنىڭ ئازدۇرۇشىنى رەت قىلىشنى سىناپ كۆرۈشى؛ ئاددىي ئائىلىلەردىن كېلىپ چىققان ئوغۇللار داڭلىق ماركىلىق ئاپتوموبىل، داچا، يۇقىرى مەنسەپ، يۇقىرى مائاشنىڭ ئازدۇرۇشىنى رەت قىلىشنى سىناپ كۆرۈشى كېرەك. رەت قىلىش ئارقىلىق يەڭگىلتەك كۆڭلىمىز تىنچىپ قەلبىمىزدىكى ئاشۇ ئېغىر يۈكنى چۈشۈرۈۋېتىمىز، شۇندىلا ئېغىر يۈك كۆتۈرگەن ئېشەك ھالىتىدىن قۇتۇلىمىز، بەلكى بېلىمىزنى رۇسلاپ، كىشىلىك ھاياتقا بىمالال يۈزلىنىپ، ساپ دىل، كەڭ قورساقلىق بىلەن ياشىيالايمىز.

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويۇشتىن قورقۇپ، ئىزچىل ئۆزىمىزگە زىيان يەتكۈزىمىز. ئىلگىرى مۇنداق بىر ھېكايە ئاڭلىغانىدىم: بىرەيلەن راھىبتىن ئاغرىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۇسۇلىنى سوراپتۇ، راھىب ئۇنىڭغا ئۆزى تېپىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپتۇ. بىرىنچى كۈنى راھىب ئۇنىڭ تاپقان ـ تاپمىغانلىقىنى سورىغانىكەن، ئۇ تاپالمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، راھىب ئەمرىمەرۇپ پالىقى بىلەن ئۇنى بىرنى ئۇرۇپتۇ؛ ئىككىنچى كۈنى راھىب يەنە سوراپتۇ، ئۇ يەنە تاپالمىغانلىقىنى، راھىب پالاق بىلەن ئۇنى يەنە ئۇرۇپتۇ؛ ئۈچىنچى كۈنى ئۇ يەنىلا تاپالماپتۇ، راھىب ئۇرۇش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈرگەنىكەن، بۇ ئادەم توسۇۋاپتۇ. راھىب كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئاخىر ئاغرىقنى رەت قىلىش دېگەن قائىدىنى بىلدىڭ ـ ھە» دەپتۇ. دەرۋەقە، بىزنىڭ يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەرنى توسۇشقا قۇربىمىز يەتمىسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشتىكى ئازابنى رەت قىلساق بولىدۇ.

تۇرمۇشتىكى سۆز تېمىلىرى مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ، رەت قىلىشنىڭ سەۋەبى ۋە بۇ توغرىدىكى ئىلمىمۇ شۇنداق. رەت قىلىشنى ئۆگىنىپ، ئەتىدىن ئېتىبارەن ھەر دائىم سىزدىن ياردەم سورايدىغان كىشىلەرگە ئۆزۈمنىڭمۇ ئىشى ئالدىراش، ھەربىر ئادەمنىڭ ۋاقتى قىممەتلىك بولىدۇ، دەپ ئېيتىڭ؛

ئەمگەك مېۋىگىزنى ئوغرىلاپ كەتكەن ئادەمگە ئادەمنىڭ ئەمگىكى ھۆرمەتلىنىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىڭ؛ رەھبىرىڭىزگە ئۆزىڭىزنىڭ قىممىتى بىلەن نەتىجىڭىزنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىڭىز كۆپ ئىشلىگەن خىزمەتنى ئۆزىڭىزنىڭ دەرىجىسى، مائاشى ۋە پېيى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەكلىكىنى، تېگىشلىك باشقا تۆلەم بولمىغان ئەھۋالدا ئىش ھەققىنى كۆپەيتىپ بەرمىسە تېخىمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىڭىزگە ئالمايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىڭ؛ سەۋەبسىز چاتاق تېرىغان كىشىلەرگە: «مانا بۇ خىزمەت، ئورنۇمدا سىز بولسىڭىزمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش چاتاق چىقاتتى، باشقىلارنى ھۆرمەتلىمىسەڭ باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلمەيسەن، دەپ ئېيتىڭ.»

رەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش ئۆزىنى قوغدىغانلىق، بىر خىل غۇرۇر ۋە سالماقلىق، شۇنداقلا بىر خىل ئىرادە ۋە ئىشەنچىنىڭ ئەكس ئېتىشى ھەم بىر خىل كەڭ قورساقلىق ۋە ئاقىلانىلىك. رەت قىلىشنى ئۆگىنىۋالغاندىلا چىن، ئىشانلىق ياشىغىلى بولىدۇ.

## ماختاش سەنئىتى — باشقىلارنى ماختاش بىر خىل گۈزەل ئەخلاق

ماختاشتىن ياخشى بالىلار يېتىلىدۇ.

— پىياگېت

ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ جون دېۋېي مۇنداق دېگەنىدى: «ئەتىۋارلىنىش ئۈمىدى ئىنسانلارنىڭ ماھىيىتىدىكى ئەڭ زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ.» ماركسمۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ئادەم ھەمىشە باشقىلارنىڭ جىسمىدا ئۆزىنىڭ سايىسىنى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ.» ئوبدان ئويلاپ باقايلى، غوجايىنىڭىز سىزنى

ماختىمىغىلى قانچە ئۇزۇن بولدى؟ سىز يەنە خىزمەتداشلىرىڭىز، دوستلىرىڭىز ۋە ئائىلىڭىزدىكىلەرنى ماختىمىغىلى قانچە ئۇزۇن بولدى؟

باشقىلارنى مۇۋاپىق ۋاقىتتا ماختاش پىكىر ئالماشتۇرۇشتىكى بىر خىل ياخشى ئۇسۇل. ئامېرىكىدىكى «پولات - تۆمۈر شاھى» كارنېگ 1921 - يىلى 1 مىليون دوللارلىق يۇقىرى مائاش بىلەن چارلېس سكۇللېپىنى لىدىرلىققا تەكلىپ قىلدى. نۇرغۇن مۇخبىرلار كارنېگدىن: نېمە ئۈچۈن ئۇنى تاللىدىڭىز؟ دەپ سورىغاندا، كارنېگ ئۇلارغا: «چۈنكى ئۇ باشقىلارنى مەدھىيەلەشنى ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ، بۇ ھەم ئۇنىڭ ئەڭ پۇلغا يارايدىغان ھۈنىرى» دەپ جاۋاب بەرگەن. كارنېگ ھەتتا ئۆزىنىڭ قەبرە تېشىغىمۇ: «بۇ يەردە ئۆزىدىنمۇ ئەقىللىك كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ خۇش قىلىشنى بىلىدىغان بىر ئادەم ياتىدۇ» دەپ يازغۇزغانىدى.

بىز بۇ دۇنيادا بولىكا، گۈرۈچتىن باشقا نەرسىلەرگە موھتاج. بۇنى سىز ياكى مەن ياكى قانداقتۇر ئىلاھلار بەلگىلىيەلەيدىغان ئىش ئەمەس، بۇ بەلكىم بىزنىڭ تەبىئىتىمىز بولسا كېرەك! سىز باشقىلارنىڭ (دادىڭىز، ئاپىڭىز بولۇشى مۇمكىن) تۇنجى قېتىم سىزنى ماختىغان ۋاقتىنى ئەسلىيەلەمسىز؟ ئاشۇ چاغدا ئۆزىڭىزنىڭ ھاياجاندىن ئۇخلىيالمىغانلىقىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئاشۇ چاغدىكى ئاشۇ گۈزەل تۇيغۇ ئېسىڭىزدىمۇ؟

يېشىمىزنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ باشقىلارنىڭ بىرەر ئېغىز مەدھىيەسى تۈپەيلىدىن بىر كېچە كىرپىك قاقمايدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىسە كېرەك، بىراق مەدھىيەلەرنى ئاڭلىغاندىكى گۈزەل تۇيغۇ بۇنىڭلىق بىلەن تۈگەپ كەتمەيدۇ. بىز باشقىلارنىڭ نەزىرىگە، باشقىلارنىڭ مەدھىيەسىگە موھتاج. بۇ ھەممىلا ئادەمدە بار ئارزۇ. ئوخشاشلا باشقىلارمۇ بىزنىڭ مەدھىيەلىشىمىزگە تەشنا. شۇڭا، باشقىلارنى مەدھىيەلەش كىشىلىك ئالاقىدىكى ئەڭگۈشتەرىڭىز بولۇپ قالىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئامېرىكىنىڭ سودا ساھەسىدە يىللىق مائاشى ئەڭ دەسلەپتە 1 مىليون دوللاردىن ئاشقان كىشىلەرنىڭ بىرى چارلېس سكوللېي ئىدى. ئۇنى 1921 ـ يىلى كارنېگ يېڭىدىن تەشكىللەنگەن ئامېرىكا پولات ـ تۆمۈر شىركىتىنىڭ تۇنجى لىدېرلىقىغا تاللىدى، ئەينى چاغدا ئۇ 38 ياشتا ئىدى.

نېمە ئۈچۈن پولات ـ تۆمۈر شاھى كارنېگ سكوللېيغا 1 مىليون دوللار، يەنى كۈنىگە 3000 دوللاردىن ئىش ھەققى بېرىدۇ؟ سكوللېي تالانت ئىگىسىمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ پولات ـ تۆمۈر ياسىمىچىلىقى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرى باشقىلارنىڭكىدىن كۆپمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. سكوللېينىڭ قول ئاستىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پولات ـ تۆمۈر ياسىمىچىلىقى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرى ئۇنىڭكىدىن خېلىلا كۆپ.

سكوللېي ئۆزىنىڭ يۇقىرى مائاش ئېلىشىدىكى سەۋەبنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «مېنىڭ بۇنچە كۆپ مائاشقا ئېرىشىشىمدە ئاساسلىقى مېنىڭ باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىكى ماھارىتىم سەۋەب بولدى. مېنىڭچە، مېنىڭ ئاشۇ خىزمەتچىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرەلەيدىغان ئىقتىدارىم. مېنىڭدىكى ئەڭ زور كاپىتال. ھالبۇكى، بىر ئادەمنىڭ ئىقتىدارىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى ئۇنى ماختاش ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىشتىن ئىبارەت».

«بىر ئادەمنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى ئۇجۇقتۇرۇشتا رەھبىرىنىڭ تەنقىدىدىنمۇ كۈچلۈك نەرسە بولمىسا كېرەك. مەن ئەزەلدىن ھەرقانداق ئادەمنى تەنقىدلىمەيمەن. مەن باشقىلارنى خىزمەتكە رىغبەتلەندۈرۈشنى قوۋۋەتلەيمەن. شۇڭا، مەن ئېۋەن تېپىشتىن بىزارمەن، ماختاشنى ياخشى كۆرىمەن. ياخشى كۆرۈشكە توغرا كەلسە سەمىمىيلىك بىلەن ماختاشنى، كەڭ قورساقلىق بىلەن تەرىپلەشنى ياخشى كۆرىمەن».

مانا بۇ سكوللېينىڭ ئۇسۇلى. بۇ سۆزلەرگە ھەقىقەتەن

ئەمەل قىلالايدىغان بولساق، ئۇ سىز ۋە مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى ئۆزگەرتىدۇ. بىراق، ئادەتتە كىشىلەر قانداق قىلىۋاتىدۇ؟ دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر بىرەر ئىشنى ياقتۇرمىسا ھە دەپ ئۇنىڭدىن ئېۋەن ئىزدەيدۇ؛ ئەگەر ياخشى كۆرسە ھېچ نەرسە دېمەيدۇ. «بىرىنچى قېتىمدا خاتا قىلغاندىم، دەرھال ئەيىبلىگەن ئاۋازلارنى ئاڭلىدىم، ئىككىنچى قېتىم توغرا قىلغاندىم، ھېچقانداق ماختاش ساداسىنى ئاڭلىمىدىم» دېگەندەك ئىش بولىدۇ.

سەمىمىي ماختاش روككېفېللېرنىڭ كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ سىرى. ئۇنىڭ شېرىكى ئېدۋارد بېرفو ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ، جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى بىر قېتىملىق سودىدا شىركەتنى 1 مىليون دوللار زىيانغا ئۇچراتقاندا، روككېفېللېر ئۇنى تازا ئەيىبلىسە بولاتتى، بىراق ئۇ بېرفونىڭ بار كۈچى بىلەن تىرىشقانلىقىنى، شۇنداقلا ۋەقەنىڭ يۈز بېرىپ بولغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇنى ماختىغۇدەك گەپلەرنى تېپىپ، مەبلەغ سوممىسىنىڭ 60%ىنى تولۇق ساقلاپ قالغانلىقىنى تەبرىكلىدى. روككېفېللېر مۇنداق دېدى: «نېمىدېگەن قالتىس! تەلىيىمىز ھەر قېتىمدا بۇنداق كېلىۋەرمەيدۇ».

ماختاش بىلەن خۇشامەتچىلىكنىڭ قانداق پەرقى بار؟ ناھايىتى ئاددىي. بىرى سەمىمىي بولىدۇ، بىرى سەمىمىي بولمايدۇ؛ بىرى دىلدىن چىقىدۇ، بىرى چىشنىڭ ئارىلىقىدىن چىقىدۇ؛ بىرىدىن ئالەمدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى زوقلىنىدۇ، يەنە بىرىنى كىشىلەر نەزەرگە ئالمايدۇ. چىن دىلىدىن ماختاش ھاياتتا قارشى تەرەپكە ئەڭ ئىللىقلىق ھېس قىلدۇرىدىغان، ئەمما ئۆزىدىن ھېچقانداق چىقىم بولمايدىغان سوۋغات. قارشى تەرەپنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆڭلىڭىز بىلەن كۆزەتكىنىڭىزدە ھەمدە چىن كۆڭلىڭىزدىن ماختىغىنىڭىزدا دوستانە مۇناسىۋەت

تەدرىجىي ئورنىتىلىدۇ، جۇغلىنىدۇ. ئاشىق ـ مەشۇقلار ئارىسىدىكى ماختاش مۇھەببەتنى تېخىمۇ ياشارتىدۇ؛ قانداشلار ئوتتۇرىسىدىكى ماختاش ئائىلىنى تېخىمۇ بەختىيار قىلىدۇ. نۇرغۇن تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، ماختاشقا تولغان مۇھىتتا چوڭ بولغان كىشىلەر ئۆزىگە بىرقەدەر ئىشىنىدۇ، دائىم ئوقۇتقۇچىسى ماختايدىغان باللارنىڭ دەرس نەتىجىسى ياخشىراق بولىدۇ، ھەتتا دېھقان قىرىمدا ماختىغان سىيىرمۇ تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى سۈت بېرىدۇ.

باشقىلارنى ماختاش بىر خىل گۈزەل ئەخلاق، بىراق كىشىلەر بۇ گۈزەل ئەخلاققا ئىختىيارسىز سەل قارايدۇ. يېزىلىق بىر ئايال ئائىلىسىدىكىلەر بىر كۈن جاپالىق ئەمگەك قىلىپ قايتقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر دۆۋە ئوتنى قويۇپتۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرى قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئالجىپ قالدىڭمۇ دېيىشىپتۇ. ئۇ: — ھە، دىققەت قىلىدىغانلىقىڭلارنى ئويلىماپتىمەن، 20 يىلدىن بۇيان سىلەرگە تاماق ئېتىپ كېلىۋاتىمەن، ئەمما مۇشۇ 20 يىلدا ھېچكىم ماڭا ئۆزلىرىنىڭ يەۋاتقىنىنىڭ ئوت ئەمەسلىكىنى ئېيتقىنى يوق، — دەپتۇ.

بەزىلەر بىرنەچچە يىل ئىلگىرى «خوتۇن نېمە ئۈچۈن ئائىلىدىن چىقىپ كېتىدۇ؟» دېگەن تېمىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇلار ئېرىشكەن مۇھىم نەتىجىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ «ماختاش ۋە ئېتىبار بېرىش يېتەرسىز» دېگەن سەۋەب ئىكەن. شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، ئېرى نېمە ئۈچۈن ئائىلىدىن چىقىپ كەتتى؟ دېگەن تېمىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىلسا ئۇنىڭدىنمۇ ئوخشاش نەتىجە چىقىدۇ. بىز دائىم باشقىلارنىڭ قىلغانلىرىنى قىلىشقا تېگىشلىك ئىش دەپ قاراپ، ئۇلارنى ناھايىتى ئاز ماختايمىز ۋە ئۇلارغا كۆپ ئەھمىيەت بەرمەيمىز.

ئىشنى ئەتراپىمىزدىكى ئۆششاق ئىشلاردىن باشلايلى!
كېيىنكى قېتىم رېستوراندا ئېسىل قورۇمىدىن بىرنى

يېگىنىڭىزدە، بۇ قورۇمىنىڭ ئوبدان قورۇلغانلىقىنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ ھەمدە بۇ سۆزنى ئۇستامىغا يەتكۈزۈڭ. كۇنبويى ھېرىپ ـ ئېچىپ يۇرگەن مال ساتقۇچى سىزگە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇنى ماختاڭ. ۋاقىت ئۇزارغانچە باشقىلارنى ماختاشنىڭمۇ ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى ھەيرانلىق ئىچىدە بايقايسىز.

## گەپ ـ سۆزى ۋە چىرايىغا قاراپ ئىش تۇتۇش ـــ چوقۇم ئۆگىنىشكە تېگىشلىك دەرس

ئەقىل ـ پاراسەتنى تەتبىقلاشتا ئادەمنى چۈشىنىشتىنمۇ قىيىن ئىش يوق.

ـــ زىگۇڭ

مەشھۇر پەيلاسوپ ۋىتگېنشتېين ئىنتايىن قىزىقارلىق مۇنداق بىر مىسالنى تىلغا ئالغانىدى: «نېمە ئۇچۇن ئادەم ئاغرىغان قىياپەتكە كىرىۋالالايدۇ، ئەمما ئىت ئۇنداق قىلالمايدۇ؟» ناھايىتى ئاددىي، چۇنكى ئادەم ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تىل ئارقىلىق يوشۇرالايدۇ. ئىتنىڭ تىلى بولمىغاچقا، ئۆزىنىڭ ئىپادىسى ئارقىلىق تەسىراتىنى بىۋاسىتە ئىپادىلەيدۇ. تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئادەم باشقىلارنى ئالدىيالايدۇ، ئىت ئۇنداق قىلالمايدۇ. شۇڭا، بۇ دۇنيادا ھەپىلىشىش ئەڭ قىيىنى ئادەم، چۈشىنىش ئەڭ قىيىنىمۇ ئادەم.

«كۇڭزىنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرى»دە ئەقىل ـ پاراسەتنى تەتبىقلاشتا ئادەمنى چۈشىنىشتىنمۇ قىيىن ئىش يوق، دېگەن گەپ بار. كۇڭزى بۇ سۆز ئارقىلىق ئادەمنى بىلىشنىڭ ئىنتايىن قىيىنلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. ئەل ئارىسىدىكى «ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بولمايدۇ» دېگەن سۆزمۇ مۇشۇ مەنىنى بىلدۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىكى
www.uyghurkitap.com

يۇقىرىقى ھېكمەتلىك سۆز بىزگە مۇنداق ئۈچ ئۇچۇرنى يەتكۈزىدۇ: بىرىنچى، باشقىلارنى چۈشىنىش، كۆزىتىش ئىنتايىن قىيىن؛ ئىككىنچى، باشقىلارنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسەت بولۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، باشقىلارنى كۆزىتەلەيدىغان ئەقىل - پاراسەت بىر خىل ئالىي ئەقىل - پاراسەت ھېسابلىنىدۇ.

باشقىلارنى كۆزىتىشتە قارشى تەرەپ ئاشكارىلىغان يىپ ئۇچلىرىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى توغرىسىدا ئۇنۇملۇك ھۆكۈم چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنى، بىز دەۋاتقاندەك، گەپ - سۆزى ۋە چىرايىنى كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەنسەن، گەپ - سۆزى ۋە چىرايىغا قاراپ ئىش تۇتۇش كېرەك. شۇڭا، بۇ سەن چوقۇم ئۆگىنىشكە تېگىشلىك دەرس. پىسخولوگلار مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيادىكى بىلىملەر ئىچىدە ئەڭ ئۆگىنىشكە تېگىشلىكى باشقىلارنى قانداق كۆزىتىش توغرىسىدىكى بىلىم».

باشقىلارنى ئىدارە قىلىشقا ماھىر، شۇنداقلا كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ماھىر ھەر قانداق بىر ئادەم ئوخشاشلا گەپ - سۆزى ۋە چىرايىغا قاراپ ئىش تۇتۇشقا، باشقىلارنىڭ قىياپەت تىلىنى كۆزىتىشكە ھەمدە مۇناسىپ ھۆكۈم چىقىرىشقا ۋە ئىنكاس قايتۇرۇشقا ماھىر كىشىلەردۇر. تېبابەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار گەپ - سۆزى ۋە چىرايىنى كۆزىتىشنى بىلمىسە، ئادەم بەدىنىدىكى مەلۇم غەلىتە ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتەلمەيدۇ، كېسەلنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىنى بىلەلمەي، ئۇنىڭغا دىياگنوز قويالمايدۇ ۋە ئۇنى داۋالىيالمايدۇ؛ سودىگەرلەر خېرىدارنىڭ گەپ - سۆزى ۋە چىرايىنى كۆزىتىشنى بىلمىسە، قارشى تەرەپنىڭ پسىخىكىلىق ھالىتىنى ياخشى بىلەلمەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمدە خاتالىق چىقىدۇ ياكى مۇناسىپ زىيان كۆرۈلىدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتقاندا، قارشى تەرەپنىڭ گەپ - سۆزى ۋە چىرايىنى كۆزىتىش ئادەمنىڭ قارشى تەرەپنىڭ يوچۇقلىرىنى

بىلىۋېلىشىغا، ھەتتا ئالدىنىپ قالماسلىقىغا ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، يالغان، ساختا، ناچار تاۋارلارنى ئالساق، ئىستېمالچىلار كۆزىتىشنى بىلمىسە، ئۇنىڭ تاۋار ماركىسى، ئىقتىدارى، باھاسى قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان مەسىلىلەرگە دىققەت قىلمىسا، پۇلنى بىھۇدە خەجلەپ ناچار مال سېتىۋالىدۇ. شۇڭا، ئادەمنىڭ قىلنى قىرىق يېرىپ، بەلگىسىدىن ماھىيىتىگە يېتىشى، ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ئۇششاق ئۆزگىرىشلەرنى ھەر ۋاقىت كۆزىتىدىغان پىسخىكىلىق ھالەتنى ساقلىشى لازىم، مۇشۇنداق بولغاندىلا كىچىككى كىشىلىك مۇناسىۋەتتىن چوڭى كەسپكىچە ھەممىدە تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرالايدۇ.

«گەپ - سۆزى ۋە چىرايىنى كۆزىتىش»تە كۆپ ھاللاردا «كىشىنىڭ رايىغا بېقىش» مەقسەت قىلىنىدۇ، شۇڭا كىشىلەر بۇ خىل ئالاقە ۋاستىسىنى خۇشامەتچىلىك، تەخسىكەشلىك قىلىش، شامالغا قاراپ ئىش تۇتۇش، دەپ قارايدۇ. شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، گەپ - سۆزى ۋە چىرايىنى كۆزىتىپ ئىش تۇتۇش دەرۋەقە جاھاندارچىلىقتا چوقۇم ئۆگىنىشكە تېگىشلىك تېما، ئەمما بۇنىڭدا ئادەمنىڭ شامالغا قاراپ كېمە سالىدىغان، خۇشامەتچىلىك قىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇشى تەشەببۇس قىلىنمايدۇ، ئىنسانىي غۇرۇرغا زىيان يەتمىگەن ئەھۋالدا جانلىق ئالاقە تەدبىرلىرى كۆپرەك بولسا ئۆزىنى قوغدىيالايدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى قارشى تەرەپنى بىز ئۇچۇن ئىش بېجىرىشنى خالايدىغان قىلىدۇ، مۇناسىۋەت قاتماللىشىپ قالمايدۇ، زىددىيەت كۆپىيىپ كەتمەيدۇ.

چىڭ سۇلالىسى 24 تارىخنى تۈزگەندە، چيەنلۇڭ خان بۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، دائىم ئۆزى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپتۇ، ھەربىر خاتالىقنى بايقىغاندا كۆڭلىدە ئىنتايىن خۇشاللىنىپتۇ. خې شېن بىلەن باشقا ۋەزىرلەر چيەنلۇڭ خاننىڭ بۇ خىل پىسخىكىسىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۆچۈرۈپ بېرىلگەن ئارگىنالنىڭ كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان جايىغا

قەستەن بىرنەچچە خەتنى خاتا كۆچۈرۈپ بېرىپتۇ. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق چيەنلۇڭ خاننىڭ مەلۇماتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ناھايىتى ئاسانلا ئەكس ئەتكۈزۈلۈپتۇ، بۇنىڭ ئۇنۇمى چيەنلۇڭ خاننىڭ مەلۇماتىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى يۈزبەدىن يۈزگە ئېيتىپ خۇشامەت قىلغانغا قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى بوپتۇ. خان تۈزەتكەن ئارگىنالغا ئەلۋەتتە باشقىلار قايتا تېگەلمەيدۇ، چيەنلۇڭنىڭمۇ ئۆزگەرتەلمىگەن جايلىرى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ خاتالىقلار ھازىرغا قەدەر يېتىپ كەلدى، بۈگۈن بىز كۆرۈۋاتقان ئوردا نۇسخىسىدىكى نۇرغۇن خاتالىقلار مانا مۇشۇنداق شەكىللەنگەن.

خې شېن مەككار ئادەم بولۇپ، ئۆزى چېچەن بولغاچقا، چيەنلۇڭ خاننىڭ پسىخىكىسىنى تۇتۇۋېلىشقا ماھىر، ئۇ دائىم مۇۋاپىق شەكىللەرنى تاللاپ خاننىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ. ئۇ يەنە چيەنلۇڭ خاننىڭ مىجەزى، قىزىقىشى، تۇرمۇش ئادىتىنى تەپسىلىي كۆزەتكەن ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلغان، بولۇپمۇ خاننىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى ۋە نەپرەتلىنىدىغىنى قاتارلىقلارنى بەش قولدەك بىلىدۇ. چيەنلۇڭ خان نېمە ئويلىغان بولسا تېخى ئاغزىدىن چىقارمايلا خې شېن ئۇنى بىلىپ بولىدۇ، ئىشلارنى خاننىڭ كۆڭلىدىكىدەك ناھايىتى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ خاننىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن.

خې شېن تارىختىكى چوڭ پارىخور، ئۇنى كىشىلەر نەزىرىگە ئالمايدۇ، بىراق كىشىلىك ئالاقىدە دەرۋەقە پىر ئۇستاز دەرىجىلىك ماھىر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ چيەنلۇڭ خاننىڭ كۆڭلىنى ئالالىغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن نەپكە ئېرىشكەن.

تارىختا ھەم ئەقىللىق، ھەم قابىلىيەتلىك ئادەملەردىن ئەڭ ئاخىرىدا كاللىسى تېنىدىن جۇدا بولغانلىرى خېلىلا نۇرغۇن. مەسىلەن، ياڭ شۇنى ساۋ ساۋ ئۆلتۈردى، خەن شىننى لۈ خۇ تۇزاق قۇرۇپ يوقاتتى. سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسەك، گەرچە ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى بولسىمۇ، لېكىن جاھاندارچىلىق يولىنى، گەپ ـ سۆزى ۋە چىرايىغا قاراپ ئىش تۇتۇشنى، باشلىقىنىڭ

رايىغا قاراشنى بىلمىگەنلىكى ئۇچۇن زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. رېئال تۇرمۇشتا گەپ ـ سۆزى ۋە چىرايىغا قاراپ ئىش تۇتۇشنى ئۆگىنىۋېلىش بەزى ۋاقىتلاردا ھەقىقەتەن زۆرۈر.

بىر مۇخبىر يېڭى زېللاندىيە بىلەن يېڭىلا مۇسابىقىلىشىپ قايتقان جۇڭگو دۆلەتلىك پۇتبول كوماندىسىنىڭ ئەزالىرىنى زىيارەت قىلغىلى كەپتۇ. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا دەم ئېلىش ئۆيىدىكى كەيپىياتنىڭ بۇرۇقتۇرمىلىقنى، ۋاراتارنىڭ چىرايىنىڭ تۇتۇلۇپ، كۆزلىرىنىڭ چەكچىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال بۇ قېتىمقى زىيارەتنى بىكار قىپتۇ. بۇ مۇخبىر سورۇشتۇرۇپ دۆلەت كوماندىسىدىكىلەرنىڭ يېڭىلىپ قېلىپ، قورساق كۆپۈكىدە تۇرغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئەگەر ئۇ شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ چىرايىغا قارىماي، يېڭىلىپ قالغان «گېنېرال»لارنى چوقۇم زىيارەت قىلماقچى بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەيتتى. دېمەك، بۇ مۇخبىرنىڭ «بۇلۇتقا قاراپ ھاۋا رايىنى بىلىش» تەجرىبىسىنى ئىنتايىن مول دېيىشكە بولىدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ئىنتايىن كۆپ، قىسقىسى گەپ ـ سۆزى ۋە چىرايىغا قاراپ ئىش تۇتۇش ئىنتايىن مۇھىم، ئۇنى ھەربىر ئادەم تەتبىقلاشنى ئۆگىنىۋېلىشى ھەمدە ھەربىر ئادەمگە تەتبىقلىيالىغۇدەك ئۆگىنىۋېلىشى مۇھىم. ئۆزۈڭ دۇرۇس بولساڭ، دىلىڭ ساپ بولسىلا گەپ ـ سۆزى ۋە چىرايىغا قاراپ ئىش تۇتۇش پەسكەشلىك بولمايدۇ. ھەرقانداق ئەھۋالغا سالماقلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇش لازىم، ھەرقانداق ئىشتا گەپ ـ سۆزى ۋە چىرايىغا قاراپ ئىش تۇتقاندا، سەۋەنلىكتىن خالىي بولۇپ تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرغىلى بولىدۇ.

قەدىمكىلەردە «كەيپىيات ئوبدان بولسا سۇمۇ تاتلىق تېتىيدۇ» دەيدىغان گەپ بار. ئادەم خۇشال بولغاندا روھىي ھالىتى ئازادىلىشىدۇ، ئېگىز ئىمارەتلەرنى كۆرسە ئېسىگە «قاتۇرۇلغان مۇزىكا» كېلىدۇ؛ مىغىلداپ كەتكەن ئادەم ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماشىنىلارنى كۆرسە «قايناۋاتقان مۇزىكا»نى ئېسىگە ئالىدۇ. كەيپىيات ياخشى ۋاقىتلاردا باشقىلارنى ئاسان ئەپۇ قىلىدۇ، باشقىلارغا يول قويىدۇ، كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە ياردەم بېرىدۇ ھەم باشقىلار بىلەن سىردىشىشنى خالايدۇ، باشقىلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ، ھەتتا كۈچۈك ئۇچراپ قالسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىدۇ؛ خاپىلىق باسقاندا روھىي ھالىتى بۇرۇقتۇرمىلىشىدۇ، بۇ چاغدا «6 ـ سىمفونىيە» مۇ شاۋقۇن ئاۋازدەك بىلىنىدۇ.

ئەگەر ھەر بىر ئادەم ئالاقىدە باشقىلارنىڭ گەپ ـ سۆزى ۋە چىرايىنى كۆزىتىپ ئىش تۇتۇپ، ئالدىدىكى قارارىنى ۋاقتىدا ئۆزگەرتىپ، ۋاقتىدا چېكىنسە ياكى ئىلگىرىلىسە ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنى لايىقىدا بىرىكتۈرسە ياكى پارچىلىسا ئۇنداقتا ئىشىنىڭ ئۈنۈمى جەزمەن ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ.

## كىرپە قانۇنى ــ كىشىلىك ئالاقىدە ئارىلىقنى ئوبدان ئىگىلەش كېرەك

دۇنيادا نادان كىشىلەر ۋە ئاياللار بىلەن بىللە ئۆتۈش ئەڭ قىيىن، ئۇلارغا بەك يېقىنلىشىپ كەتسەڭ سېنى ھۆرمەت قىلمايدۇ، يىراقلاپ كەتسەڭ ئۆچمەنلىك پەيدا بولىدۇ.

ــ كۇڭزى

«نادانلار» بىلەن بىللە ئۆتۈش ناھايىتى قىيىن، بىراق بۇنداق كىشىلەر ھەممىلا جايدا ئۇچرايدۇ، بىللە ئۆتۈش قىيىن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلار بىلەن ئارىلىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، «نادان كىشىلەر» بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش بىر خىل ئىقتىدار، بىر خىل ئەقىل ـ پاراسەت ھېسابلىنىدۇ، نادانلار بىلەن بىللە تۇرۇش قىيىن دېگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ ئەخلاق ـ

پەزىلىتىدە نۇقسان بار، دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ قانداق ھەربىكەت سادىر قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنى ئىدراكسىز دېسەك، ئۇلار ئاجايىپ ئەمەلىي، ئۇلارنى ئىدراكلىق دېسەك بەزىدە ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ.

ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا چىقىشىپ ئۆتۈش قىيىن بولغىنى يالغۇز «ئاياللار» ۋە «نادانلار»لار بولماستىن، بەلكى كۆندىلىك ئالاقە كىرىزىسىمۇ باردۇر. كۆڭزىنىڭ دېگىنىدەك «ئۇلارغا بەك يېقىنلىشىپ كەتسەڭ سېنى ھۆرمەت قىلمايدۇ.» بۇ سۆز بىزگە كىشىلىك ئالاقە قانۇنى، يەنى ئادەم بىلەن ئادەم بەك يېقىن بولۇپ كەتمەسلىكى ھەم بەك يىراق بولۇپ كەتمەسلىكى، ئۆلچەمنى ئوبدان ئىگىلەپ، يىراقمۇ - يېقىنمۇ بولمىغان ئارىلىقنى ساقلىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ ھەم دائىم دەيدىغان «ماداراچىلىق يولى».

مۇنداق بىر ھېكايە بار ئىكەن: ئورمانلىقتا ئىككى كىرپە توڭلاپ تىترەپ كېتىپتۇ، ئۇلار ئىسسىنىش ئۈچۈن بىر - بىرىگە چاپلىشىپ تۇرۇپتۇ، بىراق بىر - بىرىنىڭ تىكىنىنىڭ سانجىلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي تېزلا نېرى تۇرۇپتۇ. بىراق، ھاۋا بەك سوغۇق بولغاچقا، ئۇلار يەنە بىر - بىرىگە چاپلىشىپ ئىسسىنماقچى بوپتۇ، لېكىن بىللە تۇرغاندىكى ئاغرىق تۈپەيلىدىن ئۇلار يەنە نېرىراق تۇرۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇلار مانا مۇشۇنداق گاھ يېقىن، گاھ نېرى تۇرۇپ، سوغۇق ۋە تىكەندىن ئىبارەت ئىككى خىل ئازاب ئارىسىدا قاپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، كىرپە لايىقىدا ئارىلىقنى تېپىپ چىقىپتۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ھەم ئىسسىنىپتۇ، ھەم تىكەنلىرى بىر - بىرىگە سانجىلماپتۇ.

«كىرپە قانۇنى» دېگىنىمىز، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇئامىلە قىلىش جەريانىدىكى «پسىخىكىلىق ئارىلىق ئېففېكتى»نى كۆرسىتىدۇ. قىزغىن بولۇش، ئەمما مۆتىدىل بولماسلىق، سىپايە بولۇش، ئەمما سوغۇق بولماسلىق، بۇ كىشىلىك ئالاقىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەشەببۇس قىلىنىشى كېرەك. ئارىلىق بەك يېقىن بولۇپ كەتسە كىشىلەر كۆپ ھاللاردا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرەلمەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئېنىق كۆرەلمەسلىك تۇپەيلىدىن خاتا ھۆكۈم چىقىرىدۇ، شەيئىلەر تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتكەندە ئەسلىگە قايتىدۇ؛ ئارىلىق بەك يىراق بولۇپ كەتسە ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا زۆرۈر ئىشەنچ يېتەرسىز بولىدۇ، ئادەمگەرچىلىكمۇ سۇسلىشىدۇ، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ سوغۇقلىشىدۇ، بۇنداق ئەھۋالنى ھېچكىم كۆرۈشنى خالىمايدۇ. شۇڭا، ئومۇمەن ئىشلاردا ئۆلچەم بولۇشى، مەلۇم ئارىلىق ساقلىنىشى، ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق مۇستەقىل بوشلۇقى بولۇشى كېرەك، مانا بۇ دوست تۇتۇشنىڭ قائىدىسى.

1974 - يىلى پسىخولوگ خومانس مۇنداق كۆرسەتكەندى: ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇئامىلە ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئىجتىمائىي ئالماشتۇرۇش، بۇ خىل ئالماشتۇرۇش بازاردىكى تاۋار ئالماشتۇرۇشتا رىئايە قىلىدىغان پرىنسىپقا ئوخشاش، يەنى ھەممە ئادەم مۇئامىلە داۋامىدا قىلغان ئەجرىگە تۇشلۇق نەرسىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەجرىگە تۇشلۇق بولۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئېرىشكىنى ئەجرىدىن كۆپ بولسىمۇ، ئادەمدە پسىخىكىلىق تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلىدۇ.

كىشىلىك مۇئامىلىدە مەلۇم ئۆلچەم بولۇشى لازىم، ئىجتىمائىي ئالاقە چەمبىرىكىگە يېڭى كىرگەن كىشىلەر دائىم «ياخشى ئىشنى بىر قېتىمدىلا قىلىپ تۈگىتىۋېتىش» خاتالىقىنى سادىر قىلىدۇ، ئۇلار پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن قارشى تەرەپكە ئىش قىلىپ بەرسەم مۇناسىۋەت ئىناقلىشىدۇ، قويۇقلىشىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىش ئۇنداق بولمايدۇ. چۈنكى، ئادەم ھە دەپ باشقىلارنىڭ بەرگىنىنى قوبۇل قىلىۋەرسە پسىخىكا جەھەتتە تەڭپۇڭسىزلىق ھېس قىلىدۇ. ئەگەر ياخشى ئىشنى بىر قېتىمدىلا قىلىپ تۈگىتىۋېتىپ، ئادەمگە جاۋاب قايتۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ياكى جاۋاب قايتۇرۇشقا پۇرسەت

يوقلۇقىنى ھېس قىلدۇرسىڭىز، ئۇنىڭدىكى خىجىللىق تۇيغۇسى ئۇنى سىزدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ ياخشى ئىشنى بىر قېتىمدىلا تۈگىتىۋەتمەسلىك لازىم، مانا بۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم قائىدە بولۇشى مۇمكىن.

ئىمكانىيەت قالدۇرۇشتا مۇۋاپىق ئارىلىقنى ساقلاش لازىم، چۈنكى ھەربىر ئادەمنىڭ دىلى ئازراق بوشلۇققا ئېھتىياجلىق. ئەگەر باشقىلارغا ياردەم بەرمەكچى بولسىڭىز، شۇنداقلا باشقىلار بىلەن مۇناسىۋىتىڭىزنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرماقچى بولسىڭىز، ئۇنداقتا ئىچكى بېسىم تۈپەيلىدىن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى يىراقلاشتۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇنىڭغا سىزگە جاۋاب قايتۇرغۇدەك مۇۋاپىق پۇرسەت بېرىشىڭىز كېرەك. ھالبۇكى، «سېلىنما زىيادە كۆپ» بولۇپ كېتىپ، قارشى تەرەپكە ئۆزىنى ئوڭشىۋالغۇدەك پۇرسەت بەرمىگەندە، قارشى تەرەپنىڭ دىلى بۇرۇقتۇرما بولىدۇ. ئىمكانىيەت قالدۇرغاندىلا ئىككى تەرەپ ئەركىن نەپەس ئالالايدۇ، مانا بۇ «كىرپە قانۇنى»نىڭ بىزگە ئېيتىپ بەرگىنى.

دائىم ئويلاپ يېپىشىۋالماسلىق، بىراقلا ئەستىن چىقىرىپ ئۇنتۇپ قالماسلىق، مانا مۇشۇنداق دوستلۇقلا ئۇزاققا داۋاملىشىدۇ. رېئاللىقتىكى كىشىلىك ئالاقىدە مەيلى ئاشىق - مەشۇق ۋە دوستلار بولسۇن، مەيلى خىزمەتداش ۋە ھەمراھلار بولسۇن كۈنبويى بىللە بولۇۋېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، بىر مەزگىللىك قىزغىنلىق، بىر مەزگىللىك سوۇسلۇق، خۇشامەت بولمىغان ساداقەتمەنلىك ئادەمگە ئىللىقلىقنى ھېس قىلدۇرىدۇ، مانا بۇ ئەڭ ياخشى ھالەت. ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق خىزمىتى ۋە تۇرمۇشى بولىدۇ، «ئولتۇرۇپ گەپ سېتىش» تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر قىسمى، ئۆلچەمنى ياخشى ئىگىلىگەندىلا، دوستلۇق گۈللىرىنى پورەكلەتكىلى بولىدۇ.

«كىرپە قانۇنى» بىزگە مۇنداق بىر قائىدىنى ئۇقتۇرىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەنى مۇۋاپىق ئارىلىق بولغاندىلا ئادەم ئازادىلىك ھېس قىلىدۇ. ئادەمنىڭ پىسخىكىلىق جەريانى بىر خىل ئىنتايىن نازۇك جەريان، كۆنبويى ئايرىلمايدىغانلارنىڭ ئەڭ ياخشى دوستلاردىن بولۇشى ناتايىن. ئىنتېرنېت يۈكسەك تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە توردىكى دوستلۇق تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ، كۆرۈشسەك ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ مۇڭدىشىپ، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى شادلىقتا ئېرىشىمىز، ئۇزاقىچە كۆرۈشمىسەك سېغىنىش سۇسلىشىدۇ، زىيادە قىزغىنلىق ياكى زىيادە سوغۇق مۇئامىلە ئادەمنى بىئارام قىلىدۇ. مۇشۇ ئۆلچەمنى ئۇبدان ئىگىلىگەندىلا ھەقىقىي ئۇزاققا داۋاملىشىدىغان دوستلۇققا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

«كىرپە قانۇنى» ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھەربىر ئادەم مۇستەقىل تەن. خاسلىقى يوق ئادەملەر ۋە تولىمۇ مەنمەنچى ئادەملەرگە بىز ئىنتىلمەيمىز، «كىرپە قانۇنى»نى توغرا چۈشىنىپ، ئۇنى مۇۋاپىق تەتبىقلىغاندىلا، كىشىلىك ئالاقە ئۆلچىمىنى ئوبدان ئىگىلەپ، ئىللىقلىق ئىچىدە ئۆتەلەيمىز.

## قۇرۇق خىيالدىن خالاس بولۇش ــ ھادىسىدىن ئۆتۈپ ماھىيەتكە قاراش

كېلىشكەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە گۈزەل قەلبنىڭ بولۇشى ناتايىن، چۈنكى ئەخلاق ـ پەزىلەت ئادەمنىڭ تاشقى قىياپىتىدە ئەمەس، بەلكى قەلبىدە بولىدۇ.

ــ شەيخ سەئدى

نەچچە يۈز يىل، ھەتتا نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، پەيلا-سوپلار ۋە دانىشمەنلەر بىزگە ئادەم ۋە شەيئىلەرگە ھۆكۈم قىلا-

غاندا يالغۇز ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتىگىلا قارىماسلىق كېرەكلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇپ كەلدى.

مۇنداق بىر مەسەل بار: بىر چىشى مۈشۈك كېلىشكەن ياش يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئىلاھە ئافرودىتىقا ئىبادەت قىلىپ، ئۆزىنى ئادەم سىياقىغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىپتۇ. ئىلاھە ئۇنىڭ چىن مۇھەببىتىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنى گۈزەل قىزغا ئايلاندۇرۇپتۇ. يىگىت بۇ قىزنى كۆرۈپلا ئاشىق - بىقارار بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىپتۇ. بىر كۈنى ئافرودىت مۈشۈكنىڭ ئادەمگە ئۆزگەرگەندىن كېيىن خاراكتېرىدە ئۆزگىرىش بولغان - بولمىغانلىقىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئۆيگە بىر چاشقاننى قويۇپ بېرىپتۇ. بۇ چاغدا مۈشۈك ئۆزىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ھېلىقى چاشقاننى چاققانلىق بىلەن تۇتۇپ ئاغزىغا ساپتۇ، ئىلاھە بۇنى كۆرۈپ قاتتىق خورسىنىپ، ئۇنى ئەسلىدىكى سىياقىغا كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇ مەسەل مىجەزنى ئۆزگەرتىشنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى، بوياپ قويۇلغان قاغىنىڭ يامغۇردا تۇرالمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بىر ئادەمنىڭ تەبىئىتىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دائىملىق مۇئامىلىدىكى تەپسىلاتلىرىنى كۆزىتىش كېرەك، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قارىماسلىق كېرەك.

«قار مەلىكە»، «ساھىبجامال بېلىق» ۋە «كۈلقىز»غا ئوخشاش ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چوڭ بولغان بىزگە ئوخشاش كىشىلەردە تاشقى قىياپىتى گۈزەل كىشىلەردىلا ساپ، ئالىيجاناب قەلب بولىدۇ، قارىماققا ۋە ئاڭلاشقا يېقىشلىق نەرسىلەرلا ئۆزىمىز ئېھتىياجلىق نەرسىلەر دەپ قاراشتەك بىر تەرەپلىمە قاراش مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بۇنى ئىنسانلارنىڭ ئاجىزلىقى دېيىشكە بولىدۇ. پەيلاسوپ باكون ئۆزىنىڭ «قورال نەزەرىيەسى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق كۆرسىتىدۇ، ئادەم ئۆمرىدە كۆپ ھاللاردا مۇنداق تۆت خىل ساختا كۆرۈنۈشكە

يولۇقىدۇ: بۇلارنىڭ ئىچىدە «غار ساختا كۆرۈنۈشى» ئەڭ گەۋدىلىك بولىدۇ، يەنى كىشىلەر شەيئىلەرنى كۆزەتكەندە ئۆزىنىڭ مىجەزى، قىزىقىشى، ئالغان تەربىيەسى، تۇرۇۋاتقان مۇھىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، مانا بۇ شەخسلەرگە خاس بىر تەرەپلىمە قاراش. مەسىلەن، تۇرمۇشىمىزدا كىشىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىمىز، شەيئىلەرنى ھادىسىدىن كۆزىتىمىز، بۇ باكون ئېيتقان «غار ساختا كۆرۈنۈشى»گە تەۋە.

پۇ سۇڭلىن «لياۋجەي رىۋايەتلىرى»دە بەتبەشىرە ئايال چياۋ نۇ توغرىسىدىكى مۇنداق ھېكايىنى بايان قىلغاندى: چياۋ نۇ پۇ سۇڭلىنىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى قىياپىتى ئەڭ بەتبەشىرە ئايال بولسا كېرەك. ئۇنىڭ پۇتى توكۇر، بۇرنىنىڭ تۆشۈكى يېرىلىپ كەتكەن، يۈزى قازاننىڭ قوڭىدەك قارا. پۇ سۇڭلىن ياراتقان ھېلىقى ساھىبجامال مۇلايىم، بىلىملىك بولۇپ، ساز، شاھمات، خەتتاتلىق، رەسساملىقتا ماھىر كاتتا ئائىلىلەرنىڭ قىزلىرى ياكى تۈلكە جىنلاردىن تولىمۇ پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بىراق، مۇشۇنداق بىر بەتبەشىرە ئايال ئېرىغا بىر ئۆمۈر ساداقەتمەنلىك بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، نۇرغۇن رىيازەت ئىچىدە بالىسىنى چوڭ قىلىدۇ، كېيىن مىڭ شېڭ ئىسىملىك بىر ئەر ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمۇ، قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر ئائىلەم ھەقىقەتەن نامرات، قورسىقىمىز تويغۇدەك تاماق يېيەلمەيمىز، ئۇچىمىز ئىللىغۇدەك كىيىم كىيەلمەيمىز، ئەگەر ساڭا ياتلىق بولسام بۇ غەملىرىمدىن خالاس بولىدىغانلىقىم ئېنىق. گەرچە مەن ھەم سەت، ھەم مېيىپ بولساممۇ، لېكىن مەندە ئادىمىيلىك پەزىلەت بار، مەن ھەرگىزمۇ ئىككى ئەرگە تەگمەيمەن، شۇنداق بولغانىكەن ماڭا ئۆيلىنىمەن دەپ تۇرۇۋالمىغىن!»

بىراق، چياۋ نۇ ھېلىقى مىڭ شېڭنى ياخشى كۆرەتتى، ھەتتا «مېنى مىڭ شېڭدىن باشقا ئادەم چۈشەنمەيدۇ» دەپ

خۇرسىناتتى. بىراق، ئۇ مۇھەببىتىنى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىغا يوشۇرۇپ، مۇھەببەت تۈپەيلىدىن قائىدىنى بۇزمايدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن مىڭ شىڭ ئېغىر كېسەل تارتىپ ئۆلىدۇ، چياۋ نۇ ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىدا قاتتىق نادامەت چېكىدۇ. ئۆكتەملەر مىڭ شىڭنىڭ يېرىنى ئىگىلىۋالماقچى بولىدۇ، مىڭ شىڭنىڭ قۇللىرىمۇ ئۇنىڭ ئۆيىدىكى نەرسىلەرنى ئوغرىلايدۇ، ئۆيدە ئۇنىڭ قېرى ئانىسى مىڭ شىڭنىڭ گۆدەك بالىسىنى قۇچىقىغا ئالغىنىچە يىغلاپ يالغۇز قالىدۇ. بۇ چاغدا چياۋ نۇ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، مىڭ شىڭنىڭ ياخشى دوستى لىن شىڭنى تاپىدۇ. چياۋ نۇنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن لىن شىڭ يېتىمنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن يامۇلغا بارماقچى بولىدۇ، ئۆكتەملەر لىن شىڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىز، دەپ گەپ تارقاتقاچقا، لىن شىڭ قورقۇپ ئوتتۇرىغا چىقالمايدۇ، مىڭ شىڭنىڭ ئىگىلىكى ئۆكتەملەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشكە ئازلا قالىدۇ.

چياۋ نۇ قارا كۈچلەرنىڭ تەھدىتىدىن قورقۇپ قالمايدۇ، ئۇ باشقىلارنىڭ ياردىمىدە مىڭ شىڭنىڭ مۈلكىنى ساقلاپ قالىدۇ. كېيىن مىڭ شىڭنىڭ ئوغلىنى بېقىپ قاتارغا قوشىدۇ، ئۇنى ئوقۇتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئۆزى بولسا بالىسى بىلەن نامراتلىق ئىچىدە بۇرۇنقىدەكلا جاپالىق كۈن ئۆتكۈزىدۇ.

چياۋ نۇ كۆڭلىنى مىڭ شىڭغا بەرگەن ھەمدە مىڭ شىڭدىن كېيىن ئايالىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆلگەندىن كېيىن ئالدىنقى ئېرى بىلەن بىر يەرگە دەپنە قىلىنىشنى قارار قىلىدۇ.

چياۋ نۇ مىڭ شىڭنىڭ توي قىلىش تەلىپىنى رەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن دەۋالىشىدۇ، ئۇنىڭ بالىسىنى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشىدۇ، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ. مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، ئەتىۋارلاش شۈبھىسىزكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇھەببەتنىڭ ئاساسى. ئۇ ھەتتا بۇ خىل ھېسسىياتتىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ ھەم ئۇنى ئىپادىلەشتىن قورقمايدۇ، ئۇ يوسۇنلارغا رىئايە قىلىدۇ ھەم يوسۇنلارنى بۆسۈپ چىقىدۇ.

پۇ سۇڭلىڭ ئەڭ ئاخىرىدا، يېشىنىڭ ئاغزى ئارقىلىق «مۇشۇنداق قەيسەرلىك ئەسلىدە ئەرلەرگە لايىق بولۇشى كېرەك ئىدى، بىراق بۇ ئايالمۇ شۇنداق قەيسەرلىك قىلالىدى، ئۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ» دەيدۇ.

چياۋ نۇنىڭ ھېكايىسى مۇنداق بىر ئاددىي ھەم چوڭقۇر قائىدىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: ئادەمنىڭ قىياپىتىگە قاراپ مۇئامىلە قىلماسلىق لازىم، گۈزەللىك ۋە رەزىللىك دىلدا بولىدۇ.

ئادەمنىڭ تاشقى قىياپىتى زادى مۇھىممۇ، ئەمەسمۇ؟ جاۋابى: مۇھىم. ئاغزىمىزدا ئېتىراپ قىلىڭ ـ قىلماڭ، چىرايلىق قىياپەت باشقىلارنىڭ نەزىرىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. بىراق، «چياۋ نۇ»نىڭ ھېكايىسىدىن كېيىن، سەت كىشىلەردىمۇ ئالتۇندەك ساپ قەلبىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايسىز. چياۋ نۇ سەت ئايال بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دىلى ساپ، گۈزەل، ئاياللاردىكى گۈزەل ئەخلاق ئۇنىڭ جىسمىدا تەلتۆكۈس ئەكس ئەتكەن.

بىز تاشقى كۆرۈنۈشتىكى گۈزەللىك ئارقىلىق بىر تال گۈل ياكى بىر كېپىنەككە باھا بېرەلەيمىز، بىراق بىر ئادەمنى بۇنداق باھالاشقا بولمايدۇ. چۈنكى، سوپى تورغاينىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ ئاۋازىدا، تورنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ رەڭدار قانات ـ قۇيرۇقىدا، ھالبۇكى ئادەمنىڭ گۈزەللىكى دىلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. باشقىلارغا مۇئامىلە قىلىشتا قىياپىتىگىلا قارىماستىن، يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا قاراش كېرەك. بەزى كىشىلەرنىڭ قىياپىتى قارىماققا ئادەمگە خۇشاللىق ئاتا قىلمايدۇ، بىراق نەزىرىڭىزنى ئۇلاردىكى تازا قاملاشقان كەتمىگەن بەش ئەزادىن كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇقنى باشتىن

ئۆتكۈزگەن ئالىيجاناب قەلبىگە يۆتكىگىنىڭىزدە ئۇلارنى ياقتۇرۇپ قالىسىز. ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتى سوغۇق بولۇپ، قەلبى يېنىۋاتقان ۋولقانغا ئوخشايدۇ.

## شىپالىق دورا ئاچچىق بولىدۇ — ئۆزىدىكى ئاجىزلىقلارغا جەڭ ئېلان قىلىش

سىنئەينەككە قاراپ كىيىم ـ كېچەكنى
تۈزەشتۈرگىلى بولىدۇ، تارىخنى ئەينەك قىلغاندا
گۈللىنىش، خارابلىشىشنى بىلگىلى بولىدۇ؛
ئادەمنى ئەينەك قىلغاندا پايدا ـ زىياننى ئايرىغىلى
بولىدۇ

— تاڭ تەيزۇڭ

«خەن فېيزى» دېگەن ئەسەردە: «دورا ئاچچىق بولسىمۇ، ئەقىللىك كىشىلەر ئۇنى تېۋىپنىڭ تاپشۇرمىسى بويىچە ئىچىۋېتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار دورىنى ئىچكەندىلا كېسەلنىڭ ساقىيىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئوخشاشلا ۋەزىرلەرنىڭ سەممىي نەسىھەتلىرى قۇلاققا ياقمىسىمۇ، بىراق دانا پادىشاھلار ئۇنى ئاڭلايدۇ، چۈنكى ئۇلار مۇشۇنداق پايدىلىق نەسىھەتلەرنى ئاڭلىغاندىلا خاتالىقنى تۈزىتىپ ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ» دېيىلگەندى.

بىز خاتالىق سادىر قىلغىنىمىزدا، كەمچىلىكىمىزنى بايقىغىنىمىزدا، سەۋەنلىك پەيدا قىلغىنىمىزدا باشقىلارنىڭ راست گېپىنى ياقتۇرمايمىز، نەسىھەتنى ياقتۇرمايمىز، تەنقىدنى تېخىمۇ ياقتۇرمايمىز. چۈنكى، بىز ئاتالمىش «غۇرۇر»ىمىزنى قوغدىشىمىز كېرەك. يۈزىمىزنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقىمىز، سەممىي گەپلەر قۇلىقىمىزغا ياقمايدۇ، ئۆزىمىز ئۈستىدە ئويلىنىشقا بىخۇدلۇق قىلىمىز، ۋاقتىدا تۈزەتمەيمىز. بۇ كېسەل بولغاندىن كېيىن دورىنىڭ ئاچچىقلىقىدىن قورقۇپ

www.uyghurkitap.com

دورا يېمەسلىككە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسى ھەممىگە مەلۇم. ئەگەر بىز سەممىي نەسىھەتكە قۇلاق سېلىپ دورا يەيدىغان جاسارەت ۋە ئىرادىگە كەلسەكلا، ئۇنداقتا نادان بولساق ئەقىللىكلىشىمىز، قورقۇنچاق بولساق باتۇرلىشىمىز، ئاجىز بولساق كۈچلۈكلىشىمىز، ھاياتتا ئۆكۈنگۈدەك ئىش قالمايدۇ!

بىراق، بۇنداق قىلالايدىغانلار ناھايىتى ئاز. دورا ئاچچىق بولسىمۇ ئۇنى يەيمىز. چۈنكى، كېسەل بولساق بەدىنىمىز بىئارام بولىدۇ، دورىنىڭ ئاچچىقىغا سەل ـ پەل چىدىساقلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىراق، قۇلاققا ياقمايدىغان نەسىھەتلەر ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، بىز ھامان شېرىن ـ شېكەر سۆزلەرگە بېرىلىپ كېتىمىز ـ دە، ئۇنىڭدىن بىئاراملىق ھېس قىلمايمىز. شۇڭا، خاراكتېر جەھەتتىكى ئاجىزلىق جىسمانىي جەھەتتىكى كېسەللىكتىنمۇ قورقۇنچلۇق، ئۇ بىزنى سەزدۇرمەيلا ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىدۇ.

مۇنداق بىر يۇمۇر بار ئىكەن: مىڭ سۇلالىسى مەزگىللىرىدە بىر تالىپ ئوقۇش پۈتكۈزۈپتۇ. خەلپىتى ئۇنىڭدىن:

— ئىلىمدە نەتىجە قازاندىڭ، جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن، باشقىلار بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولماقچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەممە ئادەم شۆھرەتپەرەس بولىدۇ، مەن ئۇچرىغانلا ئادەمنى ماختاپ ئۇچۇرماقچىمەن، — دەپتۇ تالىپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۇ خۇشامەتچىلىك ئەمەسمۇ؟ سەن سەممىي ئادەم بولۇشۇڭ كېرەك ئىدى! — دەپتۇ خەلپەت ئاچچىقلاپ.

— خاتالاشقىنىمنى بىلدىم، دۇنيادا مېھرىبان ئۇستازىمدەك خۇشامەت سۆزلىرىنى ياقتۇرمايدىغان دانىشمەنلەر يەنە بارمىدۇ؟ — دەپتۇ تالىپ ئالدىراپ ـ تېنەپ.

— دۇرۇس، دېگىنىڭ دۇرۇس! — دەپتۇ خەلپەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

تالىپ خەلپەت بىلەن خوشلىشىپ، قوۋۇقتىن چىقىپ، ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا قاقاقلاپ كۈلۈپ، «يەنە بىرىنى ئۇچۇردۇم!» دەپتۇ.

قەدىمدىن ھازىرغىچە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە نۇرغۇن كىشىلەر خۇشامەتچىلىككە تايىنىپ، ئامەتنى كېلىپ بىردىنلا يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىشتى، ئۇلار كىشىلەرنىڭ خۇشامەتكە ئامراق بولۇشتەك مۇشۇ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋالغانىدى. بىراق، تارىختا يەنە نۇرغۇن كىشىلەر سەمىمىي نەسىھەتنى ئاڭلىماسلىق تۈپەيلىدىن شەرمەندە بولمىدىمۇ؟ ئۇچ پادىشاھلىق مەزگىلىدە يۈەن شياۋ مۇشاۋىرلىرى شۇنچە نەسىھەت قىلسىمۇ، ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىپ، گۇەندۇدىكى ئۇرۇشتا ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، ئەڭ ئاخىرىدا پۈتۈن قوشۇنى بىلەن يوقىتىلدى؛ ليۇ بېي ئىنىسى گۇەن يۈ، جاڭ فېيلارنىڭ ئۆچىنى ئالىمەن دەپ، جۇ گې لياڭ، جاۋ يۈن قاتارلىقلارنىڭ نەسىھەت قىلىپ توسقۇنىغا قارىماي، ۋۇ پادىشاھلىقىغا ھۇجۇم قىلغان ئىدى، لۇ سۇندىن يېڭىلىپ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ قايتتى؛ «كەشپىيات پادىشاھى» دېگەن نامى بار ئېدىسون ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى باشقىلارنىڭ تەنقىدىگە قۇلاق سالمىغانلىقى ئۈچۈن ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدى.

ۋاھالەنكى، تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن ئۇنداق ئەمەس، ئۇ سەمىمىي گەپلەرگە كەمتەرلىك بىلەن قۇلاق سالاتتى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا ۋېي جېڭ ئىسىملىك بىر ۋەزىر بولۇپ، خاننىڭ كەمچىلىكلىرىنى تەپ تارتماي كۆرسىتىپ بېرەتتى، تاڭ تەيزۇڭ ئۆزىدە بار بولسىلا تۈزىتەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ۋېي جېڭ پۈتۈن ئۆمرىدە تاڭ تەيزۇڭغا 200 نەچچە قېتىم نەسىھەت قىلغانىكەن. بىر قېتىم تاڭ تەيزۇڭ ئالقىنىدا بىر قۇشنى ئويناۋاتقاندا ۋېي جېڭ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ، تاڭ تەيزۇڭ ئالدىراپ - تېنەپ قۇشنى قوينىغا تىقىۋېلىپ قۇشنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن ۋېي جېڭ

بۇنمۇ كۆرۈپ قىلىپ، تاڭ تەيزۇڭنىڭ خاتالىقىنى دەل جايىدا كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. ۋېي جېڭ ئۆلگەندىن كېيىن تاڭ تەيزۇڭ ئىنتايىن قايغۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ: «باشقىلارنى ئەينەك قىلساڭ توغرا ـ خاتالىقىنى بىلىۋالالايسەن، ۋېي جېڭ ئۆلدى، مەن بىر ئەينەكتىن مەھرۇم بولدۇم.» دۇرۇس، مانا مۇشۇ «ئەينەك» بولغانلىقى ئۈچۈنلا «جېڭگۇەن يىللىرىدىكى مەمۇرچىلىق» بارلىققا كەلگەندى، تاڭ تەيزۇڭمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن دانا پادىشاھ ئاتىلىپ، نامىنى تارىختا قالدۇردى.

ۋېي جېڭ «ھەر تەرەپنىڭكىنى ئاڭلىساڭ ئايدىڭ بولىدۇ، بىر تەرەپنىڭكىنى ئاڭلىساڭ ئېنىق بولمايدۇ» دەيدىغان قائىدىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن، تاڭ تەيزۇڭغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈنلا دادىللىق بىلەن سۆز قىلىشقا جۈرئەت قىلغان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سەمىمىي نەسىھەت قىلىشتا مۇنداق ئىككى شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك: بىرىنچى، نەسىھەت قىلماقچى بولغان ئادەم راست گەپ قىلىشقا جۈرئەتلىك بولۇشى، قارشى تەرەپ ئاڭلىسا خاپا بولىدىغان سۆزلەرنى سۆزلەشكە جۈرئەت قىلىشى كېرەك؛ ئىككىنچى، سۆزنى ئاڭلىغۇچى كەڭ قورساق بولۇشى، بولسا تۈزىتىمەن، بولمىسا ساقلىنىمەن، دەيدىغان پوزىتسىيەدە بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ھەقىقىي ئەسقاتىدىغان پىكىرلەرنى ئاڭلىغىلى ھەمدە تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى راست گەپ قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

ئىلگىرى مۇنداق بىر مەسىلىنى ئاڭلىغانىدىم: يولۋاس «ئورمان پادىشاھى»لىق كۇرسىغا ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئىنتايىن غېرىبلىق ھېس قىپتۇ. ئۇ ئاخىر يولۋاسنىڭمۇ ئاجىزلىقى بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىپتۇ. ئۇ باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاش دوستلىرى بىلەن بىللە ئۆتۈشنىڭ شادلىقىدىن بەھرىمەن بولۇشقا، خاتالىق سادىر قىلغاندا دوستلىرىنىڭ ئەسكەرتىشى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئاڭلاشقا تەشنا بوپتۇ. ئۇ مايمۇندىن:

ــــ سەن مېنىڭ دوستۇممۇ؟ ــــ دەپ سوراپتۇ.

— ئەلۋەتتە، مەن مەڭگۈ سىزنىڭ ئەڭ سادىق دوستىڭىز، — دەپتۇ مايمۇن ھىجايغان پېتى.

— ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن ھەر قېتىم خاتالىق سادىر قىلغىنىمدا سەممىي ئەسكەرتىشىڭنى ئاڭلىمايمەن؟ — دەپتۇ يولۋاس.

— مەن قول ئاستىڭىزدا بولغانلىقىم ئۈچۈن سىزگە قارىغۇلارچە چوقۇنسام كېرەك، شۇڭا خاتالىقىڭىزنى كۆرەلمەيدىكەنمەن. مۇمكىن بولسا تۈلكىدىن سوراپ باقسىڭىزمىكىن، — دەپتۇ مايمۇن ئويلىنىپ تۇرۇپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن.

يولۋاس يەنە تۈلكىدىن سوراپتۇ، تۈلكە كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ئۇنىڭغا ياخشىچاقلىق قىلىپ:

— مايمۇننىڭ دېگىنى توغرا، سىز شۇنچە ئۇلۇغ تۇرسىڭىز، يەنە كىم سىزدىكى خاتالىقلارنى كۆرەلىسۇن؟ — دەپتۇ.

ھازىرقى زاماندىكى نۇرغۇن رەھبەرلەر مۇشۇ ھېكايىدىكى ھېلىقى بىچارە يولۋاسقا تولىمۇ ئوخشايدۇ. ئۇلار دائىم مەنسىپىنىڭ يۇقىرىلىقى تۈپەيلىدىن تەنھالىق ھېس قىلىدۇ. بىراق، تەشكىلىي قۇرۇلما جەھەتتىكى دەرىجە تۈزۈمى سەۋەبىدىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىكلەر ئارىسىدا چوڭقۇر ھاڭ شەكىللەنگەن. بارلىق خىزمەتچىلەر پوزىتسىيەدە يولۋاسقا مۇئامىلە قىلغاندەك ئۇلاردىن ھېيىقىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىشىڭىز ئاسان، ناۋادا ئۇلارنى خاپا قىلىپ قويسىڭىز، بۇ ئۆزىڭىزگە بالا تېرىۋالغانلىق ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەيدان ئوخشاش بولمىغاچقا، بەزى خىزمەتچىلەر سىزنىڭ خاتالىق سادىر قىلىشىڭىزنى توسمايلا قالماستىن، بەلكى سىزنىڭ چاتاقتا قېلىشىڭىزنى، كارخانىنىڭ چاتاقتا قېلىشىنى كۈتىدۇ!

مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەم قانداق بولىدۇ؟

مېنىڭچە، ئۆزىدىكى ئاجىزلىقلارغا جەڭ قىلالايدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەملەردۇر. سەممىمىي نەسىھەت قۇلاققا ياقمىسىلىق ئادەم تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىق بولغانىكەن، ئۇنداقتا بىز بۇ ئاجىزلىقنى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ ئېلان قىلغىنىمىزدىلا مۇۋەپپەقىيەتنىڭ قىرغىقىغا چىقالايمىز. ئارزۇيىمىز شۇكى، تۇرمۇشىمىزدا «باشقىلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇش»تىن قورقۇشتەك روھ ئازراق بولسا، قۇلاققا ياقىدىغان ياغلىما سۆزلەر ئازراق بولسا، چاتاقلارنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان جاسارەت كۆپرەك بولسا، سەممىمىي كۆڭۈل بىلەن بېرىلگەن سەممىمىي نەسىھەتلەر كۆپرەك بولسا.

## سىرداش تاپماق تەس — دانالارنىڭ كىشىلىك ئالاقىسى قويۇق بولمايدۇ

هاياتتا بىرلا ھەقىقىي دوست بولسا كۇپايە،
ھەقىقىي دوستلارنىڭ رىشتى ھەرقانداق قىيىن شارائىتتىمۇ ئۈزۈلمەيدۇ.

— لۇشۇن

جۇاڭزى ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشىگە بىرلەشتۈرۈپ ساڭ فۇ دېگەن ئادەمدىن مۇنداق سورىغانىكەن: «قىيىنچىلىققا يولۇققىنىمدا دوستلىرىم مەندىن يىراقلىشىپ كەتتى، شاگىرتلىرىم تېخىمۇ يىراقلاپ كەتتى، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟» جۇاڭزىنىڭ بۇ «گاڭگىراش»لىرىغا ساڭ فۇ ئىنتايىن مەشھۇر مۇنداق گەپنى قىپتۇ:

دانالارنىڭ كىشىلىك ئالاقىسى سۇس بولىدۇ، نادانلارنىڭ قويۇق بولىدۇ. دانالار ئارىسىدىكى ئالاقە سۇس بولسىمۇ، لېكىن قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ياردەم قولىنى ئۇزۇق - تۈگۈنلىرىنىڭكىدەك سۇنىدۇ، نادانلارنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقە قويۇق بولسىمۇ، لېكىن لازىم بولغاندا سىز بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزىدۇ.

لېيبنىز مۇنداق دېگەنىدى: «دۇنيادا تامامەن ئوخشايدىغان ئىككى تال يوپۇرماق يوق.» سىرداش تاپماق قىيىن، چۈنكى بىپايان ئالەمدە ھەر بىر ئادەم پەرقلىق بولىدۇ، شۇڭا ئۆزىگە يېقىن كېلىدىغان ئادەمنى تېپىش ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس. «مال تۈرى بىلەن، ئادەم خىلى بىلەن» دېگەن گەپ بار. بۇ سۆز بىللە ئارىلاشقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە مەلۇم خىل ئوخشاشلىق بار، ئوخشاشلىق بولمىغان كىشىلەرنىڭ بىر يەرگە كېلىشى مەڭگۇ مۇمكىن ئەمەس، دېگەن مەنىدە. ماي بىلەن سۇ ئوخشاشلا سۇيۇقلۇق بولسىمۇ، ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇشنىڭ چارىسى يوق ھەم ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇلار ئىككى خىل تۈرگە تەۋە.

مۇنداق بىر ھېكايە بار ئىكەن:

كۆمۈر كۆيدۈرىدىغان ئادەم بىر يۇرۇش ئۆينى ئۆزى يالغۇز ئىجارىگە ئاپتۇ، ئۇ ئۆي ئىجارىسىنى تېجەش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ ئىجارىگە ئېلىشنى ئويلاپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن رەخت ئاقارتىدىغان بىر ئادەمگە ئۇچراپ قاپتۇ، ئۇمۇ ئۆي ئىجارە ئېلىش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە چېپىپ يۈرگەنىكەن.

كۆمۈر كۆيدۈرىدىغان ئادەم رەخت بويايدىغان ئادەمگە:

— ئۇنداقتا بىللە تۇرايلى، ئۆي ئىجارىسىنى يېرىمدىن تۆلەيلى، — دەپتۇ.

— ئۆي ئىجارىسى چوڭ مەسىلە ئەمەس، چاتاق ئىككىمىزنىڭ بىللە تۇرساق ھەرگىز بولمايدىغانلىقىدا، — دەپتۇ رەخت بويايدىغان ئادەم.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپتۇ كۆمۈر كۆيدۈرىدىغان ئادەم.

ئېنىق تۇرمامدۇ، رەختنى مېنىڭ تەستە ئاقارتسام سەن ئۇنى قارايتىۋەتمەمسەن، — دەپتۇ رەخت بويىغۇچى.

رېئال تۇرمۇشمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ھەممىلا ئادەمنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئېقى كېلىشىپ، سىرداش بولۇپ كېتىشى ناتايىن. دۇنيادا ھەر خىل ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، ھەر خىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەملەر ئۇچرايدۇ، ھەر خىل ئادەملەر بىلەن ئالاقە قىلىشىمىز مۇمكىن. شۇڭا، ئەپۇچان بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز، باشقىلارغا تەلەپنى زىيادە يۇقىرى قويماسلىقىمىز، تېخىمۇ مۇھىمى ھەرقايسى تەرەپلەردىكى مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىمەن، دەپ ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويماسلىقىمىز كېرەك. بەزىلەر بارلىق ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىيالىسام، دەپ ئۈمىد قىلىدۇ، دائىم ھەر خىل تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ تامامەن سۇبيېكتىپ ئوي بولۇپ، كىشىلىك ئالاقىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس، ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ھەم ئۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. دەسلىپىدىلا «كېلىشەلىگەن» ئادەملەر ئارىلىقتا ئۇنداق ـ مۇنداق زىددىيەتكە ئۇچرىسىمۇ ياكى ئارىسىدا كۆڭۈلسىزلىك بولسىمۇ، يەنىلا باشتىن ـ ئاخىر كېلىشەلەيدۇ. دەسلىپىدىلا كۆڭلىدە تۈگۈچ قالغان كىشىلەر مەقسەتلىك ھالدا نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈنۈمى بولماي، باشتىن ـ ئاخىر چىقىشالمايدۇ. بەزىدە ئەزەلدىن ئۇچرىتىپ باقمىغان كىشىلەر بىلەن ئۇچراشساق ياكى ئۇلار بىلەن تونۇشساق، ئۇلار بىلەن كېچىكىپ تونۇشقاندەك ھېس قىلىمىز. بەزىدە كوچىدا سۈركىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن ناتونۇش كىشىلەرمۇ سىزگە ناھايىتى تونۇشتەك، ناھايىتى يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدۇ.

شۇڭا، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە قاتتىق تەلەپ قويماسلىق، بىرىنچىدىن، پېشانىدىن كۆرۈش؛ ئىككىنچىدىن، ئىدراكىي بولۇش كېرەك. پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن بولسا يېقىنلىشىپ، خىزمەتتىن باشقا ۋاقىتلاردا پىكىر ئالماشتۇرىمىز، ھەتتا ئۇلار تۇرمۇشتىكى ئەڭ ياخشى دوستىمىز بولۇپ قالىدۇ؛ پېشانىمىزگە پۈتۈلمىگەن بولسا يىراقلىشىپ، نورمال ئالاقىنى ساقلىساق ياكى نوقۇل خىزمەت مۇناسىۋىتىنى ساقلىساقلا كۇپايە، مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرالمىغانلىق

تۇپەيلىدىن ئۆزىنى بىھۇدە قىيناشنىڭ، ھەتتا ئازابلىنىش ياكى ئەندىشە قىلىشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. سانسىز پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يېقىن ـ يىراقلىقى قېتىرقىنىپ ئىنتىلىشكە باغلىق ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۆپ ھاللاردا بىر خىل سەزگۈگە باغلىق. بەزى كىشىلەر مۇناسىۋەتكە ناھايىتى ئۇستا، ھېيلىسىمۇ كۆپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئالاقە ئوبيېكتلىرىنى ئاڭلىق تاللاپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئىچكى ئەھۋالىنى بىلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ قارىشىدا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇقتەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ تاشقى كۆرۈنۈش، بىر ـ بىرىدىن پايدىلىنىش قىممىتى تۈگىگەن ھامان ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى تەبىئىي رەۋىشتە يىراقلىشىدۇ.

بىراق، «كىشىلىك ئالاقىسى سۇس» بولغان «دانالار»غا يولۇقۇپ قالساق، ھاياتىمىزدىكى كاتتا ئىش بولىدۇ، ئۇنى چوقۇم ئوبدان قەدىرلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، بۇنداق دوستلارنىڭ ماددىي مەنپەئەت جەھەتتىكى تەلىپى بولمايدۇ ھەم سىزدىن بىر نەرسىگە ئېرىشىشنىمۇ ئويلىمايدۇ، ئۇلار مەنىۋى جەھەتتىكى پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ئىدىيەنىڭ سوقۇلۇشىنى مەقسەت قىلىدۇ، ماددىي مەنپەئەتكە زىيادە ئەھمىيەت بېرىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۆمرىڭىزدە مۇشۇنداق دوستتىن نەچچىنى ئۇچرىتالايسىز؟

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جەمئىيەتتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئىنتايىن زور ئۆزگىرىش بولدى، بەزى كىشىلەر بارغانسېرى ماددىي جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مەنىۋى قاتلامدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا رىغبەتكە سەل قارىدى. مەيلى قايسى قاتلامدىكى ئادەم بولسۇن، جۈملىدىن ساۋاقداش، خىزمەتداش، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست بولسۇن، ھەممىسىلا ماددىي نەرسىلەر (جۈملىدىن پۇل) ئارقىلىق ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ساقلاۋاتىدۇ ۋە مۇستەھكەملەۋاتىدۇ. توي ـ تۆكۈن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەزىر ــ چىراغنى دېمەي تۇرايلى، بوۋاقنىڭ قىرقى، بالىنىڭ ئۇ-
نىۋېرسىتېتقا ئۆتۈشى، توي كۈننى خاتىرىلەش قاتارلىقلاردىمۇ
بىرنەچچە، ئون نەچچە ئۇستەل زىياپەت ھازىرلاپ، «تەبرىكلەش»
دېگەن نامدا ماددىي ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت ۋاستە ئارقىلىق،
ئۆزئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىۋاتىدۇ. ھەتتا، چەت ئەلگە چىقماقچى
ياكى ناھايىتى قىسقا ۋاقىتلىق سەپەرگە چىقماقچى بولسىمۇ،
يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ھەشەم بىلەن زىياپەت بېرىدۇ. قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. قارىماققا دوستلۇقى
چوڭقۇر، مۇناسىۋىتى قويۇقتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار
مۇناسىۋەتنى چاكىنىلاشتۇرۇۋەتكەن، خۇنۇكلەشتۇرۇۋەتكەن.

دۇنياغا مەشھۇر ئەنگلىيەلىك دىراماتورگ بېرنارد شاۋنىڭ
مۇنداق بىر جۈملە ھېكمەتلىك سۆزى بار: «سەن مېنىڭ دوستۇم،
ئىككىمىز بىردىن ئالمىنى ئېلىپ ئالماشتۇرايلى، ئالماشتۇرغان-
دىن كېيىن بىرىمىزدە بىردىن ئالما بولىدۇ؛ ئەگەر سەندىمۇ بىر
خىل ئىدىيە، مەندىمۇ بىر خىل ئىدىيە بولسا دوستلار ئارا ئىدد-
يەنى ئالماشتۇرساق، ئۇنداقتا بىزنىڭ ھەر بىرىمىزدە ئىككى
خىل ئىدىيە بولىدۇ.» ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە
قەلب، ئىدىيەنىڭ ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلۇشى ۋە ئۆزئارا ئىلھام بې-
رىش، ياردەم بېرىش بولۇشى كېرەك ئىدى. ھازىر ئەۋج ئېلىۋات-
قان يەپ ــ ئىچىش، باردى ــ كەلدى، ماددىي جەھەتتىكى ئالماش-
تۇرۇشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ھېچقانداق ئۈنۈم ۋە ھاسىلات
يوق، «ئالما» يەنىلا «ئالما». ئەكسىچە ئىدىيەنى ئالماشتۇرۇشنىڭ
ئۈنۈمى ناھايىتى زور پەرق قىلىدۇ. مەسىلەن، خىزمەتدىشىڭىز-
نىڭ خىزمەت تەجرىبىسى ۋە تېخنىكىسى سىزدىن خېلىلا يۇقىرى
بولسا ئۆزئارا خىزمەت تارىخى، تەجرىبە ــ ساۋاق، تەسىراتلارنى
ئالماشتۇرۇپ، ھايات يولىدا قول تۇتۇشۇپ ئورتاق ئىلگىرىلىسە-
ڭىز، بۇ يەپ ــ ئىچىشتىن ئىبارەت ماددىي ئالماشتۇرۇشتىن
خېلىلا ئەۋزەل. قىسقىسى، ئۆزئارا ئىدىيە ئالماشتۇرۇش، مەنىۋى
جەھەتتە ھەمتۇرتكە بولۇش ئارقىلىقلا ئىككى خىل ئىدىيە، ئىك-

كى «ئالما»دىن ئىبارەت ھوسۇلغا ھەقىقىي ئېرىشكىلى، يېڭىلىمەس ئورۇندا تۇرغىلى بولىدۇ!

ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى سەمىمىيەت ئارقىلىق تىكلىسەك، چىن قەلب بىلەن سۇغارساق، پىرىنسىپ ئارقىلىق ئۆستۈرسەك، چۈشىنىش ئارقىلىق پەرۋىش قىلساق كىشىلەر بۇنىڭدىن ئىدىيە جەھەتتىكى يۈكسىلىشكە، قەلب جەھەتتىكى پاكلىنىشقا، مەنىۋى تۇرمۇش جەھەتتىكى تاكامۇللىشىش ۋە باياشاتلىققا ئېرىشەلەيدۇ. ھالبۇكى، بۇلارنى ھاراق داستىخىنىدا قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

## ئەگىپ مېڭىش — ئىككى نۇقتا ئارىلىقىدىكى تۈز سىزىقنىڭ ئەڭ قىسقا بولۇشى ناتايىن

تېز پۈتكۈزۈشكە، كىچىك پايدىغا بېرىلمەسلىك كېرەك. تېز پۈتكۈزۈشكە بېرىلسەڭ مەقسەتكە يېتەلمەيسەن، كىچىك پايدىغا بېرىلسەڭ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايسەن.

— كۇڭزى

ئىككى نۇقتا ئارىلىقىدىكى تۈز سىزىق ئەڭ قىسقا بولىدۇ، بۇ گېئومېترىيەدىكى قانۇن. بىراق، كىشىلىك ئالاقە ھەقىقەتەن دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ، ئىككى نۇقتا ئارىلىقىدىكى ئەڭ قىسقىسى تۈز سىزىق ئەمەس، بەلكى ئەگرى سىزىقتۇر. فىرانسىيەلىك پەيلاسوپ ماينۇڭ بىزگە مۇنداق دەيدۇ: «ئالدىرىماڭلار! بىزنىڭ ماڭىدىغىنىمىز چىرمىشىپ كەتكەن تاغ يولى، نۇرغۇن دوقمۇشلارنى ئايلىنىشىمىزغا، ئەگىپ مېڭىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، بىز ھەر ۋاقىت نىشاندىن يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىمىز، ئەمەلىيەتتە نىشانغا بارغانسېرى يېقىنلايمىز.» كۈندىلىك تۇرمۇشتا يولدىن ئېزىپ قالغان يىڭناغۇچنىڭ ئۆيئىچىدە ئۆزىنى توختىماي ئەينەككە ئۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىپايان كۆككە ئۇچۇپ چىقماقچى بولغانلىقىنى كۆرىمىز. يىگىناغۇچ ئەينەكتىن كىرگەن ئاشۇ يورۇقلۇقنى كۆرگەن بولغاچقا، قەيسەرلىك بىلەن ئۇچىدۇ. بىراق، ھەر قېتىم ئەينەككە ئۆزىنى ئۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خېلىدىن كېيىن ئەسلىگە كېلىدۇ. ئاندىن يەنە ئۆينى بىر چۆرگىلەۋېتىپ، ئۆزىنى ئوڭشاپ يەنە ئەينەككە قاراپ ئۇچىدۇ، ئەلۋەتتە ئۇ يەنىلا ئەينەككە ئۇسۇۋالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ياندىكى ئىشىك ئوچۇق، شۇغىنىسى بوياقتىكىدەك يورۇق ئەمەس، شۇڭا يىگىناغۇچ ئۇ ياققا بېرىپ سىناپ كۆرۈشنى ئويلىمايدۇ.

يورۇقلۇققا ئىنتىلىش كۆپ ساندىكى جانلىقلارنىڭ تەبىئىتى، ئۇلار ھەرقانداق مەغلۇبىيەت ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسىمۇ، يورۇقلۇق تەرەپكە قاراپ قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. بىراق، بىز يىگىناغۇچنىڭ ئەينەككە ئۇسۇۋېلىپ قايتقىنىنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭغا بەزى چاغلاردا مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قارىماققا يىراق كۆرۈنگەن بىرقەدەر ئۇمىدسىز يۆنىلىشكە ئالماشتۇرماي بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنداق قىلمىساق، ئۇرۇنۇش بىلەن مەغلۇبىيەت ئارىسىدا مەغلۇپ بولغۇچىلىك ئەگىپ يۈرىدىغانلىقىمىزنى ئېيتقىمىز كېلىدۇ.

قەيسەرلىك روھىنى تەرىپلەش كېرەك. ئەمما، بۇ جايدىن نىشاننى كۆرگىلى بولسىمۇ، ئەمما ئالدىمىزدىكى تىك قىيالىق تاغ بولۇپ، ئېسىلىپ چىقىدىغان يول بولمىسا بىز يەنە بىر يۆنىلىشنى تاللاپ ئەگىپ مېڭىشىمىز كېرەك.

نىشانغا يېتىش ئۈچۈن غايىمىزگە خىلاپ يولدا ۋاقىتىنچە مېڭىشمۇ بەزىدە ئەقىل ــ پاراسەتنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھايات يولىدا نىشانغا ئۇدۇل بارىدىغان يېقىن يول ئاساسەن يوق.

بىز بەزىدە نىشانىنى ئارقىمىزدا قالدۇرۇپ، توسالغۇلارنى

سۇپۇرۇش، يول ۋە كۆۋرۈك ياساش خىزمىتىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئىشلىشىمىز كېرەك، بىز نۇرغۇن كىشىلەر ئۇمىد يوق دەپ قارىغان يولدا ئۇرۇنۇپ كۆرگەندىن كېيىنلا نىشانغا يېقىنلاپ قالغانلىقىمىزنى بايقايمىز.

يۇمۇر پىرى لىن يۇتاڭ جۈڭگولۇقلارنىڭ باشقىلاردىن ئىش بېجىرىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشى خۇددى باگۇ ئەسىرى يېزىشقا ئوخشايدىغانلىقىنى يەكۈنلىگەنىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: جۈڭگولۇقلار ئىش بېجىرىشتە غەربلىكلەردەك «مۇنداق ئىش ئۈچۈن كەلدىم» دەپ ئۇدۇل سۆز قىلمايدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش تولىمۇ بىئەپ. ئەگەر ناتونۇش بولسا تېخىمۇ قاراملىق ھېسابلىنىدۇ. جۈڭگولۇقلار ئەزەلدىن سۆز ئويۇنىتىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. بىرىنچى بۆلەكتە، ئەھۋاللىشىپ ئەھۋالنى مۆلچەرلەيدۇ. مەسىلەن، «نامىشەرىپلىرى»، «كاتتا ناملىرى»، «كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولدى»، شۇنداقلا «بۇگۈنكى ھاۋا ئۇنداق - مۇنداق» دېگەنگە ئوخشاشلار. لىن يۇتاڭ بۇنى «مېتېئورولوگىيە مەزمۇنى» دەپ ئاتايدۇ، بۇ شۇ ئىش ئۈچۈن بېرىپ كۆڭۈلنى تىنچلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ مەزمۇن كىشىلەرنىڭ ھايات ماكانىدا دەرۋەقە ئىنتايىن ئورتاقلىقىغا ئىگە بولغاچقا، رەت قىلىشقا ئۇچرىمايدۇ.

ئىككىنچى بۆلەك، ئۆتمۈشنى سۆزلەش، كونا دوستلۇقنى ئەسلەش. بۇ تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلام بولۇپ، ھەممىگە ئوخشاش ھاياتلىق ماكانىدىن بىر - بىرىگە ئالاھىدە بولغان ئاشۇ بۆلەككە ئۆتىدۇ، بۇ چوڭقۇرلاش جەريانى. لىن يۇتاڭ بۇنى «تارىخ ئىلمى» دەپ ئاتايدۇ. «بەلكىم جىيەنىڭىز مەلۇم ئەرباب بىلەن ساۋاقداش بولۇشى مۇمكىن، بەلكىم سىز جەنۇبىي كوچىدا تۇرغان بولسىڭىز، ئۇ ئۇدۇل كوچىدا تۇرغان بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭ بىلەن كەيپىيات ئىناقلىشىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككىسى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان بولسا، جىمۇ، شىجى، ھەتتا گۇ خۇڭمىڭ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىن چىڭنەن...... لەرنى تونۇيدۇ، بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ سىرداش- قىلى بولىدۇ.» بۇ بۆلەك ياخشى ماڭسا ئىككى تەرەپ تېخىمۇ ئى- ناقلىشىدۇ.

ئۈچىنچى بۆلەك، ئىقىم مەسىلىلىرى توغرىسىدا توختىلىپ تەسىراتلىرىنى سۆزلەش. بۇ سىياسىي ئىلىم، بۇ ئارقىلىق قول تۇتىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، جاۋلىداپ سۆزلەش مەنزىلىگە كىرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، ھەتتا «يەنە سۈن زۇڭلىغا نەچچىنچى يىلىدىن نەچچىنچى يىلىغىچە ئەگەشتىم، گۇاڭشۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى سۈن زۇڭلىنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىدىم، مانا ھازىر مىنگونىڭ 29 ـ يىلى ھېسابلىساق 33 يىل بوپتۇ، مانا بۇنى زۇڭلىغا ئەگىشىپ ماڭغان 33 يىل دېيىشكە بولىدۇ.» بۇ بۆلەك ياخشى بولسا ھېسسىيات تېخىمۇ ئىناقلىشىدۇ، ھەتتا كېچىكىپ ئۇچراشقىنىدىن ئۆكۈنۈشۈپ، جىنىنىمۇ ئايىمايدىغان دەرىجىگە يېتىشىدۇ، بۇ ۋاقىت دەرھال مەقسەتكە تۇتۇش قىلىدىغان پۇرسەت ھېسابلىنىدۇ.

تۆتىنچى بۆلەك، ئىقتىسادشۇناسلىق ــ «ئانچىكى ئىش»نى ھاۋالە قىلىش دەپ ئاتىلىدۇ. تۈزۈت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىدىن دوپپىسىنى ئالىدۇ، ئاندىن ئۇلاپلا سىلىنى مالال قىلىدىغان ئانچىكى بىر ئىش بار ئىدى. تەخسىر، پالانىنى تونۇملىكىن؟ بىرەر پارچە تونۇشتۇرۇش خېتى يېزىپ بەرگەن بولسىلا، ۋەھاكازالار دەيدۇ. بۇ بۆلەك ئەلۋەتتە ئىختىيارىي بولىدۇ، قارشى تەرەپكە ناھايىتى زور بېسىم پەيدا قىلمايدۇ ياكى قارشى تەرەپتە سىزگە قانداقتۇر ئادەمگەرچىلىك قەرزى باردەك تەسىر بەرمەيدۇ.

ئادەم ئەگىپ مېڭىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، ئەگىپ ماڭمىغاندا تەنھا قالىدۇ، باشقىلار تەرىپىدىن رەت قىلىنىدۇ. ئەگىپ مېڭىش ئادەمنىڭ ئىشىنى ئوڭغا تارتقۇزىدۇ، ئۇ بىر خىل سېھرىي كۈچ، بىر خىل ئۇسۇل، ئىللىق مۇئامىلە، تېخىمۇ

مۇھىمى مۇئامىلىدىكى ئەڭ ياخشى يول. زېڭ گوفەن ئۆزىنى بىرنەچچە قېتىم ئۆلتۈرىۋالماقچى بولغاندا، لى يۈەندۇ ئۇنى قۇتقۇزىۋالىدۇ، ئۇ ئەمەلدارلارغا خۇشامەت قىلىدىغان كىشىلەردىن ئەمەس ئومۇمەن مۇستەقىل قارىشى بار بولۇپ، جىددىي پەيتلەردە راست گەپ قىلاتتى. زېڭ گوفەن ئۇرۇشتا ئۇدا مەغلۇپ بولۇپ، روھىي چۈشۈپ كەتكەندە، لى يۈەندۇ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ سەۋەنلىكلەرنى دەل جايىدا كۆرسىتىپ بېرىدۇ، زېڭ گوفەن ئەگىپ مېڭىش تاكتىكىسىدىن پايدىلانغاچقا، ئۆزىنى قايتىدىن ئوڭشاپ، ئەڭ ئاخىرىدا خانلىق ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. بۇنى تارىختىكى ئەگىپ مېڭىش توغرىسىدىكى مۇكەممەل دىيالوگ دېيىشكە بولىدۇ.

ئۆزىمىزنىڭ غايە يۈنىلىشىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇپ، زىيادە ئەگىپ ماڭساقمۇ، خاتالىق ھېسابلانمىسا كېرەك، چۈنكى ئەگىپ مېڭىشنى بىلىدىغان ئادەملەر ھامان تۇنجى بولۇپ چوققىغا چىقىدىغان ئادەملەردۇر.

## ئۆلچەم بولۇش — تەڭپۇڭسىزلىق ئىچىدە تەڭپۇڭلۇقنى ئىزدەش

ئەلنى ئوبدان ئىدارە قىلىش ئۈچۈن خەلققە زۇلۇم قىلماسلىق، خىزمەت ۋە تۇرمۇشنى رىتىملىق ئۆتكۈزۈش كېرەك.

— كۇڭزى

«كۈرەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن تىنچلىق داۋاملىشىدۇ، مۇرەسسە ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن تىنچلىق يوقۇلىدۇ.» بۇ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ مەشھۇر سۆزى. پارتىيەمىز مانا مۇشۇ ھېكمەتلىك سۆزگە تايىنىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەككىز يىللىق ئۇرۇشتا گومىنداڭ بىلەن بولغان

مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ھەمكارلىقنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى ھەم ئەمەلىي كۆچىنى ساقلاپ قېلىپ، كېيىنكى ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دەيدۇ: «بىز تىنچلىقنى سۆيىمىز، بىراق كۈرەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن تىنچلىق داۋاملىشىدۇ، مۇرەسسە ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن تىنچلىق يوقۇلىدۇ.» ئەگەر باشقىلار بىلەن تىنچلىقتا بىللە تۇرىمەن، دەپ ھەمىشە ئۇنىڭغا يول قويساڭ، باشقىلار بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ، سېنى قىستايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭغا: ‹تىنچلىقتا بىللە ئۆتەيلى› دېسەڭ مەقسىتىڭگە يېتەلەيسەن.»

ھە دەپ مۇرەسسە قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. خۇددى يولداش ماۋ زېدۇڭ ئېيتقاندەك، يول قويۇش، مۇرەسسە قىلىش رەقىبىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك ھۇجۇم قىلىش ئىستىكىنى قوزغايدۇ، ئۇلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشىدۇ، سەن بارغانسېرى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىسەن. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چەت ئەلنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغاندا ھە دەپ مۇرەسسە قىلغانلىقى، يول قويغانلىقى تۈپەيلىدىن، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنىنى توسۇپ قالالمىدى. گومىنداڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قارشىلاشماسلىق سىياسىتىنى قوللانغاچقا، ياپون جاھانگىرلىرىنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈۋەتتى، ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ، دۆلىتىمىزنى قەدەممۇقەدەم يالماپ يۇتتى.

كىشىلىك ئالاقىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ھە دەپ مۇرەسسە قىلىشقا، يول قويۇشقا بولمايدۇ، بۇنداق قىلغاندا باشقىلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشىدۇ. بىراق، ھە دەپ قاتتىقلىق قىلىشمۇ توغرا ئەمەس. بىز ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتكەنىدەك، بەك قاتتىق

نەرسىلەر ئاسان سۇنىدۇ، ھە دەپ قاتتىقلىق قىلغاندا دۈشمەن كۆپىيىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا، كىشىلىك ئالاقىدە ئىشلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى ئۈچۈن قاتتىقمۇ، يۇمشاقمۇ بولۇش، قاتتىقلىق بىلەن مۇرەسسە قىلىشنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى ئىچىدە تەڭپۇڭلۇقنى تېپىش كېرەك. «سۆزدە مۇلايىم بولۇش كېرەك، ئەمما قولغا چوقۇم كالتەك ئېلىش كېرەك.» بۇ ئامېرىكىدىكى مەشھۇر بىر جۈملە سۆز. بۇ ياخشى گەپنى قىلساڭمۇ رولى بولمايدۇ، ئاچقۇچلۇق پەيتتە يەنىلا مۇشتۇڭ گەپ قىلسۇن، لېكىن مۇشت كۆتۈرگەن بىلەنلا بولمايدۇ، يۈزۈڭدە كۈلكە بولۇشى كېرەك، مۇشۇنداق بولغاندىلا باشقىلار سەندىن ھېيىقىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

قەدىمدىن بۈگۈنگىچە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە نۇرغۇن كىشىلەر «يۇمشاق» بىلەن «قاتتىق»نىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمىغاچقا، ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالدى، ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى لۈ بۇ بۇنىڭ ئوبدان مىسالى. ئاتىنىڭ ئېسىلى قىزىل توشقان، باتۇرنىڭ باتۇرى لۈ بۇ. لۈ بۇ ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى چامباشچىلىق ماھارىتى يۇقىرى، 10 مىڭ ئادەم توسۇۋالالمايدىغان باتۇر، «ئۈچ باتۇرنىڭ لۈ بۇ بىلەن ئېلىشىشى» تارىختىكى داستان بولۇپ قالدى. بۇ كاتتا قەھرىمان ئەلنى ھەيران قالدۇرىدىغان قالتىس ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرسە بولاتتى، بىراق ئۇ غايىسىگە يېتەلمىدى، بەلكى تارىخ بېتىدە پاللىدە چاقناپ يوقىدى ھەمدە «نامەرد» دېگەن يامان ئاتاققا قالدى.

لۈ بۇ قالايمىقانچىلىق يىللىرىدىكى قەھرىمان بولۇپ، نەچچە قېتىم پاسىبان ئالماشتۇردى. بۇنىڭغۇ ئەيىبلىگۈچىلىكى يوق، بىراق ئۇ ئادەمگەرچىلىكنىڭ ئاساسىي قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلدى. ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان، شەپقەتسىز ئادەم بولغاچقا، ھە دېسە پاسىبانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ،

باشقىلارنىڭ ئىشەنچىدىن قالدى. ئەينى چاغدا دىڭ يۈەن لۇ بۇنى
باش دەپتەردارلىققا تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا تولىمۇ ئىشەنگەن ۋە ئۇنى
ئەتىۋارلىغانىدى. لۇ بۇنىڭ چامباشچىلىق ماھارىتى ئۈستۈن
بولغاچقا، دۇڭ جو ئۇنى سېتىۋېلىپ ياردەمچى قىلماقچى بولدى.
شۇنىڭ بىلەن دۇڭ جو يۇقىرى مەنسەپ، كاتتا تەمىنات بىلەن لۇ
بۇنى دىڭ يۈەننى ئۆلتۈرۈشكە ئازدۇردى. لۇ بۇ مەنپەئەتنى دەپ
دىڭ يۈەننى ئويلانمايلا چېپىپ تاشلىدى، دىڭ يۈەن ئۆزىنىڭ
نېمە سەۋەبتىن ئۆلگەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالدى. كېيىن لۇ بۇ
يەنە پاسسىبان ئالماشتۇردى، دۇڭ جومۇ دىڭ يۈەنگە ئوخشاش
ئاقىۋەتكە قالدى. دۇڭ جو ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قول
ئاستىدىكىلەر لۇ بۇدىن ئۆچ ئالماقچى بولدى. لۇ بۇ چاڭئەندە
جەڭدە يېڭىلگەندىن كېيىن، يۈەن شياۋدىن پاناھلىق تىلىمەكچى
بولدى، بۇ چاغدىكى يۈەن شياۋ سەگەك بولغاچقا، لۇ بۇنىڭ
مەۋقەسىز خاراكتېرىنى بىلىپ ئۇنى قوبۇل قىلمىدى.

لۇ بۇ كېيىن ليۇ بېي، ساۋ ساۋنى پاناھ تارتىپ بارغان
بولسىمۇ، ئۇنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇ ئازراقمۇ لەۋزىدە تۇرمايدىغان
ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەرقانداق بىر ئادەم
ئۈچۈن ئاپەت ئىدى، ھېچكىم ئۇنى دوست تۇتۇشقا جۈرئەت
قىلالمايتتى. لۇ بۇنىڭ قول ئاستىدىكى چېن دىڭ مۇنداق
دېگەنىدى: «سانغۇننى كۈتۈش يولۋاس بىلەن بىللە تۇرغانلىق،
ئۇنىڭ قورسىقىنى گۆش بىلەن ئوبدان تويغۇزۇش كېرەك،
قورسىقى تويمىسا ئادەم يەيدۇ.» لۇ بۇ مانا مۇشۇنداق بىر
يولۋاس، شۇڭا ھېچكىم ئۇنىڭغا ئىشىنىشنى خالىمايدۇ. ساۋ ساۋ
ئىستىبدات ئىگىلىرىنى تولىمۇ قەدىرلەيدۇ، ئۇ لۇ بۇنى
تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش
ئۈچۈن ئەل قىلماقچى بولىدۇ. ئەينى چاغدا كاتتا سانغۇن جاڭ
لياۋمۇ ئەل قىلىنغان سانغۇن بولسىمۇ، ساۋ ساۋ ئۇنى ئەتىۋارلاپ
ئىشلەتكەنىدى. لۇ بۇغا كەلسەك، ساۋ ساۋ ئۇنىڭ نامەردلىكىدىن

ئېھتىيات قىلىسمۇ، لېكىن سانغۇنلارغا خېلىلا كەڭ قورساق بولغاچقا، ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ، ئۇ لۇ بۇنى ئەل قىلىش مەقسىتىدە ليۇ بېيدىن پىكىر ئالىدۇ.

لۇ بۇ تۈز ئادەم بولغاچقا، ليۇ بېي ماڭا ياردەم بېرىدۇ، ئىلگىرى بىز ئاغا - ئىنى دېيىشىپ ئۆتكەن، ليۇ بېي جىلىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، مەن ليۇ بېيغا ھەمدەم بولۇپ ئۇنى خەتەردىن قۇتقۇزغان، دەپ ئويلايدۇ، بىراق ساۋ ساۋ ليۇ بېيدىن پىكىر ئالغاندا، ليۇ بېي: «جانابلىرى دىڭ يۈەن، دۇڭ جۇنى كۆرمىدىلىمۇ؟» دەيدۇ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ساۋ ساۋنىڭ بەدەنلىرى شۈركۈنۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن لۇ بۇنىڭ ئۆلۈشى مۇقەررەرلىشىدۇ.

لۇ بۇ ئۆلدى، ناھايىتى بىچارىلەرچە ئۆلدى، نېمە ئۈچۈن ئۆلگەنلىكىنىمۇ بىلمىدى. ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سىنىشىشتا ھەمىشە كۈرەش قىلىشنىڭمۇ رولى بولمايدۇ. ئەينى چاغدا مەيلى سادىقلىق بولسۇن ياكى ئاسىيلىق قىلىشتا بولسۇن پەم - پاراسەت بولۇشى كېرەك، لۇ بۇ ئاسىيلىق قىلىشتا بولسۇن ياكى سادىقلىقتا بولسۇن تۈپتۈز ئىش كۆرۈپ، ھېچقانداق نەرسىنى يوشۇرمايدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى ئەخمەق دەپ قارايدۇ، ھەم ئۇنى خەتەرلىك دەپ بىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئارقا - ئارقىدىن باشقىلارنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ «نامەرد» دېگەن يامان ئاتاققا قالىدۇ.

كۈرەشتە باتۇرلۇققا ئەھمىيەت بېرىش، مۇرەسسە قىلىشتا ئەقىل - پاراسەتكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئەگەر كۈرەش داۋامىدا مۇرەسسە قىلىش، مۇرەسسە داۋامىدا كۈرەش قىلىش نىشانىغا يېتەلىسەك، بۇ كاتتا ئىلىم بولىدۇ. بۇ ئىلىم شۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىي سەنئەتتىكى ئۆگىنىش ئەڭ تەس دەرسكە ئايلاندى. كىشىلىك ئالاقىمۇ شۇنداق، كۈرەش تاكتىكىسىدا كۈرەش ئىستراتېگىيەسىنى ئىزدەش كېرەك؛ كۈرەش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاكتىكىسىدا كۈرەشتىكى مۇرەسسە مەقسىتىگە يېتىش كېرەك، مانا بۇ كىشىلىك ئالاقىدىكى ئالىي ئەقىل ـ پاراسەت بولسا كېرەك !

## باشقىلارنىڭ كۆڭلىنىمۇ ئۆزىنىڭكىدەك چاغلاش ــ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق شۇ ئىشنى قىلىش

جانابلىرى بېلىق بولمىسىلا بېلىقنىڭ خۇشال ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىدىلا.

ــ جۇاڭزى

«جۇاڭزى» دېگەن ئەسەردە مۇنداق بىر ھېكايە بايان قىلىنغان:

جۇاڭزى بىلەن خۇيزى خاۋشۈي دەرياسىدىكى كۆۋرۈك ئۈستىدە سەيلە قىپتۇ، جۇاڭزى مۇنداق دەپتۇ:

ــ بېلىقلار نېمىدېگەن ئەركىن ـ ئازادە، مانا بۇ بېلىقلارنىڭ خۇشاللىقى.

ــ سىز يا بېلىق بولمىسىڭىز، ئۇلارنىڭ خۇشال ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسىز؟ ــ دەپتۇ خۇيزى.

ــ سىز يا مەن بولمىسىڭىز، مېنىڭ بېلىقلارنىڭ خۇشال ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىمنى قانداق بىلىسىز؟ ــ دەپتۇ جۇاڭزى.

ــ مەن سىز بولمىغاچقا ئەلۋەتتە سىزنى بىلمەيمەن؛ سىزمۇ بېلىق بولمىغاندىكىن ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ خۇشال ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىز، بۇنى تامامەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ، ــ دەپتۇ خۇيزى.

ــ بىز يەنىلا ئەسلىدىكى گېپىمىزگە قايتىپ كېلەيلى. سىزنىڭ بايىقى «بېلىقلارنىڭ خۇشال ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسىز» دېگەن سۆزىڭىز مېنىڭ بېلىقلارنىڭ خۇشال

ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن مەندىن سورىغانلىقىڭىز ئەمەسمۇ؟ ھالبۇكى مەن خاۋشۇي دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىدە بېلىقلارنىڭ خۇشال ئىكەنلىكىنى بىلدىم، — دەپتۇ جۇاڭزى.

ئادەم بېلىق ئەمەس، شۇنداق ئىكەن ئۇنىڭ خۇشال ئىكەنلىكىنى ئادەم قانداقمۇ بىلسۇن ! ئۇ مەن بولمىغاندىكىن مېنىڭ قەلبىمنى قانداقمۇ چۈشەنسۇن؟ ھەر بىر ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ خۇشاللىقى، قايغۇسى، ئىرادىسى، قىزىقىشىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇنى ھەم سۈبيېكتىپ جەھەتتىن خالىغانچە قىياس قىلغىلى بولمايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەدىمكى زاماندا ناھايىتى يوغان بىر دېڭىز قۇشى بار ئىكەن، پەيلىرىنىڭ رەڭگى كۆزنى قاماشتۇرىدىكەن، ئۇ بەئەينى سۇمۇرغدەك گۈزەل ئىكەن. لۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئوردىغا ئالدۇرۇپ كەپتۇ، ئېلىدىكى ئەڭ ياخشى مۇزىكىلارنى چېلىپ بېرىپتۇ، ئەڭ ئېسىل نېمەت ۋە شارابلار بىلەن ئۇنى كۈتۈپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن ھېلىقى قۇش ھېچ نەرسە يېمەپتۇ ۋە ئىچمەپتۇ، نەتىجىدە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆلۈپتۇ. لۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ئۇنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ يىغلاۋېتىپ مۇنداق دەپتۇ: «نېمە ئۈچۈن بۇ نەرسىلەرنى يېمىدىڭ؟ ھەممە نەرسىنىڭ ئېسىلىنى ساڭا بەرگەن ئىدىمغۇ!» سەن دېڭىز قۇشى ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭ قىزىقىشىنى بىلمەيسەن، ئۆزۈڭنىڭ قىياسىغا ئاساسلىنىپ ئۇ نەرسىلەرنى دېڭىز قۇشىغا تەتبىقلىساڭ، دېڭىز قۇشىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى نەزەرگە ئالمىساڭ، ئۇ قانداقمۇ ياشىيالىسۇن؟ سەن بېلىق ئەمەس، شۇڭا بېلىقنىڭ ھايات ـ ماماتى، خۇشاللىقى، قايغۇسىنى بىلىشىڭ مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولغانىكەن، يەنە ئېگىز كۆۋرۈك ئۈستىدىن بىرنەچچە قېتىم قاراپلا ئۇنىڭ «ئەركىن ـ ئازادە» ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشقا قانداق ھوقۇقۇڭ بار؟

www.uyghurkitap.com

ئادەم شەيئىلەرگە ئۆزىگە زىيادە ئىشەنچ قىلغان ئاساستا ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئۇنداقتا ئادەمگىچۇ؟ بىز دائىم مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز: «ئۇنى مەن ئەڭ چۈشىنىمەن»، «ئۇ مانا مۇشۇنداق ئادەم»، «ئىنكار قىلمىغىن، سېنىڭ مۇشۇنداق ئويلاۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن» ۋەھاكازالار. بەلكىم باجىن ئەپەندى توغرا ئېيتقان بولسا كېرەك: «بىز باشقىلارنى ناھايىتى ئاز چۈشىنىمىز، كۆپ ھاللاردا ئۆزىمىزدىكى مۇكەممەل بولمىغان كىچىككىنە كۆزىتىشلەر ئارقىلىقلا پالانى ـ پۇستانى قانداق ئادەم، پالانى ـ پوكۇنى ئىش ئۇنداق ـ مۇنداق، دەپ ھۆكۈم قىلىمىز. نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇنداق خاتالىقنى سادىر قىلىدۇ، بەزىدە ئۇنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالىدۇ.» مۇشۇ بويىچە قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە پوزىتسىيەسى قانداق بولىدۇ؟

بەلكىم مېشچانلار بايلارنىڭ راھەت ـ پاراغەتلىك «بەختى» گە ھەۋەس قىلىشى، بايلارمۇ مېشچانلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ «لەززەتسىز»لىكىنى كەمسىتىشى مۇمكىن. ئەمما، بايلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بارلىقىنى، مېشچانلارنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق خۇشاللىقى بارلىقىنى كىم بىلسۇن. مانا بۇ «ئۆلچەم» مەسىلىسى، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ مەۋقەسىدە تۇرۇپ ئۆلچەم ئىجاد قىلىدۇ، ھالبۇكى ئادەم ئۆزى تەييارلىغان ئۆلچەمنىڭ بويۇنتۇرۇقىغا چۈشۈپ قالىدۇ. كىشىلەردىكى ئۆلچەم بىردەك بولمايدۇ، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قارىشى بويىچە تۇرمۇشتىن تەسىرات ئالىدۇ، شۇنداق بولغانىكەن باشقىلارنىڭ ھەقىقىي بەختلىك ياكى ئەمەسلىكىنى، قانداق قىلغاندا باشقىلارغا ھەقىقىي بەخت ھېس قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى قانداقمۇ بىلەلەيمىز؟

جىبك بىلەن جون ئۇزاق يىللىق دوستلاردىن ئىدى، ئۇلار بىر قېتىم مانخاتتونغا كاماندىروپكىغا بىرىپتۇ، ئۇلار ئەتىگەنلىك ناشتىنى بۇيرۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، جون گېزىت

سىتىۋالغىلى كىتىپتۇ.

بەش مىنۇتتىن كېيىن ئۇ غودۇرىغىنىچە قۇرۇق قول قايتىپ كەپتۇ.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ جېك.

— مەن ئۇدۇلدىكى ئاۋۇ بوتكىغا بېرىپ بىر پارچە گېزىتنى ئېلىپ، ئاۋۇ ئەبلەخكە 10 دوللارلىق پۇل بېرىپ، پۇلنى قايتۇرۇشنى ئېيتقاندىم، ئۇ پۇلۇمنى قايتۇرماقتا يوق، قولۇمدىكى گېزىتنى تارتىۋېلىپ، ئوقىتىم ئالدىراش، بۇنداق ئالدىراش ۋاقىتتا باشقىلارغا پارچە - پۇل قايتۇرۇپ بېرەلمەيمەن، دەپ ئەدىپىمنى بەردى، — دەپتۇ جون.

دېمەك، ئۇ جوننى گېزىت سىتىۋېلىش ئارقىلىق پۇل پارچىلىماقچى بولغان ئادەم دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. ئىككىيلەن ناشتا قىلغاچ بۇ ئىشنى مۇزاكىرە قىپتۇ. جون بۇ يەردىكى تىجارەتچىلەر ھاكاۋۇر ھەم يولسىز ئىكەن، ئادەمگەرچىلىكى يوق ئىكەن، بەك ساپاسىز ئىكەن، ھەممىسىلا «پەزىلەتسىز بەتبەختلەر بولسا كېرەك» دەپ قاراپتۇ ھەمدە جېكقا ئۇلار بىلەن ئازراق ئارىلىشىش توغرىسىدا نەسىھەت قىپتۇ، لېكىن جېك جوننىڭ قاراشلىرىغا كۆڭلىدە قوشۇلماپتۇ. جېك جوننى مېھمانخانا ئالدىدا بىردەم ساقلاپ تۇرغىن دەپ قويۇپ، ئۆزى ئۇدۇلدىكى ھېلىقى بوتكىغا كىتىپتۇ.

جېك كۈلۈپ تۇرۇپ ئىنتايىن مۇلايىملىق بىلەن بوتكا ئىگىسىگە مۇنداق دەپتۇ:

— ئەپەندىم، كەچۈرۈڭ، ياردەم قىلىسىڭىز، مەن سىرتتىن كەلگەن، «نيۇ يورك ۋاقىت گېزىتى»دىن بىرنى سىتىۋالماقچىدىم. بىراق، مۇشۇ 10 دوللارلىق پۇلدىن باشقا پارچە پۇل يوق ئىكەن، تازا ئالدىراش ۋاقتىڭىزدا سىزنى مالال قىلىدىغان بولدۇم، — دەپتۇ.

— ھە، ئېلىۋېرىڭ، پارچە پۇل بولغاندا بېرەرسىز! — دەپتۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گېزىت ساتقۇچى بىر ياقتىن ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلغاچ، قىلچە ئىككىلەنمەي بىر پارچە گېزىتنى جېكقا سۇنۇپ تۇرۇپ. جون جېكنىڭ «غەنىيمەت»نى ئېلىپ، غەلىبە بىلەن خۇشال قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— جېك سەن پارچە پۇلۇم يوق دەۋاتاتتىڭ، ئۇ ئەبلەخ گېزىتنى ساڭا سېتىپ بېرىپتۇغۇ؟

— مېنىڭچە ئالدى بىلەن باشقىلارنى چۈشىنىش كېرەك، شۇنداق بولغاندا سېنىمۇ باشقىلار ئاسان چۈشىنىدۇ. ئەگەر دائىم باشقىلار مېنى ئالدى بىلەن چۈشەنسۇن، دېسەك، ئۇنداقتا باشقىلار بىزنى غەرەز ئۇقمايدىغان كىشىلەر ئىكەن دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەگەر ئېھتىياجىمىزنى چۈشىنىش ئارقىلىق ئىپادىلىسەك، ئۇنداقتا ئېھتىياجىمىز ئاسانلا قانائەتلەندۈرۈلىدۇ، — دەپتۇ جېك سەممىيلىك بىلەن.

ئاخىرقى بۇ بىر جۈملە سۆز ناھايىتى بەلەن ئېيتىلغان. باشقىلارنى چۈشەنسۇن دېسەك ئالدى بىلەن باشقىلارنى چۈشىنىشىمىز، باشقىلارنى خاتا چۈشىنىپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

ئادەمنىڭ ماھىيىتىدىن ئالغاندا، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ بىر - بىرىنى چۈشىنىشى ئىنتايىن مۈشكۈل بولىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق دۇنياسى بولىدۇ. ئادەم بىلەن ئادەم پەرقلىنىدۇ. شۇڭا، قارىشى ۋە غايىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ئەلمىساقتىن دانىشمەنلەرلا مىسكىنلىكتە ئۆتكەن ئەمەس، ساھىبجامالالارلا سىرداش تاپالماي قالغان ئەمەس. مانا شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن سارترې «باشقىلار دوزاخ!» دەپ چۇقان سالغان. لۇشۇنمۇ «ھاياتتا سىرداش تاپماق قىيىن» دەپ ئۆكۈنگەن. يۈ فىي نېمە ئۈچۈن «سىرداش ئاز بولسا، تار تۈزۈلسىمۇ ئاڭلاشقا ئادەم يوق» دەپ ئازابلىنىدۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇ ئادەملەرنى تامامەن چۈشەنگىلى بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس،

بەلكى چۈشىنىش نىسپىي، چەكلىك بولىدۇ، دېگەنلىك. بىز ھەم باشقىلارنىڭ بىزنى چۈشەنمىگەنلىكىدىن ئازابلانماسلىقىمىز، ھەم باشقىلارنى ئۆزىمىزنىڭ قارىشىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىماسلىقىمىز كېرەك. باشقىلار بىلەن قاراشتىكى ئوخشىماسلىق تۇيەيلىدىن غەزەپلەنگىنىمىزدە ئوبدانراق ئويلىنىپ، كۆلۈپ قويۇپ بولدى قىلىڭ، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئويى ۋە سەۋەبى بولىدۇ، ئۇنى سىز چۈشەنمەيسىز. ھالبۇكى، دوستلار ئارامۇ نىسپىي «ھەمىنەپەس»لىكنى تەلەپ قىلىش، ھەرگىزمۇ «يەنە بىر ئۆزى» بولۇشقا ئىنتىلمەسلىك كېرەك. ئەمەلىيەتتە دۇنيا ئەسلىدىنلا «ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، پەرق ساقلاپ قېلىنغان بىر پۈتۈن گەۋدە !»

قاغا بويىلىپ قارا قىلىنغان ئەمەس، چايكا يۇيۇلۇپ ئاقارتىلغان ئەمەس. شۇڭا، ئەگەر چۈشىنەلمىسەڭ كەڭ قورساق بولۇشنى ئۆگىنىۋالايلى !

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى باب

## ھەر كۈنى بىردەم پەزىلەت پەلسەپىسى ئوقۇيلى

پەزىلەت دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلەرنىڭ بىرى. ئالىيجاناب پەزىلەت ئادەم تەبىئىتىدىكى ئالىي فورماتسىيە، ئۇ ئادەمنىڭ قىممىتىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ھەربىر گۈزەل ئەخلاق، مەسىلەن، تىرىشچانلىق، دۇرۇسلۇق، تەلەپچانلىق، سەممىيلىك تەبىئىي رەۋىشتە ئىنسانلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. بۇنداق گۈزەل ئەخلاقنى ھازىرلىغان كىشىلەر ئىشىنىشكە ۋە ئۆلگە قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيادا تۇغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ، دۇنيا ئۇلار بىلەن تېخىمۇ گۈزەللىشىدۇ، تېخىمۇ سۆيۈملۈكلىشىدۇ.

تالانتلىقلار باشقىلارنىڭ ھەۋەس قىلىشىغا سازاۋەر بولىدۇ، بىراق پەزىلەتلىكلەر كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. تالانت باشقىلاردىن ئېشىپ كەتكەن ئەقلىي كۈچنىڭ نەتىجىسى، پەزىلەت ئالىيجاناب روھنىڭ جەۋھىرى. بىراق، كەلگۈسىدىن قارىغاندا روھ ئادەمنىڭ تۇرمۇشىغا خوجايىنلىق قىلىدۇ. تالانتلىق كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئېرىشىدۇ. ھالبۇكى، ئالىيجاناب پەزىلەتكە ئىگە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ پەزىلىتى ئارقىلىق ئىناۋەت تاپىدۇ. كىشىلەر ئالدىنقىسىغا ھەۋەس قىلىدۇ، كېيىنكىسىنى ئۆلگە قىلىدۇ.

## ساماغا بېقىش — روھنىڭ ئىزدىنىشىنى تەھلىل قىلىش

پەيلاسوپلارنىڭ پۇل تاپمىقى ناھايىتى ئاسان،
بىراق ئۇلارنىڭ قىزىقىدىغىنى پۇل ئەمەس.
— ئارىستوتېل

تېلېس بىر يىلنى 365 كۈن قىلىپ بېكىتكەنىكەن. ئۇ گىرېتسىيەدىكى ئەڭ بۇرۇنقى پەلسەپە ئىلمىي ئېقىمى (ئىيونىيە ئىلمىي ئېقىمى) نىڭ ئاساسچىسى، شۇنداقلا قەدىمكى گىرېتسىيەدە يازما خاتىرىلەر بارلىققا كەلگەندىن بۇيان خاتىرىلەنگەن تۇنجى پەيلاسوپ. تېلېس ئەسلىدە سودىگەر بولۇپ، بابىلۇن، مىسىر قاتارلىق جايلارغا بارغان. ئۇ جايلاردا ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە بىلىملىرىنى ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالغان. كېيىن سىياسىي ۋە تېخنولوگىيە بىلەن مەشغۇل بولغان ھەمدە ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيەنى تەتقىق قىلغان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى پەلسەپە بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇ ئەينى چاغدىكى ئىنسانلارنىڭ ئىدىيە ۋە پائالىيەت ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك كىرىپ، يۈكسەك ئىناۋەتكە ئېرىشكەن، «گىرېتسىيەدىكى يەتتە دانىشمەننىڭ بېشى» دەپ تەرىپلەنگەن.

تېلېس دۇنيانىڭ مەنبەسى سۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ: «سۇ مەۋجۇداتلارنىڭ مەنبەسى، مەۋجۇداتلار ئاخىرى سۇغا ئايلىنىدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزى بار. تېلېسنىڭ مۇكەممەل تەرجىمىھالى قالدۇرۇلمىغان. تارىختا ئۇنىڭغا دائىر تارىخقا كىرگۈزۈلمىگەن نۇرغۇن ئىشلار تارقىلىپ، بۇ شەخس ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن تەسۋىرلىنىپ، ئۇنىڭ ھاياتى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىلگەن. بۇلارنى تامامەن چىن دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

تېلېس توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنىڭ ۋارىيانتلىرى ئىنتايىن كۆپ، بىراق ھەر خىل ھېكايىلەر ئىچىدە ئۇ ئەينى چاغدىكى ئەڭ

ئەقىللىق ۋە بايلىقنى نەزەرگە ئىلمايدىغان ئادەم سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بەزىلەر ناھايىتى قىممەتلىك بىر داڭقانىنى بايقاپتۇ. ئۇنىڭغا كىمنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىش سالاھىيىتى بار؟ دېگەن مەسىلە پەيدا بوپتۇ. ئىلاھىي يارلىقتا «ئەڭ ئەقىللىق ئاشۇ ئادەم» دېيىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنى تېلىسقا سوۋغا قىپتۇ. بىراق، تېلىس ئۇنى باشقىلارغا سوۋغا قىپتۇ. مانا مۇشۇنداق داۋاملىشىپ، داڭقان يەنە تېلىسنىڭ قولىغا كەپتۇ. يەنە بىر ھېكايىدە ئېيتىلىشىچە، ئەڭ ئاخىرىدا ئەينى چاغدىكى ئافىنانىڭ ھۆكۈمرانى سولۇننىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ، كېيىن تېلىس (ياكى سولۇن)، ئىلاھ ئەڭ ئەقىللىق، دەپ قاراپ، ئۇنى ئىبادەتخانىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

تېلىسقا دائىر ھېكايىلەر ئەلمىساقتىن تارقىلىپ كەلدى. بىر قېتىم ئۇ يولدا كېتىۋاتقاچ مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇ ئازگىلىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بىر دېدەك ئۇنى مەسخىرە قىلىپ: «نېمىدېگەن كۈلكىلىك، ئەتراپىڭدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلمەيسەنۇ، يەنە شۇ ئەسقاتمايدىغان ئىشلىرىڭنى ئويلايسەن» دەپتۇ. تېلىس بۇنىڭغا دەرمەھەل رەددىيە بېرەلمەي قاپتۇ. ئەمەلىيەتتە تېلىس كېيىن ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاشۇ چاكىنا دېدەككە رەددىيە بېرىپتۇ. ئۇ كېچىسى ئاسمان ھادىسىلىرىنى كۆزىتىپ، كېلەر يىلى زەيتۇندىن مول ھوسۇل ئېلىنىدىغانلىقىنى بىلىپتۇ، ئۇ شۇ جايدىكى بارلىق جوۋازخانىلارنى ئالدىن ئىجارىگە ئاپتۇ. دەرۋەقە شۇ يىلى زەيتۇندىن مول ھوسۇل ئېلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تېلىس جوۋازخانىلارنى يۇقىرى باھادا ئىجارىگە بېرىپ، نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشىپتۇ. تېلىسنىڭ ھەرىكىتى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، پەيلاسوپلارنىڭ پۇل تېپىشى ناھايىتى ئاسان، ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ قىزىقىدىغىنى پۇل ئەمەس. خۇددى ئۇ ئېيتقاندەك: «باشقىلار تاماق يېيىش ئۈچۈن ياشايدۇ، مەن

ياشاش ئۈچۈن تاماق يەيمەن».

تېلېس توغرىسىدىكى بۇ ھېكايىنى باشقىلاردىن كۆپ قېتىم ئاڭلىغانىدىم. ھەر قېتىم بۇ پەيلاسوپنىڭ دەرمەھەل رەددىيە بېرەلمىگەنلىكىدىن تولىمۇ ئۆكۈندۈم. ئارىستوتېلنىڭ بۇ ۋەقە توغرىسىدىكى باھاسى ئادەمنى شادلاندۇرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيلاسوپلارنىڭ پۇل تاپمىقى ناھايىتى ئاسان، بىراق ئۇلارنىڭ قىزىقىدىغىنى پۇل ئەمەس»، ۋاھالەنكى، گېگېلمۇ ھېچقانداق تۈزۈت قىلماي مۇنداق باھا بەرگەن: «مەڭگۈ ئازگال ئىچىدە يېتىپ كۆككە قارىمايدىغان ئاشۇ كىشىلەرلا ئازگالغا چۈشۈپ كەتمەيدۇ».

پەيلاسوپ ھامىنى پەيلاسوپ، ئۇلارنىڭ ھەربىر سۆزى ناھايىتى جايىدا ئېيتىلغان! بۈگۈنكى كۈندىمۇ بەزىلەر «ئەتراپىڭدىكى ئىشلارنى كۆرەلمەيسەنۇ، يەنە ئاشۇ ئەسقاتمايدىغان ئىشلىرىڭنى ئويلايسەن» دېگەن سۆز بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر مۇتەپەككۇرلارنى مەسخىرە قىلغىنىدا، مەن بۇنى مۇتەپەككۇرلار ئۈچۈن بىر خىل ھاقارەت دەپ ئويلايمەن. مېنىڭچە بۇ كىشىلەر كونسېرۋا قۇتىسىدا تۇرغان ھەمدە ناھايىتى تېزلا داستىخانغا تىزىلىپ يېيىلىپ، ھەزىم قىلىنىپ چىقىرىۋېتىلىدىغان ساردىنا بېلىقلىرىغا ئوخشايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ھاياتى يېيىش، ئۇخلاش، ئۆلۈشتەك تەرتىپ ئىچىدە بولىدۇ. بارلىق خۇشاللىق ـ قايغۇسى مۇشۇ ئۈچ ئىش ئىچىدە بولىدۇ. ئۇلار تەنھا ھالدا مۇلاھىزە قىلىش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن بولۇپ، ھەقىقىي خۇشاللىقنىڭ ئادەم قەلبىدىن كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇيدۇ. ئۇلار بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكى، نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئېلىشنىلا بىلىدۇ، ئەمما زادى كىمدىن ئېلىۋاتقانلىقىنى بىلىشنى خالىمايدۇ؛ ئاتالمىش ئەخلاقنىڭ ئىنسان قەلبىدىن چىققان كىشەنلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئەمما ئۆزىدىكى ئىلاھىي خىسلەتنىڭ تەدرىجىي يوقىلىشىغا قاراپ تۇرىدۇ؛ باشقىلارنىڭ كۈلكىلىك يەرلىرىنى كۆرىدۇ، ئەمما

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

روھىدىكى رەزىللىكلەرنى ھېس قىلمايدۇ؛ چۈنچىلىك كىچىككىنە پايدىلارغا تىكىلىشۋالىدۇ، ئەمما بالىلاردەك تېتىك روھنى تونجۇقتۇرىدۇ؛ كۆز ئالدىدىكى كىچىككىنە پايدا ـ مەنپەئەتكە كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئەمما يىراقتىكى سادادىن قۇلاق سېلىشنى خالىمايدۇ؛ بوگۇنكى تېتىكلىكى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان ۋاقتىنى بىلىدۇ، ئەمما ئەتە بىر دۆۋە سۆڭەككە ئايلىنىدىغانلىقىنى، ھالبۇكى بۇ بىر دۆۋە سۆڭەكنىڭ قىممىتى يوقلۇقىنى، كۆپ بولسا جەسەت كۆيدۈرۈش مەيدانىدىكى تۈرۈم ـ تۈرۈم ئىسلار بىلەن بىللە غايىب بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئۇلار گەرچە نەپەس ئېلىشۋاتقان بولسىمۇ «گۈزەل خىزمەت»، «گۈزەل تۇرمۇش» ئۇلارنىڭ روھىنى ئاستاغىنا قۇرۇقلىشۋېتىدۇ. باشقىلار مۇنداق دېگەندى: بەزىلەر تىرىك بولسىمۇ ئاللىبۇرۇن ئۆلدى؛ بەزىلەر ئۆلگەن بولسىمۇ ئۇلار يەنىلا ھايات. شۇنداق بولۇپلا قالماي، يەنە بەزى كىشىلەر ھەر كۈنى بۇرنىنى ئېتىۋېلىپ ئۆلگەن قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. ئۇلار ئوردا سىرتىدا ياشاۋاتقان ئاغۋاتلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلار روھىي جەھەتتىن غەلىتە تۇغۇلۇپ قالغانلار، ئۇلاردا ھەتتا كىچىككىنە روھمۇ يوق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۇ ئازگىلىدا يېتىشقا رازى بولغان دېدەكلەر، شۇنداقلا پۇلنىڭ دېدەكلىرى، ئارزۇ ـ ھەۋەسنىڭ دېدەكلىرى.

ئەگەر قىزىقىش، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ھەممە جاۋاب ئىزدەشنى ئىنسانلارغا خاس ئاساسىي ئالاھىدىلىك دېسەك، ئۇنداقتا دۇنيادا ئەزەلدىنلا قىزىقىش، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ھەممە ئىزدىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەر ئاز ئەمەس. كۆككە قاراپ چەكسىز ھەقىقەتكە ئىنتىلىش ئاشۇ ھەيۋەتلىك ھەققانىيەتنى سۆيگەنلىك، قەلبنى ئاشۇ كەڭ قەلبكە ماكانلاشتۇرغانلىق، شۇنداقلا ئەبەدىي قىزغىنلىقتا ئۈمىد يالقۇنلىرىنى يېلىنجاتقانلىق. غايە، ئېتىقاد، مەسئۇلىيەت، قىزغىنلىق... لار يۇلتۇزلۇق كۆككە باققاندىلا قىنىمىزدا ئاقىدۇ.

كانت مۇنداق دېگەندى: «ئىككى خىل شەيئى بار، بىز قانچىكى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلساق، ئۇلارنىڭ ئالىيجانابلىقى ۋە مۇقەددەسلىكىنى شۇنچىكى ھېس قىلىمىز، ئۇلارغا بولغان ئىخلاسىمىز ۋە ئېتىقادىمىز شۇنچىكى ئاشىدۇ، مانا بۇ ئۈستىمىزدىكى يۇلتۇزلۇق كۆك ۋە قەلبىمىزدىكى ئەخلاق مىزانى.» يۇلتۇزلۇق كۆككە بېقىش بىر خىل گۈزەل تەسىرات، قەلب تەسىراتىنىڭ بىر خىل ئۆزگىچە شەكلى. يۇلتۇزلۇق كۆككە باقىدىغاندىكى ئوي ـ پىكىر تۇرلۇك ـ تۇمەن بولىدۇ، ئۇ ئادەمدە ھايات ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى يېڭى چۈشەنچە ۋە بىلىشنى شەكىللەندۈرىدۇ. كۆككە باقىدىغاندا قايتا قايمۇقۇپ قالمايمىز، بىپايان يۇلتۇزلۇق كۆككە قاراپ قەلبىمىز ئارقىلىق ئىزدىنىشكە، ئۇتۇشقا ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلايمىز.

كۆككە بېقىش — روھنى تەھلىل قىلغانلىق، قېتىرقىنىپ ئىزدەنگەنلىك، تىنچ مۇلاھىزە قىلغانلىق، ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدەنگەنلىك، ئادەم بولۇشنى ئۆگەنگەنلىك، بىلىمگە ئىنتىلگەنلىك، دۆلەت ۋە دۇنيانىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىك. بىر مىللەت ئىچىدە كۆككە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەملەر بولغاندىلا ئۇ مىللەتتە ئۈمىد بولىدۇ؛ بىر مىللەت ئايىغى ئاستىدىكى ئىشلارغىلا كۆڭۈل بۆلسە ئۇنىڭ ئىستىقبالى بولمايدۇ.

يۇلتۇزلۇق كۆك بىپاياندۇر. ئۇنىڭغا باقىنىمىزدا دۇنيانىڭ چوڭلۇقى، ئۆزىمىزنىڭ شۇنچە كىچىكلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. يۇلتۇزلۇق كۆك ئۆزىنىڭ كەڭلىكى ئارقىلىق سانسىزلىغان پىلانېتالارنى، ئالەمدىكى بارلىق نەرسىلەرنى، شۇنداقلا ھەربىر ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. يۇلتۇزلۇق كۆك بىزگە كەڭ قورساق بولۇشنى، ئەپۇچان بولۇشنى، غايىلىك بولۇشنى، مەسئۇلىيەتچان بولۇشنى ئۆگىتىدۇ.

ئادەم يۇلتۇزلۇق كۆككە باقاندا ھايات يولىنى ئويلايدۇ، يۇلتۇزلۇق كۆككە باقمايدىغان ئادەملەر ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەرگىز بىلەلمەيدۇ. ئايىغى ئاستىغىلا دىققەت قىلىدىغان كىشىلەرگە يۇلتۇزلۇق كۆكنىڭ قانچىلىك گۈزەللىكىنى ئېيتىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ ئۇلاردا قىزغىنلىق قوزغاتقىلى بولمايدۇ. ئۇلار ئايىغى ئاستىدىكى ئورۇننىڭ مۇۋاپىق ياكى ئەمەسلىكىگىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، كۈنبويى پايپېتەك بولۇپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ماددىي نەرسىلەر ئۈچۈن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، مەنپەئەتپەرەسلىك قىلىدۇ، بۇيۇملىشىشقا باشلايدۇ.

بەلكىم «ئايىغىمىز ئاستى»دىكى ئىشلار بەك كۆپ ـ بەك كۆپ بولسا كېرەك، بىراق ئايىغىمىز ئاستىدىكى ئىشلارنى ھەرقانچە كۆپ ئىشلىسەكمۇ ئۇ كۆككە بېقىشنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. يۇلتۇزلۇق كۆككە بېقىش غايە، ئىنتىلىش، نەتىجە، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە تەقدىرىگە جاۋابكار بولغانلىق.

ئەگەر سوقرات، نىچشې، لۇشۈنلەرنى مەنپەئەتتىن كېچىپ، ھۆرۈن كىشىلەرنىڭ چۈشكۈن روھى ئۈچۈن يىغى ئۇزۇقلۇق بەردى دېسەك، ئۇنداقتا ماركس، ئېنگېلسلار پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن ماكان ئاچتى.

ئەگەر ئازگالدا يېتىشقا ئادەتلەنگەن دېدەكلەر يەنىلا «تېلېس»لارنى كۈلكىلىك دەپ قارىسا، ئۇنداقتا گېگېلنىڭ ھېلىقى سۆزى ئۇلارغا ئۇرۇلغان تەستەك، ئارىستوتېلنىڭ باھاسى ئاشۇ ئەخمەق دېدەكلەرنىڭ ئاغزىنى يۇمدۇرىدۇ، دەيمىز!

## ھەقىقەتكە ئىنتىلىش ــ مەن ئۇستازىمنى سۆيىمەن، بىراق ھەقىقەتنى تېخىمۇ سۆيىمەن

ئەگەر گۇمان بولسا دەرھال دەلىللەش كېرەك.

ــ ئاۋگۇستىن

ماركس ئۇنى «قەدىمكى زاماندىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر» دەپ ئاتىغانىدى، ئېنگېلس ئۇنى «قەدىمكى گرېك پەيلاسوپلىرى

ئىچىدىكى ئەڭ بىلىملىك شەخس» دەپ ئاتىغانىدى. ئۇ ئىنتايىن بىلىملىك بولۇپ، ئەينى چاغدا ھەرقايسى بىلىم ساھەلىرىدە مۇستەقىل تەتقىقات ئىشلىگەن ۋە ئىزدەنگەنىدى. ئۇ ياۋروپادىكى پەلسەپە ئىدىيەسىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، ياۋروپا پەن - مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئۇنىڭ تەتقىقاتىغا خېلى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇ پلاتوننىڭ شاگىرتى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سىستېمىسىغا ئېسىلىۋالمىغان، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئىدىيەسىنى جىددىي تەنقىد قىلغان. بۇ ئادەم دەل ئارىستوتېل.

ئارىستوتېل 17 يېشىدا ئۇستاز تۇتقان بولۇپ، پلاتونغا 20 يىلدىن ئارتۇق ئەگىشىپ يۈرگەن. ئارىستوتېل ئوقۇتقۇچىسىنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى، بۇ ئىككىيلەن ئىنتايىن ياخشى دوستلاردىن ئىدى.

ھالبۇكى، ئارىستوتېل ھەقىقەت ئۇستىدە ئىزدىنىش يولىدا ئىنتايىن باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ خاتالىقى ۋە كەمچىلىكلىرىنى قەتئىي كۆرسىتىپ بەرگەن، پەلسەپە ئىدىيەسىدىكى مەزمۇن ۋە ئۇسۇللاردا پلاتون بىلەن ئېغىر ئىختىلاپ ساقلاندى. شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر ئۇنى ئوقۇتقۇچىڭغا ئاسىيلىق قىلدىڭ، دەپ ئەيىبلىگەن. ئارىستوتېل بۇگۇنگىچە يېتىپ كەلگەن «ھەقىقەتنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزىمىز چوڭقۇر سۆيگەن نەرسىلەرنى قۇربان قىلىش بىزگە ئوخشاش ئەقىل - پاراسەتنى قىزغىن سۆيىدىغانلارنىڭ ئەڭ ياخشى تاللىشى، شۇنداقلا بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز؛ چۈنكى، ھەر ئىككىسىلا ئىنتايىن قىممەتلىك بولسىمۇ، بىراق ئېتىقاد بىزدىن ھەقىقەتكە دوستلۇقتىنمۇ بەكرەك ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزى ئارقىلىق رەددىيە بەرگەنىدى. بۇ سۆز كېيىن جۇڭگولۇقلارنىڭ تاۋلىشى ئارقىلىق بىزگە تونۇشلۇق بولغان « مەن ئۇستازىمنى سۆيىمەن، بىراق ھەقىقەتنى تېخىمۇ سۆيىمەن»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېگەن سۆزگە ئايلاندى.

ئارىستوتېل ئۇستازىنىڭ «ئىدراك تەلىماتى»نى قىلچە ئايماي تەنقىد قىلىپ، «سۇبستانسىيە تەلىماتى»نى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ، پلاتون ئىدىيە بىلەن ھادىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئالماشتۇرۇپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن مەۋھۇم دۇنيادىكى تەسۋىر ئىچىگە پېتىپ قالدى، بۇ دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇرى بىلەن چىن دۇنيا ئايرىلىشىپ كەتكەن، دەپ قارىدى. ئۇ ئادەمنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىدىن پايدىلىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېتىقاندا، چىن دۇنيادىكى ئەڭ يۇقىرى قاتلاملىق شەيئىلەر بىز سەزگۈ ئەزالىرىمىز ئارقىلىق كۆزەتكەن شەيئىلەردىن ئىبارەت، ئىنسانلارنىڭ روھىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شەيئىلەر تەبىئەتتىكى شەيئىلەرنىڭ كۆلەڭگىسى، شۇڭا تەبىئىي ھالدا چىن دۇنيا بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۆزىمىزنىڭ سەزگۈ ئەزاسى ئارقىلىق، كۆرۈپ باقمىغان شەيئىلەر توغرىسىدا ئاڭغا ئىگە بولۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس، بىزدىكى ھەر بىر خىل ئوي ـ پىكىر ئۆزىمىز كۆرگەن، ئاڭلىغان شەيئىلەر ئارقىلىق ئېگىمىزغا كىرىدۇ.

«مەن ئۇستازىمنى سۆيىمەن، ھەقىقەتنى تېخىمۇ سۆيىمەن.» ئارىستوتېلنىڭ بۇ سۆزى ھازىر خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ ئەقىدىسىگە ئايلاندى. جۇڭگودا ھەقىقەتكە ئىنتىلگەن يۈكسەك ئىرادىلىك ھەقىقانىي زاتلار ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ مېڭىپ، تارىختا ھەقىقەتكە ئىنتىلىشتىكى كۈچلۈك سادانى ئۈزۈكسىز ياڭراتتى. سىما چيەن ھوقۇقدارلارنىڭ پوزىتسىيەسى ۋە جەمئىيەتنىڭ ھۆججەتلىرىغا قارىماستىن «تارىخنامە»نى يازدى، كىتابتىكى «ھۇنلار تەزكىرىسى»، «خۇشامەتچى ۋەزىرلەر تەزكىرىسى»، «پەرغانە تەزكىرىسى»دە ئەينى چاغدىكى ھوقۇقدارلارنىڭ كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇشى، ئاچ كۆزلۈكى ۋە نومۇسسىزلىقى بىر ـ بىرلەپ پاش قىلىندى ۋە

قامچىلاندى؛ «ئازابىبېگى تەزكىرىسى» ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئۇنىڭدا ئەمەلدارلارنىڭ خەلقنى قىيىن ـ قىستاقتا ئالغانلىقىدەك رەھىمسىز رېئاللىق ئۇستىدىن شىكايەت قىلىنىدۇ؛ «ئالتە بەگلىك يىلنامىسى»دىكى ئەمەلىي خاتىرىلەر بابىدا چىن سۇلالىسىنىڭ تۆھپىسى، سەۋەنلىكلىرى يوشۇرۇلماي، تارىخنىڭ ئەينى قىياپىتى ئەينەن بايان قىلىپ بېرىلگەن...

سىما چيەن رەزىل كۈچلەرنى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىشنى ئۆزىنىڭ رېئاللىقنى ئىسلاھ قىلىش، غايىسىگە يېتىشتىكى ۋاستە قىلدى. ئۇ ۋاقىتىنچە مەلۇم خىل كۈچنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان تەقدىرىدىمۇ، ھەتتا شەخسنىڭ ھاياتى خەۋپكە دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ، ھەقىقانىي ئىشلارنى ھامان بىر كۈنى جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ «تارىخنامە»نى جەزمەن يېزىپ چىقىش نىيىتىدە بولغاچقا، ئوردىدا ۋەھشىيانە جازالارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ رايى قايتمىدى. ئەكسىچە، بۇلار ئۇنىڭ جاسارەت بىلەن تىرىشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان كۈچكە ئايلاندى، ئۇنىڭ قەلىمى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتى. مەيلى «يۈرت كېزەر پالۋان تەزكىرىسى»دىكى چوڭقۇر خۇرسىنىش بولسۇن، «تەيشىگۇڭ تەزكىرىسى»دىكى دولقۇنلاپ تاشقان غەزەپ ـ نەپرەت بولسۇن ياكى ۋۇ زىشۇ، لىيەن خېن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەزكىرىسىدىكىدەك بايانغا ئارىلاشقان ئوتتەك قىزغىنلىق بولسۇن، سىما چيەننىڭ باتۇرلۇق، ھەقىقەتكە ئىنتىلىدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتىنىڭ سىمۋولى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئۇستىلارنىڭ تەلىمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ يازغان «تارىخنامە»نىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى بارلىق كىتابلار ئىچىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرۇشىدىكى تۈپ سەۋەب ئىدى.

«مەن ئۇستازىمنى سۆيىمەن، ھەقىقەتنى تېخىمۇ سۆيىمەن» دېگەن سۆزدە ئۇستازغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ئىپادىلىنىپ

تۇرىدۇ، بىراق ئۇستاز ھەقىقەتنىڭ ۋاكالەتچىسى، دېگەنلىك ئەمەس. بۇ ئۇزاقتىن بۇيان مېڭىمىزدە ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ كەلگەن «ئۇستازلارنىڭ تەلىمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش» قارىشىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. گەرچە ھازىر بۇ قاراشنى كىشىلەر ناھايىتى ئاز تەشەببۇس قىلىسىمۇ، بىراق «ئۇستازنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەقىقەت بولۇشى ناتايىن» دېگەن قاراش ئوخشاشلا تېخى تورغۇزۇلمىدى. ئەمەلىيەتتە، ھازىرغا قەدەر ئوقۇغۇچىلار مەلۇم ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسخانىدا ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى تۇيەيلىدىن تولىمۇ ھاياجانلىنىدۇ، گەرچە بۇ خىل خاتالىق كۆپ ھاللاردا ماھىيەتلىك خاتالىق بولماستىن، بەلكى تېخنىكىلىق بولىدۇ. بۇ خىل ھاياجان ئەكسىچە «ئوقۇتقۇچىلاردىمۇ خاتالىق كۆرۈلىدۇ»، «ئوقۇتقۇچى ھەقىقەتنىڭ تەبىئىي ھىمايىچىلىرى ئەمەس» دېگەننى ئېتىراپ قىلىش ئۇچۇن خېلى قىيىنچىلىق بارلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ.

«ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئاتا ـ بالىغا ئوخشايدۇ.» بۇ، مىللىتىمىزنىڭ قەدىمىي ئەنئەنىسى. تەپسىلىي ئويلانساق، بۇ ئادەمدىكى بىر خىل تۇغما ئىتقىدارنى كۆرسەتسە كېرەك. بالىنىڭ ئاتا ـ ئانا بىلەن مەلۇم خىل تەبىئىي قانداشلىق مۇناسىۋىتى، كېيىنكى كۇنلەردە ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مۇناسىۋىتى بولغاچقا، باللار ئۇلارنى كۆرگەندە بىر خىل خاتىرجەملىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىغا ئىنتايىن كۇچلۇك دەرىجىدە تايىنىدۇ، بالا خېلى ئۇزاق مەزگىللەرگىچە ئاتا ـ ئانىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدۇ. ئوخشاشلا ئوقۇغۇچىلارمۇ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ سۆيۈملۈكلۈكىنى ھېس قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىغا ئىشىنىدۇ، مانا بۇ باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىغا چەكسىز ئىشەنگەنلىكىنىڭ راۋاجى.

«مەن ئۇستازىمنى سۆيىمەن، ھەقىقەتنى تېخىمۇ سۆيىمەن»

دېگەن سۆز ئادەمنىڭ ئىدراكىي ئويلىنىشىنىڭ نەتىجىسى، ئادەمنىڭ توغما ئىقتىدار ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئەقىل ـ پاراسەتكە، مۇستەقىللىققا يۈزلىنىشىدىكى بىر خىل قىياپەت دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئىدىيەگە ئەمەل قىلغانلىق ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بىلىشىنىڭ ھامان چەكلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇستاز بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ھەقىقەتنى ئىلكىگە ئالغۇچىلار ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ (ئوقۇتقۇچىنىڭ) بىلىش دائىرىسىدىن سىرت، يەنە ئوبيېكتىپ دۇنيانى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تونۇش لازىملىقىنى چۈشەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ خىل تونۇش ھەرگىزمۇ «ئۇستازنى سۆيۈش» ئارقىلىق تاماملانمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇستازنىڭ تەلىمىدىن كېيىنكى مۇستەقىللىق روھى، ئەركىن ئىدىيەسى ئارقىلىق ئىزدىنىش، يول ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ خىل روھ ۋە ئىدىيە تولىمۇ قىممەتلىك. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، روھىي ھالەت بىر مىللەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك. يېقىنقى زامان تارىخىدا جۇڭگونىڭ باشقىلار خالىغانچە بوزەك قىلىدىغان «شەرقىي ئاسىيا كېسەلمەنلىرى»گە ئايلىنىپ قېلىشىدىكى سەۋەبلەر دەرۋەقە كۆپ تەرەپلىمىلىك. بىراق، ئەينى چاغدىكى كىشىلەرنىڭ روھىي جەھەتتە كونىلىققا ئېسىلىۋېلىشى، چۈشكۈنلىشىشى، ھەممىدە «دانىشمەنلەر»، «ئەجدادلار»نىڭ سۆزىنى يېتەكچى قىلىشى، «ئۇستازىمنى سۆيىمەن، ھەقىقەتنى تېخىمۇ سۆيىمەن» دەيدىغان ئىنتىلىش روھى ۋە قىزغىنلىقىنىڭ يېتەرسىزلىكىمۇ شۈبھىسىزكى شۇنىڭ بىر مۇھىم ئامىلىدۇر. ئامېرىكىلىق ئالىم ئىنگىل مۇنداق دەيدۇ: ئارقىدا قېلىش ۋە تەرەققىي قىلماسلىق جەمئىيەت ئىقتىسادىنى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان ئىستاتىستىكىلىق سانلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى بىر خىل پسىخىكىلىق ھالەت.

پۇقرالار پىسخىكا ۋە مەنىۋى جەھەتتە ئەنئەنىۋى ئاڭ ئىچىگە مەھكەم بېكىتىۋېتىلسە، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى كۈچلۈك توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. جىددىي ھەم رەھىمسىز رىقابەتكە تولغان بۈگۈنكى دۇنيادا پۇقرالاردىكى ھەقىقەتكە ئىنتىلىش روھى ۋە قىزغىنلىقى يېتەرسىز بولۇشتەك روھىي قىياپەتنى ئۇنۇملۇك ئۆزگەرتمىسەك، ئۇنداقتا جۇڭگونىڭ نامرات، قالاق ھالىتىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىش، دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدىن ئورۇن ئېلىش قىيىنغا توختايدۇ. ھەتتا «يەر شارىدىن قوغلاپ چىقىرىلىش» خەۋپىگە ئۇچرايمىز.

شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندە ئارىستوتېلنى ۋە ئۇنىڭ «ھەقىقەتنى تېخىمۇ سۆيىمەن» دەيدىغان ھەقىقەتكە ئىنتىلىش روھىنى تەكىتلەش ئىنتايىن زۆرۈر.

ماركس قىزىغا مۇنداق دېگەنىدى: «مەن ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدەنگىنىمدە، بېشىم يېرىلىپ قاناپ كەتسىمۇ كەينىمگە قايتمايمەن.» فىرويد ئۆزىنىڭ كىتابىغا ئاۋگۇستىنىنىڭ «ئەگەر گۇمانلانساق دەرھال دەلىللەش كېرەك» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى كىرگۈزدى. بۇ سۆزلەر ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش روھىنى، ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش قىزغىنلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مانا مۇشۇنداق روھ ۋە قىزغىنلىق نۇرغۇنلىغان كاتتا شەخسلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. شەخسىي غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، تېخىمۇ مۇھىمى مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە ۋەتەننى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن ھەقىقەتكە ئىنتىلىش روھىنى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇپ، ئۇنى ھەر بىر ئادەمنىڭ ھەرىكەت قىبلىنەماسى قىلىش نېمىدېگەن مۇھىم - ھە!

«سۆيۈش» بولمىسا بولمايدۇ، بىراق «سۆيۈش»لا كۇپايە قىلمايدۇ، «سۆيۈش»نىڭ سىرتىدا يەنە بىر چەتكە قايرىپ قويساق بولمايدىغان بىر سۆز بار، ئۇ بولسىمۇ «ھەقىقەت» !

# ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىش — تەكشۈرۈپ تۇرمىغان ھايات كۆڭۈلدىكىدەك ھايات ئەمەس

خاتالىقنى تونۇش ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنىڭ تۇنجى قەدىمى.

— ئېپكۇر

قەدىمكى يۇنانلىق پەيلاسوپ ئېپكۇرنىڭ «خاتالىقنى تونۇش ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنىڭ تۇنجى قەدىمى» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بار. قەدىمكى رىملىق پەيلاسوپ سېنېكا بۇ سۆزنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «بىر ئادەم ئۆزىنىڭ تېخى خاتا ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتمىسە، ئۇنىڭدا خاتالىقنى تۈزىتىش ئارزۇسى بولمايدۇ. بەزىلەر ھەتتا ئۆزىنىڭ خاتالىقلىرىدىن ماختىنىدۇ، شۇنداق دېيەلەيمەنكى، ئۆزىنىڭ خاتالىقلىرىنى گۈزەل ئەخلاق دەپ قارىغۇچىلار ئۆزىنىڭ خاتالىقلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۈزەتمەيدۇ. كىمكى ئۆزىنى قۇتقۇزىمەن دەيدىكەن، ئۆزىدىكى خاتالىقلارنى قۇربىنىڭ يېتىشىچە ئاشكارىلىشى كېرەك. ئادەم ئۆزىگە قاتتىق قوللىراق بولۇشى لازىم. سەن ئالدى بىلەن جاۋابكار، ئۇنىڭدىن كېيىن سودىيە، ئەڭ ئاخىرىدا ئاقلىغۇچى ئادۋوكات بولۇپ، ئۆزۈڭ توغرۇلۇق سوراقنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن پايدىسىز دەلىل - ئىسپاتلارغا يېتەكلىشىڭ كېرەك.»

دېمەك، قەدىمكى زاماندىكى دانىشمەنلەر ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىشنى بىر خىل ئاڭلىق ھەرىكەت دەپ قارىغان، ئۇلار ئۇلۇغلاۋاتقان «ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىش ئېڭى» نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە ئىزچىل مەنىۋى بايلىق تەرىقىسىدە ئىنسانلارغا نەپ يەتكۈزۈپ كەلدى. بىراق، بۈگۈنكى دەۋردە بىز مۇنداق ئۇسال ئەھۋاللارغا ئۇچراۋاتىمىز. بىر تەرەپتىن، ماددىي تۇرمۇش

يۈكسەك دەرىجىدە باياشاتلاشتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مەنىۋى دۇنيا ئىنتايىن نامراتلاشتى، ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىش ئېڭىنىڭ يېتەرسىزلىكى بۇنىڭ دەلىلى. ھەر قېتىم چاتاق تېرىغىنىمىزدا، خاتا ئىش قىلغىنىمىزدا، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتقىنىمىزدا ئاۋۋال تەشەببۇسكارلىق بىلەن خاتالىقنى تونۇشنى ئەمەس، بەلكى مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىمىزنى قانداق قاچۇرۇشنى ئويلىدۇق؛ ھەر قېتىم ئىمتىھاننى كۆڭۈلدىكىدەك بېرەلمىگەندە، خىزمەت ئىزدەپ بىرىپ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، ئۇلۇغۋار غايىگە يول تاپالمىغاندا ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ يېتەرسىزلىكى، ئەمەلىي كۈچىمىزنىڭ كەمچىللىكى، تىرىشچانلىقىمىزدىكى پەرقنى ئويلىماي، بەلكى ئازابلىنىش، چۈشكۈنلىشىش، قايغۇرۇش، غەزەپلىنىش بىلەن بىرۋاقىتتا، بۇنىڭدىكى سەۋەبلەرنى باشقىلارنىڭ ئارىلىشىشى ۋە تاشقى مۇھىتتىن كۆردۇق. ئۆزىمىزنىڭ روھى توغرىسىدىكى سوئال ۋە چوڭقۇر ئويلىنىش يېتەرسىز بولدى. شۇنىڭ بىلەن قەلبىمىزنى مۇھاپىزەت قىلىش ئىقتىدارىمىز ۋە نېرۋىنى تەڭشەش ئىقتىدارىمىز بارغانسېرى ناچارلاشتى، مۇشكۈلاتقا يېتىپ قېلىپ ئازاب دېگىزىدا مۇشەققەتلىك تىركەشكەن بولساقمۇ، كۆلپەتتىن قېچىپ چىقىدىغان ئېغىز ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە بارىدىغان يولنى تېپىشىمىز ناھايىتى قىيىنغا توختىدى.

سوقرات «تەكشۈرۈپ تۇرمىغان ھايات كۆڭۈلدىكىدەك ھايات ئەمەس» دېگەنىدى. كۇڭزىنىڭ چوڭ شاگىرتى زېڭ سەننىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىش ھەققىدە مۇنداق مەشھۇر بايانى بار. «مەن ھەر كۈنى جەزمەن ئۈچ ئىش ئارقىلىق ئۆزۈم ئۈستىدە ئويلىنىمەن. باشقىلارغا قىلىپ بەرگەن ئىشىمدا بەجانىدىللىق قىلمىغان جايلار بارمۇ؟ دوستلار ئارا باردى ـ كەلدىدە سەمىمىيەتسىزلىك قىلغان يېرىم بارمۇ؟ ئۇستازنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى تەكرارلىدىممۇ، يوق؟»

كىشىلەرگە سەممىيەتچىل بولۇش لازىم. سەممىيەتچىللىك ئىنسان پەزىلىتىدىكى يورۇقلۇقنىڭ ئىپادىسى، باشقىلارنىمۇ ھەم ئۆزىنىمۇ ئالدىمىغانلىق. باشقىلار ئۇچۇن ئىش بېجىرگەندە بەجانىدىل بولغاندىلا ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئىش كۆرۈشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، بۇ ئادەمگەرچىلىكتىكى ئەقەللىي ئەخلاق. ئۆزىنى دەرمەھەل تاكامۇللاشتۇرغىلى بولمايدۇ، تاكامۇللاشتۇرۇشنى پۈتكۈل ھاياتقا سىڭدۈرۈش كېرەك. كونا تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا تەكرار قىلىپ تۇرۇش، يېڭى بىلىم ئېلىش، توختاپ قالماسلىق كېرەك، توختاپ قالغان ھامان بىلىم قاتماللىشىپ قالىدۇ.

نورمال كىشىلەر ھەر كۈنى چىشىنى چوتكىلاپ يۈزىنى يۇيىدۇ، بۇ ئۆزىدىكى پاكىز، ياخشى قىياپەت ۋە ھالەتنى ساقلاش، شۇنداقلا كونىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ يېڭىسىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ بىر خىل تاشقى ھەرىكەت ئېڭى، ئۇنداقتا ئىچكى ئالەمچۇ؟ مەنىۋى جەھەتتە مانا مۇشۇنداق كونىسىنى چىقىرىۋېتىپ يېڭىسىنى قوغداش ھەرىكىتىدە بولدۇقمۇ، يوق؟چوقۇم بۇنداق قىلالمىدۇق. ھازىر ئۆزى ئۇستىدە ھەقىقىي ئويلىنىشنى خالايدىغانلار ئۇنچە كۆپ ئەمەس، كۆپىنچىسى باشقىلارغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۆزى ئۇستىدە ئويلىنىش ھەرىكىتىنى ئۆزىگە جاۋابكار بولۇش، شۇنداقلا ئالغا بېسىشنى تەلەپ قىلىشنىڭ ئەقەللىي تەلىپى قىلىش لازىم. ئۆزى ئۇستىدە ئويلىنىش ئارقىلىق روھىي ھالەتنى ۋاقتىدا تەڭشىگىلى، ئۇسۇلنى تۈزەتكىلى ۋە يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ. شوپۇر رولنى تۇتۇپ ماڭغاندا ئوڭ ـ سولغا يېنىك بۇراپ، ئاپتوموبىلنىڭ يۆنىلىشىنى توغرىلىغانغا ئوخشاش، ئىدىيە ۋە ئىچكى دۇنيايىمىزدىمۇ ھەرىكىتىمىزنى دائىم تۈزىتىپ تۇرۇشىمىز، يولدىن چىقىپ كەتمەسلىكىمىز ۋە ئېزىپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

بىر قەدەم خاتا مېڭىپ قويۇشنىڭ كارايىتى چاغلىق،

مۇھىمى تېزدىن توغرا يولغا قايتىپ كېلىشتە. قىشتىن كېيىن باھار كېلىدۇ، بۇ شۈبھىسىز. ئۆزى ئۇستىدە ئويلىنىش قىيىن ئەمەس، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشمۇ قىيىن ئەمەس، ئەگەر ھەر كۈنى ئازراق ۋاقىت ئاجرىتىپ ئۆزىڭىز ئۇستىدە ئويلانسىڭىز، ئەگەر سىزدە پۈتۈن ۋۇجۇد بىلەن بېرىلىدىغان ئىخلاس بولسا، نۇرغۇن ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىشىڭىز مۇمكىن.

ئۆزى ئۇستىدە ئويلىنىشنىڭ يېتەرسىز بولۇشى قورقۇنچلۇق، ئۆزى ئۇستىدە ئويلىنىشنىڭ توغرا بولماسلىقىمۇ قورقۇنچلۇق. بەزى كىشىلەر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسا ياكى زەربىگە يولۇقسىلا ئۆز چېچىنى ئۆزى يۇلۇپ، ئوڭۇشسىزلىقنىڭ ئاچچىق مېۋىسىنى مەجبۇرىي يۇتۇۋېلىپ، شۇ يىقىلغىنىچە ئۆزىنى ئوڭشىيالمايدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىپ، ئۆزى ئۇستىدە ئويلىنىش ئېڭىنى ئۆزىنى قاتتىق ئەيىبلەشكە باراۋەرلەشتۇرۇۋالىدۇ. ئۇلار ئۆزىدىن مۇكەممەل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ ئادەمدە كەمستىش پىسخىكىسىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ئىشنى ئوڭشىماق بىر ياقتا تۇرسۇن ئىچىدىكى ئازاب تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ.

ئۆزى ئۇستىدە ئويلىنىش مەنىۋى قاتلامدىكى ئويلىنىش بولۇپ، روھقا سوئال قويۇشتۇر. ئۆزى ئۇستىدە ئويلىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى سەۋەنلىكلەرنى ئېتىراپ قىلىش، يەنى «سەۋەنلىك»لەرنى بىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن كۆرۈلگەنلىكىنى بىلىش، بۇ ئارقىلىق ھەرىكەتتىكى «سەۋەنلىك»لەرنى تۈزىتىش كېرەك. ئۆزى ئۇستىدە ئويلىنىش سىرتقى جەھەتتىن مەجبۇرلانغان بولماستىن، بەلكى تاماق يېيىش، ئۇخلاشقا ئوخشاش ئاڭلىق ھەرىكەتسىز بولۇشى كېرەك.

ئۆزى ئۇستىدە ئويلىنىش روھقا ئىگە ئادەم ۋە مىللەت قۇدرەت تېپىپ، يېڭىلمەس ئورۇنغا ئۆتكۈسى.

## دانالارنى غەپلەت باسمايدۇ ــ ئادەمنى چۈشەنگۈچىلەر دانادۇر، ئۆزىنى بىلگۈچىلەر ئاقىلدۇر

بىلىم تەبىئەتكە، ئەقىل ـ پاراسەت ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك.

ــ سوقرات

بىلىملىك بولۇش ئاسان، بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىسەكلا كۇپايە. بىراق، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئادەم بولماق قىيىن، چۈنكى ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىش ۋە ئۆزىنى تاۋلاش كېرەك.

تەبىئەت دۇنياسىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن بىلىم بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ئۆزگىرىشىدىكى ئىچكى قانۇنىيەتنى ئىگىلىسەكلا ئۇنى كونترول قىلالايمىز. شۇڭا، بىلىم ــ كۈچ دەيمىز. ھاياتنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسەت بولۇشى كېرەك. ھالبۇكى، ھاياتتا قىياس بولمايدۇ، لوگىكىغا ئېتىبار بېرىلمەيدۇ، ئۇنىڭدا ئاساسلانغۇدەك ھېچقانداق قانۇنىيەت يوق، كۆزىتىش بىردىنبىر چارە. شۇڭا، ئەقىل ـ پاراسەت بىر خىل مەنزىل.

بىلىم تەبىئەتكە تاقابىل تۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ، تۇرمۇش ئېھتىياجىمىزنى ھەل قىلىدۇ، بىراق ئۇ ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆزىتەلمەيدۇ. ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ قارىماققا ھېچقانداق ئەمەلىي ئۈنۈمى يوق، بىراق ئۇ ئارقىلىق ھاياتتىكى ئىلگىرىلەش ـ چېكىنىشنى كۆزىتەلەيمىز، ھايات ـ ماماتلىقنىڭ نۆۋەتلىشىشىدىن ھالقىپ كېتەلەيمىز.

خۇددى سوقرات ئېيتقاندەك، بىلىم تەبىئەتكە، ئەقىل ـ پاراسەت ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك. كۆڭۈلىمىزنى: دانالار غەپلەتتە قالمايدۇ، دېگەندى. غەپلەتتە قالماسلىق دېگىنىمىز ھەممىنى

بىلىدىغان ئادەمگە ئايلىنىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇ ھاياتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى كۆزىتەلىدى، ئەتىۋارلىنىش - خارلىنىشتا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدىغان، مۇتلەق سۈزۈك مەنزىلگە يەتتى، دېگەنلىك.

ھەر بىر ئادەم 10 يۈەنلىك پۇل بىلەن 100 يۈەنلىك پۇلنىڭ پەرقىنى بىلىدۇ، ئەمما 100 يۈەنلىك پۇلنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى كۆزى بىلەن پەرقلەندۈرەلەيدىغانلار ئىنتايىن ئاز - مەن بازاردا بىر كۆكتات ساتقۇچى دېھقاننىڭ 100 يۈەنلىك يالغان پۇلنى سىقىملاپ ھۆكرەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ھەمدە ئۆزىنى راست - يالغاننى پەرق ئېتەلمەيدىغان دۆت دەپ تىللاۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم. سەن بۇ پۇلنىڭ راست - يالغانلىقىنى پەرقلەندۈرەلىگەن تەقدىردىمۇ، يالغان سۈت پاراشوكى، يالغان دىپلوم، يالغان دىسسېرتاتسىيە، يالغان سۇ مېيى قاتارلىق سانسىزلىغان يالغان، ساختا مەھسۇلاتلارنى قانداق پەرقلەندۈرەلەيسەن؟ پەزىلەتلىك جەمئىيەتتە بۇنداق يالغان - ساختا مەھسۇلاتلار مەۋجۇت بولماسلىقى كېرەك ئىدى ھەم مەۋجۇت بولمايتتى.

شۇنىڭدىن قارىغاندا، پەرقلەندۈرۈش بىر تەرەپ، ئەخلاقلىق بولۇش يەنە بىر تەرەپ. شەيئىلەرنى پەرقلەندۈرەلىسەڭ مەنپەئەتكە ئازمايسەن، ئەخلاقلىق بولساڭ يولدىن ئازمايسەن. ھالبۇكى، ھەقىقىي دانالار شەيئىلەرنى پەرقلەندۈرۈپلا قالماستىن، ئەخلاقلىق بولۇشى كېرەك ھەم مەنپەئەتكە ئازماسلىقى، ھەم يولدىن ئازماسلىقى كېرەك. دېمەك، «دانالارنى غەپلەت باسمايدۇ» دېگىنىمىز ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراستىگىلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ ئەخلاق تەربىيەلىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك. ئادەم دانىشمەنلەردىن بولماقچى بولسا ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتىكى سىناققا موھتاج بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئەخلاقنىڭ تەكشۈرۈشىگە موھتاج. مۇشۇلاردا لاياقەتلىك بولغاندىلا ئازمايدىغان دانىشمەن دەپ ئاتىلىشقا

مۇناسىپ بولىدۇ.

دۇنيادىكى ئىشلار ناھايىتى كۆپ ۋاقىتلاردا تاشقى كۆرۈنۈشىنىڭ ھەر خىللىقى سەۋەبىدىن كۆزنى قاماشتۇرۇپ ئادەمنى ئازدۇرىدۇ. ھەقىقىي دانىشمەنلەر ئۇنىڭ سىرتىغا قارىمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭدىكى ھەر خىل مۇددىئا ۋە مۇمكىنچىلىكلەرنى تەھلىل قىلىپ، ئاستا ـ ئاستا تاللايدۇ، ئويلىنىدۇ. ئادەمنى بىلىش دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا ئەقىل ـ پاراسەتلەرنىڭ بىرى، ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەمنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى ھەممىلا ئادەمدە بولىۋەرمەيدۇ. يازغۇچى ۋاڭ دىڭجۈننىڭ كىتابىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار: بىر بوۋاي نەۋرىلىرىگە «دۇرۇس ئادەم بولۇشتا ئەڭ مۇھىمى ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەمنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك» دەپتۇ. ئۇ بىر پارچە ئالتۇندىن مۇكاپات تەييارلاپ، ئىككى نەۋرىسىنىڭ «ئادەمنى بىلىش دانالىقى»نى سىنىماقچى بوپتۇ.

— قوشنا مەھەللىدىكى خۇ جەنئەننىڭ ياخشى ياكى يامان ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ كېلىڭلار. كىم توغرا جاۋاب تاپالىسا بۇ ئالتۇن شۇنىڭغا تەئەللۇق، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ ئىككى نەۋرىسى ھېچقانداق قىيىنچىلىق ھېس قىلماي، چىقىپ كەتكىنىچە خۇشال ـ خۇرام قايتىپ كەپتۇ، ئىككىسىلا ئۇستەلدىكى ئالتۇن مېنىڭ دەپ ئويلايدىكەن. چوڭ نەۋرىسى ئىشەنچ بىلەن:

— خۇ جەنئەن ئەسكى ئادەم ئىكەن، شۇ كەنتنىڭ قوغدىغۇچىسى ئۇنى تولىمۇ ئەسكى دېدى. قوغدىغۇچى شۇ كەنتتىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى بەش قولدەك بىلىدىكەن، — دېدى.

— توغرا ئەمەس، — دەپتۇ بوۋاي بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ، — ھېلىقى قوغدىغۇچى ئەسكى ئادەم. ئەسكى ئادەمنىڭ ئاغزىدىكى ئەسكى ئادەم ياخشى ئادەم بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچى نەۋرىسى بۇنى ئاڭلاپ ئىشەنچى تېخىمۇ ئېشىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەرھال سۆز ئارىلاپ:

— بوۋا مېنىڭچە خۇ جەنئەن ياخشى ئادەم، مەن ئۇلارنىڭ كەنت باشلىقىنى مەخسۇس زىيارەت قىلىپ باردىم، خۇ جەنئەننى تىلغا ئالسام كەنت باشلىقى «بۇ ياخشى ئادەم! بەلەن ئادەم!» دېدى، — دەپتۇ.

— بەلكىم، بىراق ئۇنىسىمۇ ناتايىن، ھېلىقى كەنت باشلىقى ياۋاش، قورقۇنچاق ئادەم، ئۇنىڭدا ياخشىلارنى مۇكاپاتلاپ، يامانلارنى ئەدەپلەيدىغان جاسارەت يوق، — دەپتۇ بوۋاي بېشىنى چايقاپ.

— ئۇنداقتا خۇ جەنئەن ياخشى ئادەممۇ ياكى يامان ئادەممۇ؟ — دەپتۇ نەۋرىسى تىتىلداپ.

— بۇنىڭ جاۋابىنى ئۆزۈڭلار تېپىڭلار، سىلەردە قاچان مۇشۇ خىل ئىقتىدار ھازىرلانسا ئالتۇن سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا ئۆتىدۇ، — دەپتۇ بوۋاي ئالتۇننى ساندۇققا سالغاچ كۈلۈپ تۇرۇپ.

«جۇاڭزى»دىكى مۇنداق بىر جۈملە سۆز مېنىڭچە كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنزىلى بولسا كېرەك: پۈتۈن دۇنيا سېنى ماختىغاندا ئۆزۈڭنى بىر قەدەم كۆپرەك مېڭىشقا دەۋەت قىلمايسەن؛ پۈتۈن دۇنيا سېنى تەنقىدلىگەندە قالدۇرغاندا، ئەيىبلىگەندە، سېنى خاتالاشتى، دېگەندە قەلبىڭدە قىلچە چۈشكۈنلىشىش بولمايدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ قەلبى بىلەن سىرتىدا قانداق پەرق بارلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، شەرەپ ۋە نومۇسنى ئايرىيالىسىلا كۇپايە. دېمەك، سىرتتا 10 مىڭلاپ سادا بولسىمۇ، ئىچكى دۇنيادا بىرلا ئاۋاز بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىچكى دۇنيانىڭ ھۆكۈمى ھېسابلىنىدۇ. قانداق ئادەم مۇشۇنداق ئىشەنچلىك ھۆكۈم قىلالايدۇ؟ دانالار قىلالايدۇ، مانا بۇ دانالارنى غەپلەت باسمىغانلىق.

شۇڭا، غەپلەت بېسىش بىلەن غەپلەت باسماسلىق تاشقى دۇنيا بىلەن ئىشەنچلىك ئىچكى دۇنيانىڭ كۈچ سىنىشىشى، شۇنداقلا پۈتۈن ھاياتتىكى كۈچ سىنىشىش ھېسابلىنىدۇ،

ئادەمنى 40 ياشتىن كېيىن غەپلەت باسماسلىقى ناتايىن، غەپلەت ئادەمگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدۇ، قايسى بىر ھېكمەتلىك سۆزنى ئوقۇغانلىق بىلەنلا تۇيۇقسىز داناlاردىن بولغىلى بولمايدۇ. «داناlارنى غەپلەت باسمايدۇ» دېگىنىمىز، ئەمەلىيەتتە ئىچكى دۇنيايىمىزدىكى تولىمۇ كۆپ ھۆكۈملەرنى سىنىغانلىق.

قانداق قىلغاندا «داناlارنى غەپلەت باسمايدىغان» مەنزىلگە يەتكىلى بولىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، مەن يەپ ـ ئىچىش، كۆڭۈل ئېچىشنى «ياخشى»، ئار ـ نومۇسقا چىداش، شەخسىيەتچىلىك قىلماسلىقنى «ئەخمەق»لىق دەپ قارايتتىم، ھاياتنىڭ ئېزىتقۇ تۇمانلىرى سەۋەبىدىن ھەقىقىي ياخشى ـ يامانىنى ئېنىق ئايرىيالمىغاچقا، غەم ـ ئەندىشە، گاڭگىراش، ۋەھىمە ئىچىدە ياشىغانىدىم. كېيىن ياخشى ـ يامانىنى ئايرىشنىڭ قەدىمىدىن تارتىپ ئۆزگەرمەيدىغان ئۆلچىمى بارلىقىنى، يەنى بۇ ئۆلچەمنىڭ ئالەم ھەقىقىتى توغرىسىدىكى مىزان ئىكەنلىكىنى، مۇشۇ مىزانغا رىئايە قىلغاندىلا مۇرەككەپ مۇھىتتا ساپ ھەم سۈزۈك قەلبنى ساقلاپ، دۇنيادىكى ئىشلار تۇپەيلىدىن ئېزىپ كەتمەي، غەپلەت باسمايدىغان داناlاردىن بولغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدىم.

## رەھمدىللەر تەڭداشسىزدۇر — قول قولنى يۇسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيىدۇ

> ئىككى نەرسە بار، بىز تەكرار تەپەككۇر يۈرگۈزگەنسېرى قەلبىمىزنى يېڭىلايدىغان ھەم مەدھىيەمىز ۋە ھېيىقىشىمىز كۆپىيىپ بارىدىغان، ئۇلار يۇلتۇزلۇق ئاسمان بىلەن مەنىۋىيىتىمىزدىكى ئەخلاق مىزانى.
>
> — كانت

ئىلگىرى بىر پەيلاسوپ ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن: ئادەم ھاياتىدا ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسە نېمە؟ دەپ سوراپتۇ. كۆپ

ساندىكىلەر بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەپتۇ. بىر ئوقۇغۇچى ئۇنىڭغا: ئادەمگە ئەڭ ئېھتىياجلىقى ياخشى كۆڭۈل، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پەيلاسوپ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەمنۇنلۇق بىلەن باش لىڭشىتىپتۇ.

باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش، باشقىلارغا ھەم ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا يۈزلىنىش، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىش، ئىناقلىق ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلىش بىر خىل كاتتا مەنزىل.

باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش مېھىر - مۇھەببەتنىڭ بىر خىل ئىپادىسى، شۇنداقلا كىشىلىك ھاياتتىكى ئەقىل - پاراسەت. ئۇ ھەرۋاقىت ئەقىل - پاراسەتتىنمۇ بەكرەك ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان نۇرنى چاچىدۇ. چۈنكى، ئەقىل - پاراسەت ئارقىلىق تۇرلۇك چارە - تەدبىرلەر بىلەنمۇ ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسىلەرگە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق ئاسانلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان قىممەتلىك ھېسسىيات، ئۇ ھايات توغرىسىدىكى بىر خىل چۈشىنىش، ھەرىكەت توغرىسىدىكى بىر خىل مەسئۇلىيەت. نۇرغۇن كىشىلەر تۇرمۇشتا ئۆزئارا مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ئىللىقلىقىغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىسىمۇ، ئاساسسىز قىياسلار ئارقىلىق تولۇپ تاشقان مۇھەببەت ۋە دوستلۇقنى مۇستەھكەم نىقاب ئارقىسىغا مىخلىۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە سىز ئۆزىڭىزدىكى سەمىمىيەت ۋە ئاق كۆڭۈللۈكنى ھەقىقىي ئىپادىلىسىڭىز ئورتاق ئىنكاسقا ئېرىشىسىز، بۇنىڭدىن ئىللىقلىق ۋە ئويلىمىغان ھوسۇلغا ئېرىشەلەيسىز.

بوران چىقىپ يامغۇر يېغىۋاتقان بىر كېچىسى يۈك - تاقلىرى ئاددىي، كىيىم - كېچەكلىرى جۇل - جۇل بىر بوۋاي فىلادېلفىيەدىكى بىر مېھمانخانىغا قونغىلى كىرىپتۇ. ئۇ

مۇلازىمەتچىگە:
— باشقا مېھمانخانىلار توشۇپ كېتىپتۇ، مەن بۇ جايدا بىر كېچە قونالارمەنمۇ؟ — دەپتۇ.
— شەھەردە چوڭ تىپتىكى پائالىيەت ئۆيۈشتۇرۇلغاچقا، مېھمانخانىلار توشۇپ كەتتى، بىراق سىزنىڭ قونىدىغان جاي تاپالماي قېلىشىڭىزغا قاراپ تۇرالمايمەن، مۇنداق قىلايلى، كارىۋىتىمنى سىزگە بېرەي، مەن مۇشۇ پوكەيدە بىر كېچىنى ئۆتكۈزەي، — دەپتۇ مۇلازىمەتچى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ.
ئىككىنچى كۈنى بوۋاي ماڭىدىغان چاغدا مۇلازىمەتچىگە مۇنداق دەپتۇ:
— يىگىت، سەن ئامېرىكىدىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مېھمانخانىغا دىرېكتور بولالايسەن، مەن ساڭا كاتتا مېھمانخانا سېلىپ بېرىمەن. مۇلازىم بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ بەك يۇمۇرلۇق بوۋاي ئىكەن دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ سۆزىگە ئانچە ئېرەن قىلمايلا خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ.
ئىككى يىلدىن كېيىنكى مەلۇم بىر كۈنى بۇ يىگىت ئۆزىنى نيۇ يوركقا بېرىپ ئىككى يىل بۇرۇنقى ھېلىقى يامغۇرلۇق كېچىدە كەلگەن مېھماننى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغان بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. مۇلازىم يىگىت نيۇ يوركقا كەلگەندە بوۋاي ئۇنى ئېگىز بىر ئىمارەتنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپ: «يىگىت مانا بۇ سەن ئۈچۈن سالغان مېھمانخانا، ھازىر سېنى دىرېكتورلۇققا تەكلىپ قىلدىم» دەپتۇ. يىگىت بۈگۈنكى نيۇ يوركتا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۇستولىيا مېھمانسارىيىنىڭ دىرېكتورى جۇرج بورد، ھېلىقى بوۋاي بولسا مىلياردېر نېفىت پادىشاھى پائۇل گېد ئىدى.
باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش بىزگە ياخشى روھىي ھالەت بېغىشلايدۇ، شۇنداقلا جىسمانىي جەھەتتىكى ساغلاملىقىنىمۇ ئاتا قىلىدۇ، تەتقىقاتلاردىن ئىسپاتلىنىشىچە، ئادەمنىڭ پىسخىكىلىق پائالىيىتى بىلەن ئورگانىزمىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

فۇنكسىيەسى ئارىسىدا ئىچكى باغلىنىش بار ئىكەن. ياخشى كەيپىيات فىزىيولوگىيەلىك فۇنكسىيەنى ئەڭ ياخشى ھالەتكە كىرگۈزىدىكەن، ئەكسىچە بولسا مەلۇم خىل فۇنكسىيەنى تۆۋەنلىتىپ ياكى ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ھەر خىل كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدىكەن. ئامېرىكىنىڭ يالې ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پاتالوگىلارنىڭ 7000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغانلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەن بولىدىكەن. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ئىنتايىن ئاسان، بۇنى ئەتەي قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، سىزدە قانائەتچان قەلب بولسىلا كۇپايە. مۇنداق بىر ھېكايە بار: بىر ئادەم تەجرىبە ئىشلەپ سەھەردە ئىشخانىسىغا كەلگەندە ئەتراپىدىكى خىزمەتداشلىرىغا كۈلۈمسىرەپتۇ، ئويلىمىغان يەردىن كۈتۈلمىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشىپتۇ. ئۇنىڭ باشلىقىمۇ ئۇنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپتۇ. ئۇنىڭ باشلىقى ئەسلىدە پەقەتلا كۈلمەيدىغان ئادەم ئىكەن. بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇ بىر كۈندىكى روھىي ھالىتى ئالاھىدە ياخشى بوپتۇ، ئادەتتىكىدەك سۆرۈنلۈكتىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ، ئەتراپىدىكىلەرمۇ ناھايىتى يېقىملىق بىلىنىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئاشۇ كۈنى سەھەردىكى تەبەسسۇمى ئارقىلىق ئەتراپىدىكى باشقا ئادەملەرنى تەسىرلەندۈرۈپتۇ.

كۈندىلىك خىزمەت ۋە تۇرمۇش داۋامىدا تۇرمۇشىڭىزنى بېيىتماقچى، قىممىتىڭىزنى رېئاللاشتۇرماقچى بولسىڭىز بۇلارنىڭ ھەممىسى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغان ـ قىلمىغانلىقىڭىزغا باغلىق بولىدۇ. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش سىزدە كۆڭۈل توقلۇق پەيدا قىلىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سىز بىلەن قەستەن چېقىشالمايدىغان ئىشنى قىلمايدىغانلىقى ئۆزىڭىزگە مەلۇم. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش سىزگە بايلىق ئاتا قىلىپلا

قالماستىن، سىزنى يەنە باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەندىكى كۆڭۈل توقلۇق تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، مەككار سودىگەرلەر بىر مەھەل كۆرەڭلىسىمۇ، لېكىن ئىشەنچكە تولغان ھايات يولىنى تاكامۇللاشتۇرالمايدۇ، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغاندىلا ئۇزاق مۇددەتلىك بايلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئۇنداقتا، باشقىلارغا قانداق ياخشىلىق قىلىش كېرەك؟ بۇ تولىمۇ ئاددىي. يەنى، باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، كۆپرەك ئەپۇ قىلىش، كەڭ قورساق بولۇش ۋە چۈشىنىش، قاتتىق تەلەپ ۋە ئەيىبلەش ئازراق بولۇش كېرەك. باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرۈش ھەمدە ئۇنىڭدىن زوق ئېلىش، ئۇنى مەدھىيىلەش نېمىدېگەن قالتىس روھىي ھالەت ــ ھە! باشقىلارغا ھەقىقىي بەخت تىلەشمۇ بىر خىل گۈزەل ئاق كۆڭۈللۈك، باشقىلارغا مەڭگۈ ياخشىلىق قىلغاندىلا روھىي ھالىتىمىزدىكى خۇشاللىقنى باشتىن ــ ئاخىر ساقلىيالايمىز. مۇشۇنداق ئادەملەردىلا مۇكەممەل پىسخىكا ۋە ساغلام ھايات بولىدۇ. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغاندا ئۆزىنىڭ يولى كېڭىيىدۇ. ھەممىلا ئادەم مۇشۇنداق قىلالىسا، يالغۇز ئاياغ يوللار تۈگەپ، كۆپچىلىك داغدام يولدا چوڭ قەدەم تاشلاپ مېڭىپ، كۆڭۈلدىكىدەك ھالەتكە يېتەلەيدۇ.

بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەت بەئەينى چوڭ ئائىلىگە ئوخشايدۇ، ھەر بىر ئادەم باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى، كىچىك ئىش دەپ يامانلىق قىلماسلىقى، كىچىك كۆرۈپ ياخشىلىقتىن قول ئۈزمەسلىكى كېرەك. ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەر قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا بار كۈچى بىلەن ياردەم بېرىش كىچىك ساۋابلىقتۇر؛ دۆلەتنىڭ بېشىغا كۈن كەلگەندە خەۋپ ــ خەتەردىن باش تارتماي ھەق يولدا قۇربان بېرىش ئۇلۇغلۇقتۇر. بىراق، مەيلى ساۋابلىق ياكى ئۇلۇغلۇق بولسۇن مەڭگۈ ياخشى نىيەت بولسىلا سىزنى ئالىيجاناب ئادەم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساپ ئادەمگە ئايلاندۇرىدۇ. ئەل ئىچىدە «ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق» دەيدىغان گەپ بار. بۇ بىر خىل مۇتلەق سەۋەب ۋە نەتىجە مۇناسىۋىتى بولۇپ، ناھايىتى ئورۇنلۇق ئېيتىلغان سۆز. ئادەم ئۆزىنى ئۇنتۇغان، ئۆزىدىن ۋاز كەچكەن ۋاقىتتا، ھەقىقىي ئۆزلۈككە ئېرىشەلەيدۇ؛ ئېلىشقا، جاۋابقا ئىنتىلمىگەن ئەھۋالدا جاۋابقا ئېرىشەلەيدۇ. بۇ ئىنسان تەبىئىتىدىكى ياخشىلىقنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى.

ئالىيجانابلىق باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ مەنبەسى. «ئىنسان تەبىئىتى ئەسلىدە ياخشى بولىدۇ»، «دۇنيا ھامان ئاسايىشلىققا تولىدۇ»، مانا مۇشۇنداق پەزىلەتكە ئىگە بولغاندىلا، ئادەمنىڭ ھەرىكىتى قىبلىنامىگە، ھايات پىشاڭى تايىنىش نۇقتىسىغا، غايە بىناسى مەنىۋى تۈۋرۈككە ئىگە بولىدۇ. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ئىشەنچنى مەنبە قىلىدۇ. تۇرمۇش سىزگە قانداق شەكىلدە جاۋاب بەرسۇن، سىز ئۇنىڭغا بىمالال تاقابىل تۇرالايسىز. كىشىلەر ئاق كۆڭۈللۈككە، دۇنيا ئاق كۆڭۈللۈككە، ئۆزىڭىزمۇ ئاق كۆڭۈللۈككە موھتاج. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش بىر خىل كۈچ، ئۇ كۆڭۈلنى، دۇنيانى ئۇتالايدۇ.

باشقىلارغا يامانلىق قىلغۇچىلار ئۆمۈرۋايەتلىك كۈرەش نىشانىنى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈشكە ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچى تار بولۇپ، ئىستىبدات ئىگىلىرىگە ھەسەت قىلىدۇ ياكى ئۇلاردىن گۇمانلىنىدۇ، ئۇلار خاتىرجەم ئۆتەلمەيدۇ. بۇنداق ئادەملەر يۈزى قېلىن، نومۇسسىز، رەزىل ئاچ كۆز بولىدۇ، قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىدۇ... ئۇلار دەككە ـ دۈككىدە ئۆتكەچكە نېرۋىسى يۇكسەك دەرىجىدە جىددىيلىشىپ، كۆڭلىرى قوقاس ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك ئۆتىدۇ، نەتىجىدە بالدۇر زەئىپلىشىدۇ، بالدۇر ئۆلىدۇ. ھالبۇكى، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغۇچىلار ھەر ۋاقىت خاتىرجەم بولغاچقا كىشىلىك مۇناسىۋىتى، روھىي ھالىتى مۆتىدىل، كەڭ قورساق، ئۈمىدۋار، غەم ـ ئەندىشىسىز بولىدۇ،

تېنى ساغلام بولىدۇ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدۇ.

باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش روھنى پاكلايدىغان بىر چەينەك سۇغا ئوخشايدۇ، ئۇ ئاددىي ھېسداشلىق قىلىش ئەمەس، ئۇ بىر خىل شەكىلسىز ياردەم، زور مېھىر ـ مۇھەببەت. دۇرۇس، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغۇچىلار سۇغا ئوخشاش ھەممە نەرسىنى سىغدۇرۇپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆچ ـ ئاداۋەتنى تۈگىتىدۇ؛ «دەريا ـ ئېقىن قۇيۇلار بولغاچ دېڭىز قوينى شۇنچە كەڭ» دېگەنگە ئوخشاش، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغۇچىلار ھەممىنى كۆڭلىگە سىغدۇرۇشى؛ كۈندۈزى ياخشىلىق قىلىپ، كېچىسى ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىشى كېرەك...

## باتۇرلار قورقمايدۇ ــ باتۇرلۇق سەۋرچانلىقتۇر

تەيشەن تېغى ئالدىمىزدا گۇمۇرۇلۇپ چۈشسىمۇ، رەڭگىمىزنى ئۆزگەرتمەسلىكىمىز، قانداغاي ئەتراپىمىزدا ئۇسسۇلغا چۈشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا نەزىرىمىزنى سالماسلىقىمىز كېرەك.

ــ سۇ شۈن

بىز ئالدىدا «دىيالوگ»نىڭ سوقراتنىڭ ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىشتىكى شەكىل ئىكەنلىكىنى، مەزمۇندىن قارىغاندا سوقراتنىڭ ئۆمۈرۋايەت ھەقىقىي گۈزەل ئەخلاق مەسىلىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا توختالغانىدۇق.

«راكىس بۆلۈمى»دە سوقرات راكىسقا مۇنداق دەيدۇ: دەسلەپىدىلا مۇكەممەل ئەخلاقنى تەتقىق قىلىش ئىنتايىن قىيىن ئىش، شۇڭا ئالدى بىلەن گۈزەل ئەخلاقنىڭ بىر قىسمى بولغان باتۇرلۇق، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، ئەقىل ـ پاراسەت، ھەققانىيەت قاتارلىقلارنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئاندىن گۈزەل ئەخلاقنى مۇلاھىزە قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، تەتقىقات

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەڭگىلرەك بولىدۇ. راكىس ئۇنىڭغا قوشۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇزاكىرە باتۇرلۇق دېگەن نېمە؟ مەسىلىسى ئۈستىگە مەركەزلىشىدۇ. سوقرات ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ راكىستىن باتۇرلۇققا تەبىر بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. راكىس بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس دەپ ئويلاپ، «ئىستىھكامىنى چىڭ ساقلىيالىغان، دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان ھەم قېچىپ كەتمىگەن ئادەمنى باتۇر دېيىشكە بولىدۇ» دەيدۇ. سوقرات بۇنىڭ تەبىر ئەمەس، بەلكى مىسال كۆرسىتىش ئىكەنلىكىنى بىرلا قاراپ بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئويلىغىنىنى بىۋاسىتە ئېيتماي، باتۇرلۇققا دائىر باشقا مىساللارنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىدۇ. مەسىلەن، دۈشمەن بىلەن قېچىپ يۈرۈپ جەڭ قىلىش باتۇرلۇقمۇ، ئەمەسمۇ؟ ۋاقتىنچە چېكىنىپ كېيىن قايتۇرما ھۇجۇم قىلغان ئادەم باتۇرمۇ، ئەمەسمۇ؟ ئۇ مۇئەييەنلەشتۈرگەن جاۋابقا ئېرىشكەندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «سەن ئوبدان قوراللانغان پىيادە ئەسكەرلەر ئارىسىدىكى باتۇرلار توغرىسىدىلا جاۋاب بەرمەي، ئاتلىق ئەسكەرلەر، شۇنداقلا بارلىق جەڭچىلەر ئىچىدىكى باتۇرلار، جەڭدىكى باتۇرلا ئەمەس، دېڭىز سەپىرىدىكى باتۇرلار، شۇنداقلا كېسەللىك، نامراتلىق ھەمدە جامائەت ئىشلىرىدىكى باتۇرلار؛ ئازاب ۋە ۋەھىمىگە تاقابىل تۇرغان باتۇرلارلا ئەمەس، بەلكى ئارزۇ ـ ھەۋەس، بەختىيارلىققا تاقابىل تۇرالىغان باتۇرلار توغرىسىدا جاۋاب بېرىسەن. ئۇلارنىڭ ئىستىھكامىنى چىڭ ساقلىغان ـ ساقلىمىغانلىقى ياكى دۈشمىنىگە ھۇجۇم قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى نەزەرگە ئالمايمىز» دەپتۇ. دېمەك، «باتۇرلۇق»نىڭ مۇشۇ ھەركەتلەردىكى ئورتاقلىقىغا ئىگە خاراكتېرى نېمە؟ راكىس يەنىلا سوقراتنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنەلمىگەچكە، سوقرات ئۇنى يېتەكلەشكە مەجبۇر بوپتۇ. مەسىلەن، «تېز» دېگەن ئۇقۇمنى ئالساق، ئۇنىڭغا «ناھايىتى ئاز ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدىغان ئىقتىدار» دەپ

تەبىر بىرىشكە بولىدۇ، بۇ تەبىرنى «تىز»نىڭ بارلىق پەۋقۇلئاددە ھالەتلىرىگە تەتبىقلاشقا بولىدۇ. راكىس ئىلھام ئالغاندىن كېيىن، «باتۇرلۇق»قا قايتا مۇنداق تەبىر بېرىدۇ: «باتۇرلۇق روھىيەتتىكى سەۋر ـ تاقەت.» سوقرات مانا مۇشۇنداق قىلىپ راكىسنى قەدەممۇقەدەم يېتەكلەپ، ئۇنىڭ باتۇرلۇق توغرىسىدىكى تونۇشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپتۇ.

سوقراتنىڭ «باتۇرلۇق» توغرىسىدىكى مۇلاھىزىسى بىزگە ناھايىتى زور ئىلھام ئاتا قىلىدۇ. باتۇرلۇق جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامانىدا «ئاددىي كىشىلەرنىڭ باتۇرلۇقى» ۋە «دانىشمەنلەرنىڭ باتۇرلۇقى» دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىلغان. ئادالەتسىزلىككە چىداپ تۇرالماي، مۇشت ـ پەشۋا ئېتىش «ئاددىي كىشىلەرنىڭ باتۇرلۇقى»، چۈنكى بۇنىڭ ئۈچۈن ئازراق جاسارەت، ئازراق كۈچ ـ قۇۋۋەت بولسىلا كۇپايە، ھەرقانداق ئىرادە ۋە تەربىيەلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنى ھەرقانداق ئادەم قىلالايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچقانداق شانلىق جەڭ نەتىجىسىمۇ بارلىققا كەلمەيدۇ. شۇڭا، بۇ «ئاددىي كىشىلەرنىڭ باتۇرلۇقى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنداقتا، دانىشمەنلەر باتۇرلۇقى دېگەن نېمە؟ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى پەيلاسوپ سۇ شۈن (سۇ دۇڭپۇنىڭ دادىسى)نىڭ مۇنداق بىر جۈملە سۆزى نېمىنىڭ ھەقىقىي «دانىشمەنلەرنىڭ باتۇرلۇقى» ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنى، تەيشەن تېغى ئالدىمىزدا گۇمۇرۇلۇپ چۈشسىمۇ، رەڭگىمىزنى ئۆزگەرتمەسلىكىمىز، قانداغاي ئەتراپىمىزدا ئۇسسۇلغا چۈشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا نەزىرىمىزنى سالماسلىقىمىز كېرەك.

«تەدبىر» سۇ شۈننىڭ «ھىيلە» سەرلەۋھىلىك كىتابىدىكى ئون ماقالىنىڭ بىرى. ئۇ مۇشۇ ئەسەردە ئېلىمىزنىڭ سۇلالىلەردىن بۇيانقى ھەربىي ئىشلار نەزەرىيەسى ۋە تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، ئۆزىنىڭ لەشكەر ئىشلىتىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭدىكى بەزى قاراشلار خېلىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. پۈتۈن ئەسەردە سەككىز تۈرلۈك پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا بىرلا مەركەزنى چۆرىدەيدۇ. ئەسەرنىڭ قاتلاملىرى ئېنىق، ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇق. ئالدىنقى تېكىستتە لەشكەر باشلاشتا رىئايە قىلىنىشقا تېگىشلىك قائىدىنىڭ ئالدىدا مېڭىش روھى، ئىرادىنى يېتىشتۈرۈش ئىكەنلىكىنى سۆزلىنىدۇ. تەيشەن تېغىنىڭ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشى تەرەپپال ئۆزگىرىشكە ئىشارەت قىلىنىدۇ، قانداغايىنىڭ ئۈسسۈلغا چۈشۈشى گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئوخشىتىلىدۇ. دېمەك، ۋەھىمە ۋە ئازدۇرۇش ئالدىدا قىلچە تەۋرەنمەسلىك لازىم، مۇشۇنداق بولغاندىلا قوشۇنغا باش بولغىلى، دۈشمەننى يېڭىپ غەلىبە قازانغىلى بولىدۇ. پۈتۈن ئەسەر ناھايىتى جانلىق يېزىلغان بولۇپ، ئوخشىتىشلار جايىدا ئىشلىتىلگەن.

دۇرۇس، «دانىشمەنلەرنىڭ باتۇرلۇقى»دا سالماقلىق، ساماۋى قۇدرەت ئەكس ئەتكۈزۈلىدۇ. سۇ دۇڭپو مۇنداق دەيدۇ: ئۇلۇغۋار غايە ئۈچۈن ۋاقتىنچە خورلۇق تارتىشقا ياكى كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتتىن كېچىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، «دۈشمەن ھۇجۇم قىلسا چېكىنىش» قورقۇنچاقلىق ئەمەس، «يېڭەلىسە ئۇرۇشۇش، يېڭەلمىسە چېكىنىش» مۇ قورقۇنچاقلىق ئەمەس. ئەلۋەتتە، قارىسىغا ئىش كۆرۈپ، يۈز - ئابرۇينى دەپ ئۇلۇغۋار غايىنى نەزەرگە ئالماسلىقمۇ باتۇرلۇق ئەمەس. چۇ بەگلىكى بىلەن خەن بەگلىكى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا شاڭ يۈنىڭ ئاتقان بىر تال ئوقى ليۇ باڭنىڭ مەيدىسىگە تېگىپ بېلىنى رۇسلىيالمايدۇ، ئۇ دەرھال ئېگىشىپ پۇتىنىڭ بارمىقىنى سىلاپ تۇرۇپ: «ۋۇي سولتەك، پۇتۇمغا تەگكۈزدۈڭغۇ» دەپ تىللايدۇ، ئاندىن بۇرۇلۇپلا قاچىدۇ، مانا بۇنى چېچەنلىك، مەككارلىق دەيمىز، بىراق يارىماسلىق ۋە قورقۇنچاقلىق دېيىشكە بولمايدۇ.

«ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ باتۇرلۇقى» بىرلا ئادەمنىڭ باتۇر-لۇقى، سانغۇنلارنىڭ باتۇرلۇقى بولۇپ، بۇ ئون مىڭلىغان ئادەم-

لەرنىڭ باتۇرلۇقى ھېسابلىنىدۇ. جەڭگاھتا باتۇرلار بولمىسا بول-
مايدۇ، ئىككى قوشۇن روبىرو تۇرغاندا باتۇرلار ئۇتىدۇ، بىراق بۇ
يەردە شەخسلەرنىڭ باتۇرلۇقى ئەمەس، پۈتۈن قوشۇننىڭ باتۇرلۇ-
قى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەلۋەتتە، بەزى چاغلاردا سانغۇننىڭ قوشۇن
ئالدىدا مېڭىشى لەشكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش رولى-
نى ئوينايدۇ. تىغلىق قوراللار دەۋرىدە تېخىمۇ شۇنداق. ھالبۇكى،
شاڭ يۈنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشى ھەرگىزمۇ لەشكەرنىڭ جەڭگىۋار-
لىقىغا ئىلھام بېرىش ئەمەس، بەلكى جەڭگاھنى شەخسنىڭ ماھا-
رىتىنى كۆرسىتىدىغان سورۇن قىلىۋالغانلىق. زىيادە شەخسىي
قەھرىمانلىق تۈپەيلىدىن باشقا سانغۇن ۋە لەشكەرلەر بىزنىڭ رو-
لىمىز يوق ئىكەن، دەپ قارىغاچقا، كوللېكتىپنىڭ ئەقىل-
پاراسىتى ۋە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرەلمىگەن. سىما چيەن ئۇنى
ئۆزىگە ۋە زوراۋانلىققا تايانغان دەپ تەنقىد قىلىدۇ، بۇ ئىككىلا
قاراش دەل جايىدا ئېيتىلغان.

باتۇرلۇق روھىيەتتىكى سەۋر - تاقەت، سوقراتنىڭ بۇ سۆزى
بۈگۈنكى كۈندىمۇ تەربىيە ئەھمىيىتىنى يوقاتقىنى يوق.
پىروفېسسور يۇ دەن مۇئەللىم مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ
بەرگەنىدى: بىر ئادەم دۈشەنبە كۈنى تۇيۇقسىزلا قاتتىق تاياق
يەپتۇ، سەيشەنبە كۈنى دوستلىرىنىڭ ھەممىسىگە تېلېفون
قىلىپ بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ ئۇندىن ئارتۇق ئادەمگە بۇ
ۋەقەنى قايتا بايان قىلىپ بېرىپتۇ، ھەر بىر قېتىم بايان
قىلغىنىدا، بىر قېتىم تاياق يېگەندەك ئازابلىنىدىكەن.
چارشەنبىگە كەلگەندە، ئۇ بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئىشقا بارمايمەن، بۇ
ئىش ئەجەب ئېچىمنى سىقتى، دەپ قاراپ، ساقچىخانىغا بېرىپ
ھېلىقى ئادەمنى تۇتۇشنى تەلەپ قىپتۇ. ئاندىن دوستلىرىنى
تېپىپ ئۇلارغا نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.
پەيشەنبە كۈنىگە كەلگەندە كەيپىياتى تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ
ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن سوقۇشۇشقا باشلاپتۇ: «ئېيتقىنا، ئۇلار
نېمىشقا مېنى ئۇرىدۇ؟» بۇ بىر ھەپتە مانا مۇشۇنداق ئۆتۈپ

كېتىشى مۇمكىن. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟ ناھايىتى روشەنكى، سىزنىڭ ھەر كۈنى يەنە تاياق يەيدىغانلىقىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، سىزنىڭ بۇ زىياننى ئەڭ كىچىك چەككە چۈشۈرۈشكە تامامەن قۇربىڭىز يېتىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، ئۇنى تېزدىن بولدى قىلىپ، تېخىمۇ ئاكتىپ ئىشلارنى تېپىپ، سەلبىي تەسىرنى تۈگىتىشىڭىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلسىڭىز تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھايات، تېخىمۇ قىممەتلىك ۋاقىت ۋە تېخىمۇ گۈزەل روھىي ھالىتىڭىز ئارقىلىق، تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلالايسىز. دېمەك، روھىيەتتىكى سەۋر ـ تاقەت ھەقىقىي باتۇرلۇق. ھالبۇكى، ئەخلاقلىق ھەم رەھىمدىل ئادەملا روھىيەتتىكى باتۇرلۇقنى كۆرسىتەلەيدۇ. قەلبىڭىزدە گۈزەل نەرسىلەر بار بولغانلىقى ئۈچۈن تاشقى دۇنيانى كۆرگىنىڭىزدە ئۇنىڭغا بىمالال مۇئامىلە قىلالايسىز.

مانا بۇ ھازىرقى زاماندىكى «دانالارنىڭ باتۇرلۇقى» دۇر.

## سەمىمىيەتچىللەر تەكەببۇر بولماس ـــ سەمىمىيەتچىللىك بىر خىل پەزىلەت، تېخىمۇ مۇھىمى بىر خىل ئىقتىدار

ھايات يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەردىن جۇلالىق گۈللەرنى ئېچىلدۇرالمايدۇ.

ـــ ھايني

ئەركىنلىك ئىدىيەنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقىنىڭ شەرتى ۋە بەلگىسى. سەمىمىيەت بولسا دۇرۇس ئادەم بولۇشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى.

پەلسەپە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، سەمىمىيەت بىر خىل ئىخلاس. ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئېتىقادىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەنگلىيەلىك پەيلاسوپ ۋىلىيامس ئامېرىكىنىڭ «ئالىي مائارىپ يىلنامىسى» ژۇرنىلى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا،

سەممىيەت ھەققانىيەت توغرىسىدىكى بىر خىل پوزىتسىيە، ھەققانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلغانلىق، دېگەنىدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «مەن ئىشلىتىۋاتقان ھەقىقەت ئىبارىسى بىز دۇنيا توغرىسىدا دەۋاتقان ئېتقاد، قىياس ۋە ئىشلارنىڭ چىن ياكى ساختىلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ھالبۇكى ھەققانىيلىق بولسا كىشىلەرنىڭ پوزىتسىيەسىدىكى بىر خىل پەزىلەت، ئۇ كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتكە بولغان مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ھەققانىيلىقتا تولىمۇ ھېرىسمەن بولىدۇ، ئۇلار ساختىلىقلارنى ئېچىۋېتىشنى ئويلايدۇ، ئالدىنىشنى خالىمايدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن ئادەملەر ھەقىقەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئىنتايىن گۇمانلىنىدۇ. تارىخ ساھەسىدە تېخىمۇ شۇنداق. مېنىڭچە ئۇلاردا سەممىيلىك بىلەن دۇرۇسلۇقتا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ تامامەن يوققا چىققانلىقىغا دەل مۇشۇ سەۋەب بولغان».

نېمىنى كۆرگەن بولسا شۇنى دېيىش، نېمىنى ئويلىغان بولسا شۇنى ئىپادىلەش سەممىيەتچىللىكنىڭ ئىپادىسى. سەممى-يەتچىللىكتە ئەڭ مۇھىمى «ئىچى بىلەن تېشى ئوخشاش بو-لۇش»لازىم. سەممىي كىشىلەر ھەر زامان چىن قىياپەتتە كۆرۈ-نىدۇ، سەممىي كىشىلەر ھامان ئومۇمىيۈزلۈك ئىشەنچكە ئېرى-شەلەيدۇ. بىز ئادەتتە سەممىيەت بىلەن ئىشەنچنى بىرلەشتۈرۈپ قارايمىز، بۇنىڭ ئىچىدە «سەممىيەت ئالدىنقى شەرت»، شۇنداقلا سەۋەب، «ئىشەنچ بولسا نەتىجە». ئادەمنىڭ گۈزەل ئەخلاقى توغ-رىسىدا نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ، ئەمما سەممى-يەتچىللىك بارلىق گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۇلى. سەممىيەتچىللىك خاتالىقنى باتۇرلۇق بىلەن ئېتىراپ قىلىش، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتا ئىپادىلىنىدۇ، ئۇ تولىمۇ قىممەتلىك، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر خىل جاسارەتكە موھتاج بولىدۇ.

سەممىيەتسىزلىك بىلەن بىر مەھەل ئالدامچىلىق قىلغىلى بولىسىمۇ، ئۇزاققا بارمايلا ئەپت ـ بەشىرىسى ئېچىلىپ قالىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن باشقىلارنىڭ ئىشەنچىدىن قالىدۇ. ھايات قىسقا، يىللار رەھىمسىز، ھەممىمىز سەممىمىيەت ئارقىلىق ھاياتلىقنى ھۆرمەتلەش، تۇرمۇشنى ھۆرمەتلەش ئىستىكىمىزنى گەۋدىلەندۇرۇشىمىز كېرەك.

تاڭ تەيزۇڭ سەلتەنەت سۈرگەن مەزگىللەردە بەزىلەر ئۇنىڭغا خۇشامەتچى ۋەزىرلەرنى يوقىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپتۇ.

— ئۇنداقتا كىملەر خۇشامەتچى ۋەزىر؟ — دەپ سوراپتۇ تاڭ تەيزۇڭ.

— مەن يىراقتا تۇرىمەن، كىملەرنىڭ شۇنداق ئادەم ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلمەيمەن. سىلى ئۇلارنى سىناپ كۆرسىلە بولىدۇ، ۋەزىرلەر بىلەن سۆھبەتلەشكەندە يالغاندىن خاپا بولغان بولۇپ، ئۇلارنى سىناپ كۆرسىلە، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ سىلىنىڭ خاپا بولغانلىرىغا تىز پۈكمىگەنلەر دۇرۇس ۋەزىرلەردۇر، خاپا بولغانلىرىنى كۆرۈپ، ھەيۋىلىرىدىن قورقۇپ رايىلىرىغا باققانلىرى خۇشامەتچى ۋەزىرلەردۇر، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— پادىشاھ سۇنىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ، ۋەزىرلەر ئېقىنغا ئوخشايدۇ، سۇنىڭ بېشى لاي تۇرۇقلۇق ئېقىنىنىڭ سۈزۈك بولۇشىنى تەلەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس. پادىشاھ ئۆزى ساختىپەزلىك قىلسا ۋەزىرلىرىدىن قانداقمۇ دۇرۇس بولۇشنى تەلەپ قىلالىسۇن؟ مېنىڭچە ئەلنى سەممىمىيەت، ساداقەت ئارقىلىق ئىدارە قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئىلگىرىكى پادىشاھلارغا ئوخشاش ۋەزىرلەرگە ھىيلە ـ مىكىر ۋاستىلىرىنى ئىشلەتمەيمەن، چارىگىز تولىمۇ ئوبدان ئىكەن، ئەپسۇسكى ئۇنى ئىشلىتەلمەيمەن، — دەپتۇ پادىشاھ جاۋابەن.

ئادەم ئۆز سۆزىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشى، ھەر بىر قېتىم سۆز قىلىشتىن ئىلگىرى ئوبدان ئويلىنىشى، بۇ سۆزنى قىلىش ياكى قىلماسلىق، سۆزلىگەندىن كېيىن ئورۇنلىغىلى

بولۇش ـ بولماسلىقىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشى كېرەك.

بىر دېھقاننىڭ ئائىلىسى ئەسلىدىنلا ئۇنچە باي بولمىغاچقا، كېسەكتىن قوپۇرۇلغان ئۆيدە تۇرىدىكەن. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇ دادىللىق بىلەن تىجارەت قىلىپ نۇرغۇن پۇل تېپىپتۇ. يەنە تېخى شىركەت قۇرۇپ دىرېكتور بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كونا ئۆيىنى چېقىۋېتىپ يېڭى ئۆي سالماقچى بوپتۇ.

ئۇ بۇ ئىش توغرىسىدا ئائىلىسىدىكىلەرگە مەسلىھەت سالغانىكەن ھەممىسى قوشۇلۇپتۇ، پەقەت ئوغلى جۇاڭجۇاڭلا ئۆينى چېقىشقا قىيالماپتۇ. جۇاڭجۇاڭ مۇشۇ ئۆيدە تۇغۇلغانىكەن، بۇ ئۆي ئۇنىڭ باللىقىدىكى شادلىق باغچىسى بولغاچقا، ئۇنىڭغا نۇرغۇن گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغانىكەن. بىراق، ئۆي ھەقىقەتەن كونىراپ كەتكەچكە، چاقمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جۇاڭجۇاڭ ئۆينى چاقايلى، ئەمما ئۆينى چاققاننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي دەپتۇ، دادىسى ئويلىنىپ كۆرۈپ بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ.

دادىسى ئۆينى ئىككىنچى كۈنى چاقماقچى بوپتۇ، كىم بىلسۇن ئىككىنچى كۈنى يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ، ياغقاندىمۇ بىرنەچچە كۈن توختىماي يېغىپتۇ، ئۆي چاقىدىغان ئىشمۇ توختاپ قاپتۇ.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئوقۇش باشلىنىدىغان ۋاقىت بوپتۇ، جۇاڭجۇاڭ سىرتقا بېرىپ ئوقۇماقچى ئىكەن. ئۇ بىرنەچچە كۈن كېچىكىپ ئۆينىڭ چېقىلىشىنى كۆرمەكچى بوپتۇ. بىراق، دادىسى بۇنىڭغا پەقەتلا ئۇنىماپتۇ، جۇاڭجۇاڭنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولۇپ، كۈنبويى ئۆينى ئايلىنىپ، ئۇنى ئېسىدە مەھكەم ساقلىۋالماقچى بوپتۇ. دادىسى بالىسىنىڭ ئۆيدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۈمىدسىز قالدۇرۇشقا كۆڭلى ئۇنىماي ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ: «سەن قىشلىق تەتىلگە قايتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلگەندىن كېيىن ئۆينى چاقايلى، خاتىرجەم بېرىپ ئوقۇۋېرىڭلار» دەپتۇ. جۇاڭجۇاڭ مەكتەپكە كېتىپتۇ، دادىسى مەكتەپ دېگەندە قىزىقارلىق ئىشلار نۇرغۇن، ئوغلۇم نەچچە كۈن ئۆتمەيلا بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۆينى چېقىۋېتىپتۇ.

قىشلىق تەتىلگە يېقىنلاشقاندا جۇاڭجۇاڭ ئۆيگە خەت يېزىپ يەنە شۇ كونا ئۆينى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەپتۇ: «ئاشۇ كونا ئۆيدە يۈز بەرگەن نۇرغۇن قىزىقارلىق ئىشلار بالىلىق ۋاقتىمدىكى خاتىرىگە ئايلىنىپ، مېنىڭ يېتىلىش مۇساپەمنى يازدى. تەتىل يېقىنلاشقانلىقىنى ھەم كونا ئۆينى كۆرەلەيدىغانلىقىمنى ئويلىسام تولىمۇ ھاياجانلىنىمەن، بىراق يەنىلا دادامغا كۆپ رەھمەت، دادام مېنى ئۈمىدسىز قالدۇرماسلىق ئۈچۈنلا ئۇ ئۆينى چېقىشنى قىشلىق تەتىلگە قالدۇردى».

دادىسى بۇ خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەم خۇشال، ھەم خىجالەت بوپتۇ. ئوغلىنىڭ ئاسان تەسىرلىنىدىغان ئاق كۆ-ڭۈللۈكىدىن خۇشاللىنىپتۇ. بالىنىڭ چىن ھېسسىياتىنى تۆۋەن مۆلچەرلىگەنلىكىدىن خىجالەت بوپتۇ. ئوغلىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۆزىنى تولىمۇ لەۋزىدە تۇرمايدى-غان ئادەمدەك ھېس قىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە بۇرۇنقىغا ئوپئوخشاش كېسەك ئۆيدىن بىرنى سېلىپ، ئوغلى كەلگەندىن كېيىن ئۇنى چېقىۋەتمەكچى بوپتۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ بۇنداق قىلغىنىنى چۈشەنمەي، بۇ بالىنى ئەركە ئۆگىتىۋەتكەنلىك، دەپ قاراپتۇ. بىراق، بۇ دادا: «ئەينى چاغدا مەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلماي بالىنى ئالدىدىم، ئەمدى مەن سەۋەنلىكىمنى تۈگىتىپ، لەۋزىدە تۇرىدىغان دادا قىلىشقا تىگىشلىك ئىشنى قىلماقچىمەن. مۇشۇنداق بولغاندىلا ئوغلۇم ماڭا قايتا ئىشىنىدۇ، ئوغلۇمنىڭ ئالدىدا ئىناۋىتىمنى تىكلىيەلەيمەن» دەپتۇ.

سەمىمىيەتچىللىك بىباھادۇر، مەيلى ئادەم بولۇش، ئىش قىلىشتا بولسۇن ياكى بالا ۋە ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەشتە بولسۇن، ئۇنىڭغا ساداقەتمەنلىكنىلا ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ. بىز توساتتىن مۇشۇ مەسىلىدە ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلنىڭ كۆپ ھاللاردا ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى، ئەڭ كالانپاي شەكىلنىڭ ئەڭ ھوسۇللۇق شەكىل ئىكەنلىكىنى بايقىيالايمىز.

## ئۆزىنى قەدىرلەش، باشقىلارنى سۆيۈش — ئەتىرگۈل سۇنغان قولدىن ئەتىرگۈلنىڭ ھىدى كېلىدۇ

پەرۋەردىگار بىزنى ئۆزىنى يورۇتۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى باشقىلارنى يورۇتۇش ئۈچۈن مەشئەلگە ئايلاندۇرۇپ ئاپىرىدە قىلدى.

— شېكىسپېر

ئادەم ئىجتىمائىي ھايۋان بولغاچقا، باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشتىن خالىي بولالمايدۇ. بىراق، باشقىلار بىلەن قانداق ئالاقە قىلىش، باشقىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش بۈگۈنكى كۈندە ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئىنتايىن مۇشكۇل ئىش بولۇپ قالدى. ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، مۇھەببەت سۇسلاشتى، ئىشەنچ ئازايدى. بۇ ئالەمدە تىرىكچىلىكىمۇ چوقۇم ئۆگىنىشكە ھەمدە دائىم تەكرارلاپ تۇرۇشقا تېگىشلىك دەرسكە ئايلاندى. ئەمەلىيەتتە باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىش ئىنتايىن ئاددىي ھەم ئىنتايىن مۇشكۇل. دېمەك، باشقىلارنى سۆيگۈچىلەرنى باشقىلارمۇ سۆيىدۇ. لۇشۇن ئەپەندى «باشقىلارنى سۆيگۈچى» بىلەن «ئۆزىنى سۆيگۈچى»لەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىنتايىن ئوبرازلىق ئوخشىتىپ مۇنداق دېگەنىدى: «باشقىلارنى سۆيگۈچىلەر بىلەن ئۆزىنى سۆيگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت پالاق بىلەن كېمىگە ئوخشايدۇ، كېمە پالاقتىن ئايرىلىپ قالسا ناھايىتى ئاستا يۈرىدۇ، توختاپ قېلىشى ناتايىن؛ پالاق كېمىدىن ئايرىلىپ

قالسا ئۆزىنىڭ پالاقلىق ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ، ئىككى پارچە كېرەكسىز ياغاچقا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇن ئورنىدا قالاشتىن باشقا ھېچقانداق رولى قالمايدۇ!»

چىن سۇلالىسىنىڭ مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە. چىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئۆزىنى «چىن شىخۇاڭ» دەپ ئاتاپ، تارىختا كاتتا نامىنى قالدۇردى. ھالبۇكى، ئادەم ھامان ئۆلىدۇ، ئادەم نېمىلەرنى قالدۇرۇشى كېرەك؟ «بىر ئەۋلاد بۈيۈك خان»لىق نامىنى قالدۇرۇشى كېرەكمۇ ياكى ھە دەپ قۇرۇلۇش قىلغاندىن كېيىنكى «مىڭ جىياڭنۇنىڭ سەددىچىنىدا يىغلىشى»دەك ئېچىنىشلىق رىۋايەتنى قالدۇرۇشى كېرەكمۇ؟ جاپالىق ھاشار، ئېغىر جازا خەلقنى چەكسىز دەردكە دۇچار قىلدى، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزى ھالاك بولدى. بىر مەھەل سەلتەنەت سۈرگەن بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مۇھەببەتنىڭ مەڭگۈلۈك ئابىدىسىنى تىكلىيەلمىدى، بۇ ھاياتتىكى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش.

باشقىلارنى سۆيگەندىلا، مۇھەببەت شەخسىيەتچى، تار، زورمۇزور نەرسە بولۇپ قالمايدۇ، سۇغا تەشنا گۈللەردەك سولىشىپ تۈكۈلۈپ كەتمەيدۇ، سۇ ئالغىلى بولمايدىغان چېقىلىپ كەتكەن كوزىغا ئوخشاپ قالمايدۇ. ئۆزىنى «چۇ بەگلىكىنىڭ ھاكىمبېگى» دەپ ئاتىغان شاڭيۇ شۇنچە باتۇر بولسىمۇ، ئۇنىڭدا خەلقنى سۆيىدىغان چىن قەلب يوق، تولىمۇ كاج ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇندىكىلەر خەلقنى تالان ـ تاراج قىلىپ، خەلقنىڭ نەپرىتىنى قوزغىدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا، ئۆزىنى ۋۇجياڭ دەرياسى بويىدا ئۆلتۈرۈۋالدى.

شاڭيۇدە مۇھەببەت بارمۇ؟ بار. بىراق، ئۇنىڭ مۇھەببىتى زىيادە تار دائىرىلىك بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا يۇرتتىكى قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنىڭ يۈزىگە قارىيالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

بىر خىل ئەھدى بار، ئۇ مەڭگۈگە بولىدۇ، مانا بۇ مېھىر ـ مۇھەببەت ئارقىلىق سۇغىرىلغان ئەھدى، چۈنكى بۇ خىل

ئەھدىگە بۇ ئالەمدىكى قىممەتلىك پەيتلەر سىڭگەن بولىدۇ، يالغۇز مۇھەببەتلا مەڭگۈلۈك بولىدۇ.

شېكىسپىر مۇنداق دېگەنىدى: « پەرۋەردىگار بىزنى ئۆزىنى يورۇتۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى باشقىلارنى يورۇتۇش ئۈچۈن مەشئەلگە ئايلاندۇرۇپ ئاپىرىدە قىلدى.» بۇ دۇنيادا ياشىغان ئىكەنمىز باشقىلارنى قانداق سۆيۈشنى بىلىشىمىز، مۇھەببەت ئارقىلىق ھاياتىمىزنى بېيىتىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقىلارنىڭ مۇھەببىتى بىزگە بېغىشلىغان چەكسىز شادلىق ۋە ھاياتي كۈچتىن زوق ئېلىشىمىز كېرەك.

باشقىلارغا ئەتىرگۈل سوۋغا قىلساق قولىمىزدا ھىدى قالىدۇ؛ مېھىر - مۇھەببەت بېغىشلىساق كۆڭلىمىز يورۇق بولىدۇ. باشقىلارنى سۆيگەنلەرنى باشقىلار سۆيىدۇ، بۇنىڭدىكى قائىدە ئۇنداق چوڭقۇر ئەمەس، ئاچقۇچلۇقى ھەرىكەت قىزغىنلىقى بولۇشى كېرەك. ئەگەر ھەممە ئادەمدە بۇ خىل ھەرىكەت قىزغىنلىقى بار بولسا، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ماجىرالار تۈگەيتتى. نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىش ئاسانلىشاتتى. جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسى زور دەرىجىدە ئۆسەتتى. يەسلىدىكى ۋاقتىمىزدىلا بىر - بىرنى سۆيۈش، بىر - بىرنى ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدىكى تەربىيەنى ئالغان بولساقمۇ، ئەمەلىيەتتە قانداق بولۇۋاتىدۇ؟

سۇن جۇڭشەن ئەپەندىمۇ «ئۆزئارا ياردەم بېرىش پىرىنسىپى»نى ئوتتۇرىغا قويغانىدى، ئۇ كىشىلەر ئاۋام بولۇپ تەشكىللىنىدۇ، «ئۆزئارا ياردەم بېرىش مۇھىم»، جەمئىيەت ئۆزئارا ياردەم بېرىش گەۋدىسىدۇر، كىشىلەر ئۆزىنى دەپ كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلماسلىقى كېرەك، دەپ قارىغانىدى. ئۆزئارا ياردەم بېرىشتە ئادەمنىڭ «باشقىلارغا گۈل ھەدىيە قىلىپ، قولىدا ھىدىنى قالدۇرۇش»تەك قىممىتى ۋە غۇرۇرى ئەكس ئەتكۈزۈلىدۇ، بۇ كوللېكتىپتىكى ئەڭ ئاددىي ھەمكارلىق شەكلى.

www.uyghurkitap.com

ئىلگىرى بىر ئايال ئۆتكەن بولۇپ، ئېرى دېڭىز سەپىرىگە چىقىپ كېتىپ نەچچە يىللارغىچە قايتىپ كەلمەپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى سېغىنىش ئىچىدە دېڭىز بويىغا بېرىپ قاراپ تۇرىدىكەن. قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتكەن بىر كۈنى ئۇ يەنىلا دېڭىز بويىغا كەپتۇ، قارا بوران ئۇشقىرتىپ دېڭىزدا دولقۇن كۆتۈرۈلۈپتۇ، ئۇ يىراقتا بىر يەلكەنلىك كېمىنىڭ شىددەتلىك بوراندا تىركىشىپ ئاستا ـ ئاستا چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ كۆپ ئويلانمايلا كەنتكە ئۇچقاندەك بېرىپ، كەنتتىكىلەرنى دېڭىزدىكى ئادەمنى قۇتقۇزۇشقا چاقىرىپتۇ. كېمىدىكى ئادەم خەتەردىن قۇتۇلۇپ قىرغاققا چىققاندىن كېيىن، بۇ ئادەمنىڭ دەل ئۆزىنىڭ ئېرى ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىرقى زامانغا دائىر مۇنداق بىر ھېكايە بار: مەلۇم قىسىم بۇيرۇق بويىچە دۈشمەننىڭ مەلۇم ئېگىزلىكىنى ئىشغال قىپتۇ. يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوق ئىچىدە روتا كوماندىرى ئۆمىلەپ كېتىۋېتىپ بىر دانە قول بومبىسىنىڭ ياش جەڭچىنىڭ يېنىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقاپتۇ، ئۇ ھېچنېمىگە قارىماستىن ئۆزىنى جەڭچىنىڭ ئۈستىگە ئېتىپ، گەۋدىسى ئارقىلىق سەپدىشىنى قوغداپتۇ. روتا كوماندىرى گۈم قىلغان ئاۋازدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپلا بەدىنىدىن سوغۇق تەر قۇيۇلۇپتۇ. ئۇ ئۆزىنى جەڭچىگە ئاتقان ئاشۇ پەيتتە بىر دانە زەمبىرەك ئوقى ئۇ ھېلىلا ئۆمىلەپ ماڭغان ئورۇنغا چۈشۈپ، ئۇ جايدا يوغان بىر ئازگال پەيدا قىلغانىكەن، دۈشمەن ھېلىقى قول بومبىسىنى ئاتقان چاغدا پىلتىسىنى تارتمىغانىكەن.

ئاق كۆڭۈللۈك نىيەتتە بولىدۇ، ئۇنىڭدىن چۈشكەن ياخشىلىق مېۋىلىرىنىڭ ھىدى ھەريان تارىلىدۇ. كىممۇ ئالدىنقىلار كۆچەت تىكسە كېيىنكىلەر سالقىنلاپتۇ، دەپ سۆيۈنمىسۇن، بىر دانە ئۇرۇق يەرگە چۈشسە تېرىغۇچى كۆزدىكى قۇياش نۇرى ئىچىدە ئۇنىڭ شېرىن مېۋىسىدىن لەززەت ئالالايدۇ.

# ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ كەڭ قورساق بولۇش — ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى ئۆزگىلەرگە راۋا كۆرمە

ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغا زورلىما.
— كۇڭزى

روزىۋېلت دېگىنىز ئارمىيە مىنىستىرىنىڭ ياردەمچىسى بولغان مەزگىلىدە بىر دوستى ئۇنى زىيارەت قىلىپ كەپتۇ. سۆز ئارىلىقىدا دوستى ئۇنىڭدىن دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ كارىب دېڭىزىنىڭ مەلۇم ئارىلىدا بازا قۇرۇشىغا دائىر ئىشلار ئۈستىدە توختىلىپتۇ.

— ماڭا شۇنىلا ئېيتقىنا، بازا توغرۇلۇق خەۋەر ئاڭلىدىم، زادى شۇنداق ئىش بارمۇ، يوق؟ — دەپتۇ ئۇنىڭ دوستى.

بۇ ئادەم سورۇشتۇرگەن ئىشنى ئەينى چاغدا ئاشكارىلاشقا بولمايدىكەن، بىراق ياخشى دوستىنىڭ ئىلتىماسىنى قانداق رەت قىلغىلى بولسۇن؟

روزىۋېلت تۆت ئەتراپىغا قارىۋېتىپ، پەس ئاۋازدا دوستىدىن سوراپتۇ:

— سەن سىرتقا ئېيتىشقا بولمايدىغان ئىشلارنى مەخپىي ساقلىيالامسەن؟

— ساقلىيالايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇنىڭ دوستى ئالدىراپ - تېنەپ.

— ئۇنداقتا، مەنمۇ ساقلىيالايمەن، — دەپتۇ روزىۋېلت كۈلۈمسىرەپ.

كونكرېت ئېيتقاندا، «ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغا زورلىما» دېگىنىمىز — باشقىلارغا مەلۇم ئوي - نىيەتتە بول- غاندا ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ بۇنداق ئىشقا يولۇقۇشنى خالايدى- غان - خالىمايدىغانلىقىمىزنى ئويلىنىشىمىز كېرەكلىكىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەگەر خالىمىساق باشقىلارغا بۇنداق ئوي ـ نىيەتتە بولماسلىقىدىمىز كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىز ئوغرى ـ قاراقچىغا ئۇچراشنى، ئۆلتۈرۈلۈشنى خالىمايمىز، شۇڭا باشقىلارغىمۇ بۇنداق نىيەتتە بولماسلىقىمىز كېرەك. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە ئۆزدىمىزنى ئۆلچەم قىلىمىز، شۇنداقلا ئۆزىمىزگە «راۋا كۆرمىگەن»دە باشقىلارنىمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئورنىغا قويۇپ، ئۇلارنى مۇشۇ ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەش كېرەك.

ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، كەڭ قورساقلىق دېگىنىمىز ـــ نەزىرىدە باشقىلار بولۇش، كۆڭلىدە باشقىلارنى ئويلاش دېگەنلىك. دۇنيا يالغۇز بىرلا ئادەمنىڭ ئەمەس، دۇنيادا ئۆزۈڭ ياشاش بىلەن بىرۋاقىتتا، باشقىلارنىڭمۇ ياشىشىغا يول قويۇشۇڭ كېرەك. ئۆزۈڭدىن ھالقىپ ئومۇمىي قاراشتا بولساڭ ھەربىر ئادەمنىڭ ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىش ھوقۇقى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايسەن، شۇندىلا كەڭ قورساقلىق قىلغىلى بولىدۇ.

«ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغا زورلىما». بۇ ئاددىي قائىدە بولسىمۇ، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، مەدەنىيلىكىنىڭ داۋاملىشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا دائىر ئاساسىي قائىدە. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر باي كىشى پەيلاسوپنىڭ يېنىغا بېرىپ، پۇل تاپقاندىن كېيىن ئۆزىنى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. پەيلاسوپ: «چۈنكى سەن پۇل تاپقاندىن كېيىن ئۆزۈڭنىلا كۆرۈپ باشقىلارنى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدىڭ» دەپتۇ. باي شۇنچە ئويلاپمۇ بۇ ئاددىي سۆزنىڭ تېگىگە يېتەلمەپتۇ.

ئەمەلىيەتتە، ھەممە ئادەم شەخسىيەتچى كېلىدۇ. لېكىن، شەخسىيەتچىلىك بەزىلەردە ئېغىرراق، بەزىلەردە يېنىكرەك بولىدۇ؛ بىراق بۇ دۇنيا ئادىل، شەخسىيەتچى كىشىلەر مەڭگۈ ئالقىشلانمايدۇ. دۇنيا نۇرغۇن كىشىلەردىن تۈزۈلگەن ئومۇمىي

گەۋدە، ھەممىمىز بىرلا قانىتى بار پەرىشتە، بىر ـ بىرىمىزگە قۇچاق ئاچقىنىمىزدىلا كۆكتە پەرۋاز قىلالايمىز، ئادەملەر ھۆرمەت ۋە چۈشىنىشكە موھتاج. ئادەم ئۆمرىدە باشقىلار بىلەن پىكىرلىشىدۇ، بۇنىڭ ئۇچۇن جەزمەن «ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغا زورلىما» دېگەن پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتكەن بايغا ئوخشاش ئازراق پۇل تاپسىلا ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ئىنتوناتسىيەلىرىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ بەدىنىدىن مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ بۇسى چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇنداقلار ئۆزىدىن بايراق كىشىلەر بىلەنلا مۇئامىلە قىلىشنى خالايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە باشقىلارنىڭ ھەممىسى قەلەندەر. شۇڭا، گەپ قىلغاندا قىلچە تۈزۈت قىلمايدۇ، باشقىلارنىڭ تەسىراتى بىلەن تامامەن ھېسابلاشمايدۇ. مانا بۇ «ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغا زورلىغانلىق».

تۆۋەندىكىسى راست بولۇپ ئۆتكەن ھېكايە. بۇ ھېكايە ئافرىقىدىكى مەلۇم دۆلەتتە يۈز بەرگەن. بۇ دۆلەتتىكى ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمىتى «ئىرقىي ئايرىمىچىلىق» سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، قارا تەنلىكلەرنى ئاق تەنلىكلەرنىڭ مەخسۇس جامائەت سورۇنلىرىغا بېرىشىغا يول قويماپتۇ. ئاق تەنلىكلەرمۇ قارا تەنلىكلەرنى پەس ئىرق دەپ قاراپ، ئۇلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشنى خالىمايدىكەن.

بىر كۈنى ئۇزۇن چاچلىق ئاق تەنلىك قىزچاق ساھىلدا قۇياش نۇرى مۇنچىسىدىن ھۇزۇرلىنىپ، زىيادە چارچاش تۈپەيلىدىن ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ ئويغانغاندا قۇياش ئاللىبۇرۇن تاغ كەينىگە مۆككەنىكەن.

ئۇ مۇشۇ چاغدا قورسىقىنىڭ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ساھىل بويىدىكى بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىپتۇ، ئۇ ئاشپۇزۇلغا كىرىپلا دېرىزە تۈۋىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپتۇ. 15 مىنۇتچە ئولتۇرغان بولسىمۇ مۇلازىم كېلىپ ئۇنىڭدىن

خەۋەر ئالماپتۇ. ئۇ مۇلازىملارنىڭ ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن خېرىدارلارنى كۈتۈش بىلەن ئاۋارە ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە قاراپمۇ قويماياۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تولىمۇ ئاچچىقلىنىپ مۇلازىملارنى ئەيىبلىمەكچى بوپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا ماڭماقچى بولغانىكەن، ئالدىدىكى سىنئەينەكتىن ئۆزىنىڭ سىيماسىنى كۆرۈپ كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قاپتۇ.

ئەسلىدە ئۇ قۇياش نۇرىدا قارىداپ كەتكەنىكەن. مانا بۇ چاغدا ئۇ قارا تەنلىكلەرنىڭ ئاق تەنلىكلەر تەرىپىدىن كەمسىتىلىشىنىڭ تەمىنى ھەقىقىي تېتىپتۇ!

ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغا زورلىما. ئومۇمەن، باشقىلارنى كۆپرەك ئويلىغاندا، دۇنيا تېخىمۇ تىنچلىنىدۇ. ئاشۇ خورلىنىۋاتقان ئۇرۇش ئەسىرلىرى، ماكانسىز قېلىپ كۆلپەت ئىچىدە تىركىشىۋاتقان مۇساپىرلارنى ئويلاپ كۆرەيلى، ئەگەر سىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولسىڭىزچۇ؟ ئاشۇ مېھمانخانىلاردا يېيىلىۋاتقان مايمۇن بېشى، ئېيىق تاپىنى قاتارلىقلارنى ئويلاپ كۆرەيلى، ئەجەبا ھايۋانلارنىڭ ياشاش ھوقۇقى يوقمۇ؟ بۇ بەزى كىشىلەرنىڭ قىلمىشى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نەپرەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلار ھامان بىر كۈنى جازالىنىدۇ!

بىر راھىبنىڭ ۋايىساپلا يۈرىدىغان بىر شاگىرتى بار ئىكەن. بىر كۈنى بۇ راھىب شاگىرتىنى بازاردىن تۇز ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ، شاگىرت قايتىپ كەلگەندىن كېيىن راھىب بىر چىمدىم تۇزنى ئېلىپ ئىستاكانغا سېلىپ ئۇنى بىر يۇتۇم ئىچىشكە بۇيرۇپتۇ.

— تەمى قانداق ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ راھىب.

— بەك تۇزلۇق ئىكەن، — دەپتۇ شاگىرت قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

ئارقىدىن راھىب شاگىرتى بىلەن كۆل بويىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا قالغان تۇزنى كۆلگە تۆكۈشنى بۇيرۇپتۇ، ئاندىن:

— كۆل سۈيىنى تېتىپ باققىن، — دەپتۇ.
شاگىرت ئېگىلىپ كۆل سۈيىنى تېتىپتۇ.
— تەمى قانداق ئىكەن؟ — دەپتۇ راھىب ئۇنىڭدىن .
— بەكمۇ تەملىك ئىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاگىرت.
— تۇزلۇق تېتىمىدىمۇ؟ — دەپتۇ راھىب يەنە.
— ياق، — دەپتۇ شاگىرت.
راھىب بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەپ مۇنداق دەپتۇ:
— ھاياتتىكى ئازاب تۇزغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ تۇزلۇق ياكى تۇزسىز بولۇشى ئۇنى ئالىدىغان قاچىغا باغلىق. ئەمەلىيەتتە، تۇرمۇشتىكى ئازابلارنىلا ئەمەس، بارلىق شەيئىلەرنى كەڭ قورساقلىق بىلەن قوبۇل قىلىش كېرەك. شۇنى بىلىش كېرەككى، باشقىلارغا كەڭ قورساق بولغانلىق ئۆزىگە كەڭ قورساق بولغانلىق.
ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغا زورلىما. باشقىلارنىڭ غېمىنى يېسەڭ باشقىلارمۇ سېنىڭ غېمىڭنى يەيدۇ، شۇندىلا سەممىيەتچىللىككە ساداقەتمەنلىكنى ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ. تۇرمۇشتا ھەممىلا ئادەم مۇشۇنداق قىلالىسا دۇنيا تېخىمۇ تىنچ، خاتىرجەم بولىدۇ، تۇرمۇشمۇ ئىناقلىشىپ شادلىققا تولىدۇ.

## دېڭىز قوينى شۇنچە كەڭ قۇيۇلار دەريا ـ ئېقىن — دۇنيادا ئادەمنىڭ كۆكسى ـ قارنى ئەڭ كەڭ بولىدۇ

دۇنيادا ئەڭ كەڭ نەرسە دېڭىز، دېڭىزدىنمۇ
كەڭ نەرسە ئاسمان، ئاسماندىنمۇ كەڭ نەرسە
ئادەمنىڭ كۆكسى ـ قارنى.
— ھيۇگو

جۇڭگولۇقلاردا «ۋەزىرنىڭ قورسىقىدا كېمە ئۈزەر» دەيدىغان گەپ بار. ھازىرچە ۋەزىرلەرنىڭ كەڭ قورساق ياكى ئەمەسلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توغرىسىدا مۇنازىرە قىلماي تۇرايلى. بىراق، دېڭىزغا ئوخشاش كەڭ قورساق ئادەملەر كىشىلەر تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىدۇ.

كەڭ قورساقلىق قىممەتلىك، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. چۈنكى، كەڭ قورساق بولۇش ئاسان ئەمەس، ئۇ مىڭلىغان رىيازەتلەرنى باشتىن كەچۈرمەي تۇرۇپ يەتكىلى بولىدىغان مەنزىل ئەمەس. كىشىلەر رېئال تۇرمۇش داۋامىدا شېرىن سۇخەن سۆزلەرنى ئاڭلاشنى ياقتۇرىدۇ. «تەنقىد قۇلاققا ياقمىغان بىلەن پايدىلىق» دېگەن قەدىمىي ھېكمەتنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. كىشىلەر دائىم داڭلىق شەخسلەرگە ھەۋەس قىلىدۇ، ئەمما داڭلىق شەخسلەر تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ؛ كىشىلەر ھامان خىيالىي دۇنياغا ئىنتىلىدۇ، ئەمما رىيازەت تارتماي تۇرۇپ راھەت يوقلۇقىنى بىلمەيدۇ. مانا بۇ رېئاللىقتىكى ئادەملەر. ئۇلار يالىلداپ تۇرغان قۇياش نۇرىدىن مەمنۇن بولسىمۇ، ئارقىسىدىكى سايىسىگە دىققەت قىلمايدۇ. ئۇلار شانلىق نەتىجىلەرنىلا كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى تۇتەكلەرنى كۆرەلمەيدۇ. باشقىلارنىڭ تەنقىدى، ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغاندا نارازى بولۇشنىلا بىلىدۇ. باشقىلار تىلى زەھەرلىك قىلىدى، كىچىككىنە ئىنتىقامىنىمۇ ئالدى، دەپ قاراپ ئۆزىنى تەكشۈرۈشنى، ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىشنى، «خاتىرە دەپتىرى»نى ۋاراقلاشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. مانا مۇشۇ خىل ئۇنتۇشلار داۋامىدا ئۇ ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇپ ئالغا باسالمايدۇ.

ھېيۇگو: «دۇنيادا ئەڭ كەڭ نەرسە دېڭىز، دېڭىزدىنمۇ كەڭ نەرسە ئاسمان، ئاسماندىنمۇ كەڭ نەرسە ئادەمنىڭ كۆكسى ـ قارنى» دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقاندى. ھالبۇكى، بۈگۈنكىدەك خاسلىق ئەكس ئەتكۈزۈلۈۋاتقان جەمئىيەتتە يەنە قانچىلىك ئادەمدە بۇ خىل روھ بار؟ بىز ئۆزىمىزنى كۆزىتىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك، تەنقىدنى قوبۇل قىلىشىمىز، كەڭ قورساق ۋە ئەپۇچان بولۇشىمىز كېرەك.

چارلىز چاپلىن ئۆزىنى دوراش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ ئاران ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەندە، ئوبزورچىلارنىڭ تەنقىدىدىن ئوسال ۋە نارازى بولغان. بۇ ئىش گەرچە ھەجۋىي تۈسكە ئىگە بولسىمۇ، ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن دورىغۇچىلارنىڭ ماھارىتىگە سەل قارىغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كۆلۈپىلا ئۆتكۈزۈۋەتكىلى بولىدىغان ئىشقا چارلىز چاپلىن ئوشۇقچە غەزەپلىنىدۇ، بۇ چارلىز چاپلىندا باشقىلارنىڭ تەنقىدى ۋە باھاسىغا كەڭ قورساق پوزىتسىيەدە بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەزىمەت ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ۋاڭ سو «جۇڭگو ياشلىرى گېزىتى»دە «مېنىڭ جىنيۇڭ توغرىسىدىكى قارىشىم» دېگەن ئەسەرنى ئېلان قىلىپ، جىنيۇڭنىڭ چامباشچىلىق رومانلىرىغا قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ، جىنيۇڭنىڭ رومانلىرى، چېڭلۇڭنىڭ كىنولىرى، چۇڭياۋنىڭ تېلېۋىزىيە تىياترى، «تۆت چوڭ شاھ»نى قوشۇپ، «تۆت چوڭ چاكىنا» دەپ ئاتىغانىدى. جىنيۇڭ ئەپەندى بۇ تەنقىد ئالدىدا سالماقلىق بىلەن «سۇندۇرۇش ۋە ماختاش ھاياتتا دائىم ئۇچرايدىغان ئىش، بۇنىڭ ھەيران بولغۇچىلىكى يوق. ۋاڭ سو ئەپەندىنىڭ تەلىپى زىيادە كۆپ بولسا كېرەك، بۇنىڭغا مېنىڭ قۇربىم يەتمەيدۇ، ئىستېداتىمنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بۇلارغا ئامالسىزمەن» دېدى. ئۇ يەنە «مەن نۇرغۇنلىغان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ رومانىمنى ياقتۇرىدىغانلىقى ۋە ئالقىشلىغانلىقىدىن مىننەتدارمەن. ئۇلار مېنى تولىمۇ ئەتىۋارلىدى، دېمەك تەڭرىمۇ مېنى ناھايىتى ئوبدان ئەتىۋارلىدى. شۇنچە كۆپ بەختتىن بەھرىمەن بولغانىكەنمەن، كىشىلەرنىڭ ئالدا ـ مۇندا بىرنەچچە ئېغىز تىللاپ قويۇشىمۇ پىشانەمگە پۈتۈلگەن ئىش، بۇنىڭدىن كۆڭلۈم يېرىم بولمايدۇ» دېدى.

جىنيۇڭ ئەپەندى ھازىرقى زامان چامباشچىلىق رومانچىلىقى ساھەسىدىكى ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان تەڭداشسىز ئەدىب.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ نامىمۇ خېلى بار، بىلىمىمۇ خېلى چوڭقۇر، چامباشچىلىق رومانچىلىقىغا قوشقان تۆھپىسىمۇ خېلى زور. ئۇ ئۆزىنىڭ ئابرۇيىدىن پايدىلىنىپ، ۋاڭ سونىڭ چۆكۈرۈشلىرىگە تامامەن قايتا ھۇجۇم قوزغىيالايتتى. ۋاھالەنكى، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، بەلكى كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۆزىنى دەڭسەپ كۆردى، باشقىلارغا رەھمەت ئېيتتى. مانا بۇ ھەقىقىي ئەزىمەتنىڭ خىسلىتى. «ئالتۇن ساپ بولمايدۇ، ئادەم ئىللەتسىز بولمايدۇ.» ئادەم ئۇزۇكسىز تەنقىد داۋامىدىلا يېتەرسىزلىكلىرىنى بايقىيالايدۇ، كەمچىلىكلىرىنى كۆزىتەلەيدۇ، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلالايدۇ. تەنقىدنى كەڭ قورساقلىق بىلەن قوبۇل قىلغاندىلا، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ تېخىمۇ يۇكسەك پەللىگە ئۆرلىيەلەيدۇ.

بۇتخانىنىڭ چۆپلۇكىدە بىر پارچە چىملىق سارغىيىپ قاپتۇ، كىچىك راھىب ئۇستازىغا:

— تېزرەك ئۇرۇق سالايلى، بۇ يەر تولىمۇ سەتلىشىپ كېتىپتۇ! — دەپتۇ.

— ھەر زامان، — دەپلا بىر بولاق ئوت ئۇرۇقى سېتىۋې-لىپ، ئۇنى كىچىك راھىبقا تېرىشقا بېرىپتۇ ئۇستازى.

كۈز شامىلى چىقىپ، چاچقان ئۇرۇقلارنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ.

— يامان بولدى ! نۇرغۇن ئۇرۇق ئۇچۇپ كەتتى، — دەپتۇ كىچىك راھىب.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئۇچۇپ كەتكىنىنىڭ كۆپىنچىسى پۇچەك ئۇرۇقلار، يەرگە چۈشكەن تەقدىردىمۇ بىخلانمايدۇ، — دەپتۇ ئۇستازى.

ئۇرۇقنى تېرىپ بولغاندىن كېيىن بىرنەچچە قۇش ئۇچۇپ كېلىپ دانلاشقا باشلاپتۇ. كىچىك راھىب نېمە قىلارىنى بىلمەي:

— يامان بولدى، ئۇرۇقلارنى قۇشلار يەپ كەتتى ! — دەپتۇ.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئۇرۇق كۆپ، يەپ تۈگىتەلمەيدۇ، بولغىنى بولسۇن، — دەپتۇ ئۇستازى.

تۈن نىسپىدە تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىپتۇ، كىچىك راھىب سەھەردە ئۇستازىنىڭ ھۇجرىسىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— ئۇستاز ئەمدى راستلا يامان بولدى، نۇرغۇن ئۇرۇقنى يامغۇر ئېقىتىپ كېتىپتۇ! — دەپ توۋلاپتۇ.

— نەگە ئېقىتىپ بارغان بولسا شۇ يەردە بىخلايدۇ، قىسمەتكە باغلىق، — دەپتۇ ئۇستازى تەمكىنلىك.

بىر ھەپتە ئۆتۈپتۇ، ئەسلىي تاقىر بولۇپ قالغان يەردە زۇمرەتتەك مايسىلار ئۆسۈپ چىقىپتۇ، ئەسلىدە ئۇرۇق سېلىنمىغان جايلاردىنمۇ يايپېشىل مايسىلار ئۈنۈپ چىقىپتۇ. كىچىك راھىب خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىپ كېتىپتۇ، ئۇستاز بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ «مۇبارەك بولغاي»دەپتۇ.

كەڭ قورساق بولغاندىلا خاتىرجەم ياشىغىلى بولىدۇ. مۇرەككەپ ھاياتتا ئىنساننىڭ دىگەن يەردىن چىقماسلىقى قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىمۇ قايغۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. دىلدىكى ئىخلاس تۈگىمىسىلا، ئىخلاس پەسلىدە زىمىستان قىش بولمىسىلا، جاپا ـ مۇشەققەت ھاياتنىڭ سىزگە بەرگەن يەنە بىر خىل شەكىلدىكى ھەدىيەسى. ئەگرى ـ توقايلىقمۇ ئىرادىڭىزنى چېنىقتۇرىدۇ ۋە سىزنى سىنايدۇ. مىڭلىغان مەغلۇبىيەتلەردىن كېيىنكى چۈشكۈنلۈك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ قەيسەرلىك بىلەن قايتىدىن ئورنىدىن تۇرغانلىق يۈكسەك ئىرادە؛ تاپا ـ تەنە، تۆھمەت، زەربە ۋە زىيانكەشلىكلەردىن قورقماي، ئۆز يولىدا مېڭىش يۈكسەك ئىرادە؛ ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغاندىمۇ كەلگۈسىدىكى گۈزەل مەنزىرىنى كۆرۈش يۈكسەك ئىرادە؛ باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى باتۇرلۇق بىلەن ئېتىراپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى بايقاش ۋە كۆزىتىشكە ماھىر بولۇشمۇ يۈكسەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىرادە؛ شەرەپ ـ نومۇس، مۇۋەپپەقىيەت ـ مەغلۇبىيەتكە ئوخشاش پانىي دۇنيادىكى تالاش ـ تارتىشلاردىن ئۆزىنى تارتىشمۇ يۈكسەك ئىرادە. ھايات ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدۇ، كەڭ قورساق بولغاندىلا ھەر ۋاقىت خۇشال ئۆتكىلى، بۇ ھاياتقا يۈز كەلگىلى بولىدۇ.

كەڭ قورساق كىشىلەر ئۈمىدۋار كىشىلەردۇر، ئۇلار مۇشكۇلاتقا يولۇققاندا پاكىتنى ئېتىراپ قىلىش، ئۆزلۈكىنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن خالاس بولۇشتىن سىرت، يەنە پايدىنى كۆزلەپ زىياندىن دالدىلىنىشتەك تەپەككۇرغا ئادەتلەنگەن. بۇ خىل تەپەككۇر مەنپەئەتپەرەسلىك ئەمەس، بەلكى ئىناق، مۇقىم كەيپىياتنى ساقلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىر پەيلاسوپ مۇنداق دېگەنىدى: «بەختلىك ئادەم دېگىنىمىز ــ ئۆمرىدىكى ئۆزى قانائەت قىلغان ئىشلارنىلا ئېسىدە تۇتىدىغان ئادەم؛ بەختسىز ئادەم دېگىنىمىز ــ بۇنىڭ ئەكسىچە مەزمۇنلارنىلا ئېسىدە تۇتىدىغان ئادەم». كەڭ قورساق روھىي ھالەت بولسا شۇنى چۈشىنەلەيمىزكى، بىر دانە بولكا تىلەمچى ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر خىل قانائەت.

كەڭ قورساق پوزىتسىيە ئادەمنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، شۇنداقلا دۇرۇس ئادەم بولۇشتىكى ئەقىل ـ پاراسەت. كەڭ قورساقلىقتا ھاياتتىكى مەلۇم خىل يۈكسەكلىك گەۋدىلىنىدۇ. ۋەزىرنىڭ قورسىقىدا كېمە ئۈزەر، كەڭ قورساق كىشىلەر ئاق كۆڭۈل، ئەقىللىك كىشىلەردۇر. شۇڭا، كەڭ قورساقلىق ھاياتتا نەتىجە قازىنىش پوزىتسىيەسى، شۇنداقلا ھاياتتىكى يارقىن مەنزىرە. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، ھەممىمىز كەڭ قورساق، ئەيۋەچان بولۇشىمىز كېرەك، شۇندىلا ئۆزىمىزگە تەئەللۇق رەڭگەر كۆكنى ياراتقىلى بولىدۇ! ھەممەيلەن «ئاسمان ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ، ھالبۇكى ئادەم كۆڭلى ئاسماننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەننى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتايلى.

# مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەتلىك بولۇش ــ ھاياتتىكى چوقۇم ئۇقۇۋېلىشقا تېگىشلىك دەرسلەرنىڭ بىرى

ئادەم بۇ ئالەمگە كەلگەن مىنۇتتىن ئېتىبارەن ئۆزىنىڭ بارلىقىغا مەسئۇل بولۇش لازىم.

ــ سارتىرې

قانداق كىشىلەر مەسئۇل بولۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ؟ بۇ توغرىدا ئائىلىگە مەسئۇل بولۇش، جەمئىيەت ئالدىدا مەسئۇل بولۇش، دۆلەت ئالدىدا مەسئۇل بولۇش، دېگەندەك چۈشەندۈرۈشلەر بولۇشى مۇمكىن. بىراق، مېنىڭچە ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىگە مەسئۇل بولۇشقا جۈرئەت قىلالىشى كېرەك.

مەسئۇل بولۇش بەدەلنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى، كىشىلەر بەدەل تۆلەشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن مەسئۇل بولۇشنى خالىمايدۇ. شۇڭا، ھەربىرىمىزگە مەسئۇل بولۇش قىممەتلىك پەزىلەتكە ئايلاندى. خۇددى بىر كاتتا شەخس ئېيتقاندەك: «ھاياتتىكى بارلىق كەچۈرمىشلەر مەسئۇل بولۇشقا جۈرئەتلىك بولۇش روھىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلىشى كېرەك.» ئەگەر ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن تىرىشچانلىقنى ئالتۇندەك قىممەتلىك دېسەك، ئۇنداقتا مەسئۇل بولۇشقا جۈرئەتلىك بولۇش ئۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك.

11 ياشلىق بىر بالا پۇتبول ئويناۋېتىپ قوشنىسىنىڭ دېرىزىسىدىكى ئەينەكنى چېقىۋېتىپتۇ، ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭدىن 12.5 دوللار تۆلەشنى تەلەپ قىپتۇ. چاتاق تېرىغان بالا دادىسى ئالدىدا خاتالىقىنى تونۇغاندىن كېيىن، دادىسى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىگە مەسئۇل بولۇشنى ئۇقتۇرۇپتۇ. بىراق، بالىنىڭ پۇلى بولمىغاچقا، دادىسى «پۇلنى ساڭا ئارىيەت بېرىپ تۇراي،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىر يىلدىن كېيىن ماڭا قايتۇرۇپ بېرىسەن» دەپتۇ. بۇ بالا كېيىنكى يېرىم يىل ئىچىدە ئىشلەمچىلىك قىلىپ پۇل تېپىپ، دادىسىنىڭ 12.5 دوللار پۇلىنى قايتۇرۇپتۇ.

بۇ بالا كۆپچىلىككە ئىنتايىن تونۇش كىشى بولۇپ، كېيىن ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغان رېگان ئەپەندى ئىدى.

مەسئۇل بولۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ئادەم مەيلى قانداق مۇھىت، قانداق شارائىتتا بولسۇن ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق بىلىدۇ ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇشى ئىچىدىكى ئىش قاتارىدا ئورۇنلايدۇ، تولۇقلايدۇ.

بىر گۇرۇھ شىركەت مەلۇم تارماققا دىرېكتور تەكلىپ قىلماقچى بولۇپ، بىر يۈرۈش جىددىي يازما ۋە يۈزتۇرا ئىمتىھانلارنى ئالغاندىن كېيىن، ئۈچلا ئادەم تاللىنىپ قاپتۇ. يۈزتۇرا ئىمتىھانىنىڭ ئورنى باش دىرېكتور ئىشخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. باش دىرېكتور ئۇلاردىن كەسىپكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى سوراپتۇ، بەلكى ئۇلارنى قىزغىنلىق بىلەن ئىشخانىسىنى زىيارەت قىلدۇرۇپتۇ. دىرېكتور ئەڭ ئاخىرىدا شىرەدىكى بىر تەشتەك گۈلنى كۆرسىتىپ: بۇنى مەن كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش ئورنىدىن نەچچە 10 مىڭ يۈەن خەجلەپ سېتىۋالغان، دەپتۇ. مانا مۇشۇ چاغدا كاتىپ كىرىپ باش دىرېكتورغا سىرتقا چىقىدىغان ئىشى بارلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ، دىرېكتور بۇ ئۈچەيلەنگە كۈلۈمسىرەپ: «سىلەرنى مالال قىلىدىغان بولدۇم، بۇ شىرەنى ئاۋۇ تەرەپتىكى بۇلۇڭغا يۆتكىۋەتسەڭلار، مەن چىقىپلا كىرىمەن،» دەپلا كاتىپ بىلەن چىقىپ كېتىپتۇ.

دىرېكتورنىڭ تاپشۇرمىسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئىنتايىن ياخشى پۇرسەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچ ئادەم دەرھال ھەرىكەتكە كەپتۇ. شىرە ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، ئۈچ ئادەم خېلى كۈچەپ ئاندىن ئۇنى مىدىرلىتالاپتۇ. ئۇلار شىرەنى باش دىرېكتور كۆرسەتكەن ئورۇنغا ئاۋايلاپ ئېلىپ بېرىشىغا، ئويلىمىغان يەردىن چاتاق چىقىپ، ھېلىقى شىرەنىڭ

نېمە ئۇچۇندۇر بىر پۇتى سۇنۇپ، بىر تەرەپكە قىسىيىپ قاپتۇ، ئۇستىدىكى تەشتەكمۇ سىيرىلىپ چۈشۈپ، چېقىلىپ كېتىپتۇ.

ئۇچەيلەن بۇ تاسادىپىيلىقتىن ھاڭۋېقىپلا قاپتۇ، ئۇلار باش دىرېكتور قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئىش بېجىرىش ئىقتىدارىغا قانداق پوزىتسىيەدە بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ، شۇنداقلا نەچچە 10 مىڭ يۈەنلىك تەشتەكنى چېقىۋەتكەنلىكى ئۇچۇن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەپتۇ.

ئۇلار مۇشۇنداق ھاڭۋېقىپ تۇرغاندا باش دىرېكتور قايتىپ كەپتۇ. باش دىرېكتور بۇ ئەھۋالدىن ئىنتايىن غەزەپلىنىپ چىرايلىرى كۆكىرىپ كېتىپتۇ:

— نېمە قىلغانلىقىڭلارنى بىلەمسىلەر، بۇ تەشتەكنى تۆلىيەلەمتىڭلار؟ — دەپ ھۆركىرەپتۇ دىرېكتور ئۇلارغا.

— بۇ ئىشنىڭ بىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىز يا شىركىتىڭلارنىڭ خادىمى بولمىساق، ئۆزىڭىز شىرەنى يۆتكىۋېتىڭلار دېگەنىغۇ، — دەپتۇ ئۇنىڭغا يېنىپ.

ئىككىنچى ئىمتىھان بەرگۈچى باش دىرېكتورغا ياخشىچاق بولۇپ:

— مېنىڭچە، بۇ ئىشتا ئاشۇ شىرەنى ياسىغان ئادەمنى تېپىش كېرەك، مۇشۇنداق ناچار شىرەنى ياسىغانىكەن تەشتەكنى شۇ تۆلىشى لازىم! — دەپتۇ مەردانىلىك بىلەن.

باش دىرېكتور نەزىرىنى ئۇچىنچى ئىمتىھان بەرگۈچىگە يۆتكەپتۇ. بۇ ئادەم دەرھال ئۆزىنى ئاقلىماپتۇ، بەلكى ئېڭىشىپ تەشتەك سۇنۇقلىرىنى يىغىپ، ئۇنى بىر ياققا قويغاندىن كېيىن، باش دىرېكتورغا:

— بۇنى دەرۋەقە بىز شىرەنى يۆتكىگەندە چېقىۋەتتۇق، شىرەنى يۆتكىگەندە ئېھتىيات قىلغان بولساق تەشتەكمۇ ساق قالاتتى، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا باش دىرېكتورنىڭ يۈزىگە

www.uyghurkitap.com

كۆلكە يۈگۈرۈپتۇ. باش دىرېكتور ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ تۇرۇپ:

— ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىگە مەسئۇل بولالىغان ئادەم جەزمەن ياراملىق ئادەم بولالايدۇ، شىركىتىمىز ساڭا ئوخشاش خادىملارنى قارشى ئالىدۇ، — دەپتۇ. بۇ چاغدا قالغان ئىككىيلەن باش دىرېكتورنىڭ ئەمەلىيەتتە مەسئۇلىيەت توغرىسىدا سىناق ئالغانلىقىنى شۇندىلا چۈشىنىپتۇ، ئەمما ئۇلار مۇشۇ كىچىك سىناق ئالدىدا مەغلۇپ بوپتۇ.

كىشىلەر كۆپ ھاللاردا خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتا ۋەھىمە تۇيغۇسىدا بولىدۇ. چۈنكى، خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىش، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش كۆپ ھاللاردا جازالىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بەزى كىشىلەر چاتاق چىققاندا ئالدى بىلەن چاتاقنى سىرتقا ياكى باشقىلارغا ئىتتىرىدۇ، ھامان تۈرلۈك سەۋەب ۋە باھانىلەر بىلەن ئۆزىنى مەسئۇلىيەتتىن قاچۇرىدۇ. ھالبۇكى، بۇلار باشقۇرغۇچىلارنىڭ قارىشىدا ئورۇنسىز باھانە، شۇنداقلا بۇلار ئارقىلىق كۆرۈلگەن چاتاقنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ، ئۈستىگە ئالىدىغان مەسئۇلىيەتنى يېنىكلەتكىلى بولمايدۇ، سىزنى مەسئۇلىيەتتىن خالاسمۇ قىلالمايدۇ.

مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يوق ئوفىتسېر لاياقەتلىك ئوفىتسېر ئەمەس. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يوق خادىم مۇنەۋۋەر خادىم ئەمەس. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يوق پۇقرا ياخشى پۇقرا ئەمەس. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يېتەرسىز بولسا مەسئۇلىيەتسىزلىك كۆرۈلۈشتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى ئۈچۈن سەۋەب ئىزدىگەندىن كۆرە، ئۆزىدىكى مەسئۇلىيەتسىزلىكنى ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن ئېتىراپ قىلغان ياخشى.

ئەيلەپ - سەپلەپ جاۋابكارلىقتىن قېچىش، باھانە كۆرسىتىش خوجايىنىدا بۇ ئادەمدە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يېتەرسىز ئىكەن، شۇنداقلا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى

خالىمايدىكەن، دىگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلىدۇ. ئىشنى ھەرقانداق ئادەمنىڭ نۇقسانسىز قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، بىراق خاتالىقنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تونۇغان خادىمنى ئەقەللىيسى باتۇر دېيىشكە بولىدۇ. كۆرۈلگەن چاتاققا قانداق مۇئامىلە قىلىشتىن بىر ئادەمنىڭ مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ياكى قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىقتىدارىمىزنىڭ چەكلىكلىكى سەۋەبىدىن تۇرمۇش ۋە خىزمەتتە بەزى سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمايمىز، لېكىن سەۋەنلىكنىڭ كۆرۈلۈشى قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئاچقۇچ بىزنىڭ سەۋەنلىككە تۇتقان پوزىتسىيەمىزدە. مەسئۇل بولۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان پوزىتسىيەلا باشقىلارنىڭ ئەپۇسى ۋە ھۆرمىتىگە، باشقىلارنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشەلەيدۇ. چۈنكى، ئادەمنىڭ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى چۈشىنىشى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا قارىغاندا زىلزىلە پەيدا قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ، مانا مۇشۇنداق ئادەملەرلا ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغان ئادەملەردۇر.

پەيلاسوپلار بىز پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلساقلا، نەتىجىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇتقان بولىمىز، چۈنكى بۇ جەريان بىزگە قانائەت بېغىشلايدۇ، بىزنى غالىبقا ئايلاندۇرىدۇ، دەيدۇ. «مەسئۇل بولۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بولۇش»نى دۇنيادىكى 500 كۈچلۈك كارخانا ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان خادىملارنىڭ ساپا ئۆلچىمى قىلغان، بۇ شۇنداقلا شەخس ۋە تەشكىلنىڭ نەتىجىسىنى يۇكسەلدۈرىدىغان خىسلەتلىك قائىدە. كىشىلەر چاتاقنى ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتقا ئىتتىرىپ قويماسلىقى، بەلكى مەسئۇل بولۇشقا جۈرئەتلىك بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن خىزمىتى ۋە تۇرمۇشىغا مۇئامىلە قىلىشى لازىم، مۇشۇنداق بولغاندىلا ھەممىدە مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. ھەرقانچە ئۇزاق سەپەرمۇ بىرىنچى قەدەمدىن باشلىنىدۇ، ھەرقانداق كاتتا قۇرۇلۇشمۇ بىر پارچە ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر پارچە خىشتىن سىلىنىدۇ، ھەرقانداق شانلىق مۇۋەپپەقىيەت-مۇ قەدەممۇقەدەم باشلىنىدۇ، بىراق مۇشۇ بىر پارچە خىش، ھەر بىر قەدەملەرنىڭ جۇغلىنىشىنى مەسئۇل بولۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان روھ بىلەن ئاز - ئازدىن تاماملىشىمىزغا توغرا كې-لىدۇ.

تۇرمۇش ھامان ئادەمنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرىدۇ، بۇ جاۋاب مەيلى شەرەپ ياكى بايلىق بولسۇن، ئۇنىڭ شەرتى شۇكى، ئۆزىڭىزنىڭ ئىدىيەسى ۋە تونۇشىنى جەزمەن ئۆزگەرتىپ، مەسئۇل بولۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان روھىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈشىڭىز كېرەك. ئادەم مەسئۇل بولۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان روھنى ھازىرلىغاندىلا، ئۇنىڭدا ھەممىنى ئۆزگەرتىدىغان كۈچ شەكىللىنىدۇ، مۇشۇ كۈچكە تايانغاندىلا تەسەۋۋۇردىكى قەتئىيلىك ۋە پىنھانلىقتىن ھالقىپ، تۈرلۈك زەربە، ئوڭۇشسىزلىق ۋە تەنقىدنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ پۇختا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

## ئەخلاقلىق كىشىلەردىن ئۆگىنىش — ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى بولىدۇ

ئورۇنسىز شەيئى يوق.

— جۇاڭزى

بۇ دۇنيادا مۇتلەق ئۇستۇنلۇكمۇ، مۇتلەق ئاجىزلىقمۇ يوق؛ مۇتلەق ئارتۇقچىلىقمۇ، مۇتلەق كەمچىلىكمۇ يوق. بېلىقنىڭ سۇدا ئۈزۈشى بىر خىل ماھارەت، بۈركۈتنىڭ كۆكتە پەرۋاز قىلىشىمۇ بىر خىل ئىقتىدار، بېلىق بىلەن بۈركۈتنىڭ ياشاش ماھارىتىنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم يوق.

«جۇاڭزى.پەرىش»تە جۇاڭزى بىلەن خۈيشىنىڭ مۇنداق بىر

بۆلەك سۆزى خاتىرىلەنگەن:

خۇيشى جۇاڭزىغا مۇنداق دەپتۇ:

— بىر تۇپ دەرەخ بار، كىشىلەر ئۇنى «چۇلۇك» دەپ ئاتايدۇ، ئۇنىڭ غولى ئىنتايىن توم، ياغاچچىلارنىڭ قورالى بىلەن ئۆلچەش مۇمكىن ئەمەس؛ شاخلىرى ئەگرى ـ بۈگرى بولۇپ تولىمۇ تەرتىپسىز. چوڭ يول بويىدا ئۆسىدۇ، بىراق ياغاچچىلار ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتسىمۇ، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايدۇ. سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنىڭ چوڭلىرى بەكلا چوڭ، ئەسقاتمايدۇ، شۇڭا كىشىلەر ئىشەنمەيدۇ.

جۇاڭزى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— سىز ياۋا مۇشۇكنى كۆرگەنمۇ؟ ئۇ تۈگۈلۈپ يوشۇرۇنۇۋې-لىپ، سىرتقا چىققان ئۇششاق جانىۋارلارنى ماراپ تۇرىدۇ. ئۇش-شاق جانىۋارلارنى تۇتقاندا ئوڭ ـ سولغا سەكرەپ يۇقىرى ـ تۆ-ۋەننى ئىلغىمايدۇ، نەتىجىدە ئوۋچى قويغان قىلتاقتا دەسسىۋېلىپ ئۆلىدۇ. ئەمدى ئاۋۇ قوتازغا قاراڭ، ئۇنىڭ گەۋدىسى ئىنتايىن چوڭ. بۇنىسىنى قويۇپ تۇرايلى، بىراق ئۇ چاشقان تۇتۇشنى بىل-مەيدۇ. هازىر سەن ئاشۇ بىر تۇپ دەرەخنىڭ هېچنېمىگە يارىمى-غانلىقىدىن ۋايساۋاتىسەن. نېمە ئۈچۈن ئۇنى كەڭ دالاغا تىكىپ قويمايسەن؟ كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا خالىغانچە ئايلىنىپ، ئاس-تىدا يېتىپ دەم ئالسا بولىدۇ. پالتا ئۇنىڭغا زەخمە يەتكۈزەلمەي-دۇ، هەرقانداق نەرسىمۇ ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. گەرچە لازىمى يوق بولسىمۇ، بىراق نېمىگە بالاسى تېگىدۇ؟

جۇاڭزى تەسۋىرلەۋاتقان بۇ يوغان دەرەخنىڭ كىچىككىنىمۇ ئەسقاتىدىغان يېرى بولمىغاچقا، هېچكىم ئۇنى كەسمىگەن. ئەكسىچە لازىمى بار دەرەخلەرنىڭ هەممىسىنى كېسىپ بولغانىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قانداق قىلغاندا ئەسقاتقان بولىدۇ؟ جۇاڭزى بۇ بۆلەك سۆز ئارقىلىق بىزگە «ئەسقېتىش»نىڭ نىسپىي ئىكەنلىكىنى، خۇددى مۇشۇ ئەگرى ـ بۈگرى ئۆسكەن يوغان دەرەخ يارامسىزدەك كۆرۈنسىمۇ، ياشىغانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ

ئۇنىڭ ئەڭ زور قىممىتى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى بار. بىز باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىزدىكى كەمچىلىكلەرنى تۈگىتىشكە ماھىر بولۇشىمىز كېرەك. بىر ئوغلاق بىلەن يوغان تۆگە ئۇچرىشىپ قاپتۇ، تۆگىنىڭ قورسىقى ئاچقانىكەن بېشىنى كۆتۈرۈپلا دەرەختىكى يوپۇرماقلارنى ناھايىتى مەززە قىلىپ يەپتۇ. ئوغلاق بۇنى كۆرۈپ كۆزى قىزارغان بولسىمۇ، ھېلىقى دەرەخ بەك ئېگىز بولغاچقا، ھەرقانچە سەكرەپمۇ يوپۇرماقنى يېيەلمەپتۇ. بۇ چاغدا ئوغلاق بىلەن تۆگە بىرلا ۋاقىتتا ياغاچ توساقنىڭ ئارقىسىدا يۇمران ھەم باراقسان چۆپلەرنىڭ بارلىقىنى بايقاپتۇ. تۆگىنىڭ بويى بەك ئېگىز بولغاچقا، ئۇنىڭ ئاستىدىن كىرىپ ئوت - چۆپ يېيىشكە ئامال قىلالماپتۇ، ئوغلاق بولسا ھېچايغىنىپ توساق ئاستىدىن كىرىپ تويغۇچە چۆپ يەپتۇ، تۆگە توساق سىرتىدا كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپلا قاپتۇ.

نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان ئېيتىلىپ كەلگەن بۇ ھېكايە بىزگە مۇنداق بىر قائىدىنى ئۇقتۇرىدۇ: ھەرقانداق ئادەم نۇقسانسىز ئەمەس، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق كەمچىلىكى بولىدۇ ھەم ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ. بىز باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى مەسخىرە قىلماسلىقىمىز، كىنايە قىلماسلىقىمىز، بەلكى ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بايقىشىمىز ۋە ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

ماركس پەيلاسوپ بىلەن كېمىچى توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلىگەندى.

پەيلاسوپ بىلەن كېمىچى كېمىدە سۆھبەتكە چۈشۈپتۇ:

— پەلسەپىنى بىلەمسىز؟

— بىلمەيمەن.

— ئۇنداقتا ئاز دېگەندە ئۆمرىڭىزنىڭ يېرىمى تۈگەپتۇ.

— ماتېماتىكىنى بىلەمسىز؟

— بىلمەيمەن.

— ئۇنداقتا 80% ئۆمرىڭىزدىن مەھرۇم بوپسىز.
توساتتىن زور بىر دولقۇن كېلىپ كېمىنى ئۆرۈۋېتىپتۇ، پەيلاسوپ بىلەن كېمىچى دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.
كېمىچى پەيلاسوپنىڭ سۇدا پالاقشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن:
— سۇ ئۈزۈشنى بىلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بىل... مەي... مەن....
— ئۇنداقتا 100% ئۆمرىڭىزدىن مەھرۇم بوپسىز.
مانا مۇشۇ هايات - ماماتلىق پەيتىدە پەيلاسوپنىڭ جېنىنى ئۇ ئېيتىۋاتقان پەلسەپە ئەمەس، بەلكى ھېلىقى «ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقى يوق» كېمىچى قۇتقۇزۇۋاپتۇ. كېمىچىنىڭ راستلا ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقى يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس، بولمىسا بۇ پەيلاسوپ ئاللىبۇرۇن دەرياغا غەرق بولار ئىدى. بۇنىڭدىن دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ نۇقسانسىز بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى بولىدۇ. بۇ بىزدىن شەيئىلەرگە بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش قاردىشى بويىچە مۇئامىلە قىلىشنى، ھەم شەيئىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرۈشنى، ھەم كەمچىلىكىنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ. كۇڭزىنىڭ ئىلىملىك بولۇشى ئۇنىڭ «كېتىۋاتقان ئۈچ ئادەم ئىچىدە چوقۇم ئۇستازىم بار» دېگەن ئىدىيەۋى تەشەببۇسىدىن ئايرىلالمايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەخلاقلىق كىشىلەردىن ئۆگىنىشتەك ئۈيلىنىش روھىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇ كەمتەرلىك بىلەن باشقىلاردىن ئۆگەنگەنلىكى، تەلىم ئالغانلىقى، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلغانلىقى، باشقىلارنىڭ كەمچىلىكلىرىدىن ساقلانغانلىقى ئۈچۈنلا ئىلىملىك بولالىغان. ئەگەر ئۇ بۇ خىل مۇنەۋۋەر پەزىلەتتىن مەھرۇم بولغان بولسا، بۇنداق زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى قىيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىدى. ئەگەر بايىقى ھېكايىدىكى ھېلىقى پەيلاسوپ كېمىچىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بىلگەن بولسا، كېيىنكى ئەھۋالدا كېمىچى ئۇنى مەسخىرە قىلمىغان بولاتتى.

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ دۇنيادا ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان بىر خىل كېسەلگە گىرىپتار بوپتۇ. تېۋىپ كېسەلنى كۆرۈپ، پادىشاھنىڭ شىرنىڭ سۈتىنى ئىچسىلا تولۇق ساقىيىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىراق، قانداق قىلغاندا شىرنىڭ سۈتىنى تاپقىلى بولىدۇ؟ كۆپچىلىكنىڭ بېشى تازا قېتىپتۇ.

بىر ئەقىللىق بالا بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بىر چارىنى ئويلاپ چىقىپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى شىر تۇرىدىغان كامارنىڭ ئەتراپىغا بېرىپ، ئانا شىرغا بىر ئارسلان ئاپىرىپ بېرىپتۇ، ئۇننىچى كۈنگە بارغاندا ئۇ ئانا شىر بىلەن خېلى يېقىنلىشىپ، ئاخىرى پادىشاھقا دورا بولغۇدەك ئازراق سۈت سېغىپتۇ.

بىراق، ئوردىغا كېتىۋاتقان يولدا بالىنىڭ بەدىنىدىكى ھەرقايسى ئەزالار سوقۇشۇشقا باشلاپتۇ، نېمە توغرۇلۇق سوقۇشىدىكەن دەمسىز؟ ئەسلىدە سۈت سېغىش جەريانىدا بەدەننىڭ قايسى ئەزاسىنىڭ ئەڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا مۇنازىرىگە چۈشكەنىكەن.

— ئەگەر مەن بولمىسام شىرنىڭ كامىرى ئالدىغا بارالمايتىڭلار، ئەلۋەتتە سۈتنىمۇ ئەكېلەلمەيتتىڭلار، — دەپتۇ پۇت.

— ئەگەر مەن بولمىسام سۈتنى قانداق ئالاتتىڭلار؟ — دەپتۇ قول.

— ئەگەر مەن بولمىسام شىرنىمۇ كۆرەلمەيتتىڭلار، سۈتنى قانداق ساغاتتىڭلار؟ — دەپتۇ كۆز.

— ئەگەر گەپ قىلالمىساڭلار سىلەرنىڭ ھېچقانداق لازىمىڭلار يوق، — دەپتۇ تىلمۇ توساتتىن جېدەلگە ئارىلىشىپ.

بەدەننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى بۇنى ئاڭلاپ قايىل بولماي، ھەممىسى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— سېنىڭ سۆڭىكىڭ يوق، ھېچقانداق قىممىتىڭ يوق، تولا

كۆرەڭلەپ كەتمە.

تىل ئەھۋالىنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، گەپ قىلماي تۇرۇۋاپتۇ.

تىل ئوردىغا كىرگەندىن كېيىنلا زوۋانغا كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— زادى كىمنىڭ مۇھىملىقىنى ھېلىغىچە بىلىپ قالىسىلەر.

بالا پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ شىر سۈتىنى سۇنۇپتۇ، پادىشاھ بۇنىڭ نېمە سۈتى ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلمەي، بالىدىن سوراپتۇ.

— بۇ ئىت سۈتى، — دەپتۇ بالا پادىشاھقا.

بەدەننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى تىلنىڭ مۇھىملىقىنى شۇ چاغدىلا ھېس قىلىپ، دەرھال ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ. شۇ-نىڭ بىلەن تىل گېپىنى ياندۇرۇۋېلىپ:

— ياق خاتا دەپتىمەن، بۇ راستتىنلا شىر سۈتى، — دەپتۇ.

بۇ يەھۇدىيلار ئارىسىدا تارقالغان مەسەل. يەھۇدىيلار ھەرقانداق شەيئىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ قىممىتى بار، دەرمەھەل لازىمى بولمىسىمۇ، كېيىن لازىمى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. دۇنيا مانا مۇشۇنداق دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋەت ئىچىدە تۇرىدۇ. ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى بولىدۇ. يەھۇدىيلار باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ بىر - بىرىنى شەرت قىلىش مۇناسىۋىتىگە مانا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىپ، ئىناق ئۆتىدۇ. ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىدۇ ھەمدە ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكلەرنى تۈگىتىشكە تىرىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلىرىڭ يېڭى ئادرېسى

يەتتىنچى باب

# ھەر كۈنى بىردەم ئىلھام پەلسەپىسى ئوقۇيلى

*ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى چەكسىز بولىدۇ، ئادەمنىڭ بارلىق يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قوزغىتىش ئۇچۇن ئۇنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئادەمنىڭ ئاچ قورساق ھالەتتە ئەڭ يۇقىرى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالىشى دەرۋەقە مۇمكىن ئەمەس، بىراق يەپ ـ ئىچىپ تويۇنغان ھالەتتىمۇ ئاكتىپلىقنى قوزغىغىلى بولۇشى ناتايىن. ئەكسىچە، ئادەم تويۇنغاندىن كېيىن ئۇنى مۈگدەك باسىدۇ. بۇ يەردە ئاچقۇچلۇقى يەنىلا قەلب.*

*ئادەم جاسارىتىگە تۇشلۇق ھوسۇل ئالىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا ئومۇملاشقان بۇ سۆز بۈگۈنكى كىشىلەر ئۈچۈن كۆلكىگە دەستەك بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، بىراق يەنە بىر خىل شەكىلدە ئىپتىساق، بۇ سۆزگە قارشى تۇرۇشىمىز ناتايىن، يەنى جاسارەت بولمىسا ھېچقانچە ھوسۇل ئالالمايمىز.*

*بىز رېئاللىقتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرماسلىقىمىز، روھىمىزنى يېگىلىتىپ قويماسلىقىمىز كېرەك. روھ شەكىلسىز بولىدۇ، بىراق ئۇنىڭدا تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولغان كۈچ ـ قۇۋۋەت پارتلاپ چىقالايدۇ. خۇددى باجىن ئەپەندى ئېيتقاندەك: «بىز يالغۇز گۇرۇچ يېيىشكە تايىنىپلا ياشىمايمىز».*

*شۇڭا، بىز ھەممىمىز ئىلھامغا، تېخىمۇ مۇھىمى ئىلھام پەلسەپىسىگە موھتاج.*

# ئىدىيەنىڭ قومۇشى — بارلىق ئىززەت ـ ھۆرمىتىمىز ئىدىيەدە

باشقىلار تاماق يېيىش ئۈچۈن ياشايدۇ، مەن ياشاش ئۈچۈن تاماق يەيمەن.

— تېلېس

ئادەم بىر تال قومۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەڭ ئاجىز نەرسە، بىراق ئادەم تەپەككۇر يۈرگۈزە لەيدىغان قومۇش. ئادەمنى يوقىتىش ئۈچۈن پۈتكۈل كائىناتنىڭ قورال ئېلىشى ھاجەتسىز، بىر نەپەس، بىر يۇتۇم سۇلا ئادەمنى ھالاكەت گىردابىغا ئاپىرالايدۇ. ھالبۇكى، كائىنات ئۇنى يوقىتى ۋەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇ يەنىلا ئۆزىنى ئەجەل گىردابىغا ئىتتەرگەن نەرسىلەردىن خېلىلا قىممەتلىك بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆ لىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا كائىناتنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى بىلىدۇ، ئەمما كائىنات بۇلار توغرىسىدا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ. بىزنىڭ بارلىق ئىززەت ـ ھۆرمىتىمىز ئىدىيەدە.

بۇ فىرانسىيەلىك پەيلاسوپ پاسكالنىڭ «ئىدىيە خاتىرىلىـ رى»دىكى بىر ئابزاس سۆزى. بۇ چوڭقۇر مەنىلىك، دەل جايىدىكى ئوخشىتىش بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن قايغۇ ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. يە نى، ئادەمنىڭ ئىدىيەسى شۇنچە قىممەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىنتايىن ھالسىز تەننى سۆرەپ يۈرىدۇ! ئادەم دەرۋەقە ئاجىز، ئىنسانلارنىڭ ئەجدادى ئەلالىرى تاللىنىپ، ناچارلىرى شاللى نىۋاتقان تەبىئەت دۇنياسىدا ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشتا پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيەسىگە تاياندى. پاسكال بىزگە مۇنداق بىر قا ئىدىنى ئۇقتۇرىدۇ: ئادەم ئىدىيەسى بىلەن ياشىمىسا، ھايات تۇرا لىغىنى بىلەن ئۇنىڭدا مول مەنىدىكى ھاياتلىق بولمايدۇ.

ئادەمنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى باشقا جانلىقلار بىلەن سې ـ

www.uyghurkitap.com

لىشتۇرغاندا، ئۇ ئىنتايىن كىچىك ھەم ئاجىز. بىراق، ئادەم ھەم ئۇلۇغ، ھەم قۇدرەتلىك، چۈنكى ئۇنىڭدا ئىدىيە بار، ئۇ جاپا - مۇشەققەت، خېيىم - خەتەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى، ئىدىيە نۇرلىرى ئارقىلىق تەبىئەتنى جۇلالاندۇرۇشنى، كائىناتقا نۇر چېچىشنى بىلىدۇ. ئەگەر ئادەمدە ئىدىيە بولمىسا ئۇ باشقىلارنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان، تاماق يېيىش ئۈچۈن ياشايدىغان تىرىكتاپتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھالبۇكى، ئادەم ئۆزىنىڭ ئىدىيەسى ئارقىلىق ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلالايدۇ. خۇددى يۇناندىكى تۇنجى پەيلاسوپ تېلېسنىڭ ئېيتقىنىدەك: «ھايۋانلار تاماق يېيىش ئۈ- چۈن ياشايدۇ، ئادەم بولسا ياشاش ئۈچۈن تاماق يەيدۇ». دېمەك، تاماق يېيىش تېخىمۇ ياخشى ئىدىيە بىلەن ياشاشنى مەقسەت قى- لىشى كېرەك. ئادەمدە ئىدىيە بولمىسا ئۇ گەۋدىسى سۆيۈق ماد- دىلارغا تايىنىپ ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرىدىغان، شۇنداقلا قىلچە تەپەككۇرى يوق ئۆسۈملۈك ئادەمدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئادەم- نىڭ قىممەتلىك روھى ئۇنىڭ ئىدىيەسى. بىز بۇ دۇنيادا ھەم تى- رىكتاپ بولۇپ قالماسلىقىمىز، ھەم ئۆسۈملۈك ئادەم بولۇپ قال- ماسلىقىمىز، بەلكى ھاياتتىكى داۋالغۇشلارنى، تۇرمۇشتىكى ئاچچىق - چۈچۈكلەرنى، خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقى، قىيىنچىلى- قى، شاد - خۇراملىقىنى ھېس قىلىپ، مېڭە ھۈجەيرىلىرىمىزنى ئۈزلۈكسىز جانلاندۇرۇشىمىز ۋە قوزغىتىشىمىز، قەلبىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئېچىۋېتىشىمىز ۋە قاناتلاندۇرۇشىمىز كېرەك. ئادەم مانا مۇشۇنداق تەسىرات ئېلىش، ھېس قىلىش، مۇلاھىزە يۈرگۈ- زۈش ئارقىلىق ياشايدۇ، مۇتەپەككۇر بولالمىسىمۇ ئىدىيەسى بار ئادەم بولالايدۇ.

ئىدىيە ئەركىنلىكى بارلىق ئەركىنلىكلەر ئىچىدىكى ئەڭ بەختلىك ئەركىنلىك. ئىدىيەنىڭ بارلىققا كىلىشى ھېچقانداق ماكان، زامان، رايون قاتارلىق ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچ- رىمايدۇ. ئېسىل ياشاۋاتقانلارنىڭ ئىدىيە ماكانىنىڭ نامرات ئۆي-

لەردە ياشاۋاتقانلارنىڭكىدىن كەڭ بولۇپ كېتىشى ناتايىن. نۇرغۇن
كىشىلەرنىڭ جەسۇر قىياپىتى ئارقىسىدا كېسەل، قورقۇنچاق
ئىچكى دۇنيا بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار ئەركىن نەپەسلىنىش بەخ-
تىنى مەڭگۇ ھېس قىلالمايدۇ. ئىدىيەگە پۇل ۋە ھوقۇق ئارقىلىق
ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئىدىيە پۇل ۋە ھوقۇق تۇپەيلىدىن يوقىلىد-
دۇ. كۆزى تېڭىپ قويۇلغان ئېشەك مەڭگۇ خوجايىن ئۇچۇن تۈگ-
مەن تارتىدۇ، ئەمما بىر كۈنى ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.
مۇلاھىزە ئىقتىدارىنى يوقاتقان ئادەم بىچارە، ئۇ زۇلمەتتە تۇر-
سىمۇ، مەن يورۇقلۇق ئىچىدە، دەپ جاھىللىق قىلىدۇ.

ئەنگلىيەلىك يازغۇچى ئوسكار ۋىلد مۇنداق دېگەنىدى: «دۇن-
يادا ئادەمنىڭ روھىدىنمۇ قىممەتلىك نەرسە يوق، ئۇنىڭغا ھەر-
قانداق نەرسىنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ». يۇناندا رىم لەشكەر-
لىرى سۇرىيە شەھىرىگە بېسىپ كىرگەندە پۈتۈن شەھەردىكى ئا-
دەملەرنىڭ ھەممىسى قېچىپ كېتىپ چوڭقۇر مۇلاھىزىگە پاتقان
بىرلا بوۋاي قالغانىدى. مۇسكۇللىرى تەرەققىي قىلغان لەشكەر
قىلىچنى بۇ بوۋاينىڭ كۆكرىكىگە تىققاندا، بوۋاي «چەمبىرىمنى
دەسسەپ بۇزۇۋەتمەڭلەر!» دېگەن بىرلا ئېغىز گەپنى قىلغانىدى.

مانا بۇ بوۋاي مەشھۇر فىزىكا ئالىمى ئارخىمېد ئىدى. ئۇ
ھاياتلىقىنى ئىدىيە ئىچىگە قويغاچقا، ھايات ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىنتا-
يىن كىچىك ۋە ئەرزىمەس نەرسە ئىدى.

ئىدىيە ئادەمنى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە قىلىدۇ. ئىلگىرى
مۇنداق بىر ھېكايىنى ئوقۇغانىدىم: بىر كاتتا باي لايىقىنى ئۆيد-
گە ئەكەپتۇ، ئىشىكى ئالدىدا بىر قەلەندەرگە ئۇچراپتۇ. بۇ باي
ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى ئارقىلىق لايىقىغا ياخشى تەسىرات
بەرمەكچى بولۇپ، بۇ قەلەندەردىن قانچىلىك پۇل ئالىدىغانلىقىنى
سوراپتۇ. قەلەندەر ئويلىمىغان يەردىن بىر پارچە كىتاب بولسىلا
بولدى، دەپتۇ. بۇ سۆز باينى قاتتىق چۆچۈتىۋېتىپتۇ، باينىڭ ئۆ-
يىدە بىر پارچە كىتابمۇ يوق ئىكەن! پۇل سىزنىڭ قانچىلىك ئا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىيجانابىلىقىڭىزغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ئەدىيەدىكى باياشاتلىقلا ئالىيجابىلىقىڭىزنىڭ بەلگىسى. جۇ زىچىڭ ئۆلسىمۇ ئامبىرىكىنىڭ قۇتقۇزۇش ئاشلىقىنى ئالماي، ئالىيجاناب مىللىي پەزىلەتنى ئەكس ئەتكۈزۈپ، «پۇلنى كۆرۈپ ئازمىغان، گادايلىقتىن يانمىغان، تەھدىتكە باش ئەگمىگەن». سىز دە مانا مۇشۇنداق ئەدىيەلا بولسا يېنىڭىزدا بىرەر يارماقمۇ بولمىسا نېمە بوپتۇ؟

ئادەمدە ئەدىيە بولمىسا دۇنيادا نادان كۆپىيىدۇ؛ مىللەتتە ئەدىيە بولمىسا غالجىرلىشىدۇ. ئەدىيە گەرچە مۇقەررەر رەۋىشتە ھەقىقەتنى كۆرسەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەم تۇغۇلغاندىلا ئۇنىڭدا بار ھوقۇق؛ بىراق ئەدىيە بولمىسا نادانلىق، قارىغۇلارچە ئەگەشىش يولىغا مېڭىش مۇقەررەر. شۇڭا، بىزنىڭ ئەدىيەگە ئىلھام بېرىش، كىشىلەرنىڭ ئەدىيەسىنى ئويغىتىش ئاساسىمىز بار. ئەدىيەنىڭ بىر دانە «قومۇشى» ئاجىز بولىدۇ، بىراق بىپايان كەتكەن بۇككىدە «قومۇشلۇق»تىن پارتلىغان ئىجادىي كۈچنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۇنى يەڭگىلى بولمايدۇ.

پاسكال مۇنداق دەيدۇ: «ئەدىيەسى بار قومۇش بولايلى. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئىنتىلىشىمىز، ھەرگىزمۇ بوشلۇققا ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ ئەدىيە بەلگىلىمىلىرىگە باھا بېرىشىمىز كېرەك. مەن قانچىلىك يەر ئىگىلىۋالسامۇ، ئۇنىڭ رولى بولمايدۇ؛ ماكان سەۋەبىدىن كائىنات مېنى خۇددى بىر ماددىي نۇقتىغا ئوخشاش ئۆز ئىچىگە ئالدى ۋە مېنى يۇتۇۋەتتى؛ ئەدىيە بولغانلىقى ئۈچۈن مەن پۈتۈن كائىناتنى ئۆز ئىچىمگە ئالالىدىم».

سوقرات ئاق قار، كۆك مۇز ئۈستىدە يالاڭ ئاياغ ماڭدى. ئەدىيە ئۇنىڭغا نېمىنىڭ نومۇس ۋە تەن جازاسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇلدۇردى. ئۇ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، شاگىرتلىرىنىڭ قۇتقۇزۇشىنى رەت قىلىپ، ئۆلۈمگە بىمالال يۈزلەندى. كۇڭزى ئولۇغۋار غايە بىلەن ھەرقايسى بەگلىكلەر ئارىسىدا قاترىدى، بىراق

ئۇنىڭ ئۆمرى ئادەمزاتسىز جايدا ۋارقىرىغانغا ئوخشاش باشقىلار-
نىڭ دىققىتىنى قوزغىمىدى. شوپېنخاۋېر بىلەن نىچشې ھاياتىدا
ئۆزىنى پەلسەپىگە بېغىشلىدى، ئاخىرقى كۈنلىرى تولىمۇ مىس-
كىنلىكتە ئۆتتى. ئەمەلىيەتتە، كۈلپەت ۋە غۇربەتچىلىك دەۋرىدە
ئىدىيەگە ئىگە بولغان كىشىلەر ھەقىقىي كاتتا مۇتەپەككۇرلەر-
دۇر. ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىنىڭ كۆپىنچى-
لىرى ئەۋلادلارنى بويسۇندۇردى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسى-
دىكى جەلپكارلىق ھايات ۋاقتى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى ھۇجۇم
ۋە بويسۇندۇرۇشلاردا بولماستىن، بەلكى قۇتقۇزۇشتا ئىپادىلەن-
دى. سوقراتنىڭ ئىدىيەسى يۇنان ياشلىرىنى قۇتقۇزدى. كۇڭزى
ئىدىيەسى كۇڭزى جەمئىيىتىنى قۇتقۇزدى. شوپېنخاۋېرنىڭ ئى-
دىيەسى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن كېيىنكى قايمۇققان بىر
ئەۋلادنى قۇتقۇزدى. نىچشېنىڭ ئىدىيەسى ئاجىزلارنىڭ روھىنى
قۇتقۇزدى.

باتۇرلۇق بىلەن پىكىر قىلىش خېلىلا بەختلىك ئىش، ھەر-
قانداق ۋاقىتتا پىكىر قىلىسىڭىزلا ئىدىيە سىزنى قاناتلاندۇرىدۇ.
قانچە يىراقنى ئويلىسىڭىز سىز شۇنچە يىراققا بارالايسىز.

ئادەمنىڭ ھاياتى ئەمەلىيەتتە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە
داۋاملىشىدۇ. خۇددى جۇ گوپىڭ ئەپەندىنىڭ ئېيتقىنىدەك: «ئۈ-
مىدسىزلىك ئاساس قىلىنىدىغان ئىزدىنىش ئەمەلىيەتتە بىر
خىل خالىيلىق.» ئۈمىدسىزلىك ئاساس قىلىنغان ئىزدىنىش
ئاسانلىقچە ئاچ كۆزلۈك ۋە مەۋھۇملۇققا ماڭمايدۇ، بەزىدە ھاياتى-
مىزغا قەيسەرلىك ئەمەس، بەلكى ئاجىزلىق؛ ئۈمىدۋارلىق ئەمەس
بەلكى ئۈمىدسىزلىك مەدەتكار بولىدۇ. ھېرودوت «تارىخ»تا
مۇنداق بىر قەدىمىي ئۆرپ - ئادەتنى خاتىرىلىگەنىدى: «تاگۇۋلار
بالا تۇغۇلغاندا ھەممىسى مۇشۇ بالىنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئول-
تۇرۇپ، بۇ ئالەمدىكى بارلىق كۈلپەتلەرنى بايان قىلىپ بېرىدى-
كەن ھەمدە بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن چوقۇم باشتىن كەچۈرىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بارلىق بەختسىزلىكلەرگە قايغۇرىدىكەن؛ بىراق ئۆلگەنلەرنى دەپ-نە قىلغاندا خۇشال تۇرىدىكەن، چۈنكى ئۆلگەنلەر نۇرغۇن بالايىـ-ئاپەتلەردىن خالاس بولۇپ، مۇكەممەل بەخت مەنزىلىگە يەتكەنىـ-كەن»، مانا بۇلار ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

## پىششىق بىلگەنلىكنىڭ چىن بىلىم بولۇشى ناتايىن — ساۋات قەپىسىدىن قۇتۇلۇش لازىم

بۇ دۇنيا گۇمران بولمىغان ئەھۋالدا بۇ يولنىڭ
مەڭگۈ ئاخىرى تۈگىمەيدۇ!

— ئاندېرسېن

گېگىل ئۆزىنىڭ «روھىيەت ھادىسە ئىلمى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەنىدى: «پىششىق بىلگەن نەرسىلەر بىز ھەقىقىي چۈشىنىدىغان نەرسىلەر بولۇشى ناتايىن، چۈنكى بىز ئۇلارنى پىششىق بىلىمىز. دېمەك، كىشىلەر ئۆزىگە تونۇشلۇق نەرسىلەرگە ئادەتلىنىپ كەتكەچكە، بۇ توغرىدا چوڭقۇرلاپ ئىزدەنمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاسانلا يۈزەكى ھادىسىلەرنى چۈشىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ھەقىقىي، چوڭقۇر بىلىشكە ئىگە بولمايدۇ.»

گېگىل «پىششىق بىلىش ھەقىقىي بىلىش بولۇشى ناتايىن» دېگەن قاراشنى دەلىللەش ئۈچۈن مۇنداق بىر ھېكايىنى بايان قىلغانىدى: بۇرۇنقى زاماندا بىر قەبىلە كىشىلىرى «گېرشوك» دېگەن نەرسىگە تولىمۇ چوقۇنىدىكەن. ئۇلار «گېرشوك»نىڭ بەئەينى ئۇزاقتىن ئېقىپ كەلگەن مىسسىسسىپى دەرياسى ۋە توختاۋسىز ئېقىۋاتقان ئامازون دەرياسىغا ئوخشاش ھاياتلىق ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنى ئاپىرىدە قىلىۋاتقانلىقىغا، ئۇنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ئۆلچەيدىغان تارازا ئىكەنلىكىگە، كىشىلەرنىڭ بەختىنى قوغدايدىغان ھەممىگە قادىر ئەپسۇن ئىكەنلىكىگە

ئىشىنىدىكەن. بۇ سۆز ھەقىقەتەن مۇھىم بولغاچقا، ھەر بىر ئەۋلاد دانىشمەن پۇتكۈل ھاياتىنى سەرپ قىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى يېشىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. ئۇلارنىڭ نۇتۇقلىرىدىن توم - توم كىتابلار يېزىلىپ، ئەل ئارىسىغا تارقاپ، كىشىلەرنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد ئەمەل قىلىدىغان ئەمرىمەرۇپلىرىغا ئايلىنىپتۇ.

ئاخىر بىر كۈنى زېرىككەن بىرەيلەن مۇنداق دەپ سوراپتۇ: «گېرشوك» دېگەن نېمە؟ بۇ سۆز زادى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ مانا مۇشۇنداق بىر ئاددىي سوئال «گېرشوك» تەرىپىدىن ئۇخلىتىۋېتىلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىپتۇ. ئۇلار توساتتىن بۇ ئەڭ تونۇش سۆز توغرىسىدا ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىنى بايقاپتۇ.

گېگىل بۇ ھېكايىسى ئارقىلىق پىششىق بىلىش بىلەن ھەقىقىي بىلىشنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكىنى، ھەتتا خېلى زور ئارىلىق بارلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. پىششىق بىلگەنلىك دېگىنىمىز — كۆز ئالدىمىزدىكى شەيئىلەرنىڭ ئىزنالىرىنىلا كۆرۈش بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچكى مەنىسى توغرىسىدا چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزمەيدۇ، شۇڭا ئۇ ھەقىقىي بىلىش بولالمايدۇ.

دەرۋەقە، بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا بەزى شەيئىلەر توغرىسىدىكى پىششىق بىلىشلەر ئارقىلىق ئۆزىمىزدىكى ساۋاتنى شەكىللەندۈردۇق. ساۋات ھاياتلىقنى ئېلىپ ماڭىدىغان دېڭىز، كىشىلەرنىڭ يېتىلىش جەريانى بەئەينى سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىشكە ئوخشايدۇ. ساۋاتلارنى ئۆگىنىۋالغاندىلا ياشىغىلى بولىدۇ. سۇ ئۈزۈشنى بىلگەن ئادەم سۇغا چۆكۈپ كەتمەيدۇ، ئوخشاشلا ناھايىتى تېز ئۈزمەكچى بولغانلار سۇنىڭ كۈچلۈك قارشىلىق كۈچىگە ئۇچرايدۇ. ساغلاملىق ساۋاتلىرى ئادەمنى تىنچ - ئامانلىققا ئېرىشتۈرۈپ، يورۇقلۇققا يۈزلەندۈرىدۇ. ئائىلىۋى، توڭلىغاندا كىيىم كىيىش، قورساق ئاچقاندا تاماق يېيىش، چۈشەنمىگەننى ئۆگىنىش، بىلمىگەننى سوراش. بۇلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھازىرچە قويۇپ تۇرايلى، مۇھىمى قانداق قىلىپ سۇنىڭ قارشىلىق كۈچىنى تۈگىتىپ، تېخىمۇ تېز ئۈزۈش بۇنىڭدىكى ئەھمىيەتلىك مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قايسى ساۋاتلارنىڭ ئۆزىمىز ئۈچۈن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۇلارنى قانداق تۈگىتىش كېرەكلىكىنى مۇلاھىزە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

كۇڭزى بىزگە «يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىش» توغرىسىدا تەربىيە بەرگەنىدى، ھالبۇكى ساۋاتلار «ئويلاش» دائىرىسىدە ئەمەس. چۈنكى، بەزى ساۋاتلار كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى تەۋرەنمەس مەنىۋى نوپۇزغا ئايلىنىپ، تەپەككۇرنىڭ كۆزىتىشىگە ئۇچرىمايدىغان كەچۈرۈم ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ، ھەممىمىز نەرسىلەرنىڭ پەسكە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. مەسىلەن، ئالما يەرگە چۈشكەن بولسىمۇ، قانداقتۇر يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى دېگەنلەرنى ئويلىمىدۇق؛ ئادەتتە نۇرغۇن كىشىلەر گىراماتىكا بىلمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ سۆزى گىراماتىكىغا ئۇيغۇن بولىدۇ، مانا بۇ ھەر كۈنى ئىشلەتكەن تۇرۇقلۇق بىلمەسلىكتىن ئىبارەت. بۇ چاغدا ساۋات كىشىلەرنىڭ مۇلاھىزە قىلىش ئوبيېكتى ئەمەس، بەلكى كىشىلەر مۇلاھىزىسىنىڭ تايىنىش نۇقتىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ساۋاتنى كۆپ ساندىكى ئادەملەر پىششىق بىلىدۇ، ھالبۇكى پىششىق بىلگەن نەرسىلەردە خەتەر تېخىمۇ كۆپ يوشۇرۇنغان بولىدۇ، چۈنكى «پىششىق بىلىش ھەرگىزمۇ ھەقىقي بىلىم ئەمەس».

«خۇەينەنزى ئەرەنلىرى»دە ياغاچچى بىلەن چى خۇەنگۇڭنىڭ مۇنداق بىر بۆلەك سۆھبىتى خاتىرىلەنگەن:

لۇن بيەن سارايي سىرتىدا ھارۋا چاقى ياساۋېتىپ چى خۇەن-گۇڭنىڭ سارايدا كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قىزىقسىنىپ ئۇنىڭدىن مۇنداق سوراپتۇ:

— قاراملىقىمنى كەچۈرگەيلا، ئوقۇۋاتقان كىتابلىرىدا نې-

ملەر سۆزلىنىپتۇ؟
— دانىشمەنلەرنىڭ تەلىملىرى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چى خۇەنگۇڭ.
— دانىشمەنلەر تېخى ھاياتمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ لۇن بيەن.
— ئۆلۈپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چى خۇەنگۇڭ.
— ئۇنداقتا ئوقۇۋاتقان كىتابلىرى قەدىمكىلەرنىڭ ئەخلەتلىرى ئىكەنغۇ، — دەپتۇ لۇن بيەن.
— پادىشاھ كىتاب ئوقۇۋاتقاندا سەندەك يارىماس ھۈنەرۋەنلەر خالىغانچە مۇلاھىزە قىلامدۇ؟ بۇنىڭ ئاساسىنى ئېيتىپ بېرەلىسەڭ مەيلى، ئېيتىپ بېرەلمىسەڭ دەرھال ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىسەن، — دەپتۇ چى خۇەنگۇڭ ئىنتايىن خاپا بولۇپ.
— مەندەك بىر ھۈنەرۋەن نېمە ئاساس تېپىپ بېرەلىسۇن، چاق ياساش توغرىسىدا ئانچە - مۇنچە تەجرىبەم بار شۇ. مەسىلەن، چاق ياساشتا ئەڭ قىيىنى كۆز ئېچىش، كۆز بەك چوڭ بولۇپ قالسا پۇختا بولمايدۇ، بەك كىچىك بولۇپ كەتسە سالغىلى بولمايدۇ. ئۇنى چىڭمۇ ئەمەس، بوشمۇ ئەمەس قىلىشنىڭ بەلگىلىك ئېپى بار، بىراق بۇنىڭ ئېپىنى ئۆزۈم كۆڭلۈمدىلا بىلىمەن، ئۇنى ياسىغاندىلا ئۆلچەمنى تۇتالايمەن، ئەمما ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. مەن بۇنىڭ ئېپىنى ئوغلۇمغا ئېيتىپ بەرمەكچى بولساممۇ، ئۇنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن، ئوغلۇممۇ ئۇنى ئاڭلاپ چۈشىنەلمەيدۇ. مەن ھازىر 70كە كىرگەن بولساممۇ، يەنىلا كۆزنى ئۆزۈم ياسىشىم كېرەك، مۇشۇ داۋلىغا ئوخشاشلا قەدىمكى زاماندىكى دانىشمەنلەر ئۆلگەن بولسا ئۇلارنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىش، ھەتتا ھەقىقەت توغرىسىدىكى بارلىق ماھارەتلىرىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئۆلگەن بولىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پادىشاھنىڭ ئوقۇۋاتقىنى دانىشمەنلەرنىڭ كىتابى بولسىمۇ، قەدىمكىلەرنىڭ ئەخلىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس !»

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

چى خۇەنگۇڭ لۇن بيەننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خىجالەتتە قاپتۇ.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئومۇمىي ساۋات مەخسۇس بىلىملەرگە نىسبەتەن ئېيتىلغان ئادەتتىكى ئومۇمىي بىلىم، ئۇ بەزى كىشىلەر ئادەتلەنگەن دوگما نەرسىدۇر، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدۇ ھەم بۇ دائىرىدە توختاپ قالسا بولمايدۇ. تارىخ بىزگە تەكرار شۇنداق ئىلھام بەردىكى، ئىنسانلار ئىدىيەسى ساۋاتلارنى بۆسۈپ چىقىش داۋامىدا ئالغا باسىدۇ. ئىنسانلار بەئەينى مەڭگۈ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يۇرۇۋاتقان ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئەتراپىمىزنى چەكسىز نامەلۇم نەرسىلەر ئوراپ تۇرىدۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى شەيئىلەر توغرىسىدا بىلىشكە ئىگە بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بىز ئۇلارنى پىششىق بىلىمىز؛ كەلگۈسى توغرىسىدا چوڭقۇر تەشنالىقىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقىي بىلىم ئۇستىدە ئىزدىنىمىز.

ئومۇمىي ساۋات كۆپ ھاللادا تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «باشقا كەلگەندە باتۇر»؛ «ئالدىرىغان يولدا قاپتۇ» ۋەھاكازالار. شۇڭا، بۇلار ئاسانلار كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ. خاتا ساۋات ئادەمنىڭ ئىدىيەسىنى تۇز-جۇقتۇرىدۇ، ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرىدۇ، ئادەمنى زۇلمەتكە يېـ-تەكلەيدۇ. «كۆپچىلىك ياخشى دېگەن نەرسىلەر ياخشى» دېگەن ساۋات باشقىلارغا ئەگىشىش پسىخىكىسى ئېغىر كىشىلەرنى ئا-سانلا قىلتاققا ئىلىندۇرىدۇ. ئاز ــ تولا زىيان تارتىپ، تەجرىبە ـ ساۋاققا ئىگە بولساق يامان ئىش ياخشى ئىشقا ئايلىنىدۇ. يامىنى بەزىلەر ئۆزىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى، نېمە ئىش قىلالايدى-غانلىقىنى، نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى، تېخىمۇ مۇھىمى قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ. باشقىلار ھاياجانلانسا ئۇلار ئور-نىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ؛ باشقىلار ياش تۆكسە ئۇلار قايغۇرىدۇ؛ باش-قىلار تىجارەت گۇۋاھنامىسى ئالسا ئۇلار تىجارەت قىلىدۇ؛ باش-

قىلار قىرغاقتا قايتىپ كەلسە ئۇلارمۇ بىرىپ ئاپتاپسىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئادەملەر توپلىنىپ مۇقەررەر ھالدا «بىر كۆنەك ھەرە، بىر دەملىك شامال» ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن «قىسقان ھامان ئۆلىدىغان، قويۇپ بەرگەن ھامان قالايمىقانلىشىدىغان» ئەھۋالدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ.

تارىخقا قارايدىغان بولساق، قۇرۇپ كەتكەن ياش ئىزلىرىدىن ئاشۇ ئىزدىنىشۋاتقان كىشىلەرنى تاپالايمىز، ئۇلار پىششىق بىلىشتىن باتۇرلۇق بىلەن ھەقىقىي بىلىشكە قاراپ ماڭغانلاردۇر. يەر شارىنىڭ يەنە بىر چېتىدىمۇ ئادەم بارلىقىنى كۆرسىتىپ بىرىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئىتالىيەلىك ئاسترونوم ئاستىرى، قانىنىڭ مېڭىدىن ئەمەس بەلكى يۈرەكتىن كەلگەنلىكى نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىسپانىيەلىك دوختۇر سىۋىتۇس، كوپېرنىكنىڭ قۇياش مەركەز تەلىماتىنى تەشۋىق قىلىش تۈپەيلىدىن گۈل مەيدانىدا تىرىك پېتى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن برونو... ئۇلار ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپاسىدا تەنھا يانغان چىراغ، ئۇلار كىشىلەرنىڭ «پىششىق بىلىشى»لىرىدىن باتۇرلۇق بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىلمىي بولغان ھەقىقىي بىلىش ئۈستىدە ئىزدەندى. ئۇلار ساپ قېنى ئارقىلىق ھەقىقىي بىلىشنىڭ ئۆچمەس گۈلخانىنى ياندۇردى، بۇلار بىزگە ئىلىم - پەن ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ پىسخىكا ئۈچۈن سىناقلا بولۇپ قالماستىن ، ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنە ھاياتنى بەدەل قىلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

بىراق، «پىششىق بىلىش»نىڭ قورشاۋىدا قالغان كىشىلەردە ئۆزىدىكى ھۇرۇنلۇق سەۋەبىدىن «ھەقىقىي بىلىش» ئۈستىدە ئىزدىنىش قىزغىنلىقى كېمىيىپ قالغىنى يوق. خۇددى جېك يېفۇ ئېيتقاندەك: «خاھىشنىڭ شىجائىتى ئىختىيارسىز شەكىللەنگەن چىغىر يولغا ئوخشايدۇ، قولايلىقلىق كىشىلەرنىڭ ئۇنى تاللىشىنىڭ شەرتى بولىدۇ، بىراق ئاشۇ چىغىر يول مۇشۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەتراپتىكى بىر-بىرىنى داغدام يولغا ئاپىرىدىغان ئۆيلەرنى، ئىنسانلارنىڭ ئادەم-
نىڭ يۈنىلىشىنى يول بەلگىلەيدۇ، دەپ خاتا چۈشىنىپ قالىدۇ.
ئەمەلىيەتتە تاللاش ھوقۇقى يەنىلا ئادەمنىڭ قولىدا بولىدۇ، ئىل-
گىرىكى تۈزۈملەشكەن تاللاشقا قارىغۇلارچە ئەمەل قىلماي، قايتا
تاللاشقا ئۆتۈش مۈشكۈل بولسىمۇ، ئۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى يەنىلا
بار، ئۇنداق بولمىغاندا ئىنسانلارنىڭ لۇغىتىدە «ئىسلاھات» دېگەن
سۆز بولمىغان بولاتتى.»

خۇددى ئاندېرسېن ئۆزىنىڭ «شەرەپكە تولغان تىكەنلىك يول»
دېگەن چۆچىكىدە كېسىپ ئېيتقانغا ئوخشاش، «بۇ دۇنيا گۇمران
بولمىغان ئەھۋالدا بۇ يولنىڭ مەڭگۇ ئاخىرى تۈگىمەيدۇ!»

## توختىماي ئىلگىرىلەش — دۇنيادا ھەقسىز غىزا يوق

بىر كۈن ئىشلىمىسەم بىر كۈن
غىزالانمايمەن.

— بەيجاڭ راھىب

بۇرۇنقى زاماندا خەلقنى پەرزەنتىدەك كۆرىدىغان بىر پادىشاھ
بار ئىكەن. خەلق ئۇنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە پاراۋان، خاتىرجەم
تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. پاراسەتلىك پادىشاھ مەن ئۆلگەندىن كې-
يىن خەلق يەنىلا بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەلمەي قالامدىكىن، دەپ
ئەنسىرەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەملىكەت ئىچىدىكى بىلىملىك كى-
شىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، ئۇلارغا خەلق تۇرمۇشىنىڭ
بەختلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان مەڭگۈلۈك قائىدىنى
تېپىپ چىقىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىن ئالىملار ئۈچ پار-
چە قېلىن كىتابنى پادىشاھقا سۇنۇپ مۇنداق دەپتۇ: «پادىشاھ ئا-
لىيلىرى دۇنيادىكى بىلىملەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۈچ پارچە
كىتابقا توپلاندى، خەلق ئۇنى ئوقۇپ بولسىلا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى-
نىڭ غەم ـ ئەندىشىسىز ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.»

پادىشاھ بۇنىڭدىن خۇشاللانماپتۇ، چۈنكى ئۇ، كۆپچىلىك بۇنچە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ كىتاب ئوقۇمايدۇ، دەپ قارايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالىملارنى داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئىككى ئايدىن كېيىن ئالىملار ئۈچ پارچە كىتابنى بىر پارچىگە قىسقارتىپتۇ، پادىشاھ يەنىلا رازى بولماپتۇ. بىر ئايدىن كېيىن ئالىملار بىر پارچە قەغەزنى پادىشاھقا سۇنۇپتۇ، پادىشاھ بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئىنتايىن رازى بولۇپ: «ناھايىتى ياخشى، خەلقىم مۇشۇ ھەقىقەتكە ئەمەل قىلىدىغانلا بولسا پاراۋان، بەختـ ـلىك تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ» دەپتۇ. بۇ قەغەزگە «دۇنيادا ئەمگەك قىلماي ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسە يوق» دېگەن بىرلا جۈملە يېزىلغانىكەن.

ئامېرىكىدا ئەقىللىك ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرى تۇنجى قېتىم سەپەرگە چىققاندا ئۇلارغا بىر ھېكايە سۆزلەپ بېـ ـرىپ، ھېكايىنى «دۇنيادا ھەقسىز غىزا يوق» دېگەن بىر جۈملە سۆز بىلەن ئاياغلاشتۇرىدىكەن.

«پالنامە»دىكى «بىلىملىك كىشىلەر توختىماي ئۆلگىرىلىشى كېرەك»، «ئىنجىل»دىكى «پەرۋەردىگارمۇ دائىم ئىشلەيدۇ، ئۇنىڭ بەندىلىرىمۇ ئەمگەك قىلىشى كېرەك» دېگەن گەپلەرنىڭ قائىدىـ ـلىرى ئوخشاش. ھەر بىر ئادەم ئەمگەككە تايىنىپ ياشىشى لازىم، دۇنيادا ھەقسىز چۈشلۈك غىزا بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىراق بىكاردىن ـ بىكارغا كەلگەن نەرسە ئورۇنلۇق بولامدۇ؟ ئۇنى ئاـ ـسانلا قوبۇل قىلساق كۆڭلىمىز خاتىرجەم ئۆتەمدۇ؟ شۇڭا، خىزـ ـمىتىمىزنى ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ ئورۇنلىساقلا خاتىرجەم ئولتۇرۇپ تاماق يېيەلەيمىز، دەم ئالالايمىز، باشتىن ـ ئاخىر مۇشۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ، ئۆزۈكسىز خىزمەت قىلىش ئارقىلىقلا ھاياتىمىز ۋە بەدىنىمىز ئۈزۈكسىز يېتىلىدۇ.

بەيجاڭ راھىب «بىر كۈن ئىشلىمىسەم بىر كۈن غىزالانمايـ ـمەن» دەيدىغان راھىبلىق تۇرمۇشىنى تەشەببۇس قىلىپ، نۇرغۇن

قىيىنچىلىقتا ئۆچۈرۈلگەندى، چۈنكى، بۇددا دىنى ئىزچىل پەر-ھىزنى ئۆلچەم قىلغان تۇرمۇشقا ئەمەل قىلاتتى. بەيجاڭ راھىب بولسا تۇزۇمنى ئۆزگەرتىپ، دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولدى. بۇنداق ئەھۋالدا باشقىلار ئۇنى ھەتتا غەيرىي مەزھەپكە ئەگەشىدۇ دەپ تەنقىد قىلغانىدى. ئۇ ھەر كۈنى راھىبلارنىڭ ئىستىقامەت قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلغاندىن سىرت، ئۆزىمۇ جاپالىق ئەمەل-گەككە قاتنىشاتتى، تۇرمۇشتا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاشقا ئىن-تايىن ئەھمىيەت بېرەتتى، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلاردىمۇ باش-قىلارغا تايانمايتتى.

بەيجاڭ راھىب بارا - بارا قېرىدى، بىراق ئۇ يەنىلا باشقىلار بىلەن بىللە تاغقا چىقىپ ئوتۇن كەستى، ئېتىزغا بېرىپ يەر تېرىدى، چۈنكى ئۇلار تۇرمۇشىنى ئۆزلىرى يەر تېرىپ قامدايتتى. شاگىرتلىرى ياشىنىپ قالغان ئۇستازىنىڭ بۇنداق ئېغىر ئىشلارنى قىلىشىغا چىدىمىدى، شۇڭا كۆپچىلىك ئۇنىڭدىن ئەمدى ئەمگەك قىلماسلىقنى ئۆتۈندى. بىراق، بەيجاڭ راھىب يەنىلا قەتئىي تەلەپپۇزدا «ئادەم ياشىغانىكەن ئۆزى ئەمگەك قىلمىسا كېرەكسىز ئادەم بولۇپ قالامدۇ؟» دېدى.

شاگىرتلىرى ئۇنىڭ ئەمگەك قىلىش قارارىنى ئۆزگەرتەلمى-گەچكە، ئۇ ئىشلىتىۋاتقان ئەپكەش، جوتۇ قاتارلىق قوراللارنى يوشۇرۇپ قويدى.

بەيجاڭ راھىب ئىلاجسىز قېلىپ، ئاچلىق ئېلان قىلىش يولى بىلەن ئېتىراز بىلدۈردى، شاگىرتلىرى تىت - تىت بولۇپ ئۇنىڭدىن «نېمە ئۈچۈن غىزالانمايسىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ «ئىشلىمەي قانداق تاماق يېگىلى بولسۇن؟» دېدى. شاگىرتلىرى ئامالسىز قوراللارنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى، ئۇ يەنە كۆپچىلىك بىلەن ئەمگەككە چىقتى. بەيجاڭ راھىبنىڭ «بىر كۈن ئىشلىمىسەم بىر كۈن غىزالانمايمەن» دەيدىغان روھىمۇ ئەۋلادلارغا نەمۇنە بولۇپ قالدى.

ئىستىقامەت قىلىش ھۆرۈنلۈق قىلىشنىڭ سەۋەبى ئەمەس. بەزىلەر بۇددا يولىنى تۇتقان ئادەم پانىيدىن قولىنى ئۈزىدۇ، ھېچقانداق ئەمگەك قىلىشنىڭ لازىمى يوق، ئېتىكاپتا ئولتۇرسىلا بولىدى، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە خىزمەت قىلماي تۇرمۇشتىن چەتنەپ كەتسەڭ قانداقمۇ بۇددادىن ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟ بەيجاڭ راھىب ئىستىقامەت قىلغۇچىلارنىڭ پەسىللىك كېسىلىنى ساقايتىش ئۈچۈن «بىر كۈن ئەمگەك قىلمىسام بىر كۈن غىزالانمايمەن» دەيدىغان تۇرمۇشقا ئەمەل قىلىپلا قالماستىن، يەنە «ئوتۇن توشۇشمۇ بۇددا يولىنى تۇتقانلىق» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ ئادەمنىڭ تولىمۇ ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ.

مۇنداق بىر مەسەل بار ئىكەن: بىر ئوغۇل بالا تەڭرىدىن:
— 10 مىڭ يىل سىز ئۈچۈن قانچىلىك ئۇزاق؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بىر مىنۇت، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تەڭرى ئۇنىڭغا.
— بىر مىليون يۈەن سىز ئۈچۈن قانچىلىك؟ — دەپ سوراپتۇ بالا تەڭرىدىن.
— بىر يۈەن، — دەپتۇ تەڭرى.
— ئۇنداقتا سىز ماڭا 1 مىليون يۈەن بېرەلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ بالا.
— ئەلۋەتتە بولىدۇ، ئەمما بىر مىنۇتلا ساقلاپ تۇرغىن — دەپتۇ تەڭرى.

دۇرۇس دۇنيادا ھەقسىز غىزا يوق. خۇددى ئېينشتېين ئېيتقاندەك، بەزىدە ئەمگەكسىز ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ تۆلەيدىغان بەدىلى تېخىمۇ زور بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە نۇرغۇن كىشىلەر «دەرەخ تۈۋىدە توشقان كۈتۈش» دېگەن ھېكايىنى ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن. چۈ بەگلىكىدىكى بىر ئادەم ئورمانلىقتا بىر دانە توشقاننىڭ دەرەخكە ئۇسۇۋېلىپ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاشۇ توشقاننى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ پۇل قىپتۇ. ئۇ ئەمدى بايلىققا ئاسانلا ئېرىشىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈنبويى دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ توشقاننىڭ ئۇنىڭغا ئۇسۇۋېلىپ ئۆلۈشىنى كۈتۈپتۇ. ھالبۇكى، بىر يىل ئۆتكەن بولسىمۇ ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەپتۇ، تېرىۋاتقان يەرلىرىمۇ ئاق قالغاچقا، بىر تال دانمۇ ھوسۇل ئالالماپتۇ. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ يەر تېرىشتىن رايى قايتقان بولغاچقا، ئەڭ ئاخىرىدا ئاشۇ دەرەخ تۈۋىدە ئاچلىقتىن ئۆلۈپتۇ.

«دەرەخ تۈۋىدە توشقان كۈتۈش» دېگەن ھېكايە ھەممىگە مەلۇم. تەييارغا ھەييار بولۇشنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ھەممىگە مەلۇم. بۇ خىل ئىدىيە كىشىلەرنىڭ كۈرەش قىلىش ئېڭىنى بوشاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئادەم بىر قېتىم تەمىنى تېتىپ قالغاندىن كېيىن ئېلىشنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىككى قولى بىلەن مېڭىسىنىڭ رولىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئادەم مۇشۇ سەۋەبتىن مەغلۇبىيەت يولىغا ماڭىدۇ. ھالبۇكى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۇچۈن ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

مەشھۇر مۇۋەپپەقىيەت ئىلمى ئۇستازى كارنېگ مۇنداق دېگەنىدى: «مۇۋەپپەقىيەت» نى پىشۇرۇشنىڭ مەخپىي رېتسېپى «غايە»نى «تىرىشچانلىق» قازىنىغا سېلىپ، «قەيسەرلىك»نىڭ سۇس ئوتىدا دۈملەپ، «ھۆكۈم» تېتىتقۇسىنى قوشۇشتىن ئىبارەت. ھالبۇكى، غايە بىلەن رېئاللىق ئىككىسى ئىككى گەپ، بەزى ئادەملەر ئۆمۈرۋايەت غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرالماسلىقى مۇمكىن. بۇ دېڭىزغا بېلىق تۇتقىلى كەتكەنلەردىن بەزىلەرنىڭ دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىپ كاتتا غەنىيمەت بىلەن قايتىپ كەلگەنلىكى، بەزى ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەجرىنىڭ بىكار كەتكەنلىكىگە ئوخشايدۇ. بىراق، دېڭىزغا بارماي تۇرۇپ مەڭگۈ بېلىق تۇتقىلى بولمايدۇ.

ھەممىمىز بىلىدىغان ئامېرىكىلىق ئۇلۇغ كەشپىياتچى ئېدىسون سان ـ ساناقسىز مەغلۇبىيەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، تالانت =1% ئىلھام + 99% ئەجىر، دېگەن فورمۇلاغا يەكۈنلىگەن. شۇنداق، دۇنيادا بىردىنلا ۋۇجۇدقا چىقىپ قالىدىغان مۇۋەپپەقىيەت، چېچەكلىمەيلا مېۋە بېرىدىغان دەرەخ يوق، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن جاپالىق ئەمگەك قىلىش، مېۋە بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن چېچەكلەش كېرەك. «مېھنەتكە تۆشلۈق هوسۇل ئېلىش» دېگەن سۆز مانا ئاشۇ يىمىرىلمەس ھەقىقەتنى ئېچىپ بەردىغۇ؟

دۇنيادا ھەقسىز غىزا يوق، مانا بۇ دەۋر ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى.

## تەنھالىقنى چۆرۈپ تاشلاش — جەمئىيەتتە قىممىتىنى رېئاللاشتۇرۇش كېرەك

ئادەم بۇ دۇنياغا سىنئەينەك ئەكەلگەن ئەمەس.
— ماركس

«ئادەم ئىجتىمائىي هايۋان»، بۇ ماركسنىڭ مەشھۇر سۆزى. بىراق، بەزىلەر ھەسەل ھەرىسى «ئىجتىمائىي هايۋان»، چۈمۈلە «ئىجتىمائىي هايۋان»، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «جەمئىيەت»تىدىن ئايرىلىپ قالسا ھەرقانداق قىلىپمۇ ياشىيالمايدۇ، ئەمما ئادەم ئۆزىنى ئىجتىمائىي توپتىن ئايرىغاندىلا، «ئادەم»لىك غۇرۇرىنى ئەكىس ئەتكۈزەلەيدۇ، دېيىشىدۇ. ئوبدان ئويلانساق، بۇ سۆزدە چەتنەپ كېتىش تۇسى بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا قىسمەن ھەقىقەت يوشۇرۇنغان. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئادەم دەرۋەقە جەمئىيەتتىن ئايرىلالمايدۇ؛ يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، ئادەم دەرۋەقە تەنھالىققا موھتاج. مانا مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ھەرقانچە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ياخشى دوستلارمۇ ياكى مۇھەببەتلىشىۋاتقان ئاشىق ـ مەشۇقلارمۇ ئۇزاققىچە بىللە بولسا ھامىنى بىر ـ بىرىدىن بىزار بولۇشىدۇ، بۇ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئادەمنىڭ تەنھالىقتا تەشنا يەنە بىر تەرىپىنى قارشى تەرەپتىن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ۋاھالەنكى، يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، ئادەم تەنھالىقتا تەشنا بولۇپلا قالماستىن، يەنە تەنھالىقتىن قورقىدۇ. چۈنكى، ئىزچىل تەنھالىق ئادەمگە قىممەت يارىتىپ بېرەلمەيدۇ. ھەم ئۇنىڭغا مەنە ئاتا قىلالمايدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى ئادەمدە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى شەكىللەندۇرمەيدۇ. باللار كېچىسى قاراڭغۇدىن قورقىدۇ، چۈنكى ئۇلار قاراڭغۇدا يالغۇزلۇق ھېس قىلىدۇ؛ ياشانغانلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ھەمراھقا موھتاج بولىدۇ، چۈنكى ھەمراھ بولغاندا ئۇلار تەنھالىققا تاقابىل تۇرالايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ تەنھالىقتىن قورقىدىغان روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

لۇشۈن ئەپەندىنىڭ «ھەقىقىي باتۇر خىرە ھاياتقا ئۇدۇل قارىيالايدۇ، چىپىلداپ ئېقىۋاتقان قاندىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزى بار. ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ بۇ خىل «دەشتتىكى باتۇرلار يولى»غا ئاتلانغاندىكى ئەخلاق ـ پەزىلىتى ۋە جەسۇرلۇقى، كەسكىنلىكى ئىنتايىن قىممەتلىك بولىدۇ؛ قان ئاققۇزۇشقا توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ يەنىلا بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ كۆزقاراش ئارقا كۆرۈنۈشى ئۇنىڭغا مەنىۋى مەدەت بولىدۇ. شۇڭا، تەنھالىق ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى ئەمەس.

ئادەم بۇ دۇنياغا سىنئەينەك ئەكەلگەن ئەمەس، يالغۇز «مەن دېگەن مەن» دېيىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. دەرۋەقە، ئادەم ماھىيەتتە بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى. ئادەم تەنھامۇ، ئابستراكتمۇ بولمايدۇ، بەلكى ئەتراپىدىكى ئادەملەر ۋە ئۆزى ئۇچراشقان مۇشۇ دۇنيا بىلەن

ئۆزىنى شەكىللەندۈرىدۇ. سىنىڭ «مەن دىگەن مەن» دەپ تونۇلىشىڭنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق، چۈنكى سەن باشقىلارنىڭ ئالقىشىنى ئاڭلىيالمايسەن، بۇنىڭدا ئۆزۈڭنىڭ ئەكس ساداسىلا قالىدۇ. ئادەم بۇ دۇنيادا باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىدۇ. شۇڭا، ئەلدىن ئايرىلىپ تەنها ياشاش مۇمكىن ئەمەس. بىز جۇڭگولۇقلار دەۋاتقان «ئۆزىنى كامالەت تاپقۇزۇش، ئائىلىنى تۈزەش، ئەلنى ئىدارە قىلىش، ئەلنى تىنچلاندۇرۇش» بىر ئۇدا جەريان، شۇنداقلا ئادەمنىڭ قىممىتى تەدرىجىي رېئاللىشىدىغان جەريان، ئۇ تاشقى مۇھىت ئادەمگە يۈكلىگەن مەجبۇرىيەت ئەمەس. روبىنسون كروزونىڭ دۇنيادىن ئايرىلىپ ياشىغانلىقى ئادەمنى ناھايىتى ھاياجانغا سالىدۇ، بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇنىڭ تەنها ياشىغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۈمىد ۋە غەيرەتنى ئىپادىلىگەنلىكىدە. بىز ھۆرمەتلەشكە تېگىشلىك ئىنسانلارنىڭ مۇشۇنداق پەزىلەتلىرىنى يۈكسەك مەدھىيىلىشىمىز لازىم، بىراق ئادەمنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى، تەلەپچانلىقى ۋە مۇستەقىللىقىنىڭ شەخسىيەتچىلىكنى ئاساس قىلىۋېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. باشقىلار بىلەن بولغان باغلىنىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتى ۋە ئۆزلۈكىمىزنى رېئاللاشتۇرساق بىزدىكى خاسلىق ئاجىزلاپ كەتمەيدۇ، بەلكى مۇنداق بىر ئېنىق ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلغان بولىمىز. ئادەم باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىش ۋە ئورتاقلىشىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئالىي يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى رېئاللاشتۇرىدۇ. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ يېتىلىشى ۋە تەرەققىياتىنى تەنها كۈرەش قىلىش جەريانى دەپ قاراشقا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ خىل كۈرەش غايەت زور كىشىلىك مۇناسىۋەت زەنجىرىدىكى قاتنىشىش ھەرىكىتىگە چېتىلىدۇ.

ئاڭلىماققا سىرلىقتەك بىلىنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ قائىدىسى ئىنتايىن ئاددىي: ھاياتتا قىممەتنى رېئاللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆيگە تايىنىش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، يەنە ئىشلەشكە

www.uyghurkitap.com

تايىنىش كېرەك، سەن مۇشۇ دۇنيانى ئۆزگەرتسەڭلا ئەتراپىڭدىكى كىشىلەر ئارقىلىق ئۆزۈڭنى ئىسپاتلىيالايسەن.

تەنها ياشاش شەرەپلىك ئەمەس، چۈنكى تەنها ياشىغانلار ئۆزلۈك بىلەن چەكلىنىپ قالىدۇ.

ۋېي، جىن دەۋرلىرىدە رۇەنجى ئىسىملىك بىرەيلەن بولۇپ، «بامبۇكزاردىكى يەتتە دانىشمەن»نىڭ بىرى دەپ ئاتالغانىكەن. ئۇنىڭ بۇيۇك غايىلىرى بار بولسىمۇ، لېكىن ئىشى ئوڭغا تارتمىغاچقا، تاغ ئىچىدىكى ئورمانلىقتا تەنها ياشاپ پىغان چەككەنىكەن.

ئەمەلىيەتتە، ھە دەپ جەمئىيەتتىن زارلىنىشنىڭ پايدىسى يوق. بىر ئادەمنىڭ قىممىتى كىشىلەر ئالدىدا نامايان بولمىسا، ئۇ مەۋھۇم نەرسە بولۇپ قالىدۇ. خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: «ئادەم بۇ دۇنياغا سىنئەينەك ئەكەلگەن ئەمەس»، يالغۇز «مەن دېگەن مەن» دەپ ياشاشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. ئادەم ئەڭ ئاخىرىدا، جەمئىيەتتىكى بارلىق ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئىسپاتلايدۇ.

تارىختا چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قىلغان ئەزىمەتلەر ياكى پادىشاھلار ئۇنداق پىغان چەككەن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆڭلىگە ئەلنى پۈككەن ھەمدە ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان، ئۇلار تالانتىنى كۆرسىتىدىغان ماكان تاپالمىغان، كۆچى ھېچ نەرسىگە يەتمەي قالغان ئەھۋالىمۇ قالغان. بىراق، ئۇلار ئورمانغا يوشۇرۇنۇپ چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن ئەمەس، غۇدۇراپ تەلىيىنىڭ تەتۈرلۈكىدىن زارلانغان ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغۋار غايە ۋە توختاۋسىز تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئىجتىمائىي غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان. رۇەنجى يېغىلىق دەۋرىدە ياشىغان بولسىمۇ ھەم ئىشى ئوڭغا تارتقان كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمىغان، ھەم ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىپ بۇ دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى خالىمىغان، پەقەت «غەيرىي نورمال ھالەت»كە يېقىن تەنهالىقنى

جىمجىت قوبۇل قىلغان.

بىز رۇھنجىنى ئىنتايىن ۋىجدانلىق ئەدىب دېسەك بولىدۇ، بىراق بۇنى «ئۆزىنى كامالەت تاپقۇزۇش، ئائىلىنى تۈزەش، ئەلنى ئىدارە قىلىش، ئەلنى تىنچلاندۇرۇش» تەك ئەلنى قۇتقۇزىدىغان ئىستىبدات ئىگىلىرىدىن دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇ شېئىر يازالايدۇ، ئەمما جاھان تالىشىشقا قۇربى يەتمەيدۇ. جاھاندىكى ئىشلار ناھايىتى قىزىقارلىق بولىدۇ، تەركىدۇنيا بولۇۋالساڭ قەھرىمان بولالمايسەن، كۆپ بولغاندا تاغ ئىچىدىكى «باش ۋەزىر» بولالايسەن. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىدىكى «تەنھا»لىقنى تەلىيىنىڭ ئوڭ كەلمىگەنلىكىدىن كۆرۈش بىلەن خاتىملىنىدۇ.

غايە بولغانىكەن پۇختا قەدەم بىلەن كۈرەش قىلىش كېرەك. ئالىيجاناب پەزىلەتكە ئىنتىلىپ، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يامانلارغا ئارىلاشماي، پىسخىكىمىزنى تىنچىتىشىمىز لازىم. رۇھنجىنىڭ بىچارىلىكى شۇكى، ئۇ ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ئۆزگەرتىشنىمۇ خالىمايدۇ، ئۆزىنىڭ تاغ ئىچىدە ياشىغىنىغىمۇ تەن بەرمەيدۇ. ئۇ مۇرادىغا يېتەلمىگەندەك تۇيغۇدا بولغانلىقى ئۈچۈن باشقا تەرەپلەردىن قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھەرىكەتتە ئۆزىنى مەيلىگە قويۇۋېتىدۇ. ھاراق ساتىدىغان قوشنىسىنىڭ ئايالى ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، رۇھنجى دائىم ئۇنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ ھاراق ئىچىپ، ئاشۇ ئايالنىڭ يېنىدا ئۇخلاپ قالىدىكەن، ئەمما بۇ ئايالنىڭ ئېرى بۇنى قىلچە كۆڭلىگە ئالمايدىكەن. چۈنكى، رۇھنجىن قارىماققا قائىدىدىن چىققاندەك قىلسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ يامان نىيىتى قىلمىقىنى بىلىدىكەن. يەنە بىر ھېكايىدە ئېيتىلىشىچە، ئۇ يېقىنلا جايدىكى بىر ساھىبجامالنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق تونۇشلۇقى بولمىسىمۇ، ئۇ جايغا بېرىپ ھۆڭرەپ يىغلىغانىكەن.

ئادەم تاشقى دۇنيادا ئۆزىنىڭ سىيماسىنى كۆرەلمىسە قەلبى

www.uyghurkitap.com

هامان بۇرمىلىنىدۇ. كىچىك بولغاندا دۇنيادىن نەپرەتلىنىدۇ، چوڭ بولسا ھەرىكىتى غەلىتىلىشىدۇ، ھازىرقى سۆز بويىچە ئېيتقاندا، غەيرىي نورماللىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە «بامبۇكزارلىقتىكى يەتتە دانىشمەن»نىڭ ھەممىسىدىلا غەيرىي نورماللىق خاھىشى كۆرۈلگەن، ئۇلار ھېچبولمىغاندا روھىي ھالەت جەھەتتە تازا ساغلام ئەمەس.

رۇەنجىنىڭ ھېكايىسى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، تەنھالىق ھەرگىزمۇ ئادەمدىكى نورمال ھالەت ئەمەس. ئەپسۇسكى، بىز بۈگۈنكى كۈندە بۇ قائىدىنى تازا ئوبدان چۈشىنەلمەيمىز. بەزى كىشىلەر جەمئىيەت خاسلىقنى بوغدى، دەپ قاراپ، ھە دېسە ئۆزىنى قارىغۇلارچە ئېتىراپ قىلىدۇ. نەتىجىدە تويپتىن، بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ خاتىرجەم چىرايىنىڭ ئارقىسىغا مىسكىن قەلب يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئادەم ئۇچار تون كىيىۋالسىمۇ، لېكىن ئېغىرلىق كۈچىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئىجتىمائىي يۆنىلىش ئادەمنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئۆزگەرمەيدۇ، ئادەم نەگىلا بارمىسۇن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. ئادەم ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، مەيلى ماسلاشسۇن ياكى قارشىلاشسۇن ئۇنىڭ ئارقىسىدا چوڭ ئىجتىمائىي قىممەت ۋە ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش بولىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا نېمىگە ئۇيغۇنلىشىدۇ؟ نېمە بىلەن قارشىلىشىدۇ؟ غەربتە نىچشې تەڭرىنى ئۆلتۈرۈپ، تەنھا ئۇرۇش قىلىشنى تاللىغان ۋاقتىدا، ئۆزىنى ياردەمچىسىز ۋە مىسكىن ھېس قىلغانىدى. ئادەم ئۆز تويپىدىن مەڭگۈ ئايرىلالمايدۇ، كىشىلەر تويى ئادەمنى بوغسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندا قانداق ياشىيالايدۇ؟ خىسلەتلىك ئادەم ئۇزۇكسىز ھالقىش جەريانىدا كىشىلەر تويپىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ، چىدىغۇسىز مەۋھۇملۇقتا تەنھا يۈزلىنىپ، ئۆزىگە تاغ ۋە دەريالارنى ھەمراھ قىلغانىدى، ئۇنىڭ چۈقانىنى

ئاڭلايدىغان ئادەم چىقمىدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالقىش ياڭرىتىدىغان ئادەممۇ چىقمىدى، يارىلانغان چاغلىرىدىمۇ ئادەمزات ئايغى تەگمىگەن جايلاردا ئۆزىنىڭ جاراھىتىنى يالغۇز ئەملەشكە مەجبۇر بولدى.

تەنھالىق ئادەمدىكى بىر خىل روھىي ھالەت بولسا بولىدۇ، بىراق ئۇ ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. تەنھالىقتىن لەززەت ئالغاندا ئەركىنلىكتىن تەسىرات ئالغىلى بولىدۇ، بىراق ئۇنىڭدىن كېيىنلا پۇچەكلىك ۋە مەنىسىزلىك ئادەمنى چۇلغايدۇ. ئادەم بۇ خىل مەۋجۇتلۇق ھالىتىگە چىدىيالامدۇ؟ مېنىڭچە مۇمكىن ئەمەس، نىچشېنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئېلىشىپ قېلىشى مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شەخسنىڭ توپ بىلەن قارشىلىشىش سەپىرى مۇقەررەركى تىراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

## چېنىقىشنى قوبۇل قىلىش ــ غەم ـ ئەندىشە تۈپەيلىدىن ھايات قېلىش، خاتىرجەملىك تۈپەيلىدىن يوقىلىش

جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ.

ــ جاڭ زەي

مېڭزى مۇنداق دېگەندى: جاپالىق تۇرمۇش مۇھىتى كىشىلەرنىڭ قەيسەر ئىرادىسىنى چېنىقتۇرىدۇ، كىشىلەرنى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ؛ خاتىرجەم تۇرمۇش شارائىتى ئادەمنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى خورىتىدۇ، بۇ خىل تۇرمۇشقا بېرىلىپ كەتكەندە، ئادەم روھسىزلىنىدۇ ياكى ھالاك بولىدۇ. بۇ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان سانسىز ئىجابىي، سەلبىي تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان ھېكمەت. لېكىن، بۇنىڭدىكى قائىدىنى چۈشىنىش بىر گەپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رېئاللىق داۋامىدا ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش يەنە بىر گەپ. ئادەم هامان ئىشلارنى ئوڭشىۋالغىلى بولمايدىغان هالەتكە يەتكەندىلا پۇشايمان قىلىشنى بىلىدۇ، جاپالىق مۇھىتتىلا جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدۇ.

مۇنداق بىر مەسەل بار ئىكەن: ئىككى دانە ئۇرۇق تۇپراقتا چۇشۇپتۇ، باهار كېلىپ بىر دانە ئۇرۇق توپىنى يېرىپ ئۇنۇپ چىقىپتۇ، يەنە بىر ئۇرۇق بولسا «مەن ئۇنچە باتۇر ئەمەس، تۆۋەنگە يىلتىز تارتسام تاشقا ئۇرۇلۇپ كېتىشىم مۇمكىن؛ يۇقىرىغا ئۆسسەم غولۇم زەخىملىنىشى مۇمكىن، دەپتۇ. شۇڭا، ئۇ تۇپراق ئىچىدە تۇرۇشقا رازى بوپتۇ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنى بىر توخۇ يەۋېتىپتۇ.

ئوخشاش ئۇرۇقنىڭ ئوخشاش تۇپراقتىكى قىسمىتى ئوخشاش بولمايدۇ. ئوخشاش تۇپراقتا بىر دانە ئۇرۇق خىرىس ۋە مۇشكۇلاتقا باتۇرلۇق بىلەن يۈزلىنىپ توپىنى يېرىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ياراتتى؛ يەنە بىر ئۇرۇق بولسا ئوڭۇشسىزلىق ۋە قىيىنچىلىقتىن قورقانلىقى ئۈچۈن «پاراغەتخانا»سىدا تۇرۇشقا رازى بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردى. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خىرىس ۋە قىيىنچىلىق ئادەمنى ئوڭۇشسىزلىققا دۇچار قىلىدۇ، ئەمما ئادەمنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ، ئادەمگە كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ؛ هالبۇكى، خاتىرجەملىك ۋە مۇتەئەسسىپلىك ئىچىدە ۋاقتىنچە ئۆزىنى ساقلاپ قالغىلى بولسىمۇ، ئاخىرىدا ئادەم چۈشكۈنلىشىش سەۋەبىدىن شاللىنىپ كېتىدۇ. «ئاچچىق ئادەمنى ئازابلايدۇ هەم ئادەمنى چېنىقتۇرىدۇ؛ تاتلىق ئادەمگە هوزۇر بېرىدۇ هەم ئادەمگە زىيان قىلىدۇ.»

ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئىشلىرىنىڭ هەممىسى ئوڭۇشلۇق بولۇپ كېتىشى ناتايىن، جاپالىق مۇھىتتا ئۆزىڭىزنى چېنىقتۇرۇش، ئىممۇنىتېت كۈچىڭىزنى ئاشۇرۇش ئارقىلىقلا ئۆمرىڭىزنى پۇختا، بەختەر ئۆتكۈزەلەيسىز، چۈنكى

ئالدىڭىزدىكى داغدام يول ئەمەس، بەلكى ئۇزۇن كەتكەن چىغىر يول، بۇ چىغىر يولدا مېڭىش ئۈچۈن جەزمەن ساغلام بەدەن بولۇشى كېرەك. مۇنداق بىر قىزىقارلىق ھەم ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان تەجرىبە بار ئىكەن: بىر دانە پاقىنى تازا قىزىغان ماي قازىنىغا تاشلىغاندا، پاقا ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭدىن سەكرەپ چىقىپ خەتەردىن قۇتۇلالايدىكەن. ھالبۇكى، ئوخشاش بىر پاقىنى ئاستا - ئاستا قىزىۋاتقان قازان ئىچىدىكى سۇغا سالغاندا ئۇ ھوزۇر ھېس قىلىش تۇيەيلىدىن، خەتەر يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگەندە كۆچىدىن قېلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلۈپ قالىدىكەن. بۇ تەجرىبىدىن كۆرۈۋالايمىزكى، پاقىنىڭ كۆز ئالدىدىكى خەتەرگە قايتۇرىدىغان ئىنكاسى ناھايىتى تېز، تېخى كەلمىگەن خەتەرگە قايتۇرىدىغان ئىنكاسى ناھايىتى ئاستا ئىكەن. مانا بۇ «غەم - ئەندىشە تۇيەيلىدىن ھايات قېلىش، خاتىرجەملىك ئىچىدە يوقىلىش»تۇر.

مەن ئادەمنىڭمۇ مۇشۇ جەھەتتە پاقىغا ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ھايات سەپىرىدىكى مۇشكۈلات ئادەمنى سەگەكلەشتۈرىدۇ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ، ئوڭۇشلۇق ۋەزىيەت ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئادەم ئاسانلا راھەتكە بېرىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. بەزىلەر ھەتتا خاتىرجەم چاغلىرىدا مەي - شارابقا بېرىلىپ ئۆزىنى كاردىن چىقىرىدۇ. بۇ پاقىنىڭ قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە جاسارەت بىلەن سەكرەپ چىقىشى ۋە ئىلمان سۇدا ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرۇشىغا نېمىدېگەن ئوخشىغان - ھە ! ئەمىنىيە دەۋرىدە گوۋ جيەن سۇلھى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۆچ ئېلىشقا پۇرسەت كۈتكەن، ئاخىر ئاجىزلىقتىن كۆچىيىپ، قوشۇن تارتىپ ۋۇ بەگلىكىنى يوقىتىپ سەلتەنەت سۈرگەن. گوۋ جيەن نېمە ئۈچۈن سەلتەنەتنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىدى؟ چۈنكى، مۇنقەرزلىك ئەندىشىسى ئۇنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندىگەنىدى. بۇ قاتمۇقات قىيىنچىلىق

ئىچىدە چېكىنىشكە يول قالمىغاندا، كىشىلەرنىڭ ئاجايىپ غەيرىتىنى نامايان قىلىدىغانلىقىنى، كۆتۈلمىگەن يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرىدىغانلىقىنى، قاتمۇقات قورشاۋنى جان پىدالىق بىلەن بۆزۈپ، ھاياتلىق يولى ئاچىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىراق، كىشىلەر ھاياتلىق يولى، خاتىرجەملىككە ئېرىشكەندە ئۇنى ئوبدان تۇتالمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن «خاتىرجەملىك سەۋەبىدىن ئۆلىدۇ». بۇ جەھەتتىكى مىسالغا باھادىر شاھ لى زىچېڭ تازا مۇۋاپىق كەلسە كېرەك.

1644 ـ يىلى ئەتىيازدا باھادىر شاھ لى زىچېڭ بېيجىڭنى ئالغاندىن كېيىن، ئەل تىنچىدى، چوڭ ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقتى، دەپ قارىدى، شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى جاسارەتنى تامام يوقىتىپ، راھەت ـ پاراغەت سۈرۈپ، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلدى. لى زىچېڭ بالدۇرراق خان بولماقچى، نيۇ جىنشىڭ تەيپىڭ ۋەزىر بولماقچى، باشقا سانغۇنلار قەسىر سالماقچى بولۇشتى. چىڭ ئەسكەرلىرى قورۇلدىن كىرگەن، مىڭ ئەسكەرلىرى قايتا يوپۇرۇلۇپ كەلگەندە، قوزغىلاڭچى قوشۇن بىراقلا تارمار بولدى. ئادەم ئارقا ـ ئارقىدىن خەتەر يۈز بەرگەندە كىشىلەرنىڭ جان تىكىپ ئېلىشىپ خەتەردىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى؛ راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە بولسا ئىرادىسى ئاجىزلىشىپ، باتۇرلۇقتىن ئەسەرمۇ قالماي، يەر بىلەن يەكسان بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

جاپا ـ مۇشەققەت، غەم ـ ئەندىشە ئادەمنى توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلىتىدۇ، كۆرەشكە ئۈندەيدۇ؛ خاتىرجەملىك، راھەت ـ پاراغەت سەۋەبىدىن ئادەم ھازىرقى ئەھۋالىدىن قانائەتلىنىدۇ، چۈشكۈنلىشىدۇ. «غەم ـ ئەندىشە تۈپەيلىدىن ياشاش، خاتىرجەم-لىك تۈپەيلىدىن يوقىلىش» دېگەن تەنبىھ پەلسەپۋىلىكى ئىنتا-يىن چوڭقۇر بولغان تونۇش، ئۇ تارىختىكى خاندانلىقلارنىڭ گۈللىنىشى، خاراب بولۇشىغا دائىر تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنى، شۇنداقلا بىزنىڭ خاتىرجەم ھالەتتىمۇ خېيىم ـ خەتەرنى ئېسى-

مىزدىن چىقارماسلىقىمىزنى ئاگاھلاندۇرىدىغان ھېكمەت. گەرچە، ئادەم جەزمەن غەم ـ ئەندىشە تۈپەيلىدىن ياشاش، خاتىرجەملىك تۈپەيلىدىن يوقىلىش ئەھۋالىغا دۇچار بولمىسىمۇ، ياخشى كۆنگە ئېرىشكەندە قىيىنچىلىقنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى، خاتىرجەملىك ئىچىدە غەم ـ ئەندىشىنى ئېسىدىن چىقارماسلىقى كېرەك. ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، بىز ھەرقانچە باي ۋە خاتىرجەم تۇرمۇش شارائىتىغا ئىگە بولايلى، ھەرقانچە قىيىن ۋە جاپالىق تۇرمۇش شارائىتىدا ياشايلى ئوخشاشلا ئەندىشە ئېڭىغا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. غەم ـ ئەندىشە ئېڭى بولمىغان ھايات جەزمەن ئاددىي، نەتىجىسىز ھاياتتۇر؛ غەم ـ ئەندىشە ئېڭى بولمىغان جەمئىيەت جەزمەن غايىسىنى يوقاتقان، روھىي جەھەتتە چۈشكۈنلەشكەن جەمئىيەتتۇر. غەم ـ ئەندىشە ئېڭى ئىنسانلار مەڭگۈ ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئاساسىي پىسخىكىلىق ساپا، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئەبەدىي داۋاملىشىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا تۈرتكە بولىدىغان مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ.

## راھەتنىمۇ تاللاش — پلاتوننىڭ «غار» ىدىن چىقىش

ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، قورقۇنچلۇقى تىراگېدىيەنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەمەس، بەلكى تىراگېدىيە ئېڭىنىڭ يوقلۇقى.

— خابېرماس

پلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلەت» دېگەن ئەسىرىنىڭ 7 ـ بابىدا مۇنداق بىر ئوخشىتىش بار:

غار شەكىللىك بىر يەر ئاستى ئۆي بار ئىكەن، ئۇزۇن لەخمە يولى سىرتقا تۇتىشىدىكەن، خىرە نۇر شۇ يەردىن چۈشۈپ تۇرىدىكەن. بەزى مەھبۇسلار بۇ جايغا كىچىكىدىنلا قامالغان بولۇپ، بېشى ۋە پۇتى باغلاقلىق ئىكەن. شۇڭا، ماڭالمايدىكەن

www.uyghurkitap.com

ھەم بىشىنى بۇرىيالمايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى خېلى يىراق جايغا بىر دانە مەشئەل يېقىلغانىكەن، مەشئەل بىلەن ئادەمنىڭ ئارىلىقىدا كۆتۈرۈلۈپ چىققان بىر يول بار بولۇپ، يەنە بىر پاكار تاممۇ بار ئىكەن. بۇ تامنىڭ ئارقىسىدىن مەشئەلنىڭ يورۇقىدىكى تەرەپتە يەنە ئادەملەر بار ئىكەن. ئۇلار ھەر خىل يالغان ئادەم ۋە يالغان ھايۋانلارنى تامدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، بۇ نەرسىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرىدىكەن، بۇ ئادەملەر گاھىدا پاراڭلىشىدىكەن، گاھىدا ئۈن ـ تىن چىقارمايدىكەن. بۇ مەھبۇسلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدىكى تامغا چۈشكەن تەسۋىرلەرنىلا كۆرەلەيدىكەن، ئۇلار بۇ تەسۋىرلەرنى چىن نەرسىلەر، قايتقان سادانى مۇشۇ تەسۋىرلەرنىڭ قىلىۋاتقان سۆزى دەپ قارايدىكەن. مۇشۇ چاغدا ئەگەر بىرەر مەھبۇس كىشەندىن بوشىتىلىپ، توساتتىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئايلىنىپ قاراش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسا شەيئىنىڭ ئۆزىنى كۆرەلەيدىكەن، بىراق باشقىلار ئۇنىڭ كۆرگىنى غەيرىي ماھىيەتلىك خىيالىي تۇيغۇ، ئەڭ دەسلەپتە كۆرگەن تەسۋىرلەرلا چىن نەرسىلەر، دەپ قارايدىكەن. ئەگەر مۇشۇ غاردىن بىرەرى چىقسا قۇياش نۇرىنىڭ كۈچىدىن كۆز ئالدى چىمىرلاپ كېتىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن ھېچنېمىنى كۆرەلمەي قالىدىكەن. بۇ ئادەم ئۆزىنى باشلاپ چىققان ئادەمگە ئۆچمەنلىك قىلىپ، بۇ ئادەم ماڭا چىن شەيئىلەرنى كۆرۈش ئىمكانىيىتى بەرمىدى، شۇنداقلا ماڭا ئازاب پەيدا قىلدى، دەپ قارايدىكەن.

بىراق، تەدرىجىي ئادەتلىنىش جەريانىدىن كېيىنلا ئۇنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئەسلىگە كېلىدۇ. ئالدى بىلەن سايىنى كۆرۈشى ئەڭ ئاسان بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەم ياكى شەيئىلەرنىڭ سۇدىكى كۆلەڭگىسىنى كۆرۈش ئاسانغا توختايدۇ، ئاندىن شەيئى- لەرنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈش ئاسانغا توختايدۇ. كېچىدە ئاسمان ھادىسىلىرىنى كۆزەتكەندىن كېيىن كۈندۈزدە قۇياشنىڭ ئۆزىنى

كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇ مۇشۇ چاغدىلا تۆت پەسلىنىڭ ئالمىشىشى ۋە يىللارنىڭ دەۋرلىشىشىنىڭ ھۆكۈمرانى، بارلىق شەيئىلەرنى كۆرگۈچى دەل قۇياش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. قۇياش ھەم ئۇلار ئىلگىرى مەلۇم خىل ئەگرى - توقايلىق ئارقىلىق كۆرگەن بارلىق شەيئىلەرنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. شۇڭا، بۇ ئادەم ئەينى چاغدىكى غاردىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ ئۆزىنىڭ تونۇش جەھەتتىكى ئۆزگىرىشىدىن خۇرسەن بولۇپ، ھەمراھلىرىدىن ئەپسۇسلىنىدۇ. ئۇ شەيئىنىڭ ئۆزىنى كۆرگەچكە، ھەرقانداق ئازاب تارتسىمۇ قايتا مەھبۇسلۇق تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرۈشنى خالىمايدۇ. ئۇ غارغا قايتىپ بارغاندا ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بۇ ئادەمنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيلا قالماستىن، ئۇنى سىرتتا بىرەر قۇر ئايلىنىپلا كۆزىدىن چاتاق چىقىپتۇ، «تەسۋىرلەرنىمۇ ئىلگىرىكىدەك پەرق ئېتەلمەيدىكەن» دەپ قارىغان بولاتتى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى چىقىپ كېتىشنى ئويلىمايلا قالماستىن، ھەتتا ئۆزلىرىنى غارنىڭ سىرتىغا ئاچىقماقچى بولغان ئادەمنى تۇتۇپ ئۆلتۈرەتتى.

پلاتوننىڭ بۇ باياني ئىنتايىن تەپسىلىي. سىز ئۆزىڭىزنىڭ بىر توپ ناتونۇش كىشىلەر بىلەن بىر غارغا قامىلىپ قالغان ھالىتىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، بۇ ناتونۇش كىشىلەر ئەتراپىڭىزدا ئاستا ئايلىنىدۇ، يىراقتىكى تامغا ئۇلارنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن ئادەمنى سۇر باسىدۇ. ئادەمنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، بۇ كىشىلەرنىڭ مۇشۇ قاراڭغۇ زىنداندىن پەقەتلا ئايرىلغۇسى كەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى ياشىغان مۇشۇ قاراڭغۇ قەپەستىن قېچىپ چىقىشقا ئۈندەيسىز، بىراق ئۇلار بۇنىڭغا پىسەنت قىلمايدۇ.

ئالدىمىزدا نۇرنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن تامدا ئەكس ئەتكەن غەلىتە تەسۋىرلەرلا بار، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق تارتىشقۇچىلىكى يوق. ئادەمنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرى مەۋجۇت

دەپ ئىشىنىۋاتقان مۇشۇ دۇنيا ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ناھايىتى رازىمەن ھالەتتە كۆرۈنىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن سىز بۇ جايدىن يالغۇز قېچىپ چىقىسىز، تىك دېگۈدەك غاردىن تىركىشىپ ئالدىغا سىلجىپ، غار ئىچىدە بىردەمدىن بىردەمگە سىيرىلىپ چۈشىسىز، پۈتۈن بەدىنىڭىز قانغا مىلىنىدۇ ۋە جاراھەتكە تولىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا غاردىن قۇتۇلۇپ چىن دۇنيادىكى قۇياش نۇرى ئاستىغا كېلىسىز.

«غار توغرىسىدىكى مەسەل»نىڭ تارىخى ئىنسانلارنىڭ يېتىلىش تارىخىغا ئوخشاشلا ئۇزاق، چۈنكى ئىنسانلار تارىخى ئۇلار ئۆزلىرىدىكى يېتەرسىزلىكلەرگە ئۇزۇكسىز جەڭ ئېلان قىلغان، ناچار ئادەتلەردىن خالاس بولۇۋاتقان تارىخ. ئىنسانلارنىڭ ئالغا بېسىشى قىيىنىغا توختايدۇ، چۈنكى تارىخنىڭ ئادەمگە يۈكلىگەن يۈكى تولىمۇ ئېغىر؛ بىراق، ئىنسانلار يەنە ئۇچقاندەك ئالغا باسىدۇ، چۈنكى دەسلەپتىكى كىچىك قەدەم كېيىنكى چوڭ قەدەم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەڭ قىممەتلىكى شۇكى، ئىنسانلارنىڭ ھەربىر كىشىدە بوشۇش كۆرۈلگەن ھامان كېيىنكىلەرگە داۋاملىشىپ ماڭىدۇ. مانا مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئادەم ھايۋاندىن ئەۋزەلدۇر، ئۇ سۇرئەتنى تېزلىتىش ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسىدىن مەدەنىيلىككە كىرىدۇ.

«غار توغرىسىدىكى مەسەل» ئىنسانلار ئۈچۈن مەڭگۇ ئاگاھلاندۇرۇشتۇر، ئۇ بىزگە ئادەمنى ئۆزى ئادەتلەنگەن راھەت، بەختەر مۇھىتتىن ۋاز كەچتۈرۈشنىڭ ئىنتايىن مۇشكۇل ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. مۇنەۋۋەر رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە شۇنىسى مەلۇمكى، ئىسلاھات (يەنى، راھەتتىن ۋاز كېچىش) ئادەمنى ئەڭ خاپا قىلىدۇ (خۇددى غاردا ياشاۋاتقان ھېلىقى ئادەملەرنىڭ روھىي ھالىتىگە ئوخشاش بولىدۇ). بىراق، ياشاش ئۈچۈن ئىسلاھات ھامان كەم بولسا بولمايدىغان تەدبىر. بۇ جەھەتتە پلاتون بىزگە نۇرلۇق يولنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەت غاردىن يېڭىلا چىققان ئادەم ئۈچۈن

ئېيتقاندا، نۇر ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچقۇزمايدۇ، بىراق ئادەم ئۇنىڭغا ماسلاشقاندىن كېيىن، قۇياش نۇرىنى بايقاپ، ئۇنىڭ چىن ئىكەنلىكىنى، غاردىكى يورۇقلۇقنىڭ يالغان كۆرۈنۈش ئىكەنلىكىنى بايقىيالايدۇ. ئادەم ساختا كۆرۈنۈشكە مەپتۇن بولۇپ كەتسە، ئەسلىدىكى چىنلىقنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. شۇڭا، پلاتون كىشىلەرنى غار سىرتىدىكى تۇرمۇشتىن تەسىرات ئېلىشقا، ئاندىن غار ئىچىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆزلىرىدىكى ئەقىل ـ پاراسەتتىن يەنىلا غار ئىچىدە قالغان كىشىلەر بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. پلاتوننىڭ تەسۋىرلىگىنى مۇھىت تەرىپىدىن ئەسىر قىلىنغان بىر توپ كىشىلەر بولۇپ، بۇ كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەن ئۇلارنىڭ ئۆزى. ئۇلار بەئەينى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جايدا يىلتىز تارتىپ كەتكەنگە ئوخشاش، كۆرگەن ساختا كۆرۈنۈشلىرىنى راست دەپ ئويلايدۇ، مۇشۇنداق داۋاملىشىۋېرىپ روھى يوق ماشىنا ئادەمگە ئوخشاش ھەممە نەرسىگە پەرۋا قىلمايدىغان بولىدۇ، مانا بۇ كىشىلەر خاتىرجەم مۇھىتنىڭ ئەسىرلىرى.

پلاتون ئېيتقان «غار توغرىسىدىكى مەسەل» ئىسلاھات ئېھتىياجىنىڭ كۈچلۈك سىمۋولى. بىز بايا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بىز جەزمەن خاتىرجەم تۇرمۇشتىن ھالقىپ چىقىپ، شەخسىي تۇرمۇش ۋە ئىشلىرىمىزدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشقا ئىنتىلىشىمىز كېرەك. ئۇنداقتا، «خاتىرجەم مۇھىت» دېگەن نېمە؟ بىزگە مۇقىملىق، بىخەتەرلىك ھېس قىلدۇرىدىغان، تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان چىن ياكى تەسەۋۋۇردىكى ماكان خاتىرجەم مۇھىت دەپ ئاتىلىدۇ. سىز مۇشۇنداق مۇھىتتا بېسىم ھېس قىلمايسىز، ئۇنىڭدا خېيىم ـ خەتەر بولمىغاچقا، راھەت ـ پاراغەت ھېس قىلىسىز، سىزدە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ جايدىن ئايرىلىشنى خالىمايسىز. ئەڭ قورقۇنچلۇقى شۇكى، بۇ مۇھىتقا ئاستا ـ ئاستا ماسلاشقاندىن كېيىن ئىدىيەدە بىخۇدلىشىسىز. ھاياتىڭىزغا خەۋپ يەتمىگەن ئەھۋالدا ھەر قانداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزگىرىشىنىڭ يۈز بېرىشىنى خالىمايسىز. بىراق، تاشقى تەھدىت سىزگە ناھايىتى تېز ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا، ئۆزىڭىزنى ئۆز-گەرتىشكە ئۈلگۈرمەيلا ھالاك بولىسىز.

ئائىلە ۋە ئىشخانىڭىزدىكى ئۈستىلىڭىز خاتىرجەم مۇھىت ھېسابلىنىدۇ. سىز بۇ يەردە ئۆزىڭىزگە تونۇشلۇق بولغان خا-تىرجەملىكنى ھېس قىلىسىز، ئەتراپىڭىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى خۇشۇسىي نەرسىلىرىڭىز، مانا بۇ نىسبەتەن بىخەتەر پاناھگاھ، سىز بۇ يەردە نىسپىي تىنچلىقنى ھېس قىلىسىز.

يەنە بىر خاتىرجەم مۇھىت بەلكىم سىزنى ھەيران قالدۇرۇشى مۇمكىن، يەنى خىزمەت ۋە رىقابەت كەسكىن بولۇۋاتقان مۇشۇ دەۋردە، ناچار خىزمەتمۇ ئىشسىز قالغاندىن ئەۋزەل، دەپ دادىللىق بىلەن ئېيتالايمىز. ھالبۇكى، سىزگە تونۇشلۇق بارلىق نەرسىلەر «نامەلۇم ۋەھىمە»دىن خالىي بولغان بولسىمۇ، ئۇ «غار» بولۇشى مۇمكىن.

يەنىلا خابېرماس توغرا ئېيتقان: ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، قورقۇنچلۇقى تىراگېدىيەنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەمەس، بەلكى تىراگېدىيە ئېڭىنىڭ يوقلۇقى.

## ئۆزگە تايىنىش ـــ باشقىلارغا تايانغاندىن ئۆزگە تايانغان ئەۋزەل

دانالار كاتتا ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش
ئۈچۈن، ئىشنىڭ باشلىنىشىدىلا باشقىلاردىن
يەككىلىكلىك بىلەن ياردەم سورىماسلىقى كېرەك.
ـــ زېلك گوفمەن

ئەمەلىيەتتە دەۋرىدىكى لۇ بەگلىكىنىڭ باش ۋەزىرى گۇڭ يىشۇ بېلىق يېيىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنىڭغا بېلىق سېتىۋېلىپ سوۋغا قىلىدىكەن، بىراق ئۇ

بىرىنىمۇ قوبۇل قىلمايدىكەن. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ مۇنداق دەپتۇ: «مەن بىلىق يېيىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنى قوبۇل قىلمايمەن، ئەگەر مەن باشقىلارنىڭ بىلىقىنى قوبۇل قىلسام، ئىش قىلغاندا قانۇننى دەپسەندە قىلىپ قويۇشتىن خالىي بولالمايمەن. قانۇننى دەپسەندە قىلسام مەنسىپىمدىن ئايرىلىپ قالىمەن. مەنسىپىمدىن ئايرىلىپ قالسام بىلىققا ھەرقانچە ئامراق بولساممۇ، ماڭا باشقىلار بىلىق سوۋغا قىلمايدۇ. ئۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنىڭ مائاشىغا تايىنىپ بىلىق سېتىۋالالمايمەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىلىقىنى ئالمىسام مەنسىپىمنى ساقلاپ قالىمەن، مەنسىپىمنى ساقلاپ قالسام بىلىق سوۋغا قىلىدىغانلار بولمىسىمۇ، ئۆزۈمنىڭ مائاشىغا بىلىق سېتىۋېلىپ يېيەلەيمەن» دەپتۇ.

خەن فېيزى گۇڭ يىشۇنىڭ بۇ مۇلاھىزىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، باشقىلارغا تايانغاندىن ئۆزىگە تايانغان ئەۋزەل، دەپ ئاپىرىن ئوقۇپتۇ.

فوئىن راھىب بىلەن سۇ دۇڭپو شەھەر سىرتىدا سەيلە قىلىۋېتىپ، ئات باش شەپقەتكار بۇدساتۋانىڭ تاش ھەيكىلىنى كۆرۈپ قاپتۇ، راھىب ئالىقىنىنى جۈپلەپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىپتۇ.

سۇ دۇڭپو بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن ھەيران بولۇپ:

— بۇدساتۋا ئەسلىدە بىزنىڭ ئىبادەت ئوبيېكتىمىز، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىدىمۇ بىزنىڭكىگە ئوخشاش تەسۋى بولىدۇ ھەم ئالىقىنىنى جۈپلەپ نوم ئوقۇيدۇ، بۇدساتۋا زادى كىمگە ئىبادەت قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇنى ئۆزىڭىزدىن سوراڭ، — دەپتۇ فوئىن راھىب.

— مەن بۇدساتۋانىڭ تەسۋى تۇتۇپ كىمگە ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى نەدىن بىلەي؟ — دەپتۇ سۇ دۇڭپو.

— ئۆزگىگە يالۋۇرغاندىن ئۆزۈڭگە يالۋۇرغان ئەلا، — دەپتۇ فوئىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىز ئۆزىمىزدە چەكسىز بايلىقنىڭ بارلىقىنى بىلسەكمۇ، باشقىلارغا يالۋۇرۇپ، باشقىلارنىڭ كۆيۈنۈشى، باشقىلارنىڭ ھىمايىسىنى ئىلتىماس قىلىمىز، تەلپۈنىمىز كىچىككىنە قانائەتلەنمىسىلا رايىمىز قايتىپ ئۈمىدسىزلىنىمىز. كۈچ - قۇۋۋىتى يوق ئادەم قانداقمۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالىسۇن؟ دائىم كۆز يېشى قىلىدىغان ئادەم باشقىلارغا قانداقمۇ خۇشاللىق بېغىشلىيالىسۇن؟

كۆڭزىچىلار شارائىت ھازىرلانسىلا، تەلەپ قىلمىساڭمۇ ئېرىشىسەن دەيدۇ. بۇدساتۋانىڭ تەسۋى تۇتۇپ ئۆزىگە ئىبادەت قىلغانلىقى مانا مۇشۇ مەنىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەمدۇ؟

بىرەيلەن لەمپە ئاستىدا يامغۇردىن دالدىلىنىپ تۇرغاندا، شەپقەتچى مەبۇدنىڭ كۈنلۈك كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ ئادەم:

— شەپقەتچى مەبۇد، بەندىلىرىڭىزنى قۇتقۇزۇپ، مېنى تەڭ ئېلىۋالسىڭىزچۇ؟ — دەپتۇ.

— مەن يامغۇردا، سەن لەمپە ئاستىدا، ھالبۇكى لەمپە ئاستىدا يامغۇر يوق، ساڭا مېنىڭ ياردىمىمنىڭ لازىمى يوق، — دەپتۇ شەپقەتچى مەبۇد .

بۇ ئادەم دەرھال لەمپە ئاستىدىن سەكرەپ چىقىپ:

— ھازىر مەنمۇ يامغۇردا، ئەمدىغۇ ياردەم قىلارسىز؟ — دەپتۇ.

— سەن يامغۇردا بولساڭ مەنمۇ يامغۇردا، قولۇمدا يامغۇرلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈستىبېشىم ھۆل بولمىدى، قولۇڭدا يامغۇرلۇق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۈستىبېشىڭ ھۆل بولۇپ كەتتى. شۇڭا، مەن ئۆزۈمگە ئەمەس، كۈنلۈك ماڭا ياردەم قىلدى. ياردەم سورىساڭ مېنى ئىزدىشىڭنىڭ لازىمى يوق، ئۆزۈڭ كۈنلۈك ئېلىۋال ! — دەپلا كېتىپ قاپتۇ شەپقەتچى مەبۇد.

ئىككىنچى كۈنى بۇ ئادەم بىر قېيىن ئىشقا يولۇقۇپ،

بوتخانىغا شەپقەتچى مەبۇدقا باش قويۇشقا بېرىپتۇ، ئۇ بۇتخانىغا كىرىپلا شەپقەتچى مەبۇدنىڭ ھەيكىلى ئالدىدا يەنە بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا سەجدە قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇ ئادەمنىڭ چىرايىنىڭ شەپقەتچى مەبۇدنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ.

— سىز شەپقەتچى مەبۇدمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بۇ ئادەم.

— مەن شۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزگە سەجدە قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ بۇ ئادەم.

— مەنمۇ قىيىن ئىشقا ئۇچرىدىم، بىراق ئۆزگىگە يالۋۇرغاندىن ئۆزۈڭگە يالۋۇرغان ئەلا دېگەننى بىلىمەن، — دەپتۇ شەپقەتچى مەبۇد كۈلۈپ قويۇپ.

دۇرۇس، ھەممە ئىشتا ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئەقىل پاراستىگە تايانغاندىلا، پۇختا قەدەم بىلەن ھاياتلىقنىڭ كۈچى ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ شادلىقىدىن تەسىرات ئالغىلى بولىدۇ. ھە دەپ باشقىلارغا تايىنىۋالىدىغانلار بەئەينى شامال ئۇچۇرۇپ يۈرگەن كۆز يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇلارغا باشقىلارنىڭ ئاغزىغا قاراشتىن باشقا ئامال يوق، ئۇلار كۆنلىرىنى تۈگىمەس دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ ھېچقانداق ۋەزنى بولمايدۇ.

ھەربىر ئادەم قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ياكى قىيىن مەسىلىگە يولۇققاندا، ئۆزىدىن مەن ئالدى بىلەن «كىم ماڭا ياردەم بېرەلەيدۇ؟»، «تەڭرى پاناھىدا ساقلىسۇن !» دېگەننى ئېسىگە ئالامدىمەن ياكى «قانداق قىلسام ھازىرقى ئەھۋالنى ئۆزگەرتەلەيمەن» دېگەن سۆزنىمۇ دەپ سوئال قويۇپ باقسا بولىدۇ.

بىز دائىم باشقىلارنىڭ: مېنىڭ ئىقتىدارىم يوق ئەمەس، شۇغىنىسى تايىنىدىغان ئارقا تېرىكىم يوق، مېنىڭمۇ پالانى - پوستانىنىڭكىگە ئوخشاش ياردەم بېرىدىغان ئادىمىم بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسا مۇۋەپپەقىيەت قازىناتتىم، دەپ زارلانغانلىقنى ئاڭلايمىز. ھالبۇكى، ئۇنداق ياكى مۇنداق سەۋەبلەر سىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىمەسلىكىڭىزگە سەۋەب بولالامدۇ؟ ئەگەر ھەممىلا ئادەم مۇشۇنداق ئويلىسا، ئۇنداقتا بۇ دۇنيادا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرىدىغان باتۇرلار ۋە قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلەيدىغان قەھرىمانلار تۈگەپ كەتمەمدۇ؟

مۇنداق بىر پارچە ئەسەرنى ئوقۇغانىدىم، بىر خىزمەتچى خوجايىنىنى ماشىنىلىق ئۆيىگە ئېلىپ مېڭىپتۇ، ھاۋا تۇمانلىق، يولدا ماشىنا كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ماشىنىنى ئاستىراق ھەيدەپتۇ. ئون نەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن تۇمان بارغانسېرى قويۇقلىشىپ، يولنى كۆرگىلى بولماي قاپتۇ. خوجايىن ئالدىراش ئۇياقتا تۇرسۇن، شوپۇر بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇ شوپۇردىن مۇشۇنداق تۇمانلىق ھاۋادا ماشىنىنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ بىخەتەر ھەيدەيدىغانلىقىنى سوراپتۇ، شوپۇر ئالدىدىكى ماشىنىنىڭ تورمۇز چىرىغىغا ئەگىشىپ ماڭسا چاتاق چىقمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. غوجايىن بىرئازدىن كېيىن، ئەگەر سىز ئالدىدا كېتىۋاتقان ماشىنا بولسىڭىز، قايسى تورمۇز چىراغقا ئەگىشىپ ماڭىسىز، دەپ سوراپتۇ.

خىزمەتچى بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. دۇرۇس، ئەگەر مەن ئالدىدا كېتىۋاتقان ماشىنىدا بولسام ماڭا كىم يول باشلايدۇ؟ ئۇ غوجايىنىنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىنى دەرھاللا چۈشىنىپتۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا باشلىقىڭغا تايانساڭ بولىدۇ، باشلىقىڭ سېنىڭ ئورنۇڭدا چارە تاپىدۇ، سېنىڭ مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈڭگە ئېلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. بىراق، پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا ئۆزۈڭنىڭ ئەقىل كۆزۈڭگە تايىنىپ، ئالدىڭدىكى يولدا قانداق مېڭىشنى بىلىشىڭ، مېڭەڭ ئارقىلىق پايدا ـ زىياننى تەھلىل قىلىپ، يۆنىلىشنى تاللىشىڭ كېرەك. بىل گەيتس كىمگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ؟ باشقىلارغا ئەگىشىپلا ماڭىدىغان كىشىلەر

ھەرگىزمۇ باشلامچى بولالمايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىزمەتچى ناھايىتى ياخشى ئىشلەپتۇ، ئۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا باشقىلار تېخى ئاچمىغان ئىگىلىك تىكلەش ساھەسىنى بايقاپ، ئۆزىنىڭ نەزەر دائىرىسى ۋە ئۆتكۈر كاللىسىغا تايىنىپ، ناھايىتى تېزلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپتۇ. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سىر ناھايىتى قىسقا بىر جۈملە سۆز، يەنى باشقىلارنى يېتەكلەيدىغان تورمۇز چىراغ بولۇش ئىكەن.

دۇرۇس، باشقىلارنى يېتەكلەيدىغان تورمۇز چىراغ بولۇش ئۈچۈن ئەركىن مېڭە بولۇشى، ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىگە تايىنىپ يۆنىلىشىنى تاللىشى لازىم. ئەركىن ئىدىيە بولۇشى ئۈچۈن باشقىلارنى يېتەكلەيدىغان تورمۇز چىراغ بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئىرادە بولۇشى كېرەك، مانا بۇ بىز دەۋاتقان «گېنېرال بولۇشنى خالىمايدىغان ئەسكەر ياخشى ئەسكەر ئەمەس» دېگەندىن ئىبارەت.

سىز تېخىمۇ قىممەتلىك ھاياتقا ئىنتىلمەمسىز؟ ئەگەر ئىنتىلسىڭىز ئەركىن تەپەككۇر قىلىدىغان كاللا ۋە باشقىلارنى يېتەكلەيدىغان تورمۇز چىراغ بولىدىغان ئىرادىگە ئىگە بولۇشىڭىز كېرەك.

قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، بىز مۇۋاپىق پەيتتە باشقىلاردىن ياردەم سورىساق تامامەن بولىدۇ، بىراق بۇ ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىزدىكى ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى ئەمەس، پەقەت ئۇلارنىڭ بىرى. خۇلاسە شۇكى، ئۆزىمىزگە يەنىلا ئۆزىمىز ياردەم بېرەلەيمىز، ئۆزىمىزنى يەنىلا ئۆزىمىز قۇتقۇزالايمىز، ئۆزىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا يەنىلا ئۆزىمىز ھەمدەمدە بولالايمىز.

تەقدىرىمىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىپ، ئۆزىمىزنى تونۇپ، تۈگىمەس باھانىلەر ئىچىدە ياشاشنى قويايلى. ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ كۈچىگە تايىنىپ كەلگۈسىنى ئېچىشقا تىرىشساقلا، ئەڭ ئاخىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمىز!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئادەت يېتىلدۈرۈش ـــ مۇنەۋۋەرلىك بىر خىل ئادەت

بىر خىل ھەرىكەت ئۇرۇقىنى تېرىپ، بىر خىل
ئادەت ھوسۇلى ئالىلى؛
بىر خىل ئادەت ئۇرۇقىنى تېرىپ، بىر خىل
مىجەز ـ خاراكتېر ھوسۇلى ئالايلى؛
بىر خىل مىجەز ـ خاراكتېر ئۇرۇقىنى تې-
رىپ، تەقدىر ھوسۇلى ئالايلى.
ـــ ۋىلىيام جامېس

كۆڭزى مۇنداق دېگەنىدى: «بالىلىقتا ئۆگەنگەن نەرسىلەر ئادەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ.» باكون «ھايات توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەنىدى: «ئادەت بىر خىل قەيسەر ھەم زور كۈچ، ئۇ ھاياتقا ھۆكۈمرانلىق قىلالايدۇ. شۇڭا، بالىلىق مەزگىللىرىدىن باشلاپلا تەلىم ـ تەربىيە ئارقىلىق ياخشى ئادەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.» ئارىستوتېل: « مۇنەۋۋەرلىك بىر خىل ئادەت» دېگەنىدى.

ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە، تۇغما تەبىئىيلىك بىلەن كېيىن يېتىلگەن ئادەت گۈزەل ئەخلاقنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئىككى مۇھىم ئاساس. ئالدىنقىسى، گۈزەل ئەخلاقنى مۇمكىنچىلىككە ئىگە قىلىدۇ. كېيىنكىسى، بۇ خىل مۇمكىنچىلىكنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ.

ئارىستوتېل بۇ توغرىسىدا مۇنداق دېگەنىدى: « ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ قايتا ـ قايتا تەكرارلانغان ھەرىكىتىدىن شەكىللىنىدۇ، شۇڭا مۇنەۋۋەرلىك بىر خىل ھەرىكەت ئەمەس، بەلكى بىر خىل ئادەت.» كېيىنكى بىر جۈملە سۆزنىڭ مەنىسى مۇنداق: «مۇنەۋۋەرلىك» كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئادىتىنى تەسۋىرلەيدىغان سۆز. چۈنكى، ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە، مۇنەۋۋەر بولۇش ـ بولماسلىقنىڭ

ئاچقۇچى ئادەمنىڭ مۇنەۋۋەرلىكنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ياخشى ئادەتنى شەكىللەندۈرگەن ـ شەكىللەندۈرمىگەنلىكىگە باغلىق. ئەگەر مۇنەۋۋەرلىكنى بىر خىل ئادەت دېسەك، ئۇنداقتا ھۇرۇنلۇقمۇ بىر خىل ئادەت. ئادەم تۇغۇلغاندا مىجەزى ئۇنىڭ تەبىئىتى سەۋەبىدىن پەرقلىنىدۇ، باشقا نەرسىلىرى بولسا ئاساسىي جەھەتتىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا شەكىللىنىدۇ. بۇلار ئائىلىنىڭ تەسىرى ۋە تەربىيەنىڭ نەتىجىسى. شۇڭا، ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىمىز بىز كۆنسايىن يېتىلدۈرگەن ئادەت ھېسابلىنىدۇ. بىز ھازىردىن باشلاپلا مۇنەۋۋەرلىكنى بىر خىل ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى بىزنىڭ ئىككىنچى تەبىئىيلىكىمىز قىلىپ، سالماق مۇلاھىزە قىلىش، ئىشلارنى ئەستايىدىل ئىشلەش، باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، تەبىئەتتىن زوق ئېلىشقا ئادەتلىنىشىمىز كېرەك.

«توشقان بىلەن تاشپاقا» دېگەن مەسەلنى ئالساق، توشقان تۇغۇلۇشىدىنلا ئايىغى چاققان، ئۇنىڭ يۈگۈرۈش سۈرئىتى تاشپاقىنىڭكىدىن خېلىلا ئېشىپ كېتىدۇ، ئەمما ئۇ ئانچە كۆپ يۈگۈرمەيلا يول بويىدا ئۇخلاپ قالىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، توشقاننى يۈگۈرۈش ماھىرى دېمەي بولمايدۇ، بىراق ئۇ يەنىلا تاشپاقىغا يېڭىلىپ قالدى. تاشپاقىدا غەلىبە قىلىشنىڭ قانداق ئەڭگۈشتەرى بار؟ ئىزوپ بۇنى «قىلچىمۇ توختىماي ئۇدۇل ئىلگىرىلەش» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئەگەر بىز ئۇنى ئابستىراكتىراق قىلىپ يىغىنچاقلىساق، ئۇنىڭدا ئېگىلمەس ـ سۇنماس مۇنەۋۋەر پەزىلەت بار. ھالبۇكى، ئېگىلمەس ـ سۇنماس مۇنەۋۋەر پەزىلەت كونكرېت ھەرىكەت داۋامىدا تەبىئىي رەۋىشتە ئۇدۇل ئىلگىرىلەيدىغان مۇنەۋۋەر ئادەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھېكايە بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، بىر ـ ئىككى، ھەتتا ئەڭ ياخشى مۇنەۋۋەر ھەرىكەتمۇ ئاخىرىدا مۇنەۋۋەر ھەرىكەت ئادىتىنىڭ رەقىبى بولالمايدۇ. بىر ـ ئىككى مۇنەۋۋەر ھەرىكەت يەككە ـ يېگانە، تاسادىپىي بولۇشى، داۋاملىشىش ئىمكانىيىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېتەرسىز بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، مۇنەۋۋەر ھەرىكەت ئادىتى مۇنەۋۋەر ھەرىكەتنىڭ توختىماي بارلىققا كېلىشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى، ئۇ ھەتتا نىشان ئېنىق بولغان بىر يۈرۈش ئاددىي ھەرىكەتلەردە ئادەتتىكىچە بولمىغان ئومۇمىي ئۈنۈمنى بارلىققا كەلتۈرۈشى مۇمكىن.

ئەمنىيە دەۋرىدە، بىر كۈنى ۋېي لىنگۈڭ بىلەن نەنزى كېچىدە سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇردا سىرتىدىكى يولدا يىراقتىن بىر مەپىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. ھارۋىنىڭ چايقىلىشىدىن مەپىدە بىرلا ئادەم بارلىقىنى قىياس قىلغىلى بولىدىكەن. مەپە ئاستا - ئاستا ئۇردا قوۋۇقىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، مەپىنىڭ چاقىدىن چىققان ئاۋاز سەل - پەل توختىغاندىن كېيىن يەنە ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدىكى ئاۋاز ئەسلىدىكىدىن خېلىلا يەڭگىللىشىپتۇ. روشەنكى، مەپىدىكى ئادەم چۈشۈپ قالغانىدى. مەپە ئۇردا قوۋۇقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن قايتىدىن يەنە كۈچلۈك ئاۋاز چىقىشقا باشلاپتۇ. روشەنكى، مەپىنىڭ ئىگىسى يەنە مەپىگە چىقىۋالغانىدى.

ۋېي لىنگۈڭ نەنزىگە، مەپىدىكى ئادەم چوقۇم چۇ بەيىيۇ، دەپتۇ. ئىككىنچى كۈنى سۈرۈشتۈرسە دەرۋەقە چۇ بەيىيۇ ئىكەن. نەنزى ۋېي لىنگۈڭدىن بۇنى قانداق بىلگەنلىكىنى سوراپتۇ. ۋېي لىنگۈڭ مۇنداق دەپتۇ: قائىدە بويىچە مەپىگە ئولتۇرغانلار ئۇردا قوۋۇقىدىن ئۆتكەندە مەپىدىن چۈشۈپ پىيادە مېڭىشى كېرەك. بۇ ئىش تۈنۈگۈن تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا يۈز بەرگەن، يولدا بىرەرمۇ پىيادە ئادەم يوق، چۇ بەيىيۇگە ئوخشاش دانىشمەندىن باشقا يەنە كىممۇ بۇ بەلگىلىمىگە رىئايە قىلسۇن؟

بەزىلەر چۇ بەيىيۇنى ساختىپەز دېسە، بەزىلەر ئۇ تولىمۇ مۇتەئەسسىپ، دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، ئۇ قانۇنغا رىئايە قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. چوڭ شەھەردىكى كىشىلەر يېرىم كېچىدە ئاپتوموبىل ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، قىزىل چىراغ يانغانلىقىنى كۆرسە يولدا پىيادىلەر ۋە قاتناش ساقچىسى،

ئېلېكترونلۇق كۆزەتكۈچ يوق بولسىمۇ، ماشىنىنى توختىتىپ يېشىل چىراغ يانغاندىن كېيىن ئۆتىدۇ. ئۇلار چۇ بەييۇگە ئوخشاش قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. ئۇلار گۈزەل ئەخلاقنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان، ئۇلار ئالىيجاناب پەزىلەتكە ئىگە كىشىلەر.

مۇۋەپپەقىيەت ياخشى ئادەتتىن كېلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم باشتىن ـ ئاخىر ياخشى ئادەتنى داۋاملاشتۇرسا، ئۇنداقتا ئۇ مۇۋەپپەقىيەتتىن ئانچە يىراقتا قالمايدۇ. ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمىز ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. مەسىلەن، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش، مۇستەقىل مۇلاھىزە قىلىش، دادىل يېڭىلىق يارىتىش، ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ كەسىپنى قەدىرلەش، ئىقتىسادچىل بولۇش، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداش، ئاددىي ـ ساددا بولۇش، قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، ئەخلاقلىق، ئالىيجاناب بولۇش قاتارلىقلار.

ۋاھالەنكى، بىر خىل ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش ئېيتماققا ئاسان، بۇنىڭ ئۈچۈن جاپالىق تىرىشىشقا، ھەتتا يېڭىباشتىن ئادەم بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئامېرىكىلىق بوفىن كىچىكىدىنلا ھورۇن بولۇپ، كۈنبويى يەپ ـ ئىچىش، كۆڭۈل ئېچىشتىن باشقىنى بىلمەيتتى. كىشىلەر بۇ ئادەم باياشات ئائىلىدە چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، لايغەزەل بەگزادىلەرنىڭ ئادىتىنى يېتىلدۈرۈۋالغان، بىر ئۆمۈر ھېچقانداق نەتىجە يارىتالمايدۇ، دەپ قارايدىكەن. بوفىن كىشىلەرنىڭ ئەيىبلەشلىرى ئارقىسىدا قايتىدىن ئادەم بولۇپ، ئىلىم ساھەسىدە نەتىجە قازىنىش ئىرادىسىگە كەپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ ئىرادىسىگە كۈلۈپلا قويۇپتۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھايات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇيقۇغا ئامراقلىق ئىللىتىنى تۈگىتىشنى قارار قىپتۇ. ئۇ سەھەر تۇرۇش ئۈچۈن مالىيەدىن ئۆزىنى ھەر كۈنى سەھەر سائەت 6:00 دىن ئىلگىرى ئويغىتىۋېتىشنى ھەمدە ئۆزىنى دەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋاقتىدا ئورنىدىن تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىپتۇ. مالايلار ۋەزىپىنى ئوبدان ئورۇنلىسىلا ئىش ھەققىدىن سىرت، تاپان ھەققىگە ئېرىشىدىغان بوپتۇ.

بىراق، مالايلار ئۇنى ئويغاتقاندا ئۇ ئاغرىغان بولۇۋاپتۇ، يەنە مالايلارنى ئۇيقۇمنى بۇزدۇڭ، دەپ تىللاپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن سائەتنىڭ چۈشتىن بۇرۇن 11:00 بولغانلىقىنى بايقاپ، يەنە قاتتىق خاپا بولۇپ، مالايلارنى ۋاقتىدا ئويغىتىۋەتمەپسەن، دەپ ئەيىبلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ مالايلار ئۇنى مەجبۇري ئورنىدىن تۇرغۇزۇش قارارىغا كەپتۇ.

بىر كۈنى بوفىننى مالايلار ھەرقانداق قىلىپمۇ ئويغىتالماپتۇ. ئۇلار بىر تەلەڭگە سوغۇق سۇنى ئەكىلىپ ئۇنىڭ يوتقىنى ئىچىگە تۆكۈۋېتىپتۇ، بۇ چارە دەرھال ئۈنۈم بېرىپتۇ ھەمدە كېيىنكە تازا ئەسقېتىپتۇ. بوفىن مالايلارنىڭ ھەيدەكچىلىكى ئارقىسىدا سەھەر تۇرىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەر كۈنى سەھەر 9:00 دىن چۈشتىن كېيىن سائەت 2:00 گىچە، يەنە چۈشتىن كېيىن 5:00 دىن كەچ سائەت 9:00 غىچە خىزمەت قىپتۇ. كۈنلەر 40 يىلغىچە مانا مۇشۇنداق تەكرارلىنىپتۇ. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ كاتتا ئەسىرى «تەبىئەت تارىخىنىڭ ئۆزگىرىشى»نى تاماملاپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا مەشھۇر يازغۇچىغا ئايلىنىپتۇ.

ياخشى ئادەت شەكىللەنسە ئادەم بىر ئۆمۈر مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ. ئادەم ياخشى ئادەتنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا ئاجىزلىقتىن قەيسەرلىشىدۇ، چۈشكۈنلۈكتىن روھلىنىدۇ، روھسىزلىقتىن ئۈمىدكە تولىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا قەدەممۇقەدەم مۇۋەپپەقىيەتكە يېقىنلىشىدۇ. ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈش جەريانى جاپالىق بولىدۇ، بىراق يېتىلگەن ھامان پۇتمەس - تۈگىمەس ئۆمۈرلۈك بايلىقىمىزغا ئايلىنىدۇ. شۇڭا، قىسقىغىنا جاپا قانچىلىك ئىشتى؟ غەرب گۇمانتار ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىدىن ئىسپاتلىنىشىچە، بىر خىل ئادەتنىڭ يېتىلىشى

ئۇچۇن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تەخمىنەن 21 كۈن ۋاقىت كېتىدىكەن. دېمەك، 21 كۈن جاپا تارتساقلا بىر ئۆمۈرلۈك لەززەتكە ئېرىشەلەيمىز، بۇ تولىمۇ ئەرزىيدىغان ئىش.

«بىر خىل ھەرىكەت ئۇرۇقىنى تېرىپ بىر خىل ئادەت ھوسۇلى ئالايلى؛ بىر خىل ئادەت ئۇرۇقىنى تېرىپ بىر خىل مىجەز ھوسۇلى ئالايلى؛ بىر خىل مىجەز ئۇرۇقىنى تېرىپ تەقدىر ھوسۇلى ئالايلى.» گۈزەل غايىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، گۈزەل ھايات بەرپا قىلىش ئۈچۈن ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈپ، ئۆزىمىزدىكى ناچار ئادەتلەرنى تۈگىتەيلى.

## ئۆگىنىشنىڭ چېكى يوق — ھايات چەكلىك، بىلىم چەكسىز

مەن بىرلا ئىشنى بىلىمەن، ئۇ بولسىمۇ مەن ھېچ نەرسىنى بىلمەيمەن.

— سوقرات

بىر ئوقۇغۇچى پەيلاسوپ زېنوندىن مۇنداق سوراپتۇ:

— تەخسىر، سىزنىڭ بىلىدىغانلىرىڭىز مېنىڭ بىلىدىغانلىرىمدىن خېلىلا كۆپ، سوئاللارغىمۇ ئىنتايىن توغرا جاۋاب بېرىسىز، بىراق نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭ جاۋابىدىن شۈبھىلىنىسىز؟

زېنون دەرھال ئۈستەلگە بىر چوڭ، بىر كىچىك چەمبەر سىزىپتۇ ھەمدە بۇ ئىككى چەمبەرنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— چوڭ چەمبەرنىڭ ئىچىدىكىسى مېنىڭ بىلىمىم، كىچىك چەمبەرنىڭ ئىچىدىكىسى سىلەرنىڭ بىلىمىڭلار، مېنىڭ بىلىمىم سىلەرنىڭكىدىن كۆپ. بۇ ئىككى چەمبەرنىڭ سىرتىدىكىسى سىلەر بىلەن مېنىڭ بىلمەيدىغان قىسمىم، چوڭ چەمبەرنىڭ ئايلانمىسى كىچىك چەمبەرنىڭكىدىن ئۇزۇن بولىدۇ، شۇڭا مەن ئۇچرىشىدىغان، بىلمەيدىغان دائىرە سىلەرنىڭكىدىن

كۆپ بولىدۇ. مانا بۇ مېنىڭ نېمە ئۈچۈن دائىم ئۆزۈمدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىمنىڭ سەۋەبى.

دەرۋەقە، بىلگەن نەرسىلەر بىلەن نامەلۇم نەرسىلەر هامان ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. ئۆزىنىڭ بىلىمسىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان كىشىلەر ھەقىقىي دانىشمەنلەردۇر. سوقرات ئۆزىنى ئەڭ بىلىمسىز ئادەم دېگەنىدى، بىراق دېلپى ئىبادەتخانىسىدىكى ئىلاھىي يارلىقتا سوقرات ئەڭ ئەقىل - پاراسەتلىك ئادەم، دەپ كۆرسىتىلدى. ئادەمنىڭ ئۆزىنى توغرا تونۇش - تونۇيالماسلىقى ۋە ئۆزىگە توغرا باھا بېرىش - بېرەلمەسلىكىدىن ئۇنىڭ تەربىيەلىنىش ئەھۋالى ۋە بىلىمىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۆزىدە بىلىمىنىڭ ئىنتايىن ئازلىقىنى ھېس قىلغان ئادەم ئىشلاردا كەمتەر پوزىتسىيەدە بولىدۇ ۋە كۆچلۈك بىلىم ئېلىش تەشنالىقىغا ئىگە بولىدۇ. ئۆزىنى قانچىكى ئوبدان ھېس قىلىپ، بىلىدىغانلىرىم ناھايىتى كۆپ دەيدىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بىلىدىغانلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز، ھەتتا نادان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

تارىختا نۇرغۇن ئالىملار بىلىم چەمبىرى بىلەن چەمبەر ئايلانمىسى سىرتىدىكى بىلمەسلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەنىدى. دېسكارت مۇنداق دېگەنىدى: «ئادەم ئۆگەنگەنسېرى ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى بايقايدۇ.» نيۇتون مۇنداق دېگەنىدى: «مەن كىشىلەرنىڭ ماڭا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، بىراق مەن دېڭىز بويىدا ئويناۋاتقان كىچىك بالا، بىردەم ئادەتتىكى تاشتىنمۇ سىلىقراق تاشنى تېرىۋالىمەن، بىردەم ئادەتتىكى قۇلۇلىدىنمۇ چىرايلىق قۇلۇلىنى تېرىۋالىمەن، ھەقىقەت دېڭىزى ئالدىمدىلا تۇرسىمۇ ئۇنى بايقىيالمايمەن» دېگەنىدى. ئېينشتېين زېنوننىڭ ئوخشىتىشىنى ھېكمەت دەستۇرى قىلىپ، ئۆمۈر بويى توختىماي بىلمىگەن بوشلۇق رايونىغا يۈرۈش قىلدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ بىلىدىغان بىلىملىرىمنى بىر يوغان چەمبەر ئارقىلىق ئىپادىلىسەم،

چەمبەر سىرتىدىكى شۇنچە كۆپ بوشلۇق مەن ئۈچۈن بىلمەسلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چەمبەر چوڭايغانسېرى ئۇنىڭ ئايلانمىسىمۇ شۇنچە چوڭىيىدۇ، ئۇنىڭ تاشقى بوشلۇق بىلەن ئۇچرىشىشىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەن بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ تېخى كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.» ئۇ 70ياشقا كىرگەندىمۇ دوستىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەنىدى: «ئالدىمدا تىرىشىپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىلىم ـ پەن مەسىلىلىرى تۇرىدۇ، بۇ خىزمەتنىڭ ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان سېھرىي كۈچى مېنىڭ ئاخىرقى تىنىقىمغىچە داۋاملىشىدۇ.»

«ئۈچ ئادەم ئىچىدە چوقۇم ئۇستازىم بار» دېگەن بۇ سۆز ھەممە ئادەمگە مەلۇملۇق. بۇنىڭ ئەسلىي تېكىستىدىكى مەنىسى: كېتىۋاتقان ئۈچ ئادەمنىڭ ئىچىدە جەزمەن مېنىڭ ئۇستازىم بار، مەن ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى تاللاپ ئۇنىڭدىن ئۆگىنىمەن، ئۇنىڭ ناچار تەرىپىنى كۆرسەم، ئۆزۈمگە سېلىشتۇرۇپ ئۆزۈمدىكى كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىمەن، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ بىر جۈملە سۆز كۇڭزىنىڭ ئاڭلىق تەربىيەلىنىش، كەمتەر، تىرىشچان روھىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ سۆز مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، باشقىلاردىكى ياخشى تەرەپلەرنى ئۆگىنىش كەمتەر، تىرىشچانلىق روھى ھېسابلىنىدۇ؛ ئىككىنچى، باشقىلاردىكى ناچار تەرەپلەردىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىش ئاڭلىق تەربىيەلىنىش روھى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا، بىللە ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ياخشى ياكى ناچار ئادەتلىرىنى ئۆرنەك قىلغىلى بولىدۇ. «مۇھاكىمە ۋە بايان»دا مۇنداق خاتىرە بار: بىر كۈنى گۇڭ سۇنچاۋ زىگۇڭدىن: كۇڭزى ئىلىمنى نەدىن ئۆگەنگەن؟ دەپ سوراپتۇ. زىگۇڭ: ئۇ ھەر ۋاقىت، ھەر زامان بارلىق كىشىلەردىن ئۆگىنىدۇ، ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭغا ئۇستاز بولالايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇقىم ئوقۇتقۇچىسى يوق. دۇنيانىڭ ھەممىلا جايىدا ئىلىم ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئۇنى ھەر ۋاقىت ئۆگىنىش لازىم. خۇددى جۇاڭزى ئېيتقاندەك: «ئادەمنىڭ ئۆمرى چەكلىك، بىلىم دېڭىزى چەكسىز» بولىدۇ، دەپتۇ.

ئۆگىنىشكە قىزىقمايدىغان ياكى «ئالدىراشلىقىدىن كىتاب ئوقۇغۇدەك ۋاقتى يوق» ئادەملەرنى دەۋر ئېقىمى ھامان شاللىۋېتىدۇ. ئاپتوموبىل شاھى فورد ئۆسمۈرلۈك مەزگىللىرىدە مېخانىكا ماتېرىياللىرى دۇكىنىدا پىركازچىك قىلىغان بولۇپ، ھەپتىلىك مائاشى ئاران 2.05 دوللار ئىدى. بىراق، ئۇ ھەپتىسىگە 2.03 دوللار خەجلەپ مېخانىكىغا دائىر كىتابلارنى سېتىۋالاتتى. ئۇ توي قىلغاندا ئۆيىدە مېخانىكىغا دائىر ھەر خىل ژۇرنال ۋە كىتابلاردىن باشقا پۇلغا يارىغۇدەك ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى. مانا مۇشۇ كىتابلار فوردنى ئۇزاقتىن ئىنتىلىپ كەلگەن مېخانىزم دۇنياسىغا باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ كاتتا ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. فورد مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «ياشلار ئۈچۈن ئېيتقاندا كەلگۈسىدە پۇل تېپىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىلىم ۋە ماھارەتلەرنى ئۆگىنىش مال - دۇنيا توپلىغاندىنمۇ مۇھىم.»

ئامېرىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا مۇنداق بىر ھېكايە تارقالغانىكەن: مەۋسۇملۇق ئىمتىھاننىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ پەلەمپىيىدە تېخنولوگىيە ئىلمىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بىر يەرگە توپلىشىۋېلىپ، بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا باشلىنىدىغان ئىمتىھان توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىشىۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىرايىغا ئىشەنچ تولغانىكەن. بۇ ئۇلارنىڭ مەكتەپ پۈتكۈزۈش مۇراسىمى بىلەن خىزمەتكە قاتنىشىش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سىنىقى ئىكەن.

بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ تاپقان خىزمىتى توغرىسىدا، بەزىلەر ئۆزلىرى ئېرىشىش ئالدىدا تۇرغان خىزمەتلەر توغرىسىدا

سۆزلىشىپتۇ. ئۇلار تۆت يىللىق ئۇنىۋېرسىتېت ھاياتىدىكى ئۆگىنىشتىن ھاسىل قىلغان ئىشەنچ ئاساسىدا تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ بولدۇق، شۇنداقلا پۈتكۈل دۇنيانى بوي ئەگدۈرەلەيمىز، دەپ ئويلىشىپتۇ. ئۇلار ئالدىمىزدىكى سىناق ناھايىتى تېزلا ئاخىرلىشىدۇ، دەپ ئويلايدىكەن. چۈنكى، پىروفېسسور خالىغان ھەرقانداق كىتاب ياكى خاتىرىنى ئېلىۋالساڭلار بولىدۇ، بىراق بىرلا تەلەپ بار، ئۇ بولسىمۇ سىناقتا ئۆزئارا پىچىرلىشىشقا بولمايدۇ، دېگەنىكەن.

ئۇلار ھاياجان ئىلكىدە سىنىپقا كىرىپتۇ، پىروفېسسور ئىمتىھان قەغەزلىرىنى ئۇلارغا تارقىتىپ بېرىپتۇ. ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھان قەغىزىدە ئاران باھا خاراكتېرلىك بەشلا سوئالنىڭ بارلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن چىرايى تېخىمۇ نۇرلىنىپتۇ.

ئۈچ سائەت ئۆتۈپ كېتىپتۇ، پىروفېسسور ئىمتىھان قەغەزلىرىنى يىغىۋېلىشقا باشلاپتۇ. ئوقۇغۇچىلار ئەمدى ئىشەنچىنى يوقىتىشقا باشلاپتۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىنى بىر خىل ۋەھىمە قاپلاپتۇ، بىرەرسىمۇ گەپ قىلماپتۇ. پىروفېسسور قولىغا ئىمتىھان قەغەزلىرىنى ئېلىپ، پۈتۈن سىنىپتىكىلەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئالدىدىكى تىت ـ تىتلىق ئىچىدىكى چىرايلارغا ئېگىشىپ قاراپ تۇرۇپ مۇنداق سوراپتۇ:

ــ بەش سوئالغا جاۋاب بەرگەنلەردىن قانچىڭلار بار؟

ئوقۇغۇچىلاردىن بىرەرسىمۇ قول كۆتۈرمەپتۇ.

ــ تۆت سوئالغا جاۋاب بەرگىنىڭلاردىن نەچچىڭلار بار؟

يەنىلا ھېچكىم قول كۆتۈرمەپتۇ.

ــ ئۈچ سوئالغىچۇ؟ ئىككى سوئالغىچۇ؟

ئوقۇغۇچىلار خاتىرجەمسىزلىنىپ ئورۇندۇقلىرىدا قىمىرلاشقا باشلاپتۇ.

ــ بىر سوئالغىچۇ؟ ئەلۋەتتە بىر سوئالغا جاۋاب بەرگەنلەر باردۇ؟ بىراق، پۈتكۈل سىنىپ يەنىلا تىمتاسلىققا چۆمۈپتۇ.

www.uyghurkitap.com

پىروفېسسور قولىدىكى ئىمتىھان قەغەزلىرىنى قويۇپ، مۇنداق دەپتۇ.

— مانا بۇ مەن ئېرىشمەكچى بولغان نەتىجە، مەن سىلەرگە مۇشۇنداق چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرماقچى، سىلەر گەرچە تۆت يىل تېخنولوگىيە ئىلمىنى تۈگەتكەن بولساڭلارمۇ، بۇ تۈرگە دائىر ئۆگىنىدىغان يەنە ئىنتايىن كۆپ نەرسىلەر بار. سىلەر جاۋاب بېرەلمىگەن مۇشۇ سوئاللار سىلەرنىڭ كۈندىلىك ئاددىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىڭلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك، — ئاندىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ مۇنداق تولۇقلىما قىپتۇ، — ھەممىڭلار بۇ دەرستە لاياقەتلىك بولدۇڭلار، بىراق ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ھازىر ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەن بولساڭلارمۇ ئۆگىنىشىڭلار تېخى ئەمدىلا باشلاندى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئوقۇغۇچىلار پىروفېسسورنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ، بىراق ئۇ ئۆتكەن بۇ سائەتلىك دەرس ئۇنتۇلماپتۇ.

## ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىش — يامغۇردىن كېيىن ھامان قۇياش پارلايدۇ

بىزنىڭ تارىختىن ئۆگەنگىنىمىز شۇكى،
ئىنسانلار ئەزەلدىن تارىختىن ھېچقانداق نەرسە ئۆگەنگەن ئەمەس.

— گېگېل

گېگېلنىڭ مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆزى بار: مىنېرۋانىڭ مۈشۈكياپىلىقى گۇگۇمدىن كېيىنلا ئۇچالايدۇ. مىنېرۋا يۇنان رىم ئەپسانىلىرىدىكى ئەقىل - پاراسەت ئىلاھەسى ئافىنا بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا قونۇپ تۇرغان مۈشۈكياپىلاق ئىدىيە ۋە ئىدراكنىڭ سىمۋولى. گېگېل پەلسەپە بەئەينى مىنېرۋانىڭ مۈشۈكياپىلىقىغا ئوخشايدۇ، ئۇ قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلگەندە كۆكتە پەرۋاز

قىلماستىن، بەلكى گۈگۈم چۈشكەندىلا ئاستا ئۇچۇشقا باشلايدۇ، دەيدۇ. گېگىل بۇ يەدە مىنبىرۋانىڭ مۇشۇكياپىلىقنىڭ گۈگۈمدا ئۇچىدىغانلىقى ئارقىلىق، ھەقىقىي ئەقىل - پاراسەت ھەمىشە كېچىكىپ كېلىدۇ، ئۇ دەسلەپىدە ئىنتايىن بىمەنە بىر خىل قىياپەتتە كۆرۈنىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى كۆپ ساندىكى ئادەملەر چۈشەنمەيدۇ، دېگەننى ئىزاھلىماقچى. ۋىتگېنشتېين پەلسەپىگە باھا بەرگەندە مۇنداق دېگەنىدى: «پەلسەپىدە، مۇسابىقىدە ئۇتقۇچىلار ئەڭ ئاستا يۈگۈرگۈچىلەر ياكى ئەڭ ئاخىرىدا پەللىگە يېتىپ كەلگۈچىلەردۇر.»

ئەقىل - پاراسەت ئەڭ ئاخىرىدىلا ئالتۇندەك نۇر چاچالايدۇ، ھالبۇكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ئاشۇ ئاخىرقى نۇقتىغا يەتكۈچىلەردۇر. خۇددى كۆكتىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ نۇرى نەچچە يىللاردىن كېيىنلا ئاندىن بىزگە كۆرۈنىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان ھەربىي ئالىمى سۇن بىڭ پاڭ جۇەنىنىڭ قەستىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا سۇن بىڭ سەۋر - تاقەتلىك بولۇپ، غايە ئۈچۈن ھاقارەت ۋە كەمسىتىشلەرگە چىداپ، ئۆزىنى ئوڭشايدىغان پۇرسەت كۈتۈشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ساراڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، پاڭ جۇەنىنىڭ ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرماقچى بولىدۇ. بىر كۈنى پاڭ جۇەن سۇن بىڭگە كەچلىك تاماق ئەۋەتىپ بېرىدۇ. سۇن بىڭ چوكىنى ئېلىۋېتىپلا ھوشسىزلىنىدۇ، بىرئازدىن كېيىن قۇسۇشقا باشلايدۇ، ئارقىدىنلا غەزەپلىنىپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قالايمىقان توۋلاشقا باشلايدۇ. پاڭ جۇەن خەۋەرنى ئالغاندىن كېيىن ئۆزى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن كېلىپ، سۇن بىڭنىڭ شالۋاقلىرىنى ئېقىتىپ، يەردە يېتىپ توختىماي قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. سۇن بىڭ بىرئازدىن كېيىن يەنە ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلايدۇ. پاڭ جۇەن ئىنتايىن ھەيلىگەر بولغاچقا، سۇن بىڭنىڭ ساراڭلىقىنىڭ راست - يالغانلىقىنى

بىلىش ئۈچۈن ئەتراپىدىكىلەرنى ئۇنى چوشقا قوتىنىغا ئەكىرىۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ. سۇن بىلىك چاچلىرىنى چۇۋۇپ ئۆزىنى چوشقىنىڭ پوق ـ سۈيدۈكلىرى ئۈستىگىلا ئاتىدۇ. كېيىن پالىڭ جوەن بۇ ئىشلاردىن گۇمان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن سۇن بىڭنى نازارەت قىلىشنى ئىلگىرىكىدىن خېلىلا بوشاشتۇرۇپ قويىدۇ. سۇن بىلىڭ كۈنبويى بىمەنە سۆزلەرنى تولاپ يۈرىدۇ، بىردەم يىغلىسا، بىردەم كۈلىدۇ، كۈندۈزى رەستىلەردە لاغايلاپ يۈرۈپ، كېچىسى چوشقا قوتىنىغا قايتىپ كېلىدۇ. بىر كۈنى پالىڭ جوەن سۇن بىڭگە ناھايىتى ئوخشىغان قورۇمىلار بىلەن شاراب ئەۋەتىپ، سۇن بىڭنىڭ ئىنكاسىنى سىناپ باقماقچى بولىدۇ. كىم بىلسۇن، سۇن بىلىك شىرەنى تېپىپلا ئۆرۈۋېتىپ، غودۇڭشىيدۇ، ئاندىن چوشقا قوتىنىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆمىلەپ ئۆزىنىڭ تەرىتىنى ئاغزىغا سالىدۇ. سۇن بىڭنىڭ ھەرىكەتلىرىنى داۋاملىق كۆرۈشكە پالىڭ جوەننىڭ رايى قالمايدۇ، ئاخىرى سۇن بىڭنىڭ «ئەخمەقلىقى»غا قاراپ، ئۇنىڭ سارالىڭ بولغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

پالىڭ جوەننى ئەخمەق دېسەك ئۇنىڭغا ئۇۋال بولىدۇ. پالىڭ جوەن باغرى قاتتىق، دىلى زەھەر ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشلارنى ناھايىتى ئەتراپلىق ئويلايدۇ. ئۇ لەشكىرىي دەستۇرلارنى پىششىق ئوقۇغان بولغاچقا، سۇن بىڭنىڭ ساختىپەزلىك ھىيلىسىنى بىلمەي قالامتى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇن بىلىڭ ئۇنىڭ مەھبۇسى، سۇن بىڭنىڭ بىردىنبىر قۇتۇلۇش چارىسى مۇشۇ بىرلا بولغانىكەن، پالىڭ جوەن ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلماي قالامتى؟ سۇن بىلىڭ بۇ ساختىپەزلىك ھىيلىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ سەۋر ـ تاقەت چېكىنى ئۆز تەرىتىنى يېگۈدەك دەرىجىگە يەتكۈزگەن. ئەگەر سىز مۇشۇنداق ئادەمگە يولۇقۇپ قالسىڭىز ھەرقانچە ئەقىللىق بولسىڭىزمۇ، بۇ ئادەمنىڭ سارالىڭ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالمايسىز.

سۇن بىلىك تيەن جىنىڭ ياردىمى بىلەن چى بەگلىكىگە

قىچىپ بېرىپ، چى بەگلىكىنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە سازاۋەر بولىدۇ. تارىختىكى مەشھۇر مالىك ئۇرۇشىدا سۇن بىڭ ۋېي بەگلىكىنى قورشاپ جاۋ بەگلىكىنى قۇتقۇزۇش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ، پاڭ جۈەننى مالىڭدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ قىساسىنى ئالىدۇ.

سۇن بىڭ دۇنيادىكى ئەڭ زور ھاقارەتكە ئۇچرايدۇ ھەم تارىختىكى ئەڭ كاتتا مۆۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. ئۇ ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىدۇ، شۇڭا غالىب ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر سۇن بىڭنى سەۋر ـ تاقەت ئارقىلىق ئاخىرقى نۇقتىغا يەتتى دېسەك، ئۇنداقتا ھازىرقى زاماندىكى نۇرغۇن مەشھۇر كىشىلەر قەيسەرلىك ۋە غەيرەت ئارقىلىق ئاخىرقى نۇقتىغا يەتتى. دارۋىننى ئالساق، ئۇ ئۆزىنىڭ تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيەسىنى ئېلان قىلغاندا نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىغانىدى. كىشىلەر ئۇنى ئىنسان بىلەن ھايۋانلارنى تەڭ قاتارغا قويدى، ئىنسانلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېغىر ھاقارەت قىلدى، دەپ قارىدى. ئەينى چاغدىكى كۆپ ساندىكى پەيلاسوپ، ئالىم ۋە بارلىق دىن ئەھلىنى غەزەپلەندۈردى ! ئېپىسكوپ مۇستىنىڭ خانىمى دارۋىننىڭ 1859 ـ يىلى نەشر قىلغان «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇغاندا، ھەتتا «بۇلار راست بولمىسا ئىكەن، راست بولغان تەقدىردىمۇ بۇنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنماسلىقىنى تىلەيلى !» دېگەنىكەن. بۈگۈنكى كۈندە «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» ئامېرىكا دىن جەمئىيىتى تەرىپىدىن دىن خادىملىرىنىڭ دەرسلىكى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

يورۇقلۇق دولقۇن تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى توماس ياڭ «قوش يوچۇقلۇق ئىنتېرفېرىنسىيە» تەجرىبىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، نەتىجىسىنى ئېلان قىلغاندا نوپۇزلۇقلارنىڭ مەسخىرىسى ۋە كىنايىسىگە ئۇچرىدى. «بىمەنە» ۋە «مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس» دېگەن ھاقارەتلەرگە دۇچ كەلدى. 20 يىلغىچىلىك ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۈرۈشتۈرىدىغان ئادەم چىقمىدى. توماس ياڭ ئۇلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئىلمىي ماقالە يازغان بولسىمۇ، ئۇنى ئېلان قىلىدىغان جاي تاپالماي ئىلاجسىزلىقتىن كىچىك كىتابچە قىلىپ بېسىپ چىقتى. بىراق، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كىتابچە تارقىتىلغاندىن كېيىن «ئاران بىر پارچە سېتىلغانىكەن». تېخى نامى چىقمىغان ئابېل ماتېماتىكا دىسسېرتاتسىيەسىدە، ماتېماتىكا ساھەسىدە نەچچە 100 يىلدىن بۇيان ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلىنى ھەل قىلدى، «ماتېماتىكا شاھى» گائۇس بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ھەيران قېلىپ «نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، مۇشۇنداقمۇ نەرسىنى يېزىپتۇ ــ ھە!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. فىرانسىيەلىك ياش ماتېماتىك گالوئىمۇ ئوخشاش تەقدىرگە دۇچار بولدى. ئۇ ماتېماتىكا دىسسېرتاتسىيەسىنى ئۈچ قېتىم سۇنغان بولسىمۇ، نوپۇزلۇقلار تەرىپىدىن ئىككى قېتىم چەتكە قېقىلدى، بىر قېتىمدا دىسسېرتاتسىيەسى يوقاپ كەتتى. گالوي مۇشۇ «نوپۇز»لۇقلارغا مۇنداق باھا بەردى: «بۇ كىشىلەر يۈز يىل ئارقىدا قاپتۇ!» مالسۇسنىڭ «نوپۇس نەزەرىيەسى» نەپرەتلىك نەرسە قاتارىدا نۇرغۇن ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. مارگارېت سانگېر خانىم ئامېرىكىدا پىلانلىق تۇغۇتنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە تەشۋىق قىلغاندا كۆپ قېتىم تۈرمىگە تاشلاندى... تۈرلۈك ئىدىيە يېڭىلىقلىرى، نەزەرىيە يېڭىلىقلىرى كۆپلەپ ھۇجۇمغا ئۇچراپلا قالماستىن، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرمۇ جاھىللاشتى. كىنۋانت نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 20 ـ ئەسىر ئىلىم ـ پەن ئىنقىلابىنىڭ سىگنالىنى چالغان پىلانك مۇنداق دەيدۇ: «يېڭى ئىلىم ـ پەن ھەقىقەتنى ئۆزىگە قارشى تۇرغۇچىلارنى قايىل قىلىش ھەمدە ئۇلارغا چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق غەلىبە قىلالمايدۇ، ئۇ ئاساسلىقى قارشى تۇرغۇچىلىرىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆلۈپ كېتىشى، شۇنداقلا ئۆزىنى پىششىق بىلىدىغان يېڭى ئەۋلادنىڭ يېتىلىشى ئارقىسىدا غەلىبە قىلىدۇ.» بۇ خىل ئېچىنىشلىق ئەھۋال تارىختا دائىم ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭدىن خالىي

بولۇش قىيىن.
تارىختا ئۆزۈكسىز يۈز بەرگەن مۇشۇ ئىشلار ئادەمگە گېگىلنىڭ «بىزنىڭ تارىختىن ئۆگەنگىنىمىز شۇكى، ئىنسانلار ئەزەلدىن تارىختىن ھېچقانداق نەرسە ئۆگەنگەن ئەمەس» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى ئەسلىتىدۇ. بىراق، شۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەككى، ئىنسانلار 21 ـ ئەسىرگە كىرگەن بۈگۈنكى كۈندە، بولۇپمۇ ئىدىيەنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، كۆنسايىن ئالغا ئىلگىرىلەش، دادىل يېڭىلىق يارىتىش تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان مۇقەددەس زېمىندا تارىخ تەكرارلانمايدۇ.
ناپالېئون مۇنداق دېگەنىدى: دۇنيادا ئىككى نەرسە ئەڭ قۇدرەتلىك، ئۇلارنىڭ بىرى قىلىچ، بىرى ئىدىيە. ھالبۇكى، ئىدىيە قىلىچتىنمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئىدىيە دۇرۇس بولسا ئادەم دۇرۇس بولىدۇ، ئادەم دۇرۇس بولسا دۇنيا دۇرۇس بولىدۇ. يېڭىلىق يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىشتە ئالدى بىلەن ئىدىيەدە يېڭىلىق يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ يېڭىلىق يارىتىشقا توغرا مۇئامىلە قىلىشتا ئالدى بىلەن ئىدىيە يېڭىلىقلىرىغا توغرا مۇئامىلە قىلىش كېرەك.
ھەقىقەت ھامان نۇرغۇن كۈلپەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئاندىن باشقىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىدىيە تەرەققىيات تارىخىدا بۇنداق مىساللار ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن، تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى، نىسپىيلىك نەزەرىيەسى، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى دېموكراتىيە ئىدىيەسى، قانۇنچىلىق ئىدىيەسى دەسلەپتە بارلىققا كەلگەن مەزگىللەردە ئۇنى قوبۇل قىلغانلار ئىنتايىن ئاز ئىدى، ئومۇمەن كۈلكىگە قالغانىدى.
ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن «ھەقىقانىيەت»لا ئاخىرقى نۇقتىغا بارالايدۇ. ھالبۇكى، ھەقىقىي دانىشمەنلەر ۋە باتۇرلارمۇ ئۆز يولىدا مېڭىپ باھا بېرىشنى كېيىنكىلەرگە قالدۇرىدۇ.
يامغۇردىن كېيىن ھامان قۇياش پارلايدۇ، ئاخىرقى نۇقتىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر شقا قانچىلىك ئادەمنىڭ سەۋر ـ تاقىتى يېتىشى، قانچىلىك ئادەمنىڭ بەرداشلىق بېرەلىشى نامەلۇم.

## ئەقىللىقلىقنىڭ «يامان تەرىپى» ــ ئەقىلنى «خورجۇن»نىڭ ئاستىغا قويۇش

دانالار ئۆزىنى باشقىلاردىن ئەقىللىق دەپ قارىمايدۇ، نادانلار ئۆزىنىڭ ھۆكمىنى مەڭگۈ نۇقسانسىز دەپ قارايدۇ.

ــ ئېمېرسون

فىروئىد مۇنداق بىر قىزىقارلىق ھېكايىنى بايان قىلغان ئىدى: جون بىلەن توم قوشنا ئىكەن، ئۇلار ئىككىسى بىللە ئوينايدىكەن. جون ئەقىللىق بالا بولۇپ، بىر نەرسىلەرنى قاراپلا ئۆگىنىۋالالايدىكەن. ئۇ ئۆزىدىكى ئۇستۇنلۇكنى بىلگەچكە، تەبىئىيلا كۆرەڭلەيدىكەن. توم جوندەك چېچەن ئەمەس ئىكەن، ئۇ شۇنچە تىرىشسىمۇ نەتىجىسى ئالدىنقى 10نىڭ قاتارىغا ئۆتەلمەيدىكەن. جون بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇ كۆڭلىدە ھەر ۋاقىت كەمسىنىدىكەن، بىراق ئۇنىڭ ئاپىسى ئۇنى دائىم ئىلھاملاندۇرۇپ: ئەگەر سەن دائىم باشقىلارنىڭ نەتىجىسى ئارقىلىق ئۆزۇڭنى ئۆلچىسەڭ ئۆمۈرۋايەت «ئەگەشكۈچى»لا بولالايسەن. چېپىۋاتقان ئارغىماقمۇ دەسلەپكى ۋاقىتتا ئۇچقاندەك ئالدىدا ماڭغىنى بىلەن، نەتىجىدە مەنزىلگە يېتىپ بارغىنى كۆپ ھاللاردا سەۋرچانلىق ۋە غەيرەتكە تولغان تۆگە دەيدىكەن.

جون ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىكىدىن ماختىنىدىكەن. بىراق، ئۇ ئۆمرىدە ھېچقانداق نەتىجە قازىنالماپتۇ، ھېچقانداق كاتتا ئىشنىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرالماپتۇ. بىراق، ئۆزىنى دۆت چاغلايدىغان توم ئۆزىنى ھەرقايسى تەرەپلەردىن تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئۆزلۇكتىن ئازراق ـ ئازراقتىن ھالقىپ، قالتىس نەتىجىلەرنى يارىتىپتۇ. جوننىڭ بۇنىڭدىن زەردىسى قايناپ خاپىلىق ئىچىدە ئالەمدىن

ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ روھى ئەرشكە بارغاندىن كېيىن تەگرىدىن مۇنداق سوراپتۇ:

— مەن تومدىن ئەقىل - پاراسەتلىك، ئىستىبداتلىق مەن ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ بولسام بولاتتى، بىراق سىز نېمە ئۇچۇن ئۇنى پانىي دۇنيادىكى قالتىس كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويدىڭىز؟

— بىچارە جون، سەن ئۆلگۈچىلىك شۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭمۇ، مەن ھەر بىر ئادەمنى يارىتىشتا ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ «خۇرجۇنى»غا ئوخشاش نەرسىلەرنى سالدىم، شۇغىنىسى سېنىڭكى ئەقىلىڭنى «خۇرجۇن»نىڭ ئۈستىگە قويغانىدىم، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئەقلىنى كۆرۈپ ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپلا، ئۆز - ئۆزۈڭدىن مەمنۇن بولۇپ پۈتكۈل ھاياتىڭنى نابۇت قىلدىڭ! ئەمما، تومنىڭ ئەقلىنى «خۇرجۇن»نىڭ ئاستىغا سالدىم، ئۇ ئۆزىدىكى ئەقلىنى كۆرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت بېشىنى تىك تۇتۇپ ئالدىغا قارىدى، شۇڭا ئۇ ئۆمۈر بويى ئىختىيارسىز ئالغا قەدەم تاشلىدى، — دەپتۇ تەگرى كۈلۈپ قويۇپ.

قارىماققا، ئەقىللىك بولۇشلا كۇپايە قىلمايدىكەن. بىز مەيلى باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى ماختاشتا بولسۇن ياكى ئۆزىمىزنىڭ بالىسىنى ماختىغاندا بولسۇن، «بۇ بالا نېمىدېگەن ئەقىللىك!» دېگەن سۆزنى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىمىز، ئەقىللىك بولسىلا كەلگۈسىدە يارامىلىق بولۇشى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ناتايىن. ئەمەلىيەتتە ئەقىللىك بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بىلەرمەنلىك تېخىمۇ ئىشەنچسىز بولىدۇ. ئەگەر قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان بارلىق مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، ئۇلاردىكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئامىللىرىنى بىر - بىرلەپ مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئەقىللىكلەرنىڭ كۆپ ھاللاردا ئەڭ ئاخىرقى رەتكە تىزىلىدىغانلىقىنى بايقايمىز.

ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن «فورربېست گامپىنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق فىلىمنى نۇرغۇن كىشىلەر كۆرگەن. فىلىمدىكى فورربېست گامپىنى ئەقىللىك دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ مۇنداقچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېيتقاندا، بىر «ساراڭ قېتىش». بىراق، ھېچكىم ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايدۇ.

ئەلۋەتتە، بۇ دۆتلەر ئەقىللىقلارغە قارىغاندا تېخىمۇ ئاسان مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. دەرۋەقە، نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلەر ئەقىل بىلەن مۇناسىۋەتسىز ياكى ئۇلار ئىشلارنى بىز ئەقىللىق دەپ قارىغان كىشىلەردىنمۇ ياخشىراق قىلالايدۇ.

ئەتراپىمىزغا قاراپ باقايلى، ئەقىللىق خوجايىنلار كۆپمۇ ياكى ئەقىللىق ئىشلەمچىلەرمۇ؟ ئويلاپ باقايلى، كىممۇ ئىنتايىن ئەقىللىق بىر خوجايىننىڭ بىر توپ دۆت خادىمنى باشلاپ ئىگىلىك تىكلىگەنلىكىنى كۆرگەن؟ ھېچكىم كۆرمىدى ياكى بۇنداق ئىش مۇتلەق يوق ! ۋاھالەنكى، ئىنتايىن ئەقىللىق خىزمەتچىلەر ئانچە ئەقىللىق بولمىغان خوجايىننىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ ئىگىلىك تىكلىگەن ئىشلارنى ناھايىتى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئەقىللىق كىشىلەر كۆپ ھاللاردا ئىشلەمچىلىكنىڭ ماتېرىيالى بولىدۇ ياكى باشقىلار پايدىلىنىدىغان قورال بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قانچىكى ئەقىللىق كىشىنىڭ ئىشلەيدىغان ۋاقتى شۇنچىكى ئۇزۇن بولىدۇ. ئاشۇ ئانچە ئەقىللىق بولمىغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئانچە ئەقىللىق ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلىدىغان ھەمدە باشقىلارنى قورال قاتارىدا ئىشلىتىشكە ماھىر غوجايىنلاردۇر، ئۇلار مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەنگەنسېرى ئىشلىرى بارغانسېرى زورىيىدۇ.

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ياكى قازىنالماسلىقتا خىزمەتچى بىلەن خوجايىن پاسىل قىلىنمايدۇ، بىراق بۇ ھازىر كىشىلەرنىڭ بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى قازىنالماسلىقىنى باھالايدىغان ئۆلچەم بولۇپ قالدى. دېمەك، كىمنىڭ قولىدا خىزمەتچى كۆپ بولسا شۇ ئادەم شۇنچىكى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى دېيىشتىن ئىبارەت.

ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ئەقىللىك كىشىلەرنىڭ ئانچە ئەقىللىك بولمىغان غوجايىنلارنىڭ قولى ئاستىدا ئىشلەش مۇمكىنچىلىكى شۇنچە چوڭ بولىدۇ؟

ئەقىللىك كىشىلەر ئىشنى بېرىلىپ قىلغانسېرى شۇنچە ئاسان كەسىپ ئىگىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، قانچە كەسىپلەشكەنسېرى ئۇچرايدىغان چەكلىمىسى شۇنچە چوڭ بولىدۇ، نەزەر دائىرىسىمۇ تارىيىدۇ؛ ئەمما، غوجايىن بولۇشنىڭ مۇھىم شەرتى چوقۇم نەزەر دائىرىسى كەڭ بولۇش كېرەك، نەزەر دائىرىسى كەڭ بولغاندىلا ئۇۋنى بايقاش مۇمكىنچىلىكى شۇنچە چوڭ بولىدۇ. غوجايىن گەرچە ھەرقايسى تەرەپلەردە پىششىق يېتىلگەن مۇتەخەسسىس بولمىسىمۇ، ھەممىدىن ئازدۇر - كۆپتۇر خەۋىرى بار كىشىلەردۇر. ئۇلار ھەممىنى ئاز - تولا بىلگەنلىكى ئۈچۈنلا توۇيۇق يولغا كىرىپ قالمايدۇ. رامكا ئىچىدە قامىلىپ قالمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىرى ئارقىلىق كۆپنى بىلىش مۇمكىنچىلىكى چوڭىيىدۇ. ئاجايىپ - غارايىپ ۋە نورمال قائىدىدىن ھالقىغان چارىلەر كۆپىيىدۇ، قاتمۇقات مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈش يولى ۋە پۇل تېپىش يوللىرىمۇ كېڭىيىدۇ، سودىسىمۇ بارغانسېرى زورىيىدۇ.

ئەقىللىك كىشىلەر كۆپ ھاللاردا مەنمەنچى كېلىدۇ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ. ئەقىللىك خوجايىنلارنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىسە ھەرقانچە ئوبدان خىزمەت قىلسىمۇ، ماختاشقا ئېرىشەلمەيدۇ. ھە دېسە ئەيىبلىنىدۇ، تەنقىدكە ئۇچرايدۇ. ئەگەر قول بولۇشنى خالىمايدىغان ئادەم بولسا بۇنىڭغا قانداقمۇ چىدىيالىسۇن؟ ئانچە ئەقىللىك بولمىغان خوجايىنغا ئەگەشسە ئەھۋال بۇنىڭغا ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنداق خوجايىن كەسپىڭىز، ئىستېداتىڭىزغا تايىنىدۇ، شۇڭا پىكرىڭىزگە ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە سىزنى ھۆرمەت قىلىدۇ، ھەر ۋاقىت سىزنى ماختايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتۈۋاتقاندەك، ئۆزىڭىزنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەمگە ئوخشىغاندەك، ئۇنىڭ ئۇچۇن جان پىدا قىلمىسىڭىز بولمايدىغاندەك ھېس قىلىسىز.

ئادەم ئەقىللىق بولغانسېرى ھەرقايسى تەرەپلەرنى قاتتىق قامال قىلىدۇ، مۇشۇنداق بىر گىگانتنىڭ سايىسى ئاستىدا ياشىغاندا ئادەم بۇرۇقتۇرما بولىدۇ، تۇنجۇقىدۇ. ئەقىللىق كىشىلەر قانداقمۇ ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولسۇن؟ چالا ساۋات غوجايىنىنىڭ قولىدا ئىشلىسىڭىز ئەھۋال بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ پۇت ـ قولىڭىزنى چۈشەپ قويمايدۇ، ئىشلىگىڭىز بولسىلا ئىشلەۋېرىسىز، ياخشى چارىلىرىڭىز بولسا تەتبىقلايدىغان ئوبدان ماكان چىقىدۇ. ئەلۋەتتە، تۇرمۇشىڭىزمۇ خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، غوجايىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ياردەم بېرىش بىلەن بىرۋاقىتتا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش شادلىقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولالايسىز.

ئادەم ئەقىللىق بولغانسېرى ئادەمگەرچىلىككە ئانچە ئېتىبار بەرمەيدۇ، ئەمما ئادەمگەرچىلىك خوجايىندا كەم بولسا بولمايدىغان خىسلەت. شۇڭا، ئانچە ئەقىللىق بولمىغان غوجايىنلار سىزگە ئۆزىنىڭ ئادەمگەرچىلىكى بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ، چۈنكى ئۇلار دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنىپ بولغان بولۇپ، تەربىيەنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەيدۇ.

ھەر بىر ئادەم مۇنداق بىر ھەقىقەتنى مەڭگۈ ئېسىدە تۇتۇشى لازىم: ئۆزلۈكتىن ئۆزۈكسىز ھالقىغان ئادەملا ھەقىقىي ئەقىللىق ئادەمدۇر. ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق خاس خاراكتېرى ۋە تەبىئىتى بولىدۇ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس كىشىلىك تۇرمۇش قىممىتىنى رېئاللاشتۇرۇشتىكى بۆسۈش نۇقتىسى بولىدۇ. مۇشۇ خاراكتېر بويىچە ئۆزىنى يېتىلدۈرۈپ، قەلب توساقلىرىدىن ئۆزۈكسىز ھالقىغاندىلا، ھاياتلىق قۇياشىڭىزنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويمايسىز، باشقىلارنىڭ نۇرى ئىچىگە كۆمۈلۈپ قالمايسىز.

# ساددىلىقنىڭ «ياخشى تەرىپى» — چىن دۇنيا ئىچىدە ياشاش

ئەڭ دۇرۇس ئادەم قارىماققا رايىش كېلىدۇ،
ھەقىقىي ئەقىللىك ئادەم ئۆزىنى داڭلىمايدۇ،
ھەقىقىي ناتىق سۆزمەندەك كۆرۈنمەيدۇ.
— «تويىنىزىم قەسىدىلىرى»

لاۋزى «تويىنىزىم قەسىدىلىرى»دا مۇنداق دېگەنىدى: دەريا ـ دېڭىزلارنىڭ بارلىق تارام ئېقىنلارنىڭ تۇگۈنى بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ بارلىق تارام ئېقىنلارنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلىشىشقا ماھىر. سەن باشقىلار بىلەن تالاشمىغانلىقىڭ ئۈچۈن ئالەمدە سەن بىلەن بىرنەرسە تالىشىدىغان ئادەم بولمايدۇ، مانا بۇ تالىشىشنىڭ ئەڭ يۇكسەك مەنزىلى «ھەقىقىي تالىشىش»تۇر.

«تالاشماسلىق» دېگىنىمىز — سىزنىڭ ھەرىكەتلەنمەسلىكىڭىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى ھېچنېمىنى چاندۇرماسلىق، بىھۇدە تالاش ـ تارتىش قىلماسلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. بىھۇدە تالاش ـ تارتىش ئېنېرگىيەڭىزنى خورىتىدۇ؛ مەنمەنچىلىك ئۆزىڭىزگە زور دۈشمەن تېپىپ بېرىدۇ؛ تەنتەكلىك بىلەن يولغا چىققاندا يۆنىلىشنى يوقىتىپ قويىسىز، ئۆزلۈكتىن ئازىسىز.

«ئاز يېگەن كۆپ يەپتۇ، كۆپ يېگەن پوق.» ساددا كىشىلەر قارىماققا ئىنتايىن ئەخمەقتەك كۆرۈنىسىمۇ، بىراق ئۇلار ناھايىتى ئەقىللىك بولۇپ، كۆپ ھاللاردا ئويلىمىغان ھاسىلاتقا ئېرىشىدۇ. «فوررېست گامپنىڭ تەرجىمىھالى»دىكى فوررېست گامپ ساددا ئادەم بولۇپ، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئەقلىي ئىقتىدارى ئاجىز، مېڭىسى ئاددىي، ئىشلارنى كۆپ ئويلانمايدىغان، نىشانى بىر خىل، كالانپاي، بىراق نەتىجىدە ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى!

بىر توپ بالىلار فوررېست گامپنى بوزەك قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ قىز ھەمراھى ئۇنىڭغا تېز قاچ، دەيدۇ، نەتىجىدە پۇتى ئاجىز فوررېست گامپ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ جان تىكىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يۈگۈرۈپ، سۈرئىتى نورمال كىشىلەرنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ؛ توپ مەيداندا تىرېنېر ئۇنىڭغا «ھېچنېمىنى ئويلىماي، توپنى ئالساڭلا قاچ !» دەيدۇ، ئۇ شۇ بويىچە قىلىدۇ. نەتىجىدە «چولپان»غا ئايلىنىدۇ؛ ۋىيېتنامغا ئۇرۇشقا بارغاندا باشلىقى ئۇنىڭغا «خەتەرگە يولۇقساڭلا قاچ !» دەيدۇ، ئۇ باشلىقنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىدۇ، نەتىجىدە تىنچ ـ ئامان قايتىپ كېلىپلا قالماستىن، يەنە «دۆلەت قەھرىمانى»غا ئايلىنىدۇ. فوررېست گامپ بارلىق مەسىلىلەرنى ئاددىيلاشتۇرغاچقا، ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىردا مۇۋەپپەقىيەتلا قېلىپ قالىدۇ.

18 ـ ئەسىردىكى فىرانسىيەلىك مەرىپەتچىلىك پېشۋاسى ۋولتېر پەيلاسوپلا بولۇپ قالماستىن، يەنە مەشھۇر پىروزىچى ئىدى. ئۇنىڭ «ياۋاش ئادەم» دېگەن ھېكايىسىدە مۇنداق بىر ۋەقەلىك بايان قىلىنغان:

باستىر بورجىس ئەپەندى ھېيلىگەر ئادەم بولۇپ، ئاسار ئەتىقىلەرنى سېتىۋېلىش سودىسى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ ئاز ئۇچرايدىغان قەدىمىي ئائىلە سەرەمجانلىرىنى سېتىۋېلىش ۋىۋىسكىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئەل ئارىسىدىن شۇنداق نەرسىلەرنى يىغىدۇ. بىر كۈنى ئۇ لۇمىنىسنىڭ ئۆيىگە بېرىپ 18 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيەلىك «خۇئادىېر لايىھەلىگەن بەش تارتمىلىق ئىشكاپ»نى كۆرۈپ قالىدۇ، بۇ ئىنتايىن قىممەتلىك ئاسارئەتىقە بولغاچقا، ئۇ ئاغزىنى ئېچىپلا قالىدۇ. كۆڭلىدە ئەمدى كۆپ پۇل تاپىدىغان بولدۇم، ئۆزۈممۇ مۇشۇ سەۋەبتىن نام ھەم مەنپەئەتكە ئېرىشىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلايدۇ. ئۇ بۇ ئېسىل ئىشكاپنى خۇپسەنلىك بىلەن كۆرگەچ، تەقلىدىي بۇيۇم ئىكەن، دەيدۇ. تۈرلۈك ئاماللار بىلەن بۇ ئىشكاپنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوقلۇقىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇ: « ئۆيۈمدىكى شىرەنىڭ پۇتىنى ئۆي كۆچكەندە ھامماللار بۇزۇۋەتكەچكە، ئۇزاقتىن بۇيان مۇشۇنداق ئىشكاپنىڭ تۆت پۇتى لازىم بولۇپ كەلگەنىدى» دەيدۇ.

ساددا دېھقان لۇمىنىس ئاخىردا بۇ ئىشكاپنى ئەرزان باھادا

باسترغا سېتىپ بېرىدۇ. باستىر يەنە پۇشايمان قىلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، بۇ قىممەت بولۇپ كەتتى، دەيدۇ ھەمدە لۇمىنىستىن ئىشكاپنى يۆتكەپ ئاچقىلى بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۆزى ھارۋىسىنى ئالغىلى كېتىدۇ. باستىر كۆڭلىدىكى خۇشاللىقىنى ناھايىتى تەستە بېسىپ، ئۇچقاندەك بېرىپ ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېلىدۇ. لۇمىنىس سەممىي، سادىق كىشى بولغاچقا، ئىشكاپنى يۆتكەپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ تولىمۇ ئېغىرلىقىنى بايقايدۇ. كۆڭلىدە ئادەتتە باستىرلار كىچىك ھارۋا ھەيدەيدۇ، ئۇنىڭغا بۇ ئىشكاپ چوقۇم پاتمايدۇ، باستىرنىڭ بۇنى ئەكېتىشىگە قانداق ياردەم قىلسام بولار، دەپ ئويلايدۇ. ئۇ باستىرنىڭ ئىشكاپنىڭ تۆت پۇتى لازىم، دېگىنىنى ئەسلەپ، ئىشكاپنىڭ تۆت پۇتىنى ھەرىدەپ ئېلىپ ئۇبدان ئوراپ قويىدۇ، ئاندىن ئىشكاپنى چۇۋۇۋېتىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي باستىر بىر دانە يوغان ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېلىپ، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ غەزەپتىن چەكچىيىپلا قالىدۇ.

بۇ ھېكايە ساددىلىقنىڭ مۇھىملىقىنى، ئادەمنىڭ كۆڭلى ساددا بولمىسا ئەسلىدىكى ياخشى ئىشنىمۇ يامانغا ئايلاندۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، راستچىللىق ساددىلىقنىڭ ماھىيىتى، قانائەتچانلىق ساددىلىقنىڭ ھادىسىسى، بۇ ئىككىسى مەڭگۈ بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. راستچىل بولغاندا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ؛ قانائەتچان بولغاندا سانسىزلىغان گۇناھتىن ساقىت بولغىلى بولىدۇ. شۇڭا، پاك قەلبنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەنىسى ساددىلىقتۇر. ساددا كىشىلەر ئىشلارنى ھامان سالماق بىر تەرەپ قىلىدۇ، ئۇلاردا ساختىپەزلىكمۇ، يوشۇرغۇدەك نەرسىلەرمۇ بولمايدۇ، ھەممە ئىشتا ئوچۇق - يورۇق، رايىش، مېھرىبان بولىدۇ. مۇشۇ خىل نىيەت بىلەن ئىش قىلغاندا، ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كورىيە تېلېۋىزىيە تىياتىرى «داچاڭجىڭ» تۇيۇقسىز ئېسىمگە كەلدى. تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىكى ئايال پېرسوناژ چاڭجىگىنىڭ ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئادەمدە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. ئۇ دەسلىپىدە ئاپىسىنىڭ ئارزۇسى بىلەن ئوردىغا كىرىپ دېدەك بولىدۇ، ئوردىدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆمرىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئۇستازى خەنشاڭگۇڭ بىلەن ئۇچرىشىدۇ. خەنشاڭگۇڭ ئۇنىڭغا ئاشپەزلەر ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پىرىنسىپنى، يەنى غىزالانغۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىنى كۆڭلىگە پۈكۈش، تاشقى ئامىلنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن بۇنى ئۆزگەرتمەسلىك توغرىسىدا تەلىم بېرىدۇ. ئەقىللىك ھەم چېچەن چاڭجىڭ خەنشاڭگۇڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان ئوردا تۇرمۇشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي، ئۆزىنىڭ ساپ قەلبىنى ساقلاپ قالىدۇ. كېيىن ئاپىسى ۋە شەپقەتچى ئۇستازى خەنشاڭگۇڭ سۇيشاڭگۇڭ تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ، ئۆزىمۇ ئوردىدىن ھەيدىلىدۇ. چاڭجىڭ ئوردىغا قايتىپ ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ئاكتىپلىق بىلەن تېبابەت ئۆگىنىپ، ئوردىنىڭ ئايال تېۋىپ ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئوردىغا كىرىپ قىساس ئالماقچى بولىدۇ. بىراق، ئادەم قۇتقۇزىدىغان تېۋىپ بىلەن قىساس ئالىدىغان قەلب قانداقمۇ بىر تەندە تۇرالىسۇن؟ چاڭجىگىنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى مۇشكۈل تاللاش ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ قەلبى قايتا ـ قايتا ئۆرتىنىشتىن كېيىن، يەنىلا «ياخشىلىق»نى تاللاپ، ئىنتىقام ئېلىشتىن كېچىپ، تېۋىپلارغا خاس رەھىمدىللىك بىلەن ئۆزىنىڭ دۈشمىنىنى داۋالايدۇ. كەڭ قورساقلىق ۋە مېھرىبانلىق، نورمال كىشىلەردىن ئېشىپ كەتكەن سەۋر ـ تاقەت ۋە ئەخلاقلا مانا مۇشۇ ئىنساندىكى كۈلپەتلىك ئايلىنىشتىن ھالقىپ ئۆتەلەيدۇ.

چاڭجىڭ ساددا قىز، ئۇنىڭ ساددىلىقى ئەڭ ئاخىرىدا باشقىلارنى تەسىرلەندۈرىدۇ. ساددىلىق ــ يالغۇز مەشغۇلات قاتلىمىدا مەلۇم كونكرېت ھەرىكەتكە بېرىلىش پوزىتسىيەسىنىلا

كۆرسىتىپ قالماستىن، تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىدە مەۋجۇتلۇق ئەھمىيىتىگە ئىگە بىر خىل مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ساددىلىقنى ئۆرپ ـ ئادەتلەر بىلەن بولغان بىر خىل تىركىشىش دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئۆرپ ـ ئادەتلەر كېيىن شەكىللەنگەن، غۇۋا ھەم مۇرەككەپ بولىدۇ، ئەمما ساددىلىق تۇغما، سۈزۈك بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئادەم ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىگە باشقىلارنىڭ ئارىلىشىشىنى خالىمايدۇ. مەسىلەن، ئادەم غۇرۇرىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ چىن دۇنيادا ياشىشىنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق. كىشىلەر ساددىلىق بىلەن ئادەمنىڭ ساددا ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى بىرىنچى مۇھىم مەزمۇن قىلىدۇ. ئۇلار ئادەمنىڭ ئەمەلىيەتتە ساددىلىق بىلەن ياشىشى كېرەكلىكىگە ساددىلىق بىلەن ئىشىنىدۇ. كىشىلەر مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ، ئىزدىنىدۇ، ھېسسىياتنى قەدىرلەيدۇ، سەنئەتنى سۆيىدۇ، ئەركىن سودا قىلىدۇ، ئەركىن ئېتىقاد قىلىدۇ، ئەركىن سۆزلىشىدۇ. كىشىلەر باشقىلارنىڭ تەبىئىتىنى ئوخشاشلا «ساددا» دېگەن ئېتىقادقا تايىنىپ بىرلىكتە ياشايدۇ. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ۋەھىمە يېيىشنىڭ ھاجىتى يوق.

ساددا تۇرمۇشىمىزغا قايتساق دۇنيا تېخىمۇ گۈزەللىشىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## سەككىزىنچى باب

# ھەر كۈنى بىردەم مۇۋەپپەقىيەت پەلسەپىسى ئوقۇيلى

*مۇۋەپپەقىيەت دېگىنىمىزدە ئاساسلىقى خىزمەت ۋە كىشىلەرنىڭ سىرتقا ئىنتىلگەن غەلىبىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت بىلەن بەخت ئادەمدىكى ئىككى قۇتۇپنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئادەم ھەم ھاياتنىڭ مەنىسىنى كۆزىتىپ، ئۆزىگە تەئەللۇق بەختنى ئىزدەشكە، ھەم سىرتقا ئىنتىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ.*

*سىرتقا ئىنتىلگەن مۇۋەپپەقىيەت رەقىبلەر بىلەن كۈچ سىنىشىش بولۇپ، بۇ خىل كۈچ سىنىشىش ئەقىل - پاراسەتكە تولغان بولىدۇ، شۇنداقلا بىلىمنىڭ ئۇنىڭغا قۇربى يەتمەيدۇ. خۇددى بۇ ئۇرۇشلاردا بەزىلەر لەشكىرىي دەستۇرلارنى سۇدەك يادقا ئوقۇپ بېرەلىسىمۇ، ئوخشاشلا مەغلۇپ بولغىنىغا ئوخشايدۇ. شۇڭا، مۇۋەپپەقىيەت ھاياتىي كۈچىنىڭ سىنىشىشى ياكى رىقابەتتىكى بىر خىل يېڭىپ چىقىش ھېسابلىنىدۇ.*

*مۇۋەپپەقىيەت پەلسەپىسى سىزگە كونكرېت يول كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ، بەلكى تىرىشىش يۆنىلىشىنى پەرقلەندۈرۈشىڭىزگە ئىمكانىيەت بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مۇۋەپپەقىيەت يولىدا مۇقىم ئەندىزە ۋە يول يوق، ۋەزىيەت ۋە پۇرسەتكە قاراپ ھەرىكەتلىنىدىغان دىتلا بار. بۇنىڭ نازۇك جايلىرىنى يەنە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئاستا - ئاستا تەسىرات* ئېلىشىغا ۋە بىلىشىگە توغرا كېلىدۇ.

# ۋەزىيەتنى پەم بىلەن تۇراقلاشتۇرۇش — مۇۋەپپەقىيەت رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقىش دېمەكتۇر

شاھماتقا ماھىرلار ئىستراتېگىيەنى كۆزلەيدۇ،
شاھماتقا ماھىر ئەمەسلەر ئۇرۇق يېيىشنى كۆزلەيدۇ.

— «شاھمات دەستۇرى»

ھاياتتىكى مۇۋەپپەقىيەت كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسىنى كۆزىتىشتە، بۇ كۆزىتىش ئادەمنىڭ ئۆزىگە يۈزلىنىشىگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ، ئۆزىنى بىلىش مۇكەممەل ھاياتقا ئېرىشىشنىڭ ئاچقۇچى. ھالبۇكى، ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش بولسا باشقىلار بىلەن بولغان رىقابەتكە باغلىق. مۇۋەپپەقىيەت — باشقىلار بىلەن بولغان رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بازار كەسپى خادىملىرىنى ئالساق، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۇلارنىڭ قانچىلىك بازار ئاچقانلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئۇ ۋە رىقابەتچىلىرىنىڭ بازارنى قانچىلىك ئىگىلىگەنلىكىگە باغلىق. بايلىق چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن كىمكى رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقسا شۇ ھەقىقىي غالىبىيەتچىدۇر.

بارلىق رىقابەتلەردە ئۇرۇش ئىزلىرى بولىدۇ. چۈنكى، رىقابەتتە ھامان ئادەم بىلەن ئادەم تالىشىدۇ، بۇنىڭدا ھۇجۇم قىلىش ۋە مۇداپىئەلىنىش ھىدى چىقىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، سوتتىكى مۇنازىرىدە ئەيىبلىگۈچى تەرەپ ھۇجۇم باشلايدۇ، ئاقلىغۇچى تەرەپ مۇداپىئەدە تۇرىدۇ؛ سودا ساھەسىدە، سودا مەيدانى جەڭگاھ دېمەكتۇر، دەيدىغان ئوخشىتىش بار. سودىگەرلەرنىڭ ئۇتۇشىدىكى ئاچقۇچ ئەڭ زور خېرىدارلار توپىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئەمەس، بەلكى رىقابەتچىلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۇلارنى بېسىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كارامىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىشتە. بىراق، قارشى تەرەپمۇ ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرىدىغان نان قېپىلادىن ئەمەس، ئۇلارمۇ سىزگە ئوخشاشلا جېنى، بىلىمى، تەجرىبىسى بار كىشىلەر. شۇڭا، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى تالىشىش ھاياتىي كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى تىركىشىش، سەن ئۇنى يەۋەتمەكچى بولساڭ ئۇنىڭ سېنى تېخىمۇ يەۋەتكۈسى كېلىدۇ؛ سەن مېڭەڭنى قاتۇرۇپ تۈرلۈك چارىلەرنى ئويلاپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلساڭ، ئۇمۇ پۈتۈن زېھنى ۋە بارلىق ئەقىل - پاراسىتى بىلەن بۇ چارىلىرىڭنى كاردىن چىقىرىدۇ.

دېمەك، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت بىر مەيدان ئېلىشىش ياكى ئىستراتېگىيەلىك تىركىشىش دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ خۇددى شاھمات ئويىنىغانغا ئوخشايدۇ. شاھمات ئويناش جەريانىدا ئىككىلا تەرەپنىڭ ئورۇقى ئوخشاش بولىدۇ. كۈچ جەھەتتىمۇ ئوخشاش تۇرىدۇ. غەلىبىگە ئېرىشىش سىزنىڭ بارلىق شاھمات ئورۇقلىرىنى قانداق قىلىپ ئىشقا سېلىپ، ئۆزىڭىزگە پايدىلىق ۋەزىيەت ۋە ھالەتنى شەكىللەندۈرۈشىڭىزگە باغلىق. ئەلۋەتتە، رېئال تۇرمۇشتا جەڭگە قاتناشقان ئىككى تەرەپنىڭ ئەمەلىي كۈچىدە مەلۇم پەرق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كۈچلۈك، بەزىلىرى ئاجىز بولىدۇ. بىراق، ئەمەلىي كۈچىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس. چۈنكى، ئۇرۇشتا ئاددىي ھالدا بىر - بىرى بىلەن ئۇدۇل تۇتۇشمايدۇ، بەلكى ئىستراتېگىيە بىلەن تاكتىكىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، تارىختا ئاجىزلار كۈچلۈكلەرنى يەڭگەن جەڭلەر بولمىغان بولاتتى. ھەربىي ئالىملارنىڭمۇ لەشكىرىي دەستۇرلارنى تەتقىق قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

«شاھمات تاختىسى» جۈڭگونىڭ ئالىي چارە - تەدبىر پاراسىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. چۈنكى، سېنىڭ رەقىبىڭ

«ئۆلۈك» ئەمەس، بەلكى ساغا ئوخشاشلا «جانلىق». شۇڭا، ئىستراتېگىيە بىلىم ئەمەس، بىلىم دۇچ كېلىدىغان ئوبيېكت «ئۆلۈك» بولىدۇ. سەن ئۇنىڭدىكى قانۇنىيەتنى بىلىۋالساڭلا ئۇنىڭغا بىراقلا تاقابىل تۇرالايسەن. ھالبۇكى، ئىستراتېگىيە پاراستنى دېگىنىمىز، ھاياتىي كۈچلەرنىڭ تىركىشىشى داۋامىدا غەلىبە قىلىش چارىسى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان تەپەككۇر جەريانى ۋە تەپەككۇر نەتىجىسى، ئۇنىڭ ئالدىدىكىسى «تەرتىپسىز، قائىدىسىز، ئالدىن پۈتۈم شەرتى بولمىغان ئىنسانلار رىقابىتى.»

شاھماتتا ماھىرلار ئىستراتېگىيەنى كۆزلەيدۇ، شاھماتتا ماھىر ئەمەسلەر ئۇرۇق يېيىشنى كۆزلەيدۇ. شاھمات جۇڭگودا كەشىپ قىلىنغان، ئۇنىڭغا جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى سىڭگەن. شاھمات ماھىرلىرى بىرەر ئۇرۇقنى بېرىش بەدىلىگە بىر تاختا شاھماتنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇرۇق يېيىشنى كۆزلەيدىغانلار بىرىنى دەپ بىرىدىن قۇرۇق قالىدۇ، سەللا بىخۇدلۇق قىلسا بىر تاختا شاھماتتا ئۇتتۇرۇۋېتىدۇ. «ئىستراتېگىيەنى كۆزلەش» دېگىنىمىز ــ ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرۈش، ئومۇملۇقنى ئىدارە قىلىش، پۇرسەتتىن ئوبدان پايدىلىنىش، يەنى «ئالتۇندەك غەلىبە»نى شەكىللەندۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ؛ «ئۇرۇق يېيىشنى كۆزلەيدىغانلار» دېگىنىمىز ــ نەزىرى قىسقا، ئىستراتېگىيەلىك مۇلاھىزىسى يېتەرسىز، «سېۋەتكە چىققىنىنىڭ ھەممىسى كۆكتات» دەپ قانائەتلىنىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

يىراقنى نەزەر تاشلايدىغان كىشىلەر ھامان «ئىستراتېگىيەنى كۆزلەش»كە ماھىر بولۇپ، «ئۇرۇق يېيىشنى كۆزلەش»كە سەل قارايدۇ، ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى قارايدۇ، نەتىجە قازىنىشقا ئالدىرىمايدۇ، كۆپ ھاللاردا كەلگۈسىنىڭ تەدبىرىنى كۆرىدۇ. شۇڭا، دانا شاھماتچىلار باشقىلار بىلەن تۇتۇشقاندا ھامان ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇپ، ۋەزىيەتنى كۆزلەپ، بىر تاختا شاھماتنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، ھۇجۇم ۋە مۇداپىئەدە لايىقىدا ئىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆرىدۇ، پەيتىنى تېپىپ چېكىنىدۇ، ئىلگىرىلەيدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ غەلىبىسى تايىن تاپىدۇ. ئەگەر ئۇرۇق يېيىشنىلا كۆزلىسەك، بىر مەھەل ئۇرۇق يېيىش بىلەن كۆڭلىمىز خۇش بولىسىمۇ، بىراق چوڭ ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشكە سەل قارىغانلىقىمىز ئۈچۈن، دەسلەپتە ئانچە ـ مۇنچە پايدا ئالغىنىمىز بىلەن ئاخىرىدا كونا قائىدىلەرگە ئېسىلىۋالغانلىق تۈپەيلىدىن كەلگۈسىنى نابۇت قىلىمىز.

مەشھۇر شاھمات پىرى يۇ يۇخۋا مۇنداق دېگەنىدى: «شاھمات ئويناپ غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئىككىلا چارە بار، بىرى قارشى تەرەپنى مات قىلىش، ئىككىنچىسى قارشى تەرەپنىڭ ئۇرۇقىنىڭ ھەممىسىنى يەۋېتىش.» مۇنداقلا ئاڭلىماققا بۇ قۇرۇق گەپتەك، ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقتەك بىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاددىي ئىككى جۈملە سۆز شاھمات تاختىسىدىكى ئويۇن جەريانىنىڭ بارلىق سىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شۇنداقلا ئۇرۇشتىكى ئەڭ ئاچقۇچلۇق سۆز ئىستراتېگىيە بىلەن تاكتىكىنى چوڭقۇر شەرھلەپ بەرگەن. رېئال تۇرمۇشتا ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىستراتېگىيەچىلەر. بۈگۈنكىدەك چاقماق تېزلىكىدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان رىقابەت مۇھىتىدا، ئىستراتېگىيە ئارقىلىق ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ئىقتىدارى تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە يۈزلىنىشى توغرىسىدا ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە نەزەر ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىڭىز كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىڭىزنىڭ داغدۇغا پەيدا قىلىش شەرتى ۋە ئەمەلىي كۈچىنى ھازىرلىغان ـ ھازىرلىمىغانلىقىڭىز توغرىسىدا سەگەك تونۇش ۋە مۇكەممەل مۇلاھىزىگە ئىگە بولۇشىڭىز كېرەك. ھەر قانداق نۇقسانسىز رىقابەت ئىستراتېگىيەسى ئوبدان ئىجرا قىلىنمىسا، ئەڭ ئاخىرىدا بىر تىيىنغا ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ؛ ئەمما، ئەسلىدىنلا خاتالىق پەرقى بار رىقابەت ئىستراتېگىيەسىنى

ھەر قانچە كۈچ سەرپ قىلىسىڭىزمۇ، ئىجرا قىلىش جەريانىدا ئېۋەن سادىر قىلمىسىڭىزمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا مەغلۇبىيەتلىك ئاقىۋەتتىن خالىي بولالمايسىز. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شاھماتتا ماھىرلار ئىستراتېگىيەنى كۆزلەيدۇ، شاھماتتا ماھىر ئەمەسلەر ئۇرۇق يېيىشنى كۆزلەيدۇ.

مەلۇم بىر مۇخبىر جاڭ رۇيمىندىن: «سىزنىڭچە خەيئېرنىڭ ئەڭ زور تەجرىبىسى نېمە؟ خەيئېرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى باشقىلار كىلونلىيالامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «ئەگەر سەن بۇ تەجرىبىنى قايتا بىر قېتىم نۇسخىلايدىغان بولساڭ، ئۇنداقتا جەزمەن ھېچقانداق ئۇنۇمى بولمايدۇ، ھەتتا ئۆزىمىزمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەردىن ۋاز كېچىپ، تېخىمۇ ياخشى ئۇسۇللار ئۇستىدە ئىزدىنىمىز، مېنىڭچە، خەيئېرنىڭ تەجرىبىسى بار دېسەك، ئۇ تاشقى بازارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۇزۇكسىز ئۆزگەردى. سۇنزى ‹يېڭىلمەس قوشۇن بولماس، شەكلى تۇراقلىق سۇ بولماس› دېگەنىدى. سىرتتا ھەر كۈنى ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، سەن مۇشۇ ئۆزگىرىشلەرگە يېتىشىپ مېڭىشىڭ، ھەتتا ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئالدىدا مېڭىشىڭ كېرەك، ئۆزگىرىش ئارقىلىق ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرۇشۇڭ كېرەك، ئەمەلىيەتتە بەزى نەرسىلەرنى بىرنەچچە بەت قەغەز بىلەنلا بايان قىلىپ بەرگىلى بولىدۇ، ئەمما ئىشلەش باشقا بىر گەپ.»

«يېڭىلمەس قوشۇن بولماس، تۇراقلىق سۇ بولماس»نى كارخانا تىجارىتىگە تەتبىقلىغاندا، كارخانىلارنىڭ رىقابەتچىسىدىن بالدۇر بازاردىكى مۇمكىنچىلىكى بولغان ئۆزگىرىش يۆنىلىشىنى كۆزىتىشى كېرەكلىكى ھەمدە مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان جانلىق ھەرىكەتلەرنى قوللىنىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرغىلى بولىدۇ.

شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئىلگىرى ساھەلەردە ئالدىنقى

ئورۇنني ئىگىلەپ كەلگەن نۇرغۇن كارخانىلار بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن رىقابەت مۇھىتىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ بېشارىتىگە سەل قارىغانلىقى ياكى ئۇنى خاتا چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىدىكى رىقابەت ئۈستۈنلۈكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان؛ يەنە بەزى كارخانىلار ئۆزگەرمەس كارخانا ئىستراتېگىيەسىنى قوللانغانلىقى ياكى ئىستراتېگىيەگە تۇرغۇن قاراش ئارقىلىق مۇئامىلە قىلغانلىقى ئۈچۈن كارخانىنىڭ بىر مەھەللىك ئۈستۈنلۈكىنى ئۇزاق مۇددەتلىك ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرالماي، ئەڭ ئاخىرىدا مەغلۇپ بولۇشتىن خالىي بولالمىغان.

ھاياتمۇ شاھماتقا ئوخشايدۇ، بىر قارارىدىكى خاتالىق، بىر ھالقىدىكى سەۋەنلىك ئوخشاشلا پۈتكۈل پىلاننى مەغلۇپ قىلىدۇ. شاھماتقا قاراپ ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراستى، خاراكتېرى ۋە تەربىيەلىنىشىنى بىلگىلى بولىدۇ. ھەقىقىي ماھىرلار سالماقراق ماڭىدۇ، يېڭىش - يېڭىلىشكە كەڭ قورساق بولىدۇ، ئۇرۇشخۇمارلىق قىلمايدۇ، كەمتەر بولىدۇ، قارشى تەرەپنىڭ يېڭىلىشىغا يول قويىدۇ، ۋەزىيەتتىن ئۆزىنى سىرتتا قويۇپ قارشى تەرەپنى ماختاشقا، قارشى تەرەپكە تەلىم بېرىشكە جۈرئەت قىلالايدۇ.

ماھىرلارمۇ شاھمات رىسالىسى ئوقۇيدۇ، بىراق ئەمەلىي جەڭدىكى چېنىقىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ، تەجرىبە ۋە ساۋاققا ئېرىشىشكە تېخىمۇ ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. ھاياتمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ھاياتتىكى جاۋابلار، قايسى يولدا مېڭىش، قانداق مېڭىش توغرىسىدىكى يەكۈنلەر كىتاب ئىچىدە ئەمەس، بەلكى كىتاب سىرتىدا بولىدۇ.

ھايات ئەندىزىڭىز ۋە لايىھەڭىزنى لايىھەلەپ بېرىدىغان كىتاب مەڭگۈ تېپىلمايدۇ. مۇھىمى، ئۆزىڭىزگە تايىنىپ مېڭىشىڭىز، تىرىشچانلىقىڭىزغا تايىنىپ ئوقۇپ چۈشىنىش ئەڭ قىيىن بولغان ئاشۇ خېتى يوق كىتابنى ئوقۇپ چۈشىنىشىڭىز كېرەك.

# قاتمال بولماسلىق — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مۇقىم ئەندىزىسى يوق

پۇل بەرگەندىن ھۈنەر ئۆگەتكەن ئەلا.
— «تويىنىزم قەسىدىلىرى»

مىلىڭ سۇلالىسىدىكى فېڭ مېڭلۇڭ «ئەقىل كۆرسەتكۈچى» دېگەن ئەسەردە مۇنداق دېگەنىدى: «ئەقىل - پاراسەتنىڭ مۇقىم ئەندىزىسى يوق، ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلاشقانلار دانادۇر، شۇڭا ھەرقانداق نادانمۇ بىرەر قېتىم يېڭىدۇ، ھەرقانداق ئاقىلمۇ بىرەر قېتىم يېڭىلىدۇ. دانا كىشىلەر ئىشلارنى بىمالال بىر تەرەپ قىلىدۇ، بىقارار بولۇپ تۇرمايدۇ، باشقىلار ئەھمىيەتسىز نەرسىلەرنى ئالسا ئۇ ئەھمىيەتلىكلىرىنى تاللايدۇ؛ باشقىلار يېقىننى كۆرسە ئۇ يىراقنى كۆزلەيدۇ؛ باشقىلار ئىشلىگەنچە قالايمىقانلاشتۇرسا، ئۇ دەم ئېلىپ دەرمان توپلايدۇ؛ باشقىلار ئامالسىز قالسا ئۇنىڭدا چارە - تەدبىر ئېشىپ تۇرىدۇ. مانا شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن قىيىن ئىشلار ئۇنىڭغا يولۇقسا ئاسانلىشىدۇ، چوڭ ئىشلار ئۇنىڭغا يولۇقسا كىچىكلەيدۇ. ئۇ ئىشلارنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدۇ؛ ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى باشقىلارنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىدۇ.»

مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مۇقىم ئەندىزىسى يوق، ئەقىل - پاراسەتمۇ مۇقىم شەكىلگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئەگەر مۇۋەپپەقىيەت يولىدا «نىجاتلىق شىپى»غا ياكى «ھەممىگە قادىر ئاچقۇچ»قا ئېرىشىمەن دېسەڭ، جەزمەن تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىسىز. چۈنكى، ۋەزىيەت ھەر سائەت، ھەر مىنۇت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، تاللىشىڭىز ۋە ھەرىكىتىڭىزنىمۇ مۇناسىپ تەڭشىشىڭىز كېرەك. تارىختىكى ۋەقەلەر، ھازىرقى زامان سودا مەيدانلىرىدا كارامەت كۆرسىتىۋاتقانلار ئەزەلدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نورمال قائىدە بويىچە ئىش قىلغان ئەمەس. سىز ھەم ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى مەڭگۈ چۈشىنەلمەيسىز، چۈنكى ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت يولىدا تايىنىدىغان تەييار قائىدە يوقلۇقىنى، تەقلىد قىلىدىغان مۇقىم ئەندىزە يوقلۇقىنى، ئۆزى تۇرۇۋاتقان ۋەزىيەتكە توغرا ھۆكۈم قىلغاندىلا ھەمدە ۋەزىيەتتىن پۇراۋاتقان ھىدنى سەزگۈرلۈك بىلەن پۇرىغاندىلا توغرا تاللاش ۋە ھەرىكەتنىڭ بىردىنبىر ئاساسىغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر بىلىدۇ.

بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ رىقابىتى ئەقىل ـ پاراسەتكە موھتاج بولىدۇ. رەقىبىڭىز بىلەن تۇتۇشقاندا نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا سەزگۈر تونۇشقا ئىگە بولغىنىڭىزدىلا يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايسىز. «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»دە سۇن چۈەن بىلەن پاڭ تۇڭنىڭ ناھايىتى قىزىقارلىق مۇنداق بىر دىيالوگى بار. سۇن چۈەن پاڭ تۇڭدىن:

— ئۆگەنگەنلىرىڭىز ئىچىدە قايسىسى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

— ھەممىنى ئۆگەندىم، ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇشنى ئۆگەندىم، — دەيدۇ پاڭ تۇڭ.

— ئىلىم ـ ئىستىبداتلىرىنى جۇ يۈي بىلەن سېلىشتۇرغاندا قانداقراق؟ — دەپ سورايدۇ سۇن چۈەن.

— مېنىڭ ئۆگەنگەنلىرىم جۇ يۈينىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ لەشكىرىي دەستۇردىن باشقىنى بىلمەيدۇ، مەن شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرىمەن، پەرق مۇشۇنىڭدىنلا كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ؟ — دەيدۇ پاڭ تۇڭ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن پاڭ تۇڭ ياتقان ئەجدىھا، چۈجە سۇمۇرغ بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرالايدۇ، ئەمما جۇ يۈي ئۇلارغا يېتەلمەيدۇ. ئومۇمەن، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار بۇنىڭدىكى سىرنى چوڭقۇر ھېس قىلالىسا كېرەك.

مۇنداق بىر ھېكايە بار: ئاXX مەلۇم بىر كوچىدا كىيىم

دۆكىنى ئېچىپتۇ، بىرنەچچە يىل ئىچىدە سودىسى خېلى روناق تېپىپتۇ. ئۇنىڭ قوشنىلىرى كوچىنى ياسايدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقىتىپتۇ. ئاxx: يول ياسالسا ھەممە جايىنى توپا ـ چاڭ باسىدۇ، يولدا مېڭىشمۇ قىيىنغا توختايدۇ، سودا چوقۇم ياخشى بولمايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دۇكاننى ئۆتۈنۈپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېلان چىقىرىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا ب xx كېلىپ ئاxx نىڭ كىيىم دۇكىنىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئاxx ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ئالدىرىغانلىقى ئۈچۈن باھانىمۇ يۇقىرى قويماپتۇ. ب xx نىڭ دۇكاننى ئېلىش ئويى بار بولغاچقا، باھاغا قوشۇلۇپتۇ، ئىككىسى كېلىشىپ ناھايىتى تېزلا پۈتۈشۈپتۇ. ئاxx پۇلنى ئېلىپ يەنە بىر كوچىغا كىيىم دۇكىنى ئېچىپتۇ، ئوقىتىمۇ خېلى روناق تېپىپ قاپتۇ. ب xx كىيىم دۇكىنىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشىغىلا يول ياساش باشلىنىپتۇ؛ بىراق ب xx بۇنىڭدىن غەم قىلماپتۇ، ئۇ دۇكاننى ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئىلگىرى ھەممىنى ئېنىق سۈرۈشتۈرۈپ، بۇ بۆلەك يولنىڭ ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، بۇ يولدىن ئۆتىدىغانلار ئىنتايىن كۆپ، يول ياسىمىغان چاغلاردا پىيادىلەرنىڭ ھەممىسى تاشيولدا ماڭاتتى، ھازىر يول ياسىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن تاشيولدا ئادەم ماڭالمايدۇ، پىيادىلەرنىڭ ھەممىسى دۇكىنىمنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدۇ، قولايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلەر دۇكىنىمغا كىرىدۇ، دەپ قاراپتۇ. نەتىجىدە ب xx نىڭ سودىسى يول ياساشتىن ئىلگىرىكى ئا xx نىڭ سودىسىدىنمۇ ياخشى بوپتۇ. كېيىن يول پۈتۈپتۇ، ب xx يول ياساش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن خېرىدارغا ئىگە بوپتۇ، سودىسى تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپتۇ.

ئەمەلىيەتتە، سودا ياكى ھاياتتا بولسۇن ئوخشاشلا مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مۇقىم ئەندىزىسى يوق.

توماس جېففېرسون ئامېرىكىنىڭ ئۈچىنچى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى. ئۇ نەۋرىسىگە قىلغان نەسىھەتىدە مۇنداق 10 تۈرمۇش

پىرىنسىپىنى تىلغا ئالغانىدى:
1. بۇگۇن قىلغىلى بولىدىغان ئىشنى ھەرگىز ئەتىگە قالدۇرما.
2. ئۆزۈڭ قىلالايدىغان ئىشلاردا ھەرگىز باشقىلارنى ئاۋارە قىلما.
3. تېخى قولۇڭغا كەلمىگەن پۇلنى ھەرگىز خەجلىمە.
4. پايدىنى كۆزلەپ ئۆزۈڭ ئېھتىياجلىق بولمىغان نەرسىلەرنى ھەرگىز سېتىۋالما.
5. مەغرۇرلانما، مەغرۇرلۇق ئاچلىق ۋە سوغۇقتىنمۇ زىيانلىق.
6. ئاچ كۆزلۈك قىلما، بەك ئاز يېيىش ئادەمنى پۇشايمانغا قالدۇرمايدۇ.
7. زورمۇزور ئىش قىلما، ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن ئىش قىلغاندىلا ئىشنى ياخشى قىلالايسەن.
8. يۈز بېرىشى مۇمكىن بولمىغان ئىشلار تۈپەيلىدىن ئۆزۈڭگە باش ئاغرىقى تېپىۋالما.
9. ئومۇمەن ئىشلاردا شەكىل ۋە ئۇسۇلغا دىققەت قىلغىن.
10. ئاچچىقىڭ كەلگەندە 10 غىچە ساناپ ئاندىن گەپ قىلغىن، خاپىلىقىڭ يەنىلا قايتمىسا 100 گىچە سانىغىن.
جون دېنۋېر ئامېرىكىدىكى مەشھۇر پايچى ۋاستىچىسى، شۇنداقلا مەشھۇر مىلياردېر. ئۇ مۇخبىرلار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق مۇنازىرىدە يۇقىرىقى 10 مەسىلە توغرىسىدا ئۆزىنىڭ قارىشىنى سۆزلىگەنىدى. بىز بۇ روشەن سېلىشتۇرمىدىن بىر سىياسىيون بىلەن سودىگەردىكى ئوخشىماسلىقلارنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنىڭ قارىشى مۇنداق:
1. بۇگۇن قىلغىلى بولىدىغان ئىشنى ئەتىگە قالدۇرساڭ ناھايىتى قىزىقارلىق نەتىجىلەرنى بايقىشىڭ مۇمكىن، بولۇپمۇ پاي چېكى سودىسى قىلغاندا تېخىمۇ شۇنداق.
2. باشقىلار قىلالايدىغان ئىشلارنى مەن ھەرگىز قول سېلىپ

قىلمايمەن. چۈنكى، شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، باشقىلار قىلالمىغان ئىشلارلا مېنىڭ قىلىشىمغا ئەرزىيدۇ.

3. ئەگەر باشقىلارنىڭ پۇلىنى خەجلەش ئارقىلىق ئۆزىگە پۇل تاپقىلى بولسا مەن ھەرگىز يانچۇقۇمدىن بىر سىنتىمۇ چىقارمايمەن.

4. مەن تاۋارلارنىڭ باھاسى چۈشۈرۈلگەندە بۇ نەرسىلەرنى ھازىر ئىشلەتمىگەن تەقدىردىمۇ كۆپلەپ سېتىۋالىمەن، ئۇلارنى ئىشلىتىدىغان ۋاقىت بولىدۇ، بۇ مۆلچەرلەش ئىقتىدارىغا باغلىق. بۇ خۇددى پاي چېكىنىڭ باھاسى چۈشكەندە سېتىۋالغىنىمغا ئوخشايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا مۆلچەرلەش ئىقتىدارى كېرەك.

5. نۇرغۇن كىشىلەر مېنى مەنمەنچى، كۆرەڭ ئادەم دەيدۇ. بۇنىڭ نەرى خاتا. ئاتا ـ ئانام، دوستلىرىم مەندىن ئېچىنخارلىنىدۇ، مەن ئۆزۈمدىن مەغرۇرلانمىغۇدەك بىرەر سەۋەب بارلىقىنى بىلمىدىم، مەن ناھايىتى ياخشى ئىشلىدىم، مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم.

6. مەن ئەزەلدىن يېمەكلىكنى ئازايتىشقا ئوخشاش بىمەنە تېمىلارنىڭ مۇنازىرە قىلغۇچىلىكى يوق، دەپ قارايمەن. ئوزۇق ـ لۇقشۇناسلىرىمىزنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ نازۇنېمەت ـ لەرنى ياقتۇرىدىغان قىياپەتكە كىرىۋالىمەن، ئەمەلىيەتتە مەن ھەقىقەتەنمۇ ئېسىل غىزالارنى ياقتۇرىمەن. ئىشىنىمەنكى، كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ماڭا ئوخشاش قىزىقىشى بار.

7. مەن دائىم ئۆزۈم ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولىمەن، بىزنىڭ بۇ دۇنيادا تامامەن ئۆزىمىزنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىشىمىزغا ئامالىمىز يوق. بۇ مېنىڭ غايەم مۇزىكانت بولۇش بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا پايچى ۋاستىچىسى بولۇپ قالغىنىمغا ئوخشاش.

8. مەن دائىم ئاپەتنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەيمەن، ئۇ ئاپەتنىڭ يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى باشقىلارنىڭ قارىشىچە

نۆل بولغان تەقدىردىمۇ شۇنداق. دەل مېنىڭ مۇشۇ خىل تەبئىي ئىقتىدارىم نەتىجىسىدە شىركىتىم ئامېرىكا تارىخىدىكى پۇل مۇئامىلە كىرىزىسلىرىدىن ساق قالدى.

9. مەن نىشان بېكىتىلگەنىكەن ھەرقانچە بەدەل كەتسىمۇ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، دەپ قارايمەن. ۋاستىگە كەلسەك، ھازىرقى دەۋردە ھەممىلا ئادەم نەتىجىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ۋاستە بىلەن كىمنىڭ چاتىقى؟

10. مەن ئەزەلدىن شەخسىي قىزىقىشىمنى، شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ بىر ئادەم توغرىسىدىكى قارىشىمنى يوشۇرمايمەن، خاپا بولغان چاغلىرىمدا تېخىمۇ شۇنداق، مەن ۋارقىراپ - جارقىراش ئارقىلىق ئىچىمنى بوشىتىمەن.

ئوخشاش بولمىغان ساھە، ئوخشاش بولمىغان ئادەمنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش شەكلى ۋە ئادەم بولۇش پىرىنسىپى بولىدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتساق، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مۇقىم ئەندىزىسى يوق، ھە دەپ باشقىلارنى دوراش ئارقىلىق كاتتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، بىز جەزمەن ئەقىلگە مۇۋاپىق ھەرىكەت شەكلى ئارقىلىق ئۆزىمىزگە تەئەللۇق مۇۋەپپەقىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز كېرەك.

لۇشۈن ئەپەندى مۇنداق دېگەنىدى: «دۇنيادا ئەسلىي يول يوق ئىدى، ماڭىدىغانلار كۆپەيگەندىن كېيىن يول پەيدا بولدى»، بىراق يول پەيدا بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر يولنىڭ قولايلىقى تۈپەيلىدىن، ئالدىنقىلار ئاچقان مۇشۇ يولغا ئادەتلىنىپ كەتتى، بۇ يول مۇشۇ ئەتراپتىكى بىردىنبىر يول بولۇپ قالغاندا، ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق بولدى، كىشىلەر يول ئادەمنىڭ يۈنىلىشىنى بېكىتتى، دەپ خاتا چۈشىنىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، تاللاش ھوقۇقى يەنىلا بىزنىڭ قولىمىزدا، بىز ھەم ئالدىنقىلارنىڭ يولىدا ماڭسىقىمۇ، ھەم باشقا يول تاللىساقمۇ بولىدۇ. ئۇنتۇپ قالمايلى، دۇنيادا ئەسلىدىلا يول يوق، پەقەت بىز بارىدىغان مەنزىللا بار.

ھەقىقىي ئەقىل ـ پاراسەت سىزنىڭ ئىلگىرىلەش يولىڭىزدا سىزگە قول پۇلاڭشىتمايدۇ، ئۇ سىزگە پەقەت تۈنىدە يۈرگۈچىلەرنىڭ ئۆزىنى قانداق قوراللاندۇرۇشنىلا ئېيتىپ بېرىدۇ.

## ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇش— ھەقىقىي ماھىر پىلاننى ئۆزگەرتىشكە ماھىر بولىدۇ

قائىدە ۋە ئىنتىزامغا جەزمەن رىئايە
قىلىش كېرەك، بىراق بۇ سىزنىڭ كونا
قائىدىلەرگە ئېسىلىۋېلىشىڭىزنىڭ باھانىسى
بولۇپ قالماسلىقى لازىم.
— Compass گۇرۇھىنىڭ لىدىرى
جون كېررىي سلوف

زورمۇزور ئىشلەنگەن ئىشنىڭ نەتىجىسى مەغلۇبىيەت بولۇشى مۇمكىن، بىراق چىڭ تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمىگەندىمۇ مەھرۇم قېلىشتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. مەلۇم نەرسىنى تۇتۇۋالغىنىڭىزدا ئۇنىڭدىن مەھرۇم قېلىشىڭىز مۇمكىن، ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالمايمەن دەيدىكەنسىز ئىشنى زورمۇزور قىلماسلىقىڭىز كېرەك؛ باشتىن ـ ئاخىر تۇتۇپ تۇرىمەن دېسىڭىز، شەخسىي ھەۋەستىن كېچىپ، تەمەسىزلىق مەنزىلىگە يېتىشىڭىز كېرەك. بەلگىلەنگەن نىشان ئۈچۈن يولدا تېپىرلاپ يۈرسىڭىز يول بويىدىكى مەنزىرىلەردىن قۇرۇق قېلىشىڭىز مۇمكىن، ھەتتا ئاخىرىغا بارغاندا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ داڭ قېتىپ قېلىپ، دەريا بويىدىكى ئالما دەرىخىنى كۆرمەي قېلىشىڭىز مۇمكىن.

قەدىمكى زاماندا قوشۇنلار ئۇرۇشقا ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن قوشۇننى رەتلەپ، يېنىك قوراللىنىپ جەڭگە ئاتلىناتتىكەن. يېغىلىق ئۇزاق يىل داۋاملاشسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوشۇندىكىلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك بوپىلىرى بولماي قالمايدۇ، ئەگەر بۇ بوپىلارنى تاشلىۋەتمىسەك قوشۇن ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ، ھەتتا قوشۇن غەلىبە قىلالمايلا قالماستىن، تارمار بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئىلگىرى مەلۇم شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى كې يىنلۇدىن كۆپ ساندىكى ئادەملەرگە باب كېلىدىغان 10 مىنۇتلۇق بېسىم يېنىكلىتىش مەشىق تۈرىنى لايىھەلىگىلى بولامدۇ، يوق؟ دەپ سورىغانىدى. كې يىنلۇ سەل تۇرۇۋېلىپ، تۆۋەندىكى تىزىملىكنى تىزىپ بەردى:

ئۆيىڭىزدە نەچچە يۈز مىڭ يۈەن نەق پۇل بولسا ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىدىن تەشۋىشلىنەمسىز؟ ئەلۋەتتە. ئۇنداقتا ئۇنى بانكىغا ئامانەتكە قويۇڭ.

كالىڭىزدا بىرنەچچە مۇھىم ئۇچرىشىش، ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدىغان بىرنەچچە تېلېفون بولسا، بۇلارنى ئۇنتۇپ قېلىش تۈپەيلىدىن تەشۋىشلىنەمسىز؟ شۇنداق. سىز بۇلارنى خاتىرە دەپتىرىڭىزگە يېزىپ ساقلاڭ.

تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن زۆرۈرىيەتسىز يۈكلەرنى تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بويىچە بىر تەرەپ قىلسىڭىز بولىدۇ:

پۇلنى بانكىغا قويۇڭ. ئۇنتۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدىغان ئىشلىرىڭىزنى خاتىرە قالدۇرۇڭ.

ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرنى قول ئاستىڭىزدىكى مەسئۇللارغا تاپشۇرۇڭ.

مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان كەلگۈسىنى تەقدىرگە تاپشۇرۇڭ.

بۈگۈن ھەل قىلغىلى بولمىغان مەسىلىنى ئەتىگە تاپشۇرۇڭ.

خاپىلىقنى ئۆزلۈكىدىن بارلىققا كېلىپ، ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدىغان كەيپىيات قانۇنىيىتىگە تاپشۇرۇڭ.

كۆتۈرۈپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق يۈكنى زېمىنغا تاپشۇرۇڭ.

بالىنىڭ يېتىلىشىنى بەلگىلىك دەرىجىدە بالىنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇڭ.

زىيادە ئەنسىرەشلەرنى ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدىغان ۋاقىتقا تاپشۇرۇڭ.

چىدىغۇسىز ئىچكى ئازابلارنى سىرداش دوستىڭىزغا تاپشۇرۇڭ.

ئاشقىڭىزنىڭ سادىقلىق توغرىسىدىكى ۋەدىسىنى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇڭ.

ئۆزىڭىزنىڭ نەتىجىلىرىنى باشقىلارنىڭ خالىغانچە باھالىشىغا تاپشۇرۇڭ.

كەلگۈسى توغرىسىدىكى تەشۋىشلىرىڭىزنى كەلگۈسىگە تاپشۇرۇڭ.

سەپەر ھاردۇقىنى مۇنچىغا تاپشۇرۇڭ.

جىسمانىي، روھىي ھارغىنلىقىڭىزنى خالىغىنىڭىزنى قىلىدىغان ئارامغا تاپشۇرۇڭ.

سۆيگۈنىدىن ئايرىلىش ئازابىنى تەبىئىي سۇسلىشىش ۋە ئۇنتۇشقا تاپشۇرۇڭ.

ئەتىكى ھوسۇلنى بۈگۈنكى مېھنەت ۋە كىلىماتقا تاپشۇرۇڭ.

ئۆزىڭىزنى يالىڭاچلاپ تەبىئەتكە تاپشۇرۇڭ.

كې يىنلۇ بۇ يەردە ئەمەلىيەتتە بىزگە مەيلى تۇرمۇش ياكى خىزمەتتە بولسۇن ھېچقانداق قائىدە ۋە تايىنىدىغان فورمۇلا يوق، قائىدە ۋە تەرتىپتىنمۇ مۇھىمى «قانائەتچان» قەلب، ئۆزىمىز ئۈچۈن بەلگىلەنگەن شەكىل ۋە قائىدىلەرنى بېكىتكەن ھامان ئۆزىمىزگە شەكىلسىز كىشەن سالغان بولۇپ قالىمىز، دېگەننى ئۇقتۇرماقچى.

ئىلگىرىلەش ۋە چېكىنىش ھاياتتىكى تاكتىكا، ھۇجۇم ۋە مۇداپىئە ھاياتتىكى ئۇرۇش ھالىتى. بۇنىڭدا ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئىستراتېگىيە تاكتىكىدىن ئايرىلالمايدۇ، تاكتىكىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىستراتېگىيەدىن ئايرىلالمايدۇ. خۇددى شاھمات ئويۇنىغا ئوخشاش ھۇجۇم ئۇسۇلىڭىز ئۆزۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، چۈنكى رەقىبىڭىز سىزنىڭ تاكتىكىڭىزنىڭ قورشاپ يوقىتىشىغا قارشى چىقىشى مۇمكىن. ئەگەر بەلگىلەنگەن ئىستراتېگىيە ئۆزىنىڭ ھەرقايسى تەرەپتىكى كۈچلىرىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىسىز بولۇپ، زۆرۈر تاكتىكا شەكىللەندۈرۈشكە ئامال بولمىغاندا جەزمەن تەدبىرنى ئۆزگەرتىش كېرەك.

قۇرۇلما فۇنكسىيەگە بويسۇنغىنىغا ئوخشاش، ئىستراتېگىيەمۇ تاكتىكىغا بويسۇنۇشى لازىم. دېمەك، ئىستراتېگىيەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى بارلىق «شاھمات ئۇرۇقلىرى»نى جانلاندۇرۇش، ھەرگىزمۇ ئاشۇ جايدا تىقىلىپ قېلىپ، رولىنى جارى قىلدۇرالماسلىق ئەمەس. ئەگەر ئىستراتېگىيەڭىز تاكتىكىنىڭ نەتىجىسىگە مەنپەئەت بېرەلمىسە، ئۇنداقتا بۇ خىل ئىستراتېگىيە ھەرقانچە گۈزەل، مۇكەممەل ئوبرازغا ئىگە بولسىمۇ، خاتا بولىدۇ. ئىستراتېگىيەنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئەمەس، بەلكى تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ تۈزۈش كېرەك. گېنېرال جەڭ مەيدانىدا يۈز بەرگەن ھەممە ئىشلار بىلەن چوڭقۇرلاپ تونۇشقاندىلا، ئۇنۇملۇك ئىستراتېگىيە تۈزۈشتە پايدىلىق ئورۇندا تۇرالايدۇ. ئىستراتېگىيە چىرىشتىن ساقلىنىش دورىسى سۈرۈلگەن مائارىپ تەربىيەسىدىن كەلمەيدۇ، بەلكى شۇ مەيدان مۇسابىقىنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولىدۇ.

ئومۇمەن، نەتىجە قازانغان كىشىلەرنىڭ ئىنچىكە پىلانى يوق، ئۇلار كۆپ ھاللاردا مەلۇم تاسادىپىي ۋەقە تۈپەيلىدىن يەنە بىر ھاياتلىق نىشانى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. مىلياردېر پېرروت ئېلېكترونلۇق ماتېرىيال سىستېمىسى شىركىتىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى، شۇنداقلا 1992 ـ يىلى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى سايلىمىدىكى مۇھىم نامزاتلارنىڭ بىرى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى ياكى مەغلۇپ بولغانلىقىغا قاراشتا ئۇنىڭ توساتتىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى

قانداق بىر تەرەپ قىلىشىشقا قاراش كېرەك.» پېرروت مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان ئىشلارنىڭ كۆپىنچە ئەڭ كاتتا پۇرسەت ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنەتتى، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك هاياتى بۇنىڭ جانلىق دەلىلى ئىدى. پېرروت ئەسلىدە IBM نىڭ كومپيۇتېر مۇلازىمەتچىسى بولۇپ، ئېلېكترونلۇق ماتېرىيال سىستېمىسى شىركىتىنى ئاچقاندا ئىشلەتكەن 1000 دوللارمۇ خانىمىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان يىغقان پۇلى ئىدى. ئېلېكترونلۇق ماتېرىيال سىستېمىسى شىركىتى دەسلەپتە چوڭ تىپتىكى نىمكەش كومپيۇتېر ۋاستىچىلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، قىممەت كومپيۇتېر ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋالالمايدىغان شىركەتلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى هەل قىلىپ بېرەتتى. هالبۇكى، 22 يىلدىن كېيىنكى بىر كۈنى پېرروت 2 مىليارد 500 مىليون دوللارلىق باها بىلەن ئەينى چاغدا هېچقانداق كۆزگە چېلىقمىغان ئېلېكترونلۇق ماتېرىيال سىستېمىسى شىركىتىنى ئامىباب ئاپتوموبىل شىركىتىگە سېتىپ بەردى. پېرروت مۇنداق دەيدۇ: «ئۆتمۈشنى ئەسلىسەم قانچىلىك ئىشىم قىلچە ئېغىشماي پىلان بويىچە ئىشلەپ ۋۇجۇدقا چىققاندۇ؟ ئەگەر پىلاننىڭ 25%ى شۇنداق بولغان بولسا ئىنتايىن تەلەيلىك هېسابلىنىمەن».

ۋىلىيام ئىننوما شىركىتى ئامېرىكىدىكى ئائىلە بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت، ئۇنىڭ ئاساسچىسى سان فىرانسىسكو قولتۇق رايونىدىكى پارچە سېتىش نۇقتىلىرىدىكى بازارنى توغرا كۆزلىگەنلىكى سەۋەبىدىن زور پايدىغا ئېرىشكەن؛ ۋېندىي شىركىتىنىڭ ئاساسچىسى داۋىد تامسون ئىلگىرى ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى مەشهۇر تېز يېمەكلىك كارخانىسىنىڭ غوجايىنى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان؛ دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بۇلۇك تاپاۋەت بېجى ئەلتىماس قىلىش مۇلازىمىتى شىركىتىدىكى بۇلوك ئاكا ـ ئۇكىلار دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى باهاسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نيۇ يورك پاي چېكى بازىرىدا 1 مىليارد دوللارغا يارايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. بۇ كارخانىچىلار پۇرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر بولغانلىقى ئۈچۈن باشقىلار قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلالىدى. پىلان ئۆزگىرىشكە يېتىشىپ ماڭالمايدۇ، ھەقىقىي ماھىر ئالدىن مۆلچەرلىمەيدۇ. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ قائىدىسى ۋە پىلانى بولىدۇ، بىراق ئۇلار ھەرگىزمۇ بۇنداق قاتمال نەرسىلەر بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغانلىقىنى، ھەرقانداق پىلاننىڭ ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنى كومپيۇتېرغا ئوخشاش ئېنىق ھېسابلاپ چىقىپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى، بىردىنبىر ئۇسۇل ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇش ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.

## يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ — باتۇرلۇق بىلمەسلىكتىن كېلىدۇ

كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۆزۈڭىز ئىلىم تەھسىل قىلىش كېرەك.

— «تويىنىزم قەسىدىلىرى»

بىز تۇغۇلغاندىن باشلاپلا مەدەنىي جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش ئۈچۈن تۇرلۇك ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىمىزنى باشلايمىز. بىز تىلىمىز چىققاندىن خەت تونۇغۇچە، سۆز ـ ھەرىكىتىمىزدىن ئەخلاق ئۆلچىمىگىچە نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆزۈڭىز قوبۇل قىلىمىز. ھالبۇكى، بۇ بىلىملەر ھەرىكىتىمىزگە مۇناسىپ قوماندانلىق قىلىدۇ. بىزنىڭ «كېيىنكى يېتىلدۈرگەنلىرىمىز» بارغانسېرى مۇستەھكەملىنىپ كۈنسايىن كۈچىيىدۇ. ھالبۇكى، «تۇغما» ئىقتىدارىمىز كۈندىن ـ كۈنگە يوشۇرۇنۇپ، ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ.

مەۋجۇداتلار قارىمۇقارشىلىق ئىچىدە مەۋجۇت بولىدۇ. ئۆگىنىش چوڭقۇرلاشقانسېرى ئۇچرايدىغان ئاسارەتمۇ شۇنچە

چوڭ بولىدۇ؛ ئاسارەت چوڭايغانسېرى چوڭ ـ چوڭ تاللاشلار ئالدىدا ئىككىلىنىپ قېلىپ، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشىمىز مۇمكىن. ئېيتايلۇق، يۈكىڭىز كۆپەيگەنسېرى ئۇلارنى قويۇش ئاسانغا توختىمايدۇ. ھالبۇكى، يۈك تولۇق قويۇپ قويۇلمىسا نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇشتا «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ» دېگەن سۆز ئارقىلىق ئۆزىنى چاغلىمايدىغان تەلۋىلەر كىنايە قىلىنىدۇ، بىراق ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ ئاز ـ تولا ئورۇنلۇق سۆز ئەمەسمۇ؟ ئىنتايىن مۇنەۋۋەر بىر ياش كارخانىچى ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى مەخپىيىتىنىڭ دەل «ھېچنېمىنى بىلمەسلىك» ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈم كىرىشنى خالايدىغان ساھەگە كىرىشكە جۈرئەت قىلدىم. قانداقتۇر بوسۇغىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى، ئۇنداق ياكى مۇنداق كىرىش قورغىنىنىڭ بار ـ يوقلۇقى، رىقابەتچىنىڭ كىملىكى، ئۇ يەردە نىسپىي ئۈستۈنلۈكنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ئويلىمىدىم. ئەگەر بۇلارنى ئويلانغان بولسام ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ساھەگە كىرمەسلىكنى قارار قىلغان بولاتتىم. ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىم ئۈچۈن زۆرۈر تېپىلغان چاغلاردا بىلىملىك كەسپىي ئىختىساسلىقلارنى يۇقىرى مائاش بىلەن تەكلىپ قىلدىم. ئەمما، قانداقتۇر تەننەرخ ھېساباتى، ئىختىساسلىقلار سېلىنمىسى ھەمدە سېلىنما، ھاسىلات نىسبىتى دېگەنلەرنى ئويلانمىدىم، نەتىجىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم.»

«ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىم ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى جەريانىدا، رىقابەت توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىسام بۇنىڭدا غەلىبە قىلىش ئىمكانىيىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى، قانداقتۇر ئىنچىكە رىقابەت لايىھەسى تۈزۈشنى بىلمەيتتىم، مەن يېڭىش كېرەكلىكىنىلا بىلگەنلىكىم ئۈچۈن ھەممىنى بىر يولىلا

دوغا تىكىپ جان پىدالىق كۆرسەتتىم، نەتىجىدە راستلا يەڭدىم».

«كېيىن مەن تۇنجى قېتىم بىر چېلەك ئالتۇنغا ئېرىشتىم. مەن كاپىتالىستقا ئايلاندىم، ئەقلىي ئىقتىدارى يۇقىرى بىر تۈركۈم كەسپىي دىرېكتورلارنى، يەنى ئەينى چاغدا بىلىمنىڭ مولللۇقى تۈپەيلىدىن بازارغا كىرىشتىن ۋاز كەچكەن كىشىلەرنى ياللىدىم.»

ئۈيلىنىش كۆپ بولسا بەزىدە ئۇششاق تەپسىلاتلار بىلەن ھەپىلىشىپ كېتىپ، ۋەزىيەتنى ئېنىق كۆرەلمەي قېلىشتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئارىسالدى بولۇپ بىر قارارغا كېلەلمەيدۇ. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مەلۇم بىر پىروفېسسور بىر قېتىملىق لېكسىيەدە ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق دېگەنىكەن، مەن ئەسەر يازغاندا مۇناسىۋەتلىك ئىككىنچى قول ماتېرىياللارنى ھەرگىز كۆرمەيمەن. چۈنكى، ئالاقە تورى تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە ئىككىنچى قول ماتېرىيال دېگەن ھەددى ـ ھېسابسىز نەرسە، ئۇلىنڭدىكى قاراشلار ئوخشاش ئەمەس، ئەگەر كۆپ ئوقۇۋەتسىڭىز ئەسەرنى يېزىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالىسىز. ئۇلىنڭدىن كۆرە بىرىنچى قول ماتېرىيالنىلا ئوقۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ پىكىر يولى بويىچە يېزىشىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئۆزلەشتۈرۈشىڭىز كېرەك، مۇشۇنداق بولغاندىلا ياخشى ئەسەر يېزىپ چىققىلى بولىدۇ.

«يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ» دېگەنلىك بىلىم ئەسقاتمايدۇ، بىلىمسىزلىك شەرەپ دېگەننى تەرغىب قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى زىيادە كۆپ بىلىم بىزدە بىھۇدە ۋەھىمە پىسخىكىسىنى پەيدا قىلىدۇ، ھالبۇكى ۋەھىمە پىسخىكىسى يەنە قىيىنچىلىقنى بىر ھەسسە كۆپەيتىۋېتىدۇ، دېگەنلىك.

1976 ـ يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى گېرمانىيەنىڭ گوتىڭگېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا خېلىلا ماتېماتىكا تالانتى بار 19 ياشلىق بىر ياش كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، يېتەكچى ئوقۇتقۇ ـ چىسى ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ئايرىم ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئۈچ ماتېما ـ

تىكى سوئالنى ئىشلەشكە باشلىدى. ئۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئالدىدىكى ئىككى سوئالنى ئىككى سائەت ئىچىدىلا ئوڭۇشلۇق ئىشلەپ بولدى. ئۈچىنچى سوئال كىچىك باغاقچىگە يېزىلغان بولۇپ، بىر دانە سىركۇل ۋە ئىشكالىسى يوق تۈز سىزىق ئارقىلىق مۇنتىزىم 17 تەرەپلىكنى سىزىپ چىقىش تەلەپ قىلىنغانىدى. بۇ ياش ئىشلىگەنسېرى سوئالنىڭ قىيىنلىقىنى ھېس قىلدى. بىراق، قىيىنچىلىق بۇ ياشنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى قوزغاتتى. ئۇ مەن بۇ مەسىلىنى جەزمەن ئىشلەپ چىقىمەن، دەپ ئويلىدى. ئۇ سىركۇل بىلەن تۈز سىزغۇچنى ئېلىپ قەغەزگە سىزغاچ، نورمال قائىدىدىن ھالقىپ كەتكەن پىكىر يوللىرى ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا باشلىدى. ئاخىر دېرىزىدىن تاڭنىڭ نۇرلىرى چۈشۈشكە باشلىغاندا، بۇ يىگىت چوڭقۇر تىنىۋالدى، ئۇ ئاخىر بۇ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلدى !

ئۇ تاپشۇرۇقنى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىغا تاپشۇرغاندىن كېيىن، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى قېتىپلا قالدى. يېتەكچى ئوقۇتقۇچى تىترەڭگۈ ئاۋازدا بۇ ياشقا مۇنداق دېدى: «بۇنى راستىلا ئۆزۈڭ ئىشلەپ چىقتىڭمۇ؟ سەن ماتېماتىكىدىكى 2000 نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە قىيىن مەسىلىنى يەشكەنلىكىڭنى بىلەمسەن؟ ئارخىمېد، نيۇتونمۇ بۇنى يېشەلمىگەنىدى، سەن بىر كېچىدىلا يېشىپ چىقىپسەن ئەمەسمۇ! سەن ھەقىقەتەن تالانت ئىگىسى ئىكەنسەن ! مەن يېقىندا مۇشۇ قىيىن تېمىنى تەتقىق قىلىۋاتقانىدىم. تۈنۈگۈن ساڭا سوئال ئورۇنلاشتۇرغاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن بۇ سوئال يېزىلغان باغاقچىنىمۇ تاپشۇرۇقۇڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويۇپتىمەن.» بۇ ياش كۆپ يىللاردىن كېيىن ئاشۇ چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىرەرى ماڭا بۇ ماتېماتىكىدىكى 2000 نەچچە يۈز يىللىق تارىخى بار قىيىن تېما دېگەن بولسا، ئۇنى بىر كېچىدە يېشىپ بولالمىغان بولاتتىم.»

مانا بۇ ياش ماتېماتىكا شاھزادىسى گائۇس ئىدى.

بەزى ئىشلارنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئېنىق بىلمىگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەھۋالدا، ئىشلەش تېخىمۇ ئاسانغا توختايدۇ. بىز باشقىلاردىن ئۇنداق قىيىن، بۇنداق قىيىن دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىغىنىمىزدا كۆڭلىمىزدە بىر خىل ۋەھىمە تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ، سىناپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمايمىز. ئەمما، بۇلاردىن خەۋەرسىز ئەھۋالدا دادىللىق بىلەن ئىشلەپ كۆرىمىز، قورقۇنچاقلىق قىلمىساقلا نەتىجىدە گائۇسقا ئوخشاش مۆۋەپپەقىيەت قازىنىمىز. ۋەھىمە پسىخىكىسى بىلەن قىيىنچىلىق ئۆك تاناسىپ بولىدۇ. قورققانسېرى مەسىلە قىيىنلىشىپ، شۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئارخىمېد، نيۇتونلارمۇ بۇ قىيىن مەسىلىنى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سوئالى دەپ ئىشلىگەن بولسا، بىزنىڭچە ئۇلارمۇ بۇ ماتېماتىكىدىكى قىيىن سوئالنى جەزمەن يېشەلىگەن بولاتتى.

نېمە ئۈچۈن ئادەملەر ياشلىق مەزگىلىدە ئەڭ تېز يېتىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن كۆپ ساندىكى كىشىلەر 40 ياشتىن ئىلگىرى نەتىجە قازىنىدۇ؟ بۇنىڭدا فىزىيولوگىيە جەھەتتىكى سەۋەبلەردىن سىرت، تېخىمۇ مۇھىمى ئاشۇ چاغدىكى «ھېچنېمىنى بىلمەسلىك»تىن ئىبارەت مۇھىم ئامىلمۇ بار. كۇڭزى مۇنداق دەيدۇ: «ئادەمنى 40 ياشتا غەپلەت باسمايدۇ، 50 ياشتا پېشانىسىگە پۈتۈلگىنىنى بىلەلەيدۇ.» دېمەك، «غەپلەت باسمايدۇ» دېگىنىمىز ئەمدى بىلمەيدىغىنى يوق، «پېشانىسىگە پۈتۈلگىنىنى بىلەلەيدۇ» دېگىنىمىز كېيىنكى ئىشلىرىنىمۇ مۆلچەرلىيەلىدى، شۇڭا ئۆزىگە قاتمۇقات بىلىم كىشەنلىرىنى سېلىۋالدى، دېگەنلىك. شەرققە ماڭىمىزمۇ؟ بولمايدۇ، بىلىشىمچە شەرق تەرەپتە ئېگىز تاغ بار. غەربكە ماڭىمىزمۇ؟ بولمايدۇ، بىلىشىمچە غەربتە يوغان بىر دەريا بار. تېزرەك يۈگۈرەلەمدۇ؟ بولمايدۇ، بىلىم بىزگە شۇنى ئۇقتۇردۇكى، تېز يۈگۈرسەك يىقىلىپ چۈشىمىز، شۇنداقلا يىقىلىپ ئۆلۈشىمىزمۇ مۇمكىن.

ئىشلار ئۇستىدە ئىزدەنگىنىمىزدە، كاللىمىزنى ھېچنېمىنى

بىلمەيدىغان ئارزۇ ـ ئارمانسىز ھالەتتە تۇتۇشىمىز، ئۆزىمىز بىلىدىغان بىلىملەرنى مۇتلەق ھەقىقەت دەپ قارىۋالماي، كۆز ئالدىمىزدىكى بارلىق شەيئىلەرگە تامامەن ئوبيېكتىپ، ئالدىنقىلارنىڭ ھېچقانداق سۇبيېكتىپ قارىشىنى ئارىلاشتۇرماي، تۇنجى قېتىم ئۇچراتقان ھالەتتىكىدەك مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. بىز مۇشۇنداق قىلالايمىزمۇ؟

## كونا قائىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلاش — تەجرىبىلەر سىزنى تۇنجۇقتۇرۇۋەتمىسۇن

«تەجرىبە»نى بۆسۈپ چىقىشقا جۈرئەتلىك بولسىڭىز خەتەر ئىچىدىن ھايات يولى تېپىشىڭىز مۇمكىن.

— ۋېستپوينت ھەربىي مەكتىپىنىڭ مەكتەپ تەلىمى

مۇنداق بىر مەشھۇر تەجرىبە بار: ئالتە ھەسەل ھەرىسى بىلەن ئالتە چىۋىن بىر بوتۇلكىغا سېلىنىپ، بوتۇلكا يېقىتىلىپ، تۇۋى تەرىپى دېرىزىگە قارىتىپ قويۇلدى. نەتىجىسى قانداق بولدى؟

شۇنى كۆرىسىزكى، ھەسەل ھەرىلىرى ئۆزلىرى ھېرىپ يىقىلغۇچىلىك ياكى ئاچلىقتىن ئۆلگۈچىلىك توختىماي بوتۇلكىنىڭ تېگى تەرىپىدىن چىقىش ئېغىزى ئىزدىگەن، ئەمما چىۋىنلەر ئىككى مىنۇت ئىچىدە بوتۇلكىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ئوچۇقچىلىقتىن چىقىپ كەتكەن.

ھەسەل ھەرىلىرى يورۇقلۇقنى ياقتۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ «قاماقخانا»نىڭ چىقىش ئېغىزى جەزمەن يورۇقلۇق ئەڭ كۈچلۈك تەرەپتە دەپ قارىغان، ئۇلار مەنتىقىگە ئۇيغۇن بۇ ھەرىكەتنى توختىماي تەكرارلىغان. ھالبۇكى، ئۇلار ئەقلىي ئىقتىدارى ۋە تەجرىبىسى سەۋەبىدىن ھالاك بولغان.

ئەمما ھېلىقى «نادان» چىۋىنلەر شەيئىلەردىكى لوگىكىغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىلچە پەرۋا قىلمىغان. ئۇلار نۇرنىڭ جەلپ قىلىنىشىغا پەرۋامۇ قىلماي ھەر تەرەپكە ئۇچۇپ، ئاخىر بوتۇلكىدىن چىقىپ كەتكەن.

ئامېرىكا ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى ماي قەلەمنى ئالەم بوشلۇقىدا بىمالال ئىشلەتكىلى بولمايدىغانلىقتىن قايغۇرۇپ، نۇرغۇن پۇل ئاجرىتىپ مۇتەخەسسىسلەرنى يېڭى قەلەم تەتقىق قىلىپ ياساشقا تەكلىپ قىلغانىدى. ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ تەتقىقات تۇرىدىن كۆرۈنەرلىك نەتىجە چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى جەمئىيەتكە ئېلان چىقىرىپ، مۇشۇ خىل «قولايلىق قەلەم»نى ئىزدەيدۇ. ئويلىمىغان يەردىن ناھايىتى تېزلا بىر يىگىت ھەيرانلىق ئىچىدە قالغان ئەمەلدارلارغا ئۆزىنىڭ «تەتقىقات مۇۋەپپەقىيىتى ــ بىر دانە قېرىنداش»نى كۆرسىتىدۇ!

ئادەمنىڭ ئادەتلەنگەن تەپەككۇرى شەيئىلەر توغرىسىدىكى بىلىشتىن كېلىدۇ، ھالبۇكى بۇنداق بىلىش ئادەم ئۈچۈن بىر خىل چەكلىمىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئادەم دۇنيادا ئاساسلىقى تەجرىبىسىگە تايىنىپ ئىش قىلىدۇ. دېمەك، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆزىنىڭ ئادىتى ۋە ئادەتلەنگەن تەپەككۇرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۆتمۈشتىكى تەجرىبىلەر ۋە ئادەتلەنگەن تەپەككۇردىن قۇتۇلۇش ـ قۇتۇلالماسلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ـ قازىنالماسلىقنىڭ ئاچقۇچىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەر ئىشقا بارغاندا دائىم ئادەتلەنگەن مۇقىم لىنىيىدە ماڭىدۇ ياكى مەلۇم يولدىكى مۇقىم ئاپتوبۇسقا ئولتۇرىدۇ؛ كاماندىروپكىغا چىققاندا ئۆزىگە تونۇشلۇق مېھمانخانىغا چۈشۈشنى ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى كىشىلەر تەجرىبىسىگە ئىشىنىدۇ، ئۆزگىرىش بولۇشتىن قورقىدۇ، بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ ئۆزىگە بىھۇدە ئاۋارىچىلىك پەيدا قىلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ.

ئەپسۇسكى، كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ئادىتى ئەمەلىيەتتە ئەڭ ياخشى تاللاش ئەمەس، بولۇپمۇ بەزى چوڭ ـ چوڭ تاللاش ۋە

قارارلارغا كەلگەندە بىرەر كىچىك ئىشنىڭ تۇسالغۇسى تۈپەيلىدىن چوڭ ئىشلارغا دەخلى يېتىدۇ. ۋاقىت، ماكان ۋە ئوبيېكت ئۆزگەرمەكتە، شارائىت ئۆزگەرمەكتە، قاتمال تەپەككۇر ئەندىزىسى قانداقمۇ ئۇزۇكسىز ئۆزگىرىۋاتقان ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرالىسۇن؟

«ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»دە جۇ يۈ بىلەن خۇاڭ گەينىڭ چىبى ئۇرۇشىدا تەن جازاسى ھىيلىسىدىن پايدىلانغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. جۇ يۈ تەن جازاسى ھىيلىسىدىن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈنلا ساۋ ساۋ قوشۇنىنى تارمار قىلالىدى. تەن جازاسى ھىيلىسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ئادىتىدىن پايدىلىنىلدى. كىشىلەر ئومۇمەن ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا، بولۇپمۇ خەتەرلىك پەيتتە ئۆزىگە قەستەن زىيانكەشلىك قىلمايدۇ، بەلكى ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشنى ئاساسلىق مەقسەت قىلىدۇ. بىراق، خۇاڭ گەي كىشىلەردە ئۇزاقتىن بۇيان شەكىللەنگەن ئىدىيە ئەندىزىسىدە بار بولغان زور ئادەتتىن پايدىلىنىپ، دۈشمەننىڭ كۆزىنى باغلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە كاتتا ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە ماۋ زېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەندىزىسىنى كۆچۈرۈپ «شەھەرلەر ئارقىلىق يېزىلارنى قورشاش» كونا يولىدا ماڭمىدى، بەلكى باشقىچە يول تۇتۇپ، «يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى قورشاش» ئىستراتېگىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئوخشاشلا شياڭگاڭ — ئاۋمېنلارمۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ «بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم» ئۇلۇغ تەسەۋۋۇرى ئارقىسىدىلا ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدى. ئەگەر دېڭ شياۋپىڭ ئىلگىرىكى تەپەككۇر ئەندىزىسىنى بۆسۈپ چىقىپ، بۇ خىل ئەندىزىدىن شەكىللەنگەن زور ئادەتنى تۈگەتمىگەن بولسا، شياڭگاڭ بىلەن ئاۋمېننىڭ ۋەتەنى قوينىغا قايتىپ كېلىشى بۇنچە ئوڭايغا توختىمىغان بولاتتى.

سەنئەت ساھەسىدە ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق. سەنئەتكارنىڭ ئادەتتىكى قائىدىنى بۇزۇپ تاشلاپ ئىجاد قىلغان بەدىئىي ئەسەرلىرىنى ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشى ناھايىتى قىيىنغا توختايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇۋاتقان سالۋادور دالىغا ئوخشاش سەنئەت ئۇستازلىرىمۇ ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ئادىتى سەۋەبىدىن ئۆزاققىچە كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغانىدى، بىراق ھەقىقەتلا بولىدىكەن ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدۇ، دالىمۇ ئەڭ ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

تەپەككۇر ئادىتى بەئەينى مىجەزى چۇس كاپىتانغا ئوخشايدۇ، ئۇ ياخشى كۆڭلى بىلەن سىزنى كېمىگە سىپلىۋالىدۇ، ئۇ ئۆزىگە تونۇشلۇق دېڭىز رايونىدا ئەركىن سەپەر قىلىدۇ، ئەمما ناتونۇش دېڭىز رايونىغا كەلگەن ھامان ئۇنىڭ جاھىللىقى سەۋەبىدىن كېمە خادا تاشلارغا سوقۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ چاغدا كېمىدىكى جاسارەتلىك كىشىلەر كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، كاپىتانىنى قايىل قىلسىلا، كېمىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتكىلى بولۇشى مۇمكىن.

كاتتا كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغ بولۇشىدىكى ئاچقۇچلۇق نۇقتا مانا مۇشۇنىڭدا بولسا كېرەك.

ئامېرىكىنىڭ ۋېستپوينت ھەربىي مەكتىپى ئەزەلدىنلا «ئامېرىكا گېنېراللىرىنىڭ بۆشۈكى» دېگەن نامغا ئىگە. ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن مەشھۇر گېنېراللار، مەسىلەن، گىرانت، روبېرت لى، ئېيزېنخاۋېر، پاتتون، ماكئارسۇر، بىلېد قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مەكتەپنى پۈتكۈزگەن. بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دوقا ماڭلاي ئاكۇلا توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئوبدان بىلىدۇ، چۈنكى بۇ ھېكايە ۋېستپوينت مەكتىپىدىكىلەرنىڭ «مەكتەپ تەلىمى».

دوقا ماڭلاي ئاكۇلا دېڭىزدا ياشايدىكەن. قورسىقى ئاچسا دېڭىزدىكى باشقا بېلىقلارنى تۇتۇپ يەيدىكەن، بەزى چاغلاردا

خېلى كۆچ سەرپ قىلىسمۇ قىيىنچىلىق ھېس قىلمايدىكەن. بەزى چاغلاردا خېلى ئۇزۇن قوغلىشىپ، ئاندىن ئوۋغا ئېرىشەلەيدىكەن. بۇ خىل قىيىنچىلىق ئۇنىڭ تەجرىبىسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ بارغانسېرى ئەرزىمەس قىيىنچىلىققا ئايلىنىپتۇ. ئوۋ قىلىشتىكى ئوڭۇشسىزلىق ئۇنى قىلچىمۇ گاڭگىرىتالماپتۇ.

بىر قېتىم دوقا ماڭلاي ئاكۇلا ئوۋ قوغلاپ كېتىۋاتقاندا كۇتۇلمىگەن يەردىن ئۇنى ئىنسانلار تۇتۇۋاپتۇ.

دېڭىزدىن ئايرىلىپ قالغان دوقا ماڭلاي ئاكۇلانىڭ تەلىيى كېلىپ ئۇنى بىر تەتقىقات ئاپپاراتى سېتىۋاپتۇ. سۇئىچى بىلىق كۆلىدە بېقىلىۋاتقان دوقا ماڭلاي ئاكۇلا ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئوزۇقتىن غەم قىلماپتۇ. تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭغا يېمەكلىكلەرنى قەرەللىك تاشلاپ بېرىپتۇ، بۇ يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى چوڭ ـ كىچىك بېلىقلار ئىكەن.

بىر كۈنى تەتقىقاتچىلار بىر پارچە ھەم چوڭ، ھەم قېلىن ئەينەكنى كۆلگە سېلىپ، كۆلنى ئىككىگە ئايرىپتۇ، دوقا ماڭلاي ئاكۇلا بۇنى سېزەلمەپتۇ. تەتقىقاتچىلار يەنە تىرىك بېلىقلارنى ئەينەكنىڭ بۇ تەرىپىگە قويۇپ بېرىپتۇ. دوقا ماڭلاي ئاكۇلا بېلىقلارنى كۆرۈپ ئېتىلىپ بارغانىكەن ئەينەككە ئۇسۇۋېلىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چىقىپ كېتىپتۇ، بېلىقلارنىمۇ يېيەلمەپتۇ. دوقا ماڭلاي ئاكۇلا بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي، بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بېلىقتىن بىرنى كۆزلەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا شىددەت بىلەن ئېتىلىپتۇ، بۇ قېتىم ئۇ ھوشىدىن كەتكىلى ئاز قاپتۇ. دوقا ماڭلاي ئاكۇلانىڭ قورسىقى 10 مىنۇت دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن تازا ئېچىپتۇ، بۇ قېتىم تېخىمۇ يوغان بىر بېلىقنى كۆزلەپ، يەنە ئېتىلىپتۇ، لېكىن ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولماپتۇ. دوقا ماڭلاي ئاكۇلانىڭ جاۋغايلىرىدىن قان ئېقىپتۇ، بۇنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭ ئەقلى يەتمەپتۇ، ئۇ كۆل ئاستىغا يېقىلىپ، چوڭقۇر مۇلاھىزىگە پېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاخىرىدا دوقا ماڭلاي ئاكۇلا ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ قايتا ئېتىلىپتۇ! بىراق، يەنىلا ئەينەك توساق بار بولغاچقا، ئۇڭدىسىغا يىقىلىپتۇ، بېلىقنى يەنىلا يېيەلمەپتۇ. دوقا ماڭلاي ئاكۇلا ئاخىر نىيىتىدىن يېنىپتۇ. تەتقىقاتچىلار ئەينەكنى ئېلىۋېتىپ، ئاندىن ئۇششاق بېلىقلارنى قويۇپ بېرىپتۇ، ئۇششاق بېلىقلار كۆلدە ھەريان ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ. دوقا ماڭلاي ئاكۇلا ئەمدى كۆز ئالدىدىكى بېلىقلارنىمۇ يېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئوقۇتقۇچى سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئادەم ناھايىتى ئاسانلا ئۆتمۈشتىكى تەجرىبىلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ قالىدۇ، بەزىدە بىزمۇ دوقا ماڭلاي ئاكۇلاغا ئوخشاپ قالىمىزمۇ؟ ئۇ مۇنداق بىر مىسال سۆزلەپ بېرىپتۇ: بىر قېتىم يىراق ئوكيان يۈك پاراخوتى كۈتۈلمىگەن يەردىن خادا تاشقا سوقۇلۇپ بىپايان دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىپتۇ. ھايات قالغان توققۇز ماتروس جان تىكىپ ئېلىشىپ، يالغۇز بىر ئارالغا چىقىۋېلىپ جېنىنى ساقلاپ قاپتۇ. ئەمما، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋال تېخىمۇ ئوساللىشىپتۇ. ئارالدا تاشتىن باشقا قورساقنى تويغۇزغۇدەك ھېچقانداق نەرسە يوق ئىكەن. تېخىمۇ يامىنى ئوتتەك ئاپتاپتا ئۇلارنىڭ ئاغزى قۇرۇپ، ئىچىدىن ئوت يېنىشقا باشلاپتۇ. سۇ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىگە ئايلىنىپتۇ. تۆت ئەتراپىدا سۇ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېڭىز سۈيى ھەم ئاچچىق، ھەم قىرتاق، ھەم تۇزلۇق بولىدىغانلىقىنى، ئىچىپ تەشنالىقنى قاندۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىدىكەن. ئۇلار ھاياتلىق ئۈمىدىنى يامغۇرغا ياكى باشقا ئۆتكۈنچى پاراخوتلارنىڭ ئۇلارنى بايقىشىغا تاپشۇرۇپتۇ. شۇنچە كۈتسىمۇ يامغۇرمۇ ياغماپتۇ، ھېچقانداق پاراخوتمۇ ئۆتمەپتۇ. بارا ــ بارا سەككىز ماتروس بەرداشلىق بېرەلمەي، تەشنالىق ئىچىدە يالغۇز ئارالدا ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ.

ئەڭ ئاخىرقى ماتروس ئۆلۈش ئالدىدا ئۆزىنى دېڭىز سۈيىگە ئېتىپ، دېڭىز سۈيىنى گۇپۇلدىتىپ ئىچىپتۇ. ئۇ دېڭىز سۈيىنى

ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، دېڭىز سۈيىنىڭ قىرتاقلىقىنى ھېس قىلماپتۇ، ئەكسىچە بۇ سۇ تاتلىق بولۇپ، ئۇنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپتۇ. ئۇ، بۇ مېنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈش ئالدىدىكى خىيالىم بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئارالدا تىپتىنچ يېتىپ، ئەزرائىلنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ. ئۇ ئۇخلاپ ئويغانغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يەنىلا تىرىكلىكىنى ھېس قىپتۇ، ئۇ بۇنىڭدىن ئىنتايىن ھەيران قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر كۈنى دېڭىز سۈيىنى ئىچىپ كۈن كەچۈرۈپتۇ، ئاخىرىدا قۇتقۇزۇشقا كېمە كەپتۇ. كېيىن كىشىلەر بۇ سۇنى خىمىيەلىك ئانالىز قىلىش ئارقىلىق بۇ يەردە يەر ئاستى بۇلاق سۈيىنىڭ بارلىقىنى بايقاپتۇ. «دېڭىز سۈيى تۇزلۇق بولىدۇ»، «ئۇنى ئىچىش مۇمكىن ئەمەس» دەيدىغان ئاساسىي «ساۋات» ھەممىگە مەلۇم، شۇڭا سەككىز ماتروس ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلدى. «مۇھىت» ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدىمۇ ياكى تەجرىبىمۇ؟

سىتىكىر مۇنداق دەپتۇ: «‹تەجرىبە›نى بۆسۈشتە جۈرئەتلىك بولسىڭىز، خەتەر ئىچىدىن ھايات يولى تېپىشىڭىز مۇمكىن».

تەجرىبىلەرنىڭ ئاسارىتىگە ئۇچرىماستىن، بەلكى ئۇلاردىن ئوبدان پايدىلىنىش لازىم. بۇ دوقا ماڭلاي ئاكۇلانىڭ بىزگە بەرگەن ئىلھامى. شۇنداقلا ۋېستپوينت ھەربىي مەكتىپىنىڭ مەكتەپ تەلىمى.

## تاللاشقا ماھىر بولۇش — كاتتا ئىشلارنى قىلغۇچىلار ئۇششاق تەپسىلاتلارغا ئېتىبارسىز قاراشقا بولمايدۇ

چوڭ ئىشلارنى قىلغۇچىلار ئۇششاق ئىشلار بىلەن ھېسابلاشمايدۇ، كەڭ قورساق كىشىلەر باشقىلارنىڭ كىچىك سەۋەنلىكلىرىگە تېرىكمەيدۇ.

— «تارىخنامە»

يېقىندا بازارغا «تەپسىلات مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتنى بەلگىلەيدۇ» ناملىق بىر كىتاب سېلىندى، بۇ كىتابنىڭ بىزگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرمۇش، ئۆگىنىش، خىزمەت داۋامىدىكى تەپسىلاتلارغا سەل قارىماسلىق كېرەك، كۆزگە چېلىقمايدىغان تەپسىلاتلارمۇ سىزنى غەلىبە بوسۇغىسىدا مەغلۇپ قىلىشى مۇمكىن. چوڭ ئىشلارنى جەزمەن تەپسىلىي قىلىش كېرەك، جەزمەن نەزىرىڭىزنى ئۇششاق تەپسىلاتلارغا قارىتىشىڭىز، ئىشنى ئۇششاق ئىشلاردىن باشلىشىڭىز كېرەك، مۇشۇنداق بولغاندىلا كاتتا ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ. بىراق، تەپسىلاتلارنى ياخشى قىلساقلا جەزمەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالامدۇق؟ ئۇنداق ئەمەس. ئەتراپىڭىزدىكى ئاشۇ قائىدە ـ يوسۇنلارغا قاراپ باقايلى، باشقىلارنىڭ گېپىدىن چىقمايدىغان، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى ناھايىتى ئوبدان قىلىدىغان قىز ـ ئوغۇللار بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتىن يەنە قانچىلىك يىراقتا؟ دېگەنلەرنى ئۇقتۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ كىتاب شىركەت، كارخانا رەھبەرلىرىنىڭ زور ئالقىشىغا ئېرىشكەن. بىراق، شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرىمەنكى، ئۇ ھەرگىزمۇ خىزمەتچىلەر ياقتۇرىدىغان كىتاب ئەمەس. بۇنىڭدىكى سەۋەبنى مېنىڭچە نۇرغۇن كىشىلەر جەزمەن چۈشىنىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ياكى قازىنالماسلىقنى بىرەر خىل پەزىلەت بەلگىلىمەيدۇ. تىرىشچان بولغاندا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولامدۇ؟ ناتايىن. سەمىمىي بولغاندا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولامدۇ؟ ناتايىن. تەپسىلاتقا ئەھمىيەت بەرگەندە مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولامدۇ؟ ناتايىن. ئەگەر سىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىدا مەڭگۈ ئەسقاتىدىغان، سىزنى يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرغۇزىدىغان «بىخ»نى تۇتۇۋالماقچى، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ «ھەممىگە قادىر ئاچقۇچى»نى تاپماقچى بولسىڭىز مېنىڭچە بىھۇدە ئاۋارە بولمىغىنىڭىز تۈزۈك. تەپسىلاتلارغا زىيادە بېرىلىپ كەتكەندە، ئادەم مۇۋەپپەقىيەتنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ.

ئادەمنىڭ دۇنيادا قىلىدىغان ئىشلىرى ناهايىتى نۇرغۇن، كىچىككى يېيىش ـ ئىچىشتىن، چوڭى ئەلنى ئىدارە قىلىشقىچە ھەممە ئىش ئادەملەرنىڭ قول سېلىپ ئىشلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق، ئادەمنىڭ زېھنى چەكلىك بولىدۇ، چوڭ ئىشلارنى قىلماقچى بولساق يۈنىلىشىنى كۆزىتىپ ئومۇملۇقنى ئىگىلىشىمىز كېرەك. كۆڭۈل چېچىلمىسىلا زېھنىنى يىغقىلى بولىدۇ. ئۇششاق ئىشلارغا ئېسىلىۋېلىپ، زېھنىي كۈچ ۋە ۋاقىتنى زىيادە كۆپ سەرپ قىلىۋالساق، چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا توسقۇنلۇق يېتىدۇ.

بىراق، ئۇششاق ئىشلارغا ئېسىلىۋالماسلىق دېگەنلىك ئۇششاق ئىشلارغا سەل قاراش، ئەھمىيەت بەرمەسلىك دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالماسلىق دېگەنلىك. گېرمانىيەلىك مەشھۇر شائىر گېيوتى مۇنداق دېگەنىدى: «مۇھىم ئىشلار كۈنجۈت، پۇرچاقچىلىك ئۇششاق ئىشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى لازىم.» نېمە ئۈچۈن بەزى كىشىلەر نىشانىنى تۇرغۇزغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا ئۇزاققىچە يېتەلمەيدۇ، نېمە ئۈچۈن كاتتا ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچىلار شۇنچە ئاز بولىدۇ؟ چۈنكى، نۇرغۇن كىشىلەردە «ئۇششاق ئىشلارغا باغلىنىپ قالماسلىق»تەك پەزىلەت ۋە جاسارەت يېتەرسىز. ئۇلارنىڭ زېھنىنى ئۇششاق ئىشلار ئاسانلا چېچىۋېتىدۇ، ھالبۇكى چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچىلار ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ، نىشانىنى بېكىتكەندىن باتۇرلۇق بىلەن ئالغا باسىدۇ، زۆرۈرىيىتى بولمىغان ئاسارەت ۋە توساقلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويىدۇ، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق داۋاملىشىپ پەرق زورىيىدۇ، «ئۇششاق ئىشلاردىن قۇتۇلالمايدىغان» كىشىلەر يەنىلا ئاددىي كىشىلەر بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ. ئەمما، «ئۇششاق ئىشلار بىلەن ھېسابلاشمايدىغان» كىشىلەر چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. ئادەم بولۇشمۇ

www.uyghurkitap.com

شۇنداق، تاللاشقا ماهىر بولغاندىلا چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ. زېڭ گوفەن نىشاننى ئېنىق بېكىتىش، زېھنىنى ئۇششاق ئىشلارغا چاچماسلىق، بەلكى نېگىزىنى، ئاساسلىق زىددىيەتنى تۇتۇپ، مەسىلىلەرنى ئومۇملۇق ئاساسىدا ئويلاش ئەقىدىسىگە ئەمەل قىلغانىدى. ئەمىنىيە دەۋرىدىكى يۆ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى گۇۋ جيەن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ۋۇ بەگلىكىگە بېرىپ قۇل بولۇشنى «ئۇششاق ئىش» دەپ قاراپ، ئۇزاق يىللار كۈچ يىغىپ ئاخىرىدا دۆلەت قۇرۇشتەك كاتتا ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۇششاق ئىشلار بىلەن ھېسابلاشمايدىغان ئادەملەر خېلى نۇرغۇن. خەن شىن باشقىلارنىڭ چاترىقىدىن ئۆتۈش ھاقارىتى بىلەن ھېسابلاشماي، ئەڭ ئاخىرىدا غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دۆلەت قۇرۇشتىكى تۆھپىكار ۋەزىرىگە ئايلانغان؛ ئېينىشتېين رەتسىز كىيىنىپ يۈرسىمۇ نىسپىيلىك نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان مۇشۇ كىشىلەرنىڭ بۈيۈك ئىرادىسى بار بولغانلىقى، نىشاننى كەلگۈسىگە قويغانلىقى، ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتقانلىقى، ئۇششاق ئىشلار بىلەن ھېسابلاشمىغانلىقى ئۈچۈن، نەتىجىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

جۇگې لياڭ ھەممە ئىشنى ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىگەچكە، ئارىلىشىدىغان ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرى تولىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇ قوشۇندا 20 دەررىدىن ئارتۇق ئۇرىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزى ئارىلاشقان، تاللاشقا ماھىر بولالمىغان، قوشۇندىكى ئۇششاق ئىشلار بىلەن دۆلەت قۇرۇشتەك چوڭ ئىشلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمىغان، ئەڭ ئاخىرىدا زىيادە چارچاپ كېتىش سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن.

خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ليۇ باڭ دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئىلگىرى كەنت ئاقساقىلى بولغانىدى. ئۇ كەڭ قورساق ئادەم بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا ئارىلاشمايتتى.

ئەگەر كەسىپنى قەدىرلەش تەپسىلاتىنى نەزەرگە ئالمىغان بولساق، ليۇ باڭ دېھقان بولغانىكەن دېھقانچىلىقتا دائىر تەپسىلاتلارنى ئوبدان بىلىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر ئۇ ئاكىسىغا ئوخشاش تېرىقچىلىقتا ماھىر بولغان بولسا كېيىنكى سەلتەنەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلەمتى؟ شاڭ يۇ ئىلگىرى ليۇ باڭنىڭ پاسىبانى ئىدى، ليۇ باڭغا «خەنجۇڭ شاھى» دەپ نام بەرگەنىدى. ليۇ باڭ بۇ مەنسەپنى كىچىك كۆرۈپ، مەنسەپتە ئولتۇرۇشنى خالىمىغانىدى. ئەگەر ئۇ شۇ چاغدا سادىقلىق بىلەن ساداقەتسىزلىك تەپسىلاتىنى نەزەرگە ئېلىپ، شاڭ يۇغە بويسۇنغان بولسا، چۇ بەگلىكى بىلەن خەن بەگلىكىنىڭ سەلتەنەت تالىشىشىدەك تارىخىي ۋەقە بارلىققا كېلەمتى؟ شاڭ يۇ ليۇ باڭنىڭ دادىسى ليۇ تەيگۇڭنى پىشۇرماقچى بولغاندا، ليۇ باڭ قىلچىمۇ ئازابلانمايدۇ. ئەينى چاغدا ئۇ ۋاپادارلىق بىلەن ۋاپاسىزلىق تەپسىلاتىنى ئويلىغان بولسا ئاللىبۇرۇن شاڭ يۇنىڭ قولىدىكى مەھبۇسقا ئايلانغان بولاتتى. ليۇ باڭنى چۇ بەگلىكى قوشۇنى قوغلاپ ماڭغاندا ئىككى بالىسىنى ھارۋىدىن ئىتتىرىۋېتىپ، سۈرئەتنى تېزلەتمەكچى بولىدۇ. ئەينى چاغدا ئۇ رەھىمدىللىك بىلەن رەھىمسىزلىك تەپسىلاتىنى ئويلانغان بولسا ئاللىبۇرۇن قوشۇننىڭ ئايىغىدا قالغان بولاتتى. شاڭ يۇ بىلەن ليۇ باڭ خۇڭگۇۋنى پاسىل قىلىپ، ئەلگە تەڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى پۈتۈشكەندىن كېيىن، شاڭ يۇ ليۇ باڭنىڭ دادىسى ۋە ئايالىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، ليۇ باڭ دەرھال ئەھدىنى بۇزۇپ شاڭ يۇغە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ شۇ چاغدا لەۋزىدە تۇرۇش بىلەن لەۋزىدە تۇرماسلىق تەپسىلاتىنى ئويلانغان بولسا، ئىككىگە بۆلۈنۈپ ھۆكۈمرانلىق قىلىشتەك تەرىقچىلىق ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن بولاتتى. خەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ليۇ باڭ بۈيۈك خەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كارامەت ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسەتكەن خەن شىن، يىڭ بۇ، پىڭ يۆلەرنى ئۆلتۈردى، ئەگەر ئۇ شۇ چاغدا مەردلىك بىلەن نامەردلىك تەپسىلاتىنى

ئويلانغان بولسا سەلتەنەتكە باشقا ئادەم ئولتۇرغان بولاتتى. ليۇ باڭ كۆپ قېتىم دادىسى، ئايالى، بالىسى، قول ئاستىدىكىلەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەنىدى، ئەگەر ئۇ ئەينى چاغدا باتۇرلۇق بىلەن قورقۇنچاقلىق تەپسىلاتىنى ئويلانغان بولسا ئۆزىنى قوغداپ قالالامتى؟ كېيىنكى كىشىلەر ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارىغان بۇ تەپسىلاتلارنى ليۇ باڭ ئەسلا ئويلانغان ئەمەس، ئۇنىڭ قىلغانلىرى سەل ـ پەل لۈكچەكلىك بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشىپ، غالىبىيەتچىگە ئايلاندى.

«تەپسىلات مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتنى بەلگىلەيدۇ» دېگەن كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدا خەيئېر گورۇھىنىڭ باش دىرېكتورى جاڭ رۇيمىننىڭ: «ھەر بىر ئاددىي ئىشنى ياخشى قىلىش ئاسان ئەمەس» دېگەن سۆزى بار. بىراق، ئاددىي ئىشلارنى ياخشى قىلالىغان ئادەملەر ئىنتايىن كۆپ، ئەمما چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان ئادەملەر ئىنتايىن ئاز. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، مەرد ئەزىمەتلەر ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار بىلەن ھېسابلاشمايدۇ، دەيدىغان ئەقىدىگە ئىخلاس قىلىدىغان ئاز ساندىكى ئىختىساس ئىگىلىرىلا كارامىتىنى كۆرسىتەلەيدۇ، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. ئەستايىدىللىق زۆرۈر، بىراق بىز ئۇششاق تەپسىلاتلارغا باغلىنىپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ئۇششاق تەپسىلاتلارغا خۇراپىيلارچە ئىشەنگەندىن، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرگەن ئەۋزەل. دېمەك، تەپسىلات بىلەن مۇۋەپپەقىيەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈنۈپكىنى قانداق ئىگىلەش مەسىلىسى دەرۋەقە ھاياتتىكى زور تېما. ليۇ باڭ دېھقانچىلىقتا ئوخشاش ئاددىي ئىشلارنى ياخشى ئىشلەشكە، رەھىمدىللىك، مەردلىك، قائىدە ـ يوسۇن، لەۋزىدە تۇرۇشتا ئوخشاش ئادەمنى چۈشەيدىغان ئاددىي ئىشلارغا پەرۋا قىلمىغانلىقى ئۈچۈنلا سەلتەنەت تەختىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بۇنىڭدىكى قائىدىلەرنى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

# بىلىملىك كىشى كەمتەر بولىدۇ — مۇھىمى ماداراچىلىق

جۇڭگولۇقلاردا ھەق - ناھەق قارىشى بولىسمۇ، لېكىن ئېنىق مەيدان يوق.
— زېلىڭ شىچياڭ

جۇڭگولۇقلارغا سېلىشتۇرغاندا، غەربلىكلەر ئىشنىڭ ئەينى ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈشكە تېخىمۇ ھېرىسمەن كېلىدۇ. ئومۇمەن، ھەممە ئىشتا توغرا - خاتالىق، ھەق - ناھەقنى سۈرۈشتۈرىدۇ. مانا شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردا بىزنىڭ قارىشىمىزچە ئويلاپ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان پەلسەپە بارلىققا كەلگەن. ئۇلار ھەمىشە «دۇنيانىڭ مەنبەسى دېگەن نېمە؟»گە ئوخشاش مەنىسىز مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. ئۆزىمىزنى ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرساق، بىزدىكى يېتەرسىزلىكلەر خېلىلا كۆپ، بىزنىڭ ھەق - ناھەق قارىشىمىز مۇجمەل، ئومۇمەن ئىشلاردا ئاخىرقى ئۈنۈمگە ئىنتىلىمىز، ئىشنىڭ ئەينى ئەھۋالى، جېدەلنىڭ توغرا - خاتالىقى توغرىسىدا زىيادە كۆپ ئىزدەنمەيمىز، بۇنىڭ بىلەن باشقىلارغا توغرا - خاتا، ھەق - ناھەقنى ئايرىمايدىغاندەك تەسىراتنى بېرىپ قويىمىز، مانا مۇشۇ خىل «خۇپسەنلىك»كە غەربلىكلەر مەڭگۈ يېتەلمەيدىغان كاتتا ئەقىل - پاراسەت يوشۇرۇنغان.

مەشھۇر باشقۇرۇش ئىلمى مۇتەخەسسىسى زېلىڭ شىچياڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرس سۆزلىگەندە مۇنداق دېگەنىدى: «جۇڭگولۇقلاردا ھەق - ناھەق قارىشى بولىسىمۇ، بىراق ئېنىق مەيدان يوق.» خۇددى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تە ئېيتىلغانغاندەك: «يالغان نەرسىلەرنى راست دەپ قارىغان ۋاقىتتا، راست نەرسىلەرمۇ راست بولماي قالىدۇ.» بۇلارنى ئېنىق ئايرىشنىڭ يەنە قانداق ئەھمىيىتى بار. شۇڭا، بىز ھەق - ناھەققە كاجلىق بىلەن ئېسىلىۋالساق، ئۇنى مەڭگۈ ئېنىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەلمەيمىز. دانىشمەن بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ پەقەت «مەۋجۇتلۇق»نىلا بىلىدۇ، بىز چەكسىز دۇنيادا ئىزدىنىپ ماڭغانلىقىمىز ئۈچۈن ھەتتا «مەۋجۇتلۇق»نىمۇ ئېنىق ئايرىيالمايمىز.

ئەمنىيە دەۋرىدە چۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى بەزى ۋەزىرلىرىنى مەي ئىچىشكە تەكلىپ قىپتۇ. زىياپەت ئارىلىقىدا پادىشاھ ئىككى ئامراق توقلى شۇجى بىلەن مەيجىنى ۋەزىرلەرگە نۆۋەتلىشىپ ھاراق تۇتۇشقا بۇيرۇپتۇ. توساتتىن قاتتىق شامال چىقىپ، شاملارنى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ، بىر ئەمەلدار ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شۇجىنىڭ قولىنى سىلاپتۇ. شۇجى قولىنى سىلىكىپلا ئۇنىڭ قالپاق بوغقۇچىنى ئۈزۈۋېتىپ، دەرھال ئورنىغا بېرىپ، چۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھىغا: «بايا بىرى ماڭا چاقچاق قىلدى، مەن ئۇنىڭ قالپىقىنىڭ بوغۇچىنى ئۈزۈۋەتتىم، ئالىيلىرى دەرھال شامنى يېقىپ، كىمنىڭ قالپىقىنىڭ بوغقۇچى يوقلۇقىغا قاراپ باقسىلىلا ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز» دەپ پىچىرلاپتۇ. چۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاۋۋال شامنى ياندۇرماسلىقنى بۇيرۇپ، ۋەزىرلىرىگە «بۈگۈن مەن ھەر بىرلىرى بىلەن كەيپ بولغۇچىلىك ئىچىمەن، ھەممىلىرى قالپاقلىرىنى ئېلىۋېتىپ بەھۇزۇر ئىچسىلە» دەپتۇ.

ھەممە ئادەم بېشىغا قالپاق كىيمىگەچكە، كىمنىڭ قالپىقىنىڭ بوغقۇچى ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولماپتۇ. كېيىن چۇ بەگلىكى جىڭ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلغاندا، سەركەردىلەردىن بىرى ئۆزى يالغۇز نەچچە يۈز ئادەمنى باشلاپ ئۈچ قوشۇنغا يول ئېچىپ، ئۇدۇل جىڭ بەگلىكىنىڭ ئاستانىسىگە قىستاپ بېرىپتۇ، مانا مۇشۇ ئادەم ئەينى چاغدا شۇجىگە چاقچاق قىلغان ھېلىقى كىشى ئىكەن. چۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ئۇنىڭغا شەپقەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئۆمۈر بويى چۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھىغا ساداقەت كۆرسىتىشكە قەسەم قىلغانىكەن.

ئەگەر چۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ، مۇشۇ ئىشنى ئېنىقلايمەن، دەپ تۇرۇۋالغان بولسا نەتىجىسى قانداق بولاتتى؟ ناھايىتى ئېنىقكى، شۇجىگە چاقچاق قىلغان بۇ سانغۇن چوقۇم جازالىناتتى. بولغۇلۇق بولدى، مۇكاپاتلىغان، جازالىغان بىلەنمۇ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. چۇ بەگلىكى پادىشاھىنىڭ دانالىقى شۇ يەردىكى، ئۇ يىراقنى نەزەردە تۇتقانلىقى ئۈچۈن كاتتا سانغۇنىنىڭ ئۆمۈرۋايەتلىك سادىقلىقىغا ئېرىشتى.

تارىختا دۇڭ فاڭسو: «سۇ سۈزۈك بولسا بېلىق بولمايدۇ، ئادەم بەك چېچەن بولسا دوستى بولمايدۇ» دېگەن سۆز ئارقىلىق، خەن ۋۇدىغا سىپايە نەسىھەت قىلغانىدى. رېئال جەمئىيەتتە ئادەم بەك چېچەن بولۇپ كەتسە باشقىلارنى ئاسانلىقچە پاتقۇزمايدۇ، ئۆزى دوستمۇ تۇتالمايدۇ. چۈنكى، چېچەن كىشىلەر باشقىلارنىڭ خاتالىقى ياكى مىجەزىدىكى پەرقنى ئاسانلىقچە سىغدۇرالمايدۇ.

خەن سۇلالىسى مەزگىللىرىدە سانغۇن بەنچاۋ غەربىي يۇرتتا خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە تۇتۇق ھىراۋۇل بولغانىدى، كېيىن كېسەل سەۋەبىدىن خاندانلىق ئۇنى قايتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ مەنسىپىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا كەلگەن رېن شاڭ بەن چاۋدىن كېتىش ئالدىدا تەلىم سورىغانىدى، بەن چاۋ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «قورۇل سىرتىدىكى مەنسەپدار ـ لەشكەرلەر ئەسلىدىنلا ۋاپادارلاردىن ئەمەس، ئۇلار جىنايەت سادىر قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن چېگراغا پالانغان، ھالبۇكى بەدەۋلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يامان نىيىتى بار، ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇش ئاسان ئەمەس، ئۇلار ناھايىتى ئاسانلا چاتاق چىقىرىدۇ. سىزنىڭ مىجەزىڭىز بەك چۈس ھەم ئالدىراڭغۇ ئىكەن، بۇ ياخشى ئەمەس، بۇنىڭدىنمۇ ئاسانلا چاتاق چىقىدۇ. سۇ بەك سۈزۈك بولسا بېلىق بولمايدۇ، مەمۇرىي ئىشلاردا بەك چېچەن بولۇپ كەتسىڭىز تۆۋەندىكىلەر سىزگە يېقىنلىشالمايدۇ. شۇڭا، قانۇن ـ ياساقلارنى كەڭرەك قويۇپ بېرىپ، ئاددىيراق ئىش كۆرۈڭ. باشقىلاردىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇششاق سەۋەبلىكلەرگە كەڭ قورساقلىق قىلىڭ، چوڭ ئىشلارنى ئوبدان تۇتۇپ، چاتاق چىقمىسىلا مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلغان بولىسىز».

سۇ سىياسىي ئىشلار پاكى ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، شۇنداقلا دوست تۇتۇش قاتارلىقلارغا نەقىل قىلىنىدۇ. بىلىقتا زىيادە سۈزۈك سۇ كېرەك ئەمەس، بېلىق بەك سۈزۈك سۇدا ئۆزىنى يوشۇرىدىغان جاي تاپالمايدۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتمۇ زىيادە جىددىي بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك، بولمىسا باشقىلار بىلەن ئارىلاشقىلى بولمايدۇ. زىيادە سۈزۈكلۈك ۋە زىيادە جىددىيلىكتە ئوخشاشلا مەۋجۇتلۇقتا خەۋپ يېتىدىغان ئامىللار بار، مەۋجۇتلۇقتا خەۋپ يەتكەن ھامان ياشاۋاتقان مۇھىت توغرىسىدا بەلگىلىك تەلەپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭا، بېلىق سۇدا ئوت ـ چۆپ، تاش ئارىلىقلىرى ۋە دەرەخ شېخىغا ئوخشاش ئۆزىنى يوشۇرىدىغان ماكان بولۇشىنى، ئادەم غۇۋاراق مۇھىت ۋە روھىي ھالەت بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا ھاياتلىق ئۈچۈن پايدىسىز نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ.

قارىماققا گىرىدەك كۆرۈنۈش ئەمەلىيەتتە بىلىملىكلەرنىڭ كەمتەرلىكى. مۇنبەت، ئازادە تۇپراقتا دەل ـ دەرەخلەر مۇقەررەر ھالدا باراقسان ئۆسكىنىگە ئوخشاش (بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە باشقا ئامىللار، مەسىلەن، قۇياش نۇرى، سۇ قاتارلىقلار بولۇشى كېرەك)، ئادەم جېدەل ـ ماجىراغا ئېسىلىۋالمايدىغان ئوچۇق روھىي ھالەتتە بولسىلا، ھەرىكەتچان سەزگۈلىرى ھەر تەرەپكە تاراپ، ئىمكانقەدەر زور نەتىجىنى يارىتالايدۇ. بىراق، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆلچەمنى ئىگىلەش ئاسان ئەمەس، كۆپ ھاللاردا ياكى چەكتىن ئېشىپ كېتىدۇ ياكى ئۆلچەمگە يەتمەيدۇ، نەتىجىدە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شائىر سۇ دۇڭپۇنى ئالساق، ئۇ باشقىلاردىن ئىنتايىن ئەقىللىك ئادەم بولۇپ، ئۇنى مەنسەپدارلار سىغدۇرمىغاچقا، ئۆمۈر بويى مەنسىپى چۈشۈرۈلۈپ يىراقلارغا پالىنىپ يۈرگەن.

ئەقىل ـ پاراسەت چىرىغى ئۆچكەندىن كېيىن، ئىستىقبال غۇۋالىشىدۇ، گويا ئەما ئادەم قارىغۇ ئاتقا مىنىپ، ئىنتايىن كەڭ ھەم چوڭقۇر ھاڭ ئەتراپىدا چېپىپ يۈرگىنىگە ئوخشايدۇ. ئومۇمەن، ھەممە ئىشقا كىرىشىۋېلىپ، زىر ـ زەۋەرگىچە سۈرۈشتۈرۈش ياخشى ئىش ئەمەس.

## ئاجىزلىقلارنى يوشۇرۇش — «ئاچ بىقىن» ىڭىز ئەجەللىك يېرىڭىز بولۇپ قالمىسۇن

ياۋايى مەخلۇق ساھىبجامالنى ياخشى كۆرۈپ
قالغان مىنۇتتىن باشلاپلا، ئەمەلىيەتتە ئۆلگەندى.
— «ۋاجرا» ناملىق كىنودىن

ئادەم بەدىنىدە ئاچ بىقىن ئەڭ ئاسان ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ؛ كىشىلىك ئالاقە جەريانىدا باشقىلار ئاجىزلىقلىرىمىزدىن ئاسانلا پايدىلىنىپ كېتىدۇ. باشقىلار ئاجىزلىقىمىزنى تۇتۇۋالغان ھامان ئەجەللىك يېرىمىزگە ھۇجۇم قىلالايدۇ. ئاجىزلىق دېگەن نېمە؟ بەزىلەر ھېلىقىدەك ياخشى بولمىغان تەرەپلەرنىلا ئاجىزلىق دەپ قارايدۇ، مەسىلەن، بىپەرۋالىق، چۇسلۇق، ئىچى تارلىق، شەھۋەتپەرەسلىك، شارابخورلۇق... ئەمەلىيەتتە، سىز كاجلىق بىلەن ئېسىلۋالىدىغانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ ئاجىزلىقىڭىز ۋە «ئاچ بىقىن»ىڭىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئۆزىڭىزنىڭ قارىشىچە، مۇنەۋۋەر پەزىلەت دەپ قارالغانلىرىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. بۇ سۆزلىنىڭ ئەپەندى «لياۋجەي رىۋايەتلىرى»دە بۆرە توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكايىنى بايان قىلغانىدى:

ئىككى چوپان تاغ ئىچىدىكى ئورماندا يولدىن ئېزىپ قېلىپ، بىر بۆرە ئۇۋىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. بۆرە ئۇۋىسىدا ئىككى بۆرە كۈچۈكى بار ئىكەن، بۇ ئىككى چېچەن

چوپان دەرھال قارشى تەدبىر ئۈستىدە كېڭىشىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى بىردىن بۆرە كۈچۈكىنى ئېلىپ، بىر - بىردىن نەچچە 10 قەدەم يىراقلىقتىكى دەرەخ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن بۆرە قايتىپ كەپتۇ، ئۇ كۈچۈكلىرىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ جايىدا پىرقىراشقا باشلاپتۇ. بىر چوپان دەرەختە تۇرۇپ بۆرە كۈچۈكىنىڭ پۇتىنى قايرىپ، قۇلىقىنى چىمدىپ ئۇنى ئىڭشىتىپتۇ. بۆرە ئاۋازنى ئاڭلاپ كۈچۈكلىرىنى كۆرۈپ غەزەپ بىلەن دەرەخ ئاستىغا ئېتىلىپ كېلىپ، ھۇۋلىغاچ دەرەخكە ئېسىلىپتۇ. بۇ چاغدا يەنە بىر چوپانمۇ دەرەخ ئۈستىدە بۆرە كۈچۈكىنى ئىڭشىتىشقا باشلاپتۇ. بۆرە بۇنى ئاڭلاپ ساراسىمە ئىچىدە ھەر تەرەپكە قاراپ يەنە بىر دەرەخ ئۈستىدىكى كۈچۈكنى كۆرۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن دەرھال ئۇدۇل تەرەپكە يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۆرە ھۇۋلاشتىنمۇ، يۈگۈرۈشتىنمۇ توختىماي نەچچە 10 قېتىم يۈگۈرگەندىن كېيىن ئاياغلىرى ئېغىرلىشىپ، ئاۋازى سۇسلاشقا باشلاپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن، ھېرىپ يەرگە يىقىلىپتۇ. چوپانلار دەرەختىن چۈشۈپ قارىسا بۆرە ئۆلگەنىكەن.

ئانا مېھرى ئىنتايىن ئالىيجاناب بىر خىل ھېسسىيات، بىراق بۇ بۆرىگە كەلگەندە ئەجەللىك «ئاچ بىقىن»غا ئايلىنىپ قالغان ! چوپانلار مانا مۇشۇ نۇقتىنى تۇتۇۋالىغانلىقى ئۈچۈنلا ياۋۇز بۆرىنى ھالاكەت گىردابىغا ئاپىرىپ قويغان. ئىلگىرى بىر مەھەل داغدۇغا قوزغىغان «ۋاجرا» دېگەن فىلىمدىكى ئورانگۇتان باش ئايال پېرسوناژنى ياخشى كۆرۈپ قالمىغان بولسا، ئىنسانلارنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق قوراللىرىمۇ ئۇنى بىر تەرەپ قىلالمىغان بولاتتى. «ۋاجرانى ئايروپىلان ئېتىپ ئۆلتۈرەلمەي، ساھىبجامال زىيانكەشلىك قىلىپ ئۆلتۈردى.» بۇ، فىلىم ئاخىرىدىكى بىر جۈملە سۆز. ئەمەلىيەتتە، ياۋايى مەخلۇق ساھىبجامالنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ۋاقىتتىن باشلاپلا

ئۆلگەندى.

«ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»دىكى ليۇ بېي رەھىمدىللىك ۋە مەردلىك بىلەن شۆھرەت قازانغان، ئۇنى كىشىلەر «خان تاغىسى ليۇ بېي»، «باتۇرلۇق نامى ئەلگە تارقالغان» دەپ تەرىپلەيدۇ، ئۇ مۇشۇ سەۋەبتىن چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. ئۇ ئاددىي پۇقرادىن سەلتەنەت تەختىگە چىققۇچىلىك بولغان جەريان جاپالىق ھەم ئەگرى ـ توقاي بولدى. بىراق، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر «رەھىمدىللەرنىڭ رەقىبى بولماس»، «ئەل رايىغا ئېرىشكەنلەر ئەلنى ئىدارە قىلىدۇ»، «چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلغانلار ئادەمنى ئاساس قىلىش كېرەك» دېگەن قائىدىلەرنى ئېسىدە مەھكەم تۇتتى. ليۇ بېي قوشۇنىدىكىلەرنى ساۋ ساۋ قوشۇنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتقاندىن كېيىن، ليۇ بېي «شىنيېنى تاشلاپ فەنچېڭغا بېرىش، داڭياڭدا مەغلۇپ بولۇپ، شاكۇغا مېڭىش»تەك قېچىش سەپىرىدىمۇ خەلقنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ھەر قېتىمقى كېڭەشتە خەلقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى، نەچچە 100 مىڭ ئاھالىنى تەڭ ئېلىپ ماڭدى. خەتەرلىك پەيتتە ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋېلىشقا رازى بولسىمۇ، پۇقرالارغا جاپا سېلىشنى خالىمىدى، ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى، پەزىلىتى تىللاردا داستان بولدى.

ليۇ بېينىڭ رەھىمدىللىكى، پەزىلىتى خەلقنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئەلگە تارقالدى. شۇ يۇيىنىڭ ئاپىسى ساۋ ساۋنى تىللاپ، ليۇ بېينى تەرىپلەيدۇ، ليۇ بېينى «رەھىمدىللىك ۋە مەردلىكتە ئەلگە داڭلىق»، شۇنداقلا ليۇ بېيغا خىزمەت قىلغانلىق «ئوبدان پاسىبانغا ئېرىشكەنلىك»، ساۋ ساۋغا خىزمەت قىلغانلىق «يورۇقلۇقنى تاشلاپ زۇلمەتكە ئۆزىنى ئاتقانلىق، ئۆزىگە يامان ئاتاق تاپقانلىق» دەيدۇ. شۇنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ليۇ بېي رەھىمدىل، خەلق سۆيەر ئادەم، ئۇ ئەل رايىغا ياققان، دېھقان ليۇ ئەن ھەتتا ئايالىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا غىزا قىلىپ

بەرگەن. بۇ ساۋ ساۋنىڭ تاغىسى لىيۇ بوشي ئائىلىسىدىكى 10 ئادەمنى گومانلىنىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى بىلەن كۆچلۈك سېلىشتۇرما بولۇپ قالىدۇ.

مانا مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن لىيۇ بېي باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، خېلى كۆپ ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئۆزى ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا جەلپ قىلغان. ئۇنىڭ ئىستىبداتلىقلارنى ئەتىۋارلىشى ناھايىتى يۇقىرى چەككە يەتكەن، لىيۇ بېي 69 يېشىدا ئەتىۋارلىق ئوغۇل پەرزەنتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، جاۋ يۈن ئۈچۈن ئۇنى سوغۇق يەرگە تاشلىغان. لىيۇ بېينىڭ پەزىلىتىگە ھەتتا دۈشمەنلىرىمۇ قايىل بولىدۇ. ساۋ ساۋ مۇنداق دەيدۇ: «ئەلدىكى قەھرىمان مەن بىلەن سىز»، گوەن يۈنىڭ يەن لياڭ بىلەن ۋېن چۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق يوەن شياۋ يەنىلا ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قىيمايدۇ. لىيۇ بياۋ تۆھمەت سۆزلەرگە ئىشىنىپ، لىيۇ بېينى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ يېرىم يولغا كەلگەندە، يەنىلا «لىيۇ بېي ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلمايدۇ» دەپ ئويلايدۇ. جو يۇ سۈن چۈەنگە مۇنداق دەيدۇ: «يالغۇز لىيۇ بېيلا بولغان بولسا جىنجۇنى ئۇنىڭغا ۋاقتىنچە بەرسەك بولاتتى، بىراق ھازىر ئۇنىڭ يېنىدا تولىمۇ ھېيلىگەر جوگې لياڭ بار، جىنجۇنى بېرىشكە بولمايدۇ».

مانا مۇشۇنداق «رەھىمدىل ھەم مەرد» ئادەم نېمە ئۈچۈن ئەلنى بىرلىككە كەلتۈرەلمەي، بەيدى شەھىرىدە ئاغرىق سەۋەبىدىن ئۆلدى؟ نېمە ئۈچۈن شۇ بەگلىكى ئۈچ پادىشاھلىق ئىركىشىپ تۇرغان ۋەزىيەتتە ئەڭ بۇرۇن ھالاك بولدى؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب رەھىمدىللىك ۋە مەردلىك دېگەن ئىككى سۆزدە. لىيۇ بېينىڭ مىجەزىدە رەھىمدىللىك ۋە مەردلىك يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ، بارلىق ئىشلار مۇشۇ ئىككى سۆزگە يول بېرىدۇ. ئېيتايلۇق، يجو مەسىلىسىگە مۇئامىلە قىلىشتا لىيۇ

بېي فا جېڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ليۇ جاڭ تەكلىپ قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شىچۈەننى ئىگىلىشى كېرەكمۇ ياكى «مەردلىك»تە چىڭ تۇرۇپ، جىنجۇنى ساقلىشى كېرەكمۇ؟ جاۋابى ئەلۋەتتە ئالدىنقىسىنى قىلىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، يىجۇنى ئېلىش ليۇ بېي قوشۇنىنىڭ بەلگىلەنگەن نىشانى ئىدى. بۇ نىشانغا يېتىش ۋاقىت جەھەتتىكى ئىلگىرى ـ كېيىنلىك مەسىلىسىلا بولۇپ، سىياسىي ۋاستە ياكى ھەربىي ۋاستە ئىشلىتىش، ۋە ياكى ئىككىسىنىلا تەڭ ئىشلىتىش ئۇسۇل مەسىلىسى بولۇپ قالغان ئىدى. ليۇ جاڭنىڭ ليۇ بېينى تەكلىپ قىلىش پوزىتسىيەسى سەمىمىي، سۆزلىرى قىزغىن بولسىمۇ، ئاخىرقى مەقسىتى يەنىلا ليۇ بېيغا خەنجۇڭنى ئۆزى ئۈچۈن ئىگىلىتىپ، شىمالدىن مۇداپىئە كۆرۈپ، ساۋ ساۋغا تاقابىل تۇرۇش ئىدى. مانا مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ليۇ بېي كۈنپېتىشقا يۈرۈش قىلغاندا دائىم ئۆزىنىڭ «رەھىمدىللىكى ۋە مەردلىكى»نىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، ھەممە ئىشقا كۆڭلى ئۇنىماي، نۇرغۇن جەڭ پۇرسەتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويدى، ھەتتا بىر مەھەل ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. ئەگەر جۇگې لياڭ ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە زور كۈچ سەرپ قىلىپ ۋەزىيەتنى ئوڭشىۋالمىغان بولسا، ئىلگىرىكى ئەجىرلىرىنىڭ ھەممىسى بىكارغا كېتەتتى.

گوۋەن يۈ ئۆلگەندىن كېيىن ليۇ بېي زىيادە كۆپ قايغۇردى، شاپتۇللۇقتا ئەھدىلەشكەن قېرىنداشلىق مېھرىنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇپ قالماي، ھە دەپ قىساس ئېلىشنى ئويلىدى. يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلمىدى، دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويدى، جۇگې لياڭ، جاۋ يۈن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئومۇملۇققا ئېتىبار بېرىشتەك چىن قەلبىدىن ئېيتقان سۆزلىرىنى قوبۇل قىلمىدى. 700 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرنى باشلاپ كۈنچىقىشتىكى ۋۇغا ھۇجۇم قوزغىدى.

نەتىجىدە لەشكىرىي ئىشلاردىكى خاتالىقنى سادىر قىلدى، لۇ شۈن يىلىغدا ئۇلارنىڭ 800 چاقىرىم كېلىدىغان بارگاھىغا ئوت قويۇۋەتتى، ئۇلار تولۇق تار مار بولۇشقا ئازلا قالغانىدى، ئەڭ ئاخىرىدا مەغلۇپ بولۇپ بەيدى شەھىرىگە چېكىندى، ليۇ بېيمو ئازاب ۋە نادامەت ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتتى. مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، شۇ بەگلىكى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى. تېخىمۇ يامىنى شۇ بولدىكى، ليۇ بېينىڭ تەنتەكلىكى جۇگې لياڭ ئەينى يىللىرى لۇڭجۇڭدا تەدبىر تۈزگەندە تەييارلىغان ئۇلۇغۋار ئىستراتېگىيەلىك لايىھەنى بەربات قىلىپ، شۇ بەگلىكىنىڭ ئاجىزلىشىشى، ھەتتا يوقىلىشىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى.

ليۇ بېي سەممىي، دىلكەش ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى يىغقانىدى ھەمدە باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. بىراق، ئۇ رەھىمدىللىك ۋە مەردلىككە زىيادە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن مەغلۇبىيەت يولىغا ماڭدى. ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئىستېداتى خېلى بار بولسىمۇ، لېكىن خاراكتېردىكى كەمچىلىكلەر ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالغا بېسىشىغا توسقۇن بولدى ياكى ئۇنى چەكلىدى، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلۇغ ئىشلار كېچىكتى، ھەتتا بىر ئۆمۈر ۋاقتىنى سەرپ قىلىپمۇ ئارزۇ ـ ئارمانىغا يېتەلمىدى.

ھېسسىيات، مىجەز ليۇ بېينى قۇتقۇزۇپ قالدى ھەم ليۇ بېينى ھالاك قىلدى. خۇددى «ۋاجىرا» دىكى ھېلىقى ئورانگۇتانغا ئوخشاش گويا يۇ مەغلۇپ بولغاندىن باشلاپلا، ليۇ بېينىڭ ئەجىلى توشقانلىقى بەلگىلەندى. ئۇ رەھىمدىللىك، مەردلىك بىلەن ئەل رايىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن رەھىمدىللىك، مەردلىككە ئىبسىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن جاھاننى قولدىن بېرىپ قويدى، رەھىمدىللىك ۋە مەردلىك ئەڭ ئاخىرىدا ليۇ بېينىڭ «ئاچ بىقىنى» ۋە ئەجەللىك جاراھىتى بولۇپ قالدى.

# ئوبيېكتىپ شارائىتتىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش — يولۋاسنىڭ ھەيۋىسىدە تۈلكە كۆرەڭلەپتۇدىن تەسىراتلار

يولۋاس بارچە ھايۋانلارنىڭ ئۆزىدىن قورقۇپ
قاچقانلىقىنى بىلمەي، ئۇلار تۈلكىدىن قورقۇپ
قاچتى، دەپ ئويلاپتۇ.
— «يېغىلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر»

يىراقنى كۆرۈش ئۈچۈن ئېگىزگە چىقىش كېرەك، يىراق-تىكىنى ئاڭلاش ئۈچۈن شامال يۆنىلىشىدە تۇرۇش كېرەك. مىڭ چاقىرىملاپ يول يۈرۈش ئۈچۈن مەپە ۋە ئاتقا تايىنىش كېرەك. دەريا - دېڭىزدىن ئۆتۈش ئۈچۈن كېمە بولۇشى كېرەك. ئادەم تىرىشىپ ئۆگەنگەندىلا ئىستېداتىنى بېيىتالايدۇ. مانا بۇ مۇۋەپ-پەقىيەت قازانغۇچىلار بىلەن ئاددىي كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بولسا كېرەك.

شۈنزى «ئوقۇشقا دەۋەت قىلىش» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەنىدى: مەن ئىلگىرى كۈنبويى قاتتىق ئويلانساممۇ، ئازراق ئۆگەنگەنچىلىك ھوسۇلغا ئېرىشەلمىدىم؛ مەن ئىلگىرى پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يىراقلارغا قارىدىم، بىراق ئۇنۇمى ئېگىزگە چىقىپ كۆرگىنىمدەك ياخشى بولمىدى. ئېگىز تاغدا تۇرۇپ قول پۇلاڭلاتسام بىلىكىم ئۇزىراپ قالمىغان بولسىمۇ، يىراقتىكى ئادەم ئۇنى كۆرەلىدى؛ شامال يۆنىلىشىگە ۋارقىرىسام ئاۋازىم ئىلگىرىكىدىن ياڭراق چىقمىغان بولسىمۇ، باشقىلار ئېنىق ئاڭلىدى. مەپە ۋە ئاتتىن پايدىلانغانلارنىڭ ئايىغى ئالاھىدە ئىتتىك بولمىسىمۇ، ئەمما مىڭ چاقىرىملاپ يول باسالايدۇ؛ كېمە، قېيىققا ئولتۇرغانلار سۇ ئۈزۈشنى ياخشى بىلمىسىمۇ، چوڭ دەريا - ئېقىنلاردىن ئۆتەلەيدۇ. بىلىملىكلەرنىڭ تەبىئىتى باشقىلارنىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ، شۇغىنىسى ئۇلار ئوبيېكتىپ شارائىتتىن پايدىلىنىشنى ئوبدان بىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

كۆپچىلىك «يولۋاسنىڭ ھەيۋىسىدىن تۈلكە كۆرەڭلەپتۇ» دېگەن ئىدىيومنى ئوبدان بىلىدۇ. يىغىلىق دەۋرلىرىدە چۇ بەگلىكى ئىنتايىن قۇدرەت تاپقان مەزگىللەردە، چۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى شۇ چاغدىكى شىمالدىكى بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئۇلۇغ سانغۇن جاۋ شىشۆدىن قورقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ئەجەبلىنىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوردىدىكى ۋەزىر - ۋۇزرالاردىن بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى سوراپتۇ. شۇ چاغدا جاڭ يى ئىسىملىك بىر ۋەزىر ئۇنىڭغا تۈلكىنىڭ قانداق قىلىپ يولۋاسنىڭ ھەيۋىسىدىن پايدىلىنىپ، ئورماندىكى جانىۋارلارنى قورقۇتۇپ، ئورمان پادىشاھى بولۇۋالغانلىق ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇ، مۇشۇ ئارقىلىق شىمالدىكى بەگلىكلەرنىڭ جاۋ شىشۆدىن قورقۇشى ئۇنىڭ چۇ بەگلىكىنىڭ لەشكىرىي ھوقۇقىنى تامامەن ئۆزىنىڭ قولىغا ئېلىۋالغانلىقىدىن بولغان، دېمەك بۇ بەگلىكلەرنىڭ قورقىدىغىنى ئەمەلىيەتتە چۇ بەگلىكى پادىشاھىنىڭ ھوقۇقى دېمەكچى.

يىغىلىق مەزگىللىرىدە چى بەگلىكىدىكى مىڭ چاڭجۈن دادىسىنىڭ ئۇنۋان ۋە مائاشىغا ۋارىسلىق قىلغان بولغاچقا، ئۆيىگە مال - دۇنيا تولۇپ كەتكەن بولۇپ، 3000 غا يېقىن ئادەمنى باقاتتى. ئۇنىڭ پىكرى ئۆتكۈر بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم تاللاشقا ماھىر بولغانلىقى ئۈچۈن نامى ھەرقايسى بەگلىكلەرگە تارقالغانىدى. ئۇزاق ئۆتمەي مىڭ چاڭجۈن چى بەگلىكىگە باش ۋەزىر بولۇپ، چى بەگلىكىنىڭ چىن بەگلىكى بىلەن بولغان ھۆكۈمرانلىق تالىشىش كۈرىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. كېيىن چى بەگلىكىنىڭ پادىشاھى چىن بەگلىكى بىلەن چۇ بەگلىكىنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ھىيلىسىگە ئىشىنىپ، مىڭ چاڭجۈن ھوقۇقىنى تارتىۋالماقچى، ئۇنىڭ شۆھرىتى مەندىن ئېشىپ كەتتى، دەپ قاراپ، ئۇنى مەنسىپىدىن ئېلىۋېتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرىنى

تارتىۋالىدۇ. مېنىڭ چاڭجۇن بۇنىڭغا ھېچقانداق چارە قىلالمايدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان فېڭ شۇەن ئۇنىڭغا تەدبىر كۆرسىتىپ: «مېنى سوۋغات بىلەن چىن بەگلىكىگە ئەۋەتسىڭىز مەنسىپىڭىزنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە، تېخىمۇ كۆپ سۇيۇرغال يەرگە ئېرىشىشىڭىزگە ھۆددە قىلىمەن» دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن فېڭ شۇەن بۇيرۇقنى ئېلىپ چىن بەگلىكىگە بېرىپتۇ ھەمدە چىن بەگلىكىنىڭ پادىشاھىغا مۇنداق دەپتۇ: «بارلىق ۋەزىچىلەر مەيلى چىن بەگلىكىگە ياكى چى بەگلىكىگە بارسۇن ھەممىسى چىن بەگلىكىنىڭ كۈچىيىپ، چى بەگلىكىنىڭ ئاجىزلىشىشىنى ياكى چىن بەگلىكىنىڭ ئاجىزلىشىپ، چى بەگلىكىنىڭ كۈچىيىشىنى مەقسەت قىلىدۇ. چىن بەگلىكى بىلەن چى بەگلىكى كۈچ جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايدۇ، شۇنداقلا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، كىم يېڭىپ چىقسا ئەلنى شۇ سورايدۇ.» چىن بەگلىكىنىڭ پادىشاھى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن مۇنداق سوراپتۇ: «ئۇنداقتا سىنىڭ چىن بەگلىكىنىڭ ئەلنى سورىشىغا ياردەم بېرەلەيدىغان چارەڭ بارمۇ؟»، فېڭ شۇەن مۇنداق دەپتۇ: «چى بەگلىكى مۇھىمى مېنىڭ چاڭجۇن بولغاچقا باشقا بەگلىكلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولالىدى. بۇگۈنكى كۈندە چى بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ھىيلىسىگە ئىشىنىپ، ئۇنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىدى. مېنىڭ چاڭجۇن كۆڭلىدە ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن نارازى بولۇش سەۋەبىدىن چى بەگلىكىدىن كېتىشنى ئويلايدۇ. ئەگەر سىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئۆزىڭىزگە ھەمدەم بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ كەلسىڭىز، ئۇنداقتا بۇ چىن بەگلىكىنىڭ كۈچىيىش مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەلنى سوراش ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئەگەر پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسىڭىز، چى بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ھوشىنى تېپىپ، مېنىڭ چاڭجۈننىڭ مەنسىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرسە، ئۇنداقتا كېيىنكى ئىشلارغا بىرنېمە دېمەك قىيىن.» چىن

www.uyghurkitap.com

پادىشاھى بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى ئورۇنلۇق ھېس قىلىپ، مېڭ چاڭجۇننى تەكلىپ قىلىشقا نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن دەرھال ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

فىڭ شۈەن چىن بەگلىكى پادىشاھى بىلەن خوشلىشىپ چىققاندىن كېيىن، چى بەگلىكىگە ئۇلاردىن بۇرۇن يېتىپ كېلىپ، چىن بەگلىكىنىڭ پادىشاھىغا دېگەنلىرىنى چى بەگلىكىنىڭ پادىشاھىغىمۇ بىر قېتىم دەپتۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەپتۇ: «چىن بەگلىكى مېڭ چاڭجۇننىڭ ئىستېداتىغا تولىمۇ قايىل، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا چىن بەگلىكىنىڭ پادىشاھى نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر بىلەن مېڭ چاڭجۇننى تەكلىپ قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئەگەر مېڭ چاڭجۇن بارسا چىن بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ئۇنى جەزمەن باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەيدۇ. ئۇ چاغدا ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى چىن بەگلىكىگە بەيئەت قىلىدۇ، چىن بەگلىكى ھۆكۈمرانلىق ئۇستىگە چىقسا چى بەگلىكى لىنزى، جىمولارنىمۇ ساقلاپ قالالمايدۇ، نېمە ئۈچۈن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، مېڭ چاڭجۇننىڭ مەنسىپىنى ئۇلاردىن بۇرۇن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپرەك سۈيۈرغال يەر بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىمايسىز؟ مۇشۇنداق بولسا مېڭ چاڭجۇنمۇ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ.» چى بەگلىكىنىڭ پادىشاھى فىڭ شۈەننىڭ پىكرىنى دەرھال قوبۇل قىپتۇ ھەمدە چېگراغا چىن بەگلىكىدىن مېڭ چاڭجۇننى تەكلىپ قىلىشقا ئەلچى كەلگەنلىك ـ كەلمىگەنلىك خەۋىرىنى ئېنىقلاشقا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. چىن بەگلىكى ئەلچىلىرىنىڭ نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن چى بەگلىكىگە كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چى بەگلىكىنىڭ پادىشاھى فىڭ شۈەننىڭ گەپلىرىگە تېخىمۇ ئىشىنىپ، مېڭ چاڭجۇننىڭ باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ ھەمدە ئەسلىدىكى سۈيۈرغال يېرىگە يەنە 1000 تۈتۈنلۈك مائاش قوشۇپ بېرىپتۇ.

بۇ يەردە فىڭ شۈەن چىن بەگلىكىنىڭ كۈچىدىن

پايدىلىنىپ، مىڭ چاكجۇننى باش ۋەزىرلىك مەنسىپىگە قايتا ئولتۇرغۇزدى. بۇنىڭ بىلەن مىڭ چاكجۇننىڭ ئورنى بۇرۇنقىدىنمۇ مۇستەھكەملەندى. ئۇلار دۈشمەننىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ دۈشمەننى يوقىتىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىگە يېتىدۇ.

ئامېرىكىدا خەلق ئىچىدە مۇنداق بىر ھېكايە تارقالغان: مىش ئاپىسىنى تويۇقسىز خۇش قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئاتايىتەن مەكتەپتىن قايتىپ، يەكشەنبىنى ئۆيدە ئۆتكۈزمەكچى بولىدۇ. ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە ئاپىسى يوق بولغاچقا، سۇ چىقماس قۇدۇقنى تازىلىۋەتسەم سۇ چىقىپ قالارمىكىن، دېگەن مەقسەتتە قۇدۇقنى تازىلىماقچى بولىدۇ. ئۇ قولچىراغ بىلەن قۇدۇق ئاغزىنى كۆزىتىۋاتقاندا، قۇدۇق ئەتراپىدىكى مۇخلارغا دىققەت قىلمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن قولى تېيىلىپ كېتىپ، 220 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇ بېلى ۋە پۇتىنىڭ ئاغرىقى تۈپەيلىدىن ھوشىدىن كېتىدۇ. ئىككىنچى كۈنى سەھەردە قورسىقى ئېچىپ: «مېنى قۇتقۇزۇڭلار، مېنى قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىرايدۇ. ئۇ ھېچنېمىگە قارىماي ۋارقىرىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاۋازى قۇدۇقتىلا ئەكس سادا قايتۇرىدۇ. ئۈچىنچى، تۆتىنچى كۈنلىرىمۇ يەنە شۇنداق بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىسى ئۇنى ئۆيىگە كەتتى دەپ بىلىدۇ. ئاپىسى ئۇنى تېخى مەكتەپتە دەپ بىلىدۇ. بەشىنچى كۈنىگە كەلگەندىلا ئۇ قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەن بىر دانە قىسقۇچنى بايقاپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قىسقۇچ ئارقىلىق قۇدۇق تېمىدىكى خىشلارنى بىر پارچە ـ بىر پارچىدىن قومۇرۇپ، ئۇنىڭدىن شەكىللەنگەن كامارلارغا دەسسەپ، قۇدۇقتىن چىقىدۇ.

مىش قىسقۇچتىن پايدىلىنىپ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ. ئەگەر باشقا ھايۋان بولغىنىدا ھېچكىم بايقىمىغان جەسەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتى. ھايۋانلار ئاپەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلالىسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ بىلىدىغانلىرى تولىمۇ ئاز، «باشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەرسىلەردىن پايدىلىنىش» توغرىسىدا ئىخىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

«يۇلىزى»دا «لەيلەك قۇشنىڭ ئۇۋا كۆچۈرۈشى» دېگەن مىسال بار. ئۇنىڭدا بىر بوۋاي لەيلەك قۇشنىڭ ئۇۋا كۆچۈرگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، كەلكۈن كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ، بۇنى زىيۇغا خەۋەر قىلىدۇ، زىيۇ دەرھال كۆپچىلىكنى كېمە ياساشقا تەشكىللەيدۇ، نەتىجىدە كەلكۈندە ئامان قالىدۇ. بىراق، زور كەلكۈن دەرەخ بويىدىن ئېشىپ كەتكەچكە، لەيلەك قۇشنىڭ ئۇۋىسىنى ئېقىتىپ كېتىدۇ. بىچارە لەيلەك قۇشى كۆكتە نالە قىلىدۇ.

كەلكۈننىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن ھېس قىلغان لەيلەك قۇشى ئۇۋىسىدىن ئايرىلىپ قالدى، ئەمما زىيۇ قاتارلىق كىشىلەر ئاپەتتە ئامان قالدى، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇنىڭ داۋلىسى ئىنتايىن ئاددىي. زىيۇ كەلكۈن كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، لەيلەك قۇشىغا ئوخشاش ئاددىي ھالدا ئۆزىنىڭ تۇرار جايىنىلا يۆتكىمىدى، بەلكى كەنت ئاھالىلىرىنى نۇرغۇن كېمە ياساشقا تەشكىللىدى. زىيۇ لەيلەك قۇشىنىڭ خەۋىرى ۋە «سۇ كۆتۈرۈلسە كېمە ئېگىزلەيدۇ» دېگەن قائىدىدىن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن، ھاياتىنى ساقلاپ قالدى. نوبېل تېببىي مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى دوكتور فېتېرس مۇشۇكنىڭ ئاپتاپقا قاقلىنىشقا ئامراقلىقىنى كۆرۈپ، ئاپتاپ مۇنچىسىنى كەشىپ قىلدى؛ گېرمانىيەلىك ئالىم ۋېگنېر بىر پارچە خەرىتىدىن ئىلھام ئېلىپ، ماتېرىكلارنىڭ سىلجىش تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ دەرەختىن چۈشكەن ئالما سەۋەبىدىن نيۇتون ئالەملىك تارتىش قانۇنىنى بايقىدى... مۇشۇنداق نۇرغۇن بىلىملىك كىشىلەر باشقا شەيئىلەرنىڭ بېشارىتىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن مەلۇم بايقاشلارغا ئېرىشتى.

ئەمەلىيەتتە بىز ئىسمى ـ جىسمىمىزغا لايىق بىلىملىك ئادەم بولۇپ، باشقا شەيئىلەردىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولساقلا

مەلۇم بايقاش ۋە نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيمىز. لېكىن، ۋاقتىمىزنى بىھۇدە ئۆتكۈزسەك، كەلگۈسىنى ئاڭلىغاندىمۇ جاغدىن ئۇچقاندەك لەيلەك قۇشىغا ئوخشاش ئۈۋىمىزنى ئېگىزرەك جايغىلا كۆچۈرۈپ قويساق، ئۇنداقتا لەيلەك قۇشىغا ئوخشاش ئېچىنىشلىق نالە ئىچىدە قالىمىز!

## كىشىلىك مۇناسىۋەت رىقابىتى — باشقىلار مۇۋەپپەقىيىتىگىزگە ھەمدەمدە بولسۇن

بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش — قازىنالماسلىقى ئۇنىڭ نېمىنى بىلىدىغانلىقىغا ئەمەس، بەلكى كىمنى تونۇيدىغانلىقىغا باغلىق.

— ھوللىۋۇدتىكى ئومۇملاشقان سۆز

ئامېرىكىدىكى پېشقەدەم كىنو چولپىنى دوگلاسنىڭ ياش ۋاقىتلىرىدا ئىشى پەقەت ئوڭدىن كەلمىگەنىدى. بىر قېتىم ئۇ پويىزدا كېتىۋېتىپ يېنىدىكى بىر خانىم بىلەن پاراڭلىشىدۇ، ئويلىمىغان يەردىن بۇ قېتىمقى پاراڭلىشىش ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتا بولۇپ قالىدۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئۇ كىنو ئىستۇدىيەسىگە تەكلىپ قىلىنىدۇ، ھېلىقى ئايال مەشھۇر فىلىم ئىشلىگۈچى ئىدى.

بۇ ھېكايە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەت بولغاندا، ئاز ئەجىر ئارقىلىق كۆپ ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ۋاڭ چېڭ قارىماققا تەلىيى كېلىپ بېيىغاندەك كۆرۈنىدۇ، بىراق ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى مۇھىم سەۋەب ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكىدە. مومىسى ئۇنىڭغا: «تىرىشچان بولغىن، ھۆرۈنلۈق قىلمىغىن، بوشاڭلىق قىلمىغىن، ۋاقىتنى چىڭ تۇتقىن، ئىشقا بالدۇر تۇتۇش قىلغىن، كېيىن قالمىغىن» دەيدۇ؛ دۇكان خوجايىنى ئۇنىڭغا چارە ــ تەدبىر كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭغا ۋەزىيەتنى كۆزىتىش، سالماق

www.uyghurkitap.com

بولۇش، ئاسانلىقچە باھا چۈشۈرمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىدۇ. مانا شۇنداق قىلىپ ئىلگىرى ھۆرۈنلۈقتا نامى چىققان، بارغانسېرى نامراتلاشقان ۋاڭ چېڭ بىراقلا بېيىپ، باشقىلار ئاسانلىقچە ئېرىشەلمەيدىغان مۇۋەپپەقىيەت يولىغا ماڭىدۇ.

بۇ يەردىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ھازىرقى زامان كىشىلىرى «كىشىلىك مۇناسىۋەت رىقابەت كۈچى» دەپ ئاتايدۇ. بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن، مەبلەغ سېلىش بانكىسى ساھەسىدىكى پېشقەدەم سەركەردە تەيۋەن سولومىن سىمىت بارنېي گۇرۇھىنىڭ مالىيە مەسلىھەتچىسى، مۇدىرىيەتنىڭ مۇدىرى دۇ يىگزۇڭ مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلىك مۇناسىۋەت ھاياتتىكى كاتتا ئىلىم، ئۇ ئىنتايىن مۇھىم».

بۇگۈنكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىل گەيتىسنى بىلىدۇ، چۈنكى ئۇ دۇنيادىكى كاتتا باي. بىراق، ئۇنىڭ دۇنيادىكى كاتتا بايغا ئايلىنىشىدىكى سەۋەبنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز. بەزىلەر ئۇ دۇنيانىڭ يۈزلىنىشىنى ئىگىلىگەن، ئۇنىڭدىن باشقا كومپيۇتېر جەھەتتە ئەقىل ـ پاراستى بار، دەپ قارايدۇ. بۇ گەپ دەرۋەقە خاتا ئەمەس، بىراق بۇ سەۋەبلەردىن باشقا، كىشىلىك مۇناسىۋەت بايلىقىنىڭ خېلىلا مول بولۇشى بىل گەيتىسنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

بىل گەيتىس مىكروسوفت شىركىتىنى قۇرغاندا تېخى نامى چىقمىغانىدى، بىراق 20 ياشقا كىرگەندە ناھايىتى چوڭ بىر زاكاز توختامىنى ئىمزالايدۇ.

ئەگەر تىجارەتنى بېلىق تۇتۇشقا ئوخشىتىدىغان بولساق، ئۇنداقتا كىت تۇتقان ياخشىمۇ ياكى ئۇششاق بېلىق تۇتقان ياخشىمۇ؟ ئەلۋەتتە كىت تۇتقان ياخشى. چۈنكى، كىت تۇتساق ئۇنى بىر يىل يېگىلى بولىدۇ، ئۇششاق بېلىقنى كۈندە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىل گەيتىس ئىگىلىك تىكلىگەن ۋاقتىدا مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن دەسلەپىدىلا چوڭ كىتتىن بىرنى تۇتقانىدى.

ئۇ 20 ياشقا كىرگەندە تۇنجى توختامنى ئىمزالىدى، ئۇ بۇ توختامنى ئەينى چاغدا دۇنيادىكى تۇنجى كىچىك كومپيۇتېر شىركىتى IBM بىلەن ئىمزالىغانىدى. ئەينى چاغدا ئۇ تېخى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇغۇچىسى تۇرسا، ئۇنچە كۆپ كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىسا، قانداق قىلىپ بۇنچە چوڭ «كىت»نى تۇتالىدى؟ ئەسلىدە بىل گەيتسنىڭ مۇشۇ توختامنى ئىمزالىشى ئۇچۇن ئوتتۇرىدا يەنە بىر ۋاسىتىچى، يەنى ئۇنىڭ ئاپىسى بار ئىدى. بىل گەيتسنىڭ ئاپىسى IBM مۇدىرىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغاچقا، ئۇنى مۇدىرىيەتنىڭ مۇدىرىغا تونۇشتۇرۇشى ئەلۋەتتە ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بىل گەيتس ئەينى چاغدا IBM نىڭ بۇ توختامنى ئىمزالىيالمىغان بولسا، ئۇنىڭدا بۈگۈنكى نەچچە 10 مىليارد دوللارلىق شەخسىي مۈلۈكنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ستانفورد تەتقىقات مەركىزى ئېلان قىلغان بىر پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ نەتىجىسىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: بىر ئادەمنىڭ تاپقان پۇلىنىڭ 12.5%ى بىلىمدىن، 87.5%ى مۇناسىۋەتتىن كېلىدۇ. بۇ سانلىق مەلۇمات ئادەمنى ھەقىقەتەنمۇ چۆچۈتىدۇ، بىراق ئويدان ئويلىنىدىغان بولساق، بۇ ھەم ئورۇنسىز ئەمەس. مەيلى قانداقلا ئىش بولسۇن ئادەمنىڭ يالغۇز ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئۇنى ئورۇنلاپ بولۇشى قىيىنغا توختايدۇ. ئادەملەر ھەمكارلىششىقا، بىر - بىرىدىن «پايدىلىنىش»قا موھتاج. ھالبۇكى، 10 ھەسسىلىك سۈرئەت بىلەن كېڭىيىۋاتقان بۇ بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە تېخىمۇ، بىلىم تېز يېڭىلىنىۋاتىدۇ، يالغۇز ئادەمنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئادەم كىشىلىك مۇناسىۋەت تورىنىڭ قوللاش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى بىلسە، ھەم ئۆزىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرالايدۇ، ھەم تېخىمۇ يۇقىرى نىشانغا يۈزلىنەلەيدۇ، بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇنداقتا، «كىشىلىك مۇناسىۋەت رىقابەت كۈچى» دېگەن نېمە؟ بۇنىڭ تەبىرى مۇنداق: كەسپىي بىلىم رىقابەت كۈچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت تورىدىكى ئۈستۈنلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەت رىقابەت كۈچى كۈچلۈك كىشىلەرنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت بايلىقى باشقىلارنىڭكىدىن تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ مۇشۇ كىشىلىك مۇناسىۋەت بايلىقى ئارقىلىق لازىملىق ئۇچۇرلارغا باشقىلاردىن تېخىمۇ تېز ئېرىشىدۇ، مەنسىپى تېز ئۆسىدۇ ياكى ئاسانلا بايلىققا ئېرىشىدۇ، خەتەرلىك ياكى ئاچقۇچلۇق پەيتلەردىمۇ خەتەرنى ئاسايىشلىققا ئايلاندۇرالايدۇ ياكى قىيىننى ئاسانلاشتۇرالايدۇ.

خارۋاد ئۇنىۋېرسىتېتى كىشىلىك ئالاقە ئىقتىدارىنىڭ ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى رولى بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن نوبېل تەجرىبىخانىسىدىكى سەرخىل تەتقىقاتچىلارنى تەكشۈرگەن. ئۇلار باشقىلار ئېتىراپ قىلىدىغان نادىر ئىختىساسلىقلارنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىنىڭ كۆپ ھاللاردا مۇھىم نۇقتا ئەمەسلىكىنى، «سەرخىل ئىختىساسلىقلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان كىشىلىك ئالاقە تاكتىكىلىرىنى قوللىنالايدىغانلىقىنى، بۇ كىشىلەرنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە ئۆزىگە ياردەم بېرەلەيدىغان كىشىلەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتىدىغانلىقىنى، چاتاققا ياكى خەتەرگە يولۇققاندا خەتەرنى ئاسانلا ئاسايىشلىققا ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى» بايقىغان.

خارۋاد ئالىملىرىنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، ئىپادىسى ئادەتتىكىچە تەجرىبە خادىمى قىيىن مەسىلىگە يولۇققاندىلا مۇتەخەسسىسلەردىن تەلىم سورايدىكەن، ئۇلار ئادەتتە مۇتەخەسسىسلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلمىغاچقا، ئۇلارنى شۇنچە ساقلاپمۇ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىدىكەن؛ سەرخىل ئىختىساسلىقلار بۇ خىل مەسىلىگە يولۇققاندا، سورىغانلىرىغا دەرھال جاۋاب ئالالايدىكەن، چۈنكى ئۇلار ئادەتتە-

كى ۋاقىتلاردىمۇ مۇتەخەسسىسلەر بىلەن دائىم ئالاقە قىلىپ تۇ-
رىدىكەن.

بۇ تەتقىقات دوكلاتى يەنە كىشىلىك ئالاقە بايلىقى تورىنىڭ ئېلاستىكلىققا ئىگە بولىدىغانلىقىنى، ھەر بىر قېتىملىق ياخشى ئالاقىنىڭ بۇ مۇرەككەپ بايلىق تورىغا بىر دانە لىنىيەنى كۆپەي-تىپ بېرىدىغانلىقىنى، بارا ـ بارا يىمىرىلمەس تورغا ئايلىنىدى-غانلىقىنى كۆرسەتتى.

ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە غەلىبىنى بەلگىلەشنىڭ ئاچقۇچى، قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە قانداق قىلىپ ئەڭ تېز ئۇسۇل ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدىغان توغرا ئادەمنى تېپىشىڭىزغا باغلىق. شۇڭا، ھازىردىن ئېتىبارەن ئۆزىڭىزنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت بايلىقى تورىنى قۇرۇڭ ياكى مۇستەھكەملەڭ!

www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب خەيچاۋ نەشرىياتىنىڭ 2009 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2009 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据海潮出版社 2009 年 3 月第 1 版，2009 年 3 月第 1 次印刷版本翻译出版。

كۈندە بىر دەم پەلسەپە ئوقۇيلى

# تۇرمۇشتىكى پەلسەپە

ئاپتورى: جۇ خېجۈن
تەرجىمە قىلغۇچى: يالقۇن روزى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇخېلىل ئابدۇجېلىل
مەسئۇل كوررېكتورى: رەناگۈل ئابلىمىت
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون: 0991 — 2827472
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: ئۈرۈمچى خاۋكۈن رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 14.875
نەشرى: 2011 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2011 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 — 7 — 228 — 14232 — 3
باھاسى: 37.00 يۈەن